دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر

# جىنايەت ۋە جازا

1

ف . م . دوستويېۋسكىي (رۇسىيە)



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ف . م . دوستويېۋسكىي (رۇسىيە)

# جىنايەت ۋە جازا

1

تەرجىمە قىلغۇچى : مۇساجان ئەزىزى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

罪与罚. 上：维吾尔文／(俄罗斯) 多思妥耶夫斯基著; 木沙江·艾则孜译. 一 乌鲁木齐：新疆人民出版社, 2014.12
ISBN 978-7-228-17307-5

Ⅰ.①罪… Ⅱ.①多… ②木… Ⅲ.①长篇小说 — 俄罗斯 — 近代 — 维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.①I512.44

中国版本图书馆CIP数据核字(2015)第001999号

| | |
|---|---|
| 责任编辑 | 伊丽达娜·阿不都热依木 |
| 编　　辑 | 玛丽亚木·买买提明 |
| 责任校对 | 阿依古丽·莎比提 |
| 封面设计 | 买买提·诺比提 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 电　　话 | 0991-2827472 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 印　　刷 | 北京顺诚彩色印刷有限公司 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230毫米 32开本 |
| 印　　张 | 15.25 |
| 版　　次 | 2014年12月第2版 |
| 印　　次 | 2015年11月第1次印刷 |
| 印　　数 | 1-3000 |
| 定　　价 | 42.00 元 |


NIEDERSÄCHS.
STAATS. U. UNI.-
BIBLIOTHEK
GÖTTINGEN

دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر



# جىنايەت ۋە جازا

ISBN 978-7-228-17307-5

9 787228 173075 >

定价：42.00元

# برنچی قسم

# 1

7 ـ ئاينىڭ باشلىرى، ھاۋا قاتتىق ئىسسىپ كەتكەن بىر كۈنى كەچقۇرۇن، ياش بىر يىگىت C كوچىسىدىكى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرۇۋاتقان تارغىنا ھۇجرىسىدىن چىقىپ، بىر قارارغا كېلەلمەيۋاتقاندەك ئاستا قەدەم تاشلاپ، K كۆۋرۈكى تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

ئۇ ھەرھالدا ئۆينىڭ غوجايىنىغا ئۇچراپ قالماي پەلەمپەيدىن تىنچ ـ ئامان چۈشۈۋالدى. ئۇنىڭ بەش قەۋەتلىك ئېگىز بىنانىڭ چېدىرلىق ئۆگزىسىگە جايلاشقان ھۇجرىسى ئۆيگە قارىغاندا كىيىم ئىشكاپىغا بەكرەك ئوخشايتتى. بۇ يەردىكىلەر ئۇنىڭ ئاش ـ تامىقىنى ئېتىپ، كىر ـ قېتىنى يۇيۇپ بېرەتتى. غوجايىن ئايال بولسا، بەشىنچى قەۋەتتىكى ئىككى ئېغىزلىق ئۆيدە ئولتۇراتتى. يىگىت كوچىغا چىقماقچى بولسا، ئۇنىڭ ئاشخانىسىنىڭ ئىشىكى ئالدىدىن ئۆتەتتى. پەلەمپەيگە ئۇدۇل ئاشخانىنىڭ ئىشىكى دائىم دېگۈدەك ئوچۇق تۇراتتى. ھەر قېتىم ئوچۇق ئىشىكنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىدا، يىگىتنىڭ يۈرىكى جىغىلداپ، پوكۇلداپ، خىجىللىقتىن ئۆزىنى قويغىلى يەر تاپالماي كېتەتتى. ئۇ غوجايىن ئايالغا قەرزگە بوغۇلۇپ كەتكەچكە، ئۇنىڭغا ئۇچراپ قېلىشتىن بەكمۇ ئەندىشە قىلاتتى.

ياق، ئۇنى قورقۇنچاق، ھاقارەتكە كۆنۈك بىرنېمە ئوخشايدۇ، دەپ قالماڭلار، ئۇ ھەتتا تامامەن بۇنىڭ ئەكسىچە؛ لېكىن، ئۇ يېقىندىن بېرى گۇمانخورلۇق كېسىلىگە مۇپتىلا بولۇپ قالغاندەك، ئىچى تىتىلداپ، كۆنلىرىنى جىددىيچىلىك ئىچىدە ئۆتكۈزىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ئۆز خىياللىرىغا غەرق بولۇپ، تەنھا ياشايتتى. غوجايىن ئايال بىلەنلا ئەمەس، ئومۇمەن ھەرقانداق ئادەم بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشتىن قاچاتتى.

يوقسۇزلۇق ئۇنى ئەبگار قىلىپ قويغانىدى. لېكىن، كېيىنكى
كۈنلەردە ئۇ ئۆزىنىڭ ئەبگارلىقىغىمۇ ئېرەن قىلمايدىغان بولۇپ
قالدى. ئەڭ زۆرۈر ئىشلارنىمۇ بىر چەتكە قايرىپ قويدى. ئۇنىڭ
ئۇنداق ئىشلارنى قىلغۇسىمۇ كەلمەيتتى. غوجايىن ئايال ئۇنىڭ
چىشىغا ھەرقانچە تەگكىنىنى بىلەنمۇ، ئۇ قىلچە قورقمايتتى.
لېكىن، پەلەمپەيدە تۇسۇلۇپ، ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن قىلچە ئالاقىسى
يوق جاۋۇلداشلىرىنى، پۇل سوراپ كوتۇلداشلىرىنى، دوقلىرىنى،
شىكايەتلىرىنى ئاڭلاشنى خالىمايتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، خۇشامەت
قىلىشنى، كەچۈرۈم سوراشنى، يالغان ئېيتىشنى لايىق
كۆرمەيتتى. ياق، ئۇنىڭدىن كۆرە ئۇنىڭ كۆزىگە چېلىقماي،
پەلەمپەيدىن خۇددى مۈشۈكتەك غىپپىدە ئۆتۈپ كەتكەن
ياخشىراق ئىدى.
شۇنداقتىمۇ، بۇ قېتىم كوچىغا چىقىپ كېتىۋېتىپ،
غوجايىن ئايالغا ئۇچراپ قېلىشتىن ھەددىدىن زىيادە
قورققانلىقىغا ئۇ ئۆزىمۇ ھەيران قالدى.
«ئاشۇنداق بىر ئىشنى قىلغىلى كېتىۋېتىپ، مۇشۇنداق
ئەرزىمەس ئىشلاردىن قورقۇپ يۈرگىنىمنى كۆرمەمدىغان، —
ئويلىدى ئۇ غەلىتە ھىجىيىپ، — ھىم... ھە... ھەممە نېمە
ئادەمنىڭ ئۆز ئىلكىدە، يۈرەكلىكرەك بولمىساڭ، بۇرنۇڭنىڭ
ئۇچىدىكى نەرسىدىنمۇ قورۇق قالىسەن. بۇ شۇقەدەر روشەن
ھەقىقەن. ئادەملەر ھەممىدىن بەك نېمىدىن قورقىدىكىن، شۇنى
بىر بىلگەن بولسام كاشكى. ئۇلار بىرەر يېڭى ئىشنى قىلىشقا
بەل باغلاشتىن، ئۆزىنىڭ بىرەر يېڭى قارىشىنى دېيىشتىن
ھەممىدىن بەكرەك قورقىدۇ... لېكىن، مەن قۇرۇق گەپنى تولا
قىلىمەن. ئەنە شۇنداق قۇرۇق گەپنى تولا قىلغاچقا، قولۇم ئىشقا
بارمايدۇ. ئېھتىمال قولۇم ئىشقا بارمىغاچقا، قۇرۇق گەپنى تولا
قىلىدىغاندۇرمەن. مۇشۇ بىر ئايدا مەن قۇرۇق گەپ قىلىشنى،
بىر بۇلۇڭغا كىرىپ يېتىۋېلىپ، يوقىلاڭ ئىشلار توغرۇلۇق
ئويلاشنى ئادەت قىلىۋالدىم. شۇ تاپتا ئۇ يەرگە نېمىنى دەپ

كېتىۋاتىمەن؟ راستلا شۇ ئىشنى قىلالارمەنمۇ؟ بۇ شۇنداق جىددىي ئىشمۇ؟ ھەرگىزمۇ ئۇنداق ئەمەس. بۇ ناھايىتى بىر قۇرۇق خىيال، ئۆزۈمنى خىيالەن بەزلەش؛ بۇ ئويۇن، راست، بەئەينى بىر ئويۇن.»

كوچا ئادەتتىن تاشقىرى ئىسسىق، ھاۋامۇ دىمىق ئىدى، قىستا - قىستاڭچىلىق. ھەممىلا جايدا ھاك، تاختاي، خىش، توپىلارنىڭ چېچىلىپ - يېيىلىپ يېتىشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېزىدا يازلىق داچىسى يوق ھەربىر پېتېربۇرگلۇققا تونۇش سېسىق ھاۋا — مانا شۇلارنىڭ ھەممىسى قوشۇلۇپ، يىگىتنىڭ ئۇنىڭسىزمۇ بىنورمال نېرۋىسىغا بەكمۇ تەگدى. شەھەرنىڭ مۇشۇ قىسمىدىكى ھەددىدىن زىيادە كۆپ قاۋاقخانىلاردىن چىقىۋاتقان چىدىغۇسىز سېسىق پۇراقلار، ئىش كۈنى بولۇشىغا قارىماي قەدەمدە دېگۈدەك ئۇچراپ تۇرىدىغان مەست ئادەملەر، پاسكىنا ۋە ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئېلەشتۇرىدىغان بۇ مەنزىرىنى تېخىمۇ خۇنۇكلەشتۈرۈۋەتكەنىدى. يىگىتنىڭ نازۇك چىرايىدا ئىنتايىن كۈچلۈك نەپرەت غىل - پال ئەكس ئېتىپ ئۆتۈپ كەتتى. دەرۋەقە ئۇ ئىنتايىن قاملاشقان يىگىت ئىدى. كۆزلىرى قاپقارا ۋە چىرايلىق، چاچلىرى قېنىق قوڭۇر، ئوتتۇرا بويدىن سەل ئېگىزرەك، قەددى - قامىتى كېلىشكەن ئىدى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ چوڭقۇر خىيالىغا غەرق بولۇپ كەتتى. تېخىمۇ توغرىراقى، بۇ دۇنيانى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتكەندەك بىر ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. ئۇ شۇ مىنۇتتا ھېچنېمىنى كۆرمەيتتى، ھەتتا ئۇلارغا كۆز سېلىشنىمۇ خالىمايتتى، شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىمۇ ئېتىراپ قىلغىنىدەك، كېيىنكى كۈنلەردە ئادەت بولۇپ قالغاچقا، ئارىلاپ نېمىلەرنىدۇر دەپ غودۇراپ قوياتتى. ئوي - پىكرىنىڭ پات - پاتلا چېچىلىپ كېتىدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى، ئادەتتىن تاشقىرى ماغدۇرسىزلىنىپ كەتكەنلىكىنى شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىمۇ سېزىپ تۇراتتى. چۈنكى، ئۇ ئىككى كۈندىن بېرى ھېچنېمە يېمىگەنىدى.

ئۇ شۇقەدەر ئەبگار كىيىنگەنىدىكى، ھەتتا كىيگۈچىلىكى قالمىغان كىيىملەرنى كىيىپ ئادەتلىنىپ قالغان ئادەملەرمۇ كۆپكۆندۈزدە مۇشۇنداق كىيىم بىلەن كوچىغا چىقىشتىن نومۇس قىلاتتى. ۋاھالەنكى، شەھەرنىڭ بۇ قىسمىدىكى ئادەملەر بۇنداق كونا كىيىملەرگە ھەيران قېلىپمۇ كەتمەيتتى. چۈنكى، بۇ يەر ئوت - چۆپ بازىرىغا يېقىن ئىدى، بۇ يەردە نۇرغۇن ئادەم بىلىدىغان كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى جىق ئىدى. يەنە كېلىپ پېتېربۇرگنىڭ مەركىزىي رايونىغا يېقىن بۇ كوچىلاردا ئولتۇرىدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇششاق قول ھۈنەرۋەنلەر ۋە ئىشچىلار ئىدى. بۇ جايدا ھەر خىل ھەر ياڭزا ئادەملەر ئارىلىشىپ ياشايدىغان بولغاچقا، بىرەر ئادەمنىڭ تۇرقىدىن، كىيىمىدىن ئەجەبلىنىشنىڭ ئۆزى غەلىتە قىلىقتەك تۇيۇلاتتى. بۇ يىگىتنىڭ قەلبى قىساس ۋە مەنسىتمەسلىك بىلەن تولۇپ كەتكەنىدىكى، ئۇ بەزىدە خۇددى باشقا يىگىتلەردەك خەقلەرنىڭ سۆز - چۆچەك قىلىشىدىن قاتتىق ئەنسىرىسىمۇ، كوچىدا ئۆز كىيىمىنىڭ كونىلىقىغا قىلچە پىسەنت قىلمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئەلۋەتتە، ئۇ تونۇش - بىلىشلىرىگە ياكى كونا ساۋاقداشلىرىغا ئۇچرىشىپ قالسا، بۇ باشقا گەپ. لېكىن، ئۇ ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشنى بۇرۇن - بۇرۇندىن ياقتۇرمايتتى... شۇ ئارىلىقتا، قاۋۇل بىر ئارغىماق قوشۇلغان ھارۋىدا نەگىدۇر ماڭغان بىر مەست ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئۇنىڭغا قاراپ: «ماڭا قارا، ھەي، نېمىس شىلەپىسى كىيگەن ئاداش» دەپ ۋارقىرىدى، ئارقىدىن، ئۇنى قولى بىلەن كۆرسىتىپ ۋارقىراپ، كوچىنى بېشىغا كىيدى. يىگىت بىردىنلا قەدىمىنى توختىتىپ ئالمان - تالمان شىلەپىسىنى تۇتتى. تۆپىسى ئېگىز، يۇمىلاق بۇ شىلەپىنى ئۇ سىممېرمان[①]نىڭ شىلەپە دۇكىنىدىن ئالغانىدى. شىلەپە ئۇزاق كىيىلگەچكە ئادەتتىن تاشقىرى كونىراپ، ئۆڭۈپ،

---

① سىممېرمان — شۇ چاغدا پېتېربۇرگنىڭ نېۋا كوچىسىدا يېگى شىلەپە دۇكىنى ئاچقان غوجايىن.

ھەممىلا يېرى داغلىشىپ، ماكچىيىپ، ئادەتتىن تاشقىرى سەتلىشىپ كەتكەن، سايىۋىنىمۇ قالمىغانىدى. ياق، ئۇ خىجىل بولمىدى، لېكىن ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى قورقۇشقا ئوخشاپراق كېتىدىغان بىر خىل ھېسسىيات چۇلغىدى.

«ئۆزۈڭمۇ بىلگەن ! — غۇدۇرىدى يىگىت گاراڭ ھالەتتە، — ئويلىغىنىمدەك بولدى ! بۇنىڭدىنمۇ يامان ئىش يوق ! مانا مۇشۇنداق ئەخمىقانىلىك، مۇشۇنداق ئەرزىمەس بىر ئىش پۈتۈن ئىشنى بۇزۇۋېتىشى مۇمكىن ! راست، دېمىسىمۇ بۇ شىلەپە بەكلا كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ، كۈلكىلىك كۆرۈنىدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇچامدىكى كونا كىيىملەرگە مۇۋاپىقراق شىلەپە كىيىشىم كېرەك ئىدى. كونىراپ كىيگۈچىلىكى قالمىغان بولسىمۇ مەيلى ئىدى. پەقەت مۇنۇ رەزگىنى كىيمىسەملا بولاتتى. بۇنداق شىلەپىنى ھېچكىم كىيمەيدۇ. ئۇ بىر چاقىرىم يىراقلىقتىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، كۆرگەنلىكى ئادەمنىڭ ئېسىدە قېلىپ قالىدۇ. ئاۋارىگەرچىلىك دېگەن مانا شۇ. چاتاق يېرى، كېيىن كىشىلەر بۇنى ئېسىگە ئالالايدۇ. ئىسپات قىلالايدۇ، بۇنداق ئىشتا ئىمكانقەدەر خەقلەرنىڭ دىققىتىنى تارتماسلىق كېرەك. ئۇششاق ئىشلار ئىنتايىن مۇھىم. ھەممە ئىشنى كۆپىنچە ھاللاردا مانا شۇنداق ئۇششاق ئىشلار بەرباد قىلىۋېتىدۇ.»

ئۇنىڭ بارىدىغان يېرى يىراق ئەمەس ئىدى. ئۇ ھەتتا ئۆيى بىلەن شۇ يەرنىڭ ئارىلىقىنىڭ نەچچە قەدەم كېلىدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتى: توپتوغرا يەتتە يۈز ئوتتۇز قەدەم. بىر كۈنى ئۇ قاتتىق خىيالغا بېرىلىپ كېتىپ، ئارىلىقنى قەدەممۇقەدەم ساناپ چىققانىدى. ئۇ چاغلاردا بۇ خىياللىرىغا ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئانچە ئىشىنىپ كەتمەيتتى، ناھايىتى ئۆزىنىڭ تېتىقسىز، لېكىن كىشىنى جەلپ قىلغۇچى قارامىلىقى ئارقىلىقلا ئۆزىنى بىلەپ يۈرەتتى. مانا ئەمدى ئارىدىن بىر ئاي ئۆتكەندە ئۇ ئۆزىنىڭ شۇ خىياللىرىغا باشقىچىرەك قارايدىغان بولۇپ قالدى، ئۇ ئۆزى بىلەن ئۆزى سۆزلەشكەن چاغلىرىدا ئۆزىنىڭ بوشاڭلىقىنى ۋە

كەسكىن ئەمەسلىكىنى مەسخىرە قىلىسىمۇ، ئۆزىنىڭ مۇنداق «تېتىقسىز» ئىشنى قىلالىشىغا ئىشەنمىسىمۇ، ئۇنىڭغا ئەمەلگە ئاشمىدىغان ئىش، دەپ قاراشقا ئادەتلىنىپ قالغانىدى. شۇ تاپتا ئۇ قىلماقچى بولۇۋاتقان شۇ ئىشنى قىلىپ ئۆزىنى بىر سىناپ باقماقچىدى. شۇڭلاشقا، ئۇ ئالدىغا قانچىكى ماڭغانسېرى، شۇنچىكى دەككە - دۈككىگە چۈشۈپ بىئارام بولاتتى.

ئۇ يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكۈدەكلا بولۇپ، ۋۇجۇدىغا ئەسەبىيلەرچە تىترەك ئولاشقان بىر ھالەتتە، ھەيۋەتلىك بىر بىنانىڭ ئالدىغا كەلدى، بىنانىڭ بىر تېمى دەرياغا، يەنە بىر تېمى B كوچىسىغا قارايتتى. بىنادا چاققانغىنا ئىككى ئېغىزلىق ئۆيلەر نۇرغۇن ئىدى. بۇلاردا ھەر خىل قول ھۈنەرۋەنلەر — تىككۈچىلەر، مىسكەرلەر، ئاشپەز ئاياللار، ھەررەك - سەررەك نېمىسلار① تېنىنى ساتىدىغان قىزلار، ئۇششاق ئەمەلدارلار ۋە باشقىلار ئولتۇراتتى. بىنانىڭ ھەر ئىككى ھويلىسىدا ۋە ئىشىكىدە كىشىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى، ئۈچ - تۆت كىشى قاراۋۇللۇق قىلاتتى. يىگىت شۇلاردىن بىرەرسىگىمۇ ئۇچراپ قالمىغانلىقىغا خۇشال بولدى ۋە دەرۋازىدىن غىپپىدە ئىچكىرىگە كىرىپ، ئوڭ تەرەپتىكى پەلەمپەي بىلەن يۇقىرىغا چىقىشقا باشلىدى. بۇ، قاراڭغۇ ۋە تار «ئارقا» پەلەمپەي ئىدى. لېكىن، ئۇ بۇلارنى ئاللىبۇرۇن ھېسابقا ئېلىپ، كۆرۈپ قويغان، بۇ يەرنىڭ پۈتۈن مۇھىتىنى ياقتۇرۇپمۇ قالغانىدى؛ بۇ يەر ئەنە شۇنداق قاراڭغۇ بولغاچقا، ھەممىگە قىزىقىۋېرىدىغان بىرەرسىگە ئۇچراپ قالغاندىمۇ، ئۇ ھېچقانداق خەۋپ - خەتەرگە يولۇقمايتتى. «ھېلىتىنلا مۇشۇنداق قورقۇپ كېتىۋاتىمەن، ھېلىقى ئىشنى راستىلا قىلىشقا توغرا كەلگەندە قانداق بولۇپ كېتەرمەن؟» ئىختىيارسىز ئويلىدى ئۇ تۆتىنچى قەۋەتكە چىقىپ كېتىۋېتىپ.

① ئەينى ۋاقىتتا پېتېربۇرگدا نېمىسلار ناھايىتى كۆپ ئىدى، ئوت - چۆپ بازىرىنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇرىدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىشچىلار بىلەن قول ھۈنەرۋەنلەر ئىدى.

شۇ يەردە، ھامماللىق قىلىۋاتقان سابىق ئەسكەرلەر ئۇنىڭ يولىنى توسۇۋالدى، ئۇلار ئۆيلەرنىڭ بىرىدىن ئۆي سايمانلىرىنى كۆتۈرۈپ چىقىۋاتاتتى. ئۇ بۇ ئۆيدە ئەمەلدار بىر نېمىسنىڭ ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى خېلى بۇرۇندىنلا بىلەتتى. «بۇ نېمىس كۆچۈپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ. دېمەك، بۇ يەردە ــ تۆتىنچى قەۋەتتە موماي خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە ئۆزى يالغۇز قالغۇدەك، ياخشى گەپ... ناۋادا...» ئويلىدى ئۇ موماي ئۆلتۈرىدىغان ئۆينىڭ ئىشىك قوڭغۇرىقىنى تارتىۋېتىپ. قوڭغۇراق خۇددى مىستىن ئەمەس، تۇنىكىدىن ياسالغاندەك بوشقىنا جىرىڭلىدى. مۇشۇنداق بىنالاردىكى كىچىك ئۆيلەرنىڭ قوڭغۇراقلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك شۇنداق ئىدى، ئۇ شۇنداق قوڭغۇراقلارنىڭ قانداق جىرىڭلايدىغانلىقىنى ئۇنتۇپمۇ كەتكەنىدى. مانا ئەمدى قوڭغۇراقنىڭ ئۆزگىچە ئاۋازى ئۇنىڭغا نېمىلەرنىدۇر ئەسلىتىپ، شۇ ئىشنى ناھايىتى ئېنىقلا كۆز ئالدىغا كەلتۈردى... ئۇ ئىختىيارسىز شۈركۈنۈپ كەتتى.

چىڭ تارتىلغان زىل تاردەك ھالەتتىكى ئەسەبلىرى بۇزۇلايلا دېدى، ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ئىشىك قىيا ئېچىلدى: غوجايىن ئايال يىگىتكە ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن گۇمان بىلەن سەپسالدى. يوچۇقتىن پەقەت ئۇنىڭ قاراڭغۇدا پارقىراپ تۇرغان كىچىككىنە كۆزلىرىلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ كارىدوردا باشقا ئادەملەرنىڭمۇ بارلىقىنى كۆرۈپ، يورىكىنى توق تۇتۇپ، ئىشىكنى داغدام ئېچىۋەتتى. يىگىت بوسۇغىدىن ئاتلاپ ئارقىدىكى چاققانغىنا ئاشخانىدىن بۆلۈۋېتىلگەن قاپقاراڭغۇ دەھلىزگە كىردى. موماي يىگىتكە سوئال نەزىرىدە تىكىلگىنىچە ئۇن ـ تىنسىز قاراپ تۇراتتى. ئاتمىشلارغا كىرىپ قالغان، ئىنجىماروق مومايىنىڭ ئۆلتۈرۈشۈپ كەتكەن ئۆتكۈر كۆزىدىن زەھەرخەندىلىك چىقىپ تۇراتتى، بۇرنى كىچىككىنە، لېكىن ئۇچلۇق ئىدى. موماي بېشىغا ياغلىق ئارتمىغان. ئىككى چېكىسىگە ئەمدىلەتىن ئاق سانجىلغان، ئاچ سېرىق چاچلىرىغا بولسا، چاچ مېيى بولۇشىغا

سۇرتۇلگەنىدى. ئۇ توخۇنىڭ پاچىقىدەك ئىنچىكە ۋە ئۇزۇن بويىنىغا كونىراپ كەتكەن تىۋىتلىك شارپا يۆگىگەن، كۆنىنىڭ ئىسسىقلىقىغا قارىماي، ئۇچىسىغا بەكمۇ كونا، ئۇزۇن كىيىملىگەچكە سارغىيىپ كەتكەن تېرە چاپاننى يېپىنچاقلىۋالغانىدى. موماي توختىماي بوغۇلۇپ يۆتىلەتتى. يىگىت ئۇنىڭغا باشقىچىرەك نەزەر تاشلىدى بولغاي، مومايىنىڭ كۆزلىرىدە بايىقى گۇمان ئالامىتى يەنە پەيدا بولدى.

— مەن راسكولنىكوف بولىمەن. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى، بىر ئاينىڭ ئالدىدا بىر قېتىم كەلگەن، — دېدى يىگىت ئالدىراپ - تېنەپ. ئۇ باشقىلارغا سىپايە مۇئامىلە قىلىش كېرەك دېگەننى خىيالىغا كەلتۈرۈپ، بىلىنەر - بىلىنمەس تەزىم قىلىپ قويدى.

— ئېسىمدە، غوجام، ئېنىق ئېسىمدە، سىلى ئىلگىرى كەلگەن، — دېدى موماي دانە - دانە گەپ قىلىپ ۋە يەنىلا گۇمان بىلەن يىگىتنىڭ چىرايىغا تىكىلدى.

— مۇنداق گەپ ئىدى، مەن يەنە شۇ ئىش بىلەن... — دېدى راسكولنىكوف مومايىنىڭ ئۆزىگە ھېلىمۇ گۇمان بىلەن قاراۋاتقانلىقىدىن بىرئاز ئارامسىزلىنىپ ۋە ئەجەبلىنىپ.

«ئېھتىمال ئۇ دائىم شۇنداق قارايدىغاندۇ. ئالدىنقى قېتىمدا ئۆزۈم دىققەت قىلمىغان بولسام كېرەك» ئويلىدى يىگىت كۆڭلى غەش بولۇپ.

موماي نېمىنىدۇر ئويلاۋاتقاندەك بىرپەس جىم تۇرۇپ قالدى. ئاندىن خانىغا كىرىدىغان ئىشىكنى كۆرسىتىپ، ئۆزىنى چەتكە ئالدى - دە، مېھماننى ئالدىغا ئۆتكۈزدى:

— قېنى كىرسىلە، غوجام.

يىگىت كىچىكرەك بىر خانىغا كىردى. خانىنىڭ تاملىرىغا سېرىق گۈللۈك قەغەز چاپلانغانىدى، تەكچىسىگە سېسىقيار قويۇلغان دېرىزىگە نېپىز پەردە تارتىلغانىدى. شۇ تاپتا ئۆينى ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقان قۇياش نۇرى يوپيورۇق يورۇتۇپ تۇراتتى.

«شۇ چاغدىمۇ، قۇياش مانا مۇشۇنداق يورۇتۇپ تۇرغان بولغىيدى!...» مانا شۇ پىكىر راسكولنىكوفنىڭ كاللىسىدا غىل ـ پاللا پەيدا بولۇپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ خانىدىكى ھەممە نىمىنى كۆرۈۋېلىش ۋە ئوبدانراق ئېسىدە ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، نەرسە ـ كېرەكلەرنى تېزلا كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقتى. لېكىن، خانىدا ئالاھىدىرەك بىرەر نەرسە يوق ئىدى. سېرىق ياغاچتىن ياسالغان ئۆي جاھازلىرىنىڭ ھەممىسى كونىراپ كەتكەن، تولىمۇ كېلەڭسىز، ئەگمە يۆلەنچۈكى ياغاچتىن ياسالغان دىۋاننىڭ ئالدىغا يومىلاق ئۈستەل، ئىككى دېرىزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئەينەكلىك پەرداز ئۈستىلى، تامنىڭ تۆۋىگە بىرنەچچە ئورۇندۇق قويۇلغان. تاملارغا بولسا، قوش تۇتۇپ تۇرغان نېمىس قىزلىرى تەسۋىرلەنگەن ئەرزان باھالىق سېرىق رامكىغا ئېلىنغان، باھاسى ئەرزان ئىككى ـ ئۈچ رەسىم ئېسىلغانىدى. ئۆيدىكى جىمىكى جاھاز مانا شۇلار ئىدى. بۇلۇڭدا، كىچىكرەك سەنەمنىڭ ئالدىدا ئىسرىق چىرىغى يېنىپ تۇراتتى. ھەممە نىمە ئىنتايىن پاكىز ئىدى. ئۆي جاھازلىرىمۇ، پولمۇ پاكىز سۈرتۈلگەنىدى. ھەممىلا نەرسە پار ـ پار پارقىراپ تۇراتتى. «بۇ لىزاۋېتانىڭ ئەجرى» ئويلىدى يىگىت. پۈتۈن ئۆيدىن ئازراقىنا چاڭ ـ توپا تېپىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. «زالىم تول خوتۇنلارنىڭ ئۆيى مۇشۇنداق پاكىز بولىدۇ» دەپ ئويلىدى راسكولنىكوف يەنە. ئۇ يەنە بىر ئۆينىڭ ئىشىكىگە تارتىلغان پەردىگە ھەۋەس بىلەن قاراپ قويدى. ئۇ ئۆيدە موماينىڭ ئورۇن ـ كۆرپىسى بىلەن ئىشكاپ تۇراتتى، يىگىت چاققانغىنا بۇ ئۆينى زادىلا كۆرۈپ باقمىغانىدى. موماينىڭ تۇرالغۇسى مانا مۇشۇ ئىككى ئېغىز ئۆيدىن ئىبارەت ئىدى.

— نىمە ئىشلىرى بار ئىدى؟ — سورىدى موماي ئۆيگە كىرىپ چىرايىنى ئاچماي، ئۇ ئىلگىرىكىدەكلا يىگىتنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى.

— رەنگە قويغىلى بىرنىمە ئەكېلىۋېدىم، ھە، مانا، — دېدى يىگىت يانچۇقىدىن كونا پاسوندىكى ياپىلاق كۈمۈش سائەتنى

چىقىرىپ. سائەتنىڭ كەينىگە يەر شارىنىڭ شەكلى چۈشۈرۈلگەن، زەنجىرى پولاتتىن ئىشلەنگەنىدى.

— ئالدىنقىسىنىڭ مۇددىتى ئالللىبۇرۇن توشتى. مانا بۈگۈن بىر ئايدىن ئۆچ كۈن ئاشتى، سىلىگە يەنە بىر ئايلىق ئۆسۈمىنى قوشۇپ بىرەي، بىرنەچچە كۈن سەۋر قىلسىلا.

— ئەمدى غوجام، سەۋر قىلىمەنمۇ ياكى قويۇپ كەتكەن نەرسىلىرىنى سېتىۋېتىمەنمۇ، بۇ مېنىڭ ئىختىيارىمدىكى ئىش.

— بۇ سائەتكە قانچە بېرەلا ئاليونا ئىۋانوۋنا؟

— سىلى دائىم پۇلغا يارىمايدىغان نەرسىلەرنى ئەكېلىدىكەنلا، غوجام. بۇ ھېچنېمىگە يارىمىغۇدەك. ئۆتكەندە ئەكەلگەن ئۈزۈككە ئىككى قەغەز① بېرىۋېدىم. ئۇنداق نەرسىنى زەرگەردىن بىر يېرىم رۇبلىغا ئالغىلى بولىدۇ. يەنە تېخى يېڭىسىنى.

— ھېچبولمىغاندا تۆت رۇبلى بەرسىلە. بۇ سائەت ماڭا دادامدىن قالغان. كېيىنرەك ئۇنى ياندۇرۇۋالىمەن. پات ئارىدا ماڭا پۇل كەلمەكچى.

— رازى بولسىلا، بىر يېرىم رۇبلى بېرەي، ئۆسۈمىنى ئالدىن تۆلىۋېتىپلا.

— ئاران بىر يېرىم رۇبلىما؟ — ۋارقىرىۋەتتى يىگىت.

— ئىختىيارلىرى، — موماي سائەتنى ئۇنىڭغا ياندۇرۇپ بەردى. يىگىت سائەتنى ئېلىپ، ئاچچىقىدا كەينىگە يېنىپ كەتمەكچى بولدى، لېكىن شۇ ئانلا بارغۇدەك باشقا جاينىڭ يوقلۇقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەرگە باشقا بىر غەرەز بىلەن كەلگەنلىكىنى ئويلاپ دەرھال قارارىنى ئۆزگەرتتى.

— بوپتۇ، ئەكەلسىلە... — دېدى ئۇ قوپاللىق بىلەن.

موماي ئاچقۇچنى ئالغىلى ئىچ يانچۇقىغا قول سالدى ۋە پەردىنىڭ كەينىدىكى خانىغا كىرىپ كەتتى. يىگىت خانىنىڭ

---

① بۇ يەردە ئىككى رۇبلى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئوتتۇرىسىدا ئۆزى يالغۇز قېلىپ، دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىشقا ۋە نېمىلەرنىدۇر مۆلچەرلەشكە باشلىدى. ئىشكاپنىڭ ئېچىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى. «ئىشكاپنىڭ يۇقىرىقى تارتمىسىدەك قىلىدۇ، — مۆلچەرلىدى ئۇ، — قارىغاندا، ئۇ ئاچقۇچنى ئوڭ تەرەپتىكى يانچۇقىغا سالىدىكەن... ئاچقۇچلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىر قىلىپ، بىر پولات ھالقىغا ئۆتكۈزۈپتۇ. شۇلاردىن بىرسى ئەڭ چوڭ، باشقىلىرىدىن ئۈچ ھەسسە چوڭ ئىكەن. چىشلىرىمۇ جىق ئىكەن. ئۇ ئەلۋەتتە ئىشكاپنىڭ ئاچقۇچى ئەمەس. شۇنىڭغا قارىغاندا، ئۇنىڭ باشقا بىر زىبۇ ـ زىننەت قۇتىسى ياكى بىرەر كىچىك ساندۇقى بولسا كېرەك، بۇنى چوقۇم بىلىۋېلىش كېرەك، كىچىك ساندۇقلارنىڭ ئاچقۇچى شۇنداق بولىدۇ... لېكىن، بۇ نېمىدېگەن ئېپلاسلىق...»

موماي يېنىپ چىقتى.

— مانا، ئالسىلا، غوجام؛ بىر رۇبلىنىڭ بىر ئايلىق ئۆسۈمى ئون كوپېيىك، بىر يېرىم ئايلىق ئۆسۈمى ئۈچۈن ئون بەش كوپېيىكنى ئالدىن تۇتۇپ قالدىم. بۇنىڭ سىرتىدا، ئالدىنقى قېتىمدا مەندىن ئىككى رۇبلى ئېلىۋىدىلە، ئۇنىڭغىمۇ شۇ ھېساب بويىچە يىگىرمە كوپېيىك تۇتۇپ قالدىم. جەمئىي ئوتتۇز بەش كوپېيىك، شۇڭا ھازىر رەنىگە قويغان سائەتلىرى ئۈچۈن بىر رۇبلى ئون بەش كوپېيىك بېرىمەن. مانا ئالسىلا.

— نېمە! ئاران بىر رۇبلى ئون بەش كوپېيىك ئالىمەنما؟

— توپتوغرا.

يىگىت تالىشىپ ئولتۇرماي پۇلنى ئالدى، لېكىن كېتىشكە ئالدىرىماي، يەنە دەيدىغان گەپلىرى باردەك ياكى بىرەر ئىشنى قىلماقچى بولغان، لېكىن نېمە ئىشلىقىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالغان كىشىدەك، مومايغا تىكىلگىنىچە تۇرۇپ قالدى.

— مەن سىلىگە، ئاليونا ئىۋانوۋنا، بىرنەچچە كۈننىڭ ئىچىدە يەنە بىرنەرسە ئېلىپ كېلىمەن، كۈمۈشتىن ياسالغان... چىرايلىق... تاماكا قۇتىسىنى... ئاغىنەمدىن ياندۇرۇۋالغان

hامان... — ئۇ پىكرى چېچىلىپ جىم بولۇپ قالدى.
— شۇ چاغدا بىر نېمە دېيىشەرمىز، غوجام.
— خوش ئەمىسە... سىلى ئۆزلىرى يالغۇز تۇرۇۋاتامالا نېمە. سىڭىللىرى يوقمۇ ئۆيدە؟ — ئادەتتىكى بىر ئەھۋالدا سوراۋاتقاندەك سورىدى يىگىت دەھلىزگە چىقىپ بولۇپ.
— سىڭلىمدا بىرەر ئىشلىرى بارمىدى، غوجام؟
— ئالاھىدە ئىشىمىغۇ يوق، ئانچىكىم سوراپ قويدۇم. سىلى هازىر... خوش ئەمىسە، ئالىونا ئىۋانوۋنا.
راسكولنىكوف ئۆزىنى خېلىلا يوقاتقان بىر هالەتتە چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭدىكى بۇنداق هالەت بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ پەلەمپەيدىن چۈشۈپ كېتىۋېتىپ، خۇددى نېمىدىندۇر قاتتىق هەيران قالغاندەك ئىككى - ئۈچ قېتىم توختاپمۇ قالدى. ئۇ كوچىغا چىققىنىدا ئاخىر ئۇنىسىز نىدا قىلدى.
«يا پەرۋەردىگار! بۇ ئىشلار نەقەدەر رەزىل - هە! ئەجەبا، ئەجەبا مەن... ياق بۇ جۆيلۈش! بىمەنىلىك! — دەپ قوشۇپ قويدى ئۇ قەتئىيلىك بىلەن، — ئەجەبا، مۇشۇنداق دەهشەتلىك بىر خىيال كاللامغا كىرىۋالغان بولسا - هە؟ ئەجەبا، مېنىڭ قەلبىمدە شۇقەدەر قەبىهلىك يوشۇرۇنۇپ ياتقانمىدۇ؟ تووا، پۇتۇنلەي ئىپلاسلىق، رەسۋاچىلىق، رەزىللىك، رەزىللىك! ... يەنە كېلىپ توپتوغرا بىر ئايدىن بۇيان.»
لېكىن، ئۇ قەلبىنى هاياجانغا سالغان ئۇ نەرسىنى تىل بىلەنمۇ، ئاھ ئۇرۇش بىلەنمۇ ئىپادىلەپ بېرەلمەيتتى. ئۇ تېخى يېڭىلا موماينىڭ ئۆيىگە كېلىۋاتقان چېغىدا يۈرىكىنى ئېزىشكە ۋە قالايمىقان قىلىشقا باشلىغان هەددىدىن زىيادە نەپرەت مانا ئەمدى شۇ قەدەر كۆچەيمەكتە، شۇ قەدەر روشەن ئىپادىلەنمەكتە ئىدىكى، ئۇ ئۆزىنى بۇنداق ئازابتىن قانداق قۇتۇلدۇرۇشنى بىلمەيتتى. ئۇ كوچىدا خۇددى مەست ئادەمدەك كېتىۋاتاتتى، هەتتا ئۆتكۈنچىلەرنىمۇ، ئۇلار بىلەن سوقۇلۇشۇپ ئۆتۈپ

كەتكىنىنىمۇ سەزمەيتتى. ئۇ پەقەت كېيىنكى كوچىغا چىققاندىلا هوشىنى يىغدى. ئەتراپىغا قاراپ، ئۆزىنىڭ كىچىكرەك بىر قاۋاقخانا ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆردى، قاۋاقخانىغا كىرىش ئۈچۈن، كوچىدىن پەلەمپەي بىلەن پەسكە چۈشۈپ، يەر ئاستى ئۆيىگە كىرىشكە توغرا كېلەتتى. دەل شۇ چاغدا، ئىككى مەست بىر - بىرىنى يۆلەپ، تىللاشقىنىچە قاۋاقخانىنىڭ ئىشىكىدىن چوڭ كوچىغا چىقىشتى. راسكولنىكوف ئۇزۇن ئويلاپ تۇرمايلا پەسكە چۈشتى. شۇ چاغقىچە ئۇ قاۋاقخانىغا زادىلا كىرىپ باقمىغانىدى. لېكىن، شۇ تاپتا ئۇ بېشى قېيىپ، خۇددى يۈرىكىگە ئوت كەتكەندەك ئۇسساپ كەتكەنىدى، ئۇنىڭ مۇزدەك پىۋا ئىچكۈسى كەلدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، بىردىنلا بوشىشىپ كەتكەنلىكىنى ئاچلىقىدىن كۆردى. ئۇ قاراڭغۇ ۋە پاسكىنا بىر بۇلۇڭدىكى ئۇستى يېلىمدەك چاپلىشىپ تۇرىدىغان ئۇستەلنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ، پىۋا سورىدى. بىرىنچى ئىستاكان پىۋىنى ئاچ كۆزلۈك بىلەن ئىچىۋەتتى. شۇ ئان ئۇنىڭ كۆڭلى يورۇدى. پىكرىمۇ روشەنلەشتى. «ھەممىسى بولمىغۇر گەپلەر، — ئويلىدى ئۇ ئۈمىدۋارلىق بىلەن، — ھودۇقۇپ كەتكۇدەك ھېچ ئىش يوق ! بەكلا ماغدۇردىن كېتىپ قالغان ئوخشايمەن ! بىر ئىستاكان پىۋا ئىچىپ، بىر بۇردا نان يەۋالسام، مېڭەم نورمال ئىشلەيدۇ، زېھنىممۇ ئېچىلىدۇ. ئىرادەممۇ چىڭىيىدۇ ! تۇفى ! ھەممىسى نەقەدەر ئەرزىمەس نەرسىلەر - ھە...» لېكىن، ئۇ ئەنە شۇنداق، نەپرەت ھالىتىدە تۇرسىمۇ، خۇددى ئېغىر يۈكتىن قۇتۇلغاندەك تولىمۇ خۇشال ئىدى. ئۇ ئەتراپتا ئولتۇرغانلارغا دوستانە قاراپ قويدى. لېكىن، شۇ پەيتنىڭ ئۆزىدىمۇ ئۇ بۇنداق ياخشىلىقنىڭ ئۆز قەلبىگە كېسەللىك ھالىتىدە كىرىپ كېلىۋاتقانلىقىنى خىرە - شىرە ھېس قىلماقتا ئىدى.

شۇ تاپتا، قاۋاقخانىدا ئادەملەر ئاز قالغانىدى. ئۇ پەلەمپەيدە ئۇچراشقان ئىككى مەستتىن كېيىن، يەنە بىر توپ ئادەم — بەش

ئەركەك بىلەن بىر قىز گارمون چالغان پېتى قاۋاقخانىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن دۇكان بوشاپ، دۇكاننىڭ ئىچى جىمىپ قالدى. قاۋاقخانىدا ئەمدى پىۋا ئىچىپ ئولتۇرغان، تۇرقىدىن شەھەرلىكلەرگە ئوخشايدىغان شىر كەيىپ بىر ئادەم بىلەن ئۇنىڭ تولىمۇ سىمىز شېرىكى قالغانىدى. سىبىرچە كەمزۇل كىيگەن، ساقاللىرى ئاقىرىپ كەتكەن، پۇتۇنلەي مەست بولۇپ ئۆزۈن ئورۇندۇقتا يېتىۋالغان بۇ ئادەمنىڭ كۆزلىرى ھېلىدىن ـ ھېلىغا يۇمۇلۇپ كېتەتتى. بىردەم ـ بىردەم خۇددى ئۇيقۇسى كەلگەن ئادەمدەك قوللىرىنى كېرىپ بارماقلىرىنى قارسىلدىتاتتى. ئورنىدىن تۇرمايلا يەڭلىرىنى كۆتۈرۈپ ـ كۆتۈرۈپ قوياتتى. تۇرۇپ ـ تۇرۇپ تېتىقسىز بىر ناخشىغا غىڭشىيتتى، ناخشىنىڭ سۆزلىرىنى ئېسىگە ئالماقچى بولاتتى ـ دە، مۇگدەپ كېتەتتى.

بىر يىل سۆيدۇم خوتۇننى
بىر ـ يىل ـ سۆيـ ـ دۇم ـ خو ـ تۇنـ ـ نى

ياكى بىردىنلا ئېسىنى يىغىپ يەنە ناخشا ئېيتىشقا باشلايتتى:

پودياچېيغا بېرىپ مەن.
تېپىۋالدىم يارىمنى...

ئۇنىڭ بۇ بەختىگە ھېچكىم ئورتاقلاشمىدى. جىمىغۇر شېرىكى ئۇنىڭ بۇ شوخلۇقلىرىغا دۈشمەنلىك ۋە گۇمان بىلەن قاراپ ئولتۇراتتى. قاۋاقخانىدا يەنە تۇرقىدىن چېكىنگەن خىزمەتچىلەرگە ئوخشايدىغان بىر ئادەم ئولتۇراتتى. ئۇ ئالدىدىكى پىۋىنى بىرە ـ بىرە ئوتلىغاچ، ئەتراپىغا كۆز سېلىپ ئۆزى يالغۇز ئولتۇراتتى. ئۇمۇ خۇددى نېمىدىندۇر ھاياجانلىنىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

## 2

راسكولنىكوف ئادەملەر بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتۈشكە ئادەتلەنمىگەنىدى. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، بولۇپمۇ كېيىنكى چاغلاردا ھەرقانداق ئادەم بىلەن بېرىش - كېلىش قىلىشتىن قاچىدىغان بولۇپ قالغانىدى. لېكىن، شۇ تاپتا ئۇ بىردىنلا ئادەملەرنى سېغىنىپ قالدى. قەلبىدە گويا يېڭى بىر ئۆزگىرىش ھاسىل بولغاندەك، شۇنداقلا ئۆزىنى بىرەرىنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە بولۇشىغا تەشنا بولۇۋاتقاندەك سېزەتتى. ئۇ ساق بىر ئاينى ئەلەملىك خىياللار ئىچىدە ئۆتكۈزدى. قايغۇ - ھەسرەت ئۇنى ماغدۇرىدىن كەتكۈزۈۋەتتى. مانا ئەمدى ئۇ مەيلى قەيەردە بولمىسۇن، ھەتتا بىرەر مىنۇت بولسىمۇ، باشقىچىرەك بىر ئالەمگە ئۆتۈپ ئارام ئېلىۋېلىشنى ئۈمىد قىلاتتى، شۇڭلاشقا قاۋاقخانا ھەرقانچە پاسكىنا بولسىمۇ، ئۇنىڭ بۇ يەردىن كەتكۈسى كەلمىدى.

قاۋاقخانا غوجايىنى باشقا خانىدا ئولتۇراتتى. لېكىن، ئۇ چوڭ زالغا پات - پات چىقىپ تۇراتتى. ئۇ پەلەمپەيدىن چۈشۈپ كېلىۋاتقىنىدا، گەۋدىسىدىن بۇرۇن ئۇنىڭ ئىجتىھات بىلەن مايلاپ پارقىرىتىۋېتىلگەن چوڭ قايرىلما قونچلۇق قىزىل ئۆتۈكى كۆرۈنەتتى. ئۇ بەل پۈرمە خالات بىلەن قارا شايىدىن تىكىلگەن جىلىتكە كىيگەن، ئەمما گالىستۇك باغلىمىغانىدى. ئۇنىڭ قىلىن ماي سۈرتۈلگەندەكلا كۆرۈنىدىغان يۈزى بەئەينى تۆمۈر قۇلۇپقىلا ئوخشايتتى. ئون تۆت ياشلار چامىسىدىكى بىر بالا پوكەيدە تۇرۇپ پىۋا قۇيۇپ بېرەتتى. ئۇنىڭدىن كىچىكرەك بىر بالا خېرىدارلارنى كۈتۈپ، ئۇلارنىڭ بۇيرۇغان نەرسىلىرىنى ئەكېلىپ بېرىپ تۇراتتى. پوكەيدە تەرخەمەك، قارا بولكا ۋە ئۇششاق توغرالغان بېلىق تىزىپ قويۇلغانىدى؛ بۇلاردىن سېسىق پۇراق چىقىپ تۇراتتى. ھاۋانىڭ ئادەتتىن تاشقىرى دىمىقلىقىدىن

خاندا ئولتۇرغىلىمۇ بولمايتتى. زالدىكى ھاراق ھىدىنىڭ كۈچلۈكلۈكىدىن بۇ يەردە بەش مىنۇت ئولتۇرغانلىكى ئادەم غەرق مەس بولۇپ كېتىدىغاندەكلا تۇيۇلاتتى.

شۇنداق چاغلارمۇ بولىدۇكى، پۈتۈنلەي ناتونۇش بىر ئادەم بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، بىرەر ئېغىز گەپلەشمەي تۇرۇپمۇ، كۈتمىگەندە ئۇنىڭغا قىزىقىپ قالىمىز. بىر چەتتە ئولتۇرغان چېكىنگەن خىزمەتچىلەرگە ئوخشاپراق كېتىدىغان ھېلىقى ئادەم راسكولنىكوفقا ئەنە شۇنداق تەسىر قىلدى. يىگىت كېيىنچە شۇ بىرىنچى قېتىملىق ئۇچرىشىشنىڭ تەسىراتلىرىنى يېنىش - يېنىش ئەسلىدى، ھەتتا بۇنى كۆڭلىنىڭ ئالدىن سېزىشىگە جورۇپمۇ باقتى. ئۇ خىزمەتچىگە پات - پات قارىدى. خىزمەتچىمۇ خۇددى گەپلەشكۈسى باردەك ئۇنىڭدىن زادىلا كۆز ئۈزمىدى. خىزمەتچى قاۋاقخانىدىكى باشقا ئادەملەرگە، جۈملىدىن قاۋاقخانا خوجايىنىغا نەپرەت بىلەن قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ قاراشلىرىدىن تەكەببۇرلۇق، مەنسىتمەسلىك چىقىپ تۇراتتى. بۇ يەردىكىلەر ئۇنىڭ نەزىرىدە گويا پەس، نادان، گەپلىشىپ ئولتۇرۇشقىمۇ ئەرزىمەيدىغان ئادەملەر ئىدى. ئۇ ئوتتۇرا بوي، ناھايىتى تەمبەل، چاچلىرى ئاق سانجىلغان ۋە شالاڭ، ھاراق - شارابنى ئۈزمەي ئىچكەچكە يۈزىنىڭ گۆشى ساڭگىلاپ، سارغىيىپ، ھەتتا كۆكىرىپ كەتكەن، قىزغۇچ كۆزلىرى پارقىراپ تۇرىدىغان، يېشى ئەللىكتىن ئېشىپ قالغان ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ تەق - تۇرقى غەلىتىرەك بولۇپ، كۆزلىرى تولىمۇ نۇرلۇق ئىدى، قاراشلىرىدىن ئەقىل - پاراسەت چىقىپ تۇراتتى، شۇنداقلا ئاز - تولا تەلۋىلىكنىڭ ئالامەتلىرى سېزىلىپ تۇراتتى. ئۇچىسىغا تۈگمىلىرى ئۈزۈلۈپ كەتكەن، بەكمۇ كونا فىراك كىيىۋالغانىدى. فىراكنىڭ بىرلا تۈگمىسى قالغان بولۇپ، ئۇزايىدىن ئۇ ئەدەپ - قائىدىدىن بەكمۇ چىقىپ كەتمەسلىك ئۈچۈنلا شۇ يالغۇز تۈگمىسىنى ئېتىپ يۈرگەندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ چاپىنىنىڭ ئاستىدىن پۈرلىشىپ، ھەممىلا يېرى

داغلىشىپ كەتكەن كۆڭلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ساقال ـ بۇرۇتى خىزمەتچىلەرگە خاس بىر ھالەتتە قىرىلغانىدى[1]، لېكىن كۆكۈچ ساقىلى قىرىلغىنىغا خېلى ئۇزاق بولغان چېغى، خېلىلا ئۆسۈپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىدىمۇ خىزمەتچى ئەمەلدارلارغا خاس بىر خىل ھالەت سېزىلىپ تۇراتتى. لېكىن، ئۇ نېمىدىنىدۇر بىئارام بولۇۋاتقاندەك ھېلىدىن ـ ھېلىغا چاچلىرىنى چاڭگاللايتتى، بەزىدە تىتىلىپ كەتكەن جەينەكلىرىنى پاسكىنا ۋە يېپىشقاق ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، ئەلەم بىلەن بېشىنى چاڭگاللىۋالاتتى. ئاخىر ئۇ راسكولنىكوفقا قارىدى ـ دە، ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ گەپ باشلىدى:

— مۆھتەرەم ئەپەندى، ئەدەپ يۈزىسىدىن سىزگە ئىككى ئېغىز گەپ قىلىشقا مۇراجىئەت قىلسام، رۇخسەت قىلارسىزمۇ؟ بىر قاراشتا، سىزنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىڭىز ئانچە سالاپەتلىك بولمىسىمۇ، كۆپنى كۆرگەن كۆزلىرىم سىزنىڭ مەلۇماتلىق، هاراق ـ شارابقا ئادەتلەنمىگەن ئادەم ئىكەنلىكىڭىزنى سېزىپ تۇرۇپتۇ. مەن ئىلىم ئەھلىگە يۈكسەك دەرىجىدە ھۆرمەت قىلىپ كەلگەن، بولۇپمۇ ئىلىم بىلەن قەلبىنىڭ نازۇك ھېسسىياتى قوشۇلۇپ كەتسە، ئۇنىڭغا نېمە يەتسۇن دەيسىز ! ئۇنىڭ سىرتىدا مەن 9 ـ دەرىجىلىك مەسلىھەتچى[2] مارمېلادوف — فامىلەم شۇنداق. ئۇنۋانلىق مەسلىھەتچى. سوراشقا رۇخسەت قىلىڭ: خىزمەت قىلامسىز؟

— ياق، ئوقۇيمەن... — جاۋاب بەردى يىگىت ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ تولىمۇ سىپايىلىكىدىن ۋە توغرىدىن ـ توغرا ئۆزىگە مۇراجىئەت قىلغىنىدىن خېلىلا ھەيران بولۇپ. بۇنىڭدىن سەللا ئىلگىرى نېمىلا بولمىسۇن كىم بىلەندۇر بىرپەس

---

① شۇ چاغدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن ئەمەلدارلار ساقال قويسا بولمايتتى.

② پېتېر I ئېلان قىلغان «ئەمەلدارلىق دەرىجە كۆرسەتكۈچى»دە رۇسىيەنىڭ مەمۇرىي ئەمەلدارلىرى جەمئىي ئون تۆت دەرىجىگە بۆلۈنگەن، 9 ـ دەرىجىلىك مەسلىھەتچى، ئارمىيەدىكى كاپىتانغا باراۋەر.

گەپلەشكۈسى كەلگەن بولسىمۇ، مانا ئەمدى راستلا ئۆزىگە مۇراجىئەت قىلىنغاندا بولسا، ئۇ بىردىنلا ئىلگىرىكى ياۋايىلىقىغا قايتتى. ئۇ يات ئادەملەرنىڭ ئۆزىنى ئاۋارە قىلىشىنى ياقتۇرمايتتى، ئاچچىقى كېلەتتى. شۇنداقلا ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇراتتى.

— بۇ گەپچە، سىز ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ياكى سابىق ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئىكەنسىز - دە! — دېدى خىزمەتچى ۋارقىراپ، — مەنمۇ شۇنداقمىكىن دەپ ئويلىغان! مېنىڭ تەجرىبەم بار، ئەپەندى، كۆپ قېتىملىق تەجرىبە! — ئۇ ماختىنىپ، بىر تال بارمىقى بىلەن پېشانىسىگە نوقۇپ قويدى، — سىزنى بىر بولسا ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى، بىر بولسا ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغۇچى دەپ ئويلىغۇدىم! رۇخسەت قىلسىڭىز... — ئۇ ئىرغاڭلاپ ئورنىدىن تۇردى - دە، پىيۋا قاچىسى بىلەن ئىستاكاننى كۆتۈرۈپ، يىگىتنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ مەست بولۇپ قالغىنىغا قارىماي، ئاغزى بېسىقماي سۆزلەيتتى، گەپلىرىمۇ جايىدا ئىدى. تۇرۇپ - تۇرۇپلا گېپىدىن ئازغىشىپ كېتەتتى ۋە سوزۇپ - سوزۇپ گەپ قىلاتتى. ئۇ گويا ساق بىر ئايغىچە ھېچكىم بىلەن گەپلەشمەي گەپ سېغىنىپ قالغاندەك، راسكولنىكوفقا چىڭلا چاپلاشتى.

— ئەپەندى، — دېدى ئۇ خېلىلا تەنتەنە بىلەن گەپ باشلاپ، — كەمبەغەللىك گۇناھ ئەمەس. بۇ ھەقىقەت. مەنمۇ بىلىمەن، ھاراقكەشلىك گۈزەل ئەخلاق ئەمەس. بۇ گەپ تېخىمۇ توغرا. لېكىن، ئەپەندى، يوقسۇزلۇق گۇناھ. كەمبەغەل چاغلىرىڭىزدا، ئۆزىڭىزنىڭ تۇغما، ئالىيجاناب پەزىلەتلىرىڭىزنى ھەرھالدا ساقلاپ قالالايسىز. كەمبەغەللىشىپ قولىڭىزدا ھېچنېمىڭىز قالمىغاندا بولسا، ھەرگىز ئۇنداق قىلالمايسىز — ھېچكىم ئۇنداق قىلالمايدۇ! قاقسەنەم بولۇپ قالغان بىر ئادەمنى تېخىمۇ بەكرەك ھاقارەتلەنسۇن دەپ، ھەتتا كالتەك بىلەن قوغلاپ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىن چىقىرىۋېتىدۇ ياكى سۇپۇرگە بىلەن

سوپۇروپ چىقىرىۋېتىدۇ، مۇشۇنداق قىلغىنى توغرا. چۈنكى، يوقسۇزلۇقتا مەن ئۆزۈمنى بىرىنچى بولۇپ ھاقارەتلەيمەن. قاۋاقخانىغا مەن مانا مۇشۇ ۋەجدىن كېلىمەن! ئەپەندى، بىر ئاينىڭ ئالدىدا لېبېزياتنىكوف ئەپەندى مېنىڭ خوتۇنۇمنى قاتتىق دۇمبالىدى. مېنىڭ خوتۇنۇم مەن ئەمەس ـ تە! گېپىمنى چۈشىنىۋاتامسىز؟ بىر سوئال سورىشىمغا رۇخسەت قىلىڭ، مەن ئانچىكىم قىزىقىپ قالدىم: سىز نېۋا دەرياسىدىكى پاخال توشۇيدىغان كېمىلەردە تۈنەپ باققانمۇ؟①

— ياق، تۈنەپ باقمىغان، — دېدى راسكولنىكوف جاۋاب بېرىپ، — ئۇ قانداق ئىش؟

— سىزگە ئېيتسام، مەن مانا شۇ يەردىن كەلدىم. شۇ يەردە يېتىۋاتقىنىمغا بەش كۈن بولدى.

ئۇ ئىستاكانغا پىۋىدىن قۇيۇپ، بىراقلا ئىچىۋەتتى، كېيىن ئويلىنىپ قالدى. دېمىسىمۇ ئۇنىڭ ئۇستىبېشىدا، چاچلىرىدا پاخاللار چاپلىشىپ تۇراتتى. ئۇزايىدىن ئۇ بەش كۈندىن بۇيان كىيىملىرىنى سالمىغان، يۈز ـ كۆزىنىمۇ يۇيۇپ باقمىغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ قىپقىزىل، سېمىز، تىرناقلىرى قارىداپ كەتكەن ئىككى قولى بەكمۇ كىرلىشىپ كەتكەنىدى.

ئۇنىڭ گېپى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى — گەرچە مەيۈس ھالەتتە بولسىمۇ — ئۆزىگە جەلپ قىلغاندەك قىلدى. پوكەينىڭ كەينىدە تۇرغان ھېلىقى يىگىتلەر پىخىلداپ كۈلۈشكە باشلىدى. دۇكان غوجايىنى بۇ «ھەزىلكەش»نىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغۇسى كەلدى بولغاي، يۇقىرىدىكى بىر خانىدىن ئالايىتەن پەسكە چۈشۈپ، يىراقتىراق ئولتۇردى. ئۇ بىرە ـ بىرە ئېرىنچەكلىك، لېكىن تازا مەنمەنلىك بىلەن ئەسنەپ قوياتتى. مارمېلادوف بۇ

① ئەينى ۋاقىتتا پېتېربۇرگتىكى قەلەندەرلەر ۋە سەرگەردانلار دائىم دېگۈدەك پاخال توشۇيدىغان كېمىلەردە تۈنەيتتى.

يەردىكىلەرگە ئۇزاقتىن بۇيان تونۇش بولسا كېرەك، قارىغاندا ئۇ قاۋاقخانىغا كېلىپ تۇرىدىغان ھەر خىل ناتونۇش ئادەملەر بىلەن گەپلىشىشنى پەقەتلا ياقتۇرمىغاچقا، مەمەدانلىق ئۇنىڭ خۇمارىغا ئايلىنىپ قالغاندەك قىلاتتى. مۇنداق ئادەت بەزىبىر ھاراقكەشلەردە بىر خىل ئېھتىياجغا ئايلىنىپ قالىدۇ، بولۇپمۇ ئائىلىسىدىكىلەر قاتتىق تۇتىدىغان، ئېتىبارسىز قارايدىغان ئادەملەر تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. شۇڭلاشقا، ئۇلار ئۇلپەتلىرى بىلەن بىللە بولۇپ قالغان چاغلىرىدا، ئىلاجىنىڭ بارىچە ئۆزىنى ئاقلاشقا، مۆرىتى كېلىپ قالسا، ھەتتا باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇشقا تىرىشىدۇ.

— ھەزىلكەش! — دېدى غوجايىن ۋارقىراپ، — ئەمىسە نېمىشقا خىزمەت قىلمايسەن؟ خىزمەتچى بولساڭ، نېمىشقا ئىشقا بارمايسەن؟

— مەن نېمىشقا ئىشقا بارمايمەن، ھۆرمەتلىك جاناب؟ — ئۇنىڭ سۆزىگە ئۇلاپلا گەپ باشلىدى مارمېلادوف خۇددى بۇ سوئالنى باشقا بىرسى ئەمەس، راسكولنىكوف سورىغاندەك ئۇنىڭغا تىكىلىپ، — مەن نېمىشقا ئىشقا بارمايمەن؟ مۇشۇنداق بىكار يۈرۈپ كەمبەغەللىكتە ئۆتۈۋاتقانلىقىمنى ئويلىسام، يۈرىكىم ئېچىشمامدۇ؟ بىر ئاينىڭ ئالدىدا جانابىي لېبېزياتنىكوف ئۆز قولى بىلەن خوتۇنۇمنى دۇمبالىغان چاغدا، مەن مەست بولۇپ كارىۋاتتا ياتقان بولسامۇ، مېنى ئازابلانمىدى دەمسىز؟ كەچۈرۈڭ. يىگىت، سىزمۇ... ھىم... بېرىشىدىن قىلچە ئۈمىد بولمىسىمۇ، قەرزگە پۇل سوراپ باققانمىدىڭىز؟

— سوراپ باققان. بېرىشىدىن قىلچە ئۈمىد بولمىسىمۇ دېگىنىڭىز نېمە دېگىنىڭىز؟

— بېرىشىدىن پۈتۈنلەي ئۈمىد يوق بولسىمۇ دېگىنىم، بىرەر نەپسىمۇ ئالالماسلىقىڭىزنى بىلىپ تۇرسىڭىزمۇ دېگىنىم. مەسىلەن ئالايلى، بۇ ئادەمنىڭ — بەك ئاق كۆڭۈل، كىشىلەرگە

بەكمۇ ياردەم قىلغۇسى بار بۇ پۇقرانىڭ ــ سىزگە قەرزگە پۇل بەرمەيدىغانلىقىنى ئالدىن بىلىسىز، دەپ بېقىڭچۇ، ئۇ نېمە ئۈچۈن ماڭا قەرزگە پۇل بېرىشى كېرەك؟ ئۇ مېنىڭ پۇلنى ياندۇرۇپ بەرمەيدىغانلىقىمنى بىلىدۇغۇ. ئىچ ئاغرىتىش يۈزىسىدىنمۇ يا؟ لېكىن، يېڭى ئىدىيەلەرنى كۆزىتىپ تۇرىدىغان جانابىي لېبېزياتنىكوف بۇنىڭدىن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى ماڭا بىر ئىشنى چۈشەندۇرۇپ قويدى: ھازىرقى زاماندا ئىچ ئاغرىتىشقا، ھەتتا بەكمۇ يول قويمايدىكەن، سىياسىي ئىقتىسادشۇناسلىقنى ياراتقان ئەنگلىيە مانا شۇنداق قىلىدىكەن، دەپ بېقىڭچۇ، ئۇ نېمە ئۈچۈن ماڭا قەرزگە پۇل بېرىشى كېرەك؟ سىز ئۇنىڭ بەرمەيدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىڭىزمۇ، يەنە ئۇنىڭ ئالدىغا بارسىز، شۇنىڭ بىلەن...

— ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىشىڭىز نېمە ھاجىتى؟ — گەپ قىستۇردى راسكولنىكوف.

— ئالدىغا بارغۇدەك باشقا ئادىمىڭىز، ماڭغۇدەك باشقا يولىڭىز بولمىغاندىكىنچۇ! چۈنكى، ھەربىر ئادەمنىڭ ماڭىدىغان يولى بولۇشى كېرەك ـ دە. بەزىدە ماڭغۇدەك يولىڭىز بولمىسا زادى بولمايدىغان چاغلارمۇ بولدى! يالغۇز قىزىم تۇنجى قېتىم سېرىق پاسپورت①نى ئېلىپ كوچىغا چىققان چاغدا، مەنمۇ چىقىپ كەتتىم (چۈنكى قىزىم سېرىق پاسپورت بىلەن جان باقىدۇ) ... — قوشۇپ قويدى ئۇ سەل بىئاراملىق بىلەن يىگىتكە قاراپ، — ھېچقىسى يوق. ھۆرمەتلىك جاناب، ھېچقىسى يوق!

— ئۇ پوكەينىڭ كەينىدە تۇرغان ئىككى يىگىتنىڭ پىخىلداپ كۈلۈۋاتقانلىقىنى، غوجايىنىنىڭمۇ ھىجىيىپ قويغانلىقىنى كۆرۈپ ئالدىراپ ئىزاھ بەردى. لېكىن، ئۇ قىياپىتىدىن خاتىرجەمدەك قىلاتتى، — ھېچقىسى يوق، ئادەملەرنىڭ مېنى ئىشارەتلەپ كۈلۈشلىرىگە ھودۇقۇپمۇ كەتمەيمەن. چۈنكى، بۇ ئىشنى ھەممە

① سېرىق پاسپورت ــ پاھىشە ئاياللارنىڭ پاسپورتى.

ئادەم بىلىپ كەتتى. جىمىكى سىرىمىز ئاشكارا بولۇپ بولغان①. مەن بۇ ئىشقا نەپرەت بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىتائەتمەنلىك بىلەن قارايمەن. ئۇلار نېمىلا دېسە دەۋەرسۇن! نېمىلا دېسە دەۋەرسۇن! «قاراڭلار بۇ ئادەمگە!»② كەچۈرۈڭ، يىگىت، سىز شۇ تاپتا ماڭا قاراپ تۇرۇپ، مېنى سىز چوشقا ئەمەس دېيەلەمسىز؟ ياق، تېخىمۇ كۈچلۈكرەك، تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتسام شۇنداق دېيىشكە جۈرئەت قىلالامسىز؟

يىگىت بىر ئېغىزمۇ جاۋاب بەرمىدى.

— خوش، — تەنتەنە بىلەن داۋام قىلدى ناتىق زالدا كۈلكە ئاۋازى بېسىققاندىن كېيىن، ئەمدى ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدىن قانداقتۇر بىر غۇرۇرنىڭ ئالامىتى سېزىلىپ تۇراتتى، — خوش، مەن بىر چوشقىمۇ بولاي، لېكىن ئۇ بىر خېنىمغۇ! مېنىڭ تەق - تۇرقۇممۇ چوشقىغا ئوخشايدۇ، لېكىن مېنىڭ خوتۇنۇم — كاتېرىنا ئىۋانوۋنا — تەربىيە كۆرگەن ئايال. بىر ئوفىتسېرنىڭ قىزى. بوپتۇ، بوپتۇ، مەن بىر مۇتتەھەممۇ بولاي، لېكىن ئۇ قەلبى ئالىيجاناب ئايال. ئۇ ئالىيجاناب خۇلق - مىجەز جەھەتتە ئوبدان تەربىيەلەنگەن. لېكىن... ھەي، ئۇ ماڭا ئىچ ئاغرىتقان بولسىدى، قانچىلىك ياخشى بولۇپ كېتەر ئىدى - ھە! ھۆرمەتلىك جاناب، ھۆرمەتلىك جاناب، بىلەمسىز، ھەربىر ئادەمگە ھېچبولمىغاندا بىرەر جايدا ئىچ ئاغرىتىدىغان ئادەملەر بولۇشى كېرەكقۇ! لېكىن، كاتېرىنا ئىۋانوۋناچۇ، ئۇ كۆكسى - قارنى كەڭ بولغىنى بىلەن، ئادىل ئەمەس... توغرا، مەن ئۆزۈممۇ چۈشىنىمەن، ئۇ مېنىڭ چاچلىرىمنى يۇلسىمۇ، ئىچ ئاغرىتقىنىدىن يۇلىدۇ. (مەن قىلچە خىجىل بولمايمەن. مەن

---

① «يېڭى ئەھد. ماتىي پەند ـ نەسىھەتلىرى»دە: «چۈنكى مەخپىي ئىشنىڭ ئاشكارا بولمايدىغىنى يوق. يوشۇرغان ئىشنىڭ ئېچىلمايدىغىنى يوق» دېيىلگەن.

② بۇ «ئىنجىل»دىكى شەخس پىرادو ئەيسانى كىشىلەرگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ دېگەن سۆز («يېڭى ئەھد. يوھان پەند نەسىھەتلىرى»). بۇنىڭدا پرادونىڭ ئەيسانىڭ قەيسەرلىكى ۋە سەۋرچانلىقىغا بولغان قايىللىقى ئىپادىلەنگەن.

سىزگە، يىگىت، تەكرار ئېيتسام، ئۇ چاچلىرىمنى راستىلا يۇلىدۇ» دېدى ئۇ ئەتراپتا يەنە كۇلكە كۆتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ تەنتەنە بىلەن ئېتىراپ قىلىپ) لېكىن، ياپەرۋەردىگار، ئۇ مېنى بىرەر قېتىم بولسىمۇ... ياق! ياق! ئۇنىڭ پايدىسى يوق، دەپ ئولتۇرۇشنىڭمۇ ھاجىتى يوق، ھاجىتى يوق... چۈنكى مەن بىر ئەمەس، بىرنەچچە قېتىم ئارزۇيۇمغا يەتكەن. ئۇ ماڭا بىر ئەمەس، بىرنەچچە قېتىم ئىچ ئاغرىتقان. لېكىن... مېنىڭ خۇيۇم شۇنداق. مەن دېگەن بىر تۇغما ھايۋان!

— شۇنداق بولمايچۇ! — دېدى غوجايىن ئەسنەۋېتىپ.

مارمېلادوف مۇشتۇمى بىلەن ئۈستەلنى قاتتىق ئۇردى.

— مېنىڭ خۇيۇم شۇنداق! بىلەمسىزكىن جاناب، سىز بىلەمسىزكىن، مەن ھەتتا ئۇنىڭ پايپىقىنىمۇ ھاراقىقا تېگىشىۋەتكەن. ئۇنىڭ ئايىغىنى ئەمەس، بۇ ھەرھالدا ئاز - تولا ئەقىلگە سىغىدۇغۇ... مەن ئۇنىڭ پايپىقىنى، ئۇنىڭ بىر پايپىقىنى ھاراقىقا تېگىشىۋەتكەن. ئۇنىڭ ئۆچكە تىۋىت شالىنىمۇ ھاراقىقا تېگىشىۋەتكەن. بۇنى ئۇنىڭغا خەق سوۋغا قىلغان، ئۇنىڭ ئۆز مۈلكى ئىدى، مېنىڭ ئەمەس ئىدى، بىز بىر سوغۇق ئۆيدە ئولتۇرىمىز. بۇ يىل قىشتا ئۇ شامالداپ قېلىپ، يۆتىلىدىغان، قان تۈكۈرىدىغان بولۇپ قالدى. بىزنىڭ ئۈچ بالىمىز بار. كاتېرىنا ئىۋانوۋنا ئەتىدىن - كەچكىچە ئىشتىن بىكار بولالمايدۇ. ئۇ پول سۈرتىدۇ، يۇيىدۇ، بالىلارنى يۇيۇندۇرىدۇ، چۈنكى ئۇ كىچىكىدىن تارتىپ پاكىزلىققا ئادەتلەنگەن. لېكىن، ئۇنىڭ ئۆپكىسى بەكلا زەئىپ. سىل بولۇپ قالغاندەك قىلىدۇ، بۇنى سېزىپ يۈرىمەن. سەزمەي قالامتىم دەڭە؟ ھاراقنى قانچىكى كۆپ ئىچسە، شۇنچىكى سېزىمەن. مەنمۇ ھاراقنى يۈرىكىمگە مەدەت بولارمىكىن، دەرد - پىغانىمنى باسارمىكىن، دەپ ئىچىمەن... مەن ھاراقنى ئازابلىرىمنى ئېغىرلىتىش ئۈچۈن ئىچىمەن، — ئۇ گويا ئۆمىدى ئۈزۈلگەندەك بېشىنى ساڭگىلىتىۋالدى.

— يىگىت، — دېدى ئۇ يەنە بېشىنى كۆتۈرۈپ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — مەن چىرايىڭىزدىن قايغۇ - ئەلەمنىڭ ئالامەتلىرىنى كۆرگەندەك قىلدىم. ئىشىكتىن كىرىشىڭىزگىلا ئۇقۇپ بولدۇم، شۇڭلاشقا سىزگە گەپ قىلدىم. مەن كەچۈرمىشلىرىمنى سىزگە مۇنۇ تېكە سالتاڭلار ئالدىدا ئۆزۈمنى شەرمەندە قىلغىلى سۆزلەپ بېرىۋاتقىنىم يوق. ئىشقىلىپ، مەن دېمىسەممۇ ئۇلار ھەممىنى بىلىشىدۇ. مەن دەردىمنى چۈشىنىدىغان، ئوقۇمۇشلۇق بىرەر ئادەمنى ئۇچراتسام دەپ يۈرەتتىم. بىلەمسىز، مېنىڭ خانىمىم ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئۆلكىلىك قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىنى پۈتكۈزگەن، ئۇ ئوقۇش پۈتكۈزگەن چاغدا، مۇرىسىگە شال ئارتىپ[1] ئۆلكە باشلىقى بىلەن باشقا كاتتىلارنىڭ ئالدىدا ئۇسسۇل ئوينىغان، مانا شۇنىڭ ئۈچۈن ئالتۇن مېدال بىلەن تەقدىرنامە ئالغان. ئالتۇن مېدالنى... شۇنداق، مېدالنى سېتىۋەتتۇق... خېلى بۇرۇنلا سېتىۋەتتۇق... ھىم... تەقدىرنامە ھازىرغىچە ئۇنىڭ ساندۇقىدا ساقلاقلىق. تېخى يېقىندىلا ئۇ ئۇنى ئۆيىنىڭ غوجايىنىغا كۆرسەتتى. ئۇ ئۆي غوجايىنى بىلەن دائىم جېدەللىشىپ تۇرسىمۇ، بىرەرىنىڭ ئالدىدا ماختانغۇسى، ئۆزىنى كۆرسىتىۋالغۇسى، ئۆتمۈشتىكى بەختىيار كۈنلىرىنى سۆزلەپ بەرگۈسى كېلىدۇ. مەن ئۇنى ئەيىبلىمەيمەن، ئەيىبلىمەيمەن. چۈنكى، ئۇنىڭ خاتىرىسىدە پەقەت شۇ ئىشلا ساقلىنىپ قالغان. باشقا ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئىزسىز توزۇپ كەتكەن. شۇنداق، شۇنداق: ئۇ ئالدىراڭغۇ، مەغرۇر، قەيسەر ئايال. ئۇ پولنى ئۆزى يۇيىدۇ، يەيدىغىنى قارا بولكا بولسىمۇ، باشقىلارنىڭ ئۆزىگە بىھۆرمەتلىك قىلىشىغا ھەرگىز يول قويمايدۇ. شۇڭا، ئۇ جانابىي لېبېزياتنىكوفنىڭ ئەدەپسىزلىكىنى كۆتۈرەلمىگەنىدى. شۇ ۋەجدىن لېبېزياتنىكوف ئۇنى دۇمبالىدى. ئۇ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. لېكىن، ئۇنى

[1] بۇ، ئوقۇش نەتىجىسى ئالاھىدە ياخشى ئوقۇغۇچىلارغا بېرىلىدىغان بىر خىل مۇكاپات.

تاياق دەستىدىن يېتىپ قالدى دېگەندىن كۆرە، نومۇسقا چىدىماي يېتىپ قالدى، دېگەن تۈزۈك. مەن ئۇنىڭغا ئۆيلەنگەن چېغىمدا، ئۇ ئۈچ بالىسى بار تۇل خوتۇن ئىدى. بالىلىرى بىر ـ بىرىدىن كىچىك ئىدى. ئۇنىڭ ئىلگىرىكى ئېرى پىيادە ئەسكەرلەر ئوفىتسېرى ئىكەن. ئۇ ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، ئاتا ـ ئانىسىنى تاشلاپ قېچىپ كەتكەنىكەن. ئېرىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتىكەن. لېكىن، ئۇنىڭ ئېرى قىمارغا بېرىلىپ كېتىپتۇ، سوتلىنىپتۇ، كېيىن ئۆلۈپ كېتىپتۇ. كېيىنكى چاغلاردا ئېرى ئۇنى ئۇرىدىغان بولۇۋاپتىكەن، كاتىپرىسنا ئۇنى كەچۈرمىگەن بولىسىمۇ بۇنى بىلمەمەن. مەن ھۆججەتلەرنى كۆرگەن. راست شۇنداق — لېكىن تا بۈگۈنگىچە ئۇنى كۆزىگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ ئەسلەيدۇ، ئۇنى پەش قىلىپ تۇرۇپ مېنى تىللايدۇ. مەن بۇنىڭدىن خۇشال، ئىنتايىن خۇشال، چۈنكى ئۇ نېمىلا بولسۇن ئۆزىنىڭ بىر چاغلاردا بەختىيار ياشىغانلىقىنى بولسىمۇ تەسەۋۋۇر قىلالايدۇ دەڭە... ئېرى ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇ نارەسىدە ئۈچ بالىسى بىلەن قاملاشمىغان چەت بىر ناھىيەدە قاپتۇ، شۇ چاغدا مەن شۇ يەردە ئىدىم. ئۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئەھۋالى شۇنچىلىك ناچار ئىكەنكى، كۆپ نەرسىنى كۆرگەن بولساممۇ، ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى ئەھۋالىنى تەسۋىرلەپ بېرەلمەيمەن. جىمىكى ئۇرۇغ ـ تۇغقىنى ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپتۇ، شۇنداقتىمۇ ئۇ مەغرۇر، ئىنتايىن مەغرۇر، ھەددىدىن زىيادە مەغرۇر ئىدى. شۇ چاغدا، ھۆرمەتلىك جاناب، شۇ چاغدا مەنمۇ بويتاق ئىدىم. يېنىمدا ئىلگىرىكى ئايالىمدىن قالغان ئون تۆت ياشلىق بىر قىزىم بار ئىدى. مەن ئۇنىڭ تارتىۋاتقان ئازابىغا چىدىيالماي، ئۇنىڭغا توي قىلىش تەكلىپىنى قويدۇم. ئۇ ئوقۇمۇشلۇق، كاتتا تەربىيە كۆرگەن تۇرۇقلۇق، ماڭا تېگىشكە رازى بولدى. ئۇنىڭ قانچىلىك نامراتلىشىپ كەتكەنلىكىنى مانا شۇنىڭدىن بىلىسىڭىز بولىدۇ! شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇ ماڭا تەگدى. ئۇ يىغلىدى، قاقشىدى، شۇنداقتىمۇ ماڭا تەگدى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئىككى پۇتى بىر

ئۆتتۇككە تىقىلىپ قالغان. ئىككى پۇتى بىر ئۆتۈككە تىقىلىپ قېلىشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى چۈشىنەمسىز؟ ھۆرمەتلىك جاناب، چۈشىنەمسىز؟ ياق، بۇنى سىز تېخى چۈشەنمەيسىز. ساق بىر يىلغىچە، بۇرچۇمنى ئىخلاس بىلەن ھالال ئادا قىلدىم. مۇنۇ بىرنېمىنى ئاغزىمغىمۇ ئالمىدىم، — ئۇ ئالدىدىكى ھارىقى يېرىملاشقان بوتۇلكىنى بارمىقى بىلەن چېكىپ قويدى، — نېمىشقا دېسىڭىز، مېنىڭمۇ كۆڭلۈم بار - دە، ئەمما شۇنداق قىلىپمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىنى مايىل قىلالمىدىم. ئارقىدىن ئىشسىز قالدىم. ئەمما، ئۆزۈمنىڭ سەۋەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى ئىشتات قىسقارتىلغانلىقتىن ئىشسىز قالدىم. شۇنىڭ بىلەن بۇ بىرنېمىنى يەنە تېپىۋالدىم. بىرمۇنچە سەرسان بولۇپ، تالاي - تالاي جاپا - مۇشەققەتنى باشتىن كەچۈرۈپ، بىر يېرىم يىلنىڭ ئالدىدا، مۇشۇ يەرگە، ناھايىتى نۇرغۇن ھەيكەللەر ئورنىتىلغان ھەيۋەتلىك پايتەختكە كېلىپ قالدۇق. مەن بۇ يەرگە كېلىپ يەنە ئىشقا ئورۇنلاشتىم. لېكىن، كۆپ ئۆتمەي يەنە ئىشتىن قوغلاندىم. بىلەمسىز؟ بۇ قېتىم سەۋەنلىك ئۆزۈمدىن ئۆتتى. چۈنكى، ئۆگەنگەن خۇيۇمنى ئۆزگەرتەلمىدىم. ھازىر بىز ئامالىيە فېدوروۋنا لىپپېۋېخزېلنىڭ يېرىم ئىبغىز ئۆيىدە ئولتۇرۇۋاتىمىز. نېمە بىلەن جان بېقىپ، ئۆي ئىجارىسىنى نېمە بىلەن تۆلەۋاتقانلىقىمىزنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. ئۇ يەردە بىزدىن باشقا يەنە نۇرغۇن ئادەم ئولتۇرىدۇ... ئۇ يەر سودوم① شەھىرىدەك قالايمىقان... ھىم... شۇنداق... ئىلگىرىكى خوتۇنۇمدىن بولغان قىزىم بويىغا يېتىپ قالدى. ئۇ چوڭ بولغۇچە ئۆگەي ئانىنىڭ قولىدا نېمە خورلۇقلارنى كۆرمىدى دەڭە، بۇنى دېمەيلا قوياي. چۈنكى، كاتېرىنا ئىۋانوۋنا كۆكسى - قارنى كەڭ بولغىنى بىلەن تولىمۇ قىزىققان، مىجەزى چۇس، ئاغزى ئىتتىك ئايال... راست شۇنداق! ھازىر بۇلارنى ئەسلىگەننىڭمۇ پايدىسى يوق. ئۆزىڭىزمۇ

① سودو بىلەن ئېمورا «ئىنجىل»دا تىلغا ئېلىنىدىغان قالايمىقان، جىنايەتكە تولغان شەھەرلەر.

تەسەۋۋۇر قىلىشقا ئۇقانسىز ھەرقاچان. سونىيەنى ئوقۇتالمىدۇق. بۇنىڭدىن ئۈچ ـ تۆت يىل ئىلگىرى، مەن ئۇنىڭغا جۇغراپىيە بىلەن دۇنيا تارىخىنى ئۆگەتمەكچى بولدۇم. لېكىن، سەۋىيەم چەكلىك. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇزۇكىرەك دەرسلىكمۇ يوق ئىدى. بىزدە قانداق كىتابلار بولماقچىدى دەڭە... ھىم ! ئىشقىلىپ ھازىر ئەمدى ئۇ كىتابلارمۇ يوق. شۇڭا بىزنىڭ جىمىكى تەربىيەمىز شۇنىڭ بىلەن تامام بولدى. بىز پارس پادىشاھى خىسراۋغىچە ئۆگىنىپ توختاپ قالدۇق. ئۇ بويىغا يەتكەندىن كېيىن، مۇھەببەت تەسۋىرلەنگەن رومانلاردىن بىرنەچچىنى ئوقۇدى. ھە راست، تېخى يېقىندا ئۇ جانابىي لېبېزياتنىكوفنىڭ ۋاستىسى بىلەن لۇئىس①نىڭ «فىزىيولوگىيە» دېگەن كىتابىنى ئارىيەت ئېلىپ — بۇ كىتابنى سىزمۇ بىلىدىغانسىز — ئىنتايىن قىزىقىپ ئوقۇپ چىقتى، ھەتتا بەزى جايلىرىنى تاللاپ بىزگىمۇ ئوقۇپ بەردى. ئۇنىڭ جىمىكى ئالغان مەلۇماتى مانا شۇ. ھۆرمەتلىك جاناب، مانا ئەمدى مەن ئەدەپسىزلىك بولسىمۇ سىزدىن بىر سوئالىمنى سورىۋالاي: سىزنىڭچە كەمبەغەل، لېكىن پاك بىر قىز ئۆزىنىڭ ھالال ئەمگىكى بىلەن قانچىلىك پۇل تاپالار؟... ھۆرمەتلىك جاناب، ئەگەر ئۇ پاك بولسا، لېكىن ھېچقانداق ئالاھىدە ئىقتىدارى بولمىسا، ئەتىدىن ـ كەچكىچە تىنىم تاپماي ئىشلەپ بىر كۈندە ئون بەش كوپېيىك تاپالمايدۇ ! شۇنداق تۇرۇقلۇق، دائىمىي مەسلىھەتچى ئىۋان ئىۋائىوۋىچ كلوپىشتو — ئۇ ئادەمنى ئاڭلىغانمىدىڭىز — بىر تالاي گوللاندىيەچە كۆڭلەكنى تىكتۈرۈۋېلىپ، پۇلىنى ھازىرغىچە بەرمەي يۈرىدۇ. ئۆيىگە بارسا، قىزىمنى تىللاپ قوغلىۋېتىپتۇ. كۆڭلەكلەرنىڭ ياقىسىنى تار قىلىپ قويۇپسەن، مايماق تىكىپ قويۇپسەن دېگۈدەك. شۇ چاغدا ئۆيدە باللار ئاچ ئىدى. كاتېرىنا ئىۋانوۋنا قاتتىق ئۈمىدسىزلىنىپ، ئۆيدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا

① لۇئىس (1817 — 1878) — ئەنگلىيەلىك دارۋىنىزمچى فىزىيولوگ ۋە پوزىتىۋىزملىق پەيلاسوپ.

ماڭاتتى. ئۇنىڭ ئىككى مەڭزى قىزىرىپ كەتتى. مۇشۇنداق كېسەلگە گىرىپتار بولغانلارنىڭ ھەممىسى شۇنداق بولىدۇ. ئۇ مېنى: «سەن تەييارتاپ، ھۇرۇن، بىزنىڭكىدە تۇرۇپ يەۋاتىسەن، ئىچىۋاتىسەن، ئىسسىققىنا ئۆتۈۋاتىسەن» دېدى. باللار پات ـ پات ئۇدا ئۈچ كۈنگىچە بىر بۇردا نان كۆرمىسە، نېمىنى يەپ، نېمىنى ئىچىپ كېتىمىز ! شۇ چاغدا مەن كارىۋاتتا ياتاتتىم... ھىم، بۇنىڭ نېمىسى بار دەڭە ! شۇ چاغدا مەن كارىۋاتتا مەست ياتاتتىم، سونيەمنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قالدىم (ئۇ، بەكلا ئىتائەتچان قىز، ئاۋازى ئىنچىكە، مۇلايىم... چاچلىرى ئالتۇندەك سېرىق، يۈزى تاتىراڭغۇ، ئۆزى ئورۇق) ئۇ: «كاتېرىنا ئىۋانوۋنا، راستلا شۇ ئىشنى قىلىشىم كېرەكمۇ؟» دېدى. شۇنىڭدىن ئىلگىرى، دارىيە فرانسوۋنا ـــ ساقچى ئىدارىسىگە بەكمۇ تونۇشلۇق ئىچى قارا خوتۇن ئۈي غوجايىنى ئارقىلىق ئۇنىڭ بىلەن ئۈچ قېتىم سۆزلىشىپتىكەن «نېمە بولماقچىدى، ـــ دېدى كاتېرىنا ئىۋانوۋنا زاڭلىق قىلىپ كۈلۈپ، ـــ ئۇنى ساقلاپ نېمە قىلماقچىدىڭ، شۇنداق پۇلغا يارايدىغان بىرنېمىنى !» لېكىن ئۇنى ئەيىبكە بۇيرۇماڭ، ئەيىبكە بۇيرۇماڭ. ھۆرمەتلىك جاناب، ھەرگىز ئەيىبكە بۇيرۇماڭ. شۇ گەپنى قىلغاندا ئۇنىڭ ئەقلى جايىدا ئەمەس ئىدى. قاتتىق تىت ـ تىت بولۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاغرىق ئىدى. قورسىقى ئېچىپ كەتكەن باللار يىغلىشىۋاتاتتى. شۇڭا، بۇ گەپنى ئۇ ئۆزىنىڭ رازىلىقى بىلەن ئەمەس، ئاچچىقىغا پايلىماي دەپ سالدى... چۈنكى، كاتېرىنا ئىۋانوۋنانىڭ مىجەزى شۇنداق، باللار يىغلىسا، ھەتتا قورسىقى ئېچىپ يىغلىسىمۇ، شۇ ئانلا ئۇلارنى ئۇرۇشقا باشلايدۇ. قارىسام، سائەت ئالتە بولاي دېگەندە سونىچكا[1] ئورنىدىن تۇردى. ياغلىقىنى ئارتىپ كىيىملىرىنى كىيىپ، ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. سائەت سەككىزدىن ئاشقاندا قايتىپ كەلدى ـ دە، ئۇدۇل

① سونيەنى دېمەكچى، سونيە بىلەن سونىچكا سوفيەنىڭ ئەركىلەتمە ئىسمى.

كاتېرىنا ئىۋانوۋنانىڭ قېشىغا بېرىپ، گەپ ـ سۆز قىلماستىن ئوتتۇز رۇبلى پۇلنى ئۇنىڭ ئالدىدىكى ئۇستەلنىڭ ئۇستىگە قويدى. ئۇ كاتېرىناغا قارىدى، ئەمما گەپ ـ سۆز قىلماي بىزنىڭ چوڭ يېشىل پىلاشىمىزنى ئېلىپ (بىزنىڭ ھەممىمىزگە ئورتاق بىرلا پىلاشىمىز بار ئىدى) بېشىنى چۈمكىدى ـ دە، كارىۋاتقا چىقىپ تام تەرەپكە قاراپ يېتىۋالدى، ئۇنىڭ كىچىككىنە يەلكىلىرى بىلەن پۈتۈن گەۋدىسى توختىماي تىترەيتتى... مەن يەنىلا ئىلگىرىكى ھالىتىمدە ياتاتتىم. شۇ چاغدا مەن، يىگىت، شۇ چاغدا مەن، كاتېرىنا ئىۋانوۋانىڭ گەپ ـ سۆز قىلماي سونىچكانىڭ بېشىغا بارغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ سونىچكانىڭ يېنىدا پۈتۈن بىر ئاخشام تىزلىنىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ پۇتىنى سۆيدى. ئورنىدىن تۇرغىلى زادى ئۇنىمىدى. كېيىن ئۇلار بىر ـ بىرىنى قۇچاقلىغان پېتى ئۇخلاپ قېلىشتى. ئىككىسى... قۇچاقلىشىپ... راست شۇنداق... لېكىن مەن... مەست ياتاتتىم.

مارمېلادوف خۇددى دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەندەك بىردىنلا جىم بولۇپ قالدى. كېيىن ئۇ ئالمان ـ تالمان قەدەھكە ھاراق قۇيدى ـ دە، بىراقلا كۆتۈرۈۋەتتى ۋە يۆتىلىپ، گېلىنى قىرىپ قويدى.

— مانا شۇنىڭدىن كېيىن، ھۆرمەتلىك جاناب، — مارمېلادوف بىردەم جىم ئولتۇرغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — مانا شۇنىڭدىن كېيىن، بىر پالاكەت يۈز بېرىپ ۋە بەزى ئىچى قارا ئادەملەر چېقىمچىلىق قىلىپ (دارىيە فرانسوۋا شۇ ئىشتا تولا ئەسكىلىك قىلدى. بىز ئۇنىڭغا لايىقىدا ھۆرمەت قىلماپتىمىشمىز) مانا شۇنىڭدىن كېيىن قىزىم سوفيە سېمېنوۋنا سېرىق كىنىشكا ئېلىشقا مەجبۇر بولدى. مانا شۇ ۋەجدىن ئۇ بىز بىلەن بىللە تۇرالمايدىغان بولۇپ قالدى. چۈنكى، ئۆي غوجايىنىمىز ئامالىيە فېدوروۋنا چېغىدا بۇنىڭغا ھەرگىز يول قويمايمەن، دەپ تۇرۇۋېلىۋالدى. (بولمىسا ئىلگىرى دارىيە فرانسوۋاغا ئۇ ئۆزى ھە ـ پە دېيىشكەن)، جانابىي

لېبېزياتنىكوفمۇ... ھىم... ئۇ كاتېرىنا ئىۋانوۋنا بىلەن مانا شۇ سونيەنىڭ سەۋەبىدىن سوقۇشتى. باشتا ئۇ سونىچكاغا قانات سۆرەپ يۈردى، ئەمدى بىردىنلا يۈزسىزلىك قىلىپ: «مەن بىر ئوقۇمۇشلۇق ئادەم تۇرۇپ، مۇشۇنداق بىر ئايال بىلەن قانداقمۇ بىر ئۆيدە بىللە تۇرىمەن» دېدى. كاتېرىنا ئىۋانوۋنا ئاچچىقىغا چىدىماي، سونيەنىڭ يېنىنى ئېلىۋىدى، ئىش يوغىناپ كەتتى. ھازىر سونىچكا بىزنىڭكىگە كۆپىنچە قاراڭغۇ چۈشكەندە كېلىپ، كاتېرىنا ئىۋانوۋناغا قارىشىپ بېرىدۇ، ئىلاج بار ئانچە ـ مۇنچە پۇل ئالغاچ كېلىدۇ. ئۇ تىككۈچى كاپېرنا ئۇموفنىڭ بىر ئېغىز ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرۇۋاتىدۇ. كاپېرنا ئۇموف دېگىنى چولاق، كېكەچ بىر ئادەم، ئۇنىڭ ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى كېكەچ... ئۇنىڭ خوتۇنىمۇ كېكەچ. ئۆزلىرى بىر ئېغىز ئۆيدە تۇرىدۇ، سونيە ئايرىم بىر ئېغىز ئۆيدە تۇرىدۇ. ئارىلىق تاختاي بىلەن ئايرىۋېتىلگەن... ھىم... شۇنداق... ئۇلار تولىمۇ نامرات ئادەملەر، ھەممىسى كېكەچ... شۇنداق. بىر كۈنى ئەتىگەندە ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئەسكى ـ تۈسكى كىيىملىرىمنى كىيدىم، ئىككى قولۇمنى كۆتۈرۈپ تەڭرىگە يالۋۇردۇم، ئاندىن ئىۋان ئافاناسيېۋىچ ئالىيلىرىنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدىم. ئىۋان ئافاناسيېۋىچ ئالىيلىرىنى تونۇمامسىز؟ تەڭرىنىڭ نەزىرى چۈشكەن شۇنداق مېھرىبان بىر ئادەمنى تونۇمايدىكەنسىز ـ دە ! ئۇ بىر شام، پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدىكى شام، خۇددى شامدەك ئېرىيدۇ. ئۇ دەردۇھالىمنى ئاڭلاپ، ھەتتا كۆزلىرىگە ياش ئالدى. «ھە مەيلى، — دېدى ئۇ، — مارمېلادوف، ئىشەنچىمنى يەردە قويۇۋېدىڭ... شۇنداق بولسىمۇ، يەنە بىر قېتىم ياخشىلىق قىلىپ ساڭا ئىش بېرەي.» ئۇ مانا شۇنداق دېدى. «ئېسىڭدە بولسۇن، — دېدى ئۇ، — قېنى بېرىۋەرگىن.» مەن ئۇنىڭ ئايىغى ئاستىدىكى تۇپراقنى سۆيدۈم. ئەلۋەتتە، خىيالىمدا شۇنداق قىلدىم. چۈنكى، ئۇ بەكمۇ مەرتىۋىلىك، يېڭى سىياسىي پىكىردىكى تەرەققىيپەرۋەر ئادەم بولغاچقا، مېنىڭ راستىلا شۇنداق

قىلىشىمغا ھەرگىز ئۇنىمايدۇ. ئۆيگە قايتىپ بېرىپ خىزمىتىمنىڭ ئەسلىگە كەلگەنلىكىنى، يەنە مائاش ئالىدىغان بولغانلىقىمنى ئېيتقان چېغىمدا، يا رەببىم، ئۆينىڭ ئىچىدە بايرام بولدى، بايرام!

مارمېلادوف قاتتىق ھاياجانلىنىپ گەپتىن توختاپ قالدى. شۇ ئارىلىقتا كوچىدىلا مەست بولۇپ قالغان بىرمۇنچە ئادەم يوپۇرۇلۇپلا دۇكانغا كىردى. ئىشىك ئالدىدا ياللاپ كېلىنگەن شارمانكا[1]نىڭ ئاۋازى بىلەن «دېھقانلار ناخشىسى»[2]نى ئېيتىۋاتقان يەتتە ياشلىق بالىنىڭ تىترەڭگۈ ئاۋازى ئاڭلاندى. دۇكاننىڭ ئىچى بىردىنلا جانلىنىپ كەتتى. دۇكان غوجايىنى بىلەن خىزمەتكارلار يېڭى خېرىدارلارنى كۈتۈۋېلىش بىلەن بولۇپ كېتىشتى. مارمېلادوف يېڭى كەلگەنلەرگە قىلچە ئېتىبار قىلماي ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇرىۋەردى. ئۇ تولىمۇ ئاجىزلىشىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. لېكىن، مەست بولغانسېرى، گېپى كۆپەيدى. يېقىندا خىزمەت تاپقانلىقى ئېسىگە كېلىۋىدى، ئۇ جانلىنىپ كەتتى، ھەتتا چىرايىمۇ ئېچىلىپ كەتتى. راسكولنىكوف پۈتۈن دىققىتى بىلەن قۇلاق سالدى.

— بۇ، بۇنىڭدىن بەش ھەپتە ئىلگىرى بولغان ئىش، ھۆرمەتلىك جاناب، ھە راست... كاتېرىنا ئىۋانوۋنا بىلەن سونېچكا بۇنى ئاڭلىغاندا، يا رەببىم، مەن خۇددى جەننەتكە كىرىپ قالغاندەكلا بولۇپ قالدىم. ئىلگىرى خۇددى بىر ھايۋاندەك ياتاتتىم. ماڭا قىلىنىدىغان تىل ـ ئاھانەت ئۆكسۈمەيتتى. ئەمدىچۇ، پۈتىنىڭ ئۇچىدا مېڭىشىدۇ. باللارنى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلدۇرماي: «سېميون زاخارىچ ئىشتىن ھېرىپ كەلدى. ئارام ئېلىۋاتىدۇ. ئۇش!» دېيىشىدۇ. ئىشقا ماڭغۇچە ماڭا قەھۋە قاينىتىپ بېرىدۇ، ئىسسىققىنا قايماق بېرىدۇ، جىڭ

① شارمانكا — قولدا تولغاپ چېلىنىدىغان گارمون.

② دېھقانلار ناخشىسى — رۇس شائىرى كولتسوف (1809 — 1842)نىڭ شېئىرىغا ئاساسەن ئىشلەنگەن ناخشا.

قايماق تېخى! ئاڭلاۋاتامسىز؟ بىلمىدىم، پۇلنى نەدىن ئالدىكىن؟ ئۇلار ئون بىر رۇبلى ئەللىك كوپېيىك خەجلەپ، ماڭا ئوبدان رەختتىن كاستۇم ـ بۇرۇلكا، ئۆتۈك، پاختا رەختتىن كۆڭلەك تەييارلىشىپتۇ. شۇنداق چىرايلىق، بىر قۇر خىزمەت كىيىممۇ بار تېخى. شۇلارغا ئون بىر يېرىم رۇبلى خەجلەپتۇ، ئۇلارنى ئەڭ ياخشى پاسوندا تىكتۈرۈپتۇ. بىرىنچى كۈنى چۈشتە ئىشتىن كەلسەم، كاتېرىنا ئىۋانوۋنا ماڭا ئاتاپ ئىككى خىل تاماق تەييارلاپتۇ — بىرسى شورپا، يەنە بىرسى چوشقا ياغيۇسى بىلەن سۇرلەنگەن كالا گۆشى قورۇمىسى — ئىلگىرىكى چاغلاردا بۇ نەرسىلەرنى خىيالىمىزغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمايتتۇق. ئۇنىڭ كىيگۈدەك تۈزۈك كىيىمى قالمىغانىدى. ئەمدى قارىسام، ئۇ خۇددى مېھماندارچىلىققا بارىدىغاندەك ياسىنىۋاپتۇ. ئۇ كىيگۈدەك ھېچنېمىسى بولمىسىمۇ، كۈتمىگەندە، ھېچنېمە سەرپ قىلمايلا گۈلدەك ياسىنىۋاپتۇ، چاچلىرىنى تاراپتۇ، پاكىز ياقىلىق تاقاپتۇ، يەڭلىكنىمۇ ئالماشتۇرۇپتۇ. قاراڭ، ئۇ باشقىلا بىر ئادەم بولۇپ قاپتۇ. ئىلگىرىكىدىن ياشىرىپ قاپتۇ. ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇلۇپتۇ. بىچارە قىزىم سونېچكا ئىلگىرىكى پۇل ـ پۇچەكتىن ياردەم قىلىپ تۇرىدىغان، «ئەمدى، — دېدى ئۇ بىر كۈنى، — سىلەرنى كۆرگىلى كېلىۋەرسەم بىئەپ تۇرىدىكەن، بۇنىڭدىن كېيىن قاراڭغۇ چۈشۈپ كۆز باغلانغاندا ئاندا ـ ساندا كېلىپ تۇرارمەن.» ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ بىر كۈنى چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن، ئازراق ئۇخلىۋالاي دەپ ئۆيگە كەلسەم، نېمە ئىش بولدى دېمەمسىز؟ خوتۇنۇم — بىر ھەپتىنىڭ ئالدىدا ئۆي غوجايىنى ئامالىيە فېدوروۋنا بىلەن قاتتىق جېدەللىشىپ قالغان كاتېرىنا ئىۋانوۋنا مانا ئەمدى ئۇنى بىللە قەھۋە ئىچكىلى ئۆيگە چاقىرىپتۇ. ئۇلار بىللە ئولتۇرۇپ، پىچىرلىشىپ، ساق ئىككى سائەت گەپلىشەتتى: «مانا، سېمیون زاخارىچ ئىشقا ئورۇنلاشتى، يەنە مائاشلىق بولۇپ قالدى، — دېدى خوتۇنۇم، — ئۇ جانابىي ئالىيلىرىنىڭ ھوزۇرىغا بېرىپتىكەن، جانابىي

ئالىيلىرى ئۇنى ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋاپتۇ. باشقىلارنى ساقلاپ تۇرۇشقا بۇيرۇپ، سېمىيون زاخارىچنى قولىدىن تۇتقان پېتى باشقىلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ، ئىشخانىسىغا ئەكىرىپ كېتىپتۇ.» ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ «راستىمنى ئېيتسام، سېمىيون زاخارىچ، — دەپتۇ ئۇ، — ئىلگىرىكى تۆھپىلىرىڭىز ھېلىمۇ يادىمدا، — دەپتۇ ئۇ، — بەزىبىر تېتىقسىز ئاجىزلىقلىرىڭىز بولسىمۇ، لېكىن سىز ۋەدە بەردىڭىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز بولمىسىڭىز، بىزنىڭ ئىشلىرىمىز ئاقمايدىكەن. ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ شۇڭلاشقا، — دەپتۇ ئۇ، — سىزنىڭ ئالىيجاناب ۋەدىڭىزگە ئۈمىد باغلاۋاتىمىز.» سىزگە ئېيتسام، بۇ گەپلەرنىڭ ھەممىسى ئۇ ئۆزى توقۇغان گەپلەر. ئۇ ئاغزىغا كەلگىنىنى سۆزلەۋاتقىنى يوق، ئۆزىنى كۆرسىتىۋالغۇسىمۇ يوق. ياق، ئۇ مۇشۇ ئىشلارغا تامامەن ئىشىنىپ، ئۆز تەسەۋۋۇرى ئارقىلىق ئۆزىگە تەسەللى بەرمەكچى، راست شۇنداق ! مەن ئۇنى ئەيىبلىمەيمەن، ياق، بۇ ئىشتا مەن ئۇنى ئەيىبلىمەيمەن !... ئالتە كۈننىڭ ئالدىدا، مەن بىرىنچى قېتىملىق مائاشىمنى — يىگىرمە ئۈچ رۇبلى قىرىق كوپېيكىنى قولىغا ساق بەرگەن چېغىمدا، ئۇ مېنى «ئامرىقىم» دەپ ئاتىدى. «ۋاي كىچىككىنە گۆھىرىم» دېدى. يەنە كېلىپ ئۇ ئىككىمىز يالغۇز قالغاندا شۇنداق دېدى، ئۇقۇۋاتامسىز؟ مېنىڭ ماختىغۇدەك نەرىم بار؟ ئەر دېگۈدەك نەرىم بار؟ شۇنداقتىمۇ ئۇ يۇزۇمنى چىمداپ قويۇپ «ۋاي كىچىككىنە گۆھىرىم» دېدى.

مارمېلادوف گەپتىن توختىدى، ئۇ كۈلۈمسىرىمەكچى بولۇۋىدى، بىردىنلا ئېڭىكى تىترەشكە باشلىدى، شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. كىچىككىنە قاۋاقخانا، ۋەيرانە تاشقى قىياپەت، ئوت ـ چۆپ توشۇيدىغان كېمىدە بەش كېچە تۈنەش، بىر بوتۇلكا ھاراق، ئۇنىڭ ئۈستىگە خوتۇنىغا ۋە ئائىلىسىگە بولغان مۇشۇنداق كېسەللىك ھالىتىدىكى مۇھەببەت ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىپ ئولتۇرغان راسكولنىكوفنى قايمۇقتۇرۇپ قويدى.

راسكولنىكوف ئۇنىڭ سۆزلىرىگە پۈتۈن دىققىتى بىلەن، لېكىن بىر ئازابلىق ھېسسىيات ئىچىدە قۇلاق سالماقتا ئىدى. ئۇ بۇ يەرگە كىرگىنىگە پۇشايمان قىلدى.

— ھۆرمەتلىك جاناب، ھۆرمەتلىك جاناب، — دېدى مارمېلادوف ئوڭشالغىنىدىن كېيىن يەنە ۋارقىراپ، — ئۇ جاناب، بۇ ئىشلار باشقىلارغا كۈلكىلىك تۇيۇلغىنىدەك سىزگىمۇ كۈلكىلىك تۇيۇلۇۋاتقاندۇ. بەلكىم ئائىلەمدىكى بولمىغۇر ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىپ، سىزنى بىزار قىلىۋېتىكەندىمەن. لېكىن، بۇلار ماڭا زادىلا كۈلكىلىك تۇيۇلمايدۇ! چۈنكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ بىۋاستە تەسىراتلىرىم... پۈتكۈل ھاياتىمدىكى ئەڭ گۈزەل بىر كۈن. ئاشۇ بىر ئاخشام كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە غايىب بولىدىغان قۇرۇق خىياللار ئىچىدە ئۆتتى. ھەممىنى قانداق ئورۇنلاشتۇرىمەن. بالىلىرىمنى قانداق كىيىندۇرىمەن، قانداق قىلىپ خوتۇنۇمنى خاتىرجەم كۈنلەرگە ئېرىشتۈرىمەن، قانداق قىلىپ يالغۇز قىزىمنى شەرمەندە تۇرمۇشتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئائىلە قوينىغا ياندۇرۇپ كېلىمەن... ۋاھاكازا، ۋاھاكازالارنى ئويلاپ كېتىپتىمەن. ئېھتىمال، بۇنى ئەپۇ قىلىشقا بولار، ھۆرمەتلىك جاناب، ئۇنداقتا ھۆرمەتلىك جاناب، — مارمېلادوف بىردىنلا خۇددى سەسكەنگەندەك ھالەتتە بېشىنى كۆتۈردى - دە، ئاڭلىغۇچىسىغا تىكىلدى، — خوش، شۇنداق شېرىن ئارزۇلارنى قىلىپ تۇرۇپ، ئەتىسى (يەنى توپتوغرا بەش كۈننىڭ ئالدىدا) كەچقۇرۇن، بىر ئۇستاتلىق قىلىپ، خۇددى كېچىسى ئوغرىلىققا چىققان ئادەمدەك كاتېرىنا ئىۋانوۋنادىن ساندۇقنىڭ ئاچقۇچىنى ئوغرىلىۋالدىم، ئۆزۈم ئەكەلگەن مائاشىمدىن قالغىنىنى يانچۇقۇمغا سالدىم، ئۇنىڭ قانچىلىكلىكى ئېسىمدە يوق، مانا ئەمدى ماڭا قاراپ بېقىڭ، ھەممىڭلار ماڭا قاراپ بېقىڭلار! بۈگۈن ئۆيدىن چىقىپ كەتكىنىمگە بەش كۈن بولدى. ئۆيدىكىلەر مېنى ئىزدەپ يۈرىدۇ. خىزمىتىممۇ تۈگەشتى، ئىش كىيىمىم مىسىر كۆۋرۈكىنىڭ

يېنىدىكى بىر قاۋاقخانىدا قالدى. ئۇنى ئۇچامدىكى مانا مۇشۇ كىيىملەرگە تېگىشتىم... ھەممىسى تۈگەشتى!
مارمېلادوف مۇشتۇمى بىلەن پېشانىسىگە بىرنى ئۇردى، چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى، كۆزلىرىنى يۇمدى، بىلەكلىرىنى ئۈستىگە تىرىدى. كەينىدىنلا ئۇنىڭ چىرايى بىردىنلا ئۆزگەردى. ئۇ ساختا ھىيلىگەرلىك ۋە يالغان ئۇياتسىزلىق بىلەن راسكولنىكوفقا قاراپ قويۇپ، خىرقىراپ كۈلدى:
— بۈگۈن سونيەنىڭ قېشىغا باردىم، هاراق ئىچكىلى ئۇنىڭدىن پۇل ئالدىم! هي - هي - هي...
— ئۇ راست بەردىمۇ؟ — دېدى يېڭى كەلگەن خېرىدارلاردىن بىرسى ۋارقىراپ، ئارقىدىن قاقاھلاپ كۈلدى.
— مانا ماۋۇ هاراقنى شۇ پۇلغا ئالدىم، — دېدى مارمېلادوف راسكولنىكوفقىلا خىتاب قىلىپ، — ئۇ ماڭا ئۆز قولى بىلەن ئوتتۇز كوپېيىك بەردى. ئۇنىڭ قولىدا بارى شۇ ئىكەن. ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ئۇ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى، پەقەت ماڭا ئۈن - تىنسىز بىر قاراپ قويدى. پانىي ئالەمدە مۇنداق ئىش يوق، پەقەت ئەنە ئۇ يەردىلا... ئادەملەرگە ئېچىنىدۇ، يىغلايدۇ، لېكىن ئەيىبلىمەيدۇ. ئادەمنى ھەرگىز ئەيىبلىمەيدۇ! بۇنىسى ئادەمنى تېخىمۇ بەكرەك قىينايدۇ. ئەيىبلەنمىگەن چاغدا، ئادەم تېخىمۇ بەكرەك قىينىلىدۇ! ... ئوتتۇز كوپېيىك، شۇنداق! شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئۆزىمۇ مۇشۇ پۇلغا موھتاج ئەمەسمىدى؟ سىزنىڭچە شۇنداق ئەمەسمۇ، سۆيۈملۈك جاناب؟ چۈنكى، ئۇ هازىر چىرايلىقراق كىيىنىپ يۈرۈشى كېرەك. بۇنداق ئالاھىدە گۈزەللىككە پۇل كېتىدۇ. ئۇقۇۋاتامسىز؟ ئۇقۇۋاتامسىز؟ ھەي، ئۇ يەنە ئۇپا - ئەڭلىك ئېلىشى كېرەك، ئۇ نەرسىلەر بولمىسا بولمايدۇ، يەنە كىراخماللانغان يوپكا ئېلىشى كېرەك، پۇرمىلىك ئاياغ ئېلىشى كېرەك. يەنە كېلىپ ئېرىقلاردىن ئاتلاپ ئۆتكۈچە پۇتىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن ئايىغى سىپتا، چىرايلىق

بولۇشى كېرەك. ئۇقۇۋاتامسىز؟ ھۆرمەتلىك جاناب، ئۇنداق گۆزەللىكنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟ لېكىن، مەن ئۇنىڭ ئۆز دادىسى تۇرۇپ ئۇنىڭ ئاشۇ ئوتتۇز كوپىيكىنى ھاراق ئىچكىلى ئېلىپ كەلدىم ! مانا ئىچىۋاتىمەن ! ئىچىپمۇ بولدۇم !... قېنى دەپ بېقىڭا، ماڭا ئوخشاش ئادەمگە كىم ئىچ ئاغرىتىدۇ؟ ھە؟ ھۆرمەتلىك جاناب، شۇ تاپتا ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىۋاتامدۇ ياكى ئاغرىمايۋاتامدۇ؟ ماڭا بىر دەپ بېرىڭا، ھۆرمەتلىك جاناب، ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىۋاتامدۇ، ئاغرىمايۋاتامدۇ؟ ھى - ھى - ھى...

ئۇ يەنە ھاراق قۇيۇپ ئىچمەكچى بولۇۋىدى، بىرەر تامچىمۇ چىقمىدى. بوتۇلكا قۇرۇپ قالغانىدى.

— ساڭا نېمىدەپ ئىچ ئاغرىتقۇدەك؟ — ۋارقىرىدى غوجايىن يەنە ئۇلارنىڭ قېشىغا كېلىپ.

ئارقىدىنلا قاتتىق كۈلكە كۆتۈرۈلدى، ھەتتا تىللىغان ئاۋازلارمۇ ئاڭلاندى. خىزمەتتىنى قولدىن بېرىپ قويغان بۇ خىزمەتچىنىڭ تۇرقىنى كۆرۈپ، سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغانلارمۇ گېپىنى ئاڭلىمىغانلارمۇ كۈلدى، تىللىدى.

— ئىچ ئاغرىتماڭ ! ماڭا نېمىدەپ ئىچ ئاغرىتقۇدەكسىز ! — بىردىنلا ۋارقىرىدى مارمېلادوف بىر قولىنى ئالدىغا سوزغىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇ خۇددى مۇشۇ سۆزنى كۈتۈپ تۇرغاندەك قاتتىق ھاياجانلانغانىدى، — ساڭا نېمىدەپ ئىچ ئاغرىتقۇدەك، دېدىڭما؟ توغرا ! ماڭا ئىچ ئاغرىتىشنىڭ لازىمى يوق. مېنى مىخلاش كېرەك، ماڭا ئىچ ئاغرىتماي، مېنى كىرېستتا مىخلاش كېرەك. ئەي، سوتچى، ئۇنى مىخلىغىن، ئۇنى مىخلىغىنىڭدىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئىچىڭ ئاغرىسۇن ! مانا شۇ چاغدا مىخلانغىلى سېنىڭ ئالدىڭغا ئۆزۈم بارىمەن، سېنىڭ مىخلىۋېتىشىڭنى تىلەيمەن. چۈنكى، ماڭا شاد - خۇراملىق ئەمەس، بەلكى ھەسرەت، كۆز ياشلىرى كېرەك !... ھەي، مەيپۇرۇچ، سەن ساتقان

بىر بوتۇلكا هاراق ماڭا خۇشاللىق ئاتا قىلىدۇ، دەپ ئويلامسەن؟ مەن قايغۇ ـ ھەسرەتنى، بوتۇلكىنىڭ تېگىدىن قايغۇ ـ ھەسرەتنى، قايغۇ ـ ھەسرەت بىلەن كۆز ياشلىرىنى ئىزدىدىم، ئۇنى ئىچتىم، ئۇنى تاپتىم. بىزگە پەقەت بارلىق ئىنسانغا رەھىم قىلغۇچى، بارلىق ئادەمنى كۆزەتكۈچى ۋە جىمىكى نەرسىنى چۈشەندۈرگۈچى ئاشۇ كىشىلا رەھىم قىلىدۇ. ئۇ بىردىنبىر ئىگىمىز. ھەقىقىي سوتچى، كۈنلەردىن بىر كۈنى ئۇ كېلىپ:[①] «زالىم، سىل كېسىلىگە مۇپتىلا بولغان ئۆگەي ئانىسىنى، بىراۋنىڭ سەبىي بالىلىرىنى دەپ ئۆزىنى ساتقان ھېلىقى قىز قېنى؟ بىچارە هاراقكەش دادىسىنى ئۇنىڭ زالىملىقىدىن قورقماي ئايىغان ھېلىقى قىز قېنى؟» دەپ سورايدۇ ۋە دەيدۇكى: «بۇياققا كەل ! مەن بىر مەرتىۋە گۇناھىڭدىن ئۆتتۈۋىدىم... بىر مەرتىۋە گۇناھىڭدىن ئۆتتۈۋىدىم. ئەمدى بارلىق گۇناھىڭدىن كەچتىم، چۈنكى سەندە مۇھەببەت كۆپتۇر»[②] دەيدۇ... ئۇ سونيەمنى كەچۈرىدۇ. چوقۇم كەچۈرىدۇ. بىلىمەن. ئۇ كەچۈرىدۇ. بۇنى بايا ئۇنىڭ قېشىدا تۇرغاندا كۆڭلۈم سەزگەن ! ئۇ بارچە ئادەمنى — ياخشىنىمۇ، يامانىنىمۇ، ئاقىلنىمۇ، ئەخمەقنىمۇ سوراق قىلىدۇ ۋە كەچۈرىدۇ. ئۇ ئۇلارنى سوراق قىلىپ بولۇپ، بىزنى چاقىرىدۇ. «سىلەرمۇ بۇياققا كېلىڭلار، — دەيدۇ، — قېنى كېلىڭلار هاراقكەشلەر، قېنى كېلىڭلار زەئىپلەر، قېنى كېلىڭلار شەرمەندىلەر.» شۇنىڭ بىلەن بىز ھەممىمىز قىلچە نومۇس قىلماستىن ئۇنىڭ ئالدىغا بارىمىز، ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرىمىز، ئۇ دەيدۇكى: «سىلەر — چوشقىلار، ھەممىڭلار هايۋان

---

① بۇ يەردە قىيامەت قايىمدىن ئىلگىرى خىرىستوسنىڭ ئىككىنچى قېتىم نامايان بولۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇ چاغدا دۇنيادا قانۇنسىز ئىشلار ئەۋج ئېلىپ «خەلق خەلققە، دۆلەت دۆلەتكە ھۇجۇم قىلىدۇ، نۇرغۇن جايدا ئاچارچىلىق يۈز بېرىدۇ، يەر تەۋرەيدۇ.» («يېڭى ئەھد، ماتىي پەند ـ نەسىھەتلىرى»)

② بۇ سۆز «ئىنجىل . يېڭى ئەھد . لوكا پەند ـ نەسىھەتلىرى»دىن ئېلىنغان.

سىياقىدا تۆرەلگەنلەر،① شۇنداقتىمۇ قىنى كېلىڭلار.» شۇنىڭ بىلەن دانىشلار ۋە ئاقىللار دەيدۇكى: «ئەي، پەرۋەردىگار، نېمە ئۈچۈن بۇ ئادەملەرنى قوبۇل ئەتتىڭ؟» ئۇ دەيدۇكى: «مەن ئۇلارنى شۇنىڭ ئۈچۈن قوبۇل ئەتتىمكى، ئەي دانىشلار، شۇنىڭ ئۈچۈن قوبۇل ئەتتىمكى، ئەي، ئاقىللار، ئۇلاردىن بىرەرىمۇ ئۆزىنى بۇنىڭغا مۇناسىپ كۆرمىدى.» شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىزگە قولىنى سوزىدۇ. بىز ئۇنىڭ ئالدىدا تىزلىنىمىز، يىغلايمىز... بىز ھەممىنى چۈشىنىپ يېتىمىز! مانا شۇ چاغدا بىز ھەممىنى چۈشىنىپ يېتىمىز. جىمىكى ئادەم چۈشىنىپ يېتىدۇ!... كاتېرىنا ئىۋانوۋنا... ئۇمۇ چۈشىنىپ يېتىدۇ... يا پەرۋەردىگار، بىزنى شۇ كۈنلەرگە يەتكۈزگەيسەن!

ئۇ ھالىدىن كېتىپ ماغدۇرى ئۈزۈلگەن بىر ھالەتتە ئورۇندۇققا ئولتۇرۇپلا قالدى. خۇددى ئەتراپتىكى ھەممىنى ئۇنتۇپ چوڭقۇر خىيالغا چۆكۈپ كەتكەندەك بىرەرىگىمۇ قاراپ قويمىدى. ئۇنىڭ سۆزلىرى ئادەملەرنى ئانچە - مۇنچە تەسىرلەندۇردى، بىرپەس جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى، لېكىن بىردەمدىن كېيىن ئىلگىرىكىدەكلا خىرقىراپ كۈلگەن، تىللىغان ئاۋازلار يېغىپ كەتتى:

— ئەۋلىيالىق قىلىپ كەتكىنىنى بۇنىڭ!
— ئاغزىغا كەلگىنىنى جۆيلۇدى - دە.
— ئەمەلدار بوپتىمىش تېخى!

— جاناب، بىز كېتەيلى، — دېدى مارمېلادوف بىردىنلا بېشىنى كۆتۈرۈپ راسكولنىكوفقا قاراپ، — مېنى ئۆيۈمگە ئاپىرىپ قويۇڭ ... كوزېل مېھمانسارىيىغا، ھويلىغا، ئەمدى قايتايلى، كاتېرىنا ئىۋانوۋناغا بارايلى...

راسكولنىكوف خېلىدىن بۇيانلا كەتكۈسى كېلىپ، شۇنداقلا ئۇنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويماقچى بولۇپ ئولتۇراتتى.

① بۇ سۆز «ئىنجىل»دىن ئېلىنغان، بۇنىڭدا ئەيساغا قارشى كىشىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

مارمىلادوفنىڭ تىلىگە قارىغاندا پۇتلىرى بەكرەك ماغدۇرىدىن كەتكەن چېغى، ئۇ يىگىتنىڭ يەلكىسىگە ئېسىلىۋالدى. ئۇلار ئىككى، ئۈچ يۈز قەدەمچە يول ماڭدى. ئۆيگە يېقىنلاشقانسېرى هاراقكەش قىيىن ئەهۋالدا قېلىپ، هولۇقۇشقا باشلىدى.

— مەن هازىر كاتېرىنا ئىۋانوۋنادىن قورقۇۋاتقىنىم يوق، — دېدى ئۇ دەككە ـ دۈككىگە چۈشۈپ غودۇڭشىپ، — ئۇنىڭ چېچىمنى يۇلۇشىدىنمۇ قورقمايمەن. چاچ دېگەننىڭ نېمە كارايىتى !... چاچ دېگەن هېچقانچە نېمە ئەمەس ! بۇنى مانا مەن دەۋاتىمەن ! ئەگەر ئۇ چاچلىرىمنى يۇلۇۋالسا تېخى ياخشى ! بۇنىڭدىن هەرگىز قورقمايمەن. مەن... ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن قورقىمەن !... راست، كۆزلىرىدىن... ئۇنىڭ چىرايىدىكى قىزىللىقتىنمۇ قورقىمەن... ئاندىن ئۇنىڭ نەپەس ئېلىشىدىن قورقىمەن... مۇشۇنداق كېسەلگە گىرىپتار بولغانلارنىڭ هاياجانلانغان چاغلىرىدا قانداق نەپەس ئالىدىغانلىقىغا دىققەت قىلىپ باققانمىدىڭىز؟ مەن بالىلارنىڭ يىغىسىدىنمۇ قورقىمەن... چۈنكى، ناۋادا سونيېچكا ئۇلارنىڭ قورسىقىنى بېقىپ تۇرمىغان بولسا... بىلمىدىم نېمە بولۇشاتتىكىن ! راستىلا بىلمىدىم ! لېكىن، تاياق يېيىشتىن قورقمايمەن... هۆرمەتلىك جاناب. بىلەمسىز. تاياق هېچ يېرىمنى ئاغرىتمايدۇ، بەلكى ماڭا هۇزۇر بېغىشلايدۇ... چۈنكى، مەن تاياق يەپ تۇرمىسام ياشىيالمايمەن، تاياق يەپ تۇرسام سەل يېنىكلەپ قالىمەن. مەيلى ئۇ ئۇرۇۋالسۇن، ئاچچىقىنى چىقىرىۋالسۇن... شۇنداق قىلغىنى ياخشى... مانا، ئۆيگىمۇ كەلدۇق. كوزېل مېهمانسارىيى، بىر مىسكەرنىڭ ئۆيى. ئۇ گېرمانىيەلىك، پۇلدار ئادەم... مېنى ئۆيگە ئەكىرىپ قويۇڭ !

ئۇلار هويلىدىن ئۆتۈپ، تۆتىنچى قەۋەتكە چىقىشتى. يۇقىرىغا چىققانسېرى پەلەمپەي قاراڭغۇلىشىپ كەتتى. شۇ تاپتا سائەت ئون بىرگە يېقىنلىشىپ قالغانىدى. مۇشۇ پەيتتە پېتېربۇرگتا

ھەقىقىي قاراڭغۇ كېچە[1] بولىدىغان چاغلار بولمىسىمۇ، پەلەمپەينىڭ يۇقىرى تەرىپى ئىنتايىن قاراڭغۇ ئىدى.

پەلەمپەينىڭ تۈگىگەن جايىدا — ئەڭ يۇقىرىدا ئىس سىڭىپ قارىيىپ كەتكەن كىچىككىنە بىر ئىشىك ئوچۇق تۇراتتى. ئۇزۇنلۇقى ئون قەدەمچە كېلىدىغان غېرىبانە ئۆينى بىر تال شام يورۇتۇپ تۇراتتى؛ ئۆينىڭ ئىچىنى دەھلىزدە تۇرۇپمۇ تولۇق كۆرگىلى بولاتتى. ئۆينىڭ ئىچى تولىمۇ قالايمىقان، بولۇپمۇ بالىلارنىڭ ئەسكى - تۈسكى كىيىم - كېچەكلىرى ھەر يەرگە تاشلانغان. ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىغا ئۆتمە-تۆشۈك بولۇپ كەتكەن بىر كونا ئەدىيال تارتىپ قويۇلغانىدى، ئۇنىڭ كەينىدە كارىۋات باردەك قىلاتتى. ئۆيدە بار - يوق ئىككى ئورۇندۇق بىلەن كىلىيونكىدا قاپلانغان تولىمۇ كونا بىر دىۋان بولۇپ، دىۋاننىڭ ئالدىغا ئادەتتە ئاشخانىدا ئىشلىتىلىدىغان، سىرلانمىغان، داستىخانمۇ يوق كونا قارىغاي شىرە قويۇقلۇق ئىدى. شىرەنىڭ گىرۋىكىدىكى تۆمۈر شامداندا كۆيۈپ بولاي دەپ قالغان، كالا يېغىدىن قىلىنغان شام يېنىپ تۇراتتى. قارىغاندا، مارمېلادوفلار بىر ئېغىز ئۆينىڭ بىر قىسمىدا ئەمەس، پۈتۈن بىر ئېغىز ئۆيدە تۇرۇۋاتقان بولسا كېرەك، لېكىن بۇ ئۆي ئەمەلىيەتتە ئۆتەر يول ئىدى. سەل نېرىدا، ئامالىيە لىپپېۋېخزېلنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكى قىيا ئوچۇق بولۇپ، بۇ ئۆي كەپتەر كاتىكىدەك كىچىك - كىچىك خانىلارغا بۆلۈۋېتىلگەنىدى. ئۇ يەردىن ۋاراڭ - چۇرۇڭ، قىيقاس - چۇقانلار، كۈلكە ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇلار قارتا ئويناپ، چاي ئىچىۋاتقان بولسا كېرەك، بەزىدە ئىنتايىن سەت گەپلەرمۇ ئاڭلىنىپ قالاتتى.

راسكولنىكوف كاتېرىنا ئىۋانوۋنانى دەرھاللا تونۇدى. تولىمۇ ياداڭغۇ، ئېگىز بويلۇق، زىلۋا بۇ ئايالنىڭ چىرايى خېلى تۈزۈك ئىدى. قېنىق قوڭۇر چاچلىرىمۇ گۈزەللىكىنى تېخى

① بۇ يەردە پېتېربۇرگنىڭ ئەتىياز، ياز پەسىللىرىدىكى ئاق كېچىلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ چاغلاردا كېچە ناھايىتى قىسقا بولىدۇ. گۇگۇم ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىشىگىلا تاڭمۇ يورۇيدۇ.

يوقاتمىغانىدى. ئىككى مەڭزى دېگەندەكلا قىزىرىپ تۇراتتى. ئۇ قوللىرىنى كۆكرىكىدە ئالماشتۇرۇپ، كىچىككىنە ئۆيدە ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى. لەۋلىرى قۇرۇپ كەتكەن، نەپىسىمۇ تەكشى ئەمەس ئىدى. بەزىدە ئۈزۈپ، بەزىدە سوزۇپ نەپەس ئالاتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى خۇددى قىزىتمىسى ئۆرلەپ كەتكەن ئادەملەرنىڭ كۆزلىرىدەك پارقىراپ تۇراتتى، لېكىن قاراشلىرى كەسكىن ۋە ئېغىر ئىدى، ئۇنىڭ سىل كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلارغا خاس بىئاراملىق چىقىپ تۇرغان چىرايى كۆيۈپ تۈگەي دەپ قالغان شامنىڭ ئاخىرقى نۇرىدا ئادەمگە مەجنۇندەك تەسىرات بېرەتتى. ئۇنى ئوتتۇز ياشلاردا كۆرگەن راسكولنىكوف مارمېلادوفنىڭ ھەقىقەتەن ئۇنىڭ لايىقى ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدى... ئۇ ئۇلارنىڭ كىرگىنىنى نە ئاڭلىمىدى، نە كۆرمىدى. ئۇ گويا خىيالغا بېرىلگەن ھالەتتە تۇرغاچقا، ھېچنېمىنى ئاڭلىمىدى ۋە كۆرمىدى. ئۆينىڭ ئىچى ئىنتايىن تىنجىق بولۇشىغا قارىماي، ئۇ دېرىزىلەرنى ئاچمىغانىدى. پەلەمپەي تەرەپتىن سېسىق پۇراق كېلىپ تۇرسىمۇ، پەلەمپەيگە قارىغان ئىشىك ئوچۇق ئىدى، ئارقىدىكى ئۆينىڭ قىيا ئوچۇق ئىشىكىدىن توختىماستىن تاماكىنىڭ ئىسى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ يۆتىلەتتى، لېكىن بېرىپ ئىشىكنى يېپىپ قويمايتتى. باللىرىنىڭ ئەڭ كىچىكى — ئالتە ياشلاردىكى قىزچاق نېمىشقىدۇر پولدىلا تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇپ، بېشىنى دىۋانغا قويۇپ ئۇخلاپ قالغانىدى. ئۇنىڭدىن بىرەر ياش چوڭ ئوغۇل بالا تېخى يېڭىلا تاياق يېدى بولغاي غال ـ غال تىترىگىنىچە بۇلۇڭدا يىغلاپ تۇراتتى. توققۇز ياشلاردىكى چوڭ قىزىمۇ ئىنىسى بىلەن بىللە بۇلۇڭدا تۇراتتى، سەرەڭگە تېلىدەك ئېگىز بويلۇق، ياداڭغۇ بۇ قىز بەكمۇ كونا كۆڭلىكى ئۈستىگە نېپىز سوكنىدىن تىكىلگەن كونا بۇرنۇس[①] يېپىنچاقلىۋالغانىدى. بۇ بۇرنۇس ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا تىكىلگەن بولسا كېرەك، مانا ئەمدى ئۇنىڭ تىزىنىمۇ

① بۇرنۇس — يەڭسىز يېپىنچا.

ياپالماي قالغانىدى، ئۇ سەرەڭگە تېلىدەك ئىنچىكە، ئۇزۇن قولى بىلەن ئىنىسىنىڭ بوينىغا گىرە سېلىۋېلىپ، ئۇنى يەنە غىڭشىپ يىغلاپ كەتمىسۇن دەپ بەزلەۋاتسا كېرەك، قولىقىغا نېمىلەرنىدۇر دەپ پىچىرلىماقتا ئىدى، شۇنداقلا ئۇ يوغان ـ يوغان شەھلا كۆزلىرى بىلەن پات ـ پات ئاپىسىغا ئەندىشە ئىچىدە قاراپ قوياتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ياداڭغۇ ۋە ئەندىشە چىقىپ تۇرغان كىچىككىنە يۈزىدە تېخىمۇ يوغان كۆرۈنەتتى. مارمېلادوف ئۆيگە كىرمەي ئىشىك ئالدىدىلا تىزلىنىپ، راسكولنىكوفنى ئىتتىرىپ ئالدىغا ئۆتكۈزۈپ قويدى. ئايال ناتونۇش ئادەمنى كۆرۈپ، ھېچنېمىدىن بىخەۋەر ھالەتتە ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى ۋە شۇ ئان ھوشىنى يىغىپ بۇ ئادەم نېمىشقا كىرگەندۇ، دەپ ئويلىدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئۆيى ئۆتەر يول بولغاچقا، دەرھال يەنە: ئۇ باشقا بىر ئۆيگە كىرسە كېرەك، دەپ قارىدى ـ دە، راسكولنىكوفقا ئېتىبار قىلمىدى، ئىشىكنى يېپىپ قويغىلى بېرىپ ئىشىك ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرغان ئېرىنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، بىردىنلا قاتتىق ۋارقىراپ كەتتى.

— ھە! — تەلۋىلەرچە ۋارقىرىدى ئۇ، — كەلدىڭمۇ! جىنايەتچى! مۇتتەھەم!... پۇل قېنى؟ يانچۇقۇڭدا نېمە بار؟ كۆرسەت! كىيىملىرىڭمۇ ئۆزۈڭنىڭ ئەمەسقۇ! كىيىملىرىڭ قېنى؟ پۇل قېنى؟ گەپ قىلە!...

ئۇ ئېتىلىپ بېرىپ ئېرىنىڭ يېنىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى. مارمېلادوف ئۇنىڭ ئاختۇرۇشىغا ئاسانراق بولسۇن دېدى بولغاي شۇ ئان ئىتائەتمەنلىك بىلەن ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ بەردى. لېكىن، ئۇنىڭ يېنىدىن بىر كوپېيكمۇ چىقمىدى.

— پۇل قېنى؟ — ۋارقىرىدى ئايال، — ئاھ خۇدا، ئەجەبا، ئۇ پۇلنىڭ ھەممىسىنى ھاراق ئىچىپ تۈگىتىۋەتكەن بولسا ـ ھە! ساندۇقتا يەنە ئون ئىككى رۇبلى پۇل بار ئىدى! ... — ئارقىدىن ئۇ بىردىنلا تەلۋىلىشىپ ئېرىنى چېچىدىن چاڭگاللاپ تۇتۇپ، ئۆيگە سۆرەپ ئەكىردى. مارمېلادوف ئۇنىڭغا ماسلىشىپ ياۋاشلىق

بىلەن ئۆمىلىگىنىچە ئۇنىڭ كەينىدىن ئۆيگە كىردى.
— مانا، بۇ مەن ئۇچۇن بىر راھەت! مەن بۇنىڭدىن ئازابلانمايمەن، راھەتلىنىمەن، ھۆرمەتلىك جاناب، — دېدى مارمېلادوف ۋارقىراپ، ئۇ چاچلىرى تۇتۇۋېلىنغان بېشىنى تىنماي لىڭشىتاتتى، ھەتتا بىر قېتىم ئۇنىڭ پېشانىسى پولغا تېگىپمۇ كەتتى. پولدا ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قالغان قىزچاق ئويغىنىپ كېتىپ يىغلاشقا باشلىدى. بۇلۇڭدا تۇرغان ھېلىقى ئوغۇل بالا ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي غال - غال تىترەپ، ئاچچىق چىرقىرىدى - دە، ئالاقزەدە بولۇپ ئۆزىنى ئاچىسىنىڭ قۇچىقىغا ئاتتى. ئۇ ھازىرلا ھوشىدىن كېتىدىغاندەكلا قىلاتتى. چوڭ قىزىمۇ خۇددى دەرەخ يوپۇرمىقىدەك دىر - دىر تىترەيتتى.
— ھاراق ئىچىپ تۈگىتىپتۇ! — ۋارقىرىدى بىچارە ئايال ئۈمىدسىزلىنىپ، — كىيىمىمۇ ئۆزىنىڭ ئەمەس! مانا بۇلار ئاچ ئولتۇرىدۇ، ئاچ ئولتۇرىدۇ، — ئۇ كۆچلۈك ئەلەم بىلەن بالىلارنى كۆرسەتتى، — ئاھ، لەنىتى تۇرمۇش! لېكىن سىزچۇ، سىزگە ئۇيات ئەمەسمۇ، — ۋارقىرىدى ئۇ بىردىنلا راسكولنىكوفقا بۇرۇلۇپ، — قاۋاقخانىدىن كېلىشىپسەن - دە! سەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىچتىڭمۇ؟ سەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىچىپسەن - دە! يوقال!
يىگىت بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي، چىقىپ كېتىشكە ئالدىرىدى. شۇ ئارىلىقتا ئىچكىرىدىكى ئىشىك ئېچىلىپ، تاماشا كۆرگۈسى كەلگەن بىرنەچچە ئادەمنىڭ بېشى كۆرۈندى. غالىزا ياكى تاماكا چېشلىگەن، كىچىككىنە قالپاق كىيىۋالغان بۇ ئادەملەر سەت ھىجىيىپ قاراپ تۇرۇشاتتى. ئۇلاردىن بەزىلىرى ئالدى ئوچۇق خالات كىيىۋېلىشقان، بەزىلىرىنىڭ ئۇچىسىدا كىيىم يوق دېيەرلىك ئىدى. بەزىلىرىنىڭ قولىدا قارتا بار ئىدى. مارمېلادوف ئۆيگە سۆرەپ كىرىلگەن ۋە ئۇ: «بۇ مەن ئۇچۇن راھەت» دەپ ۋارقىرىغان چاغدا، بۇ ئادەملەر ئاجايىپ ھوزۇرلىنىپ كۈلۈشتى، ھەتتا ئۆيگە كىرىشكە باشلىدى. بىردىنلا ۋەھشىيانە

چىرقىرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى: بۇ، ئادەملەرنىڭ ئارىسىنى يېرىپ ئالدىغا ئۆتۈپ كېلىۋاتقان ئامالىيە لىپپېۋىخزىلىنىڭ ئاۋازى ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ كونا ئۇسۇلى بويىچە بۇيرۇق چۇشۇرۇپ، بىچارە ئايالنى يەنە قاتتىق قورقۇتۇپ، ئۇنىڭغا ئۆيىنى ئەتىلا بوشىتىشنى بۇيرۇدى. راسكولنىكوف چىقىپ كېتىۋېتىپ، يانچۇقىغا قولىنى سالدى ـ دە، بايا قاۋاقخانىدا قايتۇرۇلغان مىس تەڭگىلەرنى ئېلىپ، چاندۇرماستىن دېرىزىنىڭ تەكچىسىگە قويۇپ قويدى. لېكىن، پەلەمپەيىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە قارارىنى ئۆزگەرتىپ، كەينىگە ياناماقچىمۇ بولدى.

«ئەجەبمۇ تېتىقسىز بىر ئىش قىلدىم ـ ھە، — ئويلىدى ئۇ، — ئۇلارغا سونىيە قاراۋېتىپتۇ. بۇ پۇل ئۆزۈمگىمۇ لازىم ئىدىغۇ، — لېكىن ئۇ پۇلنى ئەمدى قايتۇرۇۋالغىلى بولمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قانداقلا بولمىسۇن قايتۇرۇۋالماسلىقى لازىملىقىنى ئويلاپ قولىنى شىلتىدى ـ دە، ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا قاراپ ماڭدى، — سونىيە ئۇيا ـ ئەڭلىك سېتىۋېلىشى كېرەك، — ئويىنى داۋام قىلدى ئۇ كوچىدا كېتىۋېتىپ، تەنە قىلغاندەك كۈلۈمسىرەپ، — مۇنداق گۈزەللىككە پۇل خەجلەشكە توغرا كېلىدۇ... ھىم... ئېھتىمال بۈگۈن سونىچكانىڭ ئۆزىمۇ سۇنار، چۈنكى ئۇنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىمۇ قىممەتلىك ھايۋانلارنى ئوۋلاش... ئالتۇن كانى ئېچىشقا ئوخشاشلا خەتەرلىك. مەن پۇل قويۇپ كەتمىگەن بولسام، ئەتە ئۇلار پۈتۈن بىر كۈن ئاچ ئولتۇراتتى... ۋاي، بىچارە سونىيە! بۇ خەقنىڭ ئېچىۋالغان كانلىرىنى قارىمامدىغان! شۇنىڭدىن نەپ ئېلىشىۋېتىپتۇ! راست، شۇنىڭدىن نەپ ئېلىشىۋېتىپتۇ! ئۇلار كۆنۈپمۇ قاپتۇ. ئۇلار يىغلىشىپتۇ، شۇنداقتىمۇ كۆنۈپ قېلىشىپتۇ. ئىپلاس ئادەملەر ھەممە نىمىگە كۆنۈپ كېتىدۇ.»

ئۇ ئويلىنىپ قالدى.

«ئەگەر مەن خاتا ئويلاۋاتقان بولسامچۇ؟ — ئۇ بىردىنلا ئىختىيارسىز ۋارقىرىۋەتتى. ئەگەر ئادەم ھەقىقەتەن ئىپلاس

بولمىسا — مەن ئادەتتىكى ئادەملەرنى، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى كۆزدە تۇتتۇۋاتىمەن — ئۇ هالدا باشقا نەرسىلەرنىڭ هەممىسى بىر تەرەپلىمە قاراش. ناهايىتى سۈنئىي ۋەهىمە بولىدىكەن، هېچقانداق توسالغۇ يوق ئىكەن، دېمەك، شۇنداق بولۇشى ئورۇنلۇق...»

## 3

ئۇ كىچىچە ئۇيان - بۇيان ئۆرۈلۈپ بىسەرەمجان ئۇخلاپ، ئەتىسى ناهايىتى ۋاقچە ئويغاندى. ئۇيقۇمۇ ئۇنىڭ كەيپىنى ياخشىلىيالمىدى. ئۇ ئويغانغاندا، تېرىككەك، خاپىخان، ئەسەبىي بولۇپ قالغانىدى. ئۇ كىچىككىنە هۇجرىسىغا نەپرەت بىلەن كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. بۇ، ئۇزۇنلۇقى ئالتە چامدام كەلگۈدەك كىچىككىنە قەپەز ئىدى. ئۆينىڭ تېشى ناهايىتى خاراب، ئىچىنى چاڭ - توزان باسقان، سارغىيىپ كەتكەن تام قەغەزلىرى سويۇلۇپ ساڭگىلاپ قالغانىدى. ئۆينىڭ تورۇسى شۇنچىلىك پاكار ئىدىكى، بويى سەل ئېگىز ئادەم بۇ يەرگە كىرىپ قالسا، هېلىدىن - هېلىغا بېشىنى تورۇسقا ئۇرۇۋالىدىغاندەك تۇيۇلۇپ بەكلا ئارامسىزلىنىپ كېتەتتى. ئۆي جاهازلىرى ئۆيگە تولىمۇ ماس كېلەتتى: ئۆيدە قىيسىيىپ كەتكەن ئۈچ كونا ئورۇندۇق، بۇلۇڭدا سىرلانغان بىر ئۈستەل بار ئىدى. ئۈستەلدە بىرنەچچە كىتاب بىلەن خاتىرە دەپتەر تاشلاقلىق ئىدى. كىتابلار بىلەن خاتىرە دەپتەرلەردىكى چاڭ - توزاندىن ئۇلارنىڭ خېلى ئۇزۇندىن بۇيان قولغا ئېلىنىپ باقمىغانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى. تولىمۇ ئېغىر چوڭ دىۋان پۈتۈن بىر تامنى ۋە ئۆينىڭ يېرىمىنى ئىگىلىگەنىدى. قاچانلاردىدۇر چىت بىلەن قاپلىنىپ، ئەمدى كونىراپ كەتكەن دىۋان راسكولنىكوفقا كارىۋات ئورنىدا خىزمەت قىلاتتى. ئۇ كۆپىنچە كىيىملىرىنى يەشمەي، ئەدىيالنىمۇ

سالماي، كونىراپ كەتكەن ئوقۇغۇچىلىق پەلتوسىنى يېپىنىپلا ياتاتتى. كارىۋاتنىڭ باش تەرىپىدە كىچىككىنە بىر ياستۇق بار ئىدى، بېشىنى ئېگىزرەك قىلىپ يېتىش ئۈچۈن، ئۇ پاكىز بولامدۇ ياكى كىر بولامدۇ، جىمىكى كىيىمىنى ياستۇقنىڭ تېگىگە قوياتتى. دىۋاننىڭ ئالدىدا كىچىككىنە ئۈستەل قويۇقلۇق ئىدى.

بۇنىڭدىنمۇ بەتتەررەك چۇشكۈنلۈك ۋە چېچىلاڭغۇلۇقنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. لېكىن، هازىرقى روهىي هالىتىدە راسكولنىكوف بۇلارنى راهەت هېس قىلاتتى. هەممە ئادەمدىن ئالاقىسىنى ئۈزۈپ، خۇددى قېپىغا كىرىۋالغان تاشپاقىدەكلا بولۇۋالغاچقا، ئۇ هەتتا ئىش ـ كۈشىنى قىلىپ بەرگىلى بىرە ـ بىرە هۇجرىسىغا كىرىپ قالىدىغان خىزمەتكار ئايالنىڭ چىرايىنى كۆرسىمۇ ئوغىسى قايناپ، تەرى تۈرۈلۈپ كېتەتتى. دىققىتى بىر نۇقتىغا هەددىدىن زىيادە مەركەزلىشىپ كەتكەن ياۋا ئادەملەردە مۇنداق هالەتلەر پات ـ پات بولۇپ تۇرىدۇ. مانا ئىككى هەپتە بولدى، ئۆي غوجايىنى ئۇنىڭغا تاماق ئەكېلىپ بەرمەيدىغان بولۇۋالدى، شۇنداقتىمۇ ئۇ تا هازىرغىچە سەۋەبىنى ئۇقۇپ بېقىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەي، ئاچ قورساق يۈرىۋەردى. ئۇنىڭ بۇ هالىتى ئۆي غوجايىنىنىڭ بىردىنبىر خىزمەتكارى، ئاشپەز ناستاسىيەگە خېلىلا خۇشياقتى بولغاي، راسكولنىكوفنىڭ هۇجرىسىنى كۈندە سۈپۈرۈپ تازىلىمايدىغان ۋە يىغىشتۇرمايدىغان بولۇۋالدى. پەقەت ئېسىگە كېلىپ قالغاندا هەپتىدە بىر قېتىم سۈپۈرگىسىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ سۈپۈرۈپ قوياتتى. هازىرمۇ راسكولنىكوفنى مانا شۇ ئايال ئويغاتتى.

— تۇرە ئورنۇڭدىن، نېمانداق تۈگىمەيدىغان ئۇيقۇ بۇ! — ۋارقىرىدى ئۇ راسكولنىكوفقا قاراپ، — سائەت توققۇزدىن ئاشتى. ساڭا چاي ئەكەلدىم، چاي ئىچەمسەن؟ قورسىقىڭمۇ ئاچقاندۇ؟

راسكولنىكوف كۆزىنى ئېچىپلا چۆچۈپ كەتتى، ئاندىن

ناستاسيەنى تونۇدى.
— بۇ چاينى ئۆي غوجايىنى ئەۋەتتىمۇ؟ — سورىدى ئۇ، ئارقىدىن ئاغرىق چىراي بىر ھالەتتە، دىۋاندىن ئاستا تۇردى.
— ئۆي غوجايىنى ساڭا چاي بېرەتتىمۇ؟
ئۇ ئۆزىنىڭ دەز كەتكەن، ئىچىدىكى چېيىمۇ سوۋىلاپ قالغان كونا چەينەكنى بىلەن سارغىيىپ كەتكەن ئىككى چاقماق قەنتنى راسكولنىكوفنىڭ ئالدىغا قويدى.
— مانا، ناستاسىيە، بۇنى ئال، — دېدى راسكولنىكوف يانچۇقىنى كولاشتۇرۇپ (ئۇ كىيىملىرىنى سالمايلا يېتىپ ئۇخلاپ قالغانىدى)، بىر سىقىم مىس پۇلنى ئېلىپ، — ماڭا بولكا، ئاندىن كولباسا دۇكىنىدىن ئەرزانراق كولباسادىن بىر كېسىم ئەكېلىپ بەر.
— بولكىنى ھازىرلا ئەكېلىپ بېرەي، كولباسانىڭ ئورنىغا كۆكتات شورپىسى ئىچكۈڭ يوقمۇ؟ تۈنۈگۈن ئەتكەن، بەك مەززىلىك بوپتىكەن. ساڭا ئېلىپ قويسام، بەك كەچ كەلدىڭ. بەك مەززىلىك شورپا.
شورپا كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇ ئىچىشكە باشلىدى. ناستاسىيە ئۇنىڭ يېنىدىكى دىۋاندا ئولتۇرۇۋېلىپ ۋالاقلىغىلى تۇردى. ئۇ يېزىلىق ئايال بولغاچقا، ئەلگەككە چىقىپ ئەرگە تېگىدىغانلاردىن ئىدى.
— پراسكوۋيا پاۋلوۋناچۇ قارا، سېنىڭ ئۈستۈڭدىن ساقچى ئىدارىسىگە ئەرز سۇنماقچى، — دېدى ئۇ.
راسكولنىكوفنىڭ تەرى تۈرۈلدى.
— ساقچى ئىدارىسىگە؟ نېمىشقا ئەمدى؟
— سېنى يا ئىجارە ھەققىنى تۆلىمەيدۇ، يا ئۆينى بوشاتمايدۇ، دەيدۇ. ئۇنىڭ نېمە قىلىدىغانلىقى ئېنىقلىغۇ.
— ھەي! ئۇ قىلمىغان شۇ ئىشلا قالغان، — غۇدۇرىدى ئۇ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، — ياق! ھازىر... بۇ ماڭا... بەكلا بىئەپ... ئۇ تازا ئەخمەق نېمىكەن، — قوشۇپ قويدى ئۇ ئاۋازىنى

كۆتۈرۈپ، — مەن بۇگۈنلا ئۈنىڭ بىلەن سۆزلىشىمەن.

— ئۇمىغۇ ماڭا ئوخشاش بىر ئەخمەق. لېكىن، سەن ئۆزۈڭچۇ؟ ئەقىللىك ئادەم تۇرۇپ، كەچكىچە ئېزىلىپ ياتىسەن. يا قولۇڭدىن بىر ئىش كەلمەيدۇ. ئىلگىرى بالىلارنى ئوقۇتۇۋاتىمەن، دېۋىدىڭ، ئەمدى نېمىشقا بىرەر ئىش قىلمايسەن؟

— قىلىۋاتىمەن... — جاۋاب بەردى راسكولنىكوف خالار - خالىماي.

— نېمە قىلىۋاتىسەن؟

— خىزمەت قىلىۋاتىمەن.

— نېمە خىزمەت؟

— ئويلىنىۋاتىمەن، — ئەستايىدىل جاۋاب بەردى ئۇ سەل تۇرۇۋېلىپ.

ناستاسىيە كۈلۈپ تېلىقىپلا قالدى. ئۇ كۈلگۈنچەك ئايال ئىدى. بىرەر ئىشقا كۈلگۈسى كەلسە، ئاۋازىنىمۇ چىقارماي، پۈتۈن گەۋدىسىنى تىترىتىپ تاكى كۆڭلى ئېلىشقۇچە توختىماي كۈلىۋېرەتتى.

— ئويلاۋېرىپ خېلى پۇل تېپىپ قويغانسەن ھەرقاچان؟ — ئۇ شۇ گەپنى ئارانلا دېيەلىدى.

— بالا ئوقۇتاي دېسەم، ئۆتۈكۈم يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئىشنى ياراتمايمەن.

— ياراتمايمەن دېيىشىڭگە تېخى بالدۇر.

— بالا ئوقۇتسام ئازراقلا پۇل بېرىدۇ، بىرنەچچە كوپېيىك نېمىگە دال بولىدۇ؟ — خالار - خالىماس جاۋاب بەردى ئۇ خۇددى ئۆز پىكرىگە جاۋاب بېرىۋاتقاندەك.

— بىراقلا بېيىپ كەتكۈڭ بار ئوخشىمامدۇ سېنىڭ؟

راسكولنىكوف ئەجەبلىنىپ، ئۇنىڭغا لەپپىدە قاراپ قويدى.

— راست. بىراقلا بېيىپ كەتكۈم بار، — كېسىپ جاۋاب

بەردى ئۇ بىرپەس جىم تۇرغاندىن كېيىن.

— ھەي، ياخشىسى ئاستا ـ ئاستا بىر ئىش قىل. بولمىسا، خەقنى قورقۇتۇۋېتىسەن. بولكا ئەكېلىپ بېرەيمۇ، بولدىمۇ؟

— ئىختىيارىڭ.

— ھە راست، ئۇنتۇپلا قاپتىمەن! تۈنۈگۈن سەن يوق چاغدا، بىرسى ساڭا بىر پارچە خەت ئەكېلىپ بەرگەن.

— خەت؟ ماڭىمۇ؟ كىمدىن كەپتۇ؟

— كىمدىن كەلگەنلىكىنى بىلمەيمەن. پوچتا ھەققىگە يېنىمدىن ئۈچ كوپېيك تۆلىدىم①، شۇنى بېرىۋېتەمسەن؟

— تېز بېرىپ ئەكەل، خۇدا ھەققى، ئىتتىك بول! — ۋارقىرىدى راسكولنىكوف تەقەززا بولۇپ، — يا پەرۋەردىگار.

ئانچە ئۇزۇنغا قالمايلا خەت ئېلىپ كېلىندى. خەت ئۇ ئويلىغىنىدەك P ئۆلكىسىدىكى ئاپىسىدىن كەلگەنىدى. ئۇ خەتنى ئېلىپ، تاتىرىپ كەتتى. ئۇنىڭغا خەت كەلمىگىلى خېلى ئۇزۇن بولغانىدى، لېكىن شۇ تاپتا بىردىنلا باشقا بىر ئىش ئۇنىڭ يۈرىكىنى چىڭ قامالىۋالدى.

— ناستاسىيە، چىقىپ تۇر، خۇدا ھەققى، مانا ئۈچ كوپېيك، ئاله، خۇدا ھەققى چىقىپ تۇر!

خەت ئۇنىڭ قولىدا تىترەپ تۇراتتى، ئۇنىڭ خەتنى ناستاسىيەنىڭ ئالدىدا ئاچقۇسى يوق ئىدى: ئۇنىڭ خەتنى ئۆزى يالغۇز ئولتۇرۇپ ئوقۇغۇسى بار ئىدى. ناستاسىيە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ خەتنى دەرھاللا لەۋلىرىگە تەگكۈزۈپ سۆيدى. ئارقىدىن كونۋېرتتىكى ئۇششاق، يانتۇ خەتلەرگە — ئۆزىگە يېزىشنى ۋە ئوقۇشنى ئۆگەتكەن ئانىسىنىڭ شۇ قەدەر تونۇش، شۇ قەدەر قەدىرلىك خەتلىرىگە ئۇزۇنغىچە قاراپ ئولتۇردى. ئۇ ئارىسالدى بولاتتى، ھەتتا نېمىدىندۇر ئەنسىرەۋاتقاندەك قىلاتتى. ئاخىر ئۇ خەتنى ئاچتى: خەت ئىككى

① ئىلگىرى پوچتا ھەققىنى خەتنى تاپشۇرۇۋالغۇچى تۆلەيتتى.

لوت① كەلگۈدەك قېلىن ئىدى ۋە ئىككى ۋاراق يوغان پوچتا قەغىزىگە ئۇششاق ھەرپلەر بىلەن لىق تولدۇرۇپ يېزىلغانىدى.

«قەدىردانىم روديە② ، — دەپ يازغانىدى ئانىسى، — مانا ئىككى ئايدىن ئاشتى، سەن بىلەن خەت ئارقىلىق گەپلىشەلمىدىم. بۇنىڭدىن قاتتىق ئازابلاندىم، ھەتتا بەزىدە تولا ئويلاپ كېچىنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزىمەن. لېكىن، مېنىڭ بۇنداق نائىلاج جىمىپ كېتىشىمنى ئەيىبكە بۇيرۇماسمەن دەپ ئويلايمەن. ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن، مەن سېنى شۇ قەدەر ياخشى كۆرىمەن؛ سەن بىزنىڭ — دونيە ئىككىمىزنىڭ بىردىنبىر يېقىن كىشىمىز. سەن بىزنىڭ بارلىقىمىز، پۈتۈن ئۈمىدىمىز ۋە يۆلەنچۈكىمىز. سېنىڭ تۇرمۇشۇڭنى قامدىغۇدەك پۇلۇڭ قالمىغاچقا، بىرنەچچە ئاينىڭ ئالدىدا ئۇنىۋېرسىتېتتىن كېتىپ قالغانلىقىڭنى، دەرس بېرىدىغان ئىشتىنمۇ مەھرۇم بولغانلىقىڭنى، باشقا تۇرمۇش مەنبەيىڭنىڭ يوقلۇقىنى ئاڭلاپ، قانچىلىك ھەسرەت چەككەنلىكىمنى بىلسەڭ ئىدىڭ! مەن بىچارە يىلىغا ئالىدىغان بىر يۈز يىگىرمە رۇبلى پېنسىيە پۇلۇم بىلەن ساڭا نېمىمۇ قىلىپ بېرەلەيمەن؟ ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن، تۆت ئاينىڭ ئالدىدا ساڭا ئەۋەتكەن ئون بەش رۇبلىنى مەن شۇ پېنسىيە پۇلۇمدىن تۇتۇپ قېلىش شەرتى بىلەن بىزنىڭ مۇشۇ يەردىكى سودىگەر ئافاناسىي ئىۋانوۋىچ ۋاخرۇشىندىن ئېلىۋىدىم. ئۇ ياخشى ئادەم، ئىلگىرى ئۇ داداڭنىڭ دوستى ئىدى. مەن پېنسىيە پۇلۇمنى ئېلىش ھوقۇقىنى شۇنىڭغا تاپشۇرغاچقا، قەرزىمنى تۆلەپ بولغۇچە كۈتۈشۈمگە توغرا كەلدى. مانا ئەمدى ئۇ ئىش تېخى يېقىندىلا كۆڭلىمىزدىكىدەك ئاياغلاشتى. مانا مۇشۇ سەۋەبتىن ئارىلىقتا ساڭا پۇل ئەۋەتەلمىدىم، خۇداغا شۈكۈر،

① رۇسىيەنىڭ ئېغىرلىق ئۆلچىمى، بىر لوت 12.8 گىرام كېلىدۇ.

② مۇشۇ روماننىڭ باش قەھرىمانى رودىئون رومانوۋىچ راسكولنىكوفنىڭ ئەركىلەتمە ئىسمى.

ساڭا يەنە ئازراق پۇل ئەۋەتەلەيدىغان ئوخشايمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىز ھازىر ھەتتا ماختىنىپ ئېيتالايمىزكى، بىزگىمۇ ئاخىر بەخت ـ تەلەي كۈلۈپ قارىدى، مانا شۇنى ساڭا يەتكۈزگىلى ئالدىراپ كېتىۋاتىمەن. ئالدى بىلەن قەدىرلىك رودىيە، بىلەمسەنكىنتاڭ، سىڭلىڭنىڭ مەن بىلەن بىللە تۇرۇۋاتقىنىغا بىر يېرىم ئاي بولدى. بىز بۇنىڭدىن كېيىن ئەبەدىي ئايرىلمايمىز. خۇداغا شۈكۈر، ئۇ ئاخىر ئازاب ـ ئوقۇبەتلەردىن قۇتۇلدى، شۇنداقتىمۇ سېنىڭ ئىشنىڭ جەريانىنى، شۇنداقلا بىز سەندىن تا بۈگۈنگىچە يوشۇرۇپ كەلگەن ئىشنىڭ جەريانىنى ئېنىق بىلىۋېلىشىڭ ئۈچۈن، مەن ساڭا ھەممىنى بىر باشتىن سۆزلەپ بېرەي. بۇنىڭدىن ئىككى ئاي ئىلگىرى سەن خېتىڭدە: ئاڭلىسام دونيە جانابىي سۋىدرىگايلوف ئائىلىسىدە خارلىنىپ قاپتۇدەك، بۇ ئىشنى ماڭا تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ قوي، دەپ يازغانىدىڭ، ئۇ چاغدا مەن ساڭا نېمە دەپ جاۋاب بېرەلەيتتىم؟ ئەگەر مەن خېتىمدە ھەقىقىي ئەھۋالنى يازغان بولسام، سەن ھەممە ئىشىڭنى تاشلاپ، پىيادە مېڭىپ بولسىمۇ، يېنىمىزغا قايتىپ كېلەتتىڭ، چۈنكى مەن سېنىڭ مىجەزىڭنى ۋە ھېسسىياتىڭنى ياخشى بىلىمەن، سەن سىڭلىڭنىڭ خارلىنىشىغا ھەرگىزمۇ يول قويمايسەن. ئۇ چاغدا، مەن ئۆزۈممۇ قانداق قىلىشىمنى بىلەلمەي قېلىۋىدىم. لېكىن، مېنىڭ قولۇمدىن نېمە كېلەتتى؟ ئۇ چاغدا مەن ئۆزۈممۇ ھەقىقىي ئەھۋالنى يېپىدىن ـ يىڭنىسىغىچە بىلىپ كەتمەيتتىم. ئاساسىي قىيىنچىلىقىمىز شۇ ئىدىكى، ئۆتكەن يىلى دونېچكا① ئۇلارنىڭكىگە ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ بارغان چاغدا، ھەر ئايلىق مائاشىدىن تۇتۇپ قىلىشقا كېلىشىپ، ئالدىن يۈز رۇبلى ئالغانىكەن. شۇڭلاشقا، ئۇ قەرزىنى ئۈزمەي تۇرۇپ، ئۇ يەردىن كېتەلمەيتتى. دونيە بۇ پۇلنى (قەدىردانىم رودىيە، ئەمدى ھەممە

① دونيە ۋە دونېچكا دېگەنلەر ئاۋدوتيەنىڭ ئەركىلەتمە ئىسمى.

ئەھۋالنى ساڭا دېسەم بولىۋېرىدۇ) ئاساسلىقى ساڭا ئاتمىش رۇبلى ئەۋەتىمەن دەپ ئالغان، سەن ئۇ پۇلغا، يەنى بىز ئۆتكەن يىلى ئەۋەتىپ بەرگەن پۇلغا تولىمۇ موھتاج ئىدىڭ. شۇ چاغدا بىز سەندىن يوشۇرۇپ، خەتتە ساڭا بۇ، دونېچكىنىڭ يىغىپ يۈرگەن پۇلى، دەپ قويغان، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس ئىدى. ھەقىقىي ئەھۋالنى ساڭا مانا ئەمدى يېزىۋاتىمەن، چۈنكى ھازىر تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بىلەن، كۈتمىگەندە ھەممە ئىش ياخشىلىققا قاراپ يۈزلەندى. ئاندىن دونېچكانىڭ سېنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ قەلبىنىڭ نەقەدەر بىباھالىقىنى ساڭا بىلدۈرۈپ قويغۇم كەلدى. جانابىي سۋىدرىگايلوف دەسلەپتە ھەقىقەتەن ناھايىتى ئەدەپسىزلىك قىلىپ، داستىخان ئۈستىدىلا ئۇنىڭغا بىمەنە گەپلەرنى قىپتۇ ۋە ئۇنى مەسخىرە قىلىپ كۈلۈپتۇ... لېكىن، كىشىنى ئازابلايدىغان تەپسىلاتلارنىڭ ھەممىسىنى يېزىپ ئولتۇرمايمەن، چۈنكى بۇ ئىشلار ئەمدى ئۆتۈپ كەتتى، شۇڭا سېنى بىھۇدە دىلخەستىلىككە سالغۇم يوق. قىسقىسى، جانابىي سۋىدرىگايلوفنىڭ خوتۇنى مارفا پېترووۋنا ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكى ھەممە ئادەم ئۇنىڭغا ئالىيجانابلىق بىلەن ئوبدان مۇئامىلە قىلغان بولسىمۇ، دونېچكانىڭ كۈنى ئىنتايىن تەس ئىدى، بولۇپمۇ جانابىي سۋىدرىگايلوف ئارمىيەدىكى چېغىدا يۇقتۇرۇۋالغان كونا كېسىلى قوزغىلىپ، باخۇس①نىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتۈپ قالغان چاغلىرىدا تېخىمۇ شۇنداق بولاتتى. كېيىن نېمە بولدى دېمەمسەن؟ ئۆزۈڭ تەسەۋۋۇر قىلىپ باق، ئەسلىدە ئۇ مۇتتەھەمنىڭ دونيەگە كۆزى چۈشكەنىكەن. لېكىن، ئۇ دونيەگە قوپاللىق قىلغاندەك ۋە ئۇنى كۆزگە ئىلمىغاندەك بولۇۋېلىپ، بۇنى چاندۇرماي يۈرگەنىكەن، ئېھتىمال ئۇ يېشىنىڭ چوڭلۇقىنى، بىر ئائىلىگە باش ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، مۇنداق ئەخمىقانە خام خىيالىدىن خىجىل بولغاندۇ ۋە

① باخۇس — يۇنان رىۋايەتلىرىدىكى شاراب ئىلاھى.

قورققاندۇ، شۇ ۋەجدىن ئاچچىقىنى دونيەدىن ئالغۇسى كەلگەندۇ يا بولمىسا، باشقىلارنىڭ ئالدىدا قوپاللىق قىلغان ۋە ئۇنى مەسخىرە قىلغان بولۇپ، ھەقىقىي ئەھۋالنى يوشۇرماقچى بولغاندۇ. لېكىن، ئاخىر بېرىپ، ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قاپتۇ، نومۇسىمۇ قىلماي دونيەگە ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق توي قىلىش تەكلىپىنى قويۇپتۇ. ھەر خىل سوۋغىلارنى ۋەدە قىپتۇ. يەنە تېخى ھەممىنى تاشلاپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە باشقا بىر يېزىغا قېچىپ كېتىشكە، ھەتتا چەت ئەلگە چىقىپ كېتىشكە ۋەدە بېرىپتۇ. مانا ئەمدى سەن دونيەنىڭ قانچىلىك ئازابلانغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالايسەن! ئىشنى تاشلاپلا ئۇ يەردىن كەتكىلى بولمايتتى، قەرزنى دېمىگەندىمۇ، بىچارە مارفا پېترووۋنا ئۈچۈن بولسىمۇ ئۇنداق قىلغىلى بولمايتتى. چۈنكى، بۇنداق قىلسا، ئۇنىڭ كۆڭلىگە گۇمان چۈشەتتى ـ دە، ئائىلىدە ئىناقسىزلىق پەيدا بولاتتى. دونېچكانىڭمۇ يۈزى چۈشۈپ كېتەتتى. بۇنىڭدىن ساقلىنىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن سەۋەبلەرمۇ بار ئىدى. شۇڭلاشقا، ئالتە ھەپتىنىڭ ئالدىدا، دونيە بۇ قورقۇنچلۇق ئائىلىدىن ھەرقانداق قىلىپمۇ قۇتۇلۇپ كېتەلمەيتتى. ئەلۋەتتە، سەنمۇ بىلىسەن، دونيە ئىنتايىن ئەقىللىك، ئىنتايىن قەيسەر قىز، ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرگە بەرداشلىق بېرەلەيدۇ، ئۇ ھەتتا ئەڭ قىيىن ئەھۋالدىمۇ، كۆڭلىنى كەڭ تۇتۇپ، قىيىنچىلىقنى يېڭىپ كېتەلەيدۇ. بىز پات ـ پات خەت يېزىشىپ تۇرساقمۇ، ئۇ ئانامنىڭ كۆڭلىنى زېدە قىلماي دەپ، شۇ ئىشلار توغرۇلۇق، ھەتتا ماڭىمۇ ھېچنېمە يازمىدى. ئىشنىڭ نەتىجىسى بىزنىڭ كۈتمىگەن يېرىمىزدىن چىقتى. مارفا پېترووۋنا ئېرىنىڭ باغدا دونېچكاغا يالۋۇرۇۋاتقانلىقىنى تاسادىپەن ئاڭلاپ قاپتۇ. لېكىن، ئۇ پۈتۈنلەي خاتا چۈشىنىپ ھەممە گۇناھنى دونېچكادا قويۇپ، ھەممىنى قىلىۋاتقان شۇ، دەپ قاراپتۇ. ئۇلار شۇ چاغنىڭ ئۆزىدىلا باغدا قاتتىق جېدەللىشىپتۇ. مارفا پېترووۋنا ھەتتا دونېچكانى بىر كاچات ساپتۇ، ئۇنى گەپ

قىلغۇزماي، ساق بىر سائەت جاۋۇلداپتۇ. ئاخىرىدا، ئۇ سەھرالىقلارنىڭ بىر ئەبجەق ھارۋىسىدا دونيەنى دەرھال شەھەرگە ــ مېنىڭ قېشىمغا ئاپىرىۋېتىشنى بۇيرۇپتۇ. ئۇنىڭ ھەممە نەرسە ـ كېرەكلىرىنى، كىيىم ـ كېچەكلىرىنى يا قاتلىماي، يا بوپلىماي، ھارۋىغا قالايمىقان تاشلاۋېرىپتۇ. دەل شۇ چاغدا، شارقىراپ يامغۇر يېغىپ كېتىپتۇ. دونيە شۇ ئاھانەتلەرگە چىداپ دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، نائىلاج بىر سەھرالىق بىلەن بىللە ئۇستى ئوچۇق ھارۋىدا توپتوغرا ئون يەتتە چاقىرىم يول يۇرۇپتۇ. مانا ئەمدى ئۆزۈڭ ئويلاپ باق، سېنىڭ بۇنىڭدىن ئىككى ئاي ئىلگىرى يازغان خېتىڭگە مەن نېمە دەپ جاۋاب بېرەلىشىم مۇمكىن؟ خەتتە نېمىلەرنى يازالىشىم مۇمكىن؟ شۇ چاغدا، مەن ئۆزۈمۇ نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي قالدىم، خەتتە ساڭا راست گەپنى قىلاي دېسەم پېتىنالمىدىم، چۇنكى بۇ سېنى دىلخەستە قىلاتتى، قايغۇغا سالاتتى، غەزەپلەندۇرەتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە سەنمۇ نېمە قىلالايتتىڭ؟ ئۆزۈڭنى نابۇت قىلىۋېتىشىڭمۇ مۇمكىن ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە دونيە ئۆزىمۇ مۇنداق قىلىشىمغا يول قويمىدى، يۇرىكىم ئېزىلىپ تۇرغاندا خەتتە ئادەتتىكى ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارنى ۋە ئالاقىسى يوق گەپلەرنى يېزىشقا پەقەت رايىم بارمىدى. پۇتۇن شەھەر مۇشۇ ئىشنى قانات ـ قۇيرۇق ياساپ بىر ئايغىچە سۆز ـ چۆچەك قىلدى. بارا ـ بارا ئىش شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى: ھەممە ئادەم بىزگە يەۋېتىدىغاندەك قارايدىغان، پىچىرلىشىدىغان، ھەتتا ئۆزىمىزگە ئاڭلىتىپ تۇرۇپمۇ گەپ قىلىۋېرىدىغان بولۇپ كەتكەچكە، دونيىچكا ئىككىمىز ھەتتا چېركاۋغىمۇ بارالمايدىغان بولۇپ قالدۇق. تونۇش ـ بىلىشلىرىمىزنىڭ ھەممىسى بىزدىن قاچىدىغان، كوچىلاردا كېتىۋاتقاندا ھەتتا بىز بىلەن سالاملاشمايدىغان بولۇپ قېلىشتى. كېيىن بەزى دۇكان مۇلازىملىرى بىلەن ئىش بېجىرگۇچى

خادىملارنىڭ بىزنى پەسكەشلىك بىلەن ھاقارەتلەپ، ئۆيىمىزنىڭ ئىشىكىگە قارىماي سۈركەپ[①] قويماقچى بولغانلىقلىرىنى ئېنىق ئاڭلىدىم. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، ئۆي غوجايىنى بىزنى كۆچۈپ كېتىشكە قىستىدى. مانا شۇلارنىڭ ھەممىسى مارفا پېترووۋنانىڭ قىلغان ئىشى، ئۇ ھەممىلا يەردە ۋارقىراپ يۈرۈپ، دونيەنى ئەيىبلەپ، ئۇنىڭ يۈزىنى تۆكتى. ئۇ بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى تونۇيدۇ، شۇ بىر ئاي ئىچىدە ئۇ شەھەرگە پات ـ پات كىرىپ تۇردى. ئۇ ئازراق جاۋۇلداق، ئۆيىدىكى ئىشلار توغرۇلۇق پاراڭ قىلىشقا، بولۇپمۇ ھەممە ئادەمنىڭ ئالدىدا ئېرىنىڭ ئەيىبىنى ئېچىشقا ئامراق ئايال بولغاچقا — بۇ ياخشى ئەمەس — ئۇزۇنغا بارمايلا، بۇ ئىشنى پۈتۈن شەھەرگىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ناھىيەگە يېيىپ بولدى. مەن شۇ دەردكە چىدىماي ئاغرىپ قالدىم. دونيېچكا مەندىن چىداملىقراق ئىكەن، ئۇنىڭ شۇ ئەلەمگە قانداق چىدىغانلىقىنى، ماڭا قانداق تەسەللى ۋە ئىلھام بەرگەنلىكىنى كۆرگەن بولساڭ ئىدىڭ، بەكمۇ ئوبدان بولاتتى! ئۇ بىر پەرىشتە! ئاخىر، خۇدانىڭ رەھمىتى بىلەن، بېشىمىزغا چۈشكەن ئاپەتمۇ تۈگىدى. جانابىي سۋىدرىگايلوف ئەس ـ ھوشىنى يىغىپ، پۇشايمان قىلىپ، بىچارە دونيەگە ئىچ ئاغرىتىپ قالغان چېغى، مارفا پېترووۋناغا دونيەنىڭ پۈتۈنلەي گۇناھسىز ئىكەنلىكىنى تولۇق ۋە ئىشەنچلىك دەلىل ـ ئىسپاتلار بىلەن ئىسپاتلاپ بېرىپتۇ، يەنى مارفا پېترووۋنا ئۇلارنى باغدا كۆرۈپ قېلىشتىن ئىلگىرى، سۋىدرىگايلوف يوشۇرۇن ئۇچرىشىپ تۇرۇش، يۈزمۇيۈز گەپلىشىشكە بەكلا قىستاپ كەتكەچكە، دونيە ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىپ خەت يازغانىكەن، دونيېچكا كەتكەن چاغدا، شۇ خەت جانابىي سۋىدرىگايلوفنىڭ قولىدا قاپتىكەن. ئۇ شۇ خەتتە سۋىدرىگايلوفنى قەھر ـ غەزەپ بىلەن: مۇنداق قىلىشىڭىز مارفا پېترووۋناغا نىسبەتەن تولىمۇ پەسكەشلىك

① بۇرۇنلاردا غەرب ئەللىرىدە كىشىلەر شاللاق ئاياللارنى ھاقارەتلەش يۈزىسىدىن ئۇلارنىڭ ئىشىكىگە قارىماي سۈركەپ قوياتتى.

بولىدۇ. شۇنىڭغا دىققەت قىلىشىڭىز كېرەككى، سىز بىر ئائىلىگە باش، بالىلارغا ئاتا بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئادەم، دەپ قاتتىق ئەيىبلىگەن ھەمدە ئۇنىڭسىزمۇ بەختسىز ۋە باشپاناھسىز بىر بىچارە قىزنى قىيناش ۋە ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلىش، شەرمەندىلىك، قەبىھلىك ئەمەسمۇ، دەپ يازغانىكەن. قىسقىسى، قەدىرلىك رودىيە، بۇ خەت شۇ قەدەر ئالىيجانابلىق بىلەن شۇ قەدەر تەسىرلىك يېزىلغانىكى، ئۇنى ئوقۇۋاتقىنىمدا كۆز ياشلىرىمنى توختىتالمىدىم، تاكى بۈگۈنگىچە مەن ئۇ خەتنى يىغلىماي ئوقۇپ چىقالمايمەن. بۇنىڭدىن تاشقىرى، ئۆي خىزمەتكارلىرىمۇ دونيەنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىشىپتۇ. ئۇلارنىڭ كۆرگەنلىرى ۋە بىلىدىغانلىرى جانابىي سۋىدرىگايلوفنىڭ ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇر قىلغانلىرىدىن كۆپ ئىكەن. بۇغۇ ئەزەلدىن شۇنداق بولۇپ كەلگەن. مارفا پېترووۋنا بۇنىڭدىن قاتتىق ھەيران بوپتۇ. كېيىن ئۇ ئالدىمىزدا «يەنە قاتتىق قايغۇرۇپ تۇگىشەيلا دېگەنلىكىنى» تەن ئالدى، شۇنداقتىمۇ دونيەنىڭ گۇناھسىزلىقىغا پۈتۈنلەي ئىشىنىپتۇ. ئەتىسى يەكشەنبە ئىكەن. ئۇ ھارۋىدا چېركاۋغا بېرىپتۇ، مەريەم ئانىنىڭ رەسمى ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، مەريەم ئانىدىن بۇ يېڭى سىناقلارغا بەرداشلىق بەرگۈدەك كۈچ ـ قۇۋۋەت ئاتا قىلىشىنى تىلەپ، يىغلاپ ـ يالۋۇرۇپتۇ. ئۆز بۇرچۇمنى ئادا قىلاي، دەپ ئىلتىجا قىپتۇ. ئاندىن ئۇ ھېچ يەرگە بارماي، چېركاۋدىن ئۇدۇل بىزنىڭكىگە كەپتۇ. ئۇ بىزگە بولغان ئىشنى ئەينەن سۆزلەپ بەردى، ئاچچىق ـ ئاچچىق يىغلىدى. مىڭبىر پۇشايماندا دونيەنى قۇچاقلاپ، ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورىدى. ئۇ بىزنىڭكىدىن چىقىپ، شۇ ئان شەھەردىكى ھەممە ئۆيگە كىرىپتۇ، تارام ـ تارام ياش تۆكۈپ تۇرۇپ، ئەڭ تەسىرلىك گەپلەر بىلەن دونيچكانى ئاقلاپ، ئۇنىڭ گۇناھسىزلىقىنى ۋە مىجەزى بىلەن ھەرىكىتىنىڭ ئالىيجانابلىقىنى چۈشەندۈرۈپتۇ. ئۇنىڭ سىرتىدا يەنە ئۇ دونيەنىڭ جانابىي سۋىدرىگايلوفقا ئۆز

قولى بىلەن يازغان خېتىنى ھەممە ئادەمگە كۆرسىتىپتۇ. ئوقۇپ بېرىپتۇ، ھەتتا خەقلەرنىڭ ئۇ خەتنى كۆچۈرۈۋېلىشىغا رۇخسەت قىپتۇ. (مېنىڭچە بۇنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى.) شۇنداق قىلىپ، ئۇ بىرنەچچە كۈنگىچە شەھەردە ھارۋىلىق يۈرۈپ، ھەممە ئۆيگە كىرىپ چىقىپتۇ. بەزىلەر ئۇنىڭ باشقىلارنىڭكىگە ئاۋۋالراق بارغانلىقىنى كۆرۈپ خاپا بولغاچقا، ئادەملەرنى رەتكە تىزىپ چىقىپتۇ، ھەربىر ئائىلە ئۇنى كۈتۈپ تۇرىدىكەن، مارفا پېتروۋنانىڭ قايسى كۈنى كىملەرنىڭكىگە بېرىپ ھېلىقى خەتنى ئوقۇپ بېرىدىغانلىقىنى ھەممىلا ئادەم ئالدىنئالا بىلىپ تۇرىدىكەن. ئۇ خەتنى ھەر قېتىم ئوقۇغىنىدا، ھەتتا خەتنى رەت - تەرتىپ بويىچە ئۆز ئۆيىدە ياكى باشقا دوستلىرىنىڭكىدە بىرنەچچە قېتىم ئاڭلىغانلارمۇ يەنە ئاڭلىغىلى كېلىشىدىكەن. مېنىڭ نەزىرىمچە، بۇ ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىلگەن ئارتۇقچە ئىش، لېكىن مارفا پېتروۋنانىڭ مىجەزى شۇنداق. ھېچبولمىغاندا ئۇ دونېچكانى تولۇق ئاقلاپ چىقتى. ئۇنىڭ ئېرى بولسا باش جىنايەتچى بولۇپ قالدى، مۇشۇ ئىشتىكى جىمىكى شەرمەندىچىلىك ئۇنىڭ بېشىغا كېلىپ، ئۇ يۇيۇپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان ئار - نومۇسقا قالدى، شۇڭا ھەتتا ئۇنىڭغا ئازراق ئىچىم ئاغرىپمۇ قالدى؛ ئۇ مۇتتەھەمگە بۇ سەل ئېغىر كەتتى. كېيىن بىرنەچچە ئائىلە دونيەنى دەرس ئۆتۈپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىۋىدى، ئۇ ھەممىنى رەت قىلىۋەتتى. قىسقىسى، بىردىنلا ھەممە ئادەم ئۇنىڭغا ئالاھىدە ھۆرمەت قىلىدىغان بولۇپ كەتتى. مانا شۇ ئىشلار بىزنىڭ پۈتكۈل تەقدىرىمىزنى ئۆزگەرتىدىغان بىر تاسادىپىي ھادىسىگە سەۋەبچى بولۇپ قالدى دېسەكمۇ بولىدۇ. قەدىردان رودىيە، ساڭا ئېيتسام، بىر ئادەم دونيەگە توي قىلىش تەكلىپىنى قويدى، دونيەمۇ ئۇنىڭغا ماقۇل بولدى. مەن ساڭا ئۇقتۇرۇپ قويغىلى ئالدىراۋاتقان ئىش مانا شۇ. بۇ ئىشنى گەرچە سەندىن مەسلىھەت سورىمايلا بىر ياقلىق قىلىۋەرگەن بولساممۇ، سېنى مەندىن ۋە سىڭلىڭدىن رەنجىپمۇ يۈرمەيدۇ، دەپ

ئۆيلايمەن، چۈنكى كېيىنچە ئۆزۈڭمۇ بىلىپ قالىسەن، بۇ ئىشنى تاكى سېنىڭ جاۋاب خېتىڭ كەلگۈچە ساقلاپ تۇرغىلى ۋە سوزغىلى زادىلا مۇمكىن بولمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىشنىڭ ئۈستىدە بولمىغانلىقىڭ ئۈچۈن، ھەممىگە توغرا ھۆكۈم قىلالىشىڭمۇ مۇمكىن ئەمەس. بۇ ئىشنىڭ جەرىيانى مۇنداق. ئۇنىڭ ئىسمى پېتىر پېترووۋىچ لۇژىنى، ئىدارىدە خىزمەتچى ۋە مەسلىھەتچى، مارفا پېترووۋنانىڭ شىرەم تۇغقىنى. مارفا پېترووۋنا مۇشۇ ئىشقا جىق كۈچ چىقاردى. ئۇ دەسلەپتە مارفا پېترووۋنا ئارقىلىق بىز بىلەن تونۇشۇشقا رازىلىق سورىدى. بىز ئۇنى ئوبدان كۈتتۇۋالدۇق. قەھۋە قۇيدۇق، ئەتىسى ئۇ بىزگە خەت يېزىپ، خېتىدە ئۆزىنىڭ توي قىلىش تەكلىپىنى تولىمۇ ئەدەپ بىلەن ئۇقتۇردى ھەمدە بىزنىڭ پات ئارىدا ئۇزۇل - كېسىل جاۋاب بېرىشىمىزنى سورىدى. ئۇ بەكلا ئىشچان، ۋاقتى زىق ئادەم، ھازىر ئۇ پېتېربۇرگقا ماڭغىلى ئالدىراپ تۇرۇۋاتىدۇ. شۇڭا ئۇ ھەربىر مىنۇتنى قەدىرلەيدۇ، باشتا بىز ئەلۋەتتە ئىنتايىن ھەيران بولدۇق. چۈنكى، بۇ ئىش بەكلا تېز، بەكلا تۇيۇقسىز يۈز بەردى. شۇ كۈنى بىز كۆپ ئويلاندۇق، شۇنداقلا ئىككىلەندۇق. ئۇ ئىشەنچلىك، دۆلەتمەن ئادەم، ئىككى ئورۇندا خىزمەت قىلىدۇ، ئۆزىنىڭ مال - مۈلكى بار. راست، ئۇنىڭ يېشى قىرىق بەشكە بېرىپ قالغان. لېكىن، ئۇ خېلىلا سالاپەتلىك، ئاياللارغا ياققۇدەك دەرىجىدە كېلىشكەن. ئومۇمەن ئېيتقاندا، خېلىلا سىپايە، يۈز - ئابرۇيلۇق ئادەم. پەقەت ئازراق غەلىتە مىجەزرەك، كىبىرى باردەك كۆرۈنىدۇ. لېكىن، بۇمۇ بەلكىم بىرىنچى قېتىم كۆرۈشكەچكە بىزگە شۇنداق تۇيۇلغاندۇ. قەدىردان روديە، ساڭا ئالدىنلا ئېيتىپ قوياي. سەن پېتېربۇرگتا ئۇنىڭ بىلەن پات ئارىدا كۆرۈشۈپ قالىسەن، ناۋادا بىرىنچى قېتىم ئۇچراشقىنىڭلاردا، ساڭا ئۇنىڭ بەزى نۇقسانلىرى باردەك تۇيۇلسا، ھەرگىز ھېسسىيات بىلەن ئىش قىلىپ، ئالدىراپ - سالدىراپ ھۆكۈم چىقىرىپ سالما، چۈنكى سېنىڭ مىجەزىڭ

بۇرۇندىن شۇنداق، ئۇنىڭ سەندە ياخشى تەسىرات قالدۇرالىشىغا ئىشەنسەممۇ، ھەر ئېھتىمالغا قارشى بۇ گەپنى ساڭا ئالدىن دەپ قويۇۋاتىمەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە، بىرەر ئادەمنى چۈشىنىش، بىر تەرەپلىمىلىك ۋە ئۇقۇشماسلىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇنى تەدرىجىي، تەپسىلىي كۆزىتىش كېرەك، ئۇنداق بولمىغاندا كېيىن خاتانى تۈزىتىش ۋە ئۇنى ئورنىغا كەلتۈرۈش ئىنتايىن تەسكە چۈشىدۇ. نۇرغۇن ئالامەتلەردىن قارىغاندا، پېتىر پېترووۋىچ ھېچبولمىغاندا ھۆرمەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئادەم. ئۇ بىزنىڭكىگە بىرىنچى قېتىم كەلگەن چېغىدا: مەن ئەمەلىيەتكە قارايدىغان ئادەم، دېدى، شۇنداقتىمۇ ئۆزىنىڭ دېيىشىچە، ئۇ نۇرغۇن جەھەتلەردىن «ئەڭ يېڭى ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ئەقىدىلىرى»نى قوۋۋەتلەيدىكەن، شۇنداقلا ئۇ جىمىكى بىر تەرەپلىمە قاراشلارنىڭ دۈشمىنى ئىكەن. ئۇ يەنە نۇرغۇن گەپلەرنى قىلدى، ماڭا بىرئاز مەغرۇردەك، باشقىلارنىڭ ئۆز گېپىگە قۇلاق سېلىشىنى ياخشى كۆرىدىغاندەك بىلىندى. لېكىن، بۇلارنى نۇقسان دەپ قارىغىلىمۇ بولمايدۇغۇ. ساڭا مەلۇم، مېنىڭ بىلىدىغانلىرىم ناھايىتى ئاز، لېكىن دونيە ماڭا ئۇنى ئانچىلىك بىلىملىك بولمىسىمۇ، ناھايىتى ئەقىللىك، ئۇزايىدىن ئاق كۆڭۈل ئادەمدەك قىلىدۇ، دەپ چۈشەندۈردى. روديە، سىڭلىڭنىڭ مىجەزىنى بىلىسەن. ئۇ قەيسەر، ئەس ـ ھوشى جايىدا، سەۋر ـ تاقەتلىك، پىداكار، قەلبى ئوتلۇق قىز، بۇنى مەن ناھايىتى ئېنىق بىلىمەن. ئەلۋەتتە، ئۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئالاھىدە بىر ئىشق ـ مۇھەببەت يوق. لېكىن، دونيە زېرەك، خۇددى پەرىشتىلەردەك ئالىيجاناب قىز. ئۇ ئېرىنى بەختلىك قىلىش مېنىڭ بۇرچۇم، ئۆز نۆۋىتىدە ئېرىمۇ بەختىمگە كۆڭۈل بۆلىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ ئىشنىڭ تولىمۇ تېز بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلساقمۇ، بۇنىڭدىن گۇمانلىنىشقا ھازىرچە ھېچقانچە ئاساسىمىز يوق. بۇنىڭ سىرتىدا، ئۇ ئىشنىڭ كۆزىنى بىلىدىغان ئادەم بولغاچقا،

دونيچكانى تويدىن كېيىن قانچىكى بەختلىك قىلسا، ئۆز بەختىنىڭمۇ شۇنچىكى مۇستەھكەم بولىدىغانلىقىنى بىلىپ قالار دەيمەن. مىجەز ـ خۇلق جەھەتتىكى بەزى ئوخشىماسلىقلار، بەزى كونا ئادەتلەر، ھەتتا بەزىبىر پىكىر ـ ئىختىلاپلىرىغا كەلسەك (ئەڭ بەختىيار ئەر ـ خوتۇنلارمۇ بۇنىڭدىن خالىي بولالمايدۇ)، دونيە ماڭا: بۇ تامامەن ئۆزۈمگە باغلىق، بۇنىڭ ئەنسىرىگۈدەك يېرى يوق، نۇرغۇن نەرسىلەرگە چىدايمەن، پەقەت كېيىنكى مۇناسىۋىتىمىز سەمىمىي، ئادىل بولسىلا بولىدى، دېدى. مىسال ئۈچۈن ئېيتسام، باشتا ماڭا بۇ ئادەمنىڭ بەزى گەپلىرى قۇلاققا بىر ئاز سەت ئاڭلىنىدىغاندەك تۇيۇلغانىدى. لېكىن، ئۇ مىجەزى تۈز ئادەم بولغاچقا، بەلكىم شۇنداق تۇيۇلغاندۇ. يەنە بىر مىسال، ئۇ دونيەنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ بولۇپ، بىزنىڭكىگە ئىككىنچى قېتىم كەلگەن چېغىدا، گەپ ئارىسىدا، مەن دونيە بىلەن تونۇشۇشتىن ئىلگىرىلا، ياۋاش، قىز مېلى يوق، بىر مەزگىل جاپا ـ مۇشەققەت چەككەن قىزغا ئۆيلىنىش قارارىغا كېلىپ بولغان، دېدى. چۈنكى، ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئەر كىشى خوتۇنىنىڭ ھېچقانداق ساخاۋىتىگە ئېرىشمىگەن بولسا، خوتۇنى ئېرىنى شاپائەتچىم دەپ قارىسا، ياخشىراق بولارمىش. مەن شۇنى قوشۇمچە قىلىپ قويغاي، ئۇ بۇ گەپلەرنى يازغىنىمغا قارىغاندا سىلىقراق ۋە مۇلايىمراق قىلىپ ئېيتتى. ئۇنىڭ ئەسلىي سۆزىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىم، پەقەت مەزمۇنىلا ئېسىمدە قالغانلىقى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ بۇ گەپنى ئالدىن ئويلىۋالمىغانلىقى، گەپتىن گەپ چىقىپ قىزىغان چاغدا ئاغزىدىن چىقىرىپ سالغانلىقى ئۈچۈن، كېيىنرەك ھەتتا بۇ گەپنى توغرىلاشقا، يۇمشىتىشقا ئۇرۇندى، شۇنداقتىمۇ بۇ گەپلەر قۇلىقىمغا يەنىلا سەت ئاڭلاندى. كېيىن مەن بۇنى دونيەگىمۇ ئېيتتىم. دونيە تېرىككەندەك بولۇپ، ماڭا: «گەپ دېگەن ھەرىكەت ئەمەس ـ دە» دېدى. ئەلۋەتتە، بۇ گەپمۇ توغرا. دونيېچكا بىر قارارغا كەلگۈچە، پۈتۈن بىر كېچە كۆز يۇممىدى. ئۇ مېنى

ئۇخلاپ قالدى، دەپ ئويلىدى بولغاي ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆيدە كېچىچە ئۇيان - بۇيان مېڭىپ چىقتى. ئاخىر ئۇ مەبۇدنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئۇزاققىچە ئىبادەت قىلدى. ئەتىسى ئەتىگەندە ماڭا بىر قارارغا كەلگەنلىكىنى ئېيتتى.»

«مەن بايا دەپ ئۆتتۇم، پېتىر پېتروۋىچ ھازىر پېتېربۇرگقا جابدۇۋاتىدۇ. ئۇ يەردە ئۇنىڭ نۇرغۇن مۇھىم ئىشلىرى بار ئىكەن. ئۇ پېتېربۇرگتا ئاممىۋى ئادۋوكاتلىق ئىشخانىسى قۇرماقچى. ئۇنىڭ ھەر خىل ھەق تەلەپ دەۋا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىغا ئۇزاق يىللار بوپتۇ، تېخى بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدىلا ئۇ مۇھىم بىر دەۋا ئىشىدا ئۇتۇپ چىقتى. ئۇ بۇدا پېتېربۇرگقا بېرىپ مۇھىم بىر دېلو سەۋەبلىك سېنات①نىڭ يىغىنىغا قاتناشماقچى. شۇڭا، قەدىرلىك روديە، ئۇنىڭ ساڭا ھەممە تەرەپتىن خېلى جىق پايدىسى تېگىدۇ. دونيە ئىككىمىز ھەتتا سېنى بۈگۈندىن ئېتىبارەن كەلگۈسىدىكى ئىشلىرىنى ئېنىق باشلىۋەتسە، شۇنداقلا تەقدىرىم بەلگىلىنىپ بولدى، دەپ قارىسا بولىدۇ، دەپ ھېسابلىدۇق. ئاھ، شۇنداق بولۇشىنى نېسىپ قىلسۇن. ئىلاھىم! مۇنداق زور ياخشىلىق پەرۋەردىگارنىڭ بىزگە توغرىدىن - توغرا قىلغان ئىلتىپاتى دەپ قارىماي ئىلاجىمىز يوق. دونيە ھەممىشە شۇ ئىش توغرۇلۇقلا ئويلايدۇ. بىز ھەتتا پېتىر پېتروۋىچقا بۇ ھەقتە ئىككى ئېغىز گەپ قىلىشقىمۇ جۈرئەت قىلدۇق. لېكىن، ئۇ تولىمۇ ئېھتىياتچانلىق بىلەن گەپ قىلىپ، ماڭا ھامىنى بىر كاتىپ كېرەك. شۇنداق بولغاندىكىن، مائاشنى يات ئادەمگە بەرگەندىن كۆرە ئۆز تۇغقىنىمغا بەرگىنىم ياخشىراق، پەقەت بۇ تۇغقىنىمىزنىڭ قولىدىن ئىش كەلسىلا (نېمىدەپ سېنىڭ قولۇڭدىن ئىش كەلمىگۈدەك)، دېدى. ئارقىدىنلا ئەگەر ئۇ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان بولسا، مېنىڭ

① سېنات ــ رۇسىيەنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئەڭ يۇقىرى ئەدلىيە ئورگىنى، ئۇ مەملىكەتتىكى ھەر دەرىجىلىك سوتلارنىڭ كېسىمى ئۈستىدىن ئاخىرقى ھۆكۈم چىقىرىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى.

ئىشخانامدا ئىشلەشكە ۋاقتى يېتەرمىكىن، دەپ گۇمانىنىمۇ بىلدۈردى. ئۇنىڭ بىلەن شۇنچىلىكلا سۆزلەشتۇق. لېكىن، دونيە هازىر باشقا ئىشلارنى قويۇپ تۇرۇپ، پەقەت شۇ توغرۇلۇقلا ئويلاۋاتىدۇ. مانا بىرنەچچە كۈن بولدى. ئۇ خۇددى قىزىتمىسى ئۆرلەپ كەتكەن ئادەمدەكلا بولۇپ قالدى. ئۇ مۇكەممەل بىر پىلاننى ئويلاپ قويدى، ئۇ سىنى كېيىنكى كۈنلەردە پېتېر پېترووۋىچنىڭ هەق تەلەپ دەۋا ئىشلىرى جەھەتتىكى ياردەمچىسى، هەتتا شېرىكى بولۇپ قالىدۇ، چۈنكى، ئۇ قانۇن ئۆگىنىۋاتىدۇ، دەيدۇ. روديە، مەن ئۇنىڭ پىكرىگە تامامەن قوشۇلىمەن. ئۇنىڭ پۈتۈن پىلانىنى ۋە ئۈمىدلىرىنى قۇۋۋەتلەيمەن، مېنىڭچە بۇنىڭ ئىشقا ئېشىشى تامامەن مۇمكىن. گەرچە پېتېر پېترووۋىچ هازىرچە ئۆزىنى قاچۇرۇپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، مۇنداق مۇئامىلىسىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ (ئۇ سېنى تېخى تونۇمايدۇ ـ دە)، ئەمما دونيە بولغۇسى ئېرىمدە ياخشى تەسىرات قالدۇرسام بۇلارنىڭ هەممىسىنى كۆڭۈلدىكىدەك ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ، دەپ قاتتىق ئىشىنىدۇ، زادىلا شۈبھىلەنمەيدۇ. ئەلۋەتتە، بىزمۇ ئېھتىيات يۈزىسىدىن كېيىنكى كۈنلەردە قىلىدىغان ئىشلىرىمىز توغرۇلۇق، بولۇپمۇ سېنىڭ گەلگۈسىدە ئۇنىڭ شېرىكى بولۇپ قالىدىغانلىقىڭ توغرۇلۇق پېتېر پېترووۋىچقا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدۇق. ئەمەلىيەتنى تەكشىلەيدىغان بۇ ئادەم بۇ ئىشقا پەرۋاسىز قارىشى مۇمكىن. چۈنكى، ئۇ بۇلارنى قۇرۇق خىيال دەپ قارايدۇ. مەنمۇ دونيەگە ئوخشاشلا ئۇنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىلىدە ساڭا ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم قىلىپ تۇرۇشىنى سەممىي ئۈمىد قىلاتتىم، بۇ توغرۇلۇقمۇ بىر ئېغىز گەپ قىلمىدۇق؛ بۇنى دەپ يۈرمەسلىكىمىزدىكى بىرىنچى سەۋەب: كېيىنچە بۇ ئىش تەبىئىيكى شۇنداق بولىدۇ. ئۇنچىلىك ئېغىز ئۇپرىتىپ كەتمىسەكمۇ، ئۇ ئۆزلۈكىدىن ئوتتۇرىغا قويىدۇ (بۇ ئىشتا ئۇ دونيېچكاغا ئەلۋەتتە ياق دېمەيدۇ)، ئۇنىڭ ئۈستىگە سەن

ئىشخانىدا ئۇنىڭ كۆچلۈك ياردەمچىسى بولۇپ قالىسەن، سىنىڭ بۇنداق ياردەمنى قوبۇل قىلىشىڭ خەقنىڭ ئىلتىپاتىنى قوبۇل قىلغانلىقىڭ ئەمەس، بەلكى ئىرىشىشكە تېگىشلىك ئىش ھەققىڭنى ئالغانلىقىڭ بولىدۇ. دونېچكا مانا مۇشۇنداق قىلماقچى، مەن ئۇنىڭ پىكرىگە تامامەن قوشۇلىمەن. ئۇنىڭغا دېمىگەنلىكىمىزنىڭ سەۋەبى، ئاز كۈندىن كېيىن كۆرۈشكەن چېغىمىزدا، مەن سىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن باراۋەر ئورۇندا تۇرۇشۇڭنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىمەن، دونيە ئۇنىڭغا سەن توغرۇلۇق قىزغىن پاراڭ قىلىپ بېرىۋىدى، ئۇ ھەرقانداق بىر ئادەمگە باھا بېرىش ئۈچۈن، شۇ ئادەمنى شەخسەن كۆزىتىپ بېقىش كېرەك. قانچىكى يېقىندىن كۆزەتسەك شۇنچە ياخشى، دەپ جاۋاب بەردى ۋە ساڭا بولغان قارىشىنى سەن بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن ئۆزى ئېيتىشنى ئۈمىد قىلدى. ئۆزۈڭ بىلىسەن، روديە، گۆھىرىم، مېنىڭچە، بەزىبىرى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن (ئەلۋەتتە، بۇنىڭ پېتېر پېتروۋىچ بىلەن قىلچە ئالاقىسى يوق. توغرىسى بۇ ئۆزۈمنىڭ شەخسىي قارىشىم، بەلكىم بۇ ياشانغان ئاياللاردا بولىدىغان غەلىتە مىجەزدۇر) مېنىڭچە ئۇلار توي قىلغاندىن كېيىن، ئۇلار بىلەن بىللە تۇرماي، يەنىلا ھازىرقىدەك ئۆزۈم يالغۇز تۇرغىنىم ياخشىراقتەك قىلىدۇ. ئىشەنچىم كامىلكى، ئۇ چوقۇم ئالىيجانابلىق بىلەن ئەتراپلىق ئويلاپ، مېنى ئۆزلۈكىدىن تەكلىپ قىلىدۇ، ماڭا قىزىمىزدىن ئايرىلىپ كەتمەڭ، دەپ مەسلىھەت بېرىدۇ. ئەگەر ئۇ بۇگۈنگىچە مۇشۇنداق ئويىنى دېمىگەن بولسا، دېمەك بۇ ئۇنىڭ: بۇ، دېمىسىمۇ شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىك ئىشقۇ، دەپ ئويلىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن، مەن رەت قىلىۋېتىمەن. مەن ھاياتىمدا قېيىنئانىسىدىن تازا رازى بولۇپ كەتمەيدىغان كۈيئوغۇللارنى كۆپ كۆرگەن. مەن ھەرقانداق ئادەمگە ھەتتاكى زەررىچە بولسىمۇ يۈك بولۇپ قېلىشنى خالىمايمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تامامەن ئەركىن بولۇشنى ئۈمىد قىلىمەن. ھازىر مېنىڭ جېنىمنى باقالىغۇدەك

ھالىم، سەن بىلەن دونيچكادەك پەرزەنتلىرىم بار، شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە. ئەگەر مۇمكىن بولسا، ئىككىڭلارغا يېقىنراق يەردە تۇرىمەن. چۈنكى، قەدىردانىم روديە، مەن ئەڭ كۆڭۈللۈك خۇش خەۋەرنى خېتىمنىڭ ئاخىرىدا يازماقچىمەن: قەدىردان ئوغلۇم، بىلەمسەن؟ بىز پات ئارىدا دىدار كۆرۈشىمىز. ئۈچىمىز ئۈچ يىللىغا يېقىن يۈز كۆرۈشمىدۇق. ئەمدى قۇچاقلىشىپ كۆرۈشىمىز! دونيە ئىككىمىزنىڭ پېتېربۇرگقا بېرىشىمىز ئەمدى نېسىپ بولغان ئوخشايدۇ. قاچان يولغا چىقىمىز، بۇنى بىلمەيمەن. لېكىن، قانداقلا بولمىسۇن پات ئارىدا، يېقىن كۈنلەردە، ھەتتا بىر ھەپتىدىن كېيىن بېرىپ قالىمىز. ھەممە ئىش پېتېر پېتروۋىچنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا باغلىق. ئۇ پېتېربۇرگتا شارائىت بىلەن تونۇشۇۋالغاندىن كېيىن، دەرھاللا بىزگە خەۋەر قىلماقچى. ئۇ ئۆزىنىڭ بەزى ئويلىرى سەۋەبلىك توينى بالدۇرراق قىلساق دەيدۇ. مۇمكىن بولسىغۇ، توينى گۆش بايرىمى[①] ئىچىدە، ئەگەر ۋاقىت قىستاپ قېلىپ ئۈلگۈرەلمىسەك، يازلىق ھوسۇل بايرىمى[②]دىن كېيىن ئۆتكۈزۈۋەتسەك، دەيدۇ. ئاھ، سېنى يەنە باغرىمغا چىڭ باسىمەن، بۇ نەقەدەر بەخت ــ ھە! دونيە سەن بىلەن كۆرۈشۈشنىڭ خۇشلۇقىدا قىلىدىغان ئىشىنى تاپالماي قېلىۋاتىدۇ. ئۇ بىر كۈنى ھەتتا شۇنىڭ ئۈچۈن بولسىمۇ پېتېر پېتروۋىچقا تەگسەم ئەرزىيدۇ، دەپ چاقچاقمۇ قىلدى. ئۇ ھەقىقەتەن بىر پەرىشتە! ئۇ ھازىر مېنىڭ خېتىمگە قوشۇمچە قىلماقچى ئەمەس. ئۇ ماڭا: خەتتە پەقەت شۇنىلا دەپ قويۇڭ، ئۇنىڭغا دەيدىغان گەپلىرىم بەك جىق. شۇڭلاشقا ھازىر قەلەمنىمۇ قولۇمغا ئالالمايمەن. چۈنكى، دېمەكچى بولغان گەپلىرىمنى بىرنەچچە قۇر خەت بىلەن

① گۆش بايرىمى ــ پراۋوسلاۋىيە دىنىدا روژدېستۋا بايرىمىدىن روزىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ۋاقىتتا توغرا كېلىدۇ.

② يازلىق ھوسۇل بايرىمى ــ مەريەم ئانا ۋاپات بولغان كۈن (كونا يىل ھېسابىدا 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى). يازلىق ھوسۇل بايرىمى بىلەن روزا جەمئىي ئون بەش كۈن (8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 15 ـ كۈنىگىچە).

ئىپادىلەپ بولالمايمەن، بىكارلا تىت ـ تىت بولۇپ كېتىمەن، دېدى. ماڭا سىنى باغرىمغا چىڭ بېسىشنى ۋە ئۆزىنىڭ ئورنىدا يىنىش ـ يېنىش سۆيۈپ قويۇشۇمنى تاپىلىدى. بىزنىڭ پات ئارىدا يۈز كۆرۈشۈش ئېھتىمالىمىز بولسىمۇ، مۇشۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە ساڭا مۇمكىن قەدەر جىقراق پۇل ئەۋەتىپ بېرىشنىڭ ئىلاجىنى قىلىمەن. ھازىر دونېچكانىڭ پېتېر پېترووۋىچقا تۇرمۇشقا چىقىدىغانلىقىنى ھەممە ئادەم بىلىپ كەتتى. مېنىڭ ئىناۋىتىممۇ بىردىنلا كۆتۈرۈلدى. ئىشەنچىم كامىلكى، ھازىر ئافاناسىي ئىۋانووۋىچ ماڭا پېنسىيە پۇلۇمدىن تۇتۇپ قېلىش ھېسابىغا قەرز بېرىپ تۇرىدۇ، ھەتتا يەتمىش بەش رۇبلى قەرز بېرىشى مۇمكىن. شۇڭا مەن ساڭا يىگىرمە بەش ـ ئوتتۇز رۇبلى ئەۋەتىپ بېرىشىم مۇمكىن. ساڭا پۇلنى كۆپرەك ئەۋەتكۈم بار ئىدى. لېكىن، يولدا يەتمەي قالارمىكىن دەپ ئەنسىرەپمۇ تۇرۇۋاتىمەن؛ گەرچە پېتېر پېترووۋىچ ياخشى كۆڭلى بىلەن بىزنىڭ پايتەختكە يېتىپ بارغۇچە كېتىدىغان يول خىراجىتىمىزنىڭ بىر قىسمىنى ئۈستىگە ئالغان، يەنى يۈك ـ تاقلىرىمىز بىلەن يوغان ساندۇقىمىزنى ئۆزى پۇل چىقىرىپ ماڭدۇرۇپ (ئاللىقانداق تونۇشلىرى ئارقىلىق ماڭدۇرغۇدەك) بەرمەكچى بولغان بولسىمۇ، ھەرھالدا بىز پېتېربۇرگقا يېتىپ بارغاندىن كېيىنكى خىراجەتنى ئويلاپ قويمىساقمۇ بولمىغۇدەك. ئۇ يەرگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ھېچبولمىغاندا قولىمىزدا دەرمەھەل خەجلىگۈدەك پۇل بولمىسا بولمايدۇ ـ دە. دونېچكا ئىككىمىز جىمىكى خىراجەتنى ئىنچىكە ھېسابلاپ چىقتۇق. بايقىشىمىزچە، يولدا ئانچە كۆپ پۇل كەتمەيدىكەن. ئۆيى بىلەن پويىز ئىستانسىسىنىڭ ئارىلىقى توقسان چاقىرىم كېلىدۇ. بىز تونۇش ھارۋىكەش بىلەن سۆزلىشىپ قويدۇق. ناۋادا لازىم بولۇپ قالسا، شۇنىڭ ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ بارىمىز. ئۇ يەردە دونېچكا ئىككىمىز ئامان ـ ئېسەن ئۈچىنچى دەرىجىلىك ۋاگونغا چىقىۋالىمىز. شۇڭا، ئەگەر ئىشنى ئەپلەشتۈرەلىسەم، ساڭا

يىگىرمە بەش رۇبلى ئەمەس، بەلكى ئوتتۇز رۇبلى ئەۋەتىپ قىلىشىم مۇمكىن. ئەمدى بولدى قىلاي، ئىككى ۋاراقنى لىق توشقۇزۇۋېتىپتىمەن. يازغۇدەك يەرمۇ قالماپتۇ، مەن ساڭا ھەممە ئىشنى دەپ بولدۇم، دېمىسىمۇ نۇرغۇن ئىشلار يىغىلىپ كېتىپتىكەن! ئەمدى قىممەتلىك روديە، پات ئارىدا دىدار كۆرۈشىمىز. سېنى قۇچاقلايمەن، ئانىلىق سۆيۈپ قويىمەن ساڭا بەخت تىلەيمەن؛ روديە، سىڭلىڭ دونيەنى ياخشى كۆر، ئۇ سېنى قانچىلىك ياخشى كۆرسە، سەنمۇ ئۇنى شۇنچىلىك ياخشى كۆر، بىلىپ قويغىن، ئۇ سېنى چەكسىز ياخشى كۆرىدۇ. ئۇ ئۆز جېنىدىنمۇ بەكرەك ياخشى كۆرىدۇ. ئۇ بىر پەرىشتە، سەنچۇ، روديە، سەن بىزنىڭ بارلىقىمىز، پۈتكۈل ئۈمىدىمىز ۋە يۆلەنچۈكىمىز. سەن بەختلىك بولساڭلا، بىزمۇ بەختلىك بولىمىز. روديە، سەن ھېلىمۇ ئىلگىرىكىدەك خۇداغا دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىپ تۇرامسەن؟ ياراتقۇچىنىڭ ۋە قۇتقۇزغۇچىنىڭ شاپائىتىگە ھېلىمۇ ئىشىنەمسەن؟ مەن نېمىشقىدۇر سېنى دەۋرىمىزدە ئادەتكە ئايلىنىپ قېلىۋاتقان دىنسىزلىقنى يۇقتۇرۇۋالغانمىدۇ، دەپ بەك ئەنسىرەيمەن. ئەگەر شۇنداق بولغان بولسا، سېنىڭ ئورنۇڭدا ئۆزۈم دۇئا ـ تىلاۋەت قىلاي. ئويلاپ باققىنا، جېنىم ئوغلۇم، بالىلىق چاغلىرىڭدا، داداڭ ھايات چاغدا، سەن مېنىڭ تىزىمدا ئولتۇرۇپ، چۈچۈك تىلىڭ بىلەن دۇئالارنى ئوقۇيتتۇڭ، ئۇ چاغلاردا بىز نەقەدەر بەختلىك ئىدۇق ـ ھە! خەير ـ خوش. توغرىراقى كۆرۈشكۈچە خوش! سېنى باغرىمغا چىڭ بېسىپ، تۈمەن قېتىملاپ سۆيىمەن.

تاكى ئۆلگۈچە سېنى سۆيۈپ قالغۇچى

پۇلخېرىيە راسكولنىكوۋا

خەتنى ئوقۇشقا باشلىغاندىن تارتىپ تاكى تولۇق ئوقۇپ بولغۇچە، راسكولنىكوفنىڭ كۆزىدىن ئاققان ياشلىرى يۈزىنى ھۆل قىلىۋەتتى. لېكىن، خەتنى ئوقۇپ بولغاندا بولسا، يۈزى

تاتىرىپ، تارتىشىپ قىيىشىپ كەتتى، مېيىقىدا ئازابلىق، نەپرەتلىك ۋە زەھەرخەندە تەبەسسۇم غىل - پال پەيدا بولۇپ يوقىلىپ كەتتى. ئۇ قورۇلۇپ كەتكەن كونا ياستۇقىغا باش قويدى - دە، ئويغا چۆمۈپ ئۇزاقتىن - ئۇزاق خىيال سۈردى. ئۇنىڭ يۈرىكى گۈپۈلدەپ قاتتىق سوقۇپ، پىكىرلىرى قاتتىق جۇش ئۇرماقتا ئىدى. ئاخىر بىر بولسا ئىشكاپقا، بىر بولسا ساندۇققا ئوخشايدىغان، سارغىيىپ كەتكەن بۇ كىچىككىنە ھۇجرىدا دىمى تۇتۇلۇپ، يۈرىكى سىقىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ نەزىرى بىلەن پىكرى بىپايان بوشلۇققا تەلپۈنەتتى. ئۇ شىلەپىسىنى ئالدى - دە، چىقىپ كەتتى. بۇ قېتىم ئۇ پەلەمپەيدە بىرەرى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپمۇ يۈرمىدى. ئۇ بۇنى ئۇنتۇپ كەتتى. ئۇ B كوچىسىدىن ئۆتۈپ، ۋاسىلېۋسكىي ئارىلى تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ماڭغاندىمۇ خۇددى ئۇ يەردە بىرەر ئىشى باردەك ئالدىراپ ماڭدى. ئۇ ئادىتى بويىچە، ھەتتا يولنىمۇ قارىماي ئۇدۇل كېتىۋەردى. لېكىن، نېمىلەرنىدۇر پىچىرلاپ ھەتتا ئۆتكۈنچىلەرنى ھەيران قالدۇرۇپ، ئاۋازىنى چىقىرىپ ئۆزىگە ئۆزى سۆزلەپ ماڭدى. كۆپىنچە ئادەم ئۇنى مەست بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ قالدى.

## 4

ئانىسىنىڭ خېتى ئۇنى قاتتىق ئازابلىدى. لېكىن، ئەڭ مۇھىم، ئاساسلىق مەسىلىگە نىسبەتەن ئۇنىڭ كۆڭلىدە، ھەتتا خەتنى ئوقۇۋاتقان چېغىدىمۇ، بىردەملىك بولسىمۇ گۇمان تۇغۇلمىدى. چۈنكى، ئۇ باشتىلا ئىشنىڭ ماھىيىتىنى كاللىسىدا ھەل قىلىپ، بىر قارارغا كېلىپ بولغانىدى: «ھاياتلا بولىدىكەنمەن، بۇ توينى ھەرگىز قىلدۇرمايمەن. كۆتۈرسۇن قاسقىنىنى ئۇنداق جانابىي لۇژىنى!»

«چۈنكى، بۇ ئىش ناھايىتى ئېنىق، — ئۆزىگە ئۆزى غۇدۇرىدى ئۇ، ئۆز قارارىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنى ئالدىن زەھەرخەندىلىك بىلەن تەبرىكلەپ، مەمنۇنىيەت بىلەن كۈلۈمسىرەپ، — ياق، ئانا، ياق، دونيە، سىلەر مېنى ئالدىيالمايسىلەر !... ئۇلارنىڭ تېخى ئالدىن ساڭا مەسلىھەت سالماي، سېنىڭ رازىلىقىڭنى ئالماي، ئۆزىمىز بىر قارارغا كېلىۋەردۇق، دېيىشلىرىنى كۆرمەمدىغان ! شۇ ئەمەسمۇ ! ئۇلار بۇنى بىكار قىلىۋەتكىلى بولمايدۇ، دەپ ئويلىشىۋاتقاندۇ ھەرقاچان. قېنى كۆرىمىزغۇ، بىكار قىلىۋەتكىلى بولامدىكىن ـ بولمامدىكىن ! باھانىسىنىڭ تېتىقسىزلىقىنى دېمەمدىغان: ‹پېتىر پېترووىچ ئۇنداق ئالدىراش، مۇنداق ئالدىراش› ھەتتا نىكاھىنىمۇ ئىلاجى بولسا ھاپىلا ـ شاپىلا ئوقۇتۇپ تۈگىتىۋەتسە بولارىمىش. ياق، دونېچكا، ھەممىنى كۆرۈپ، بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن. ماڭا دەيدىغان شۇنداق نۇرغۇن گەپلىرىڭنىڭ نېمە گەپلەر ئىكەنلىكىنىمۇ بىلىمەن. كېچىچە ئۆيدە ئۇيان ـ بۇيان مېڭىپ نېمىلەرنى ئويلىغانلىقىڭنىمۇ، ئانامنىڭ ياتاق ئۆيىدىكى مەريەم ئانىنىڭ سۈرىتى ئالدىدا دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىپ نېمىلەرنى تىلىگەنلىكىڭنىمۇ بىلىمەن. گولگوف[1]قا چىقىش نەقەدەر ئازابلىق ـ ھە. ھىم... دېمەك، ئاخىرقى قارارغا كېلىپ بوپسىلەر ـ دە، ئاۋدوتيە رومانوۋنا[2]، زېرەك ۋە قابىل، ئەقىللىك بىر ئادەمگە تەگمەكچى بولۇپسىز ـ دە، يەنە كېلىپ ئۆزىنىڭ مال ـ مۈلكى بار (ئۆزىگە تەۋە مۈلكى بار، دېيىلسە تېخىمۇ ئىشەنچلىك كېرەك، تەسىرلىكرەك ئاڭلانسا كېرەك)، ئىككى ئىدارىدە ئىشلەيدىغان، ئەڭ يېڭى ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ئەقىدىلىرىنى قوللايدىغان (ئانام خېتىمدە شۇنداق دەپ يېزىپتۇ)، يەنە كېلىپ دونېچكانىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا ئوزايىدىن ئاق كۆڭۈل ئادەمدەك ‹قىلىدۇ›غان بىر كىشىگە تەگمەكچى. ھەممىدىن

① ئەيسا كىرېستقا مىخلاپ ئۆلتۈرۈلگەن جاي.

② بۇ دونيەنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتىسىنىڭ ئىسمىنىڭ قوشۇپ ئاتىلىشى.

بەكرەك ئاشۇ ‹قىلمىدۇ›غان يېرى ئاجايىپ! بىزنىڭ دونيېچكا مانا شۇنداق ‹قىلمىدۇ›غانغا تەگمەكچى!... بارىكاللا! بارىكاللا!»

«... شۇنىسى قىزىقكى، ئانام نېمىشقا خېتىدە ماڭا ‹ئەڭ يېڭى ئەۋلادلار› توغرۇلۇق يېزىپ يۈرىدىغاندۇ؟ ھېلىقى ئادەمنىڭ خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىش ئۈچۈنمۇ ياكى باشقا بىرەر مەقسىتى بارمۇ؟ مەندە جانابىي لۇژىنى توغرۇلۇق ئالدىن ياخشى تەسىرات پەيدا قىلماقچىمۇ؟ ئاھ، نېمىدېگەن ھىيلىگەرلىك ـ ھە! يەنە بىر ئىشنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالسام بولاتتى: شۇ كۈنى، شۇ كېچىسى ياكى كېيىنكى كۈنلەردە ئۇلار بىر ـ بىرى بىلەن قانچىلىك دەرىجىدە ئوچۇق گەپلىشەلىدىكىن؟ ئارىدىكى ھەممە گەپنى ئوچۇق دېيىشتىمىكىن ياكى ھەر ئىككىلىسى بىر ـ بىرىنىڭ ھېسسىياتىنىڭمۇ، ئويلىغانلىرىنىڭمۇ ئوخشاشلىقىنى چۈشىنىپ، دەپ يۈرۈشنىڭ نېمە ھاجىتى، دەپ ئويلاپ، دېيىشمەيلا بولدى قىلىشتىمىكىن؟ شۇنداقراق بولغانلىقى ئېھتىمالغا بەك يېقىن؛ خەتتىنلا كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ، ئانام ئۇنىڭ گەپلىرىنىڭ قۇلاققا سەترەك ئاڭلىنىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپتۇ. ساددا ئانام يېنىكلىك قىلىپ، شۇ پىكىرنى دونيەگە ئېيتىپتۇ. دونيەنىڭ ئاچچىقى كەپتۇ. ئۇ ‹غەشلىكى كەلگەنىدەك بولۇپ جاۋاب بېرىپتۇ› شۇ ئەمەسمۇ! ئىش شۇنداق ئېنىق، بۇنداق ساددىلارچە سوئاللارنىڭ ھاجىتىمۇ يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە قارار قىلىنىپ بولغان ئىشنى سۆزلەپ يۈرۈشنىڭمۇ زۆرۈرىيىتى يوق، بۇنداق چاغدا، ئاڭلىغانلىكى ئادەمنىڭ ئاچچىقى كەلمەيدۇ؟ ئۇ خېتىدە: ‹رودىيە، دونيەنى ياخشى كۆر، ئۇ سېنى ئۆز جېنىدىنمۇ بەكرەك ياخشى كۆرىدۇ› دەپ يېزىپتۇ. بۇ ئۇنىڭ ئوغلىنى دەپ قىزىنى قۇربان قىلىشقا رازى بولغانلىقى، شۇ ۋەجدىن ۋىجدان ئازابى تارتىۋاتقانلىقى ئەمەسمۇ؟ ‹سەن بىزنىڭ ئۈمىدىمىز، سەن بىزنىڭ بارلىقىمىز› دەپتۇ تېخى. ‹ئاھ، جېنىم ئانا›... » ئويلىغانسېرى ئۇنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتى ئېشىۋاتاتتى. ئەگەر ئۇ شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە جانابىي لۇژىنىنى كۆرۈپ قالغان

بولسا، ئۆلتۈرۈۋېتىشى مۇمكىن ئىدى.

«ھىم، ئۇ دېگىنى راست، — ئويىنى داۋاملاشتۇردى ئۇ، كاللىسىدا خۇددى قۇيۇندەك پىرقىراۋاتقان پىكىرلەرنىڭ كەينىدىن قوغلىشىپ، — ئۇ دېگىنى راست، ‹بىر ئادەمنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئۇنى تەدرىجىي، تەپسىلىي كۆزىتىش كېرەك.› لېكىن، جانابىي لۇژىنىنىڭ قانداق ئادەملىكى ناھايىتى ئېنىق، ئاساسلىقى: بەكمۇ ئىشچان، قابىل ئادەم، ئۇنىڭ ئۈستىگە ‹ئاق كۆڭۈل ئادەمدەك قىلىدۇ›، ئۇ ‹ئۇلارنىڭ يۈك ـ تاقلىرى بىلەن يوغان بىر ساندۇقنى ئۆزى پۇل چىقىرىپ ماڭدۇرۇپ بەرمەكچى بولغان›، بۇ ئويۇن ـ چاقچاق ئەمەس ـ دە ! شۇنداق تۇرسا، ئۇنى ئاق كۆڭۈل دېمەي بولامدۇ؟ لېكىن، ئۇ ئىككىسى، كېلىن بىلەن ئۇنىڭ ئانىسى بىر دېھقاننى ياللاپ شۇنىڭ ئۈستى يېپىق ھارۋىسىدا كەلگۈدەك (مەنمۇ شۇنداق ھارۋىدا كەلگەن)، ھېچ ۋەقەسى يوق ! ناھايىتى توقسان چاقىرىملا يولغۇ، ‹ئۇ يەردە بىز ئامان ـ ئېسەن ئۈچىنچى دەرىجىلىك ۋاگونغا چىقىۋالىمىز›، بۇ تەرىپى مىڭ چاقىرىم كېلىدۇ. بۇمۇ ئاقىلانە ئىش بوپتۇ. يوتقانغا قاراپ پۇت سۇنۇش كېرەك ـ دە. لېكىن، سىزچۇ جانابىي لۇژىنى، بۇ سىزنىڭ نېمە قىلغىنىڭىز؟ ئۇ سىزنىڭ لايىقىڭىزغۇ... كىرا ھەققىنى قىزنىڭ ئانىسىنىڭ پېنسىيە پۇلى ھېسابىغا قەرز ئالغان پۇلدىن تۆلىگەنلىكىنى سىزنىڭ ئۇقماي قېلىشىڭىز مۇمكىن ئەمەسقۇ؟ ئەلۋەتتە، بۇ شېرىكلىشىپ قىلىنىۋاتقان سودا، پايدا ھەر ئىككى تەرەپكە تەڭ بولىدۇ، قوشۇلغان پاي ئوخشاش، چىقىمنى ھەركىم ئۆزى كۆتۈرىدۇ؛ خۇددى ماقالىلاردا دېيىلگەندەك، ھەممەيلەن تاماقنى بىللە يەپ، ھەركىم ئۆز تاماكىسىنى ئۆزى چېكىدۇ. لېكىن، بۇ ئىشچان، قابىل ئادەم ئۇلارنى ئازراق ئوينىتىپتۇ. يۈك ـ تاقنىڭ كىراسى ئۇلارنىڭ يول خىراجىتىدىن ئەرزانىراق توختايدۇ، ئۇنى پۇل تۆلىمەي ئېلىپ كېلىشىمۇ مۇمكىن، مۇشۇ ئىشلارنى ئۇلار نېمىشقىمۇ كۆرەلمىگەندۇ ياكى كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسكە

سالغانمىدۇ؟ شۇنداق تۇرسا يەنە ئۇلارنىڭ شۇنچىۋالا مەمنۇن، شۇ قەدەر رازى بولۇپ كېتىشكىنىنى قارىمامدىغان ! ئويلاپ باق، بۇ تېخى ئىشنىڭ بېشى، تېخىمۇ يامانراقى ئالدىمىزدا ! بۇ يەردە بېخىللىق، پىخسىقلىق ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ شۇ ئىشلارنى قىلىشتىكى ئىستىلى ئەڭ مۇھىم ! ئېنىقكى، ئۇنىڭ نىكاھتىن كېيىن ئىستىلىمۇ شۇنداق بولىدۇ، بۇ بىر بېشارەت... ئانامۇزە، نېمىشقىمۇ شۇنداق ئەخمىقانە ئىشلارنى قىلىدىغاندۇ؟ ئۇ پېتىربۇرگقا قانچىلىك پۇل ئېلىپ كېلەلەيدىكىن؟ ئۇچ رۇبلىمۇ ياكى خۇددى ئۇ... ھېلىقى قېرى خوتۇن دېگەندەك... ئىككى «قەغەز»مۇ؟ ھىم ! كېيىن ئۇ پېتىربۇرگتا قانداق كۈن ئالىدۇ؟ ئۇ بەزى سەۋەبلەر تۈپەيلى، ئۇلار توي قىلغاندىن كېيىن، دونيە بىلەن بىللە تۇرالمايدىغانلىقىنى، ھەتتا دەسلەپكى كۈنلەردىمۇ بۇنداق قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى پەملەپتۇ. ھېلىقى سۆيۈملۈك ئادەم ئېھتىمال يادىدا يوق، راست گېپىنى دەپ سالغان بولسا كېرەك. ئانامغۇ ئىنكار قىلىپتۇ، «مەن ئۆزۈم رەت قىلىمەن» دەپتۇ. لېكىن، ئۇ كىمگە تاياناقچى، بىر يۈز يىگىرمە رۇبلى نەپىقە پۇلىغىمۇ، بۇنىڭدىن ئافاناسىي ئىۋانوۋىچنىڭ پۇلىنى چىقىرىۋېتىش كېرەك ـ دە ! ئۇ ئۇ يەردە قىشلىق ياغلىق بىلەن پەلەي توقۇپ، خۇنى كەتكەن كۆزلىرىنى كاردىن چىقاردى، شۇنداقتىمۇ ياغلىقنىڭ پۈتۈن يىللىق كىرىمى ئۇنىڭ بىر يۈز يىگىرمە رۇبلىسىغا ئاران يىگىرمە رۇبلىلا قوشالايدۇ. بۇ ماڭا ئايان. شۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۇ يەنىلا جانابىي لۇژىنىنىڭ خەير ـ ساخاۋىتىدىن ئۈمىد كۈتۈۋېتىپتۇ. «ئۇ ئۆزلۈكىدىن مېنى بېرىشقا يېنىش ـ يېنىش تەكلىپ قىلىدۇ» دەپتۇ، خام خىيال قىلماڭلار ! شىللېر تەسۋىرلىگەن ئاق كۆڭۈل ئادەملەر دائىم شۇنداق قىلىشىدۇ: ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتلارغىچە ئادەملەرنى پەردازلايدۇ، ئۇلارنىڭ قاش ـ كىرپىكىنى ياسايدۇ. ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتلارغىچە ئۇلاردىن يامانلىق ئەمەس، ياخشىلىقنى كۈتىدۇ.

ئۇلار ئوردىنىڭ تەتۈرنى[1] سىزىپ تۇرۇپمۇ، ئالدىن راست گېپىنى دېگىلى ھەرگىز ئۇنىمايدۇ؛ ھەتتا ئۇنى خىيالىغا كەلتۈرۈشنىمۇ يامان كۆرىدۇ، ئۇلار تاكى ئۆزلىرى پەردازلاپ يۈرگەن ئادەم ئۆزلىرىنى ئوڭدا قويمىغۇچە ھەقىقەتنى قوبۇل قىلمايدۇ. ھە راست، جانابىي لۈژىنى ئوردىن ئالغانمىكىن، بەسلىشمەنكى، ئۇ ئاننا ئوردېنى[2] ئالغان، ئۇ ئىش بېشىلارنىڭ ۋە سودىگەرلەرنىڭ زىياپەتلىرىگە بارغان چاغلىرىدا، ئەلۋەتتە ئۇنى تاقاپ بارىدۇ. ئۇ توي قىلغان چېغىدىمۇ ئۇنى تاقىۋېلىشى مۇمكىن! لېكىن، تاقىسا تاقىسامدۇ، ماڭا نېمىدى!...»

«... ئانامنىڭمۇ مەيلى دەيلى، ئۇ ئەسلىدىمۇ شۇنداق، ئۇنىڭغا خۇدا ئۆزى يار بولسۇن. لېكىن، دۇنيەنىڭ نېمە قىلغىنىدۇ؟ ئېھ دونېچكا، سۆيۈملۈكۈم، مەن سىزنى بىلىمەنغۇ! بىز ئاخىرقى قېتىم ئۇچراشقان چېغىمىزدا، سىز يىگىرمە ياشلارغا كىرىپ قالغانىدىڭىز. سىزنىڭ مىجەزىڭىزنى مەن شۇ چاغدىلا بىلىپ بولغان. ئانام خېتىدە: ‹دونېچكا نۇرغۇن ئازاب ــ ئوقۇبەتكە چىدىيالايدۇ› دەپ يېزىپتۇ. بۇنى بىلىمەن. مەن بۇنى ئىككى يېرىم يىلنىڭ ئالدىدىلا بىلەتتىم. ئىككى يېرىم يىلدىن بۇيان، مۇشۇ ئىشنى ئويلاپ كېلىۋاتىمەن. ئويلىغاندىمۇ ‹دونېچكانىڭ نۇرغۇن ئازاب ــ ئوقۇبەتكە چىدىيالايدۇ›غانلىقىنى ئويلاپ كېلىۋاتىمەن. ئۇ جانابىي سۋىدرىگايلوفنىڭ ئىشلىرىغا ۋە ئۇنىڭ جىمىكى ئازاب ــ ئوقۇبەتلىرىگە چىدىيالىغانىكەن، ئۇ نۇرغۇن ئازاب ــ ئوقۇبەتلەرگە ھەقىقەتەن چىدىيالايدۇ، مانا ئەمدى ئاناممۇ، دونيە ئۆزىمۇ جانابىي لۈژىنىنىڭ ئىشلىرىغىمۇ چىدىيالايدۇ، دەپ قاراۋېتىپتۇ. جانابىي لۈژىنى بولسا، ئۆزى كەمبەغەل، ھەممىنى ئېرىنىڭ شاپائىتى دەپ قارايدىغان خوتۇنلا

[1] رۇسچە تۇراقلىق ئىبارىدە ئىشنىڭ يامان تەرىپى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. تۆۋەندە تىلغا ئېلىنغان جانابىي لۈژىنىنىڭ ئوردېن ئالغان ــ ئالمىغانلىقى توغرىسىدىكى ئىش يۇقىرىدىكى شۇ تۇراقلىق ئىبارە سەۋەبلىك ئەسكە ئېلىنغان.

[2] چاررۇسىيە دەۋرىدە مۇلكىي ئەمەلدارلارغا بېرىلىدىغان ئوردېن.

ئەڭ ياخشى خوتۇن بولالايدۇ، دەيدىغان نەزەرىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ، يەنە كېلىپ ئۇ مۇنداق دانا پىكىرنى بىرىنچى قېتىم ئۇچراشقان چېغىدىلا ئېلان قىلىپتۇ. بۇپتۇ، ھازىرچە بۇ گەپ ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىقىپ كەتكەن، ئۇ يەنىلا ئەقىللىك ئادەم دەپ تونۇلىدۇ (ئېھتىمال ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىقىپمۇ كەتمىگەندۇ، بەلكىم مۇمكىن قەدەر تېزرەك ئايدىڭلاشتۇرۇۋېتىش ئۈچۈن ئەتەي ئېيتقاندۇ)، لېكىن دونيەچۇ؟ دونيە ئۇ ئادەمنى بىلمىشى، يەنە كېلىپ شۇ ئادەم بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈشى كېرەكقۇ. ئەلۋەتتە، ئۇ بىر بۇردا قارا بولكا يەپ، داغ سۇ ئىچىشكە رازى بولىدۇكى، ھەرگىز قەلبىنى ساتمايدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ مەنىۋى ئەركىنلىكىنى ھەرگىزمۇ راھەت - پاراغەتكە تېگىشمەيدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ مەنىۋى ئەركىنلىكىنى ھېلىغۇ جانابىي لۇژىنىنىڭ پۇلى ئىكەن، ھەتتا پۇتكۇل شلېزۋىگ بىلەن گولشتېيىنگىمۇ① تېگىشمەيدۇ. ياق، دونيە ئۇنداق ئادەملەردىن ئەمەس، بىلىشىمچە... ئۇ ھازىرمۇ ئۆزگىرىپ كەتمىدى! بۇنىڭدا گەپ يوق! سۋىدرىگايلوفلارغا تاقابىل تۇرۇش قىيىن. بىر يىلدا قولغا تېگىدىغان ئىككى مىڭ رۇبلىنى دەپ چەت ئۆلكىلەردە سەرسان بولۇپ يۈرۈش، ئۆمۈر بويى ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى بولۇش ھەقىقەتەن ئاسان ئىش ئەمەس! لېكىن، ماڭا ئايان، ئۇ ئامېرىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ غوجايىنلىرىغا زەڭگى قۇل بولۇشقا ياكى بالتىق دېڭىزى بويىدىكى نېمىسلارغا لاتىش يانچىسى بولۇشقا رازى بولىدۇكى، ئۆز قەلبىنى يەرگە ئۇرمايدۇ ۋە ئەخلاقىنى بۇلغىمايدۇ، خۇسۇسىي مەنپەئەتىنى دەپ ھەرگىز ئۆزى ھۆرمەت قىلمايدىغان، يەنە كېلىپ قىلچە چىقىشالمايدىغان بىر ئادەمگە تېگىشكە رازى بولمايدۇ. جانابىي لۇژىننى ساپ ئالتۇندىن سوقۇلغان ياكى بىر پارچە بىرلىيانت بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇ جانابىي لۇژىننىڭ قانۇنىي ئاشىنىسى بولۇشقا

① بۇلار ئەسلىدە دانىيەگە تەۋە ئىككى ئوبلاست ئىدى، پرۇسىيە - دانىيە ۋە پرۇسىيە - ئاۋستىرىيە ئۇرۇشىدىن كېيىن پرۇسىيەگە قوشۇۋېلىنغان.

رازى بولمايدۇ. ئەمىسە ئۇ ھازىر نېمىدەپ بۇنىڭغا رازى بولدى؟ بۇنىڭدىكى سىر زادى نەدە؟ بۇ سىرنى قانداق يېشىش كېرەك؟ ناھايىتى ئېنىق، ئۇ ئۆزىنى دەپ، ئۆزىنىڭ راھەت ـ پاراغىتىنى دەپ، ھەتتا ئۆز ھاياتىنى ساقلاپ قېلىشنى كۆزلەپ ئۆزىنى ساتماقچى بولغان. لېكىن، ئۇ ھازىر باشقا بىر ئادەمنى دەپ ئۆزىنى ساتقىلى بولىدۇ ! ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان، چوقۇنىدىغان بىر ئادەمنى دەپ ئۆزىنى ساتقىلى بولىدۇ. ھەممە سىر مانا شۇ يەردە. ئۇ ئاكىسىنى، ئانىسىنى دەپ ئۆزىنى ساتقىلى بولىدۇ ! ئۇ ھەممىنى سېتىۋېتىدۇ ! ئاھ، زۆرۈر تېپىلغاندا، بىز ئەخلاقىي ھېسسىياتىمىزنى باسالايمىز؛ ئەركىنلىك، خاتىرجەملىك، ھەتتا ۋىجدان دېگەنلەرنى، ھەممە نېمىنى كونا ماللار بازىرىغا ئاپىرىپ سېتىۋېتەلەيمىز. پۈتۈن ھاياتىم گۇمران بولسىمۇ مەيلى، سۆيۈملۈك كىشىلىرىمىز بەختلىك بولالىسىلا بولدى دەيمىز. بۇمۇ ئازدەك، يەنە بىرمۇنچە چىرايلىق گەپلەرنى توقۇپ چىقىمىز. ئېزوئىتلارنىڭ① قىلىقلىرىنى ئۆگىنىمىز، ئۆزىمىزنى ۋاقتىنچە ئاۋۇندۇرىمىز، ئۆزىمىزنى شۇنداق بولۇشى كېرەك، ياخشى مەقسەت ئۈچۈن ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىش كېرەك، دەپ ئىشەندۈرىمىز. بىز مانا شۇنداق ئادەملەر، ھەممە نېمە مانا شۇنداق ئېنىق، ناھايىتى روشەنكى، رودىئون رومانوۋىچ راسكولنىكوف بولسا، بۇ يەردە مەركىزىي ئادەم، ئۇنىڭدىن بۆلەك ئادەم يوق. شۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ، بۇ ئۇنى بەختىيار قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشىنى تەمىن ئېتىدۇ، ئۇنى ئىشخانىنىڭ شېرىكى قىلىپ چىقىدۇ، ئۇنىڭ پۈتكۈل ئىستىقبالىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ. كىم بىلىدۇ، كېيىنچە ئۇ باي بولۇپ كېتىشى، ئابرۇي تېپىشى، ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇشى، ھەتتا مەشھۇر بىر زاتقا ئايلىنىپ ئالەمدىن ئۆتۈشى مۇمكىن !

① ئېزوئىتلار ـــ خىرىستىيان جەمئىيىتى 1534 ـ يىلى رىم كاتولىك دىنىنىڭ دىنىي ئەقىدىسى بويىچە قۇرغان دىنىي جەمئىيەت. بۇ جەمئىيەتنىڭ مۇرىتلىرى مۇددىئاسى ياخشى بولسىلا يامان ئىشلارنى قىلسىمۇ توغرا قىلغان بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

لېكىن ئانامچۇ؟ بىلىش كېرەككى، روديە، ئۇنىڭ گۆھىرى روديە، ئۇنىڭ تۇنجى ئوغلى ھەممە دېگەن سۆز! شۇنداق ئىكەن، تۇنجى ئوغلى ئۇچۇن بىر قىزنى قۇربان قىلىشقا نېمىشقا بولمايدىكەن! ئاھ، سۆيۈملۈك ناھەقچىلىك! شۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ: بىز ھەتتا سونېچكاغا ئوخشاش تەقدىرگە دۇچ كېلىشتىنمۇ قورقمايمىز. سونېچكا، سونېچكا مارمېلادوۋا! دۇنيا مەۋجۇتلا بولىدىكەن، سونېچكامۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋېرىدۇ. سىلەر بەرگەن قۇربانلىقىڭلارنى، زادى ئۆز قۇربانىڭلارنى تولۇق مۆلچەرلىدىڭلارمۇ؟ مۆلچەرلىدىڭلار؟ زادى ھۆددىسىدىن چىقالامسىلەر؟ شۇنىڭ پايدىسى تېگەرمۇ؟ بۇ ئىش مۇۋاپىقمىدۇ؟ جانابىي لۇژىنىغا باغلانغان تەقدىرىڭىزنىڭ سونېچكانىڭ تەقدىرىدىنمۇ يامانراق بولىدىغانلىقىنى بىلەمسىز، دونېچكا؟ ئانام خېتىدە: «ئوتتۇرىدا ئىشقىي مۇھەببەت يوق» دەپ يېزىپتۇ. ئەگەر ئوتتۇرىدا ئىشقىي مۇھەببەت بولمىسا، ھۆرمەتمۇ بولمىسا قانداق قىلغۇلۇق، ئەكسىچە نەپرەت، كۆزگە ئىلماسلىق، يىرگىنىش ھازىردىن تارتىپلا باش كۆتۈرۈشكە باشلىسا، بۇنى يەنە قانداق قىلغۇلۇق؟ شۇنداق بولغاندا، سىزنىڭمۇ «تاشقىي گۈزەللىك»نى ساقلاپ قېلىشىڭىزغا توغرا كېلىدۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ئۇنداق گۈزەللىكنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى چۈشىنەمسىز؟ چۈشىنەمسىز شۇنى؟ لوژىنى خانىمنىڭ گۈزەللىكىنىڭ سونېچكانىڭ گۈزەللىكىگە ئوخشاشلىقىنى، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ يامانراق، يىرگىنچلىكرەك، شەرمەندىرەك ئىكەنلىكىنى چۈشىنەمسىز؟ چۈنكى، سىز، دونېچكا، ھەرھالدا ئارتۇقچە راھەت ـ پاراغەتكە ئېرىشىشنى كۆزلىدىڭىز، لېكىن سونېچكا بولسا، ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالماسلىق ئۈچۈن شۇنداق قىلدى. «دونېچكا، مۇنداق گۈزەللىك تولىمۇ قىممەتكە، بەكمۇ قىممەتكە توختايدۇ!» خوش، ئەگەر كېيىنچە چىدىيالماي قالسىڭىز، پۇشايمان قىلارسىزمۇ؟ قانچە ـ قانچە قايغۇ ـ ئەلەم، غەم ـ غۇسسە، قارغىش ـ نادامەت،

خەقلەردىن يوشۇرۇنچە تۆكۈلگەن ياشلار ـ هە، چۈنكى سىز مارفا پېترووۋنا ئەمەس ـ دە. شۇ چاغدا ئانام قانداق قىلار؟ ئۇ هازىرنىڭ ئۆزىدىلا ئارامسىزلىنىپ، قايغۇ ـ هەسرەت چېكىۋاتىدۇ، ئۇ چاغقا بېرىپ، ھەممىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرسە، ئۇ قانداق قىلىدۇ؟ مەن قانداق قىلىمەن؟... ئەمەلىيەتتە، سىز مېنى نېمە كۆرۈۋاتىسىز؟ سىزنىڭ قۇربان بېرىشىڭىز ماڭا لازىم ئەمەس، دونېچكا، ماڭا لازىم ئەمەس، ئانا ! تىرىكلا بولسام، بۇنداق قىلىشىڭلارغا يول قويمايمەن. هەرگىز يول قويمايمەن. هەرگىز ! سىزنىڭ قۇربانلىقىڭىزنى هەرگىز قوبۇل قىلمايمەن !»

ئۇ بىردىنلا هوشىنى يىغىپ، توختاپ قالدى.

«هەرگىز يول قويمامسەن؟ لېكىن، هەرگىز يول قويماسلىق ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلالايسەن؟ چەكلەپ قويامسەن؟ سېنىڭ نېمە هوقۇقۇڭ بار؟ سېنى ئائىلى، شۇنداق هوقۇقنا ئېرىشىش بەدىلىگە سەن ئۇلارغا نېمە قىلىپ بېرەلەيسەن؟ ئوقۇشۇڭنى تاماملاپ، خىزمەت تاپقان چېغىڭدا، پۈتۈن هاياتىڭنى، پۈتكۈل كېلەچىكىڭنى شۇلارغا بېغىشلىيالامسەن؟ بۇنداق گەپلەرنى بىز ئىلگىرىمۇ تولا ئاڭلىغان. بۇ ناھايىتى بىر قۇرۇق ۋەدە، لېكىن هازىرچۇ؟ هازىرنىڭ ئۆزىدىلا نېمىلەرنىدۇر قىلىش كېرەك، چۈشىنەمسەن شۇنى؟ ئۇنداقتا سەن هازىر نېمە قىلىۋاتىسەن؟ سەن ئۇلارنى شۇلۇپ قۇرۇق ئۇستىخان قىلىپ قويدۇڭ. ئۇلار بۇ پۇللارنى يۈز رۇبلىلىق نەپىقە پۇلىدىن، جانابىي سۋىدرىگايلوفلارغا ئىشلەپ بېرىش ئۈچۈن ئالدىن ئالغان مائاشىدىن چىقارغان ! سەن ـــ بولغۇسى مىليونېر، ئۇلارنىڭ تەقدىرىنى ئىلكىڭدە تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان زېۋس[1] ئۇلارنى سۋىدرىگايلوفنىڭ ئىلكىدىن قانداق قۇتقۇزۇۋالالايسەن؟ ئۇلارنى ئافاناسىي ئىۋانوۋىچ ۋاخرۇشىننىڭ ئىلكىدىن قانداق قۇتقۇزۇۋالالايسەن؟ ئون يىلدىن كېيىنمۇ؟ لېكىن، مۇشۇ ئون

① يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى باش ئىلاھ.

يىلىدا، ئاناڭ باش ياغلىق توقۇۋېرىپ كۆزلىرىنىڭ نۇرىنى يوقىتىدۇ، تولا ياش تۆكۈپ قارىغۇ بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. ئۆزىنى يېمەك ـ ئىچمەكتىن قىسىپ، قۇرۇق قاقشال بولۇپ كېتىدۇ؛ لېكىن، سىڭلىڭچۇ؟ ئويلاپ باق، ئۇ يىلدىن كېيىن ياكى شۇ ئون يىل ئىچىدە، سىڭلىڭ قانداق بولۇپ كېتىدۇ؟ مۆلچەرلىيەلىدىڭمۇ؟»

ئۇ ئەنە شۇنداق سوئاللار بىلەن ئۆزىنى قىيىنايتتى، غىدىقلايتتى، ھەتتا شۇنىڭدىن لەززەتلىنەتتى. ئەمەلىيەتتە بۇ سوئاللار ئۇ بىردىنىلا دۇچ كېلىپ قالغان يېڭى سوئاللار ئەمەس، بەلكى ئۇزۇندىن بۇيان بار سوئاللار، جاۋاب كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان سوئاللار، ئۇزۇندىن بۇيان، مانا مۇشۇ سوئاللار ئۇنىڭ قەلبىنى خېلى بۇرۇنلا تىلىشقا باشلىغان، ئەمدى پارە ـ پارە قىلىۋەتكەنىدى. ھازىرقى دەرد ـ ئەلەمى ئۇنىڭ قەلبىدە بۇنىڭدىن خېلى بۇرۇنلا بىخلاشقا باشلىغان؛ كېيىنچە ئۇ يىغىلىۋەردى، كېڭىيىۋەردى، ئاخىر بېرىپ يېقىندا پىشىپ يېتىلدى، مەركەزلەشتى، دەھشەتلىك، بىمەنە ۋە ئاجايىپ غەيرىي مەسىلىگە ئايلىنىپ قالدى. بۇ مەسىلە ئۇنىڭ قەلبىنى ئۆرتەپ ۋە ئەقلىنى يەپ، قانداقلا بولمىسۇن ھەل قىلىشنى تەلەپ قىلاتتى. مانا ئەمدى ئانىسىدىن كەلگەن خەت ئۇنىڭغا خۇددى بېشىغا چۈشكەن چاقماقتەك تەسىر قىلدى. ئەمدى غەم ـ قايغۇغا پېتىپ، ئازاب چېكىپ ئولتۇرماي ۋە قۇرۇقتىن ـ قۇرۇق مەسىلە ئۈستىدىلا باش قاتۇرۇپ يۈرمەي، بىرەر ئىش قىلىش، دەرھال ھەرىكەتكە كېلىش، مۇمكىنقەدەر تېز ھەرىكەت قىلىش كېرەك ئىدى. قانداق قارار بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىر قارارغا كېلىش كېرەك ئىدى ياكى...

«ياكى ياشاشتىن پۈتۈنلەي ۋاز كېچىش كېرەك! ــ بىردىنىلا تەلۋىلەرچە ۋارقىرىدى ئۇ، ــ تەقدىرگە تەن بېرىپ، ھاياتىڭنى ئاخىرلاشتۇر، قەلبىڭدىكى ھەممە نىمىنى ئەبەدىي ئۇنتۇپ، ھەرىكەت قىلىش، ياشاش ۋە سۆيۈش ھوقۇقۇڭدىن ۋاز كەچ!»

«ماڭغۇدەك يولى قالماسلىقىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى چۈشىنەمسىز، مۆھتەرەم جاناب، چۈشىنەمسىز؟ — ئۇ بىردىنلا مارمېلادوفنىڭ تۈنۈگۈنكى سوئالىنى ئەسلەپ قالدى، — چۈنكى ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ ماڭىدىغان يولى بولۇشى كېرەك - دە؟»

ئۇ بىردىنلا چۆچۈپ كەتتى، چۈنكى تۈنۈگۈنلا ئۇنىڭ كاللىسىغا كەلگەن بىر خىيال كاللىسىدا يەنە غىل - پاللا پەيدا بولۇپ يوقىلىپ كەتتى، لېكىن ئۇ بۇنىڭدىن چۆچۈپ كەتمىدى. سەۋەبى ئۇ بۇ خىيالنىڭ كاللىسىدا ئەنە شۇنداق «غىل - پاللا پەيدا بولۇپ يوقىلىپ كېتىشىنى» بىلەتتى ۋە ئالدىن ھېس قىلغانىدى. ئۆزىمۇ شۇنى كۈتمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ تۈنۈگۈنلا پەيدا بولۇپ قالغان ئەمەس ئىدى. پەرقى شۇ ئىدىكى، بۇنىڭدىن بىر ئاي ئىلگىرى ھەتتا تېخى تۈنۈگۈنلا ئۇ بىر قۇرۇق خىيال ئىدى. لېكىن، ئەمدىچۇ... مانا ئەمدى ئۇ بىردىنلا قۇرۇق خىيالغا ئوخشىماي قالدى، شۇنداقلا يېڭى، دەھشەتلىك، تامامەن ناتونۇش بىر ھالەتتە پەيدا بولدى. ئۇ مانا شۇنى كۈتمىگەندە بىردىنلا ھېس قىلىپ چۆچۈپ كەتتى... بېشى قېيىپ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى.

ئۇ نېمىنىدۇر ئىزدەۋاتقاندەك ئەتراپىغا ئەلەڭلەپ قارىدى. ئۇ ئولتۇرغۇسى كېلىپ، ئورۇندۇق ئىزدىگەنىدى، شۇ چاغدا ئۇ دەرەخلىك K كوچىسىدا كېتىۋاتاتتى. ئالدى تەرەپتە يۈز قەدەمچە نېرىدىكى بىر ئورۇندۇقنى كۆرۈپ ئىلاجىنىڭ بارىچە قەدىمىنى تېزلەتتى. لېكىن، ئازراقلا مېڭىپ غەلىتە بىر ئىشقا دۇچ كەلدى - دە، پۈتۈن دىققىتى دەرھال شۇنىڭغا مەركەزلىشىپ قالدى.

ئۇ ئورۇندۇققا قاراپ كېتىۋېتىپ ئۆزىدىن يىگىرمە قەدەمچە ئالدىدا كېتىۋاتقان بىر ئايالنى كۆرۈپ قالدى. دەسلەپتە ئۇ ئالدىدىن ئۆتۈپ تۇرغان ھەرقانداق نەرسىگە دىققەت قىلمىغىنىدەك، ئۇ ئايالغىمۇ دىققەت قىلمىدى. مەسىلەن، كۆپ چاغلاردا ئۆيگە قايتقاندا ئۆزىنىڭ قايسى يوللارنى بېسىپ

ئۆتكەنلىكىنى ئەسلىيەلەيتتى. بۇ ھالەتكە ئادەتلىنىپمۇ قالغانىدى. لېكىن، ئۇنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان ھېلىقى قىز ئىنتايىن غەلىتە ئىدى. ئۇ بىرقانچە جەھەتتىن ئادەمنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلاتتى، شۇ ۋەجدىن ئۇنىڭ دىققىتى ئاستا ـ ئاستا شۇ قىزغا مەركەزلەشتى. قىزغا ئۇ دەسلەپتە غەرەزسىز، ئېرەنسىز بىر ھالەتتە قارىدى. كېيىن پۈتۈن دىققىتىنى يىغىپ ئۇنىڭغا سەپسالدى. كۆتمىگەندە ئۇنىڭدا ھېلىقى ئايالنىڭ زادى نېمىسى ئۆزىگە غەلىتە تۇيۇلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ بېقىش ئىستىكى تۇغۇلدى. ئۇ ئايال ناھايىتى ياشتەك قىلاتتى. شۇنچە ئىسسىقتا شىلەپە كىيگەنىدى، قولىدا كۈنلۈكىمۇ، پەلىيمۇ يوق ئىدى①. قوللىرىنى كۆلكىلىك بىر ھالەتتە شىلتىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇچىسىدىكى نېپىز يىپەك رەختتىن تىكىلگەن كۆڭلىكىنى غەلىتە بىر ھالەتتە كىيىپ، تۈگمىلىرىنى ئەتمىگەن، يوپكىسىنىڭ بېلىگە يېقىن بىر يېرى يىرتىلىپ، يوپكىنىڭ يىرتىلغان يېرىدە يوغانلا بىر پارچە رەخت ساڭگىلاپ قالغان، بوينىغا تاشلىۋالغان كىچىككىنە ئۈچ بۇرجەك ياغلىقى بىر تەرەپكە قىيسىيىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئېگىز ـ پەس دەسسەپ، دەلدۈگىنىپ ئاران كېتىۋاتاتتى. مانا شۇلار راسكولنىكوفنىڭ پۈتۈن دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى. ئۇ ئورۇندۇقنىڭ يېنىغا كەلگەندە ئۇ ئايال بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئايال ئورۇندۇققا يېتىپ كېلىپلا، ئۇنىڭ بىر چېتىگە ئۆزىنى تاشلىدى، ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە بېشىنى قويىدى ـ دە، كۆزىنى يۇمدى. ئوزايدىن ئۇ ھېرىپ ھالىدىن كەتكەندەك قىلاتتى. راسكولنىكوف زەن سېلىپ، شۇ ئانلا ئۇنىڭ غەرق مەست ئىكەنلىكىنى ئۇقتى. بۇ ھال كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى ۋە ئويلاندۇراتتى. راسكولنىكوف ھەتتا خاتا كۆرۈپ

① كۈنلۈك بىلەن پەلەي يۇقىرى تەبىقىگە مەنسۇپ ئاياللاردا بولۇشقا تېگىشلىك ئىككى نەرسە. شۇ ئىككى نەرسىنىڭ يوقلۇقى ئۇنىڭ تۆۋەن تەبىقىگە مەنسۇپلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ ۋە ئۇنى ھەرقانداق ئادەم بوزەك قىلالايدۇ.

قالغان ئوخشايمەن، دەپمۇ ئويلاپ قالدى. چۈنكى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تولىمۇ ياش بىر قىز تۇراتتى، ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ، ئۇنى ئون بەش - ئون ئالتە ياشلاردا دەپ مۆلچەرلەشكە بولاتتى. سېرىق چاچلىق بۇ كىچىككىنە قىزچاقنىڭ تولىمۇ چىرايلىق يۈزى قىپقىزىل قىزىرىپ كەتكەنىدى، ھەتتا ئازراق ھودۇققاندەكمۇ قىلاتتى. بۇ قىز ئۆزىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمىسە كېرەك، پۈتلىرىنى ئالماپ ئولتۇرۇۋىدى، يوشۇرۇشقا تېگىشلىك يەرلىرىمۇ ئېچىلىپ قالدى. شۇنىڭدىن ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ چوڭ كوچىدا ئىكەنلىكىنى ئانچە ھېس قىلىپ كېتەلمەيۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

راسكولنىكوف ئولتۇرمىدى، لېكىن ئۇنىڭ كەتكۈسىمۇ يوق ئىدى، پەقەت ھاڭ - تاڭ بولۇپ ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ قالدى. بۇ دەرەخلىك كوچىدا ئادەتتە ئادەم شالاڭراق ئىدى. شۇ تاپتا سائەت بىردىن ئېشىپ، ھاۋا قاتتىق ئىسسىپ كەتكەچكە، ئادەم يوق دېيەرلىك ئىدى. لېكىن، دەرەخلىك يولنىڭ ياقىسىدا ئون بەش قەدەمچە نېرىدا بىر جاناب كېلىپ توختىدى. ئۇنىڭ ئالدىراقاندەك بىر مەقسەت بىلەن قىزنىڭ يېنىغا كەلگۈسى بارلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ قىزنى يىراقتىن كۆرۈپ قېلىپ، تېز قوغلاپ كېلىۋاتقىنىدا، راسكولنىكوف پۈتلاشتى بولغاي، راسكولنىكوفقا غەزەپ بىلەن ھومىيىپ قاراپ قويدى، لېكىن ئۇ بۇنداق قارىشىنى روسكولنىكوفقا كۆرسەتمەسلىككە تىرىشتى. ئۇ قىزغا يېقىن بېرىش ئۈچۈن، بۇ لەنتى جۇلدۇر چاپان ئادەمنىڭ پاتراق كېتىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتەتتى. ھەممە ئىش چۈشىنىشلىك ئىدى. ئوتتۇز ياشلارغا كىرىپ قالغان، بەستلىك، سېمىز، يۈزى بىلەن لەۋلىرى قىپقىزىل، بىر چىمدىملا ساقال قويۇۋالغان بۇ جاناب ناھايىتى رەتلىك كىيىنگەنىدى. راسكولنىكوفنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەلدى. بىردىنلا ئۇنىڭ چىرايلىق كىيىنىۋالغان بۇ پورنى بىر مەسخىرە قىلغۇسى

كېلىپ، بىر دەملىككە قىزنى تاشلاپ، ئۇ جانابنىڭ يېنىغا باردى.

— هەي! سىزكەنسىزغۇ سۋىدرىگايلوف! سىز بۇ يەردە نېمە قىلماقچى؟ — ۋارقىرىدى ئۇ مۇشتۇمىنى چىڭ تۈگۈپ ۋە كۈلۈپ تۇرغاندەك قىلىسمۇ غەزەپ بىلەن تۈكۈرۈكىنى چاچرىتىپ.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ — سورىدى ئۇ جاناب قاپىقىنى تۈرۈپ ۋە ئۇنىڭغا تەكەببۇرلۇق ئارىلاش ھەيرانلىق بىلەن تىكىلىپ.

— يوقال، دېگىنىم.

— نېمە ھەددىڭ سېنىڭ، ھۇ لۈكچەك...

ئۇ جاناب قولىدىكى ھاسىنى كۆتۈرۈۋىدى، راسكولنىكوف بۇ بەستلىك جانابنىڭ ئۆزىگە ئوخشاشلاردىن ئىككىسىگە تاقابىل تۇرالايدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ قويماي، مۇشتۇمىنى تۈگۈپ ئۇنىڭغا ئېتىلدى. لېكىن، دەل شۇ پەيتتە، كىمدۇر بىرسى كەينىدىن كېلىپ ئۇنى چىڭ تۇتۇۋالدى. ئۇ بىر ساقچى ئىدى.

— قويۇڭلار، جانابلار، كوچىدا ئۇرۇشماڭلار. سىز نېمە قىلماقچى؟ ئۆزىڭىز كىم بولىسىز؟ — جىددىي قىياپەتتە سورىدى ساقچى راسكولنىكوفتىن ئۇنىڭ جۇل - جۇل كىيىملىرىگە كۆز سېلىپ.

راسكولنىكوف ئۇنىڭغا نەزەر سالدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن پەم - پاراسەتلىك ساقچى ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. ساقىلى بىلەن چېكىسىگە ئاق سانجىلغان بۇ ئادەمنىڭ كۆزلىرى ئۆتكۈر ئىدى.

— مەن دەل سىزنى ئىزدىمەكچىدىم، — دېدى راسكولنىكوف ئۇنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ ۋارقىراپ، — مەن ئىلگىرى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئىدىم، ئىسمىم راسكولنىكوف... بۇنى سىزمۇ ئۇقۇۋېلىڭ، — دېدى ئۇ ساقچىغا خىتاب قىلىپ، — بۇياققا كېلىڭ، مەن سىزگە بىر ئىشنى كۆرسىتەي.

ئۇ ساقچىنى قولىدىن تارتىپ ئورۇندۇقنىڭ يېنىغا

ئەكەلدى.

— ئۇنىڭغا قاراڭ، ئۇ غەرق مەست، بايا دەرەخلىك يول بىلەن مەشەگە كەلدى. ئۇنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ، ئىشقىلىپ ئۇ ھېلىقى كەسىپتىكىلەردىن ئەمەستەك قىلىدۇ، بىرەر جايدا بىرسى ئۇنى مەست قىلىپ، ئالداپ كەتكەن بولسا كېرەك... بىرىنچى قېتىم... چۈشىنىۋاتامسىز؟ ئىش تۈگىگەندىن كېيىن، مۇشۇ ھالەتتە كوچىغا چىقىرىۋەتكەن. ئۇنىڭ كۆڭلىكىگە قاراڭ، بىرسى يىرتىۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ كۆڭلىكىنى كىيىشىگە قاراڭ، ناھايىتى ئېنىق، كۆڭلەكنى ئۇ ئۆزى كىيمىگەن، باشقا بىرسى، يەنە كېلىپ كالامپاي ئەر كىيدۈرۈپ قويغان. بۇ ئېنىق، ئەمدى بۇ ياققا قاراڭ، مەن بايا ئۇرۇشماقچى بولغان ئاۋۇ قورۇق سۆلەت بەگزادىنى زادى تونۇمايمەن، بىرىنچى قېتىم كۆرۈشۈم، ئۇمۇ بۇ قىزنى ھېلىلا يولدا كۆردى. ئۇنىڭ خۇدىنى بىلمىگۈدەك دەرىجىدە مەستلىكىنى كۆرۈپ، پېيىگە چۈشتى. ئۇنى قولغا چۈشۈرۈپ، مۇشۇ ھالەتتىكى چېغىدا بىرەر جايغا ئەكەتمەكچى. چوقۇم شۇنداق. مېنىڭ قىياسىم خاتا ئەمەس. مەن ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئەلەڭلەپ قاراپ، بۇ قىزغا ئەگىشىپ كەلگەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. مەن پۈتلاشقاچقا، ئۇ بۇ قىزغا قول سالالمىدى. شۇڭا ئۇ شۇ تاپتا مېنىڭ كېتىشىمنى ساقلاپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئەنە قاراڭ، ئۇ سەل نېرىغىراق بېرىپ، تاماكا يۆگىگەن بولۇپ تۇرىدۇ... قانداق قىلساق ئۇنى توسۇپ قالالايمىز؟ قانداق قىلساق بۇ قىزنى ئۆيىگە كەتكۈزۈۋېتەلەيمىز؟ ئويلاپ بېقىڭچۇ!

ساقچى دەرھاللا ھەممىنى چۈشەندى. ھەممىنى ئۇقتى. ھېلىقى سېمىز جانابنىڭ نىيىتى ئەلۋەتتە ئېنىق ئىدى. قىزنىڭ ئىشلا قالغانىدى. ساقچى قىزنى يېقىندىن ئېنىقراق كۆرۈپ بېقىشى ئۈچۈن، ئېڭىشىپ ئۇنىڭغا قارىدى ۋە ئۇنىڭ چىرايىدا ھەقىقىي ئېچىنىش ئالامىتى پەيدا بولدى.

— ھەي، بىچارە ! — دېدى ئۇ بېشىنى چايقاپ، — گۆدەك بالا ئىكەنغۇ تېخى ! بىچارىنى بىرسى ئالداپتۇ - دە، ماڭا قارىڭا، ھەي قىز، — دېدى ئۇ قىزنى چاقىرىپ، — ئۆيىڭىز نەدە؟

قىز ھارغىن ۋە ئۇيقۇلۇق ھالەتتە كۆزلىرىنى ئېچىپ، ئۆزىنى چاقىرىۋاتقان ئادەمگە ھېچنېمىنى ئاڭقىرمايلا قاراپ قويدى - دە، قولىنى شىلتىدى.

— ماڭا قاراڭ، — دېدى راسكولنىكوف، — مانا، — ئۇ يانچۇقىغا قولىنى سېلىپ كولاشتۇرۇپ، يىگىرمە كوپېيكنى ئاخىر تاپتى، — بۇنى ئېلىڭ. بىرەر پەيتون ياللاپ، ئۇنى ئۆيىگە ماڭدۇرۇۋېتىڭ. لېكىن، ئاۋۋال ئۇنىڭ نەدە تۇرىدىغانلىقىنى بىلسەك بولاتتى !

— قىزچاق، ھەي قىزچاق ! — ساقچى پۇلنى ئېلىپ، قىزنى يەنە تورلىدى، — مەن پەيتون تېپىپ كېلىپ، سىزنى ئۆيىڭىزگە ئاپىرىپ قوياي. قېنى ئېيتىڭە، نەگە ئاپىرىمەن - ھە ! ئۆيىڭىز نەدە؟

— ماڭە نېرى !... كاندەك چاپلىشىۋالىدىكەنغۇ ئادەمگە ! — غودۇڭشىدى قىز يەنە قولىنى شىلتىپ.

— ھەي، ھەي، ياخشى ئەمەس، قىزچاق، ياخشى ئەمەس ! نېمە دېگەن سەتچىلىك بۇ، ئۇيات ئەمەسمۇ ! — دېدى ساقچى ئېچىنىش ئارىلاش ئاچچىق بىلەن قىزنى ئەيىبلەپ ۋە بېشىنى چايقاپ، — بۇنى قارىمامدىغان، — ئۇ ئەمدى راسكولنىكوفقا خىتاب قىلىپ ھەمدە راسكولنىكوفقا تېزلا باشتىن - ئاياغ سەپسېلىپ چىقتى. راسكولنىكوف ئۇنىڭغا تولىمۇ غەلىتە ئادەمدەك تۇيۇلدى. «تۇۋا، كىيگىنى جۇل - جۇل كىيىم، شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە خەققە پۇل بېرىۋاتىدۇ دېسە !»

— سىز ئۇنى بۇ يەردىن خېلى يىراقتا ئۇچراتتىڭىزمۇ؟ — سورىدى ساقچى.

— مەن سىزگە دېدىمغۇ، ئۇ مېنىڭ ئالدىمدا دەلدەڭشىپ مېڭىپ كېتىۋاتقان، مانا مۇشۇ يەردە، دەرەخلىك يولدا، مۇشۇ

ئورۇندۇقتا كېلىپلا، ئۆزىنى تاشلىدى.

— يا رەببىم! ھېچقانداق شەرم - ھايا قالمىدىغۇ بۇ دۇنيادا! شۇنداق مەسۇم بىر قىزنىڭ مەست بولۇپ ياتقىنىنى قارىمامدىغان! ھەق گەپ، ئۇنى بىرسى ئالداپتۇ! ئەنە قاراڭ، كۆڭلەكلىرىنىمۇ يىرتىۋېتىپتۇ... ھەي، بۇ ئاي بۇ كۇنلەردە مۇشۇنداق ھاياسىز ئىشلار كۆپىيىپ كەتتى!... تۇزۇككىنە ئادەملەرنىڭ بالىسىدۇ بەلكىم ياكى كەمبەغەل بولسا كېرەك... يېقىندىن بۇيان مۇشۇنداق ئىشلار كۆپىيىپ كەتتى. چىرايى خۇددى خان قىزلارنىڭكىدەك ئاپپاق ئىكەن! — ئۇ قىزغا يەنە ئېگىلىپ قارىدى.

ئېھتىمال ئۇنىڭمۇ مۇشۇنداق «چىرايى خان قىزلارنىڭكىدەك ئاپپاق»، يۇرۇش - تۇرۇشى نازاكەتلىك، ئىلاجىنىڭ بارىچە مودا قوغلىشىدىغان قىزلىرى بولسا كېرەك...

— ئەڭ مۇھىمى، — دېدى راسكولنىكوف قاتتىق بىئارام بولۇپ، — بۇ قىز ئاۋۇ لوكچەكنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتمىسۇن! ئۇنىڭ بۇ قىزنى ئەخمەق قىلىدىغان نىمە ھەققى! ئۇنىڭ نىمە قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقى ئېنىقلا، قاراڭ، ئۇ ھايۋاننىڭ تېخىچە كەتمەي تۇرغىنىنى!

راسكولنىكوف ھېلىقى جانابنى قولى بىلەن كۆرسىتىپ، ۋارقىراپ گەپ قىلىغانىدى. ئۇ ئاڭلاپ يەنە ئاچچىقلانغاندەك قىلدى. لېكىن، شۇ ئانلا نىيىتىدىن يېنىپ، راسكولنىكوفقا مەنسىتمەسلىك بىلەن قويدى - دە، ئاستا - ئاستا ئون قەدەمچە مېڭىپ، يەنە توختىدى.

— ئۇنىڭ قولىغىغۇ چۈشۈرۈپ قويمايمىز دەڭە، — دېدى ساقچى چوڭقۇر ئويلىنىپ، — لېكىن، بۇ قىز نەگە ئاپىرىپ قويىدىغانلىقىمىزنى دېسە بولاتتى. بولمىسا... قىزچاق، ھەي قىزچاق! — ئۇ يەنە قىزغا ئېگىلدى.

قىز بىردىنلا كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، ئۇنىڭغا زەن سېلىپ قارىدى، نىمە ئىشلىقىنى چۈشەنگەندەك ئورنىدىن تۇردى - دە،

بايا ئۆزى كەلگەن تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

— تۇفى، يۈزى قىلىن، ئەجەبمۇ چاپلىشۋالىدىكەنغۇ ئادەمگە! — دېدى ئۇ يەنە قولىنى شىلتىپ. قىز ناھايىتى تېز، لېكىن يەنىلا بايىقىدەك دەلدەڭشىپ ماڭدى. قوروق سۆلەت بايۋەچچە دەرەخلىك يولنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە ئۆتۈپ، قىزدىن كۆزىنى ئۈزمەي، ئۇنى سوڭدىشىپ ماڭدى.

— خاتىرجەم بولۇڭ، ھەرگىز ئۇنىڭ قولىغا تاشلاپ بەرمەيمەن، — دېدى ساقاللىق ساقچى قەتئىي قىلىپ، ئۇ ئىككىسىنىڭ كەينىدىن ماڭدى، — ھەي، يېقىندىن بۇيان شەرم ـ ھايا قالمىدىغۇ ئادەملەردە! — دېدى ئۇ خورسىنىپ، ئاۋازىنى چىقىرىپ تەكرارلاپ.

دەل شۇ چاغدا، راسكولنىكوفنى نېمىدۇر بىرنېمە چېقىۋالغاندەك بولدى. بىردەمدىلا ئۇ قانداقتۇر بىر ئەنسىزلىكنى سەزگەندەك قىلدى.

— ھەي، ماڭا قارىڭا! — ساقاللىق ساقچىنىڭ كەينىدىن توۋلىدى ئۇ.

ساقچى كەينىگە بۇرالدى.

— بولدىلا! ئۇنىڭ بىلەن نېمە كارىڭىز؟ بولدى قىلىڭ. مەيلى ئۇ خۇمارىدىن چىقىۋالسۇن، — ئۇ ھېلىقى قوروق سۆلەت بەگزادىنى كۆرسەتتى، — بۇنىڭ سىز بىلەن نېمە ئالاقىسى؟

ساقچى ئۇنىڭ گېپىنى چۈشەنمەي ئۇنىڭغا چەكچىيىپ قاراپلا قالدى. راسكولنىكوف كۈلۈپ كەتتى.

— ھەي ـ ي! — ساقچى راسكولنىكوفنى ساراڭ ياكى ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەررەك بىر ئادەم دەپ ئويلىدى بولغاي، قولىنى شىلتىدى ـ دە، قوروق سۆلەت بەگزادە بىلەن قىزنىڭ كەينىدىن كەتتى.

— يىگىرمە كوپىيىك پۇلۇمنى ئېلىپ كەتتى، — غەزەپ بىلەن غۇدۇرىدى راسكولنىكوف ئۆزى يالغۇز قېلىپ، — ھە مەيلى، ئۇ ئۇنىڭدىنمۇ ئازراق پۇل ئۇندۇرۇۋېلىپ، قىزنى ئۇنىڭغا

تاشلاپ بەرسۇن. بۇ ئىش شۇنىڭ بىلەن تۈگىسۇن. مەن نېمىدەپ قىلمىنلىق قىلىپ ئۇنىڭغا ياردەم بېرىپ يۈرگەندىمەن؟ نېمە سالاھىيەت بىلەن ئۇنىڭغا ياردەم بەردىم. مېنى دېسە، بىر ـ بىرىنى تىرىكلا يەۋېتەمدۇ، بۇنىڭ مەن بىلەن نېمە ئالاقىسى؟ توۋا، يىگىرمە كوپېيكنى نېمىدەپ ئۇنىڭغا بېرىۋەتتىم؟ ئۇ پۇل راستىلا مېنىڭمىدى؟

شۇنداق غەلىتە گەپلەرنى دېگىنى بىلەن، راسكولنىكوفنىڭ كۆڭلى بەك يېرىم بولدى. ئۇ بوش ئورۇندۇققا ئولتۇردى. پىكرى چېچىلىپ كەتتى... شۇ تاپتا ئۇنىڭغا ھەرقانداق بىر ئىشنى ئويلاش بەك ئازابلىقتەك تۇيۇلاتتى. ئۇ شىرىن ئۇيقۇغا كېتىپ، ھەممىنى بىراق ئۇنتۇشنى، ئاندىن ئويغىنىپ، ھەممىنى يېڭىباشتىن باشلاشنى ئۈمىد قىلاتتى...

— بىچارە قىز ! — دېدى ئۇ ئورۇندۇقنىڭ بوش تۇرغان بۇرجىكىگە قاراپ، — ھوشىغا كەلگەندە قاتتىق يىغلايدۇ. كېيىن ئانىسى ئۇقىدۇ، باشتا قاتتىق دۇمبالايدۇ، ئاندىن قامچا بىلەن تازا سالىدۇ، رەسۋا قىلىپ، قوغلاپ چىقىرىشىمۇ مۇمكىن... قوغلاپ چىقارمىغاندىمۇ، دارىيە فرانسوۋناغا ئوخشاشلار بەرىبىر چەت ياقىسىنى ئاڭلاپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قىز كوچىغىلا چىقىپ قالىدۇ... ئارقىدىن دوختۇرخانىغا بارىدۇ① (توغرا يول تۇتقان، ئەمما ئانىسى بىللە تۇرىدىغان، ئۇلاردىن يوشۇرۇنچە ئوينايدىغان قىزلار كۆپىنچە شۇنداق بولىدۇ). كېيىن... يەنە دوختۇرخانىغا بارىدۇ... ھاراق ئىچىدۇ... مەيخانىلارغا كىرىدۇ... يەنە دوختۇرخانىغا بارىدۇ... ئىككى ـ ئۈچ يىلدىن كېيىن كېرەكتىن چىقىدۇ. شۇ چاغدا ئۇ ناھايىتى ئون سەككىز ـ ئون توققۇز ياشلارغا كىرىدۇ... ئەجەبا، مەن بۇنداق قىزلارنى ئاز كۆردۈممۇ؟ ئۇلار قانداق قىلىپ شۇ ھالغا

① بۇ يەردە جىنسىي كېسەللىكنى داۋالىتىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ، مەلۇماتلارغا قارىغاندا، 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا رۇسىيەنىڭ ياۋروپا قىسمىدا جىنسىي كېسەللىكلەر بىلەن ئاغرىغانلار ئالتە يۈز توقسان ئۈچ مىڭ كىشىگە يەتكەن.

چۈشۈپ قېلىۋاتىدۇ؟ مانا مۇشۇنداق قىلىپ بولىمادۇ... تۇفى! نېمە قىلىشسا قىلىشىمادۇ! ئىپىتىشلارغا قارىغاندا، بۇ بىر مۇقەررەرلىكمىش. ئىپىتىشلارغا قارىغاندا ھەر يىلى قىزلارنىڭ بىرنەچچە پىرسەنتى شۇ يولغا... شۇ يولغا كىرىپ قالغۇدەك.①
ئالۋاستىنىڭ قوينىغا كىرىپ كەتكۈدەك، بەلكىم خەقلەرنىڭ كۆڭلىنى ئېچىش ئۈچۈن، ئۇلارغا دەخلى قىلماسلىق ئۈچۈن شۇنداق قىلىدىغاندۇ. بىرنەچچە پىرسەنتى! ئىشلەتكەن سۆزىنىڭ چىرايلىقلىقىنى! نەقەدەر ئارامبەخش، نەقەدەر ئىلمىي سۆز — ھە... «بىرنەچچە پىرسەنت» دېگەنگە ھېچكىم ئەنسىرەپ كەتمەيدۇ. ناۋادا ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىر سۆزنى ئىشلەتكەن بولسا... بەلكىم ئادەمنى بىرئاز بىئارام قىلىشى مۇمكىن... لېكىن، ئەگەر دونېچكامۇ شۇ بىرنەچچە پىرسەنتنىڭ ئىچىگە كىرىپ قالسىچۇ، ئۇ چاغدا قانداق قىلغۇلۇق؟... بۇ بىرنەچچە پىرسەنتنىڭ ئىچىگە كىرمىگەندىمۇ، بۆلەك بىرنەچچە پىرسەنتنىڭ ئىچىگە كىرىپ قالسىچۇ؟

«مەن زادى نەگە كېتىۋاتىمەن؟ — بىردىنلا ئويلاپ قالدى ئۇ، — قىزىق. مەن زادى نېمە ئىش بىلەن چىقتىم؟ خەتنى ئوقۇپ بولۇپلا چىقىپ كېتىۋىدىم... ھە، راست، ۋاسىلىيېف ئارىلىغا، رازۇمىخىننىڭ قېشىغا ماڭغان، ھازىر... راست شۇ يەرگە كېتىۋاتقان، ئەمدى ئېسىمگە كەلدى. لېكىن، نېمە ئىش بىلەن كېتىۋاتقان بولغىيدىم؟ رازۇمىخىننىڭ قېشىغا بېرىش نېمە ئۈچۈن شۇ تاپتا ئېسىمگە كېلىپ قالدىكىنە؟ قىزىق.»

ئۇ ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىگە ھەيران قالدى. رازۇمىخىن ئۇنىڭ ئالىي مەكتەپتىكى ساۋاقدىشى ئىدى. شۇنىسى قىزىق ئىدىكى، راسكولنىكوفنىڭ ئالىي مەكتەپتە ھېچقانداق دوستى يوق ئىدى. ئۇ ھەممىلا ئادەمدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرەتتى. ھېچكىمنىڭ ئۆيىگە بارمايتتى. باشقىلارنىڭ ئۆزىنى يوقلىشىنىمۇ

① بۇ يەردە دوستويېۋسكىي بېلگىيەلىك ئىستاتىستىكاشۇناس ۋە ماتېماتىك كېتلى (1796 — 1874) نىڭ نەزەرىيەسىنى كۆزدە تۇتىدۇ.

خالىمايتتى. شۇ ۋەجدىن، پاتلا ئۇنى ھېچكىم ئىزدىمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ يىغىلىشلارغا، پاراڭلارغا ياكى ئويۇن ـ تاماشىغا زادىلا قاتناشمايتتى. ئۇ جان تىكىپ دەرس ئوقۇيتتى. شۇڭا، باشقىلار ئۇنى ھۆرمەت قىلغىنى بىلەن ھېچكىم ياخشى كۆرمەيتتى. ئۇ ئىنتايىن كەمبەغەل ئىدى. لېكىن، ھېچكىمنى كۆزگە ئىلمايتتى. كىشىلەر بىلەن باردى ـ كەلدى قىلماي، گويا نېمىنىدۇر يوشۇرۇۋاتقاندەك يۈرەتتى. بەزى ساۋاقداشلىرىنىڭ قارىشىچە، ئۇ ھەممىلا ئادەمنى كىچىك بالا چاغلاپ، كۆزگە ئىلمايتتى، ئۇ مەلۇمات، بىلىم ۋە ئېتىقاد جەھەتتە، ئۆزىنى باشقىلاردىن ئۈستۈن قويۇپ، ئۇلارنىڭ ئېتىقادىنى ۋە قىزىقىشىنى پەس كۆرىدىغاندەك قىلاتتى.

نېمە ئۈچۈندۇر ئۇ رازۇمىخىن بىلەن ئوبدان چىقىشاتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇنى چىقىشىش دېگىلىمۇ بولمايتتى. ناھايىتى ئۇنىڭ بىلەن ئېىقى كېلىشەتتى. ئوچۇق ـ يورۇقراق پاراڭلىشالايتتى. لېكىن، رازۇمىخىن بىلەن باشقىچە مۇناسىۋەت قىلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى، رازۇمىخىن ئالاھىدە خۇشخۇي، ئالاھىدە گەپتان يىگىت ئىدى. ئۇ ئاق كۆڭۈللۈكتە ساددىلىق دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەنىدى، شۇنداقلا ئۇنىڭ بۇنداق ساددىلىقى تېگىگە ئۆتكۈرلۈك ۋە ئالىيجانابلىق يوشۇرۇنغانىدى. بۇنى ئۇنىڭ يېقىنراق ئۆتىدىغان ساۋاقداشلىرىنىڭ ھەممىسى بىلەتتى، ئۇنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ بەزىدە راستىلا ساددىلىق قىلسىمۇ، ناھايىتى چاققان ئىدى. تاشقى قىياپىتى ئادەمنى ئۆزىگە ئالاھىدە جەلپ قىلاتتى ــ بويى ئېگىز، ئۆزى ئورۇق، چاچلىرى قاپقارا ئىدى، ساقىلىنى دائىم چالا قىرىپ يۈرەتتى، ئۇ بەزىدە توپىلاڭ چىقىرىپمۇ قوياتتى ھەمدە كۈچتۈڭگۈرلۈكى بىلەن مەشھۇر ئىدى. بىر كۈنى كېچىدە ئۇ ساۋاقداشلىرى بىلەن بىللە كېلىۋېتىپ، بويى ئىككى مېتىرچە كېلىدىغان بىر ساقچىنى بىر مۇشت بىلەنلا موللاق ئاتقۇزۇۋەتكەنىدى. ھاراقنى بىر بولسا ھېسابسىز جىق ئىچەتتى، بىر بولسا بىر يۇتۇم

ئىچمەيمۇ يۈرىۋېرەتتى. بەزىدە شوخلۇقنى چەكتىن ئاشۇرۇۋېتەتتى، بەزىدە قىلچە شوخلۇق قىلمايمۇ يۈرىۋېرەتتى. رازۇمىخىننىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇ ئىدىكى، ھەرقانداق مەغلۇبىيەت ئۇنىڭ روھىنى چۈشۈرەلمەيتتى. ھەرقانداق ئېغىرچىلىق ئۇنى ئېزىۋېتەلمەيتتى. ئۇ ئۆينىڭ ئۆگزىسىدىمۇ يېتىۋېرەتتى. چىدىغۇسىز سوغۇققىمۇ، دەھشەتلىك ئاچلىققىمۇ چىدىيالايتتى. ئۇ ئىنتايىن كەمبەغەل ئىدى. پۈتۈنلەي ئۆز كۈچىگە تايىنىپ، ئۇدۇل كەلگەن ئىشنى قىلىپ تاپقان پۇلى بىلەن جېنىنى بېقىپ كېتىۋېرەتتى. ئۇ پۇل تېپىشنىڭ مىڭ خىل يولىنى بىلەتتى. بىر يىلى ئۇ ھۇجرىسىغا پۈتۈن بىر قىش ئوت ياقمىدى، شۇنداقتىمۇ ئۇ مۇشۇنداق بولغىنى تۈزۈككەن، چۈنكى سوغۇقتا ياخشىراق ئۇخلايدىكەنمەن، دېگەنىدى. ھازىر ئۇمۇ نائىلاج ئوقۇشتىن توختاپ قالغانىدى. لېكىن، ئۇنىڭ ئوقۇشتىن توختاش ۋاقتى ئانچە ئۇزۇنغا بارماسلىقى مۇمكىن ئىدى. چۈنكى، ئۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن مۇھىتنى ياخشىلاشقا تىرىشىپ، ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋاتاتتى. راسكولنىكوفنىڭ ئۇنىڭ قېشىغا بارمىغىنىغا تۆت ئاي بولغانىدى. رازۇمىخىن راسكولنىكوفنىڭ نەدە تۇرىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. بۇنىڭدىن ئىككى ئايچە ئىلگىرى ئۇلار كوچىدا ئۇچرىشىپ قېلىشىۋىدى، راسكولنىكوف ئۇنى كۆرۈپ قالمىسۇن دەپ تەتۈر قارىۋالدى، ھەتتا كوچىنىڭ نېرىقى تەرىپىگە ئۆتۈۋالدى. رازۇمىخىن ئۇنى كۆرگەن بولسىمۇ، دوستىنى ئاۋارە قىلغۇسى كەلمەي، ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى.

## 5

«ھە راست، مەن تېخى يېقىندىلا ئوقۇتۇش ئىشى بولامدۇ ياكى

باشقا ئىش بولامدۇ، ئىشقىلىپ ماڭا ئىش تېپىپ بېرىشنى سورىغىلى رازۇمىخىننىڭكىگە بارماقچى بولۇۋىدىم، — ئويلىدى راسكولنىكوف، — لېكىن، ئەمدى بولغاندا ئۇ ماڭا قانداق ياردەم قىلالايدۇ؟ مەسىلەن، ئۇ ماڭا ئوقۇتۇش ئىشىنى تېپىپ بەردى، ھەتتا ئۆزىنىڭ بار - يوق بىر كوپېيىك پۇلىنى (ئەگەر ئۇنىڭدا بىر كوپېيىك بولسا) ماڭا بېرىپ تۇردى دەيلى، بىر جۈپ ئۆتۈك سېتىۋېلىشىمغا، دەرس بەرگىلى بېرىش ئۈچۈن كىيىملىرىمنى ئوڭشىۋېلىشىمغا مۇمكىن بولدىمۇ دەيلى... ھىم... خوش، ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟ مەن ئۇنچىلىك پۇل بىلەن نېمىمۇ قىلالايمەن؟ شۇ تاپتا ماڭا زۆرۈر بولۇۋاتقىنى شۇلىمۇ؟ قىزىق، مېنىڭ رازۇمىخىننىڭ قېشىغا كېتىۋاتقىنىم بەكمۇ كۈلكىلىكقۇ؟»

مەن نېمە ئۈچۈن رازۇمىخىننىڭ قېشىغا كېتىۋاتىمەن، دېگەن سوئال ئۇنى ھەتتا ئۆزى ئويلىغىنىدىنمۇ بەكرەك ئەندىشىگە سېلىپ قويدى. ئۇ تولىمۇ ئاددىيدەك كۆرۈنگەن بۇ قىلمىشىدىن غەم - غۇسسە ئىچىدە ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك خەۋپ - خەتەرنىڭ ئالامەتلىرىنى ئىزدىمەكتە ئىدى.

«ئەجەبا مەن ھەممە ئىشىمنى رازۇمىخىن ھەل قىلىپ بېرىدۇ، جىمىكى دەردىمگە رازۇمىخىن داۋا تېپىپ بېرىدۇ، دەپ ئويلىۋېدىممىكىنە؟» ئۆزىگە ئۆزى سوئال قويدى ئۇ ھەيران بولۇپ.

ئۇ ئۇيان ئويلاپ - بۇيان ئويلاپ پېشانىسىنى سىلىدى. شۇنىسى قىزىقكى، ئۇزاق ئويلىغىنىدىن كېيىن، ئۇنىڭ كاللىسىغا بىر تۇرۇپ ئۆزلۈكىدىن كەلگەندەك، بىر تۇرۇپ تاسادىپىي كېلىپ قالغاندەك، ئىنتايىن غەلىتە بىر ئوي كەلدى.

«توغرا... رازۇمىخىننىڭكىگە باراي، — دېدى بىردىنلا ئىنتايىن خاتىرجەملىك بىلەن گويا ئاخىرقى قارارغا كېلىپ بولغاندەك، — رازۇمىخىننىڭكىگە ئەلۋەتتە بېرىشىم كېرەك... لېكىن ھازىر ئەمەس... ھېلىقى ئىشنى قىلىپ بولۇپ ئەتىسى

باراي... ئۇ چاغدا، ھېلىقى ئىشمۇ ئاياغلىشىدۇ. ھەممە ئىش باشقىچە بولۇپ كېتىدۇ...

ئۇ بىردىنلا ھوشىنى يىغىۋالدى.

— ھېلىقى ئىشنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، — ۋارقىرىۋەتتى ئۇ ئورۇندۇقتىن چاچراپ تۇرۇپ، — لېكىن ئۇ ئىش راست ئىشقا ئاشارمۇ؟ راستلا ئىشقا ئاشارمۇ؟ — دېدى ئۇ ئورۇندۇقنى تاشلاپ، خۇددى يۇگۇرگەندەكلا ئىتتىك - ئىتتىك ماڭدى. ئۇ ئۆيگە قايتماقچىدى. لېكىن، قايتىش خىيالىغا كېلىشىگە ئۇ بىردىنلا يىرگىنىپ كەتتى. شۇلارنىڭ ھەممىسى نەق ئاشۇ جايدا، ئادەمنىڭ قورققۇسى كەلگۈدەك، كىچىككىنە كىيىم ئىشكاپىدا پىشۇرۇلغانىدى، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ پىشىپ بولغىنىغا بىر ئايدىن ئاشقانىدى. شۇڭا، ئۇ ئالدىغا قاراپ ئۇدۇل مېڭىۋەردى.

ئۇ نېرۋىلىرى قاقشاپ خۇددى تەپ بولۇپ قالغاندەك تىترەشكە باشلىدى. ھاۋانىڭ شۇنچە ئىسسىقلىقىغا قارىماي، ئۆزىنى توڭلىغاندەك سەزدى. ئۇ قانداقتۇر تەبىئىي ئىچكى زۆرۈرىيەت ۋەجىدىن كۆز ئالدىدىكى نەرسىلەرگە زورۇقۇپ زەن سېلىشقا باشلىدى. ئۇ ئۆزىنى ئېغىر خىيالدىن قۇتۇلدۇرماقچى، لېكىن ئۇنىڭغا مۇۋەپپەق بولالمايتتى. ئەكسىچە، ھېلىدىن - ھېلىغا چوڭقۇر خىيالغا چۆكۈپ قالاتتى. كېيىن يەنە بىر قېتىم سەسكىنىپ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپىغا قارىغاندا، بايا نېمىلەرنى ئويلىغانلىقىنى، ھەتتا ھازىرلا قايسى كوچىدا ماڭغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالاتتى. ئۇ ئەنە شۇنداق ھالەتتە، پۈتۈن ۋاسىلېيېف ئارىلىنى بېسىپ ئۆتۈپ كىچىك نېۋاغا كەلدى، كۆۋرۈكتىن ئۆتتى، ئاندىن بۇرۇلۇپ باشقا ئاراللارغا① قاراپ ماڭدى. دەسلەپتە، ياپيېشىللىق ۋە جانلىق مەنزىرە ئۇنىڭ شەھەرنىڭ چاڭ - توزانلىرىغا، ھاكقا ۋە بىر - بىرىگە تاقاپ سېلىنغاچقا، ئادەمنىڭ دىمىنى سىقىۋېتىدىغان ئېگىز - ئېگىز بىنالارغا

① پېتېربۇرگتىكى نېۋا دەرياسىدا ئاراللار ناھايىتى كۆپ.

كۆنۈپ قالغان ھارغىن كۆزلىرىگە ئارام بەرگەندەك قىلدى. بۇ يەردە تىنچىق ئىسسىقمۇ، سىپسىق پۇراقلارمۇ، كىچىك قاۋاقخانىلارمۇ يوق ئىدى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، مۇنداق يېڭىلىق ۋە ئارامبەخش ھېسسىيات يوقىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى يەنە كېسەللىك ھالىتىدىكى ھاياجان ئىگىلىدى. بەزىدە ئۇ يېشىللىققا پۈركەنگەن، ئوبدان رېمونت قىلىنغان باغلارنىڭ ئالدىدا توختاپ، رېشاتكىدىن ئىچكىرىگە قاراپ يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان بالكونلار بىلەن پېشايۋانلاردىكى چىرايلىق ياسىنىۋالغان ئاياللار ۋە باغدا ئويۇن - بويان يۈگۈرۈپ يۈرگەن باللارنى تاماشا قىلاتتى. ئۇ بولۇپمۇ گۈللەرگە ئالاھىدە قىزىقىپ قارايتتى ۋە ئۇزاققىچە تىكىلىپ تۇرۇپ قالاتتى. بەزىدە ئۇ ھەشەمەتلىك پەيتونلار بىلەن ئاتلىق ئەر - ئاياللارنى ئۇچرىتىپ، ئۇلارغا قىزىقىش بىلەن تاكى ئۆتۈپ كەتكۈچە قاراپ قالاتتى. لېكىن، ئۇلار كۆز ئالدىدىن غايىب بولا - بولمايلا ئۇلارنى ئۇنتۇپ قالاتتى. يەنە بىر قېتىم، ئۇ توختاپ پۇللىرىنى سانىدى. ئۇنىڭ ئوتتۇز كوپېيكچە پۇلى قالغانىدى، «ساقچىغا يىگىرمە كوپېيك بەردىم. خەقنىڭ ھەققى ئۈچۈن ناستاسىيەگە ئۈچ كوپېيك بەردىم. دېمەك، تۈنۈگۈن مارمېلادوفلارغا قىرىق يەتتە ياكى ئەللىك كوپېيك بېرىپتىمەن، ـــ دەپ ئويلىدى ئۇ نېمىشقىدۇر ھېسابات قىلىپ. لېكىن، ئۇ پۇللىرىنى نېمىدەپ يانچۇقىدىن ئالغانلىقىنى شۇ ئانلا ئۇنتۇپ قالدى. پەقەت ئاشخانىغا ئوخشاپراق كېتىدىغان بىر يېمەكلىكلەر دۇكىنىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە، ئاندىن ئۇنى ئېسىگە ئېلىپ، قورسىقى ئاچقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ دۇكانغا كىرىپ بىر رومكا ۋوتكا ئىچتى. ئىچىگە نېمىدۇر سېلىنغان قىيمىلىق توقاچتىن بىرنى يېدى. قىيمىلىق توقاچنى ئۇ تالاغا چىققاندا ئاندىن يەپ بولدى. ئۇنىڭ ۋوتكا ئىچمىگىلى باقمىغىنىغا خېلى ئۇزاق بولغاچقا، ئۇ ئىچكەن بار - يوق بىرلا رومكا ۋوتكا ئۇنى دەرھاللا تۇتتى، ئۇنىڭ پۇتلىرى بىردىنلا ئېغىرلىشىپ، قاتتىق ئۇيقۇسى كەلدى. ئۇ ئۆيىگە قاراپ

ماڭدى، لېكىن پېتېروۋ ئارىلىغا كەلگەندە، پۈتۈنلەي ماغدۇرىدىن كېتىپ توختاپ قالدى. ئاندىن يولدىن چىقىپ چاتقاللارنىڭ ئارىسىغا كىردى ـ دە، چىملىقنىڭ ئۈستىگىلا ئۆزىنى تاشلاپ، ئۇيقۇغا كەتتى.

ئادەملەر كېسەللىك ھالىتىدە يۇرگەن چاغلىرىدا، چۈشى كۆپىنچە ئادەتتىن تاشقىرى روشەن، ئېنىق بولىدۇ، ئۇ ئۆڭىدىكىگە بەكمۇ ئوخشاپ كېتىدۇ. بەزىدە شۇنداق ئالاھىدە چۈشلەرنىمۇ كۆرىدۇ. بۇنداق چاغدا ئەتراپتىكى مۇھىت ۋە چۈشنىڭ پۈتۈن جەريانى رېئاللىقتا پۈتۈنلەي ماس، چۈشتە ئايان بولغان ئىشلار شۇ قەدەر تەپسىلىي، شۇ قەدەر تاسادىپىي، پۈتكۈل چۈش بەدىئىي جەھەتتە شۇ قەدەر ماسلاشقان بولىدۇكى، ھەتتا چۈش كۆرگۈچى خۇددى پۇشكىندەك ياكى تۇرگېنېفتەك سەنئەتكار بولغان تەقدىردىمۇ، ئويغاق ۋاقتىدا ئۇنى ھەرگىزمۇ توقۇپ چىقالمايدۇ. كېسەللىك ھالىتىدە كۆرگەن بۇنداق چۈشلەر كۆپىنچە ئۇزاققىچە ئۇنتۇلمايدۇ. يەنە كېلىپ پىكىر خىيالى قالايمىقانلىشىپ ۋە ھاياجانلىنىپ تۇرغان ئادەمگە قاتتىق تەسىر قىلىدۇ.

راسكولنىكوف دەھشەتلىك بىر چۈش كۆردى. ئۇ چۈشىدە بالىلىق چاغلىرىنى، ئۆزلىرى تۇرغان كىچىككىنە شەھەرنى كۆردى. ئۇنىڭ يەتتە ياشلىق ۋاقتىمىش، بىر بايرام كۈنى كەچقۇرۇن ئۇ دادىسى بىلەن بىللە سەيلە قىلغىلى چىقىپتۇدەك. ھاۋا تۇتۇق ۋە دىمىق ئىكەن (ئۇ جايلار ئۇنىڭ ئېسىدە قالغان جايلارغا تامامەن ئوخشايتتى، ھەتتا ئېسىدە قالغانلىرىدىنمۇ بەكرەك ئېنىق ۋە روشەن ئىدى. يېپىپ تۇرغۇدەك ھېچنېمە بولمىغاچقا، بۇ كىچىككىنە شەھەر خۇددى ئالىقاندا تۇرغاندەكلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى؛ ئەتراپىدا بىرەر تۈپ سۆگەتمۇ يوق، پەقەت تولىمۇ يىراقتا كىچىككىنە ئورمان قارىيىپ كۆرۈنەتتى. شەھەرنىڭ ئەڭ چېتىدىكى كۆكتاتلىقتىن بىرنەچچە قەدەم نېرىدا، بىر قاۋاقخانا ــ تۆۋەن دەرىجىلىك چوڭ قاۋاقخانا بار

ئىدى. ئۇ دادىسى بىلەن سەيلە قىلىپ ئاشۇ قاۋاقخانىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەن چاغلىرىدا، ھەمىشە ئۇنىڭ يۈرىكى سىقىلىپ كېتەتتى، ھەتتا ئۇ ۋەھىمىگە چۈشۈپ قالاتتى. بۇ جاي دائىم دېگۈدەك ئادەمگە لىق تولغان بولاتتى. ئۇنىڭدىن ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلىشقان، قاقاھلىغان كۈلكە ۋە تىللاشقان ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى. كىملەردۇر بوغۇق ئاۋازدا ئاجايىپ ـ غارايىپ ئاھاڭلاردىكى ناخشىلارنى ئېيتىشاتتى. ئادەملەر دائىم بىر ـ بىرى بىلەن مۇشتلىشاتتى. مەستلىكىدىن چىرايى بۇزۇلۇپ كەتكەن ئادەملەر قاۋاقخانىنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرۈشەتتى... مۇشۇنداق ئادەملەرنى ئۇچراتقاندا ئۇ دادىسىغا چىڭ چاپلىشىۋالاتتى. قورققىنىدىن غال ـ غال تىترەپ كېتەتتى. قاۋاقخانىنىڭ يېنىدىن يېزىغا ئېلىپ بارىدىغان بىر يول ئۆتەتتى. يولدىن دائىم چاڭ ـ توپا توزۇپ تۇراتتى، يولنىڭ چاڭ ـ توپىسىمۇ قارىداپ كەتكەنىدى. بۇ يول بۇرۇلۇپ ـ بۇرۇلۇپ بېرىپ، ئۈچ يۈز قەدەمچە نېرىغا بارغاندىن كېيىن، شەھەرنىڭ قەبرىستانلىقىنى ئايلىنىپ، ئوڭغا بۇرۇلۇپ كېتەتتى. قەبرىستانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا يېشىل گۈمبەزلىك تاش چېركاۋ بار ئىدى. ئۇ ھەر يىلى ئىككى قېتىم ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بىللە شۇ چېركاۋغا بېرىپ ئىبادەت قىلاتتى. ئۇ كۆرۈپ باقمىغان، ئۆلۈپ كەتكىنىگە خېلى زامانلار بولغان مومىسىنى ئەسلەيتتى. ئۇلار ھەر قېتىم ئىبادەتكە بارغۇچە شىرنىئاش ئېتىپ، ئۇنى ئاق لىگەنگە ئۇساتتى ـ دە، ئاق داستىخانغا يۆگەپ ئېلىپ بېرىشاتتى. بۇنداق شىرنىئاشنى ئانىسى گۈرۈچكە شېكەر سېلىپ پىشۇراتتى ـ دە، ئۈستىگە قۇرۇق ئۈزۈمنى تىزىپ، كىرىبىست بەلگىسىنى ياساپ قوياتتى. ئۇ ئاشۇ چېركاۋنى، چېركاۋدىكى كۆپىنچىسى كىيىمسىز تەسۋىرلەنگەن قەدىمىي ئەۋلىيالارنىڭ رەسىملىرىنى ۋە بېشى گىلدىڭلاپ تۇرىدىغان قېرى پوپنى ياخشى كۆرەتتى. مومىسىنىڭ بىر پارچە تاش بىلەن يېپىپ قويۇلغان قەبرىسىنىڭ يېنىدا، ئالتە ئايلىق چېغىدىلا ئۆلۈپ كەتكەن

ئىنىسىنىڭ قەبرىسى بار ئىدى. راسكولنىكوف ئۇ ئىنىسىنى زادىلا بىلمەيتتى. شۇڭلاشقا ھېچنېمىنى ئەسلىيەلمەيتتى. لېكىن، باشقىلار ئۇنىڭغا سىڭىنىڭ بىر ئۇكاڭ بار ئىدى، دېگەنىدى. شۇڭا ھەر قېتىم قەبرە بېشىغا بارغىنىدا پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن سۇكۇتتە تۇرۇپ چوقۇناتتى، ئۇنىڭغا تەزىم قىلاتتى. ئۇنى سۆيۈپ قوياتتى.) مانا شۇ تاپتا ئۇ چۈشىدە دادىسى بىلەن بىللە قەبرىستانغا ئېلىپ بارىدىغان يولدا كېتىۋېتىپ، قاۋاقخانىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈۋاتقانىمىش. ئۇ دادىسىنىڭ قولىدىن تۇتۇۋېلىپ، ۋەھىمە ئىچىدە كەينىگە بۇرىلىپ قاۋاقخانىغا قارىسا، مۇنداق بىر ئالاھىدە مەنزىرە ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتقانىمىش. بۈگۈن بۇ يەردە خۇددى سەيلە ـ ساياھەت بولۇۋاتقاندەك، چىرايلىق ياسىنىۋالغان توپ ـ توپ مىشچانلار، سەھرالىق خوتۇنلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەرلىرى، خىلمۇخىل لۈكچەكلەر بولۇشچە ئىچىپ مەست بولۇۋېلىپ، ناخشا ئېيتىشىۋاتقۇدەك، قاۋاقخانىنىڭ ئالدىدىكى پەلەمپەينىڭ يېنىدا بىر ھارۋا تۇرغۇدەك، ھارۋا بولغاندىمۇ ئاجايىپ ـ غارايىپ بىر ھارۋا تۇرغۇدەك، ئۇ ئادەتتە يوغان ـ يوغان ئاتلارنى قوشۇپ، ھەر خىل ماللارنى ياكى ھاراق بوچكىلىرىنى توشۇيدىغان تۆت چاقلىق ھارۋا ئىكەن. ئۇ بۇرۇندىن مۇشۇنداق ھارۋىلارغا قوشۇلىدىغان يايلى ئۇزۇن، پۇتلىرى يوغان، خاتىرجەملىك بىلەن تەكشى قەدەم تاشلاپ ماڭىدىغان، تاغدەك دۆۋىلەپ بېسىلغان مالLARNI كۆچمەيلا تارتىپ كېتىۋېرىدىغان، ھارۋىنى تارتمىغىنىدىن تارتقىنىنى يېنىكرەك ھېس قىلىدىغان ئاتلارنى ياخشى كۆرەتتى. شۇنىسى قىززىقكى، ھازىر شۇنداق يوغان بىر ھارۋىغا دېھقانلارنىڭ كىچىككىنە ئىنجىمارۇق ئېتى قوشۇلغانىمىش. (ئۇ مۇنداق ئاتلارنى كۆپ كۆرگەن. مۇنداق ئاتلار ھارۋىغا لىققىدا بېسىلغان ئوتۇننى ياكى قۇرۇق ئوتنى تارتالماي ھېرىپ ھالىدىن كېتىدۇ، بولۇپمۇ ھارۋىنىڭ چاقى پاتقاققا پېتىپ قالغان ياكى كاتاڭغا كىرىپ قالغان چاغلىرىدا تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. بۇنداق

چاغلاردا دېھقانلار ئۇلارنى قامچا بىلەن قاتتىق ساۋايدۇ، ھەتتا بېشى، كۆزى دېمەي ئۇرىۋېرىدۇ. ئۇ مۇنداق ئەھۋالنى كۆرسە كۆڭلى يېرىم بولۇپ، يىغلىۋەتكىلى قىل ـ قىل قالاتتى، ئانىسى بولسا، ئۇنى دېرىزىنىڭ ئالدىدىن نېرى ئېلىپ كېتەتتى.) شۇ ئارىلىقتا بىردىنلا ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ كۆتۈرۈلۈپ، ئۇچىسىغا قىزىل ياكى كۆك كۆڭلەك كىيىپ، چەكمەن چاپانلىرىنى يېپىنچاقلىۋالغان بىر توپ بەستلىك سەھرالىق مەستلىكتە ھېلى ئۇيان، ھېلى بۇيان دەلدەڭلەپ، ۋارقىراپ ناخشا ئېيتىپ، بالالايكا① چېلىپ قاۋاقخانىدىن چىقىپ كەپتۇدەك. «چىقىڭلار، ھەممىڭلار ھارۋىغا چىقىڭلار ! ـــ دەپ ۋارقىراپتۇ بويىنى يوغان، يۈزى گۆشلۈك كەلگەن ۋە خۇددى قىزىل سەۋزىدەك قىزىرىپ كەتكەن بىر يىگىت، ـــ ھەممىڭلارنى ئاپىرىپ قويىمەن، ھارۋىغا چىقىڭلار !» لېكىن، شۇ ئان قاتتىق كۈلكە ۋە ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ كۆتۈرۈلۈپتۇدەك:

ـــ مۇشۇ ئورۇق ئېتى بىلەن بىزنى ئاپىرىپ قويغۇدەك !

ـــ ھەي، مىكولكا، ساراڭ بولدۇڭمۇ نېمە، مۇشۇنداق يوغان ھارۋىغا كىچىككىنە بايتالنى قېتىۋالغىنىڭ نېمىسى !

ـــ ھەي بۇرادەرلەر، مۇنۇ سېرىق بايتالنىڭ يېشى يىگىرمىدىن ئاشقاندۇ ھەرقاچان !

ـــ ھارۋىغا چىقىڭلار، ھەممىڭلارنى ئاپىرىپ قويىمەن ! ـــ يەنە ۋارقىراپتۇدەك مىكولكا ئۆزى بىرىنچى بولۇپ ھارۋىغا سەكرەپ چىقىپ ۋە تىزگىننى تۇتقىنىچە ھارۋىنىڭ ئالدى تەرىپىدە تىك تۇرۇپ، ـــ چىلان تورۇقنى ھازىرلا ماتۋېي مىنىپ كەتكەن، ـــ ۋارقىراپتۇدەك ئۇ ھارۋىدا تۇرۇپ، ـــ بۇرادەرلەر، بۇ بايتال مېنى جاق تويغۇزدى، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكۈم كېلىدۇ. بۇ ھارامتاماقنى ! ھەي، ھارۋىغا چىقىڭلار ! ئۇنى ھازىرلا چاپتۇرىمەن! ئۇ تازا چاپىدۇ !» ئۇ قارا يايلىق سېرىق بايتالنى

① بالالايكا ـــ رۇسلارنىڭ ئۈچ تارلىق چالغۇ ئەسۋابى.

راسا ئۇرغىلى قولىغا قامچا ئاپتۇدەك.

— ھەي ھارۋىغا چىقايلى، چىقساق نېمە بولغۇدەك، — دەپ كۇلۇشۇپتۇ كىشىلەر، — ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ ئۇ چاپقۇدەك.

— چېپىپ باقمىغىنىغا ئون يىل بولغاندۇ بۇنىڭ!

— ئۇ ھازىرلا چېپىپ كېتىدۇ!

— ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتماڭلار، بۇرادەرلەر، ھەممىڭلار قولۇڭلارغا قامچا ئېلىڭلار!

— ھەببەللى! ئۇنى ئۇرۇڭلار!

ئۇلار قاقاھلاپ كۇلۇپ، چاقچاق قىلىشىپ، مىكولكانىڭ ھارۋىسىغا چىقىشىپتۇدەك. ھارۋىغا ئالتە ئادەم چىقىسىمۇ، ئورۇن ئېشىپ قالغاچقا، ئۇلار يەنە بىر قىزىل يۇزلۇك سېمىز خوتۇننى تارتىپ چىقىرىشىپتۇدەك. ئۇ ئايال قىزىل ماتادىن تىكىلگەن كۆڭلەك، بېشىغا ئەينەك مونچاق تىزىلغان قولاقچا، پۇتىغا ئۆتۈك كىيگەنىكەن. ئۇ خوتۇن ياڭاق چاققاچ خىرقىراپ كۇلەرىمىش. ھارۋىنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋالغانلارمۇ كۇلەرىمىش. راستىنى ئېيتقاندا، كۇلمەي نېمە ئامال: شۇنداق ئاۋاق، كىچىككىنە بىر بايتال مۇشۇنداق ئېغىر ھارۋىنى تارتقۇدەك، يەنە كېلىپ چاپقۇدەك! ھارۋىدىكى ئىككى يىگىت مىكولكاغا ياردەم بېرىش ئۇچۇن قولىغا قامچا ئاپتۇدەك. «چۇ!» دېگەن ئاۋاز بىلەن تەڭلا بىچارە بايتال ھارۋىنى پۇتۇن كۇچى بىلەن تارتىپتۇدەك، لېكىن چېپىش بۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ھارۋىنى قوزغىتالماي قالغىلى قىل ـ قىل قاپتۇدەك. ئۇ قەدەملىرىنى ئاران ـ ئاران يۆتكەپ، خىرقىراپ قاپتۇدەك، ئۇستىگە يامغۇردەك چۇشۇۋاتقان ئۇچ قامچىنىڭ زەربىسىدىن تىزى پۇكۇلۇپ ـ پۇكۇلۇپ كەتكۇدەك. ھارۋىدا ئولتۇرغان ۋە ئەتراپتا تۇرغان ئادەملەر ئارىسىدا تېخىمۇ قاتتىق كۇلكە كۆتۇرۇلۇپتۇدەك. مىكولكا غەزەپلىنىپ، بايتىلى راستلا ھارۋىنى ئۇچۇرتۇپ ئېلىپ ماڭىدىغاندەك، ئۇنى ھەدەپ قاتتىق، قاتتىق ئۇرغۇدەك.

— بۇرادەرلەر، مەنمۇ چىقىۋالاي، — دەپتۇمىش تاماشا كۆرۇپ

قىزىپ قالغان بىر يىگىت ۋارقىراپ.

— چىقە، ھەممىڭلار چىقىڭلار ! — ۋارقىراپتۇدەك مىكولكا، — ئۇ ھەممىڭلارنى ئاپىرىپ قويىدۇ. خەپ، ئۇنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتمىسەم ! — شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاتقا كەينى ـ كەينىدىن قامچا سايتۇمىش، غەزەپلەنگىنىدىن ئۇ ھەتتا بايتىلنى نېمە بىلەن ئۇرۇشنىمۇ بىلمەي قاپتۇدەك.

— دادا، دادا، — دەپتۇدەك راسكولنىكوف دادىسىغا ۋارقىراپ، — دادا، قارىغىنا، ئۇلار نېمە قىلىۋاتىدۇ ! دادا، ئۇلار ئاۋۇ بىچارە بايتالنى ئۇرۇۋاتىدۇ.

— يۈرە، يۈر ! — دەپتۇدەك دادىسى، — ئۇلار مەست بولۇۋېلىپ، ساراڭلىق قىلىشىۋاتىدۇ. ئەخمەقلەر. يۈر، ئۇلارغا قارىما ! — دادىسى ئۇنى نېرى ئەكەتمەكچى بوپتۇدەك. لېكىن، ئۇ يۇلقۇنۇپ دادىسىنىڭ قولىدىن چىقىۋېلىپ، ھېچنېمىگە قارىماي بايتالغا قاراپ يۈگۈرۈپتۇدەك، بىچارە بايتال بولالماي قالغانىكەن. بايتال بوغۇلۇپ خىرقىراپ، بىردەم جىم تۇرۇۋېلىپ، بىردەم كۈچەپ ھارۋىنى تارتىپ، يىقىلاي ـ يىقىلاي دەپ قاپتۇدەك.

— ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار، — ۋارقىراپتۇدەك مىكولكا، — بېشىمغا كەلگىنىنى كۆردۈم. ئۇنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىمەن.

— كاللاڭنى قۇرت يېدىمۇ سېنىڭ، ئالۋاستى ! ۋارقىراپتۇدەك كىشىلەر ئارىسىدىن بىر بوۋاي.

— مۇشتۇمچىلىك بىر بايتالنىڭ مۇشۇنداق ئېغىر ھارۋىنى تارتالىغىنىنى كىم كۆرگەن؟ — دەپتۇدەك يەنە بىر كىشى.

— زورۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويىسەن ! — دەپ ۋارقىراپتۇدەك ئۈچىنچى كىشى.

— ئارىلىشىشما ! مال ئۆزۈمنىڭكى ! قانداق قىلغۇم كەلسە شۇنداق قىلىمەن. يەنە بىرنەچچىڭلار چىقىڭلار ! ھەممىڭلار چىقىڭلار ! مەن ئۇنى چاپتۇرماي قويمايمەن !

بىردىنلا نۇرغۇن ئادەمنىڭ تەڭلا قاقاھلاپ كۈلگەن كۈلكىسى

باشقا ھەممە ئاۋازنى بېسىپ كېتىپتۇدەك. بارغانسېرى كۆپىيىۋاتقان قامچىنىڭ زەربىسىگە چىديالمىدى بولغاي، بايتال ئۆلەر ھالەتتە تۇرۇپ تېپىشكە باشلاپتۇدەك. بۇنى كۆرۈپ، ھەتتا ھېلىقى بوۋايمۇ كۈلۈپ كېتىپتۇدەك. دېمىسىمۇ تېرىسى ئۇستىخىنىغا چاپلىشىپ قالغان بىر بايتالنىڭ ئادەمنى تەپمەكچى بولغىنى قىزىق ـ دە !

كىشىلەر ئارىسىدىن يەنە ئىككى يىگىت بىردىن قامچىنى تېپىپ، يۈگۈرگىنىچە بايتالنىڭ يېنىغا كېلىپ، بىقىنىغا ئۇرۇش ئۈچۈن، ئىككىسى ئىككى تەرىپىگە ئۆتۈپتۇدەك.

— بېشىغا ئۇر، كۆزىگە سال، كۆزىگە، — ۋارقىراپتۇدەك مىكولكا.

— ناخشا ئېيتىڭلار، بۇرادەرلەر ! — ۋارقىراپتۇدەك كىمدۇر بىرسى ھارۋىدا تۇرۇپ. شۇنىڭ بىلەن ھارۋىدىكىلەر ناخشا ئېيتىشقا باشلاپتۇدەك. شوخ ناخشا ياڭراپتۇدەك. قوڭغۇراقلىق داپ جاراڭلاپتۇدەك، ئۇنىڭغا يەنە كىمنىڭكىدۇر ھۇشقىرتقان ئاۋازى جور بولۇپتۇدەك. ھېلىقى سېمىز ئايال يەنىلا ياڭاق چېقىپ، خىر ـ خىر كۈلگۈدەك... راسكولنىكوف يۈگۈرۈپ بايتالنىڭ قېشىغا بېرىپتۇدەك، ئاندىن يەنە يۈگۈرۈپ بايتالنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ قانداق قىلىپ بايتالنىڭ كۆزىگە، نەق كۆزىگە ئۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇدەك ! ئۇ يىغلاپتۇدەك، غەزەپلەنگىنىدىن ياشلىرى توختىماي ئاققۇدەك. بايتالنى قامچىلاۋاتقانلاردىن بىرسىنىڭ قامچىسى يۈزىگە تېگىپ كەتسىمۇ، ئۇنى سەزمىگۈدەك. ئۇ قاتتىق ئېچىنىپ ۋارقىرىغۇدەك، ئۇ ئاپپاق ساقاللىق بىر بوۋاينىڭ يېنىغا بېرىپتۇدەك. بوۋاي بۇ ئىشلارنى ئەيىبلەۋاتقاندەك بېشىنى چايقىغۇدەك. سەھرالىق بىر ئايال ئۇنى قولىدىن تۇتۇپ، نېرى ئەكەتمەكچى بوپتۇدەك. لېكىن، ئۇ ھېلىقى ئايالنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ، يەنە بايتالغا قاراپ يۈگۈرۈپتۇدەك. بايتال جېنى ھەلقۇمىغا كېلىپ قالغان بولسىمۇ، يەنە تېپىشكە

باشلاپتۇدەك.

— جىن ئۇرسۇن سىنى ! — ئەشەددىي ئالۋاستىلاردەك ۋارقىراپتۇدەك مىكولكا. ئۇ قامچىنى تاشلىۋېتىپ، ئېڭىشىپ هارۋىنىڭ تېگىدىن ئۇزۇن بىر توم هارۋا شوتىسىنى ئاپتۇ ـ دە، بىر ئۇچىدىن ئىككى قوللاپ تۇتۇۋېلىپ، سېرىق بايتالنىڭ ئۇستىدە پۇتۇن كۈچى بىلەن ئايلاندۇرۇپتۇدەك.

— ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويىدىغان بولدى؟ — دەپتۇدەك ئەتراپتا تۇرغانلار.

— راست، ئۆلتۈرۈپ قويىدىغان ئوخشايدۇ !

— مال ئۆزۈمنىڭكى ! — ۋارقىراپتۇدەك مىكولكا. هارۋا شوتىسىنى پۇتۇن كۈچى بىلەن ئايلاندۇرۇپ، بايتالنىڭ دۈمبىسىگە ئۇرۇپتۇدەك. ئېغىر زەربە ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇدەك.

— ئۇرۇڭلار، ئۇرۇڭلار ! نېمىشقا يەنە توختاپ قالدىڭلار؟ — ۋارقىراپتۇدەك ئادەملەردىن كىمدۇر بىرسى.

مىكولكا هارۋا شوتىسىنى يەنە ئايلاندۇرۇپ بەختسىز بايتالنىڭ دۈمبىسىگە يەنە بىرنى ئۇرۇپتۇدەك. بايتال كەينى پۇتى ئېگىلىپ ئولتۇرۇپ قاپتۇدەك، لېكىن ئۇ شۇ ئان دەلدەڭشىگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاخىرقى كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، ئوڭ، سول تەرەپكە يۇلقۇنۇپ، هارۋىنى تارتماقچى بوپتۇدەك. مانا شۇ چاغدا ئالتە قامچا تەرەپ ـ تەرەپتىن ئۇنىڭغا تاراسلاپ تېگىپتۇدەك. هارۋا شوتىسمۇ ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ ئۇنىڭ دۈمبىسىگە ئۈچىنچى قېتىم، ئارقىدىن تۆتىنچى قېتىم زەرب بىلەن، لېكىن رىتىملىق تېگىپتۇدەك. مىكولكا بىرلا ئۇرۇپ ئۆلتۈرەلمىگەنلىكىگە ئاچچىقى كېلىپ خۇدىنى يوقىتىپ قويۇپتۇدەك.

— جېنى تۆمۈركەن ! — ۋارقىرىشىپتۇدەك ئەتراپتىكىلەر.

— ئۇ هازىرلا يىقىلىپ چۈشىدۇ، بۇرادەرلەر. ئۇ ئۆلەي دەپ قالدى ! — ۋارقىراپتۇدەك تاماشا كۆرۈۋاتقانلاردىن بىرسى.

— ئۇنى پالتا بىلەن سېلىڭلار. هازىرلا تەييار بولىدۇ ! —

ۋارقىراپتۇدەك ئۈچىنچى بىر كىشى.
— ھەي، ئۆتە نېرى! قېنى قېچىڭلار! — تەلۋىلەرچە ۋارقىراپتۇدەك مىكولكا. ئۇ ھارۋا شوتىسىنى تاشلىۋېتىپ، ھارۋىدىن بىر لوم تۆمۈرنى قولىغا ئاپتۇدەك ۋە: «ئاۋايلاڭلار!» دەپ ۋارقىراپ، بىچارە بايتالنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قاتتىق ئۇرۇپتۇدەك. لوم تۆمۈر تېگىشى بىلەن تەڭلا بايتال بىردەم دەلدەڭشىپ كەينىگە شوخشۇپتۇدەك. ئورنىدىن تۇرۇپ ھارۋىنى يەنە تارتماقچى بوپتۇدەك، لېكىن لوم يەنە زەرب بىلەن دۈمبىسىگە تېگىپتۇدەك. شۇنىڭ بىلەن بايتال خۇددى تۆت پۇتى تەڭلا كېسىپ تاشلانغاندەك يەرگە يىقىلىپتۇدەك.
— كېمىنى تولدۇرۇۋېتىڭلار! — ۋارقىراپتۇدەك مىكولكا. تەلۋىدەك ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشۈۋېتىپ، ھاراق ئىچىپ شەلپەردەك قىزىرىپ كەتكەن بىرنەچچە يىگىتمۇ قولىغا نېمە چىقسا شۇنى — قامچا، كالتەك، شوتا دېگەندەك نەرسىلەرنى ئېلىپ ئۆلەيلا دەپ قالغان بايتالنىڭ يېنىغا كېلىشىپتۇدەك. مىكولكا بىر تەرەپكە ئۆتۈۋېلىپ، قولىدىكى لوم بىلەن بايتالنىڭ دۈمبىسىگە ئۇرىۋېرىپتۇدەك. بايتال بويىنىنى سوزۇپ، ئېغىر بىر نەپەس ئېلىپ ئۆلۈپتۇدەك.
— ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى! — ۋارقىراپتۇدەك كىشىلەردىن بىرسى.
— كىم ئۇنى چاپمىسۇن دەپتۇ.
— مال ئۆزۈمنىڭكى! — ۋارقىراپتۇدەك كۆزلىرىگە قان تولغان مىكولكا لوم تۆمۈرنى تۇتقان پېتى. ئۇ گويا ئۇرغۇدەك نەرسىنىڭ قالمىغىنىغا ئەپسۇسلىنىۋاتقاندەك بىر ھالەتتە قاراپ تۇرغۇدەك.
— سەنمۇزە، تازا خۇدا ئۇرغان بىرنېمە ئىكەنسەن! — ۋارقىراپتۇدەك نۇرغۇن ئادەم.
لېكىن، بىچارە بالا ئۆزىنى ئۇنتۇپ قاپتۇدەك. راسكولنىكوف ۋارقىرىغىنىچە ئادەملەرنىڭ ئارىسىدىن چىقىپ سېرىق بايتالنىڭ

قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭ قانغا مىلەنگەن جانسىز بېشىنى قۇچاقلاپ كۆزلىرىگە، كالپۇكلىرىغا سۆيۈپتۇدەك... ئاندىن بىردىنلا چاچراپ قوپۇپ، مۇشتۇملىرىنى تۈگۈپ، قەھر ـ غەزەپ بىلەن مىكولكاغا ئېتىلىپتۇدەك. كەينىدىن قوغلاپ يۈرگەن دادىسى ئۇنى تۇتۇۋېلىپ، ئادەملەرنىڭ ئارىسىدىن ئاچىقىپ كېتىپتۇدەك.

— ماڭە، ماڭ، ئۆيگە كېتەيلى! — دەپتۇدەك دادىسى ئۇنىڭغا.

— دادا! ئۇلار نېمىشقا... بىچارە بايتالنى... ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ؟ — دەپتۇدەك ئۇ ئەندىكىپ. لېكىن، ئۇنىڭ نەپىسى بوغۇلۇپ قېلىپ، سۆزلەر ئۇنىڭ تۇتۇقۇپ كەتكەن كۆكرىكىدىن ئېتىلىپ چىقىپتۇدەك.

— ئۇلار مەست ئىكەن... توپىلاڭ قىلىشىۋاتىدۇ... بۇنىڭ بىز بىلەن ئالاقىسى يوق! يۈر، كېتەيلى! — دەپتۇدەك دادىسى. ئۇ دادىسىنى چىڭ قۇچاقلىۋاپتۇدەك، نەپىسى بوغۇلۇپ، دېمى تىخىمۇ سىقىلىپ كېتىپتۇدەك. ئۇ نەپەس ئالماقچى، ۋارقىرىماقچى بولۇۋىدى، ئويغىنىپ كەتتى.

ئۇ ئويغانغان چاغدا چىلىق ـ چىلىق تەرلەپ، چاچلىرىمۇ تەردە ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ قاتتىق ھاسىراپ، چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— خۇداغا شۈكۈر، چۈشۈم ئىكەن! — دېدى ئۇ دەرەخنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ، — لېكىن بۇ زادى نېمە ئىشتۇ؟ قىزىتمام يەنە ئۆرلەپ قالدىمۇ يا؟ بەكمۇ يامان چۈش كۆرۈپتىمەن!

ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايى ئۇگە ـ ئۇگىسىدىن ئاجراپ كەتكەندەكلا بولۇپ، يۈرىكى سىقىلىپ ئىچى قاراڭغۇلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ جەينەكلىرىنى تىزىغا تىرەپ، قوللىرى بىلەن بېشىنى چاڭگاللىۋالدى.

— يا پەرۋەردىگار! — ۋارقىرىدى ئۇ، — ئەجەبا، مەن راستىلا قولۇمغا پالتا ئېلىپ، ئۇنىڭ كاللىسىغا ئۇرارمەنمۇ، ئۇنىڭ باش

ئۇستىخىنىنى پاچاقلىۋېتەرمەنمۇ... ئاندىن شىلىمشىق، ئىسسىق قاننى كېچىپ، قەدەمدە بىر تېيىلىپ، قۇلۇپنى چېقىپ ئوغرىلىق قىلارمەنمۇ، قورقۇپ كەتسەم، بەدىنىمدىكى قانلار بىلەن... قولۇمدىكى پالتا بىلەن يوشۇرۇنارمەنمۇ؟ يا رەببىم، راستىلا شۇنداق قىلارمەنمۇ؟

ئۇ ئەنە شۇ گەپلەرنى دەۋېتىپ خۇددى غازاڭدەك تىترەپ كەتتى.

— ماڭا نېمە بولدى زادى؟ — دېدى ئۇ گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، خۇددى قاتتىق چۆچۈپ كەتكەندەك، يېڭىباشتىن روسلىنىپ ئولتۇرۇۋېلىپ، — مۇنداق ئىشنى قىلىشقا چىدىيالمايدىغانلىقىمنى بۇرۇنلا بىلەتتىمغۇ، شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە نېمىشقا شۇ چاغقىچە ئۆزۈمنى بىھۇدە قىيناپ يۈرىمەن؟ راست. تۈنۈگۈن، تېخى تۈنۈگۈنلا، بېرىپ... سىناپ باققان چېغىمدىلا، راست، تۈنۈگۈننىڭ ئۆزىدىلا چىدىيالمايدىغانلىقىمنى تولۇق چۈشەنگەن... دېمەك، يەنە نېمىدەپ تېخىچە شۇ ئىشنى ئويلاپ يۈرىمەن؟ نېمىشقا تا ھازىرغىچە ئىككىلىنىپ يۈرىمەن؟ تۈنۈگۈن پەلەمپەيدىن چۈشۈۋاتقان چېغىمدىلا، ئۆزۈم: بۇ ئىپلاسلىق، قەبىھلىك، پەسكەشلىك دېگەنغۇ... ئويغاق چېغىمدا، شۇ ئىشنى ئويلىساملا كۆڭلۈم ئېلىشىپ كېتىدۇ. لاغىلداپ تىترەپ كېتىمەن...

— ياق، چىدىيالمايمەن! چىدىيالمايمەن! ھەممىنى ھېسابقا ئالغان، شۇبھىلەنگۈدەك ھېچنېمىنى قالدۇرمىغان بولساممۇ، يېقىنقى بىر ئايدىن بۇيان ئويلىنىپ قىلغان قارارىم خۇددى كۈندۈزدەك ئېنىق، ھېسابتەك توغرا بولسىمۇ... يا پەرۋەردىگار! مەن بەرىبىر مۇنداق قارارغا كېلەلمەيمەن! راست، چىدىيالمايمەن! چىدىيالمايمەن!... ئەمىسە، يەنە نېمىشقا، نېمىشقا تا ھازىرغىچە...

ئۇ ئورنىدىن تۇردى. گويا ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق بىر يەرگە كېلىپ قالغىنىغا ھەيران بولۇۋاتقاندەك ئەجەبلىنىپ ئەتراپىغا

قارىدى. ئاندىن T كۆۋرۈكى تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ رەڭگى تاتىرىپ، كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن، پۇت ـ قولىدا جان قالمىغانىدى، شۇنداقتىمۇ توساتتىن ئۇنىڭ نەپسى راۋانلىشىپ، ئۇزاقتىن بۇيان ئۇستىدىن بېسىپ تۇرغان ئېغىر يۈكتىن قۇتۇلغاندەك، بىردىنلا ئۆزىنى يېنىك ھېس قىلدى. كۆڭلىمۇ تەسكىن تاپقاندەك بولۇپ قالدى. «ئاھ پەرۋەردىگار !» ئىلتىجا قىلدى ئۇ. ماڭا يول كۆرسەتكىن، مەن ئاشۇ لەنتى خىيالدىن... قۇتۇلاي !

ئۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، نېۋا دەرياسىغا ۋە ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقان قۇياشنىڭ قىپقىزىل شولىسىغا جىممىدە ۋە خاتىرجەم تىكىلدى، ماغدۇرى قالمىغان بولسىمۇ، ئۆزىنى ھارغىن ھېس قىلمىدى. شۇ تاپتا ئۇ بىر ئايدىن بۇيان يۈرىكىگە چىققان چىقان مانا ئەمدى بىردىنلا ئېغىز ئالغاندەك بولۇپ قالغانىدى. ئۇ قۇتۇلدى، ئەركىنلىككە چىقتى ! شۇ تاپتا ئۇ ئاشۇ سېھىرگەرلىكتىن، ئاشۇ جادۇگەرلىكتىن، ئاشۇ ئېزىتقۇدىن، ئاشۇ سېھرىي كۈچتىن قۇتۇلۇپ ئەركىنلىككە چىقتى !

كېيىنچە ئۇ شۇ مەزگىلنى، شۇ بىرنەچچە كۈننىڭ ھەربىر مىنۇتىدا يۈز بەرگەن ئىشلارنى بىرمۇبىر ئەسلىگىنىدە، بىر ئەھۋالنىڭ قەلبىدە خۇددى خۇراپاتلىقتەك چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانلىقىنى سەزدى. بۇ ئادەتتىكىچە بىر ئەھۋال بولسىمۇ، كېيىنچە ئۇنىڭغا بۇ گويا ئاللىبۇرۇنلا پېشانىسىگە پۈتۈلگەن ئىشتەكلا تۇيۇلدى. ئۇ شۇ چاغدا ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن، ماغدۇرى قالمىغان تۇرۇقلۇق ئۆيىگە ئەڭ يېقىن ۋە ئۇدۇل يول بىلەن قايتماي، بارمىسىمۇ بولىدىغان ئوت ـ چۆپ مەيدانىنى ئايلىنىپ ماڭغانلىقىنى ئەبەدىي چۈشىنەلمەيتتى، ئۆزىگە چۈشەندۈرۈپمۇ بېرەلمەيتتى. ئۇنىڭ ئايلىنىپ ماڭغان يولى ئانچە يىراق بولمىسىمۇ، ئارتۇقچە مېڭىش ئىكەنلىكى ئېنىق ئىدى. ئەلۋەتتە، ئۇ ئىلگىرى ئۆيگە قايتقان چاغلىرىدا قايسى يولدا ماڭغانلىقىنى ئەسلىيەلمەيتتى. بۇنداق ئەھۋال كۆپ بولغانىدى.

ئۇ ئۆزىگە دائىم شۇنداق سوئال قوياتتى: ماڭا شۇ قەدەر مۇھىم، شۇ قەدەر ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە، شۇنداقلا يەنە شۇ قەدەر ئاسادىيىي بولغان ئۇچرىشىش نېمە ئۈچۈن ئوت - چۆپ بازىرىدا (ئۇنىڭ ئۇ يەرگە بېرىشىنىڭ زادىلا زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى) يۈز بېرىدۇ؟ يەنە كېلىپ، بۇ مېنىڭ ھاياتىمدىكى شۇنداق بىر سائەتكە، شۇنداق بىر مىنۇتقا، كەيپىياتىم شۇنداق بىر ھالەتتە تۇرۇۋاتقان ۋاقىتتا توغرا كېلىدۇ؟ بۇ ئۇچرىشىش شۇنداق ئەھۋالدىلا ئۇنىڭ پۈتكۈل ھاياتىغا ئەڭ كەسكىن ۋە ئەڭ ئۈزۈل - كېسىل تەسىر كۆرسىتەلىشى مۇمكىن. بۇ ئۇچرىشىش خۇددى ئۇنى شۇ يەردە ئەتەي ساقلاپ تۇرغاندەكلا يۈز بەردى.

ئۇ ئوت - چۆپ بازىرىدىن ئۆتكەن چاغدا سائەت توققۇز بولۇپ قالغان، يايما يېيىپ، چوڭ - كىچىك دۇكانلاردا ئولتۇرۇپ سودا قىلىۋاتقان سودىگەرلەر سودىسىنى يىغىشتۇرۇپ، ئۆيلىرىگە قايتىشقانىدى. ھەرقايسى كەسىپ ھەرقايسى ساھەدىكىلەر بىلەن كىيىملىرى جۇل - جۇل ئادەملەرلا تۆۋەن قەۋەتلەردىكى كىچىك ئاشخانىلارنىڭ ئەتراپىغا ۋە ئوت - چۆپ بازىرىنىڭ پاسكىنا، سېسىق ھويلىسىغا يىغىلىشىۋېلىشقانىدى. پارچە ھاراق ساتىدىغان كىچىك دۇكانلارنىڭ يېنىدا بولسا ئادەملەر ئەڭ كۆپ ئىدى. راسكولنىكوف ئۆزىچە ئايلىنىپ كەلگىلى چىققان چاغلىرىدا، ھەممىدىن بەكرەك مۇشۇ يەرنى ۋە مۇشۇ ئەتراپتىكى تار كوچىلارنى ياقتۇراتتى. چۈنكى، بۇ يەردە ئۇنىڭ جۇل - جۇل كىيىملىرىگە ھېچكىم تەكەببۇرانە نەزەردە قارىمايتتى، مەيلى قانداقلىكى كىيىم كىيسۇن، ھېچكىم ھېچكىمنى خىجىل قىلىپمۇ يۈرمەيتتى. K كوچىسىنىڭ دوقمۇشىدا بىر چەرچىنچى بىلەن ئۇنىڭ خوتۇنى يىپ، بوغقۇچ، چىت ياغلىق دېگەندەك نەرسىلەرنى سېتىپ ئولتۇراتتى. ئۇلارمۇ ئۆيگە كەتكىلى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشقان، لېكىن شۇ ئارىلىقتا تونۇش بىر ئايال كېلىپ قېلىپ، ھايال بولۇپ قېلىشقانىدى. بۇ تونۇش ئايالنىڭ ئىسمى لىزاۋېتا ئىۋانوۋنا ئىدى. لېكىن، كىشىلەر ئۇنى ئاددىيلا

قىلىپ لىزاۋېتا دېيىشەتتى. ئۇ 14 ـ دەرىجىلىك خىزمەتچىنىڭ ئايالى، يەنى تۇنۇگۇن راسكولنىكوف سائەتنى كۆرۈگە قويغىلى بېرىپ، شۇ باھانىدا كۆزىتىپ باققان جازانىخور مومايىنىڭ سىڭلىسى ئىدى... راسكولنىكوف لىزاۋېتانى خېلى بۇرۇندىنلا بىلەتتى، لىزاۋېتامۇ ئۇنى ئازراق تونۇيتتى، لىزاۋېتا ئېگىز بويلۇق، كالامپاي، ياۋاش، قورقۇنچاق، دەلدۈشلەرگە① ئوخشاپراق كېتىدىغان، ئوتتۇز بەش ياشلاردىكى قېرى قىز ئىدى. ئۇ خۇددى ئاچىسىنىڭ قۇلىدەك، كېچە ـ كۈندۈز ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلاتتى. ئاچىسىنى كۆرسە تىترەپ كېتەتتى، ھەتتا ئۇنىڭدىن تاياقمۇ يەپ تۇراتتى. بويا كۆتۈرۈۋالغان لىزاۋېتا چەرچىنچى بىلەن خوتۇنىنىڭ گەپلىرىنى زەن قويۇپ ئاڭلاۋاتقىنى بىلەن، ئۆزى ئىككىلىنىپ تۇراتتى. ئەر ـ خوتۇن ئۇنىڭغا نېمىلەرنىدۇر كۆيۈپ ـ پىشىپ چۈشەندۈرۈۋاتاتتى. راسكولنىكوف تۇيۇقسىز ئۇنى كۆرۈپ قالغاندا بۇ ئۇچرىشىشنىڭ ھەيران قالغۇدەك ھېچ يېرى بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ كۆڭلىدە بىردىنلا قاتتىق ھەيرانلىققا ئوخشاپراق كېتىدىغان غەلىتە بىر ھېسسىيات پەيدا بولدى.

— لىزاۋېتا ئىۋانوۋنا، ئۆزىڭىز بىر قارارغا كېلىڭ، — دېدى چەرچىنچى ۋارقىراپ، — ئەتە سائەت ئالتىلەردە كېلىڭ. ئۇلارمۇ شۇ چاغدا كېلىدۇ.

— ئەتە؟ — سورىدى لىزاۋېتا خۇددى بىر قارارغا كېلەلمەيۋاتقاندەك ئاۋازىنى سوزۇپ ئويلىنىپ.

— ئەستا، ئالىيونا ئىۋانوۋنا سىزنى بەكلا قورقۇتۇۋېتكەن چېغى! — دېدى چەرچىنچىنىڭ پاكىنەك، چاققان خوتۇنى قۇشقاچتەك ۋىچىرلاپ، — قارىسام سىز... خۇددى كىچىك بالىغا ئوخشايدىكەنسىز. ئۇ يا سىزنىڭ بىر قورساق ئاچىڭىز بولمىسا،

① بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان «دەلدۈش» — دوستويېۋسكىينىڭ تەسۋىرلىشىچە، گومۇش دېگەن مەنىدە ئەمەس، بەلكى خاراكتېر جەھەتتىن مۆمىن، قەلبى پاك (ئۇنىڭ «دەلدۈش» ناملىق رومانىدىكى گېرىتسوگ مىشكىنغا ئوخشاپ كېتىدىغان) دېگەن مەنىدە.

سىزنى نېمانچە باشقۇرۇپ كېتىدۇ دەيمىنا !

— بۇدا سىز ئاليونا ئىۋانوۋناغا ھېچنېمە دېمەڭ، — دېدى ئېرى خوتۇنىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — بۇ بىزنىڭ مەسلىھەتىمىز. بۇنىڭدىن كېيىن بۇ يەرگە كەتكۈچە ئۇنىڭدىن سوراپ يۈرمەڭ، شۇنداق قىلغىنىڭىز ياخشى، كېيىنچە ئاچچىقىڭىز ئۆزى چۈشىنىپ قالىدۇ.

— قاچان كەلسەم بولار؟

— ئەتە، سائەت ئالتىدە. ئۇلارمۇ كېلىدۇ، ئۆزىڭىز بىر قارارغا كېلىسىز.

— بىز چاي دەملەپ قويىمىز، — قوشۇپ قويدى خوتۇنى.

— ماقۇل، كېلەي، — دېدى لىزاۋېتا، ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدىن يەنىلا ئىككىلىنىپ تۇرۇۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى، شۇنداقتىمۇ ئۇ ئاخىر بىر بېسىپ ـ ئىككى بېسىپ ئۇ يەردىن كەتتى.

نەق شۇ چاغدا راسكولنىكوف ئۇ يەردىن ئۆتۈپ بولغاچقا، باشقا گەپلەرنى ئاڭلىيالمىدى. ئۇ جىممىدە، ھېچكىمگە سەزدۈرمەي ئۆتۈپ كەتكۈچە ئارىلىقتا بىرەر سۆزنىمۇ چۈشۈرۈپ قويماسلىقتا تىرىشىپ گەپكە قۇلاق سالدى. ئۇ باشتا ھەيران قالدى، كېيىن خۇددى دۈمبىسىدىن سوغۇق كىرىۋاتقاندەك، پۈتۈن بەدىنى تىكەنلىشىپ كەتتى. ئۇ ئۇقۇپ قالدى، پۈتۈنلەي تاسادىپىي بىر ھالەتتە ئۇقۇپ قالدى: ئەتە كەچ سائەت يەتتىدە موماينىڭ سىڭلىسى، ئۇنىڭ بىردىنبىر ھەمراھى لىزاۋېتا ئۆيدە بولمايدىكەن، شۇڭا كەچ سائەت يەتتىدە ئۆيدە موماي ئۆزى يالغۇز قالىدىكەن.

ئۇنىڭ ئۆز ياتىقىغا يېتىپ بېرىشىغا بىرنەچچە قەدەملا قالغانىدى. ئۇ ھۇجرىسىغا خۇددى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان ئادەمدەك بىر ھالەتتە كىرىپ كەلدى. ھېچنېمىنى ئويلىمىدى. ئويلىغۇدەك ھالىمۇ قالمىغانىدى. ئۇ توساتتىن ئۆزىدە نە پىكىر ئەركىنلىكى، نە ئىرادە قالمىغانلىقىنى، ھەممە ئىشنىڭ بىردىنلا ئۇزۇل ـ كېسىل ھەل بولغانلىقىنى سەزدى.

ئەلـۋەتتە، ئۇ پـىلاننـى ئىشقـا ئاشۇرۇش ئـۈچـۈن قولايلــق پۇرسەتـنىڭ كېلىشىـنى بىرنـەچچە يىـل كۈتكەن تـەقدىردىـمۇ، هازىـرلا كـۈتمىـگـەندە ئۆزى كـېلىـپ قالـغان پۇرسـەتـتىـنىـمۇ ئىشەنچلىك، قـولايلىق پـۇرسەتنى قـولغا كەلـتۈرەلىشـى ناتايىـن ئـىدى. مەيلـى قانداقـلا بـولمىـسۇن، هېچـقـانداق خەۋپـكە دۇچ كەلمەي، سۈرۈشتۈرۈپ، تەكشۈرۈپمۇ يۈرمەي، هاياتىغا سۈيىقەست تەييارلىنىۋاتقان بىر موماينىـڭ ئەتە سائـەت يەتتىـدە ئۆز ئۆيىــدە تىكەنـدەك يالغۇز قـالىدىغـانلىـقىـنى بىــر كۈن بۇرۇن شـۇنـداق ئېنىق، شۇنداق توغرا، شۇنداق ئىشەنچلىك هالدا بىلىۋېلىش بـۇ ئەلۋەتتە ئىنتايىن تەس ئىش.

## 6

كېيىـنرەك راسكـولـنىكـوف هـېلىـقى چەرچىـنـچى بىلـەن خوتۇنىنىـڭ لىزاۋېتـانى ئۆيىـگە چاقىــرغانلىـقىنىـڭ سەۋەبىنـى تـاسادىپىـي ئۇقۇپ قالـدى. بۇ هېچـقانداق ئالاهـىدە يېـرى يـوق، تولىمۇ ئادەتتىكى بىر ئىش ئىكەن. ياقا يۇرتتىن كېلىپ قالغـان بىر ئائىلە بارغانسېرى نامراتلىشىپ، نەرسە ـ كېرەكلىرى بىلەن بـاش ياغلىــق دېگەنـدەك ئايالـلارغـىلا لازىمـلىـق كىيىــم ـ كېچەكلىرىنـى ساتماقـچى بوپتـىكەن. بازارغـا ئاچىقىـپ ساتسـا، تۈزۈكرەك پايدا ئالالمايدىغان بولغاچقا، نەرسىلىرىنى سېتىشىـپ بېرىدىغان بىر ئادەمنى ئىزدەۋاتقانىـكەن. لىـزاۋېتـا دەل شۇنـداق ئىشنى قىلاتتى. ئۇ كىشـلەرنىڭ نەرسىلىرىنى ۋاكالىتەن سېتىـپ پـۇل قىلىـپ بېرەتتـى. بۇ ئىشـتا تەجرىـبىسـىمۇ مول ئىـدى. كىشىلەرگە سەمىمىي مۇئامىلە قىلاتتى. باهادىمۇ ئەزەلدىن ئادىل ئىـدى، گېپىـدىن يېنىـۋالمايـتتى. ئۇ ئـادەتتە تولـىمۇ ئاز گـەپ قىلاتتى. يۇقىرىدا دېگىنىمىزدەك ئىنـتايىن يـاۋاش، قورقۇنچـاق ئىدى.

لېكىن، راسكولنىكوف كېيىنكى كۈنلەردە خۇراپاتلىقتا قاتتىق ئىشىنىدىغان بولۇپ قالغانىدى. خۇراپاتلىقتا ئىشىنىشىنىڭ تەسىرى ئۇنىڭ قەلبىدە گويا يوقاتقىلى بولمىغۇدەك بىر ھالەتتە ئۇزاققىچە ساقلىنىپ قالاتتى. كېيىنچە ئۇ بىر پۈتۈن ئىشتا گويا ئاجايىپ - غارايىپ تەسىر ۋە توغرا كېلىپ قېلىش مەۋجۇتتەك، ئۇنىڭدىن بىر خىل غەلىتە ۋە سىرلىق نەرسىنى ئىزدەشكە ئامراق بولۇپ قالدى. ئۆتكەن يىلى قىشتا، پوكورېف ئىسىملىك بىر تونۇش ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى خاركوفقا مېڭىش ئالدىدا، ناۋادا جىددىي ئېھتىياج بىلەن بىرەر نەرسەڭنى گۆرۈگە قويماقچى بولساڭ ئەسقېتىپ قېلىشى مۇمكىن، دەپ ئاليونا ئىۋانوۋنانىڭ ئادرېسىنى دەپ بەرگەنىدى. ئۇ دەرس بېرىپ، كۈنلىرىنى ئەپلەپ - سەپلەپ ئۆتكۈزگەچكە ئۇزۇنغىچە ئۇنىڭ ئالدىغا بارمىدى. بۇنىڭدىن بىر يېرىم ئايچە ئىلگىرى، ئۇ ھېلىقى ئادرېسنى ئەسلەپ قالدى. ئۇنىڭ گۆرۈگە قويغۇدەك ئىككى نەرسىسى بار ئىدى. بىرسى، دادىسىدىن قالغان كونا كۈمۈش سائەت، يەنە بىرسى ئۈچ دانە قىزىل تاشتىن كۆز قويۇلغان كىچىككىنە ئالتۇن ئۈزۈك، بۇنى ئۇ يولغا چىقىدىغان چاغدا سىڭلىسى خاتىرە ئۈچۈن سوۋغا قىلغانىدى. ئۇ ئۈزۈكنى گۆرۈگە قويۇش قارارىغا كەلدى. موماينى ئىزدەپ تاپقاندىن كېيىن، ئانچە چۈشىنىپ كەتمىسىمۇ، لېكىن بىرىنچى قارىشىدىلا موماي ئۇنىڭدا چىدىغۇسىز نەپرەت ئويغاتتى. ئۇ مومايدىن ئىككى «قەغەز» ئالدى - دە، قايتقۇچە يولدا ئاددىيغىنا بىر ئاشخانىغا كىردى. بىر ئىستاكان چاي ئېلىپ ئولتۇردى - دە، چوڭقۇر خىيالغا پاتتى. غەلىتە بىر پىكىر خۇددى تۇخۇمدىن چىقىش ئالدىدا تۇرغان چۈجىدەك ئۇنىڭ مېڭىسىنى چوقۇلاشقا، مىدىرلاشقا باشلىدى ۋە ئۇنى قاتتىق جەلپ قىلىۋالدى.

ئۇنىڭ يېنىدىكى شىرەدە ئۇنىڭغا مۇتلەق ناتونۇش، ھەتتا كۆرگەن - كۆرمىگەنلىكىمۇ ئېسىدە قالمىغان بىر ئالىي مەكتەپ

ئوقۇغۇچىسى بىلەن ياشقىنا بىر ئوفىتسېر ئولتۇراتتى. ئۇلار يېڭىلا بىليارد ئويناپ بولۇپ، شۇ تاپتا چاي ئىچىپ ئولتۇراتتى. كۈتمىگەندە ئۇ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ ئوفىتسېرغا كوللېگىيە كاتىپىنىڭ خوتۇنى، جازانىخور ئالىيونا ئىۋانوۋنا توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئوفىتسېرغا ئۇنىڭ ئادرېسىنىمۇ دەپ بەردى. مانا شۇنىڭ ئۆزىلا راسكولنىكوفقا بىر ئاز غەلىتىدەك تۇيۇلدى. ئۇ تېخى يېڭىلا شۇنىڭ قېشىدىن كېلىۋېدى. بۇ يەردىمۇ شۇنىڭ گېپى بولۇۋېتىپتۇ. ئەلۋەتتە، بۇ شۇنداق بىر توغرا كېلىپ قالغاندى، لېكىن ئۇ ئىنتايىن غەلىتە تەسىراتتىن قۇتۇلۇپ بولالمايۋاتقان چاغدا، مانا يەنە بىرسى ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇلدى. بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى كۈتمىگەندە ئالىيونا ئىۋانوۋنانىڭ ھەر خىل ئەھۋاللىرىنى دوستىغا سۆزلەپ بېرىشكە باشلىدى.

— ئۇنىڭ خېلى نامى بار، — دېدى ئۇ، — ھەرقانداق چاغدا ئۇنىڭدىن قەرزگە پۇل ئالالايسەن. ئۇ خۇددى يەھۇدىيلارغا ئوخشاش باي، ئۇ ساڭا بىر قېتىمدىلا بەش مىڭ رۇبلى بېرىپ تۇرالايدۇ. ئۇ بىر رۇبلىلىق نەرسىلەرنىمۇ گۆرۈگە ئېلىۋېرىدۇ. بىزنىڭكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۇنىڭ ئالدىغا بارغان. لېكىن، ئۇ شۇنچىلىك ئىت مىجەزكى...

شۇنىڭ بىلەن ئۇ مومايىنىڭ قانچىلىك ياغرى تاشلىقىنى، ئادەم تونۇمايدىغانلىقىنى، ناۋادا پۇلنى بىرەر كۈن كېچىكتۈرۈپ قويسىڭىز، نەرسىلىرىڭىزدىن مەھرۇم بولىدىغانلىقىڭىزنى سۆزلەپ كەتتى. ئۇنىڭ بەرگەن پۇلى ئاپارغان نەرسىڭىزنىڭ ئەسلىي باھاسىنىڭ تۆتتىن بىرىگىلا توغرا كېلىدۇ. لېكىن، ھەر ئايدا بەش پىرسەنت، ھەتتا يەتتە پىرسەنت ئۆسۈم ئالىدۇ①. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئاغزى بېسىقماي سۆزلەۋەردى. ئۇ يەنە ئۇنىڭ بىر سىڭلىسى بار، ئىسمى لىزاۋېتا. پاكارغىنە، لەنىتى

① ئەينى ۋاقىتتا ئادەتتە ئىككى پىرسەنتتىن ئۈچ پىرسەنتكىچە ئۆسۈم ئېلىناتتى.

مـوماي ئۇنى دائـىم ئۇرىدۇ، خـۇددى مالـىيـىدەك ئىـشلىـتىـىدۇ. لىزاۋېتاغا خۇدايىم پەقەت بوينىلا ئايىماي بەرگەن، دېدى.
— ئۇمۇ كەم ئۇچرايدىغان شەخسلەردىن، — ۋارقىرىدى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى، ئارقىدىن قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى.
ئۇلار ئەمدى لىزاۋېتا توغرۇلۇق گەپلىشىشكە باشلىدى. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئۇ توغرۇلۇق تولىمۇ ھۇزۇرلىنىپ گەپ قىلاتتى، توختىماي كۈلەتتى، ئوفىتسېر بولسا ئۇنىڭ گەپلىرىنى قىزىقىپ ئاڭلاپ، ئۇنىڭدىن لىزاۋېتانى مېنىڭ قېشىمغا ئەۋەتسەڭ، كىيىملىرىمنى ياماپ بەرگەن بولسا، دەپ ئىلتىماس قىلدى. راسكولنىكوف بىر ئېغىز گەپنىمۇ چۈشۈرۈپ قويماي تولۇق ئاڭلاپ، مۇنۇلارنى ئېنىق بىلىۋالدى: لىزاۋېتا مومايىنىڭ ئۆگەي (دادا بىر ئانا باشقا) سىڭلىسى ئىكەن، بۇ يىل ئوتتۇز بەش ياشقا كىرىپتۇ. ئۇ كېچە - كۈندۈز دېمەي ئاچىسىنىڭ خىزمىتىنى قىلىدىكەن. ئۇنىڭ تامىقىنى ئېتىپ، كىر - قېتىنى يۇيۇپ بەرگەننىڭ سىرتىدا، كىيىم تىكىپ ساتىدىكەن، ھەتتا خەققە يالىنىپ تاختاي يۇيىدىكەن، تاپقان پۇلىنىڭ ھەممىسىنى ئاچىسىغا بېرىدىكەن. ئاچىسىنىڭ رۇخسىتىسىز بۇيرۇتما ئېلىشقا جۈرئەت قىلالمايدىكەن. موماي ئاللىبۇرۇنلا ۋەسىيەتنامە يېزىپ بوپتۇ، بۇنىڭدىن لىزاۋېتانىڭمۇ خەۋىرى بار ئىكەن. ئۇنىڭ ۋەسىيەتنامىسى بويىچە لىزاۋېتاغا ئۇستەل - ئورۇندۇق دېگەنلەردىن بۆلەك بىر تىيىن پۇل تەگمەيدىكەن، ئۇ جىمى پۇلىنى ئۆزىنىڭ روھىغا ئاتاپ ئەبەدىي دۇئا - تىلاۋەت قىلىپ تۇرۇش ھېسابىغا H ئۆلكىسىدىكى بىر موناستىرغا ئىنئام قىلغۇدەك. لىزاۋېتا ئەمەلدارنىڭ خوتۇنى ئەمەس، بەلكى ئادەتتىكى مىشچان ئىكەن. ئۆزى ئاجايىپ سەت قېرى قىزىمىش، بويىمۇ ئادەتتىن تاشقىرى ئېگىز، پۇتلىرى ئىچ مايماق، ئۇزۇن ئىكەن. پۇتىغا دائىم ئۆچكە تېرىسىدىن تىكىلگەن كونا ئاياغ كىيىپ يۈرىدىكەن. لېكىن، ئۆزىنى ناھايىتى پاكىز تۇتىدىكەن. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنى ھەيران قالدۇرغىنى ۋە

كۆلگۆسىنى كەلتۈرىدىغىنى لىزاۋېتا پات ـ پاتلا ئېغىر ئاياغ بولۇپ قالىدىكەن...

ـــ ئۇ بەكلا سەت دەۋاتاتتىڭغۇ؟ ـــ سورىدى ئوفىتسېر.

ـــ شۇنداق، ئۇنىڭ ئۆڭى قاپقارا، بەئەينى ئۇستىلىق بىلەن ياسىنىۋالغان ئەسكەرگىلا ئوخشايدۇ. لېكىن، بىلەمسەن، ئۇ زادىلا سەت ئەمەس، چىرايىدىن، كۆزلىرىدىن ئاق كۆڭۈللۈكى چىقىپ تۇرىدۇ. راست، ئۇ ئىنتايىن ئاق كۆڭۈل، نۇرغۇن ئادەمنىڭ ئۇنى ياقتۇرۇشى بۇنىڭ دەلىلى. ئۇ ئىنتايىن تىنچ، ياۋاش، چىقىشقاق ئايال، نېمە دېسەڭ ماقۇل دەيدۇ. ھەممىگە ئىتائەتمەنلىك بىلەن چىدايدۇ. ئۇنىڭ كۈلۈشلىرى شۇنداق يېقىملىق.

ـــ بۇ گەپچە ئۇنى سەنمۇ ياخشى كۆرۈپ قالغان ئوخشىمامسەن؟ ـــ دېدى ئوفىتسېر كۈلۈپ.

ـــ ساڭا ئۇنىڭ غەلىتىلىكىنى دەۋاتىمەن. ياق، مەن ساڭا دەپ بېرەي: مەن ھېلىقى لەنىتى موماينى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، پۇلۇمنى تارتىۋالسام دەيمەن. ساڭا ۋەدە بېرىمەنكى، شۇنداق قىلسام، ۋىجدانىم مېنى ھەرگىزمۇ ئەيىبلىمەيدۇ، ـــ دېدى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى قىزغىن قوشۇمچە قىلىپ.

ئوفىتسېر يەنە قاقاھلاپ كۈلدى. راسكولنىكوف شۈركۈنۈپ كەتتى. تۇۋا، ئاجايىپ قىزىق ئىشقۇ بۇ !

ـــ كەچۈرگىن، ساڭا بىر جىددىي مەسىلىنى دەپ بېرەي، ـــ دېدى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ھاياجانلىنىپ، ـــ مەن ھازىر... ئەلۋەتتە، ساڭا بايىقى گەپنى چاقچاق قىلىپ دەپ قويدۇم. لېكىن، ئۆزۈڭ ئويلاپ باق: بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، ھېلىقى موماي ئەقىلسىز، كېرەكسىز، ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان، ئىچىدە زەھەر قاينايدىغان، ئاغرىقچان، ھېچكىمگە لازىمى يوقلۇقى بۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ھەممە ئادەمگە زىيان سالىدىغان، نېمە ئۈچۈن ياشاۋاتقانلىقىنى ھەتتا ئۆزىمۇ بىلمەيدىغان، ئەتە ـ ئۆگۈن ئۆزىلا ئۆلۈپ قالىدىغان بىر خوتۇن،

چۈشىنىۋاتامسەن؟ چۈشىنىۋاتامسەن؟

— ھەئە، چۈشىنىۋاتىمەن، — جاۋاب بەردى ئوفىتسېر ھاياجان بىلەن سۆزلەۋاتقان دوستىغا دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىپ.

— ئەمدى گەپىنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلا. يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، نەۋقىران ياشلار قوللاشقا ئېرىشەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، بىكاردىن ـ بىكارغىلا نابۇت بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، بۇنداقلارنى ھەممىلا يەردىن مىڭلاپ، ئون مىڭلاپ تاپقىلى بولىدۇ! موماينىڭ موناستىرغا كىرىپ كېتىشى ئاللىبۇرۇنلا بېكىتىلىپ بولغان ئاشۇ پۇلى بىلەن يۈزلەرچە، مىڭلارچە ياخشى ئىشنى ۋە يېڭىلىقنى ئىشقا ئاشۇرغىلى ۋە تەرتىپكە سالغىلى بولىدۇ! يۈزلىگەن، ئېھتىمال مىڭلىغان ئادەمنى پارلاق يولغا باشلىغىلى بولىدۇ؛ بىرنەچچە ئون ئائىلىنى يوقسۇللۇقتىن، سەرسانلىقتىن، ھالاكەتتىن، چۈشكۈنلىشىشتىن ۋە تاناسىل كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىلىرىدىن قۇتقۇزۇپ قالغىلى بولىدۇ — ئۇنىڭ پۇلى بىلەن مانا شۇلارنىڭ ھەممىسىنى قىلغىلى بولىدۇ. ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، پۇللىرىنى ئېلىپ، ئاندىن شۇ پۇللار بىلەن پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ۋە ئاۋام خەلقنىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلساڭ كاشكى. سېنىڭچە قانداق؟ بىرنەچچە مىڭ ياخشى ئىش كىچىككىنە بىر گۇناھنى يۇيۇپ كېتەلمەسمۇ؟ ناھايىتى بىرلا جاننىڭ بەدىلىگە بىرنەچچە مىڭ جاننى چىرىشتىن ۋە بۇزۇلۇشتىن قۇتقۇزۇپ قىلىش، بىرلا ئادەمنىڭ ئۆلۈمى بەدىلىگە يۈز ئادەمنى ھاياتلىققا قايتۇرۇپ كېلىش ناھايىتى ئاددىي ئارىفمېتىكىلىق ھېسابقۇ! بۇنداق بىر ئاغرىقچان، مېڭىسىنى قاغا چوقۇلاپ كەتكەن، ئىچىدە ئوغا قاينايدىغان موماينىڭ ھاياتى ئاۋام خەلقنىڭ تارازىسىدا نېمىگە ئەرزىيتتى؟ ناھايىتى كەلسە بىر تال پىتىنىڭ، بىر تال سۇۋەرەكنىڭ ھاياتچىلىكتۇ ئۇ. ياق، ئۇ ھەتتا پىتقىمۇ، سۇۋەرەككىمۇ يەتمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ بىر زىيانداش. ئۇ

باشقىلارنىڭ ھاياتىنى قىرقىيدۇ؛ بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدا ئۇ ئاچچىقىنى چىقارغىلى لىزاۋېتانىڭ بارمىقىنى چىشلىۋاپتىكەن، ئوپېراتسىيە قىلىپ كېسىپ تاشلىغىلى قىل قاپتۇ.

— راست، ئۇ ياشاشقا لايىق ئەمەسكەن، — دېدى ئوفىتسېر، — لېكىن ئۇنىڭ تەبىئىتى شۇنداق ـ دە.

— ھەي، بۇرادەر، تەبىئەت دېگەننى تۈزەتكىلى ۋە يېتەكلىگىلى بولىدۇ. ئۇنداق بولمىغان بولسا، بىز بىر تەرەپلىمە قاراشلار دېڭىزىغا غەرق بولۇپ كەتكەن بولاتتۇق. ئۇنداق بولمىغان بولسا، ئۇلۇغ ئادەملەردىن بىرەرىمۇ دۇنياغا كەلمىگەن بولاتتى. كىشىلەر «مەجبۇرىيەت»، «ۋىجدان» توغرىسىدا گەپ قىلىشىدۇ، مەن مەجبۇرىيەت، ۋىجدان دېگەنگە ھەرگىز قارشى ئەمەس. لېكىن، مەجبۇرىيەت ۋە ۋىجدان دېگەننى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ توختاپ تۇر، مەن سەندىن يەنە بىر سوئال سوراي، ئاڭلاپ تۇر!

— ياق، سەن توختاپ تۇر. مەن سەندىن بىر سوئال سوراپ باقاي، ئاڭلاپ تۇر!

— ھە سورا.

— سەن ھازىر مەردانىلىك بىلەن قاملاشتۇرۇپ سۆزلىدىڭ. قېنى دەپ باقە، ھېلىقى موماينى سەن ئۆز قولۇڭ بىلەن ئۆلتۈرمەكچىمۇ؟

— ئەلۋەتتە ئۇنداق ئەمەس! مەن ناھايىتى ھەققانىيەتنى تەرغىب قىلىۋاتىمەن... گەپ مېنىڭدە ئەمەس...

— مېنىڭچە، ئەگەر سەن ئۆزۈڭ شۇ قارارغا كېلەلمىسەڭ، ئۇ ھالدا ھەققانىيەتنى تەرغىب قىلىشتىن ئېغىز ئاچمايلا قوي... يۈرە، يەنە بىر قول ئوينايلى.

راسكولنىكوف قاتتىق ھاياجانلاندى. ئەلۋەتتە، بۇلار ئەڭ ئادەتتىكى، قۇلاققا دائىم كىرىپ تۇرىدىغان ئالىجوقا گەپلەر ۋە پىكىرلەر ئىدى. مۇنداق گەپلەرنى ئۇ كۆپ ئاڭلىغانىدى. بىرلا يېرى، ئۇنىڭ شەكلى بىلەن تېمىسىلا ئوخشىمايتتى. لېكىن،

نېمە ئۈچۈن دەل شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە، ئۇنىڭ كاللىسىدا شۇنىڭغا ئوخشاش ئوي يېڭىلا پەيدا بولغان بىر چاغدا... ئۇ شۇنداق گەپلەر بىلەن پىكىرلەرنى باشقا بىر ئادەمنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلايدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، نېمە ئۈچۈن دەل شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە، ئۇ مومايىنىڭ ئۆيىدىن خۇددى شۇنداق بىر پىكىرنىڭ ئۇندۇرمىسىنى ئېلىپ چىققان بىر چاغدا، شۇ موماي توغرۇلۇق گەپلىشىۋاتقان ئادەملەرگە ئۇچراپ قالىدۇ؟... ئۇنىڭغا بۇنداق توغرا كېلىپ قېلىش، بۇرۇندىنلا غەلىتە تۇيۇلاتتى. كىچىك ئاشخانىدا بولۇپ ئۆتكەن بۇ ئەرزىمەس سۆھبەت ئىشنىڭ يەنىمۇ تەرەققىي قىلىشىدا ئۇنىڭغا ئادەتتىن تاشقىرى تەسىر كۆرسەتتى: ئۇنىڭغا گويا قىسمەت راستىلا شۇ يولنى كۆرسىتىپ تۇرغاندەكلا تۇيۇلدى.

ئۇ ئوت - چۆپ بازىرىدىن قايتىپ كېلىپ ئۆزىنى دىۋانغا تاشلىدى ۋە توپتوغرا بىر سائەتكىچە مىدىر - سىدىر قىلماي ئولتۇردى. شۇ ئارىلىقتا قاراڭغۇ چۈشتى. ئۇنىڭدا شام يوق ئىدى. ئۇ ھەتتا شام يېقىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىدى. كېيىنرەك ئۇ شۇ چاغدا بىرەر ئىش توغرۇلۇق ئويلىغان - ئويلىمىغانلىقىنى زادىلا ئېسىگە ئالالمىدى. ئاخىر ئۇ تېخى يېقىندىلا تۇتقان بەزگەكنىڭ يەنە تۇتۇشقا باشلىغانلىقىنى سەزدى، شۇ چاغدا ئۇ دىۋاندا ياتسا بولىدىغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ سۆيۈنۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تېزلا قاتتىق، گويا قوغۇشۇندەك ئېغىر ئۇيقۇ ئالۋاستىسى بېسىۋالغاندەك تېزلا قاتتىق ئۇيقۇغا كەتتى.

ئۇ ئادەتتىن تاشقىرى ئۇزاق ئۇخلىدى. چۈشمۇ كۆرمىدى. ئەتىسى ئەتىگەن سائەت ئوندا ئۇنى خانىسىغا كىرگەن ناستاسىيە مىڭ مەشەققەتتە ئاران ئويغاتتى. ناستاسىيە ئۇنىڭغا چاي بىلەن نان ئەكىرگەنىدى. چاي يەنىلا ئىلگىرىكىدەك شامىنىڭ ئۈستىگىلا دەملەنگەنىدى. يەنە كېلىپ چۆگۈنمۇ ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ

چۆگۈنى ئىدى.
— ھەي، شۇنداقمۇ قاتتىق ئۇخلامدۇ كىشى ! — ۋارقىرىدى ئۇ خاپا بولۇپ، — كەچكىچە ئۇخلىغان !
راسكولنىكوف مىلىق تەستە ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ بېشى ئاغرىۋاتاتتى، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كىچىككىنە خانىدا بىر پىرقىرىدى - دە، يەنە ئۆزىنى دىۋانغا تاشلىدى.
— يەنە ئۇخلىدى، — ۋارقىرىدى ناستاسىيە، — ئاغرىپ قالدىڭمۇ يا؟
ئۇ جاۋاب بەرمىدى.
— چاي ئىچەمسەن؟
— بىردەم تۇرۇپ، — ئۇ شۇنى ئاران دېدى - دە، كۆزىنى يۇمۇپ تام تەرەپكە قارىۋالدى. ناستاسىيە ئۇنىڭ قېشىدا بىردەم تۇردى.
— ئۇ راستىلا ئاغرىپ قالغان ئوخشايدۇ، — دېدى ئۇ ۋە كەينىگە بۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى.
چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدە، ئۇ بىر قاچا شورپا كۆتۈرۈپ كىردى. راسكولنىكوف تېخىچە مىدىرلىماي ياتاتتى. چايمۇ شۇ پېتىلا تۇراتتى. ناستاسىيەنىڭ ئاچچىقى كەلدى - دە، شۇ ئاچچىقىدا ئۇنى قاتتىق - قاتتىق نوقۇشقا باشلىدى.
— نېمانداق ئۇخلاۋېرىسەن؟ — دېدى ناستاسىيە ئۇنىڭغا يىرگىنچلىك نەزەر بىلەن قاراپ ۋارقىراپ، ئۇ گەۋدىسىنى كۆتۈرۈپ ئولتۇردى، لېكىن پولغا تىكىلىپ، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى.
— ئاغرىپ قالدىڭمۇ يا؟ — سورىدى ناستاسىيە، لېكىن يەنە جاۋاب ئالالمىدى.
— ھېچ بولمىسا تالاغا چىقىپ شامالداپ كىر، — دېدى ناستاسىيە بىردەم تۇرۇۋېلىپ، — تاماق يەمسەن؟
— سەل تۇرۇپ، — دېدى ئۇ بوش ئاۋازدا، — سەن كېتىۋەر، — ئۇ قولىنى شىلتىپ قويدى.

ناستاسىيە يەنە بىردەم تۇردى. ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ قاراپ قويدى ـ دە، چىقىپ كەتتى.
بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن ئۇ كۆزىنى ئېچىپ، چاي بىلەن شورپىغا ئۇزۇنغىچە قاراپ ئولتۇردى. ئاندىن نان بىلەن قوشۇقنى ئېلىپ، تاماق يېيىشكە باشلىدى.
تاماققا كۆڭلى تارتمىغاچقا، ئۇ ناندىن ئازراقلا يەپ، شورپىدىن ئۈچ ـ تۆت قوشۇقلا ئىچىپ بولدى قىلدى. بۇ ئۇنىڭ ئىختىيارى ئەمەس ئىدى، بېشىنىڭ ئاغرىقى خېلىلا قويۇپ بەرگەنىدى. ئۇ تاماقنى يەپ بولۇپ، يەنە دىۋاندا سوزۇلۇپ ياتتى. ئەمما، ئۇخلىيالمىدى. ئۇ كۆكرىكىنى دىۋانغا، يۈزىنى ياستۇققا يېقىپ مىدىر ـ سىدىر قىلماي ياتتى. مانا شۇ چاغدا ئۇنىڭدا كەينى ـ كەينىدىن خىيالىي تۇيغۇلار پەيدا بولۇۋەردى. بۇ خىيالىي تۇيغۇلار بەكلا غەلىتە ئىدى. ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدا نامايان بولۇشىچە، ئۇ ئافرىقىنىڭ بىر يېرىدە، مىسىردا، بىر بوستانلىقتا ئىمىش. كارۋان ئارام ئېلىۋاتقۇدەك، تۆگىلەر تىپتىنچ ياتقۇدەك، ئەتراپ پۈتۈنلەي خورما دەرىخى ئىمىش، ھەممە ئادەم تاماق يەۋاتقۇدەك. ئۇ بولسا توختىماي سۇ ئىچكۇدەك، ئىچكەندىمۇ يېنىدىلا شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان كىچىككىنە ئېقىن سۈنى دۈم يېتىپ تۇرۇپ ئىچكۇدەك. زۇمرەتتەك سۇ شۇ قەدەر سوغۇق، شۇ قەدەر ئېسىل، مۇزدەكمىش. ئۇ رەڭگارەڭ تاشلارنىڭ ئالتۇندەك پارقىراپ تۇرغان پاكىز قۇملارنىڭ ئۈستىدىن ئېقىپ ئۆتكۇدەك...
بىردىنلا ئۇ سائەتنىڭ قوڭغۇراق ئاۋازىنى ئېنىق ئاڭلاپ چۆچۈپ ئويغىنىپ، بېشىنى كۆتۈردى، قايسى ۋاقىت بولدىكىن، دەپ دېرىزىدىن تاشقىرىغا قارىدى. ئاندىن پۈتۈنلەي ئويغىنىپ، خۇددى بىرسى تارتىپ تۇرغۇزۇۋەتكەندەك، دىۋاندىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. پۇتىنىڭ ئۇچىدا مېڭىپ ئىشىك ئالدىغا كەلدى ـ دە، ئىشىكنى شەپىسىز ئېچىپ، پەسكە قۇلاق سالدى. ئۇنىڭ يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك قاتتىق سوقۇپ كەتتى.

هەممە ئادەم ئۇخلاپ قالغاندەك، پەلەمپەي جىمجىت ئىدى... ئۇنىڭغا تونۇگۈندىن تارتىپ تا هازىرغىچە ئۆلۈكتەك ئۇخلاپ يېتىشى، تېخىچە هېچ ئىش قىلمىغانلىقى، تەييارلىق قىلىپ قويمىغانلىقى غەلىتە بىر ئىشتەك، ئەقىلگە سىغمايدىغاندەك تۇيۇلدى... بايا سائەت ئالتىگە داڭ ئۇرغان بولسا كېرەك. ئۇ ئۇيقۇلۇق ۋە گاراڭلىق هالەتتىن چىقىپ هوشىنى يىغقاندىن كېيىن، يەنىلا قاتتىق هودۇقۇش، ئازراق هەيرانلىق ئىچىدە ئالدىراپ ـ سالدىراپ هەرىكەت قىلىشقا باشلىدى. لېكىن، ئۇنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك تەييارلىقى كۆپ ئەمەس ئىدى. ئۇ بىرەر ئىشنى ئۇنتۇپ قالماسلىق ئۈچۈن، پۈتۈن زېهنىنى يىغىپ هەممىنى تولۇق ئويلاندى. يۈرىكى تېخىچە قاتتىق سوقۇۋاتقاچقا، نەپەس ئېلىشىمۇ قىيىنلىشىپ كەتتى. ئۇ ئالدى بىلەن ئازغىنا خالتا تەييارلاپ، ئۇنى پەلتوسىنىڭ ئىچىگە تىقىۋېلىشى كېرەك. بۇ ناهايىتى بىر مىنۇتلۇق ئىش. ئۇ ياستۇقنىڭ تېگىگە قولىنى تىقىپ، ياستۇقنىڭ تېگىگە پۈرلەپلا تىقىپ قويۇلغان كۆڭلەكلەرنىڭ ئارىسىدىن كونىراپ چاك ـ چېكىدىن توسۇلۇپ كەتكەن كىر كۆڭلەكنى ئالدى ـ دە، كۆڭلەكتىن كەڭلىكى تۆت ئىلىك، ئۇزۇنلۇقى ئىككى غېرىچ كەلگۈدەك لاتا يىرتىۋالدى. ئاندىن ئۇنى ئىككى قاتلاپ، يىرىك بومازى ماتادىن تىكىلگەن كەڭ ۋە پۇختا يازلىق پەلتوسىنى (بۇ ئۇنىڭ بىردىنبىر تاشقى كىيىمى ئىدى) سېلىپ، لاتىنىڭ ئىككى ئۇچىنى پەلتوسىنىڭ ئىچىگە ــ سول تەرەپ قولتۇق ئاستىغا تىكىشكە باشلىدى. ئۇ تىكىۋاتقان چېغىدا قوللىرى تىترىۋىدى، دەرهال ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ سىپتا قىلىپ تىكىپ چىقتى. ئۇ پەلتوسىنى يەنە كىيگەن چېغىدا، تېشىدىن هېچنېمىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئۇ يىڭنە بىلەن يىپنى ئاللىبۇرۇنلا تەييارلاپ، قەغەزگە يۆگەپ، تارتمىغا سېلىپ قويغانىدى. تار خالتىغا كەلسەك، بۇ ئۇنىڭ ئاجايىپ ئەپچىل كەشپىياتى ئىدى. ئۇ پالتىنى ئەنە شۇ خالتىغا سېلىپ قويماقچىدى. چۈنكى، پالتىنى چوڭ كوچىدا ئوچۇق

كۆتۈرۈپ ماڭغىلى بولمايتتى. پەلتونىڭ ئىچىگە تىقىۋالاي دېسە، تېشىدىن يەنىلا قولدا تۇتۇپ مېڭىشقا توغرا كېلەتتى ـ دە، بۇنى ئادەملەر كۆرۈپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. مانا ئەمدى پالتىنىڭ بېشىنى شۇ خالتىغا كىرگۈزۈپ سېلىپ قويسىلا، پالتا پەلتونىڭ قولتۇق ئاستىغا تىپتىنچ كېتىۋېرەتتى، شۇنداقلا پالتا پۇلاڭلاپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، بىر قولىنى پەلتونىڭ يانچۇقىغا سېلىپ، پالتىنىڭ دەستىسىنى تۇتۇۋالسىمۇ بولاتتى. ئۇنىڭ پەلتوسى خۇددى تاغاردەك كەڭ بولغاچقا، تېشىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ يانچۇقىغا سېلىۋالغان قولىدا بىرەر نېمىنى تۇتۇۋالغانلىقىنى پەرق ئەتكىلىمۇ بولمايتتى. بۇ ئامالنى ئۇ بۇنىڭدىن ئىككى ھەپتە ئىلگىرى ئويلاپ تاپقانىدى.

شۇ ئىشنى قىلىپ بولۇپ، ئۇ «تۈركىيچە» دىۋان بىلەن پولنىڭ ئارىلىقىدىكى تارغىنا يوچۇقتا بارماقلىرىنى تىقىپ، سول تەرەپتىكى بۇرجەكنى بىردەم ئاختۇرۇپ، گۆرۈگە قويىدىغان نەرسىنى ئالدى. بۇنى ئۇ خېلى بۇرۇنلا تەييارلاپ، شۇ يەرگە تىقىپ قويغانىدى. ئەمەلىيەتتە بۇ گۆرۈگە قويغۇدەك نەرسىمۇ ئەمەس. ناھايىتى چوڭ ـ كىچىكلىكى بىلەن قېلىنلىقى كۈمۈشتىن ياسالغان تاماكا قۇتىسىچىلىك كېلىدىغان، سىلىق رەندىلەنگەن ياغاچ ئىدى. بۇ ياغاچنى ئۇ سەيلە قىلىۋېتىپ، بىنانىڭ ھويلىسىغا جايلاشقان قانداقتۇر بىر ئۇستىخانىنىڭ ئىشىكى ئالدىدىن تاسادىپىي تېپىۋالغانىدى. كېيىن ئۇ ياغاچنىڭ ئۈستىگە نېپىز ۋە سىلىق تۆمۈر پارچىسىنى قوشتى. بۇ تۆمۈر پارچىسى بىرەر نەرسىدىن چۈشۈپ قالغان بولسا كېرەك ـــ ئۇ بۇنىمۇ شۇ كۈنى كوچىدىن تېپىۋالغانىدى. ئۇ ھەجمى ئازراققىنا كىچىكلىك قىلىدىغان تۆمۈر پارچىسىنى ياغاچنىڭ ئۈستىگە قويۇپ يىپ بىلەن بىرنەچچە ئايلاندۇرۇپ چىڭ باغلىۋەتتى. ئاندىن ئۇنى پاكىز قەغەزگە رەتلىك ۋە چىرايلىق يۆگەپ، تەسرەكتە يېشەلسۇن ئۈچۈن، يەنە يىپ بىلەن چىڭ قىلىپ باغلىۋەتتى. بۇنى ئۇ مومايىنىڭ دىققىتىنى ۋاقتىنچە بۇراش ۋە ئۇ يىپنى

يېشىش بىلەن بولۇپ قالغان پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ قول سېلىش ئۈچۈن، ئەتەي شۇنداق قىلغانىدى. تۆمۈرنى بولسا، ياغاچنىڭ ۋەزنىنى ئېغىرلاشتۇرۇش، شۇ ئارقىلىق موماينىڭ «ھېلىقى نەرسە»نىڭ ياغاچ ئىكەنلىكىنى دەررۇ پەملەپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن قوشۇپ قويغانىدى.

نەرسىلەرنى ۋاقتى كەلگەندە ئىشلىتىش ئۈچۈن، دىۋاننىڭ تېگىگە تىقىپ قويغانىدى. ئۇ «گۆرۈگە قويىدىغان نەرسە»سىنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇشىغا، ھويلىدىن بىرسىنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— سائەت ئالتىدىن ئاشتى!

— ئالتىدىن ئاشتى! يا رەببىم!

ئۇ ئېتىلىپ ئىشىك ئالدىغا بېرىپ بىردەم قۇلاق سالدى. ئاندىن شىلەپىسىنى ئېلىپ، ئۆزىگە تونۇش بولۇپ كەتكەن ئون ئۈچ باسقۇچلۇق پەلەمپەيدىن خۇددى مۈشۈكتەك شەپە چىقارماي ئاستا ـ ئاستا چۈشۈشكە باشلىدى. ئۇ يەنە ئەڭ مۇھىم بىر ئىشنى قىلىشى — ئۇ ئاشخانىدىن پالتا ئېلىپ قويۇش ئىشنى قىلىش قارارىغا كېلىپ بولغاچقا، ئاشخانىدىن پالتىنى ئوغرىلاپ چىقىشى كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ باغۋەنلەر ئىشلىتىدىغان، قاتلىنىدىغان پىچىقى بار ئىدى. لېكىن، ئۇ پىچاققا ئىشەنچ قىلالمىدى. بۇ ئىشنى ئۆزىنىڭ كۈچىگىلا تايىنىپ قىلالىشىغا تېخىمۇ ئىشەنمىدى، شۇڭا ئاخىر پالتا ئىشلىتىش قارارىغا كەلگەنىدى. ئۆز نۆۋىتىدە بىز ئۇنىڭ مۇشۇ ئىش توغرىسىدىكى جىمىكى ئاخىرقى قارارلىرىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكىنى ئېيتىپ ئۆتەيلى. بۇ قارارلار شۇنداق بىر غەلىتە ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىدىكى، ئۇلار قانچىكى قارارلاشقانسېرى ئۇنىڭ نەزەرىدە شۇئان شۇنچىكى خۇنۇك، شۇنچىكى ئېنىقسىز بىرنەرسىگە ئايلىنىپ قالاتتى. ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى كۈرەش ھەرقانچە ئازابلىق بولسىمۇ، ئۇ ئاشۇ مەزگىلدە، ھەتتا بىرەر مىنۇتقىچە بولسىمۇ ئۆز پىلانىنىڭ ئىشقا ئېشىشىغا ئىشەنچ قىلىپ باقمىدى.

شۇڭلاشقا، ئۇ ھەممىنى، ھەتتا يىپىدىن ـ يىڭنىسىغىچە تەتقىق قىلىپ، ئاخىرقى قارارغىمۇ كېلىپ بولغان، گۇمان قىلغۇدەك يېرى قالمىغان بولسىمۇ، راست شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ، ھەممىدىن بىراقلا ۋاز كېچىپ كېتىشى، ئۇلارغا بىمەنە، ئەقىلگە سىغمايدىغان، ئىشقا ئاشمايدىغان ئىش دەپ قارىشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن، ئەمەلىيەتتە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك يەنە نۇرغۇن مەسىلىلەر ۋە گۇمانلىق ئىشلار بار ئىدى. پالتىنى نەدىن تېپىشقا كەلسەك، بۇنىڭدىن ئاسان ئىش بولمىغاچقا، بۇنداق كىچىككىنە ئىشتىن ئۇ قىلچىمۇ ئەنسىرىمەيتتى. سەۋەبى: ناستاسىيە كۆپىنچە كەچتە ئۆيدە بولمايتتى. دائىم قوشنىلارنىڭكىگە چىقىپ كېتەتتى ياكى دۇكانلارغا بېرىۋالاتتى. يەنە كېلىپ ئىشىكنى دائىم ئوچۇق قوياتتى. غوجايىن ئايال شۇ ۋەجدىن ئۇنىڭ بىلەن پات ـ پات ئۇرۇشۇپ قالاتتى. شۇڭلاشقا ۋاقتى كەلگەندە ئۇ غىپپىدە ئاشخانىغا كىرىپ، پالتىنى ئاچىقىپ، بىرەر سائەتلەردىن كېيىن ھەممە ئىشنى تۈگىتىپ، يەنە ئەكىرىپ جايىغا قويۇپ قويسىلا بولاتتى. لېكىن، بۇنىڭ گۇمانلىق تەرەپلىرىمۇ بار ئىدى: ناۋادا ئۇ بىرەر سائەتتىن كېيىن پالتىنى جايىغا قويۇپ قويغىلى كەلگەندە، ناستاسىيە قايتىپ كەلگەن بولسا، قانداق قىلغۇلۇق؟ ئەلۋەتتە، ئۆتۈپ كېتىپ، ئۇنىڭ يەنە تاشقىرىغا چىقىشىنى كۈتۈشكە توغرا كېلىدۇ. لېكىن، شۇ ئارىلىقتا پالتا لازىم بولۇپ قېلىپ، ئىزدەپ ۋاڭ ـ چۇڭ كۆتۈرۈپ قالسا، قانداق قىلغۇلۇق؟ ئۇ ھالدا ئادەملەردە گۇمان تۇغۇلۇشى، ھېچبولمىغاندا شۇ ئىشنىڭ ئۆزى گۇمان تۇغدۇرۇپ قويۇشى مۇمكىن.

شۇنداقتىمۇ بۇ يەنىلا كىچىك ئىش. ئۇ مۇنداق ئىشلارنى تېخى ئويلاپ باقمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ ئويلىغۇدەك ۋاقتىمۇ يوق ئىدى. ئۇ ئاساسىي مەسىلە ئۈستىدىلا ئويلىنىپ، ئۆزىگە تېخى تولۇق ئىشەنچ قىلالمايۋاتقاچقا، ئەرزىمەس ئۇششاق ئىشلارنى بىر چەتكە قايرىپ قويغانىدى. ئۇنىڭغا پىلاننى زادىلا

ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدىغاندەكلا تۇيۇلاتتى. ھېچبولمىغاندا، ئۇنىڭ ئۆزىگە شۇنداق تۇيۇلاتتى. مەسىلەن، ئۇ بىر كۈنلىرى ئۆزىنىڭ ھەممىنى تولۇق ئويلاپ بولۇپ، غاچچىدە ئورنىدىن تۇرۇپلا، ھېلىقى يەرگە بېرىشى مۇمكىنلىكىنى زادىلا تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى... ھەتتا ئۇ تېخى يېقىندا سىناپ باققىلى بارغان چېغىدىمۇ، سىناپلا باقتى، يەنى راستتىن ئەمەس، بەلكى «قېنى، بىر سىناپ باقايچۇ، كەچكىچە خىيال سۈرۈپ ماڭا نېمە كەپتۇ !» دېگەن خىيالدا باردى. شۇنداق تۇرۇقلۇق شۇ ئان چىدىيالماي قېلىپ ھەممىگە تۈكۈردى ـ دە، قېچىپ چىقتى. يەنە كېلىپ ئۆزىدىن قاتتىق يىرگىنىپ كەتتى. مەسىلىنى ئەخلاقىي جەھەتتىن ھەل قىلىشقا كەلسەك، ئۇنىڭ تەھلىلى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئاياغلاشقانىدى: ئۇنىڭ ئۇستاتلىقى شۇ قەدەر كامالەتكە يەتكەنىدىكى، ئۇنىڭ قەلبىدە ئاڭلىق قارشى پىكىرگە ئاللىقاچان ئورۇن قالمىغانىدى، شۇنداقتىمۇ ئاخىرقى ھېسابتا ئۇ ئۆزىگە ئىشەنمەي، خۇددى بىرسى زورلاۋاتقاندەك، شۇنداق قىلىشقا تارتىنىۋاتقاندەك، جاھىللىق ۋە قۇللارچە تەرسالىق بىلەن تەرەپ ـ تەرەپنى تىمىسقىلاپ قارشى پىكىرلەرنى تېپىشقا ئۇرۇندى. شۇ ئەھۋالدا ھەل قىلغۇچ كۈن شۇنداق تۇيۇقسىز يېتىپ كېلىپ مەسىلىلەرنى بىراقلا ھەل قىلىۋەتتى. ئۇنىڭ شۇ كۈنگە بولغان ئىنكاسى تامامەن دېگۈدەك مېخانىكىلىق ھالەتتە ئىدى: گويا كىمدۇر بىرسى ئۇنى بىر قولىدىن تۇتۇۋېلىپ، قارشىلىشىشقا، قارشى تۇرۇشقا ئىمكانىيەت بەرمەي، غەيرىي تەبىئىي بىر كۈچ بىلەن قارامارچە ئالدىغا سۆرەپ كېتىۋاتقاندەكلا قىلاتتى، يەنى كىيىمىنىڭ بىر بۇرجىكى ماشىنا چاقىغا ئىلىنىپ قالغاچقا، چاق ئۇنىڭ ئۆزىنىمۇ سۆرەپ ئېلىپ كېتىۋاتاتتى.

دەسلەپكى چاغلاردا ــ ئەلۋەتتە بۇ خېلى بۇرۇنقى ئىش ــ ئۇ دائىم بىر مەسىلە ئۈستىدىلا باش قاتۇراتتى، يەنى نېمە ئۈچۈن جىنايى ئىشلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك شۇ قەدەر ئاسان پاش بولۇپ قالىدۇ، شۇ قەدەر ئاسان ئېچىلىپ قالىدۇ. نېمە ئۈچۈن

جىمىكى جىنايەتچىنىڭ ئىزلىرى شۇ قەدەر ئاسان ئاشكارىلىنىپ قالىدۇ؟ دەيتتى. ئاستا ـ ئاستا ئۇ ھەر خىل غەلىتە خۇلاسىلەرنى چىقىرىپ باقتى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئاساسىي گەپ جىنايەتنى ماددىي جەھەتتىن يوشۇرغىلى بولمايدىغانلىقىدا ئەمەس، بەلكى جىنايەتچىنىڭ ئۆزىدە: جىنايەت ئۆتكۈزىدىغان چاغدا، ھەربىر جىنايەتچىنىڭ دىگۇدەك ئىرادىسى زەئىپلىشىدۇ. ئەقلى كېمىيىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئەقىل ـ ھوشىنى ساقلاپ قېلىشقا ۋە ئېھتىيات قىلىشقا تېگىشلىك چاغدا گۆدەكلىك، كەمدىن ـ كەم ئۇچرايدىغان يەڭگىلتەكلىك بۇلارنىڭ ئورنىنى باسىدۇ. ئۇ شۇنىڭغا كامىل ئىشىنەتتىكى، بۇنداق ئەقىلنىڭ كېمىيىشى، ئىرادىنىڭ زەئىپلىشىشى خۇددى كېسەللىكتەك ئادەمگە چاپلىشىۋالىدۇ، ئاستا ـ ئاستا كۈچىيىدۇ ھەمدە جىنايەت ئۆتكۈزۈشتىن سەللا ئىلگىرى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىقىدۇ؛ مۇنداق ئەھۋال جىنايەت سادىر بولىدىغان كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىك قىسقىغىنا پەيتتىمۇ داۋام قىلىدۇ، جىنايەت سادىر بولغاندىن كېيىن، يەنە ئادەمگە قاراپ خېلى ۋاقىتلارغىچە داۋاملىشىدۇ. ئاخىرىدا بىرىپ خۇددى كېسەللىككە ئوخشاش ئاستا ـ ئاستا يوقىلىدۇ. لېكىن، كېسەللىك جىنايەتكە تۈرتكە بولامدۇ ياكى جىنايەت ئۆزىدىكى ئالاھىدىلىك سەۋەبىدىن كېسەللىككە ئوخشاپ كېتىدىغان بەزىبىر ئالامەتلەرنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كېلەمدۇ؟ بۇنى ھەل قىلىشقا ئۇنىڭ ھازىرچە قۇربى يەتمەيتتى.

ئۇ ئەنە شۇنداق خۇلاسىگە كەلگەندىن كېيىن، بۇ ئىشتا، مەندە ھەرگىزمۇ ئۇنداق كېسەللىك ھالىتى يۈز بەرمەيدۇ، ئالدىن تۈزگەن پىلانىمنى ئىشقا ئاشۇرغۇچە، ئەقىل ـ ھوشۇممۇ، ئىرادەممۇ ئىلگىرىكى ھالىتىدە تۇرىدۇ. بۇنىڭدىكى بىردىنبىر سەۋەب، مەن ئىشقا ئاشۇرماقچى بولۇۋاتقان ئىش «گۇناھ ئەمەس» دەپ ھۆكۈم قىلدى.

بۇ يەردە بىز ئۇ ئاخىرقى قارارغا كەلگۈچە بولغان

ئارىلىقتىكى جەرياننى ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتىمىز؛ چۈنكى، ئۇنىڭسىزمۇ بەكلا يىراقلاپ كەتتۇق... بىز شۇنىلا قوشۇپ قويىماقچىمىزكى: بۇ ئىشنىڭ ماددىي جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلىرى ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئىككىنچى ئورۇندىلا تۇراتتى. «بارلىق ئىرادەڭنى ۋە ئەقلىڭنى ساقلاپ قېلىپ ئاشۇ قىيىنچىلىقلارغا تاقابىل تۇرالىساڭلا، ئىشنىڭ ھەممە تەپسىلاتى بىلەن تونۇشقىنىڭدىن كېيىن، جىمىكى قىيىنچىلىق ئاسانلا ھەل بولۇپ كېتىدۇ»، شۇنداقتىمۇ ئىش تېخى باشلانماستىنا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئاخىرقى قارارىغا يەنىلا ئانچە ئىشىنىپ كېتەلمىگەنىدى. لېكىن، ۋاقتى ـ سائىتى يېتىپ كەلگەندە بولسا، ھەممە ئەھۋال ئۆزگىرىپ، ئىش گويا تۇيۇقسىز يۈز بەرگەندەك، ھەتتا كۈتمىگەن يەردىن چىققاندەكلا تۇيۇلدى.

ئۇ بىنادىن چۈشۈپ بولماي تۇرۇپلا، كىچىككىنە بىر ئەھۋال ئۇنى قاتتىق تەڭلىكتە قويدى، يەنى ئۇ غوجايىن ئايالنىڭ ئاشخانىسىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە، ئىشىك ئادەتتىكىدەك داغدام ئوچۇق ئىدى. ئۇ ئېھتىيات بىلەن ئۆيىنىڭ ئىچىگە سەپسېلىپ قارىدى، ئۇ قېنى بىر قاراپ باقاي، ناستاسىيە بولمىسا، غوجايىن ئايال بارمىكىن، ناۋادا ئۇمۇ بولمىسا، ئۆيىنىڭ ئىشىكى ھىم يېپىلغانمىكىن، پالتىنى ئالىمەن دەپ كىرسەم، ئۇ ئىچكىرىكى ئۆيدە بولسا كۆرۈپ قالامسۇن، دەپ ئويلاپ، ئېھتىيات بىلەن ئۆيگە بىر قۇر قاراپ چىقتى. لېكىن، ئۇ بىردىن ناستاسىيەنىڭ ئاشخانىدا بارلىقىنى، يەنە كېلىپ، ئىشلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھاڭ ـ تاڭ قالدى. ناستاسىيە يۇيۇلغان كىرلەرنى سېۋەتتىن ئېلىپ ئارغامچىغا يېيىۋاتاتتى. ناستاسىيە ئۇنى كۆرۈپ، كىرلىرىنى يېيىشتىن توختىدى ـ دە، ئۇ تەرەپكە بۇرۇلۇپ تاكى ئۇ ئۆتۈپ كەتكۈچە ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ قالدى. راسكولنىكوف نەزىرىنى يۆتكەپ ھېچنېمىنى كۆرمىگەندەك بولۇۋېلىپ ئۆتۈپ كەتتى. ئەمدى ئۇ ئىشنى قىلغىلى بولمايتتى: پالتا يوق ـ دە ! ئۇ دەھشەتلىك زەربىگە دۇچ كەلگەنىدى.

«مەن نېمىدەپ، — ئويلىدى ئۇ دەرۋازا ئالدىغا چىقىۋېتىپ، — نېمىدەپ ئۇنى شۇ تاپتا چوقۇم ئۆيدە يوق، دەپ ئويلىغاندىمەن؟ نېمىشقا، نېمىشقىمۇ، نېمىشقىمۇ چوقۇم شۇنداق بولىدۇ دەپ ئويلىدىمكىنە؟» ئۇنىڭ روھى چۈشۈپلا كەتتى، ھەتتا خورلۇق ھېس قىلدى. ئۆزىنى قاتتىق مەسخىرە قىلىپ كۈلگۈسى كەلدى. تىت - تىت بولۇپ، قەلبىدە ھايۋانىي قەھر - غەزەپ قايناپ تاشتى.

ئۇ دەرۋازا ئالدىدا خىيال سۈرۈپ تۇرۇپ قالدى. سەيلە قىلغىلى كوچىغا چىققان كىشى بولۇۋېلىش ئۇنىڭ دىتىغا ياقمىدى. «شۇنداق ياخشى پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويدۇم - دە!» غۇدۇرىدى ئۇ دەرۋازا ئالدىدا مەقسەتسىز تۇرغىنىچە. دەرۋازىۋەننىڭ قاپقاراڭغۇ ھۇجرىسى ئۇدۇلدا ئىدى. ئۇنىڭ ئىشىكىمۇ داغدام ئوچۇق ئىدى. ئۇ بىردىنلا جانلاندى. ئۇنىڭغا دەرۋازىۋەننىڭ ئىككى قەدەملا كەلگەندەك ئارىلىقتىكى ھۇجرىسىدا، ئوڭ تەرەپتىكى ئورۇندۇقنىڭ ئاستىدا، نېمىدۇر بىرنېمە پارقىراۋاتقاندەك زاھىر بولدى... ئۇ ئەتراپىغا ئەلەڭلەپ قارىدى. ھېچكىم يوق. ئۇ پۈتىنىڭ ئۇچىدا مېڭىپ ھۇجرا ئالدىغا كەلدى - دە، پەلەمپەيدىن ئىككى باسقۇچ پەسكە چۈشۈپ، پەس ئاۋازدا دەرۋازىۋەننى چاقىردى. «دېگەندەك ئۆيدە يوق ئىكەن! ئىشىكنىڭ ئوچۇق تۇرغىنىغا قارىغاندا، ھويلىدا ياكى يېقىن ئەتراپتا بولسا كېرەك»، ئۇ ئىتتىك مېڭىپ پالتىنىڭ يېنىغا باردى (ئۇ راستلا پالتا ئىدى)، ئۇنى ئورۇندۇقنىڭ ئاستىدىكى ئىككى تال ئوتۇننىڭ ئارىسىدىن تارتىۋالدى؛ ھۇجرىدىن چىقىپ كەتمەي تۇرۇپ، ئۇنى پەلتوسىنىڭ ئىچىدىكى ھېلىقى لاتىغا مەھكەم باغلىدى، قوللىرىنى يانچۇقلىرىغا تىقىپ، دەرۋازىۋەننىڭ ھۇجرىسىدىن چىقتى؛ ھېچكىم كۆرمىدى! «ئەقىل بىلەن پۈتمىگەن ئىش ئىبلىسنىڭ ياردىمىدە پۈتتى!» ئويلىدى ئۇ غەلىتە بىر ھالەتتە ھىجىيىپ. بۇ ئىش ئۇنىڭ روھىنى خېلىلا كۆتۈرۈۋەتتى.

كىشىلەرنى شۇبھىلەندۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئۇ يول بويى ئاستا، ئالدىرىماي تەمكىن ماڭدى. باشقىلارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلماسلىق ئۈچۈن، ئۇ ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرگە كەمدىن ـ كەم قارىدى، ھەتتا باشقىلارنىڭ چىرايىغا قارىماسلىققا تىرىشتى. مانا شۇ چاغدا بىردىنلا شىلەپىسى ئېسىگە كەلدى. «ئاپلا ! ئالدىنقى كۈنى قولۇمدا پۇل بار چاغدا، شىلەپىنى تاشلاپ بىر شەپكە ئېلىۋالمىغىنىمنى قارىمامدىغان !» ئۆزىنى تىلىلدى ئۇ ئىچىدە.

ئۇ كىچىك دۇكانلارنىڭ بىرسىگە كۆز قىرىنى تاشلىۋىدى، تامدا ئېسىقلىق سائەت يەتتىدىن ئون مىنۇت ئۆتۈپتۇ. ئۇ قەدىمىنى تېزلىتىش، شۇنداقلا ئۆيىنىڭ ئالدىغا باشقا ياقتىن بېرىش ئۈچۈن، ئايلىنىپ مېڭىشى كېرەك ئىدى.

ئىلگىرى، ئۇ ئەنە شۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىرمۇبىر خىيالىدىن ئۆتكۈزگەن چېغىدا، بەزىدە ھەرقاچان قاتتىق قورقۇپ كېتىمەنغۇ، دەپمۇ ئويلىغانىدى. لېكىن، ئۇ شۇ تاپتا قاتتىق قورقۇپ كەتمىدى، ھەتتا پەقەتلا قورقمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شۇ تاپتا ئۇنىڭ كاللىسىنى بۇنىڭغا ھېچقانداق ئالاقىسى يوق ئىشلار بەند قىلىۋالغانىدى، نېمىنىلا ئويلىمىسۇن، ئۇزۇن داۋاملاشمايتتى. يۇسۇپوف بېغىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىدا، ئۇ ھەتتا ئېگىزگە ئېتىلىدىغان فونتانلارنى قۇرۇش توغرىسىدا، بۇ فونتانلارنىڭ مەيدانىنىڭ ھاۋاسىنى تازىلايدىغانلىقى توغرىسىدا پۈتۈن زېھنى بىلەن ئويلاپ كەتتى. ئۇ ئاستا ـ ئاستا: ناۋادا يازلىق باغ مارس مەيدانىغىچە كېڭەيتىلسە ياكى مىخايلوۋسكىي مەيدانى بىلەن تۇتاشتۇرۇۋېتىلسە، ناھايىتى ياخشى، چوڭ شەھەرگە پايدىلىق ئىش بولار ئىكەن، دېگەن خۇلاسىگە كەلدى. ئارقىدىن ئۇ كۈتمىگەندە مۇنداق بىر مەسىلىگە قىزىقىپ قالدى. چوڭ ـ چوڭ شەھەرلەرنىڭ ھەممىسىدە، نېمە ئۈچۈن ئادەملەر نائىلاجلىقىنى دېمىگەندىمۇ، باغلىرى، فونتانلىرى يوق يەرلەردە، ئىپلاس، سېسىق، ھەر خىل پاسكىنا نەرسىلەر بىلەن تولۇپ كەتكەن جايلاردا ياشاشقا

شۇنچىۋالا ئامراقتۇ؟ ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ ئوت ـ چۆپ بازىرىغا بېرىپ قىلغان سەيلە ـ ساياھەتلىرىنى ئەسلىدى ۋە بىر پەستىلا ھوشىنى يىغىۋالدى. «نېمىدېگەن تېتىقسىزلىق! ــ ئويلىدى ئۇ، ــ ياق، ياخشىسى ھېچنېمىنى ئويلىماسلىق كېرەك.»

«ئۆلۈمگە ئېلىپ كېتىلىۋاتقان ئادەملەر مۇشۇنداق يول بويى ئۇچرىغان نەرسىلەر توغرۇلۇق ئويلاپ ماڭسا كېرەك.» خىيالىغا كەلتۈردى ئۇ، لېكىن ئۇ خۇددى چاقماقتەك ۋاللىدا پەيدا بولغان بۇ ئوينى خىيالىدىن تېزلا چىقىرىۋەتتى... مانا، ئۇ بارغانسېرى يېقىنلاشتى، ئەنە ئاشۇ ئۆي، ئاشۇ دەرۋازا شۇ. بىردىنلا قەيەردىندۇر سائەتنىڭ قوڭغۇراق ئاۋازى ئاڭلاندى «نېمە بۇ؟ ئەجەبا سائەت يەتتە يېرىم بولۇپ كەتكەندىمۇ؟ ئۇنداق ئەمەس، ئۇ سائەت ئىلگىرى كەتكەن بولسا كېرەك!»

ئۇنىڭ بەختىگە دەرۋازا ئالدىدا ھەممە ئىشى ئوڭدىن كەلدى. بۇنىڭ سىرتىدا ھەتتا ئاشۇ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىك ئارىلىقتا ئۇنى دەپ ئالايىتەن ئورۇنلاشتۇرۇلغاندەك، قورۇق ئوت بېسىلغان بىر ھارۋا دەرۋازىدىن كىرىشكە باشلاپ، ئۇنى تاكى يان ئىشىكتىن كىرىپ كەتكۈچە پۈتۈنلەي توسۇپ تۇردى. ھارۋا ھويلىغا كىرىشكە، ئۇ غىپپىدە ئوڭ يانغا ئۆتۈۋالدى. ھارۋىنىڭ نېرىقى تەرىپىدىن ئادەملەرنىڭ نېمىنىدۇر تالىشىپ ۋارقىراشقان ئاۋازى ئاڭلاندى، لېكىن ھېچكىم ئۇنىڭغا دىققەت قىلمىدى. ئۇمۇ ھېچكىم بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالمىدى. شۇ تاپتا يوغان چاسا ھويلىغا قارايدىغان شۇنچە نۇرغۇن دېرىزىنىڭ ھەممىسى ئوچۇق ئىدى. ئەمما، ئۇ بېشىنى كۆتۈرمىدى، كۆتۈرگۈدەك غەيرىتىمۇ يوق ئىدى. مومايىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ چىقىدىغان پەلەمپەي ناھايىتى يېقىن، دەرۋازىدىن كىرگەندە ئوڭ تەرەپتىلا ئىدى. بۇ چاغدا ئۇ پەلەمپەيگە چىقىپمۇ بولغانىدى.

ئۇ نەپىسىنى رۇسلاپ، قاتتىق سوقۇپ كېتىۋاتقان يۈرىكىنى قولى بىلەن بېسىۋالدى، شۇ ئارىلىقتا ئۇ پالتىنى تۇتۇپ ئۇنى يەنە بىر قېتىم مەھكەملەپ قويدى، ئاندىن ئېتراپقا قولاق

سالغاچ، ئېھتىيات بىلەن پەلەمپەيدىن ئاستا ـ ئاستا چىقىشقا باشلىدى. لېكىن، شۇ چاغدا پەلەمپەيدە بىرمۇ ئادەم يوق؛ ھەممە ئىشىك يېپىقلىق ئىدى. ئۇنىڭغا ھېچكىم ئۇچراشمىدى. دەرۋەقە، ئىككىنچى قەۋەتتىكى ئىككى ئېغىزلىق بىر ئۆينىڭ ئىشىكى داغدام ئوچۇق ئىدى. ئۇنىڭدا سىرچىلار ئىشلەۋاتاتتى، لېكىن ئۇلار ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمىدى. ئۇ توختاپ بىرپەس ئويلىنىۋېلىپ، يولىنى داۋاملاشتۇردى. «ناۋادا ئۇلار بولمىغان بولسا، تېخىمۇ ئوبدان بولاتتى، لېكىن... يۇقىرىدا يەنە ئىككى قەۋەت بارغۇ؟»

مانا تۆتىنچى قەۋەت. مۇشۇ ئىشىك شۇ. ئۇدۇلدىكى ئىككى ئېغىزلىق ئۆي شۇ. يەنە بىر ئېغىزى بوش. ئۈچىنچى قەۋەتتە، موماينىڭ ئۆيىنىڭ ئاستىدىكى ئۆيمۇ بوش بولسا كېرەك. ئىشىككە مىخلاقلىق ئىسىم تاختىسى ئېلىپ تاشلىنىپتۇ، دېمەك ئۇلار كۆچۈپ كېتىپتۇ!... ئۇنىڭ نەپسى بوغۇلۇشقا باشلىدى، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىك ئارىلىقتا ئۇنىڭ كاللىسىغا: «قايتىپ كېتەيمۇ يا؟» دېگەن ئوي كەلدى. ئۇ ئۆز سوئالىغا جاۋاب بەرمەي، موماينىڭ ئۆيىگە قۇلاق سالدى. جىمجىت، ئارقىدىن ئۇ پەسكە قۇلاق سالدى. دىققەت بىلەن ئۇزۇنغىچە قۇلاق سالدى... ئاندىن ئاخىرقى قېتىم ئەتراپىغا زەن سالدى. كىيىملىرىنى تۈزەشتۈردى، چاچلىرىنى تارىدى. پالتىنى يەنە تۇتۇپ قويدى. «چىرايىم... بەكلا تاتىرىپ كەتكەنمىدۇ؟ — ئويلىدى ئۇ، — بەكلا جىددىيلىشىپ كەتكەندىمەنمۇ؟ ئۇ بەكلا گۇمانخور خوتۇن... يەنە بىردەم تۇرايمىكىن؟... يۈرىكىمنىڭ سىلىقشى بېسىلغۇچە توختاپ تۇرسام بولارمۇ؟»

لېكىن، يۈرىكىنىڭ سىلىقشى توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئەكسىچە، ئۇنىڭ بىلەن قېرىشىۋاتقاندەك بارغانسېرى قاتتىقراق، يەنىمۇ قاتتىقراق سوقماقتا ئىدى... ئۇ تاقەت قىلالمىدى. قولىنى ئاستا قىڭراقا سوزۇپ، بىر قېتىم تارتتى. يېرىم مىنۇتتىن كېيىن يەنە بىر قېتىم قاتتىقراق تارتتى.

جاۋاب يوق. يەنە تارتىۋېرىشنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى،

ئۇنىڭغا قولايسىز. مومـاي چوقۇم ئـۆيـدە، لېكـىـن ئۇ بەكـمـۇ گۇمانخور. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆزى يالغۇز، راسكولنىكوف ئۇنىڭ ئادەتلىرىنى ئاز ـ تولا بىلەتتى. ئۇ يەنە قۇلۇپنى ئىشىككە ياقتى. ئۇنىڭ قۇلۇپنى بەكلا ئۆتكۈرلىشىپ كەتتىمۇ (ئۇنداق بولۇشى ناتايىنىدەك قىلاتتى) ياكى ئاۋاز راستىلا بەك ئېنىق ئاڭلاندىمۇ؟ قىسقىسى، ئۇ بىر قولىنىڭ ئىشىك ئىلغۇچىنى ئېھتىيات بىلەن ئاستا تۇتقان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى، ئاندىن كېيىمىنىڭ ئىشىككە تېگىپ شىلدىرلىغان ئاۋازى ئاڭلانغاندەك قىلدى. كىمدۇر بىرسى خۇددى ئۇ تالادا تۇرغاندىكىدەك ئىشىك ئىلغۇچىنىڭ يېنىدا جىممىدە تۇرۇپ قۇلاق سېلىۋاتقاندەك، قۇلۇپنى ئىشىككە ياققاندەك قىلاتتى.

راسكولنىكوف مۆكۈپ تۇرۇپتۇ دەپ قالمىسۇن دەپ، ئەتەي مىدىرلاپ قويدى، ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، نېمىلەرنىدۇر دەپ غۇدۇردىدى. ئاندىن قوڭغۇراقنى ئۈچىنچى قېتىم تارتتى، تارتقاندىمۇ تەقەززا بولۇۋاتقانلىقىنى قىلچە چاندۇرماي، ناھايىتى ئاستا، ناھايىتى تەمكىن تارتتى. كېيىن ئۇ شۇ ئىشنى ئەسلىگەن چېغىدا، شۇ پەيت ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا شۇنداق جانلىق، شۇنداق ئېنىق گەۋدىلەندى. ئۆزىنىڭ شۇنچىلىك مۇغەمبەرلىكنى نەدىن ئۆگەنگەنلىكىنى ئۇ ئۆزىمۇ بىلمەيتتى، چۈنكى شۇ چاغدا ئۇ خۇدنى يوقاتقاندەك، بەدىنىمۇ خۇددى سەزگۈسىنى يوقاتقاندەك ھالەتتە ئىدى... بىردەمدىن كېيىن، بىرسىنىڭ ئىشىك ئىلغۇچىنى ئاچقانلىقى ئاڭلاندى.

## 7

ئالدىنقى قېتىمدىكىگە ئوخشاش ئىشىك قىيا ئېچىلىپ، قاراڭغۇلۇق ئىچىدە يەنە شۇ ئۆتكۈر، شۈبھىلىك كۆزلەر ئۇنىڭغا سىختەك قادالدى. شۇ پەيتتە، راسكولنىكوف ھودۇقۇپ، چوڭ

خاتالىق سادىر قىلغىلى قىل قالدى.
ئۇ موماينى ھەر ئىككىلىسىنىڭ يالغۇزلۇقىنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتمىسۇن دەپ ئەنسىرىگەچكە ۋە تاشقى قىياپىتىنىڭ موماينىڭ گۇمانىنى تۇغدۇرۇۋېتىشىدىن ئۈمىد كۈتمىگەچكە، موماي ئىشىكنى يېپىۋالمىسۇن، دەپ ئەندىشە قىلىپ ئىشىكنى تۇتۇپ ئۆزى تەرەپكە تارتتى. بۇنى كۆرگەن موماي ئىشىكنى ئۆزى تەرەپكە تارتىپمۇ يۇرمىدى. لېكىن، ئۇ ئىشىكنىڭ تۇتقۇچىنى قويۇۋەتمىدى. شۇڭا راسكولنىكوف موماينى ئىشىك بىلەن قوشۇپ پەلەمپەينىڭ ئالدىغىچە تارتىپ چىقىرىپ قويغىلى قىل قالدى. ئۇ موماينىڭ ئىشىكنى تۇسۇۋېلىپ، ئۆزىنى كىرگۈزمەيۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، توغرىدىن ـ توغرا ئۇنىڭ ئالدىغىچە باردى. موماي قورقۇپ ئۆزىنى چەتكە ئالدى. نېمىدۇر دېيىشكە تەمشەلدى. ئەمما، گەپ قىلالمايۋاتقاندەك كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ئۇنىڭغا قاراپلا قالدى.
— تىنچلىقمۇ ئالىيونا ئىۋانوۋنا، — گەپ باشلىدى ئۇ ئىلاجىنىڭ بارىچە خاتىرجەم گەپ قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنۈشكە تىرىشىپ، لېكىن تىلى ئۇنىڭ ئىختىيارىغا باقماي تۇتۇتلەپ، ئاۋازىمۇ تىترەپ كەتتى، — مەن سىزگە... بىرنەرسە ئەكەلگەن. ياخشىسى ئاۋۇ يەرگە... يورۇقراق يەرگە ئۆتەيلى، — ئۇ مومايغا پەرۋا قىلماي، تەكلىپ قىلىشنىمۇ كۈتمەي ئۇدۇللا ئۆيگە كىردى. موماي ئۇنىڭ كەينىدىن كىرىپ، ئاخىر ئېغىز ئاچتى:
— ۋاي خۇدايىم! سىز نېمە قىلماقچى؟ سىز ئۆزىڭىز كىم؟ مەندە نېمە ئىشىڭىز بار ئىدى؟
— نېمە بولدىڭىز، ئالىيونا ئىۋانوۋنا، سىز مېنى تونۇيسىزغۇ... مەن راسكولنىكوف... ھېلىقى كۈنى دېيىشىپ قويغان نەرسىنى گۆرۈگە قويغىلى ئەكەلگەن، — ئۇ گۆرۈگە قويغىلى ئەكەلگەن نەرسىسىنى مومايغا ئۇزاتتى.
موماي نەرسىنى كۆرۈپ باقماقچى بولدى ـ يۇ، يەنە بېشىنى كۆتۈرۈپ چاقىرىلمىغان مېھمانغا تىكىلدى. موماي كۆزلىرىنى

ئۇزمەستىن، ئۇنىڭغا زەردە ۋە شۇبھە بىلەن قاراپ تۇراتتى. ئارىدىن بىر مىنۇتچە ۋاقىت ئۆتتى. راسكولنىكوفقا ئۇ ھەتتا ھەممە ئىشتىن خەۋەر تېپىپ بولغاندەك، ئەمدى ئۇنىڭغا مەسخىرىلىك نەزەردە قاراپ تۇرغاندەك تۇيۇلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئېسەنگىرەپ قېلىۋاتقانلىقىنى، ھەتتا قورقۇپ كەتكىلى قىل ـ قىل قېلىۋاتقانلىقىنى سەزدى. مۇبادا موماي يەنە شۇنداق گەپ قىلماي ئۆزىگە يېرىم مىنۇتچە قاراپ تۇرسا، ئۇ قورقۇپ قېچىپ كېتىدىغاندەكمۇ قىلاتتى.

— نېمىشقا ماڭا مۇنداق قارايسىز، خۇددى مېنى تونۇمايدىغاندەك! — سورىدى ئۇ بىردىنلا زەردە بىلەن، — خالىسىڭىز ئېلىپ قېلىڭ. بولمىسا، باشقا يەرگە ئاپىرىمەن. مېنىڭ ۋاقتىم قىس.

ئۇ ئەسلىدە مۇنداق دېمەكچى ئەمەس ئىدى. لېكىن، كۆتمىگەندە بۇ گەپنى دەپ سالدى.

موماي ھوشىنى يىغدى. مېھماننىڭ قاتتىق تەلەپپۇزى ئۇنىڭ غەيرىتىنى خېلىلا ئاشۇرغاندەك قىلدى.

— ئەپەندى، سىز نېمىشقا مۇنداق تۇيۇقسىز... ئۇ نېمە؟ — سورىدى موماي گۆرۈگە قويۇلىدىغان نەرسىگە قاراپ.

— كۈمۈشتىن ياسالغان تاماكا قۇتىسى. ئالدىنقى قېتىمدا مەن سىزگە دېگەنغۇ.

موماي قولىنى سوزدى.

— ۋاي ئانىمەي. چىرايىڭىز نېمانچە تاتىراڭغۇ؟ قولىڭىزمۇ تىترەۋاتىدۇ! ئەپەندى، يېڭىلا مۇنچىغا چۈشكەنمىدىڭىز؟

— بەزگىكىم تۇتۇۋاتىدۇ، — جاۋاب بەردى راسكولنىكوف كېكەچلەپ، — ھېچنېمە يېمىگەن ئادەمنىڭ چىرايى تاتارماي قالامتىمۇ، — قوشۇپ قويدى ئۇ ئاۋازىنى ئاران ـ ئاران چىقىرىپ، ئۇ ئۆزىنىڭ بوشىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدى. لېكىن، ئۇنىڭ جاۋابى ئەقىلگە سىغاتتى. موماي گۆرۈگە

قويۇلىدىغان نەرسىنى قولىغا ئالدى.

— بۇ... تاماكا قۇتىسى... كۇمۇشتىن ياسالغان.. كۆرۈپ بېقىڭ.

— كۇمۇشتىن ياسالغاندەك قىلمايدىغۇ... نېمانچە چىڭ يۆگىۋەتكەن بۇنى!

موماي يېپنى يەشمەكچى بولۇپ، يورۇقراق دېرىزە تەرەپكە بۇرالدى (ھاۋانىڭ شۇنچىلىك ئىسسىقلىقىغا قارىماي، بۇ ئۆينىڭ ھەممە دېرىزىسى يېپىق ئىدى)، موماي بىرنەچچە سېكۇنتقىچە راسكولنىكوفنى تامامەن بىر چەتتە قالدۇرۇپ، ئۇنىڭغا كەينىنى قىلىپ تۇردى. راسكولنىكوف پەلتوسىنىڭ تۈگمىلىرىنى يېشىپ، لاتىغا ئېسىقلىق پالتىنى بوشاتتى. لېكىن، ئۇنى تولۇق چىقارماي، ئوڭ قولى بىلەن يانچۇقىنىڭ ئىچىدە تۇتۇپ تۇردى. ئۇنىڭ ھەر ئىككىلا قولىدا جان قالمىغانىدى. ئۇ ۋاقىت ئۆتكەنسېرى قوللىرىنىڭ ئۇيۇشۇپ، ياغاچتەك قېتىپ قېلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇراتتى. ئۇ پالتىنىڭ قولىدىن چىقىپ، يەرگە چۈشۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ قالدى... كۆتمىگەندە ئۇنىڭ بېشى قايغاندەك قىلدى.

— نېمانچە چىڭ چىگىۋەتكەنسىز بۇنى؟ — دېدى موماي ئاچچىقلاپ ۋە ئۇ تەرەپكە بىلىنەر - بىلىنمەس سۇرۇلدى.

ئۇ ئەمدى بىرەر سېكۇنتنىمۇ قولدىن بېرىپ قويسا بولمايتتى. ئۇ پالتىنى تولۇق چىقىرىپ، نېمىگىدۇر ئالدىرىغاندەك ئىككى قولى بىلەن كۆتۈردى - دە، ئانچە بەك كۈچەپمۇ كەتمەي، نېمە قىلىۋاتقىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەي، پالتىنىڭ چولدىسى بىلەن مومايىنىڭ بېشىغا ئۇردى. دەل شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە، ئۇنىڭ ماغدۇرى قالمىغاندەك قىلىۋىدى، لېكىن ئۇ پالتىنى ئۇرۇپ بولۇشىغا، پۈتۈن ۋۇجۇدى كۈچكە تولدى.

موماي ئادەتتىكىدەك بېشىغا ياغلىق ئارتمىغان، ھەرقاچانقىدەك قويۇق مايلانغان شالاڭ، ئاق سانجىغان ئاچ سېرىق

چاچلىرى چاشقانىنىڭ قۇيرۇقىدەك ئىنچىكە ئۆرۈلۈپ سۇنۇق مۈڭگۈز تاغاق بىلەن چوققىسىغا قىستۇرۇپ قويۇلغانىدى. ئۇنىڭ بويى پاكار بولغاچقا، پالتا توپتوغرا بېشىنىڭ چوققىسىغا تەگدى. ئۇ تولىمۇ زەئىپ ئاۋازدا ۋارقىرىدى، قوللىرىنى كۆتۈرۈپ بېشىنى تۇتۇۋالماقچى بولغاندەك قىلدى-يۇ، بىردىنلا پۈتۈن گەۋدىسى پالەچ بولۇپ قالغاندەك ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ بىر قولىدا تېخىچە «گۆرۈگە قويۇلىدىغان نەرسە»نى تۇتۇپ تۇراتتى. دەل شۇ چاغدا راسكولنىكوف پۈتۈن كۈچى بىلەن پالتىنىڭ چۈلدىسىدا ئۇنىڭ بېشىغا يەنە ئىككىنى ئۇردى. قان خۇددى ئۆرۈلۈپ كەتكەن ئىستاكاندىن ئاققان سۇدەك ئېقىپ، موماي ئوڭدىسىغا يىقىلدى. راسكولنىكوف بىر قەدەم كەينىگە داجىدى. موماي يىقىلغاندىن كېيىن دەرھال ئېڭىشىپ ئۇنىڭ چىرايىغا قارىدى. ئۇ ئۆلگەنىدى. كۆزلىرى خۇددى چانىقىدىن چىقىپ كەتكۈدەك پولتىيىپ چىقىپ، پېشانىسى بىلەن يۈزى تارتىشىپ، قىيسىيىپ كەتكەچكە، قارىغۇسىز دەرىجىدە سەتلىشىپ كەتكەنىدى.

ئۇ پالتىنى جەسەتنىڭ يېنىدا قويۇپ ئۆزىگە قان يۇقتۇرۇۋالماسلىققا تىرىشتى، دەرھال قولىنى مومايىنىڭ ئوڭ يانچۇقىغا سالدى ــ ئاچقۇچ ئوڭ تەرەپ يانچۇقىدا، ئالدىنقى قېتىم كەلگىنىدە موماي ئاچقۇچنى مۇشۇ يانچۇقىدىن ئالغان. شۇ تاپتا ئۇنىڭ زېھنى ئىنتايىن ئوچۇق بولۇپ، بېشىمۇ قايمىدى، كۆزىمۇ قاراڭغۇلاشمىدى. لېكىن، قوللىرى توختىماي تىترەيتتى. كېيىنچە ئۇ شۇ چاغدا ئۆزىنىڭ ھەددىدىن تاشقىرى ئېھتىياتچان، ھوشيار بولۇپ كەتكەنلىكىنى، قانىنى ئۆزىگە يۇقتۇرۇۋالماسلىققا تىرىشقانلىقىنى ئېسىگە ئالالىدى... ئۇ ئاچقۇچنى بىردەمدىلا قولىغا ئالدى. ھەممە ئاچقۇچ ئىلگىرىكىگە ئوخشاش بىر پولات ھالقىغا ئۆتكۈزۈلگەنىدى. ئۇ ئاچقۇچلارنى ئېلىپ شۇ ئانلا ئاشخانىغا ئېتىلدى. چاقىقانغىنا بۇ ئۆيدە مەبۇدلەر قويۇلغان يوغان جاۋەن بار ئىدى. يەنە بىر تامغا تاقاپ

قويۇلغان چوڭ كارىۋاتتا سىلىقلىق قۇراق يوتقان ئىنتايىن پاكىز ئىدى. يەنە تامغا تارتىلىق ئىشكاپ قويۇلغانىدى. شۇنىسى قىزىقكى، ئۇ ئاچقۇچ بىلەن ئىشكاپنى ئاچماقچى بولغاندا، ئاچقۇچلارنىڭ شالدىرلىغان ئاۋازىنى ئاڭلىشى بىلەن تەڭلا، پۈتۈن بەدىنىگە تىترەك ئولىشىپ ھەممىنى تاشلاپ قېچىپ كەتكۈسى كەلدى. لېكىن، بۇ خىيال شۇ ئانلا غايىب بولدى. ئەمدى كېتىشنىڭ ۋاقتى ئۆتكەنىدى. ئۇ ھەتتا ئۆزىنىڭ شۇ خىيالىغا سوغۇققىنا كۈلۈپ قويدى. لېكىن، شۇ چاغدا ئۇنىڭ كاللىسىغا بىر دىنلا باشقا بىر قورقۇنچلۇق ئوي كەلدى. ئۇنىڭغا بىردىنلا موماي ھېلىمۇ تىرىكتەك، يەنە ھوشىغا كېلىدىغاندەك تۇيۇلدى. ئۇ ئاچقۇچ بىلەن ئىشكاپنى تاشلاپ، يەنە جەسەتنىڭ يېنىغا يۈگۈردى. پالتىنى قولىغا ئېلىپ، ئۇنى يەنە بىر قېتىم ئېگىز كۆتۈردى، لېكىن ئۇرمىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكى ئېنىق ئىدى. راسكولنىكوف ئېڭىشىپ، مومايىنى يېقىندىن يەنە بىر تەكشۈرۈپ باقتى. مانا ئەمدى باش ئۈستىخىنىنىڭ سۇنغانلىقىنى، ھەتتا بىرئاز ئولتۇرۇشۇپ قالغانلىقىنى ئېنىق كۆردى. ئۇ بارماقلىرى بىلەن تۇتۇپ باقماقچى بولدى ـ يۇ، شۇ ئان قولىنى تارتىۋالدى. تۇتۇپ باقمىسىمۇ ھەممە نەرسە ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئاقسان قان خېلى بىر يەرگە بارغانىدى. كۆتمىگەندە ئۇ مومايىنىڭ بويىندىكى بىر بوغقۇچنى بايقاپ تارتىپ باقتى. لېكىن، بوغقۇچ بەكلا پۇختا بولغاچقا ئۈزۈلمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قانغا مىلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇ بوغقۇچنى مومايىنىڭ قويىندىن تارتىپ چىقارماقچى بولۇۋىدى، نېمىگىدۇر ئىلىنىپ قېلىپ چىقمىدى. ئاخىر تاقىتى تاق بولۇپ، بوغقۇچنى شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا ئۇقىرىدىن پالتا بىلەن چېپىپ ئۈزمەكچىمۇ بولدى. لېكىن، شۇنداق قىلىشقا پېتىنالمىدى. ئۇ ئىككى مىنۇتلارغىچە خېلى كۈچەپ ھەپىلىشىپ، قوللىرى بىلەن پالتىغا قان يۇقتۇرۇپ بولسىمۇ، پالتىنى مومايىنىڭ بەدىنىگە

تەگكۈزمەي، بوغقۇچنى ئاخىر قىرقىپ ئۈزدى. ئۇنىڭ پەرىزى توغرا ئىكەن — ئۇ ھەميان ئىكەن. بوغقۇچقا يەنە سەۋى ياغىچىدىن ۋە مىستىن ياسالغان ئىككى كىرىپست بىلەن سىرلانغان بىر مەبۇد ئۆتكۈزۈلگەنىكەن. شۇلار بىلەن بىللە يەنە بۇغا تېرىسىدىن تىكىلگەن چاققانغىنا ھەميانمۇ بار ئىدى. خېلىلا كىرلىشىپ قالغان ھەميان پولات چەمبىرەك بىلەن كىچىككىنە ھالقىغا ئۆتكۈزۈلگەنىكەن. ھەميان لىق تولدۇرۇلغانىدى. راسكولنىكوف ئىنچىكىلەپ قاراپ ئولتۇرمايلا ئۇنى يانچۇقىغا سالدى. ئىككى كىرىپستنى موماينىڭ مەيدىسىگە تاشلاپ قويدى - دە، پالتىنىمۇ ئېلىپ موماينىڭ ياتاقخانىسىغا كىردى.

ئۇ قاتتىق ھودۇقۇش ئىچىدە يەنە ئاچقۇچلار بىلەن قۇلۇپنى ئېچىشقا كىرىشتى. لېكىن، ئۇنىڭ ئىشى يورۇشمىدى — ئاچقۇچنى قۇلۇپقا سالالمىدى. بۇ ئەلۋەتتە ئۇنىڭ قوللىرىنىڭ تىترىگەنلىكىدىن ئەمەس ئىدى، بەلكى ئۇ ھەدەپ خاتا سېلىۋاتاتتى. مەسىلەن، ئۇ قولىدىكى ئاچقۇچنىڭ قۇلۇپنىڭ ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭغا ھەرگىزمۇ چۈشمەيۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، ھەدەپ ئۇنى سېلىشقا تىرىشاتتى. كۈتمىگەندە ئۇ باشقا ئۇششاق ئاچقۇچلار بىلەن بىر قىلىپ باغلاپ قويۇلغان چىشلىق يوغان ئاچقۇچ ئىشكاپنىڭ ئاچقۇچى ئەمەس (بۇ ئىشنى ئۇ ئۆتكەندىلا ئويلىغانىدى)، بىرەر ساندۇقنىڭ ئاچقۇچى بولسا كېرەك، ھەممە نەرسە شۇ ساندۇققا يوشۇرۇپ قويۇلغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلاپ قالدى. ئۇ ئىشكاپنى تاشلاپ، دەرھال كارىۋاتنىڭ تېگىگە قارىدى. ئۇ موماينىڭ ساندۇقلىرىنى ئادەتتە كارىۋاتنىڭ تېگىگە يوشۇرۇپ قويىدىغانلىقىنى بىلەتتى. راست دېگەندەك كارىۋاتنىڭ تېگىدە خېلىلا يوغان بىر ساندۇق تۇراتتى. ئۇزۇنلۇقى بىر گەزدىن ئاشىدىغان، ئۈستى يۇمىلاق، پولات مىخ بىلەن مىخلانغان ساندۇق قىزىل بويالغان ئۆچكە تېرىسى بىلەن

قاپلانغانىدى. ھېلىقى چىشلىق يوغان ئاچقۇچ ساندۇققا چۈشتى. ساندۇق ئېچىلدى. ساندۇقتىكى نەرسىلەر ئاق كارنۋات ياپقۇچ بىلەن يېپىپ قويۇلغانىدى. كارنۋات ياپقۇچنىڭ تېگىدە توشقان تېرىسىدىن تىكىلگەن قىزىل تاۋار تاشلىق جۇۋا، جۇۋىنىڭ تېگىدە تاۋار كۆڭلەك، ئۇنىڭ تېگىدە باش ياغلىق بار ئىدى، ئۇنىڭ تېگىدە بولسا، ساپلا ئەسكى ـ تۈسكى نەرسىلەر باردەك قىلاتتى. ئۇ ئالدى بىلەن قولىدىكى قاننى قىزىل تاۋارغا سۈرتتى. ئۇ: «قىزىل ئىكەن، قان يۇقى قىزىل نەرسىدە ئانچە بىلىنمەپ كەتمەيدۇ» دەپ ئويلىدى ـ يۇ، شۇ ئان ئېسىنى يىغىۋالدى: «يا رەببىم، ساراڭ بولدۇممۇ نېمە؟»

ئۇنىڭ قولى ئەسكى ـ تۈسكى نەرسىلەرگە تېگىشىگە بىر ئالتۇن سائەت جۇۋىنىڭ ئىچىدىن سىرغىپ پەسكە چۈشتى. ئۇ ئالمان ـ تالمان ھەممە نەرسىنى بىرمۇبىر ئاختۇرۇۋىدى، ئەسكى ـ تۈسكىلەرنىڭ ئارا ـ ئارىسىدىن ھەر خىل ئالتۇن بۇيۇملار — بۇلار گۆرۈگە قويۇلغان مۇددىتى توشۇپ كەتكەن ياكى تېخى توشمىغان نەرسىلەردەك قىلاتتى — ئالتۇن بىلەزۈكلەر، ئالتۇن زەنجىرلەر، ئالتۇن ھالقىلار، ئالتۇن بۇلاپكىلار چىقتى. ئۇلاردىن بەزىلىرى كىچىككىنە قۇتىلارغا سېلىنغان، بەزىلىرى ئىككى قەۋەت گېزىتكە ئېھتىيات بىلەن چىرايلىق يۆگىلىپ، تېشىدىن يىپ بىلەن بوغۇپ قويۇلغانىدى. ئۇ بىرەر مىنۇتنىمۇ بىكار ئۆتكۈزمەي نەرسىلەرنى شىمىنىڭ يانچۇقى بىلەن پەلتوسىنىڭ يانچۇقىغا سېلىۋەردى، ئۇ ھەتتا تاللاپمۇ ئولتۇرمىدى. قەغەز بولاقلار بىلەن قۇتىلارنى ئېچىپمۇ باقمىدى؛ لېكىن ئۇ نۇرغۇن نەرسىنى ئېلىشقا ئۈلگۈرەلمىدى.

ئۇ تۇيۇقسىز موماينىڭ جەسىتى ياتقان ئۆيدىن كىمنىڭدۇر ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ قالدى. دەرھاللا توختاپ، خۇددى ئۆلۈكتەك جىممىدە تۇرۇۋالدى. ئەتراپ جىمجىت ئىدى، بەلكىم ئۇنىڭغا شۇنداق تۇيۇلغان بولسا كېرەك. ياق، ئۇ يەنە تۇيۇقسىز

كىمىنىڭدۇر بوشقىنا ۋارقىرىغىنىنى، ئارقىدىن بوش ۋە ئۇزۇك ـ ئۇزۇك ئىڭرىغىنىنى ئېنىق ئاڭلىدى. كېيىن ئەتراپنى يەنە جىمجىتلىق بېسىپ، جىمجىتلىق بىر مىنۇتقىچە ياكى ئىككى مىنۇتقىچە داۋام قىلدى. ئۇ ساندۇقنىڭ ئالدىدا زوڭ ئولتۇرغىنىچە، نەپەسىنىمۇ ئىچىگە يۇتۇپ كۈتتى. كېيىن بىردىن چاچراپ قوپتى ـ دە، پالتىنى قولىغا ئېلىپ، يۈگۈرگىنىچە نېرىقى ئۆيگە چىقتى.

لىزاۋېتا قولىدا يوغان بىر بوپا، ئۆينىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا تۇراتتى. چىرايى تامدەك تاتىرىپ، ئۆلۈك ياتقان ئاچىسىغا ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ قاراپ تۇرغان لىزاۋېتانىڭ ۋارقىرىغۇدەك ماغدۇرىمۇ قالمىغاندەك قىلاتتى. ئۇ يۈگۈرۈپ چىققان راسكولنىكوفنى كۆرۈپ، خۇددى يوپۇرماقتەك تىترەشكە باشلىدى، قورققىنىدىن يۈزى قىيسىيىپ كەتتى؛ بىر قولىنى كۆتۈرۈپ، ۋارقىرىغىلى ئاغزىنى ئاچتى، لېكىن ئاۋاز چىقىرالمىدى. ئۇ راسكولنىكوفقا تىكىلگىنىچە، ئاستا ـ ئاستا كەينىگە داجىپ تامنىڭ بۇلۇڭىغا بېرىپ قالدى، لېكىن يەنىلا ۋارقىرىمىدى. ئوزايىدىن نەپىسى يېتىشمەي، ۋارقىرىيالمايۋاتقاندەكلا قىلاتتى. راسكولنىكوف پالتىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا ئېتىلدى. لىزاۋېتانىڭ لەۋلىرى خۇددى قاتتىق قورقۇپ كەتكەن، ئۆزىنى قورقۇتۇۋاتقان نەرسىگە ھاڭۋېقىپ قارىغىنىچە ۋارقىرىماقچى بولۇۋاتقان كىچىك بالىنىڭ لەۋلىرىگە ئوخشاش تولىمۇ ئېچىنىشلىق بىر ھالەتتە پۇرۇلۇپ كەتتى. بىچارە لىزاۋېتا ياۋاشلىقتا شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنىدىكى، قورققىنىدىن گاڭگىراپ، ئېسىنى يوقىتىپ قويدى، پالتا يۈزىگە توغرىلىنىپ ئېگىز كۆتۈرۈلگەن ئاشۇ تاپتا قولى بىلەن يۈزىنى توسۇش تولىمۇ زۆرۈر ۋە تەبىئىي بولسىمۇ، ئۇ ئۇنداق قىلمىدى. ئۇ بوش تۇرغان سول قولىنى يۈزىگىچىمۇ كۆتۈرمەي ئازراقلا كۆتۈرۈپ، گويا پالتىنى نېرى ئىتتىرىۋەتمەكچى بولۇۋاتقاندەك ئالدىدا تۇرغان راسكولنىكوفقا

ئاستا ـ ئاستا سوزدى. پالتىنىڭ تۈپتوغرا ئۇنىڭ چوقا ۋە سۆڭىكىگە تېگىپ، پېشانىسىنىڭ يۇقىرىقى قىسمىنى تاكى چوققىسىغىچە دېگۇدەك بىراق ئۇچۇرۇۋەتتى. لىزاۋېتا شالاقىدا يىقىلدى. راسكولنىكوف ئۆزىنى يوقىتىپ قويدى، ئۇ لىزاۋېتانىڭ بوپىسىنى قولىغا ئالدى، كېيىن ئۇنى يەنە تاشلىۋەتتى ـ دە، دەھلىزگە قاراپ يۈگۈردى.

ئۇ بارغانسېرى قورقماقتا ئىدى، بولۇپمۇ تامامەن كۈتۈلمىگەن ئىككىنچى قېتىملىق قاتىللىقتىن كېيىن تېخىمۇ بەكرەك قورقۇپ كەتتى. بۇ يەردىن دەرھال قېچىپ كەتكۈسى كەلدى، ئەگەر شۇ چاغدا ئۇ ئىشلارنى توغرىراق كۆرەلىگەن ۋە ئويلىيالىغان بولسا، ئەگەر ئۇ ئۆز ئەھۋالىنىڭ تولىمۇ مۈشكۈللۈكىنى ئويلاپ يېتەلىگەن، ئۆزىنىڭ پۈتكۈل ئۈمىدسىزلىكلىرىنى، ئەسكىلىكلىرىنى ۋە بىمەنىلىكلىرىنى ئويلاپ يېتەلىگەن بولسا، ئەگەر ئۇ يەنە نۇرغۇن ئۆتكەللەرنى بېسىپ ئۆتكىنىدە، ئېھتىمال يەنە نۇرغۇن ئەسكىلىكلەرنى قىلغىنىدا، ئاندىن بۇ يەردىن قېچىپ چىقىپ ئۆيگە بارالايدىغانلىقىنى چۈشەنگەن بولسا، ئۇ ھالدا ھەممىنى تاشلاپ، دەرھاللا بېرىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلغان بولاتتى، ھەتتا بۇنى ئۆزىدىن ئەنسىرىگەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىدىن قورققانلىقىدىن ۋە نەپرەتلەنگەنلىكىدىن شۇنداق قىلغان بولاتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ قەلبىدە نەپرەتلىنىش تۇيغۇسى ئويغىنىپ مۇنداق نەپرەتلىنىش مىنۇتسېرى كۈچەيمەكتە ئىدى. مانا ئەمدى دۇنيادا ھېچقانداق نەرسە ئۇنى ساندۇقنىڭ يېنىغا ئېلىپ بارالمايتتى، ھەتتا شۇ ئۆينىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلىتالمايتتى.

لېكىن، دىققىتى چېچىلغاندەك، ھەتتا نېمىنىدۇر خىيال قىلىۋاتقاندەك بىر خىل كەيپىيات ئۇنى ئاستا ـ ئاستا ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالدى. ئۇنىڭ پىكرى ھېلىدىن ـ ھېلىغا چېچىلىپ

كەتتى. توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئۇ ئاساسىي ئىشنى ئۇنتۇپ قېلىپ، ئۇششاق ـ چۇششەك ئىشلار بىلەنلا بولۇپ كەتتى. بىر چاغدا ئۇ ئاشخانىغا لەپپىدە قاراپ، ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىدە يېرىم چېلەك سۇ تۇرغانلىقىنى كۆرگىنىدە، ئاندىن قوللىرىنى ۋە پالتىنى پاكىز يۇيۇۋېتىشنى كېرەكلىكىنى يادىغا كەلتۈردى. ئۇنىڭ ھەر ئىككىلا قولى قانغا مىلىنىپ، يېپىشقاق بولۇپ قالغانىدى. ئۇ پالتىنىڭ تىغىنى چېلەكتىكى سۇغا چىلاپ قويدى، ئارقىدىن دېرىزە تەكچىسىدىكى سۇنۇق تەخسىدىن بىر پارچە سوپۇننى ئالدى ـ دە، قولىنى چېلەككىلا تىقىپ يۇيۇشقا باشلىدى. ئۇ قوللىرىنى يۇيۇپ بولۇپ، پالتىنى چېلەكتىن ئالدى، ئاۋۋال تىغىنى يۇدى، ئارقىدىن ئۈچ مىنۇتچە ۋاقىت سەرپ قىلىپ پالتىنىڭ دەستىسىنى يۇدى، ھەتتا سوپۇن سۈرتۈپ قان ئىزلىرىنى پاكىز تازىلىدى. ئاندىن ھەممىنى ئاشخانىدىكى بىر تال يىپقا يېيىپ قويۇلغان ئىچ كۆڭلەككە سۈرتتى. كېيىن دېرىزىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، پالتىنى ئۇزۇنغىچە ئىنچىكىلەپ تەكشۈردى. پالتىدا قان يۇقى قالمىغانىدى، لېكىن ياغاچ دەستە تېخىچە ھۆل ئىدى. ئۇ پالتىنى ئالدىرىماي پەلتوسىنىڭ ئىچىدىكى ھېلىقى لاتىغا ئاستى. ئارقىدىن ئۇ ئاشخانىدىكى يورۇقلۇققا تايىنىپ پەلتوسىنى، شىمىنى ۋە ئۆتۈكىنى كۆزدىن كەچۈردى. سىرتتىن قارىغاندا، ئۆتۈكىدىكى ئازراق قان ئىزىدىن باشقا ھېچنېمىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. ئۇ لاتىنى ھۆل قىلىپ ئۆتۈكىنى پاكىز سۈرتتى. ئەمما، ئۇ كۆزدىن كەچۈرۈشنىڭ تەل ـ تۆكۈس بولمىغانلىقىنى باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك بەزى نەرسىلەرگە ئۆزىنىڭ سەل قارىغان بولۇشى مۇمكىنلىكىنى بىلەتتى. ئۇ ئارىسالدى بولۇپ ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ قالدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ كاللىسىغا تولىمۇ ئازابلىق ۋە ئەلەملىك بىر ئوي كەلدى. «مەن ساراڭ بولۇپ قېلىۋاتىمەن. شۇ تاپتا يا پىكىر قىلالمايۋاتىمەن، يا ئۆزۈمنى

ھىمايە قىلالمايۋاتىمەن. بەلكىم قىلىۋاتقان ئىشىمنى ھەرگىز قىلماسلىقىم كېرەكتۇ، ــ دەپ ئويلىدى ئۇ، ــ يا پەرۋەردىگار ! قېچىشىم كېرەك. قېچىشىم كېرەك.» ئۇ غۇدۇرىغىنىچە ئىشىككە ئېتىلدى. لېكىن، ئىشىك ئالدىدا ئۇنى بىر ۋەھىمە ــ پۈتۈن ئۆمرىدە باشتىن كەچۈرۈپ باقمىغان قاتتىق ۋەھىمە كۈتۈپ تۇراتتى.

ئۇ ئىشىككە قاراپ، كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قالدى: ئىشىك ــ پەلەمپەيگە چىقىدىغان تاشقىرىقى ئىشىك، بايا ئۆزى قوڭغۇراق يىپىنى تارتقان، كېيىن ئۆيگە كىرگەن ئىشىك ئوچۇق تۇراتتى، ھەتتا ئادەمنىڭ قولى پاتقۇدەك ئوچۇق ئىدى. يا قۇلۇپلانماپتۇ، يا ئىلىپ قويۇلماپتۇ. ئوچۇق پېتىلا قاپتۇ. بایاتىن بېرى ئوچۇق تۇرۇپتۇ ! ئۇ ئۆيگە كىرگەندە، موماي ئېھتىيات يۈزىسىدىن ئىشىكنى قۇلۇپلىمىغان بولسا كېرەك. ئەمما، يا رەببىم ! ئۇ كېيىن لىزاۋېتانى كۆردىغۇ ! شۇ چاغدا نېمىشقا خىيالىغا كەلمىدىكىنە، ئۇنىڭ بىرەر يەردىن كىرگەنلىكىنى نېمىشقا ئېسىگە ئالالمىدىكىنە ! ئۇ تامنىڭ تۆشۈكىدىن چۈشمىدى ـ دە.

ئۇ شۇ ئان ئىشىك ئالدىغا ئېتىلىپ بېرىپ ئىلغۇچنى ئىلىپ قويدى. «توغرا قىلمىدىم. يەنە خاتا قىلدىم ! كېتىشىم كېرەك. كېتىشىم كېرەك... » ئۇ ئىلغۇچنى چۈشۈرۈپ، ئىشىكنى ئاچتى ـ دە، پەلەمپەيگە قۇلاق سېلىشقا باشلىدى.

ئۇ ئۇزۇنغىچە قۇلاق سېلىپ تۇردى. پەستە ناھايىتى يىراقتا، ئالاھازەل دەرۋازا ئالدىدا بولسا كېرەك، ئىككى ئادەمنىڭ ئاۋازىنىڭ بارچە ۋارقىرىشىۋاتقانلىقىنى، نېمىنىدۇر تالىشىپ، تىللىشىۋاتقانلىقى ئاڭلاندى. «نېمە قىلىشىۋاتقاندۇ ئۇلار؟» ئۇ تەقەززالىق ئىچىدە كۈتتى. كېيىن ئۇلار كېتىشتى بولغاي، تالىشىۋاتقانلارنىڭ ئاۋازى بىردىنلا توختاپ، ئەتراپ جىمجىتلىققا چۆمدى. ئۇ ئەمدىلا چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ تۇرۇۋىدى، پەستىكى قەۋەتتە پەلەمپەيگە ئۇدۇل ئىشىك غاچىلداپ ئېچىلىپ،

كىمدۇر بىرسى غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ پەسكە چۈشۈشكە باشلىدى. «بۇ خەققە نېمە بالا تەگكەندۇ !» خىيالىدىن ئۆتكۈزدى راسكولنىكوف. ئۇ ئىشىكنى يېپىپ قويۇپ، يەنە كۈتتى، ئاخىر ھەممە ياق جىمىدى، بىرمۇ ئادەم قالمىدى. ئۇ ئەمدىلا پەلەمپەيگە قاراپ بىر قەدەم باسماقچى بولۇپ تۇرۇۋىدى، بىردىنلا يەنە ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى.

كېيىن ئۇ شۇنى ئېنىق ئەسلىدىكى، ئاياغ تىۋىشى ناھايىتى يىراقتىن، پەلەمپەينىڭ ئەڭ تۆۋەنكى باسقۇچلىرىدىن كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلىغان ھامان، ئۇنىڭغا نېمىشقىدۇر ئۇ ئادەم چوقۇم مۇشۇ يەرگە، تۆتىنچى قەۋەتتىكى موماينىڭ ئۆيىگە كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. نېمىشقا شۇنداق بولىدۇ؟ ئاياغ تىۋىشى ئالاھىدىرەك ياكى باشقىچىرەكمۇ؟ ياق. ئاياغ تىۋىشى سالماق، تەكشى، تەمكىن ئىدى. مانا ئۇ ئىككىنچى قەۋەتكە چىقتى. داۋاملىق يۇقىرى ئۆرلەۋاتىدۇ. بارغانسېرى ئېنىق ئاڭلىنىۋاتىدۇ، ھەتتا پەلەمپەي بىلەن يۇقىرى چىقىۋاتقان ئادەمنىڭ ئېغىر ھاسىراشلىرىمۇ ئاڭلىنىۋاتىدۇ. مانا ئۇ ئۈچىنچى قەۋەتكە چىقىشقا باشلىدى... مۇشۇ تەرەپكە كېلىۋېتىپتۇ ! بىردىنلا ئۇ ئۆزىنى گويا پۈتۈن بەدىنى ئۇيۇشۇپ قالغاندەك، چۈش كۆرۈۋاتقاندەك ھېس قىلدى. چۈشىدە ئۇنى بىرسى قوغلاپ كېلىۋاتقۇدەك، مانا يېقىنلىشىپ قاپتۇدەك، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچىمىش. لېكىن، ئۇ پۈتىنى قوزغىيالمىغۇدەك، ھەتتا قوللىرىنىمۇ مىدىرلىتالمىغۇدەك.

كېلىۋاتقان مېھمان تۆتىنچى قەۋەتكە چىقىشقا باشلىغاندا، ئۇ ئاندىن سەگەكلىشىپ، شۇ ئان چاققانلىق ۋە ئەپچىللىك بىلەن ئىشىك ئالدىدىن ئۆيگە يېنىپ كىرىپ، ئىشىكنى يېپىپ قويدى. ئارقىدىن ئۇ يەنە ئىشىكنىڭ ئىلغۇچىنى تۇتۇۋېلىپ ئاۋازىنى چىقارماي ئاستا ئىلىپ قويدى. بۇ ئىشتا ئۇنىڭغا تەبىئىي تۇيغۇسى ياردەم قىلدى. ئۇ ئىلغۇچنى ئىلىپ قويغاندىن كېيىن،

نەپسىنى ئىچىگە يۇتۇپ يوشۇرۇندى. بۇ قېتىم ئۇ ئىشىكنىڭ كەينىدىلا تۇرۇۋالدى. ئۇنىڭغىچە ھېلىقى چاقىرىلمىغان مېھمانمۇ ئىشىك ئالدىغا يېتىپ كەلدى. شۇ تاپتا ئۇلار ئىشىكنىڭ ئىككى تەرىپىدە بايا موماي بىلەن ئىككىسى قانداق تۇرۇشقان بولسا، خۇددى شۇنداق تۇرۇشاتتى. راسكولنىكوف سىرتقا قۇلاق سالدى.

مېھمان بىرنەچچە قېتىم ئېغىر نەپەس ئالدى. «بەك سېمىز ئادەم بولسا كېرەك» ئويلىدى راسكولنىكوف پالتىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ، راستىلا بۇلارنىڭ ھەممىسى چۈشكە ئوخشايتتى. مېھمان قوڭغۇراقنىڭ يىپىنى تۇتۇپ قاتتىق ـ قاتتىق تارتىشقا باشلىدى.

چەت ئەل قاڭالتىرىدىن ياسالغان قوڭغۇراق جاراڭلىشى بىلەن تەڭلا، ئۇنىڭغا ئۆيدە نېمىدۇر مىدىرلىغاندەك تۇيۇلدى. ئۇ بىرپەس ئەستايىدىل قۇلاق سالدى. ناتونۇش ئادەم قوڭغۇراق يىپىنى يەنە بىر تارتىپ، بىردەم ساقلاپ باقتى، كېيىن بىردىنلا تاقەتسىزلىنىپ ئىشىكنىڭ تۇتقۇچىنى تۇتۇپ، كۈچىنىڭ بارىچە تارتتى. راسكولنىكوف قورقۇنچ ئىچىدە تۆمۈر ھالقىغا ئىلىقلىق ئىلغۇچنىڭ لىكىلدىشىغا قاراپ تۇردى. ئۇ ئىلغۇچنىڭ ھالقىدىن چىقىپ كېتىشىنى ۋەھىمە ئىچىدە كۈتمەكتە ئىدى. سەۋەبى، ئۇ ئادەم ئىشىكنى بەك قاتتىق جالاقلىتىۋاتقاچقا، بۇ ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن ئىدى. ئۇ ئىلغۇچنى تۇتۇۋالماقچىمۇ بولدى، لېكىن ئۇ ئادەمنىڭ تۇيۇپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلدى. ئۇنىڭ بېشى يەنە قايغاندەك بولدى. «يىقىلىپ چۈشىدىغان بولدۇم!» راسكولنىكوف شۇنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ تۇرۇشىغا، ئۇ ناتونۇش ئادەم گەپ قىلىۋىدى، ئۇ دەرھال سەگەكلەشتى.

— بۇلارغا نېمە بولدىكىنە، قاتتىق ئۇخلاپ كەتكەندىمۇ ياكى بىرەرسى بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەندىمۇ؟ لەنتىلەر! — دېدى ئۇ ئادەم خۇددى سوغىنىڭ ئىچىدە گەپ قىلىۋاتقاندەك بوم ئاۋاز

بىلەن، ــ ھەي، ئالېونا ئىۋانوۋنا، قېرى ئالۋاستى! لىزاۋېتا ئىۋانوۋنا، نازىنىن گۈزەل، ئەشكىنى ئېچىڭلار! ۋاي لەنىتىلەر! ئۇخلاپ قالغان ئوخشىمامدۇ؟

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاچچىقىدا بوغۇلۇپ، قوڭغۇراقنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئون نەچچە قېتىم جاراڭلاتتى. قارىغاندا ئۇ بۇ ئۆيگە كېپىي ئۆتىدىغان، يېقىن ئادەمدەك قىلاتتى.

شۇ ئارىلىقتا يەنە بىرسىنىڭ پەلەمپەيدىن ئۇششاق چامداپ ئالدىراپ چىقىپ كېلىۋاتقان ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. يەنە بىر ئادەم يۇقىرى چىقىپ كېلىۋاتاتتى. راسكولنىكوف ئۇنىڭ ئاياغ تىۋىشىنى يېقىن كەلگەندىلا ئاڭلىدى.

ــ نېمە، ئۆيدە يوقمىكەن؟ ــ دېدى يېڭى كەلگەن ئادەم يۇقىرى ئاۋازدا خۇشال گەپ قىلىپ، ئاۋۋال كەلگىنى قوڭغۇراقنى تېخىچە چېلىۋاتاتتى، ــ تىنچلىقمۇ، كوخ!

«ئاۋازىدىن قارىغاندا، يېڭى كەلگىنى بەكلا ياش ئادەم ئوخشايدۇ» بىردىنلا ئويلاپ قالدى راسكولنىكوف.

ــ كىم بىلىپتۇ، نېمە بولۇشقىنىنى، قۇلۇپىنى قومۇرۇۋالغىلى قىل قالدىم، ــ جاۋاب بەردى كوخ، ــ سىز مېنى قانداق تونۇيسىز؟

ــ مۇنداق گەپ! ئالدىنقى كۈنى «گامبرىنۇس»[1]تا بىليارد ئويناپ، سىزنى ئۇدا ئۈچ قېتىم ئۇتۇۋالدىمغۇ؟

ــ ھە...

ــ ئۇلار يوقمىكەن؟ قىزىق ئىش. راست قىزىق گەپكەن بۇ. بۇ موماي نەگە كەتتىكىنە؟ ئۇنىڭدا ئىشىم بار ئىدى.

ــ مۆھتەرەم جاناب، ئۇنىڭدا مېنىڭمۇ ئىشىم بار ئىدى.

ــ ئۇنداقتا، قانداق قىلغۇلۇق؟ قايتىمىز ـ دە، ئەمدى، ھەي! مەن تېخى ئۇنىڭدىن ئازراق پۇل ئېلىپ تۇرارمەن دېگەنىدىم، ــ

① گامبرىنۇس ــ پېتېربۇرگتىكى بىر مەيخانا.

دېدى يىگىت ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ.

— قايتماي ئىلاج يوق ـ دە، ئەمدى، لېكىن ئۇ نېمىدەپ مېنى مۇشۇ ۋاقىتتا كەل دەيدۇ؟ بۇ ئالۋاستى مېنى مۇشۇ چاغدا كەل دېگەن. بىرمۇنچە يولنى ئايلىنىپ كېلىۋىدىم دەڭە. بىلمىدىم ئۇ نەلەردە لاغايلاپ يۈرىدىكىن؟ بۇ جادى يىل بويى ئۆيىدىن چىقمايدىغان. بىلى، پۇتى ئاغرىيدىغان. ئەجەب بۇگۈن سەيلە قىلغۇسى كېلىپ قاپتا ئۇنىڭ؟

— دەرۋازىۋەندىن سوراپ باقايلىمۇ يا؟

— نېمىنى سورايمىز؟

— ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى، قاچان يېنىپ كېلىدىغانلىقىنى.

— ھىم... قۇرۇپ كەتكۇر... سورىساق... ئۇ ھېچ نەگە بارمايدىغان تۇرسا... — ئۇ تۇتقۇچنى تۇتۇپ ئىشىكنى يەنە بىر قېتىم تارتىپ باقتى، — قۇرۇپ كەتسۇن، ئامال يوق. يۈرۈڭ كېتەيلى !

— توختاڭ ! — دېدى يىگىت بىردىنلا ۋارقىراپ، — قاراڭ، ئىشىكنى تارتقىنىڭىزدا مىدىرلىغانلىقىنى كۆردىڭىزمۇ؟

— قانداق دەيسىز؟

— دېمەك ئىشىك قۇلۇپلانمىغان، بەلكى ئىلغۇچ ئىلىپ قويۇلغان، يەنى ئىلغۇچتا ئىلىپ قويۇلغان ! ئىلغۇچنىڭ شاراقلىغىنىنى ئاڭلىدىڭىزمۇ؟

— قانداق دەيسىز؟

— ئەستا، نېمىشقا چۈشەنمەيدىغانسىز؟ دېمەك ئىككىسىنىڭ بىرسى ئۆيدە دېگەن گەپ. ئەگەر ھەر ئىككىلىسى چىقىپ كەتكەن بولسا، ئىشىكنى تاشقىرىدىن ئاچقۇچ بىلەن قۇلۇپلاپ قويغان بولاتتى. ئىچىدىن ئىلغۇچ بىلەن ئىلىنىۋالمايتتى. لېكىن، ھازىر ئىلغۇچنىڭ شاراقشىغىنىنى ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ ئۆيدە ئادەم بولسا، ئاندىن ئىچىدىن ئىلغۇچتا ئىلغىلى بولىدۇ، چۈشەندىڭىزمۇ؟

شۇڭا ئۇلار ئۆيدە چوقۇم بار، لېكىن ئاچمايۋاتىدۇ!

— ھەببەللى! راست شۇنداق! — ۋارقىرىدى كوخ ھەيران بولۇپ، — ئەمىسە ئۇلار ئۆيدە نېمە قىلىشىۋاتقاندۇ؟ — ئۇ يەنە ئىشىكنى پۈتۈن كۈچى بىلەن تارتىشقا باشلىدى.

— توختاڭ! — يەنە ۋارقىرىدى يىگىت، — تارتماڭ! ئەھۋال چاتاقراق تۇرىدۇ... قاراڭ، سىز قوڭغۇراقنى چېلىپ باقتىڭىز، ئىشىكنى تارتىپ باقتىڭىز، شۇنداقتىمۇ ئۇلار ئىشىكنى ئاچمايۋاتىدۇ؛ شۇنىڭدىن قارىغاندا، بىر بولسا ھەر ئىككىلىسى ھوشىدىن كەتتى، بىر بولسا...

— نېمە؟

— مۇنداق قىلايلى، ئىككىمىز بېرىپ دەرۋازىۋەننى چاقىرايلى، ئۇلارنى شۇ ئويغاتسۇن.

— توغرا دېدىڭىز! — ئىككىيلەن پەسكە قاراپ ماڭدى.

— توختاڭ، سىز مەشەدە تۇرۇپ تۇرۇڭ، مەن پەسكە چۈشۈپ دەرۋازىۋەننى چاقىرىپ چىقاي.

— بۇ يەردە تۇرۇپ نېمە قىلىمەن؟

— ھەر ئېھتىمالغا قارشى دەيمەن ـ دە...

— ماقۇل.

— بىلەمسىز، مەن ھازىر ئوقۇۋاتىمەن، سوت تەرگەۋچىسى بولماقچى! ناھايىتى ئېنىق، ناھايىتى ئېنىق يەردە چوقۇم بىر گەپ بار! — ئالدىراش ۋارقىرىدى يىگىت پەلەمپەيدىن يۈگۈرۈپ چۈشۈپ كېتىۋېتىپ.

كوخ قالدى. ئۇ قوڭغۇراقنى يەنە ئاستاغىنا تارتىۋىدى، قوڭغۇراق جىرىڭلىدى؛ ئارقىدىن ئۇ گويا ئويلىنىپ قېلىپ سىناپ بېقىۋاتقاندەك، ئىشىكنىڭ راستلا پەقەت ئىلغۇچ بىلەنلا ئىلىپ قويۇلغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىماقچى بولۇپ، ئاستاغىنا تۇتقۇچنى تۇتتى ـ دە، ئالدىغا تارتىپ يەنە قويۇۋەتتى. ئارقىدىن ئۇ قولۇپنىڭ تۆشۈكىدىن قاراپ باقماقچى بولۇپ،

پۇشۇلدىغىنىچە پەسكە ئېڭىشتى، ئەمما قۇلۇپىنىڭ تۆشۈكىدە ئاچقۇچ سېلىقلىق بولغاچقا، ھېچنېمىنى كۆرەلمىدى.

راسكولنىكوف پالتىنى چىڭ تۇتقان پېتى ئىلگىرىكى جايىدا تۇراتتى. ئۇ ئەس ـ ھوشىنى يوقىتايلا دەپ قالغانىدى. ئۇ ھەتتا ناۋادا ئۇلار كىرىپ قالسا، ئۇلار بىلەن ئېلىشىشقىمۇ تەييار ئىدى. ئۇلار ئىشىكنى چەككەن ۋە مەسلىھەتلىشىۋاتقان چاغدا، راسكولنىكوفنىڭ بىرنەچچە قېتىم ئىشىكنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ ئۇلارغا ۋارقىرىغۇسى، ھازىرقى ھالەتنى بىراقلا ئاياغلاشتۇرغۇسى كەلدى. ئۇلار ئىشىكنى ئاچالمايۋاتقان چاغدا، ئۇنىڭ يەنە ئۇلارنى تىللىغۇسى، ئۇلارنىڭ چىشىغا تەگكۈسى كەلدى. «تېزرەك بولسىچۇ!» دېگەن بىر خىيال ئۇنىڭ كاللىسىدا غىل ـ پال پەيدا بولۇپ يەنە يوقالدى.

— لېكىن ئۇ، قۇرۇپ كەتكۈر...

ۋاقىت مىنۇت ـ سېكونتلاپ ئۆتىۋەدى. لېكىن، ھېچكىم كەلمىدى. كوخ ئۇيان ـ بۇيان مېڭىشقا باشلىدى.

— قۇرۇپ كەت ئىلاھىم! — بىردىنلا ۋارقىرىدى ئۇ تاقەتسىزلىنىپ، ئارقىدىن قوغداش ۋەزىپىسىنى تاشلىدى ـ دە، ئۆتۈكىنى گۈرسۇلدىتىپ پەلەمپەيدىن ئالدىراپ چۈشۈپ كەتتى. ئاياغ تىۋىشى جىمىدى.

— يا پەرۋەردىگار، قانداق قىلاي؟

راسكولنىكوف ئىلغۇچنى ئېلىۋېتىپ، ئىشىكنى ئازراق ئاچتى. جىمجىتلىق، ئۇ نېرى ـ بېرىسىنى ئويلاپ ئولتۇرمايلا ئىشىكتىن چىقتى ـ دە، ئىشىكنى ئىلاج بار چىڭ يېپىپ، پەلەمپەيدىن چۈشۈشكە باشلىدى.

ئۇ ئۈچ پەلەمپەيدىن چۈشۈشكە، بىردىنلا پەستىن كىمنىڭدۇر ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. «نەگە يوشۇرۇنغۇلۇق!» يوشۇرۇنغۇدەك يەر يوق ئىدى. ئۇ كەينىگە يېنىپ ئۆيگە كىرىپ كەتمەكچى بولدى.

— ھۇ، ئالۋاستى، ئىبلىس! تۇتۇڭلار ئۇنى!
كىمدۇر بىرسى پەستىكى ئۆيدىن ۋارقىرىغىنىچە ئىتتىلىپ چىقتى، پەلەمپەيدىن يۇگۈرۈپ چۈشكەندەك ئەمەس، بەلكى دومىلاپ چۈشكەندەك قىلدى ھەمدە جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىرىدى:
— مىتكا! مىتكا! مىتكا! مىتكا! ھۇ قارغىش تەگكۇر! — ۋارقىراش ئاخىر بېرىپ چىرقىراش بىلەن ئاياغلاشتى. ئاخىرقى ئاۋازلار ھويلىدىن ئاڭلاندى. كېيىن ھەممە ياق جىمجىتلىققا چۆمدى. لېكىن، دەل شۇ چاغدا بىرنەچچەيلەن گەپلىشىپ، پەلەمپەي بىلەن يۇقىرىغا چىقىشقا باشلىدى. ئۇلار ئۈچ - تۆت ئادەمدەك قىلاتتى. راسكولنىكوف بايىقى يىگىتنىڭ جاراڭلىق ئاۋازىنى تونۇدى. «شۇلار!»
راسكولنىكوف ھېچقانداق يول تاپالماي ئۇلارغا قارشى ماڭدى: «بېشىمغا كەلگىنىنى كۆرەي! ناۋادا ئۇلار توسۇۋالسا، ھەممە ئىشنىڭ تۈگىگىنى شۇ؛ ئۆتكۈزۈۋەتسىمۇ، ھەممە ئىشنىڭ تۈگەشكىنى شۇ؛ چۈنكى مېنى يادىدا تۇتۇۋالىدۇ.» ئۇلار يېقىن كېلىشتى. ئارىلىقتا پەقەت بىرنەچچىلا پەلەمپەي قالدى، لېكىن ئۇ كۈتمىگەندە قۇتۇلۇپ قالدى! ئوڭ تەرەپتە، ئۇنىڭدىن بىرنەچچە قەدەملا نېرىدا، بىر بوش ئۆينىڭ — بايا ئىشچىلار سىرلاۋاتقان ئىككىنچى قەۋەتتىكى ھېلىقى ئۆينىڭ ئىشىكى داغدام ئوچۇق تۇراتتى. تەقدىر ئىلاھى خۇددى ئەتەي ئورۇنلاشتۇرغاندەك، ئىشچىلار كېتىشكەنىدى. ھېلىراقتا ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىپ چىقىپ كەتكەنلەر شۇلار بولسا كېرەك. ئۆينىڭ پولى يېڭى سىرلانغانىدى. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر چېلەك بىلەن سىر ۋە چوتكىلار سېلىنغان كونا ئىدىش تۇراتتى. ئۇ ئوچۇق ئىشىكتىن قۇيۇنдەك كىرىپ كەتتى - دە، تامنىڭ كەينىگە ئۆتۇۋالدى. دەل ۋاقتىدا يوشۇرۇنغانىكەن. بايىقىلار پەلەمپەي ئاغزىدا پەيدا بولۇشتى ۋە كېيىن بۇرۇلۇپ، ئۆتۈپ كەتتى - دە، گەپلەشكەن پېتى تۆتىنچى قەۋەتكە چىقىپ كېتىشتى. ئۇ بىرپەس

ساقلىدى. ئاندىن يۈتىنىڭ ئۇچىدا مىڭىپ ئىشىكتىن چىقتى ـ دە، يۇگۇرگەن پېتى پەلەمپەيدىن چۈشۈپ كەتتى.
پەلەمپەيدە بىرمۇ ئادەم يوق ! دەرۋازا ئالدىدىمۇ ئادەم يوق ئىدى. ئۇ يان ئىشىكتىن قوۋۇندەك ئېتىلىپ چىقىپ، سول تەرەپتىكى چوڭ كوچىغا بۇرالدى.
ئۇ ئېنىق، ناھايىتى ئېنىق بىلەتتىكى: شۇ تاپتا ھېلىقى ئادەملەر ئۆيگە كىرىشتى. ئۇلار ئىشىكنىڭ ئوچۇق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، چوقۇم ھەيران قېلىشتى. چۈنكى، ئىشىك ھېلىلا ئېتىك ئىدى ـ دە، شۇ تاپتا ئۇلار ئىككى جەسەتكە قاراپ تۇرۇشىدۇ. كېيىن بىرەر مىنۇت ئۆتەر ـ ئۆتمەيلا قاتىلنىڭ ھېلىلا مەشەدە ئىكەنلىكىنى، ھازىر نەگىدۇر يوشۇرۇنۇۋالغانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ، قېچىپ كەتكەنلىكىنى ئېسىگە ئالىدۇ. چۈشىنىپ يېتىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى يۇقىرىغا چىقىپ كېتىۋاتقاندا، قاتىلنىڭ ھېلىقى بوش ئۆيگە يوشۇرۇنۇۋالغانلىقىنىمۇ ئېسىگە ئېلىشى مۇمكىن.
بىرىنچى دوقمۇشقا يۈز قەدەمچە قالغان بولسىمۇ ئۇ قەدىمىنى تېزلىتىشكە زادىلا جۈرئەت قىلالمىدى. «بىرەر ئىشىكتىن كىرىپ، ناتونۇش بىرەر پەلەمپەيدە بىردەم ساقلاپ تۇرايمىكىن؟ ياق، ئۇنداق قىلسام بولمايدۇ. پالتىنى تاشلىۋېتەيمۇ يا؟ بولمىسا، بىرەر ھارۋا ياللايمۇ يا؟ ئۇنداق قىلسام بولمايدۇ. ھەرگىز بولمايدۇ.»
ئۇ ئاخىر بىر تار كوچىنىڭ ئاغزىغا كەلدى ـ دە، شۇ كوچىغا بۇرالدى. بۇ يەردە ئۇ خەۋپتىن ئازراق بولسىمۇ قۇتۇلدى، بۇنى ئۇ ئۆزىمۇ بىلەتتى. بۇ يەردە ئۇنىڭدىن گۇمان قىلىش ئېھتىمالى ئاز ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئادەم ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان ئاۋات كوچا بولۇپ، ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا ئۇ خۇددى بىر تال قۇمدەكلا يوق بولۇپ كېتەلەيتتى. لېكىن، ئۇنىڭ باشتىن كەچۈرگەن ھەددى ـ ھېسابسىز ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرى ئۇنى ماغدۇرىدىن

كەتكۈزۈۋەتكەن، ئۇنىڭ ماڭغۇدەكمۇ ھالىنى قويمىغانىدى. ئۇ چىپ ـ چىپ تەرلەپ، بوينى تەرگە چىلىشىپلا قالغانىدى. ئۇ قانالىنىڭ ياقىسىغا كېلىشىگە بىرسى: «قاراڭلار، ئۇ تازا ئىچىپتۇ!» دەپ ۋارقىرىدى.

شۇ تاپتا ئۇنىڭ بېشى قېيىپ، پىكرى چېچىلىپ كەتكەنىدى. يەنە كېلىپ بۇ ھالەت بارغانسېرى ئېغىرلاشماقتا ئىدى، شۇنداقتىمۇ ئۇ قانالىنىڭ ياقىسىغا كەلگەندە بۇ يەردە ئادەمنىڭ ئازلىقىنى كۆرۈپ قورققانلىقى، كۆزگە تاشلىنىپ قالمەن دەپ، تار كوچىغا قايتىپ كەتمەكچى بولغانلىقى ھېلىمۇ ئۇنىڭ ئېسىدە ئىدى. ئۇ يىقىلىپ چۈشەيلا دەپ قالغان بولسىمۇ، يەنىلا ئەگىپ مېڭىپ، ئۆيگە پۈتۈنلەي باشقا تەرەپتىن كەلدى.

ئۇ ئۆزى تۇرغان بىنانىڭ دەرۋازىسىدىن كىرگەندىمۇ تولۇق ئېسىگە كېلەلمىگەنىدى. ھەر ھالدا ئۇ پەلەمپەيگە بۇرالغان چاغدا پالتىنى ئېسىگە ئالدى. شۇ پەيتتە ئۇ يەنە بىر مۇھىم ئىشنى پۈتكۈزۈشى، يەنى پالتىنى جايىغا قويۇپ قويۇشى، بۇنى ھېچكىمچە تۇيدۇرماسلىقى كېرەك ئىدى. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ ئويلانغۇدەك ماغدۇرى يوق ئىدى. بەلكىم ئۇنىڭ پالتىنى ئۆز جايىغا قويۇپ قويۇشىنىڭ زۆرۈرىيىتى يوقتۇر. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئۇنى باشقا بىرسىنىڭ ھويلىسىغا تاشلىۋەتسىمۇ بولىدىغاندۇ، ئەمما ئۇنىڭ بۇلارنى ئويلاپ باققۇدەك ماغدۇرى قالمىغانىدى.

ھەممە ئىش ئوڭدىن كەلدى، دەرۋازىۋەننىڭ ئۆيى قۇلۇپلانماي، مۇنداقلا يېپىپ قويۇلغانىدى. قارىغاندا دەرۋازىۋەن ئۆيدە يوقتەك قىلاتتى، لېكىن پىكىر قىلىش ئىقتىدارىنى يوقاتقان راسكولنىكوف ئۇدۇل دەرۋازىۋەننىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ، ئىشىكنى ئاچتى. ناۋادا دەرۋازىۋەن ئۇنىڭدىن: «نېمە ئىشىڭ بار؟» دەپ سورىغان بولسا، ئۇ ئېھتىمال پالتىنى ئۇنىڭ قولىغا بەرگەنمۇ بولاتتى. لېكىن، دەرۋازىۋەن يوق ئىدى. شۇڭا

ئۇ پالتىنى ئورۇندۇقنىڭ ئاستىدىكى ئىلگىرىكى جايىغا قويۇپ قويدى؛ ھەتتا ئىلگىرىكىگە ئوخشاش ئۇنى بىر تال ئوتۇن بىلەن باستۇرۇپ قويدى. كېيىن ئۇ تا ئۆزىنىڭ ئۆيىگە يېتىپ بارغۇچە، ئۇنىڭغا بىرمۇ ئادەم ئۇچرىمىدى. بىرەر ئادەمنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمىدى. غوجايىن ئايالنىڭ ئىشىكى يېپىق ئىدى. ئۇ ئۆز ئۆيىگە كىرىپ، ئىلگىرىكى چاغلاردىكىدەك ئۆزىنى دىۋانغا تاشلىدى. ئۇ ئۇخلىمىدى. لېكىن، ھوشىنىمۇ يىغالمىدى. ناۋادا شۇ چاغدا كىمدۇر بىرسى ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرگەن بولسا، ئۇ شۇ ئان چاچراپ قوپۇپ ۋارقىرىۋەتكەن بولاتتى. ئاللىقانداق ئۇششاق - چۇششەك، ئۈزۈك - پىكىرلەر ئۇنىڭ كاللىسىدا قايىنىماقتا ئىدى. ئەپسۇسكى، ئۇ قانچىلىك تىرىشسىمۇ، شۇلاردىن بىرەرسىنىمۇ ئېسىدە تۇتالمىدى، زېھنىنىمۇ بىرەر نۇقتىغا يىغالمىدى.

# ئىككىنچى قىسىم

## 1

ئۇ ئۇزۇنغىچە شۇ ھالەتتە ياتتى. بەزىدە ئۇ ئويغانغاندەكمۇ قىلاتتى. ئويغىنىپ كەتكەن بىرنەچچە مىنۇتتا ئۇ ئاللىقاچان يېرىم كېچە بولۇپ كەتكەنلىكىنى سېزەتتى. لېكىن، ئۇ تۇرۇپ كېتىشنى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ باقمايتتى. ئاخىر ئۇ ھەممىلا ياقنىڭ تاڭ ئاتقاندەك يورۇپ كەتكەنلىكىنى① كۆردى. ئۇ دېۋاندا دۈم ياتاتتى. تېخى يېقىندىلا بىھوش ھالەتتە ئۇخلىغاچقا، ئۇنىڭ گۇمۇشلۇقى تېخى تۈگىمىگەنىدى. كوچا تەرەپتىن داد ـ پەرياد كۆتۈرۈپ ۋارقىرىغان قورقۇنچلۇق، ئۈمىدسىز ئاۋازلار ئاڭلاندى. ھەر كۈنى كېچە سائەت ئىككىدىن ئاشقاندا، ئۇ ئۆز دېرىزىسىنىڭ تۈۋىدىن مۇشۇنداق ۋارقىرىغان ـ جارقىرىغان ئاۋازلارنى ئاڭلاپ تۇراتتى. ئەنە شۇ شاۋقۇن ـ سۈرەن ئۇنى ئويغىتىۋەتتى. «ھە ! ئاۋۇ مەستلەر قاۋاقخانىدىن چىقىشىپتۇ ـ دە، ـــ ئويلىدى ئۇ، ـــ سائەت ئىككىدىن ئېشىپتۇ.» ئۇ خۇددى بىرسى دېۋاندىن تارتىپ تۇرغۇزۇۋەتكەندەك، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. «ياپىرىم ! سائەت ئىككىدىن ئېشىپ كېتىپتۇ دېسە !» ئۇ دېۋاندا ئولتۇردى ـ دە، شۇ ئانلا ھەممىنى ئەسلىدى ! كۆزنى يۇمۇپ ئاچقانىنىڭ ئارىلىقىدا، ئۇ بىردىنلا ھەممىنى يادىغا كەلتۈردى.

دەسلەپكى ھەش ـ پەش دېگۈچە ئارىلىقتا ئۇ ئەقلىمدىن ئېزىپ قالىمەنمىكىن، دەپ ئويلىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى قاتتىق توڭلاپ كەتكەنىدى. لېكىن، بۇ مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ئۇنىڭ خېلى بۇرۇنلا ئۇخلاۋېتىپ قىزىتمىلىق كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالغانلىقىدىن ئىدى. مانا ئەمدى ئۇ بىردىنلا شۇ قەدەر قاتتىق

① بۇ ۋاقىت دەل پېتېربۇرگتا ئاق كېچە بولىدىغان مەزگىل بولغاچقا، تاڭ سەھەر خۇددى كەچقۇرۇنغا ئۇلىشىپلا كەلگەندەك بىلىنىدۇ.

دىرىلداپ كەتتىكى، چىشلىرى كاسىلداپ، پۈتۈن ئەزايى ـ بەدىنى تىترەپ كەتتى. ئۇ ئىشىكنى ئېچىپ، قولاق سالدى. بىنادىكى ھەممە ئادەم شېرىن ئۇيقۇدا ئىدى. ئۇ ئۆزىگە، ئۆيدىكى ھەممە نېمىگە ھەيرانلىق ئىچىدە سەپسېلىپ چىقتى، تونۇگۈن ئاخشام ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن، قانداقلارچە ئىشىكنىڭ ئىلغۇچىنىمۇ ئىلمىغانلىقىنى، كىيىملىرىنى سېلىش بۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا شىلەپىسىنىمۇ ئالماي، ئۆزىنى دىۋانغا تاشلىغانلىقىنى زادىلا چۈشىنىپ يېتەلمىدى. مانا، شىلەپىسى سىيرىلىپ چۈشۈپ، پولدا ياستۇقىغا يېقىنلا يەردە يېتىپتۇ. «ناۋادا بىرەرى كىرگەن بولسا، نېمە دەپ ئويلاپ قالغاندۇ؟ تايىنلىق، مەست بولۇپ قاپتۇ، دەپ ئويلىدى. لېكىن...» ئۇ ئوقتەك ئېتىلىپ دېرىزىنىڭ ئالدىغا باردى. تاڭ خېلىلا يورۇپ قالغانىدى. ئۇ ئالمان ـ تالمان ئۆزىنى باشتىن ـ ئاياغ كۆزدىن كەچۈرۈشكە باشلىدى. ئۈستىدىكى ھەممە كىيىمنى تەكشۈرۈپ چىقتى: قان يۇقى قالمىغاندۇ ـ ھە؟ لېكىن، مۇنداق تەكشۈرۈش بىلەن بىرەر نېمە تاپقىلى بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ غال ـ غال تىترەپ تۇرۇپ، ھەممە كىيىمىنى سالدى ـ دە، ھەممىنى بىرمۇبىر كۆزدىن كەچۈرۈشكە باشلىدى. ئۇ ھەربىر كىيىمنى ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ، تاكى ئاخىرقى تىكىشىگىچە تەكشۈرۈپ چىقتى، شۇنداقتىمۇ ئۆزىگە ئىشەنچ قىلالماي، يېنىش ـ يېنىش ئۈچ قېتىم تەكشۈرۈپمۇ ھېچنېمە تاپالمىدى. قارىغاندا ھېچقانداق ئىز قالمىغاندەك قىلاتتى؛ پەقەت بىرلا يەردە، شىمىنىڭ پۇچقىقىدىكى تىتىلىپ كەتكەن يېرىدە قان ئۇيۇپ قالغانىدى. ئۇ يوغان قەلەمتىراش بىلەن قان ئۇيۇپ قالغان يىپلارنى ئۈزۈپ تاشلىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەردە قان يۇقى يوقتەك قىلاتتى. بىردىنلا ئۇ موماينىڭ ساندۇقىدىن ئالغان ھەميان ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ ھېلىمۇ يانچۇقىدا ئىكەنلىكىنى ئەسلىدى ! شۇ نەرسىلەرنى يانچۇقىدىن ئېلىپ يوشۇرۇپ قويۇشنى ئۇ شۇ چاغقىچە خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى ! ھەتتا كىيىملىرىنى كۆزدىن كەچۈرگەن

چاغدىمۇ ئۇ نەرسىلەرنى يادىغا كەلتۈرمىدى! بۇلارنى قانداق قىلغۇلۇق؟ ئۇ ئالدىراپ ـ تېنەپ نەرسىلەرنى يانچۇقىدىن ئېلىپ، ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە تاشلىدى. ھەممىسىنى يانچۇقىدىن ئېلىپ بولۇپ، يەنە بىرەر نەرسە قېلىپ قالدىمىكىن، دېگەندەك قىلىپ، يانچۇقىنى تەتۈر ئۆرۈپ قاراپ باقتى. كېيىن شۇ بىر توقاي نەرسىنىڭ ھەممىسىنى تامنىڭ بۇلۇڭىغا ئېلىپ باردى. شۇ بۇلۇڭدا، تامغا چاپلانغان قەغەز سويۇلۇپ كېتىپ، ئېچىلىپ قالغان بىر يەر بار ئىدى. ئۇ دەرھاللا ھەممە نەرسىنى شۇ يەرگە. «ھەممىسى سىغىپ كەتتى! ھېچنېمە كۆرۈنمىگۈدەك، ھەميانمۇ كۆرۈنمىگۈدەك!» ئويلىدى ئۇ خۇش بولۇپ. ئارقىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئادەتتىكىدىن تېخىمۇ بەكرەك كۆپۈپ چىققان تۆشۈككە داڭ قېتىپ قاراپ قالدى. بىردىنلا قورقىنىدىن غال ـ غال تىترەپ كەتتى. «يا رەببىم! ــ غۇدۇرىدى ئۇ ئۈمىدسىزلىك بىلەن، ــ ماڭا نېمە بولغاندۇ؟ مۇشۇنداقمۇ يوشۇرغان بارمۇ؟ شۇمۇ يوشۇرغان بوپتۇمۇ؟»

دەرۋەقە، ئۇنىڭ نەرسە ـ كېرەك ئېلىش خىيالى يوق بولۇپ، پۇلنىلا ئالىمەنغۇ، دەپ ئويلىغان. شۇڭلاشقا نەرسە ـ كېرەك يوشۇرغۇدەك جاينى ئالدىنئالا تەييارلاپ قويمىغانىدى. «لېكىن، شۇ تاپتا، شۇ تاپتا خۇش بولغۇدەك نېمە بار؟ ــ ئويلىدى ئۇ، ــ نەرسە ـ كېرەكنى شۇنداقمۇ يوشۇرغان بارمۇ؟ كاللام ھەقىقەتەن كاردىن چىقىپتۇ.» ئۇ ماغدۇرىدىن كېتىپ دىۋانغا ئولتۇرۇپ قالدى. شۇئان ئۇنى يەنە چىدىغۇسىز بەزگەك تۇتتى. ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا يېنىدىكى ئورۇندۇقتىن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدا كىيگەن قىشلىق پەلتوسىنى ئالدى، پەلتو كونىراپ كىيگۈچىلىكى قالمىغان بولسىمۇ، يەنىلا ئىسسىق ئىدى. ئۇ پەلتوغا يۆگىنىپ بىھوش بىر ھالەتتە ئۇيقۇغا كەتتى.

ئارىدىن بەش مىنۇت ئۆتەر ـ ئۆتمەيلا ئۇ يەنە دىۋاندىن چاچراپ تۇردى ـ دە، خۇددى تەلۋىلەردەك كىيىم ـ كېچەكلىرىگە ئېتىلدى. «ھېچبىر ئىشنى تۈگەتمەي تۇرۇپلا،

ئۇخلاپ كېتىپتىمەنغۇ؟ شۇ ئەمەسمۇ، شۇ ئەمەسمۇ؟ پەلتونىڭ قولتۇقىدىكى لاتىنى ئېلىۋەتمەپتىمەن! ئۇنتۇپ كېتىپتىمەن. شۇنداق مۇھىم ئىشنى ئۇنتۇپ كەتكىنىمنى قارىمامدىغان! ئۇ دېگەن ئېنىقلا جىنايەت پاكىتىغۇ!» ئۇ لاتىنى يۇلۇپ ئالدى ـ دە، دەرھاللا پارچە ـ پارچە قىلىۋەتتى. ئاندىن ياستۇقنىڭ تېگىدىكى كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ ئارىسىغا تىقىۋەتتى. «پارچە ـ پۇرات لاتىلار ھېچكىمدە ھېچقانداق گۇمان تۇغدۇرمايدۇ. شۇنداق بولۇشى مۇمكىن. شۇنداق بولۇشى مۇمكىن!» دېدى ئۇ يېنىش ـ يېنىشلاپ. ئۇ ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ، ئەتراپىدىكى ھەممە نىمىگە يەنە بىر قېتىم پۈتۈن دىققىتىنى يىغىپ زەن سېلىپ چىقتى، بىر ـ بىر نەرسە ئۇنتۇلۇپ قالدىمىكىن، دەپ پولنى ۋە ھەربىر بۇلۇڭ ـ پۇچقاقنى كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقتى. ئۇ ھەممە نەرسىنىڭ، ھەتتا خاتىرىسىنىڭ، ئەڭ ئاددىي پىكىر قىلىش ئىقتىدارىنىڭ يوقالغانلىقىغا ئىشەندى. بۇ ئۇنى چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئازابلىدى. «باشلاندىمۇ نېمە؟ ئەجەبا، ماڭا بېرىلىدىغان جازا بېشىمغا كېلىۋاتامدىغاندۇ؟ قارا، ئەنە، راست شۇنداق بولۇۋېتىپتۇ!» راستىلا ئۇ شىمىنىڭ پۇچقىقىدىن كېسىپ ئېلىۋەتكەن لاتىلارنى شۇ پېتىلا ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا، پولنىڭ ئۈستىگىلا تاشلاپ قويغانىدى. ئۆيگە كىرگەن ھەرقانداق ئادەم ئۇنى كۆرەلەيتتى! «ماڭا نېمە بولغاندۇ؟» ۋارقىرىدى ئۇ يەنە ئەسەبىيلىشىپ.

توساتتىن ئۇنىڭ كاللىسىغا غەلىتە بىر ئوي كەلدى: ئېھتىمال ئۇنىڭ ھەممە كىيىمىگە قان يۇقۇپ ھەممىسىلا قان يۇقى بولۇپ كەتكەندۇ، ئۇ بولسا بۇلارنى كۆرەلمەيۋاتقاندۇ، بايقىيالمايۋاتقاندۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ چۈشىنىش ئىقتىدارى چېكىنىپ، كارغا كەلمەيدىغان... كاللىسىمۇ ئۆتمەيدىغان بولۇپ قالدى ـ دە... بىردىنلا ھەميانغا قان يۇققانلىقىنى ئەسلەپ قالدى. «ئاپلا، يانچۇقۇمغىمۇ چوقۇم قان يۇقتى، چۈنكى مەن ھەميانىنى قان يۇقى پېتىلا يانچۇقۇمغا سالغان!» ئۇ دەرھال

يانچۇقنى تەتۈر ئۆرۈدى. راست شۇنداق ئىكەن! يانچۇقنىڭ ئىچى دىگەندەك قان يۇقۇپ داغ بولۇپ قالغاندى! «مۇشۇ ئىشنى سىزىپ، ئويلاپ يېتەلىگىنىمگە قارىغاندا، ئەقلىمنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ قويمىغان ئوخشايمەن. چۈشىنىش ئىقتىدارىم ۋە خاتىرەم ھېلىمۇ جايىدىكەن، — ئويلىدى ئۇ خۇشلۇقىدىن قىن - قىنىغا پاتماي، ئۇ مەيدىسىنى كېرىپ چوڭقۇر ۋە خۇشال نەپەس ئالدى، — لېكىن قىزىتمىدىن كېيىن ماغدۇرسىزلىنىپ كېتىپتىمەن. بىر مەزگىل ئەس - ھوشۇمنى يوقىتىپ قويۇپتىمەن.» شۇنىڭ بىلەن ئۇ شىمىنىڭ سول تەرەپ يانچۇقىنى بىراقلا يىرتىۋالدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ سول پۇتىدىكى ئۆتۈكىگە ئاپتاپ چۈشۈۋىدى، ئۆتۈكىنىڭ يىرتىقىدىن چىقىپ قالغان پايپىقىدا قان يۇقى باردەك كۆرۈندى. ئۇ دەرھاللا ئۆتۈكىنى سالدى: راستلا قان يۇقۇپتۇ! پايپىقىنىڭ ئۇچى قانغا چىلىشىپلا كېتىپتۇ. شۇ چاغدا ئۇ ئېھتىياتسىزلىق قىلىپ يىغىلىپ قالغان قانغا دەسسىۋالغان بولسا كېرەك... «ئەمدى بۇنى قانداق قىلغۇلۇق؟ مانا بۇ پايپاقنى، ئەسكى لاتىنى، يانچۇقنى نەگە تاشلىسام بولار؟»

ئۇ شۇلارنىڭ ھەممىسىنى سىقىمدىغىنىچە ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇراتتى. «ئوچاققا تاشلايمۇ؟ لېكىن، ھەممىدىن ئاۋۋال ئوچاقنى ئاختۇرۇشىدۇ، كۆيدۈرۈۋېتەيمۇ يا؟ لېكىن، ئوتنى نېمە بىلەن ياقىمەن؟ ھەتتا سەرەڭگىمۇ يوق. ياق، ئۇنىڭدىن كۆرە تالاغا چىقىپ، بىرەر جايغا تاشلىۋېتەي. توغرا! ياخشىسى ئۇلارنى تاشلىۋېتەي! — تەكرارلىدى ئۇ يەنە دىۋانغا ئولتۇرۇپ، — ھازىرلا چىقاي، دەرھاللا چىقاي، ۋاقىتنى بىكار ئۆتكۈزمەي! ...» لېكىن، ئۇ ئۇنداق قىلمىدى، بېشىنى ياستۇققا قويدى، چۈنكى بايىقى چىدىغۇسىز تىترەك يەنە ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئىسكەنجىگە ئالغاندى. ئۇ يەنە پەلتوسىنى يېپىنىۋالدى. لېكىن، ئۇزۇنغىچە، ئالاھەزەل بىرنەچچە سائەتكىچە پەرىشان ھالەتتە ياتتى. ئۇ تۇرۇپ - تۇرۇپلا: «دەرھاللا چىقاي،

كىچىكتۇرمەي، ھەممىسىنى ئۇدۇل كەلگەن يەرگە تاشلىۋېتەي، بىرەرى كۆرۈپ قالمىسۇن. تېز چىقاي، تېزرەك چىقاي» دەپ ئويلايتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇشقا بىرنەچچە قېتىم ئۇرۇنۇپ باقتى. لېكىن، تۇرالمىدى. ئاخىر ئىشىكنىڭ قاتتىق ئۇرۇلغان ئاۋازى ئۇنى پۈتۈنلەي ئويغىتىۋەتتى.

— ئىشىكنى ئاچ، ئۆلۈپ قالدىڭمۇ ياكى تېخى جېنىڭ بارمۇ؟ ئۇ دائىم مۈشۈنداق ئۇخلايدۇ! — ۋارقىرىدى ناستاسىيە ئىشىكنى مۇشتۇمى بىلەن گۈمشىتىپ ئۇرۇپ، — كۈنبويى ئىتتەك ئۇخلىغىنى ئۇخلىغان. ئىت مىجەز، ئىشىكنى ئاچ دەيمەن. سائەت ئوندىن ئاشتى.

— ئۇ بەلكىم ئۆيدە يوقتۇ! — بىر ئەرنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

«ئاپلا، دەرۋازىۋەننىڭ ئاۋازىغۇ بۇ... ئۇ نېمىدەپ كەلگەندۇ؟»

ئۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ دىۋانغا ئولتۇردى. يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكۈدەك قاتتىق سوقۇپ كەتتى.

— ئۇنداقتا ئىشىكنى كىم ئىلىپ قويىدۇ؟ — دېدى ناستاسىيە ئېتىراز بىلدۈرۈپ، — قاراڭ، ئىشىكنى ئىلىۋالغىنىنى، خۇددى ئۇنى بىرسى ئوغرىلاپ كېتىدىغاندەك. ئىشىكنى ئاچ، ھەي ھاماقەت، كۆزۈڭنى ئاچ دەيمەن!

«بۇلار نېمىشقا كەلگەندۇ؟ دەرۋازىۋەن نېمىشقا كەلگەندۇ؟ ھەممە ئىشىم سېزىلىپ قاپتۇ - دە، قارشىلىشايمۇ ياكى ئىشىكنى ئېچىۋېتەيمۇ؟ بېشىمغا كەلگىنىنى كۆرەي...»

ئۇ ئورنىدىن سەللا قوزغىلىپ ئالدىغا ئېڭىشتى - دە، ئىلغۇچنى ئېلىۋەتتى.

ئۇنىڭ ئۆيى شۇنچىلىك كىچىك ئىدىكى، ئورنىدىن تۇرمايمۇ ئىلغۇچنى ئېلىۋەتكىلى بولاتتى.

ئىشىك ئالدىدا دېگەندەك دەرۋازىۋەن بىلەن ناستاسىيە تۇراتتى.

ناستاسىيە قانداقتۇر غەلىتە بىر نەزەردە ئۇنىڭغا سەپسېلىپ چىقتى. راسكولنىكوف مەنسىتمەسلىك ۋە ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە

دەرۋازىۋەنگە قاراپ قويدى. دەرۋازىۋەن گەپ ـ سۆز قىلماي، ئۇنىڭغا ئىككى قاتلانغان ۋە سۇرغۇچتا پېچەتلەنگەن كۆل رەڭ قەغەزنى سۇندى.

— بۇ ئىدارىدىن ئەۋەتىلگەن چاقىرىق قەغىزىكەن، — دېدى ئۇ قەغەزنى سۇنۇپ بېرىۋېتىپ.

— قايسى ئىدارىدىن؟

— ساقچى ئىدارىسىدىن، سىنى ئىدارىگە بارسۇن دەپتۇ. قايسى ئىدارىلىكى ئېنىقلىغۇ.

— ساقچى ئىدارىسىگە... نېمىشقا؟

— مەن نەدىن بىلەي؟ چاقىرغاندىكىن بارماسەن، — دەرۋازىۋەن راسكولنىكوفقا زەن سېلىپ قارىدى. ئارقىدىن ئەتراپقا كۆز يۇگۈرتۈپ چىقتى ـ دە، ئىشىك تەرەپكە بۇرالدى.

— ئۇ قاتتىق ئاغرىۋاتقان ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى ئۇنىڭغا كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇرغان ناستاسىيە، دەرۋازىۋەنمۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ ئۇنىڭغا بىردەم قاراپ تۇردى، — ئۇ تۈنۈگۈنلا قىزىپ قاپتىكەن، — قوشۇپ قويدى ناستاسىيە.

راسكولنىكوف جاۋاب بەرمىدى. ئۇ خەتنى ئاچماي قولىدا تۇتقىنىچە ئولتۇرىۋەردى.

— بولدى، ئورنۇڭدىن تۇرما، — داۋام قىلدى ناستاسىيە ئۇنىڭ پۇتىنى دىۋاندىن پەسكە ئېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئىچ ئاغرىتىپ، — ئاغرىپ قاپسەن، بولدى بارما، بارالمىغۇدەكسەن. قولۇڭدىكى نېمىلەر ئۇ؟

راسكولنىكوف قولىغا قارىدى. ئۇنىڭ ئوڭ قولىدا بايىقى ئۇششاق پۇرۇچلار، پايپاق ۋە يىرتىۋېلىنغان يانچۇق تۇراتتى. ئۇ شۇلارنى سىقىمدىغىنىچە ئۇخلاپ قالغانىدى. كېيىن ئۇ شۇ ئىشنى ئويلىغىنىدا، قىزىتمىسى ئۆرلەپ ئويغىنىپ كەتكەن چېغىدا، مۇشۇ نەرسىلەرنى چىڭ سىقىمدىۋالغانلىقىنى، كېيىن شۇ پېتى ئۇخلاپ قالغانلىقىنى يادىغا كەلتۈردى.

— قاراڭ، ئۇنىڭ بىرمۇنچە لاتا ـ پېتىنى چاڭگاللىۋېلىپ

ئۇخلىغىنىنى، خۇددى بىر گۆھەر تېپىۋالغاندەك، — ناستاسىيە شۇنداق دەپ ئەسەبىيلەرچە قاقاھلاپ كۈلۈشكە باشلىدى. راسكولنىكوف قولىدىكى نەرسىلەرنى شۇ ئان پەلتوسىنىڭ ئاستىغا تىقىۋەتتى ـ دە، ناستاسىيەگە تىكىلىپ قاراپلا قالدى. شۇ تاپتا ئۇ مەسىلىلەر توغرۇلۇق تېخى ئىدىتلىق پىكىر يۈرگۈزەلمىسىمۇ، ئەگەر ئۇلار ئۆزىنى تۇتقىلى كەلگەن بولسا، ئۆزىگە ھەرگىز مۇنداق مۇئامىلە قىلمايدىغانلىقىنى ھېس قىلالىدى. «لېكىن... ساقچى ئىدارىسىچۇ؟»

— ئازراق چاي ئىچىۋالامسەن؟ ئىچكۈڭ بارمۇ؟ مەن ئەكېلەي ! ئازراق ئاشقان چاي...

— ئىچمەيمەن.. مەن باراي، ھازىرلا باراي، — دېدى ئۇ غودۇڭشىپ ئورنىدىن تۇرۇپ.

— مۇشۇ ھالىڭ بىلەن پەلەمپەيدىنمۇ چۈشەلمەسسەنمىكىن؟

— مەن باراي...

— ئىختىيارىڭ.

ناستاسىيە دەرۋازىۋەننىڭ كەينىدىن چىقىپ كەتتى. راسكولنىكوف شۇ ئان يورۇق جايغا بېرىپ، ھېلىقى پايپاق بىلەن پۇرۇچلارنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە باشلىدى. «قانغۇ يۇقۇپتۇ. لېكىن، ئانچە بىلىنىپ كەتمەيدىكەن؛ كىرلىشىپ، كىر سىڭىپ كېتىپتۇ. ئۆڭۈپ كېتىپتۇ. بۇ ئىشتىن خەۋىرى يوق ئادەم ھېچنېمىنى پەرق ئېتەلمىگۈدەك. شۈكا خۇداغا شۈكۈر، ناستاسىيە يىراقتا تۇردى. ھېچنېمىنى پەرق ئېتەلمىدى !» ئارقىدىن ئۇ غال ـ غال تىترىگىنىچە چاقىرىق قەغەزنى ئېچىپ ئوقۇشقا باشلىدى؛ ئۇ ئۇزۇنغىچە قاراپ تۇرۇپ، مىڭ مۇشەققەتتە ئاران چۈشەندى. بۇ رايوننىڭ ئادەتتىكى چاقىرىق قەغىزى ئىدى. ئۇنىڭدا بۈگۈن سائەت توققۇز يېرىمدا شۆبە ساقچى ئىدارىسى باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىغا كېلىڭ، دېيىلگەنىدى.

«قاچانقى ئىشتۇ بۇ؟ مەن ساقچى ئىدارىسى بىلەن ھېچقاچان ئالاقە قىلىپ باقمىغان تۇرسام ! نېمىشقا نەق بۈگۈنكى كۈنلۈكتە

چاقىرتقاندۇ؟ — ئازابلىق خۇدۇكسىرەش ئىچىدە ئويلىدى ئۇ، — يا پەرۋەردىگار، پاتراق تۈگىسە بولاتتى !» ئۇ تىز چۆكۈپ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلماقچى بولدى ـ يۇ، لېكىن يەنە ئۆزى كۈلۈپ كەتتى. ئۇ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلغىنىغا ئەمەس، ئۆزىگە كۈلدى. ئۇ ئالدىراپ ـ تېنەپ كىيىنىشكە باشلىدى. «بېشىمغا كەلگىنىنى كۆرەي. بەربىر ئوخشاشلىغۇ ! پايپاق كىيىشىم كېرەك ! — بىردىنلا ئېسىگە ئالدى ئۇ، — تېخىمۇ بەكرەك چاڭ ـ توپا قونۇپ كىرلىشىپ كەتسە، قان يۇقى كۆرۈنمەي قالىدۇ.» لېكىن، ئۇ پايپاقنى كىيىپ بولۇپ، ئۇنىڭدىن قەرقۇپ ۋە يىرگىنىپ، ئۇنى يىرقىرىتىپ تاشلىۋەتتى. تاشلاپ بولۇپ، كىيگۈدەك باشقا پايپىقىنىڭ يوقلۇقىنى ئېسىگە ئالدى ـ دە، نائىلاج يەنە كىيدى، ئۇ يەنە كۈلدى، «ھەممە نەرسە شەرتلىك، ھەممە نەرسە نىسپىي بولىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى بىر شەكىل، خالاس» ئالدىراشلىق ئىچىدە ئويلىدى ئۇ، لېكىن بۇ پىكىر چاقماقنىڭ يورۇقىدەك ۋاللىدا پەيدا بولۇپ شۇ ئانلا يوقالدى. ئۇ توختىماي جاقىلداپ تىترەيتتى. «ئۇنى يەنىلا كىيدىم ! ئاخىر بېرىپ يەنىلا كىيدىم !» لېكىن، ئۇنىڭ كۈلكىسى دەرھاللا ئۈمىدسىزلىككە ئايلىنىپ كەتتى «ياق، چىدىيالمىغۇدەكمەن، — ئويلىدى ئۇ. ئۇنىڭ پۇتلىرى دىر ـ دىر تىترىمەكتە ئىدى، — بۇ قورقۇۋاتقانلىقىمنىڭ ئالامىتى، — دېدى ئۇ غودۇڭشىپ ئۆزىگە ئۆزى. قىزىتمىسى ئۆرلەپ كەتكەچكە، ئۇنىڭ بېشى قېيىپ قاتتىق ئاغرىماقتا ئىدى، — بۇ بىر ھىيلە ! — ئۇلار مېنى ئالداپ شۇ يەرگە ئاپىرىۋېلىپ، تۇيۇقسىزلا قولغا ئالماقچى، — ئويلىدى ئۇ ئىشىكتىن چىقىپ پەلەمپەيگە كەلگۈچە ئارىلىقتا، — يامان يېرى جۆيلۈپ قېلىۋاتىمەن... بىرەر ئېغىز ئەخمىقانە گەپنى دەپ سېلىشىم مۇمكىن...»

ئۇ پەلەمپەيگە كەلگەندە ھەممە نەرسىنىڭ ھېلىمۇ ئاشۇ تامنىڭ كامىرىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئېسىگە ئالدى. «ئۇلار مەن يوق چاغدا كېلىپ ئۆينى ئاختۇرماقچى بولۇۋاتقان بولۇشى مۇمكىن.»

ئۇ ئەنە شۇنى ئويلىدى ـ دە، توختاپ قالدى. لېكىن، شۇ چاغدا ئۇنىڭدا بىردىنلا قاتتىق ئۈمىدسىزلىك، ئەمما باشقا كەلگەننى كۆرۈپ بېقىشقا تەۋەككۇل قىلىشتەك روھىي ھالەت پەيدا بولدى. شۇڭا ئۇ قولىنى بىر سىلتىدى ـ دە، يولىغا كېتىۋەردى.

— تېزرەك بولسىلا بولاتتى !...

كوچىمۇ چىدىغۇسىز ئىسسىق ئىدى. مۇشۇ كۈنلەردە بىرەر تامچە بولسىمۇ يامغۇر ياغسىچۇ كاشكى. يەنە شۇ چاڭ ـ توزاڭ، خىش ـ كېسەك ۋە ھاك، يەنە شۇ ئۇششاق دۇكانلاردىن ۋە قاۋاقخانىلاردىن چىقىۋاتقان سېسىق پۇراق. يەنە شۇ ئۇزۇلمەي ئۇچراپ تۇرىدىغان مەستلەر، فىنلاندىيەلىك ئۇششاق سودىگەرلەر ۋە ئىسكەتسىز ھارۋىلار. يارقىن كۈن نۇرى ئۇنىڭ كۆزلىرىنى چېقىپ ئېچىشتۇرۇۋەتتى. بېشىنىمۇ قايدۇرۇۋەتتى — قىزىتمىسى ئۆرلەپ قالغان ئادەم ئۆيدىن قۇياش نۇرى پارلاپ تۇرغان ئوچۇق ھاۋاغا چىقسا، ئادەتتە شۇنداق بولىدۇ.

تۈنۈگۈنكى ھېلىقى كوچىنىڭ دوقمۇشىغا كەلگەندە، ئۇ ئازاب ۋە تەشۋىش ئىچىدە كوچىغا يەر تېگىدىن قاراپ قويدى. ھېلىقى بىناغىمۇ لەپپىدە قاراپ قويدى... لېكىن شۇ ئانلا كۆزلىرىنى ئېلىپ قاچتى.

«ئاۋادا سوراپ قالسا، ئۇلارغا توغرىسىنى دەپ بېرىشىم مۇمكىن» ئويلىدى ئۇ ساقچى ئىدارىسىگە ئاز قالغاندا.

ساقچى ئىدارىسى ئۇنىڭ ئۆيىدىن ناھايىتى چارەك چاقىرىمچىلا نېرىدا ئىدى. ئۇ تېخى يېقىندىلا مۇشۇ يەرگە — يېڭى بىنانىڭ تۆتىنچى قەۋىتىدىكى ئىككى ئېغىزلىق ئۆيگە كۆچۈپ كەلگەنىدى. ئۇ ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئىلگىرىكى ئورنىغا بارغان. ئۇ يەردە ناھايىتى ئازراقلا ھايال بولغانىدى. لېكىن، ئۇ بۇنىڭدىن خېلى بۇرۇنقى ئىش ئىدى. ئۇ دەرۋازىدىن كىرىپ، ئوڭ تەرەپتىكى پەلەمپەيدىن سەھرالىق بىر كىشىنىڭ قولىدا دەپتەر تۇتۇپ چۈشۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى: «قارىغاندا دەرۋازىۋەن ئوخشايدۇ. دېمەك، ساقچى ئىدارىسى مۇشۇ يەردىكەن» شۇنىڭ

بىلەن ئۇ تەۋەككۈل قىلىپ پەلەمپەيدىن يۇقىرىغا چىقىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ بىرەردىن سوراپ باققۇسى كەلمىدى.

«كىرىپلا تىز چۆكۈپ، ھەممىنى دەپ بېرىمەن...» ئويلىدى ئۇ تۆتىنچى قەۋەتكە چىقىپ بولۇپ.

بەكلا تار ۋە تىك پەلەمپەيىنىڭ ھەممىلا يېرىگە يۇندا تۆكۈلگەنىدى. تۆت قەۋەتتىكى ئۆيلەرنىڭ ئاشخانىسىنىڭ ئىشىكى پەلەمپەيگە قارايتتى ۋە كۈنبويى دېگۈدەك ئوچۇق تۇراتتى. شۇڭلاشقا بۇ يەر ئادەتتىن تاشقىرى دىمىق ئىدى. قولتۇقىغا دەپتەر① قىستۇرۇۋالغان دەرۋازىۋەنلەر، چاكارلار، ئىش بىلەن كەلگەن ھەررەڭ ـ سەررەڭ ئەر ـ ئاياللار ئايىغى ئۈزۈلمەي چىقىپ ـ چۈشۈپ تۇراتتى، ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئىشىكىمۇ داغدام ئوچۇق ئىدى. راسكولنىكوف ئىچكىرىگە كىرىپ، دەھلىزدىلا تۇرۇپ قالدى. بۇ يەردە دائىم بىرنەچچە سەھرالىق نۆۋەت ساقلاپ ئۆرە تۇراتتى. بۇ يەرمۇ ئىنتايىن دىمىق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يېڭىلا سىرلانغان ئۆيدىن سېسىق ئەلف ماي ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىلگەن سىرنىڭ ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشتۇرغۇدەك ئۆتكۈر پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى. ئۇ بىردەم ساقلاپ بېقىپ، ئالدىغا ئۆتۈپ ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىش قارارىغا كەلدى. ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىلا پاكار ۋە تار ئىدى. بىر خىل تەقەززالىق ئۇنى توختىماي ئالدىغا ئۆتۈشكە قىستايتتى. ئۇنىڭغا ھېچكىم دىققەت قىلمىدى. ئىككىنچى خانىدا ئۇنىڭغا قارىغاندا بىر ئاز تۈزۈك كىيىنگەن بىرنەچچە كاتىپ نىمىلەرنىدۇر يېزىپ ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تۇرقى تولىمۇ غەلىتە ئىدى. ئۇ شۇلاردىن بىرسىنىڭ ئالدىغا باردى.

ــ نېمە ئىشىڭ بار؟

ئۇ ساقچى ئىدارىسىنىڭ چاقىرىق قەغىزىنى كۆرسەتتى.

ــ سىز ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىمۇ؟ ــ سورىدى كاتىپ

① بۇ يەردە نوپۇس دەپتىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

قەغەزگە لەپپىدە قاراپ قويۇپ.

ـــ شۇنداق، ئىلگىرى شۇنداق ئىدىم.

كاتىپ ئۇنىڭغا سەپسىلىپ چىقتى، لېكىن ئۇنىڭ نەزەرىدە قىزىقىشتىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى، چاچلىرى ئادەتتىن تاشقىرى چىگىشلىشىپ كەتكەن بۇ ئادەمنىڭ كۆزلىرىدىن ھېسسىياتنىڭ ھېچقانداق ئالامىتىنى تاپقىلى بولمايتتى.

«بۇ ئادەمنىڭ ئاغزىدىن بىرەر خەۋەر ئۇققىلى بولمىغۇدەك. چۈنكى، ئۇ ھەممىگە ئېتىبارسىز قارايدىكەن» ئويلىدى راسكولنىكوف.

ـــ ئاۋۇ يەرگە بېرىپ، ئىش بېجىرگۈچى بىلەن كۆرۈشۈڭ، ـــ دېدى كاتىپ بارمىقى بىلەن ئەڭ ئىچكىرىدىكى ئۆينى كۆرسىتىپ.

راسكولنىكوف شۇ ئۆيگە كىردى (رەت تەرتىپى بويىچە ئۇ تۆتىنچى ئۆي ئىدى). تولىمۇ تار ئۆي ئادەملەر بىلەن لىق تولغانىدى، بۇ ئۆيدىكىلەر باشقا ئۆيلەردىكىلەرگە قارىغاندا خېلى رەتلىك كىيىنگەنىدى. ئىش بىلەن كەلگەنلەرنىڭ ئارىسىدا ئىككى ئايالمۇ بار ئىدى. ئۇلاردىن بىرسى ئۇچىسىغا قارىلىق كىيىمى كىيگەنىدى، خېلىلا ئاددىي كىيىنگەن بۇ ئايال ئىش بېجىرگۈچىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئۇستەلدە ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ دەپ بەرگەنلىرىنى قەغەزگە يېزىۋاتاتتى. يەنە بىر ئايال① تولىمۇ سېمىز ئىدى، قىزىل يۈزىگە سەپكۈن چۈشكەن، بەستلىك، تولىمۇ پۈزۈر كىيىنگەن بۇ ئايال مەيدىسىگە شاپىلاقتەك يوغان بۇلاپكا تاقىۋالغانىدى. ئۇ بىر چەتتە نېمىنىدۇر كۈتۈپ تۇراتتى. راسكولنىكوف چاقىرىق قەغىزىنى ئىش بېجىرگۈچىگە بەردى. ئىش بېجىرگۈچى قەغەزگە لەپپىدە قاراپ قويۇپ: «بىردەم تۇرۇپ تۇرۇڭ» دېدى ـ دە، يەنە قارىلىق كىيىمى كىيگەن ئايالنىڭ ئىشى بىلەن بولۇپ كەتتى.

---

① بۇ ئايال پېتېربۇرگتىكى بىر پاھىشىخانىنىڭ غوجايىنى.

راسكولنىكوف يېنىك نەپەس ئالدى. «ھېلىقى ئىش ئەمەس ئوخشايدۇ» ئۇ ئاستا ـ ئاستا تېتىكلىشىشكە باشلىدى ۋە ئىلاجىنىڭ بارىچە روھلۇقراق، سەگەكرەك بولۇشقا تىرىشتى.

«ئازراقلا ئەخمەقلىق قىلسام، ئازراقلا ئېھتىياتسىزلىق قىلسام، ئۆزۈمنى ئاشكارىلاپ قويۇشۇم مۇمكىن! ھېم... ئەپسۇسكى بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى بەكلا ناچار ئىكەن، — ئويلىدى ئۇ، — بەكلا دىمىق ئىكەن... بېشىم تېخىمۇ بەك قېيىپ كېتىۋاتىدۇ، مېڭەممۇ...»

راسكولنىكوف ئەھۋالنىڭ تولىمۇ چىگىشلىكىنى سېزىپ تۇراتتى، ھەممىدىن بەكرەك ئۆزۈمنى باشقۇرالماي قالارمەنمىكىن، دەپ ئەنسىرەيتتى. ئۇ ئىلاجىنىڭ بارىچە دىققىتىنى بىرەر ئىشقا مەركەزلەشتۈرۈشكە، ھېچقانداق ئالاقىسى يوق باشقا بىر ئىش توغرۇلۇق ئويلاشقا ئۇرۇنۇپ باقتى. لېكىن، ئۇنداق قىلالمىدى. ئىش بېجىرگۈچى ئۇنى ئىنتايىن قىزىقتۇردى، راسكولنىكوف ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلىۋالماقچى، ئىچىدىكىنى چۈشىنىۋالماقچى بولاتتى. ئىش بېجىرگۈچى يىگىرمە ئىككى ياشلاردىكى ياشقىنا يىگىت ئىدى. قارامتۇل كەلگەن، ھېسسىياتقا باي چىرايى ئۇنى ھەقىقىي يېشىدىن چوڭراق كۆرسىتەتتى. ئۇ قۇرۇق سۆلەت بەگزادىلەردەك ئىنتايىن مودا كىيىنگەن، چاچلىرىنى ئىككىگە ئايرىپ چىرايلىق تاراپ مايلىۋالغانىدى. ئۇنىڭ چوتكىدا تازىلانغان ئاپپاق بارماقلىرىغا ياقۇت كۆزلۈك ۋە كۆزسىز بىرنەچچە ئۈزۈك سېلىنغان، جىلىتكىسىگە بولسا، ئالتۇن زەنجىر ئېسىلغانىدى. ئۇ ھەتتا مۇشۇ ئۆيگە كىرگەن بىر چەت ئەللىك بىلەن فىرانسۇزچە بىرنەچچە ئېغىز گەپلىشىپمۇ ئالدى. يەنە كېلىپ فىرانسۇزچىنى خېلى تۈزۈك سۆزلىدى.

— لۇئىزا ئىۋانوۋنا. ئولتۇرۇۋېلىڭ، — دېدى ئۇ گەپ ئارىسىدا ھېلىقى ئىنتايىن پۈزۈر كىيىنگەن قىزىل يۈزلۈك ئايالغا خىتاب قىلىپ، ئۇ ئايال يېنىدىلا بوش ئورۇندۇق

تۇرسىمۇ، خۇددى ئولتۇرۇشقا جۇرئەت قىلالمايۋاتقاندەك ئۆرە تۇراتتى.

— Ich danke ①، — دېدى ھېلىقى ئايال تاۋار كۆڭلىكىنى شىلدىرلىتىپ ئاستاغىنا ئورۇندۇققا ئولتۇرۇۋېتىپ. ئۇنىڭ ئاق چىلتەكلىك ھاۋا رەڭ كۆڭلىكى خۇددى ھاۋا شارىدەك ئورۇندۇقنىڭ ئەتراپىغا يېيىلىپ خانىنىڭ يېرىمىنى دېگۇدەك ئىگىلىدى. ئۇنىڭدىن گۈپپىدە ئەتىرنىڭ ھىدى كەلدى. لېكىن، خانىنىڭ تەڭ يېرىمىنى ئىگىلىگەنلىكى، كىيىمىدىن ئەتىرنىڭ ھىدى كېلىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، خانىم سەل قورۇنغاندەك قىلاتتى. ئۇ ئۇياتسىزلىق ۋە يۈرەكسىزلىك بىلەن ھىجىيىپ ئولتۇرسىمۇ، ئۇنىڭ نېمىدىندۇر ئەنسىرەۋاتقانلىقى ئېنىق بىلىنىپ تۇراتتى.

قارىلىق كىيىمى كىيگەن ئايالنىڭ ئىشى ئاخىر تۈگىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇۋاتقاندا ئۇپۇل ـ توپۇل بىلەن تەڭلا خانىغا مەردانە قەدەم تاشلاپ بىر ئوفىتسېر كىرىپ كەلدى. ئۇ ھەربىر قەدەم تاشلىغىنىدا پاگونىنى ئالاھىدە سىلكىپ قوياتتى. ئۇ كاكار تاقالغان شەپكىسىنى ئۈستەلگە تاشلىدى ـ دە، كىرىپسلوغا ئولتۇردى. پۈزۈر كىيىنگەن ئايال ئۇنى كۆرۈپ، لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە تولىمۇ خۇشامەتگۇيلۇق بىلەن ئۇنىڭغا تەزىم قىلدى؛ لېكىن ئوفىتسېر ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمىدى. ئايال ئوفىتسېرنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇرۇشقىمۇ جۇرئەت قىلالمىدى. ئۇ شۆبە ساقچى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىدى. سارغۇچ بۇرۇتى ئىككى تەرەپكە قايرىلىپ تۇرىدىغان قوشۇق يۈز بۇ ئادەمنىڭ چىرايىدا ئازراق تەكەببۇرلۇقتىن باشقا ھېچقانداق ئالاھىدە ئىپادە يوق ئىدى. ئۇ خېلىلا ئاچچىقى بىلەن راسكولنىكوفقا كۆزىنىڭ قىرىدا قاراپ قويدى. راسكولنىكوفنىڭ كىيىم ـ كېچەكى دېمىسىمۇ ئىنتايىن

① نېمىسچە: رەھمەت سىزگە.

لاپدۇر ئىدى، لېكىن شۇنىڭغا باقماي ئۇنىڭ ئۆزىنى تۇتۇشى، مۇئامىلىسى ئۇچىسىدىكى كىيىمىگە زادىلا ماس كەلمەيتتى؛ راسكولنىكوفنىڭ بىپەرۋالىق قىلىپ خىلىغىچە چەكچىيىپ قاراپ قېلىشى ئوفىتسېرنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويدى.

— سېنىڭ نېمە ئىشىڭ بار ئىدى؟ — ۋارقىرىدى ئۇ قانداقتۇر جۇلدۇر چاپانلىق بىرنېمىنىڭ ھېچكىم تىك قارىيالمايدىغان يۈزىگە قادىلىپ قاراپ تۇرغىنىغا ھەيران بولۇپ.

— چاقىرتىپتىكەنسىلەر... مانا چاقىرىق قەغەز... — دېدى راسكولنىكوف ئېرەنسىز جاۋاب بېرىپ.

— قەرزنى تۆلەش تەلەپ قىلىنغان دېلوغا چېتىشلىق ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئىكەن، — دېدى ئىش بېجىرگۈچى ھۆججەتنى تاشلاپ قويۇپ، دەرھال گەپ قىستۇرۇپ.

«قەرزنى؟ نېمە قەرزدۇ؟ — ئويلىدى راسكولنىكوف، — لېكىن... بۇ گەپچە ھېلىقى ئىش ئەمەسكەن - دە.» ئۇ خۇشاللىقىدا تىترەپ كەتتى. بىردىنلا ئۆزىنى قۇشتەك يېنىك ھېس قىلدى. يەلكىسىدىن بېسىپ تۇرغان ئېغىر يۈكتىن قۇتۇلغاندەك بولۇپ قالدى.

— ئەپەندى، سىزگە سائەت نەچچىدە كېلىش ئۇقتۇرۇلۇپتىكەن؟ — ۋارقىرىدى پورۇچىك نېمىشقىدۇر سەپرايى بارغانسېرى ئۆرلەپ، — سائەت توققۇزدا كېلىڭ دەپ ئۇقتۇرسا، سائەت ئون ئىككى بولغاندا كەپسىز.

— مەن چاقىرىق قەغىزىنى تېخى ئون بەش مىنۇتنىڭ ئالدىدىلا ئالدىم، — جاۋاب بەردى راسكولنىكوف كەينىگە بۇرۇلۇپ ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، كۈتمىگەندە ئۇنىڭمۇ بىردىنلا سەپرايى ئۆرلەپ قالدى. يەنە كېلىپ، ئۇ سەپرايىنىڭ ئۆرلەپ قالغانلىقىدىن بەكلا سۆيۈنۈپ كەتتى، — مەن ئاغرىپ، قىزىتىمام ئۆرلەپ قالغان تۇرۇقلۇق كەلدىم. ماڭا شۇنىڭ ئۆزىمۇ يېتەرلىك.

— ۋارقىرىماي گەپ قىلىڭ!

— مەن ۋارقىرىمىدىم، سىلىق - سىپايە گەپ قىلدىم، لېكىن

سىز ماڭا ۋارقىرىدىڭىز. مەن دېگەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى. سىزنىڭ ماڭا قالايمىقان ۋارقىرىشىڭىزغا يول قويالمايمەن.

مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىنىڭ شۇنچىلىك غەزىپى كەلدىكى، ئۇ بىر مىنۇتقىچە گەپمۇ قىلالماي قالدى، پەقەت ئاغزىدىن تۈكۈرۈك ئېتىلىپ چىقتى. ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى.

— ئاغ - زى — ڭىز - نى يۇ - مۇڭ ! سىز ئىدارىدە تۇرۇۋاتىسىز. ھەد - دى - ڭىزدىن ئاشماڭ، ئەپەندى !

— سىزمۇ ئىدارىدە تۇرۇۋاتىسىز، — ۋارقىرىدى راسكولنىكوفمۇ، — سىز ۋارقىرىغاندىن تاشقىرى، يەنە تاماكا چېكىۋاتىسىز، دېمەك سىز مۇشۇ يەردە تۇرغانلارغا ھۆرمەتسىزلىك قىلىۋاتىسىز، — راسكولنىكوف شۇ گەپلەرنى دەۋېلىپ ئېيتقۇسىز دەرىجىدە سۆيۈنۈپ كەتتى.

ئىش بېجىرگۈچى ئۇلارغا قاراپ كۈلۈپ تۇراتتى. سەپرا مىجەز پورۇچىك بەكلا ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى.

— بۇنىڭ سىز بىلەن ئالاقىسى يوق ! — ۋارقىرىدى ئۇ ئاخىر غەيرىي تەبىئىي تەلەپپۇزدا ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، — سىز تېخى تىلخەت يېزىپ، ئۇستىڭىزدىن يېزىلغان ئەيىبنامىگە جاۋاب بېرىسىز. ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ قويۇڭ. ئالېكساندر گىرىگورىيېۋىچ. بىرسى ئۇستىڭىزدىن ئەرز قىلدى ! قەرزىڭىزنى تۆلىمەيسىز ! ھىم، يەنە تېخى نوچىلىقىنى بۇنىڭ !

راسكولنىكوف ئۇنىڭ گەپلىرىگە ئارتۇقچە قۇلاق سالمىدى. ئۇ ئالمان - تالمان ئەيىبنامىنى قولىغا ئېلىپ، ئۇنىڭدىكى سىرنى بىلىۋېلىشقا ئالدىرىدى، ئۇ بىر قېتىم ئوقۇپ چىقتى. ئىككى قېتىم ئوقۇپ چىقتى، لېكىن ھېچنېمىنى چۈشىنەلمىدى.

— بۇ نېمە زادى؟ — سورىدى ئۇ ئىش بېجىرگۈچىدىن.

— بۇ سىز بەرگەن تىلخەتكە ئاساسەن سىزدىن قەرزىڭىزنى تۆلەشنى تەلەپ قىلىپ يېزىلغان ئەرز. سىز قەرزىڭىزنى ئەرزىيەت

پۇلى، جەرىمانە ۋەھاكازالار بىلەن قوشۇپ ھازىرلا تولۇق تۆلىۋېتىشىڭىز ياكى قاچان تۆلىيەلەيدىغانلىقىڭىزنى ئېنىق ئېيتىپ تىلخەت يېزىپ بېرىشىڭىز، ئاندىن قەرزىڭىزنى تۆلەپ بولمىغۇچە پايتەختتىن كەتمەسلىكك، مال ـ مۈلكىڭىزنى سېتىۋەتمەسلىك ياكى تىقىۋەتمەسلىككە ۋەدە بېرىشىڭىز كېرەك. قەرز ئىگىسى مال ـ مۈلكىڭىزنى كىمئارتۇق قىلىپ سېتىشقا ھەمدە قانۇن بويىچە ئۇستىڭىزدىن ئەيىبنامە سۇنۇشقا ھوقۇقلۇق.

— لېكىن... مېنىڭ... ھېچكىمدە قەرزىم يوق!

— بۇنىڭ بىز بىلەن ئالاقىسى يوق. مانا بۇ سىزنىڭ بۇنىڭدىن توققۇز ئاي ئىلگىرى توققۇزىنچى دەرىجىلىك خىزمەتچى زارنىتسىننىڭ تۇل قالغان خوتۇنىغا بىر يۈز ئون بەش رۇبلى قەرز ئالغانلىقىڭىز ھەققىدە يېزىپ بەرگەن تىلخېتىڭىز. تىلخېتىڭىزنىڭ مۇددىتى ئېشىپ كېتىپتۇ. شۇڭا قانۇن بويىچە تۆلەشتىن باش تارتقانلىقىڭىز ھەققىدە ئىسپات يېزىلدى، زارنىتسىننىڭ تۇل قالغان خوتۇنى بۇ تىلخېتىڭىزنى تۆلەم قەغىزى سۈپىتىدە مەھكىمە مەسلىھەتچىسى چېباروفقا ئۆتكۈزۈپ بېرىپتىكەن. بىز سىزنىڭ سورۇشتە قىلىشىمىز ئۈچۈن، بۇ تىلخېتىڭىز ئەمدى بىزگە تاپشۇرۇپ بېرىلدى. مانا شۇ سەۋەبتىن سىزنى جاۋاب ئالغىلى چاقىرتقان.

— ئۇ ئايال مەن ئولتۇرۇۋاتقان ئۆينىڭ غوجايىنىغۇ!

— سىز ئولتۇرۇۋاتقان ئۆينىڭ غوجايىنى بولسا نېمە بوپتۇ؟

ئىش بېجىرگۈچى ئۇنىڭغا ئەپسۇسلانغاندەك ۋە كەڭچىلىك قىلىۋاتقاندەك بىر ھالەتتە كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇراتتى، شۇنداقلا ئۇنىڭ قارشىدىن ئازراق كۆرەڭلىكمۇ چىقىپ تۇراتتى، يەنى تۇنجى قېتىم جەڭگە كىرگەن يېڭى ئەسكەرگە قاراپ: «ھەي، شۇ تاپتا ئۆزۈڭنى قانداقراق سېزىۋاتىسەن؟» دەۋاتقاندەك بىر ئالامەت سېزىلىپ تۇراتتى. لېكىن، شۇ تاپتا راسكولنىكوفنىڭ ئالىدىغاندىكى تىلخەت توغرۇلۇق، ئالىدىغاندىكى قەرزنى تۆلەش

تـوغرۇلۇق ئويـلىغـىلى نەدىكـى چولىسـى ! مۇشۇ تاپـتا بۇ ئىـش ئەندىشە قىلىشقا، ھەتتا دىققەت قىلىشقا ئەرزىيتتـىمۇ ! ئۇ ئـۆرە تۇرۇپ ئـوقۇيتتـى، ئاڭلايتـتى، جاۋاب بېـرەتتى، ھەتـتا ئۆزىـمۇ سوئال سورايتتى. لېـكىن، ئۇ ئـەنە شۇلارنىـڭ ھەممىـسىنى ئـۆز ئىختىيارىدىن تاشقىرى بىر ھالەتتە قىلىۋاتاتتى. ئۆزىنىڭ ئامان قالغانلىقىغا بولغان خـۇشاللىـق، ئەجەللىـك خەۋپـتىن قۇتۇلـۇپ قالغانلىقىغا بولغان سۆيۈنـۈش ئاشۇ قىـسقا دەمدە ئـۇنىڭ پۈتـۈن ۋۇجۇدىنى ئىگىلىـدى، ئەمدى مۆلـچەرلەشلـەرگە، تەھلىـللەرگـە، كەلگۈسى توغرىسىدىكى قىياسلارغا ۋە تەخـمىنلـەرگە، شۇنداقـلا گۇمانـلارغا ۋە سۈرۈشتـۈرۈشلەرگە ئـورۇن قالمىـدى. كۆزنى يۇمـۇپ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتىكى شۇ خۇشلۇق ـــ تولۇق، ساددا، ساپ ھايۋانىي تەبىئىي تۇيغۇ خۇشلۇقى ئىدى. لېكىن، دەل شۇ پەيتتـە ئىشخانىدا چاقـماق تېـزلـىكـىدە بـىر ئـىش يـۈز بـەردى. راسكولنىكوفنىڭ ھۆرمەتسىزلىكىگە قاتتىق تېرىكىپ، ئاچچىقىدا بوغۇلۇپ ئولتۇرغان پورۇچىك يەرگە ئۇرۇلغان ئىززەت ـ ئابرۇيىنى ساقلاپ قالغۇسـى كەلدى بولـغاي، جىمىـكى دەردىنى «پۈزۈر كىيىنگەن» ھېلىقى بىتەلەي خانىمدىن ئالـدى. ئۇ خانىم بۇ ئادەم كىرگەنـدىن تارتىپ ئۇنىڭغا تولـىمۇ ئەخمـىقانە خـۇش تەبەسسۇم بىلەن قاراپ تۇراتتى.

ـــ سەنچۇ، ئار ـ نومۇس دېگەننى بىلمەيدىغان ! ـــ بىردىنـلا ۋارقىرىدى ئۇ ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ. بۇ چاغدا قارىلىق كىيىمى كىيگـەن ئـايال چىقىپ كەتكەنىدى، ـــ تـۈنـۈگـۈن ئـاخشام سىلەرنىڭكىدە نېمە ئـىش بولـدى؟ ھـە؟ يەنە ئـۇيـالماي پـۈتـۈن كوچىنى بېشىغا كىيىشتى. يەنـە ئۇرۇش ـ جېدەل چىقىرىپ، بولۇشچە ئىچىشتى. سېنىڭ تۈرمىگە كىرگۈڭ بارمۇ يا؟ مەن سېنى ئون قېتىم ئاگاھلاندۇرغان. ساڭا ئون بىرىنچى قېتىمدا ھەرگىز كەچۈرمەيمەن، دەپ قويغان. لېكىن، سەن يەنە قىلغۇلۇقۇڭنى قىلدىڭ، ئار ـ نومۇسنى يەنە ئۇنتۇدۇڭ !

راسكولنىكوفنىڭ قولىدىكى ھۆججەت يەرگە چۈشۈپ كەتتى.

ئۇ ھەيران بولۇپ، يولسىز ھاقارەتلەنگەن پۈزۈر كىيىملىك خانىمغا چەكچىيىپ قاراپلا قالدى. كۆپ ئۆتمەي بۇنىڭ زادى نېمە ئىشلىقىنى چۈشەندى ـ دە، دەرھاللا ئەنە شۇ پوتكول ئىشتىنى ئىنتايىن مەمنۇن بولدى، شادلىق ئىچىدە قولاق سالغاچ، ئۇنىڭ ئىچ ـ ئىچىدىن قاقاھلاپ، تازا يايراپ كۈلگۈسى كەلدى... ئۇنىڭ بارلىق نېرۋىسى تاكى ئاخىرقى چەككىچە جانلىنىپ كەتكەندى.

— ئىلىيا پېتروۋىچ ! — ئىش بېجىرگۈچى كۆيۈنگەن ھالدا گەپ باشلىدى ـ يۇ، شۇ ئانلا توختىۋالدى، چۈنكى ئۇ ئۆز تەجرىبىسىدىن قېنى قايناپ تۇرغان بۇ باشلىقنى توختىتىشنىڭ زورمۇزور قولىدىن تۇتۇۋېلىشتىن باشقا ھېچقانداق چارىسى يوقلۇقىنى ئوبدان بىلەتتى.

پۈزۈر كىيىنگەن خانىمغا كەلسەك، باشتا ئۇ تۇيۇقسىز چېقىلغان چاقماقتىن قورقۇپ غال ـ غال تىترەپ كەتتى. لېكىن، شۇنىسى قىزىقكى، تىل ـ ھاقارەت قانچىكى ئەۋجگە چىققانسېرى، ئۇنىڭ چىرايى شۇنچىكى ئېچىلىپ، ئۇ ھېلىقى دەھشەتلىك پوروۋچىكقا تەبەسسۇم بىلەن قارىغىنىچە ئۆز جايىدىلا تېپىرلاپ، كەينى ـ كەينىدىن تىز پۈكۈپ سالام قىلدى ۋە تەقەززالىق بىلەن سۆز قىستۇرغۇدەك پۇرسەت كۈتتى. ئاخىر ئۇنىڭغا پۇرسەت كەلدى.

— جانابىي كاپىتان، بىزنىڭكىدە ھېچكىم جاڭجال قىلمىدى. ھېچكىم ئۇرۇشمىدى، — دېدى ئۇ بىردىنلا خۇددى يەرگە تۆكۈلگەن پۇرچاقتەك ئۇزمەي گەپ قىلىپ، تىلىدا نېمىس تەلەپپۇزى ناھايىتى قويۇق بولسىمۇ، ئۇ رۇسچىنى راۋان سۆزلەيتتى، — مەن ناشايان ـ ئۇيات ئىشمۇ قىلمىدىم. ئۇلار ئۆزى مەست كەلدى. مەن سىزگە راست گەپنى دەۋاتىمەن، جانابىي كاپىتان. بۇ گۇناھلار بىزدە ئەمەس... مېنىڭ ئائىلەم قائىدە ـ يوسۇنلۇق ئائىلە، جانابىي كاپىتان، مېنىڭ پوزىتسىيەممۇ ياخشى ! جانابىي كاپىتان، مەن بۇرۇن ـ بۇرۇندىن ناشايان ـ ئۇيات ئىش قىلىشقا ئۆچ. لېكىن، ئۇلار ئۆزى غەرق

مەست كەلدى. كېيىن يەنە ئۈچ بوتۇلكا ئالدى. كېيىن بىرسى پۈتىنى كۆتۈرۈپ پۈتى بىلەن پىيانىنو چالدى. شۇنداق قائىدە ـ يوسۇنلۇق ئۆيدە، بۇ بەك قامالاشمىدى. ئۇ پىيانىنونى بىراقلا بۇزۇۋەتتى، مەن بۇ بەك قامالاشمىدى، دېدىم. ئۇ قولىغا بوتۇلكا ئېلىپ، ھەممىسىنىڭ دۈمبىسىگە بوتۇلكا بىلەن ئۇردى. شۇ چاغدا مەن دەرۋازىۋەننى چاقىردىم، كارل كەلدى، ئۇ كارلنى تۇتۇپ، كارلنىڭ كۆزىگە ئۇردى. گېنىرېيتىنىڭمۇ كۆزىگە ئۇردى. مېنىڭ يۈزۈمگە بەش شاپىلاق ئۇردى. قائىدە ـ يوسۇنلۇق بىر ئۆيدە شۇنداق يولسىزلىق قىلدى، جانابىي كاپىتان، مەن ۋارقىرىدىم. ئۇ دەرياغا قارىغان دېرىزىنى ئېچىپ، دېرىزە ئالدىدا، چوشقا كۈچۈكىدەك ۋارقىرىدى. بۇ بەك ئۇيات ئىش بولدى. دېرىزە ئالدىدا تۇرۇپ چوشقا كۈچۈكىدەك ۋارقىرىسا، قانداق بولىدۇ ! ۋاي ! ۋاي ! كارل ئۇنىڭ كەينىدىن كېلىپ فىراكىدىن تارتتى. ئۇنى يىرى ئەكەتتى. راست شۇنداق، جانابىي كاپىتان. ئۇنىڭ فىراكى يىرتىلدى. ئۇ ئون بەش رۇبلى تۆلەيسەن دەپ سۈرەن سالدى، جانابىي كاپىتان. مەن ئۇنىڭغا بەش رۇبلى تۆلەم بەردىم، ئۇ قائىدە ـ يوسۇنلۇق مېھمان ئەمەسكەن. جانابىي كاپىتان. ناشايان ـ ئۇيات ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى شۇ قىلدى. ئۇ يەنە: «مەن چوڭ ماقالە ئېلان قىلىپ، سىلەرنى ئەجۇە قىلىمەن. مەن ھەممە گېزىتكە ماقالە يېزىپ سىلەرنى رەسۋا قىلىمەن»[①] دېدى.

— بۇ گەپچە، ئۇ قەلەمكەشلەردىن ئىكەن ـ دە !

— شۇنداق، جانابىي كاپىتان، شۇنداق قائىدە ـ يوسۇنلۇق بىر ئۆيدە قائىدە ـ يوسۇننى شۇنداق بۇزغىنىنى دېمەمسىز...

— بولدى، بولدى، بولدى ! گېپىڭنى توختات ! مەن ساڭا ئېيتقان. نەچچە قېتىم ئېيتقان...

---

① ئەينى ۋاقىتتا پېتېربۇگتا ئەنە شۇنداق كىشىلەرنى تىللاش بىلەن جان باقىدىغان پەسكەش ئەدىبلەر بار ئىدى. ئۇلار كىشىلەرنى گېزىتلەرگە ماقالە يېزىپ تىللايمەن دەپ قىستاپ، ھەممىلا يەردە بىكارغا يەپ ـ ئىچەتتى ياكى پارا ئالاتتى.

— ئىلىيا پېتروۋىچ ! — ئۇنى يەنە بىر قېتىم چاقىردى ئىش بېجىرگۈچى چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ، پورۇچىك ئۇنىڭغا لەپپىدە قارىۋىدى، ئىش بېجىرگۈچى بېشىنى بىلىنەر - بىلىنمەس لىڭشىتىپ قويدى.

— مەن ساڭا ئاخىرقى قېتىم دەپ قوياي، قەدىرلىك لاۋىزا ئىۋانوۋنا. بۇ ئەڭ ئاخىرقى قېتىمقىسى بولۇپ قالسۇن، — دېدى پورۇچىك سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ناۋادا سىزنىڭ ئۇ قائىدە - يوسۇنلۇق ئۆيۈڭىزدە يەنە جېدەل - ماجىرا چىقىدىغان بولسا، يەنە بىر قېتىملا چىقىدىغان بولسا، مەن خۇددى ئالىيجانابلارنىڭ دېگىنىدەك «جاۋابىنى سەندىن ئالىمەن»، ئاڭلىدىڭمۇ؟ بىر ئەدىب، بىر قەلەمكەش، بىر قائىدە - يوسۇنلۇق ئۆيدە ئەسكى فىراكىنىڭ يىرتىلىپ كەتكىنىگە بەش رۇبلى جەرىمانە ئالدىمۇ؟ ھىم، بۇ قەلەمكەشلەرمۇزە ! — ئۇ شۇ گەپنى قىلىۋېتىپ راسكولنىكوفقا مەنسىتمىگەندەك قاراپ قويدى، — ئالدىنقى كۈنى بىر قاۋاقخانىدىمۇ جېدەل بوپتۇ: تاماقنى يەۋېلىپ پۇلىنى بەرمەپتۇ. ئۇ تېخى: «مەن بىر ھەجۋىي ماقالە يېزىپ، سىلەرنى تەسۋىرلەپ چىقىمەن» دەپتۇدەك. ئالدىنقى ھەپتىدە يەنە بىر ئەدىب پاراخوتتا ئىستاتىس مەسلىھەتچىسىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى — خوتۇنى بىلەن قىزىنى ئەڭ پەسكەش تىللار بىلەن تىللاپتۇ. بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدا يەنە بىرىنى قەنت - گېزەك دۇكىنىدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ. ھىم، ئۇ قەلەمكەش، ئەدىب، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى، خەلقنىڭ تىلى دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق ئادەملەر... تۇفى ! سەن، بولدى كېتىۋەر ! ھامان بىر كۈنى ئۆزۈم بېرىپ كۆرىمەن. ئېھتىيات قىل، جۇمۇ ! ئاڭلىدىڭمۇ؟

لۇئىزا ئىۋانوۋنا ھاپىلا - شاپىلا تۆت تەرەپكە تىز پۈكۈپ سالام قىلىپ كەينىگە چېكىنگىنىچە ئىشىكنىڭ ئالدىغا باردى. لېكىن، ئىشىك ئالدىدا سالاپەتلىك بىر ئوفىتسېرغا سوقۇلۇپ كەتتى. چاسا يۈزلۈك، قولاقلىرى يوغان - يوغان، ئوچۇق چىراي، ئاق سېرىق ساقىلىنى ئۆستۈرۈپ چىرايلىقىنا چېكە

ساقال قويۇۋالغان بۇ ئادەم مۇشۇ شۆبە ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى نىكودىم فومىچ ئىدى. لۇئىزا ئىۋانوۋنا ئۇنىڭغا تىز پۈكۈپ سالام بەرمەكچى بولۇپ، ئالدىرىغىنىدىن تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قالغىلى قىل قالدى. ئارقىدىن ئۇششاق چامداپ لىكىلداپ يۈگۈرگەن پېتى ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى.

— يەنە شۇ گۈلدۈر - گۇلدۇر، يەنە شۇ گۈلدۈرماما چاقماق، يەنە شۇ جۇد - بورانمۇ! — دېدى نىكودىم فومىچ ئىلىيا پېتروۋىچقا دوستانە تەلەپپۇز بىلەن، — ئۇلار يەنە سەپرايىڭنى ئۆرلىتىپ، قېنىڭنى قايناتتىمۇ؟ ئاۋازىڭنى پەلەمپەيدىلا ئاڭلىدىم.

— شۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ! — دېدى ئىلىيا پېتروۋىچ ئالىيجانابلارچە ئېرەنسىزلىك بىلەن. ئاندىن بىرنەچچە پارچە ھۆججەتنى ئېلىپ، باشقا بىر ئۈستەلگە ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ ھەربىر قەدەم تاشلىغىنىدا مۈرىسىنى كىبىرلىك بىلەن سىلكىپ قوياتتى. ئۇ قايسى پۇتىنى يۆتكىسە مۈرىسىمۇ تەڭلا شۇ تەرەپكە سىلكىنەتتى، — مانا بۇ كىشىگە قاراڭ، بىر قەلەمكەش. ياق، بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى، يەنى سابىق ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى، بۇ ئادەم قەرزىنى تۆلىمەي، مۇددەتلىك چەك يېزىپ بېرىپتۇ. مۇددىتى توشقاندا يا قەرزىنى قايتۇرماپتۇ، يا كۆچكىلى ئۇنىماپتۇ. قەرز ئىگىسى ئۇنىڭ ئۈستىدىن كەينى - كەينىدىن ئەرز قىلدى. ئۆزى بولسا بۇ يەرگە كېلىپ نارازى بولۇپ، مېنى ئالدىمدا تاماكا چەكتىڭ، دەيدۇ تېخى! پەسكەشلىكنى بولسا ئۆزلىرى قىلىشىدۇ، قاراڭ، ئۇنىڭغا ئوبدانراق قاراڭە، ئۇنىڭ ئادەمنىڭ مەستلىكى كەلگۈدەك تۇرقىغا بىر قاراپ بېقىڭا!

— كەمبەغەللىك ئەيىب ئەمەس، دوستۇم. بۇ ھېچ گەپ ئەمەس، ئۇنىڭ پارتىلاتقۇچ دورىدەك ئادەملىكىنى ھەممىمىز بىلىمىز، سىركىسى سۇ كۆتۈرمەيدۇ. ئۇنىڭ بىرەر ئىشى سىزنى رەنجىتكەچكە، چىدىيالماي قاپسىز - دە، — سۆزىنى داۋام قىلدى نىكودىم فومىچ بۇرىلىپ راسكولنىكوفقا ئىلتىپات بىلەن قاراپ، —

لېكىن سىز بىكارلا ئۇنداق قىلىپسىز. ئۇ ئالىيجاناب ئادەم. لېكىن، بىر پارتىلاتقۇچ دورا، بەئەينى پارتىلاتقۇچ دورا! گۇملا قىلىمدۇ، پارتىلايدۇ. ئىش تامام! قارىسىڭىز ھېچ ئىش يوق! لېكىن، ئۇنىڭ يۈرىكى ئالتۇن! قىسمىدا ئۇنى ھەممە ئادەم «پوروخ پورۇچىك» دېيىشەتتى.

— ئۆزىمىزغۇ قالتىس قىسىم ئىدى - دە! — دېدى ئىلىيا پېترووۋىچ خورسىنىپ، ئاچچىقى تېخى يانمىغان بولسىمۇ، ئۇ مۇنداق ياخشى نىيەتلىك چېقىشىشتىن مەمنۇن بولدى.

مانا شۇ چاغدا بىردىنلا راسكولنىكوفنىڭ بۇ ئادەملەرگە بىرنەچچە ئېغىز ياخشى گەپ قىلىپ قويغۇسى كەلدى.

— مېنى كەچۈرۈڭ، كاپىتان، — دېدى ئۇ ئىتتىك نىكودىم فومىچ تەرەپكە بۇرۇلۇپ تولىمۇ بىپەرۋالىق بىلەن، — سىز مېنىڭ ئەھۋالىمنىمۇ چۈشىنىپ بېقىڭ، ناۋادا بۇ جانابنى رەنجىتىپ قويغان يېرىم بولسا، ئۇنىڭدىن ئەپۇ سوراشقا مانا مەن تەييار. مەن بىر نامرات ۋە كېسەلمەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى. نامراتلىق مېنى مىجىۋەتتى. ھازىر مەن سابىق ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى. چۈنكى، مەن تۇرمۇشۇمنىمۇ قامدىيالماي قالدىم. لېكىن، ماڭا پات ئارىدا پۇل كېلىدۇ... ئانام بىلەن سىڭلىم پالانى ئۆلكىدە تۇرىدۇ... شۇلار ماڭا پۇل ئەۋەتكەن ھامان، مەن... قەرزىمنى تۆلەيمەن. مەن تۇرۇۋاتقان ئۆينىڭ خوجايىنى ئاق كۆڭۈل ئايال، مەن دەرس بېرىشتىن توختاپ قالغاچقا، ئۆينىڭ ئۈچ ئايلىق ئىجارە ھەققىنى تۆلىيەلمىدىم. شۇنىڭغا ئۇنىڭ ئاچچىقى كېلىپ، ھەتتا ماڭا تاماقمۇ بەرمەيدىغان بولۇۋالدى... مەن بۇنىڭ مۇددەتلىك چەك ئىكەنلىكىنى زادىلا ئۇقماپتىمەن! ئۇ مېنى مۇشۇ تىلخەتكە ئاساسەن قەرزىنى تۆلىسۇن دېسە، مەن قانداق تۆلىيەلەيمەن؟ ئۆزۈڭلار ئويلاپ بېقىڭلار...

— بۇنىڭ بىز بىلەن ئالاقىسى يوق... — دەپ قويدى ئىش بېجىرگۈچى.

— شۇنداق، شۇنداق، دېگىنىڭىز ئىنتايىن توغرا، شۇنداقتىمۇ چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈشۈمگە رۇخسەت قىلىڭ... — دېدى راسكولنىكوف ئۇنىڭ سۆزىگە ئۇلاپ، لېكىن ئۇ ئىش بېجىرگۈچىگە ئەمەس، بەلكى نىكودىم فومىچقا قاراپ گەپ قىلدى، شۇنداقلا ئۇ ئىلاجىنىڭ بارىچە ئىلىيا پېتروۋىچقىمۇ گەپ قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنۈشكە تىرىشتى، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى بولسا، گويا ئۇنىڭغا دىققەتمۇ قىلمىغاندەك جاھىللىق بىلەن ھۆججەتلەرنى ئاختۇرغان بولۇپ ئولتۇراتتى، — مېنىڭ چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈشۈمگە رۇخسەت قىلىڭ، مەن ئۆلكىدىن كەلگەندىن بۇيان، شۇنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتىمەن، مانا ئۈچ يىلغا يېقىنلاشتى. باشتا... باشتا... بۇنى سىلەردىن يوشۇرۇپ نېمە قىلاي، باشتا مەن ئۇنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىشكە ماقۇل بولغان. بۇ مۇنداقلا دەپ قويغان قۇرۇق ۋەدە ئىدى... ئۇ تېخى كىچىك قىز ئىدى... ئۇنى ياخشى كۆرمىسەممۇ، ياقتۇراتتىم... قىسقىسى، ياشلىق دەگە، مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، شۇ چاغلاردا مەن ئولتۇرۇۋاتقان ئۆينىڭ غوجايىنى ماڭا مەردلىك بىلەن قەرز پۇل بېرىپ تۇرىدىغان، مەلۇم دەرىجىدە ئاشۇنداقراق تۇرمۇش كەچۈرەتتىم... بەك يەڭگىلتەكلىك قىلىپتىكەنمەن...

— سىزدىن ھېچكىم خۇسۇسىي ئىشلىرىڭىزنى سوراۋاتقىنى يوق، جاناب، ئۇنى سورىغۇدەك ۋاقتىمىزمۇ يوق، — دېدى ئىلىيا پېتروۋىچ قانداقتۇر قوپاللىق ۋە كۆرەڭلىك بىلەن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، راسكولنىكوف بىردىن سۆزلىگۈدەك ماغدۇرىنىڭ قالمايۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇرۇپمۇ، ھاياجان بىلەن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى.

— رۇخسەت قىلىڭ، ئازراق گەپ قىلىۋېلىشىمغا رۇخسەت قىلىڭ... بۇنىڭ نېمە ئىشلىقىنى سۆزلەپ بېرەي... مېنىڭ بۇ جەھەتتىكى گەپلىرىم... ئارتۇقچە گەپلەر. سىلەرنىڭ پىكرىڭلارغا قوشۇلىمەن. لېكىن، بىر يىلنىڭ ئالدىدا، ئۇ قىز كېزىك بولۇپ قېلىپ، ئۆلۈپ كەتتى. مەن يەنىلا ئىلگىرىكىدەك ئۇنىڭ ئۆيىدە

تۇرىۋەردىم. مەن تۇرۇۋاتقان ئۆينىڭ غوجايىنى هازىرقى ئۆيگە كۆچكۈچە، ماڭا گەپ قىلىپ... دوستانە گەپ قىلىپ... مەن سىزگە تامامەن ئىشىنىمەن، شۇنداقتىمۇ مەندىن بىر يۈز ئون بەش رۇبلى قەرز ئالغانلىقىڭىز توغرۇلۇق تىلخەت يېزىپ بېرەرسىزمۇ، ئالغان ھەممە قەرزىڭىز شۇنچىلىك بوپتۇ، دېدى. كەچۈرۈڭ، ئۇ راست شۇنداق دېدى. شۇنداق تىلخەت يېزىپ بەرسىڭىزلا، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ قانچىلىك قەرز سورىسىڭىز شۇنچىلىك بېرىپ تۇرىمەن، تاكى سىز قەرزىڭىزنى تۆلىيەلىگۈدەك بولمىغۇچە، ئۇنى ھەرگىز، ھەرگىز — ئۇ ئۆز ئاغزى بىلەن شۇنداق دېگەن — قىستىمايمەن دېدى... لېكىن... مانا ئەمدى كېلىپ، مەن دەرس بېرىشتىن توختاپ، ھەتتا قورسىقىمنىمۇ باقالمايۋاتقاندا، ئۇ قەرزىنى تۆلىسۇن دەپتۇ... ئەمدى بۇنىڭغا نېمە دەيمەن؟

— مۇنداق تەسىرلىك تەپسىلاتلارنىڭ بىزگە ھېچقانداق ئالاقىسى يوق. ئەپەندى، — دېدى ئىلىيا پېتروۋىچ يەنە قوپاللىق بىلەن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — بىزگە ھۆججەت يېزىپ بېرىشىڭىز ۋە كاپالەت بېرىشىڭىز كېرەك، سىزنىڭ كىملەرنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىڭىز ۋە بېشىڭىزغا قانداق سەۋدالارنىڭ چۈشكەنلىكىگە كەلسەك، ئۇلارنىڭ بىز بىلەن ئالاقىسى يوق.

— سەنمۇزە... ئۇنچىۋالا باغرى قاتتىقلىق قىلما، — دېدى نىكودىم فومىچ ئۈستەلدە غودۇڭشىپ ۋە ھۆججەتلەرگە قول قويۇشقا باشلاپ. ئۇ سەل ئوڭايسىزلانغاندەك قىلىپ قالدى.

— قېنى يېزىڭ، — دېدى ئىش بېجىرگۈچى راسكولنىكوفقا.

— نېمىنى يازىمەن؟ — سورىدى راسكولنىكوف بۆلەكچىلا قوپاللىق بىلەن.

— مېنىڭ دەپ بەرگەنلىرىمنى يازىسىز.

راسكولنىكوف بايىقى گەپلەرنى قىلغاندىن كېيىن ئىش بېجىرگۈچىنىڭ ئۆزىگە تېخىمۇ مەنسىتمىگەندەك، يىرگەنگەندەك مۇئامىلە قىلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدى. شۇنىسى قىزىقكى، ئۇ

بىردىنلا ئۆزىنىڭ ئەمدى ھەرقانداق ئادەمنىڭ پىكرىگە ئېرەنسىز قارايدىغانلىقىنى سېزىپ قالدى. بۇنداق ئۆزگىرىش كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىك ئارىلىقتا يۈز بەردى. ناۋادا ئۇ ئازراقلا ئويلاپ باققان بولسا ئىدى، ئۇ ھالدا بىر مىنۇتنىڭ ئالدىدا نېمىدەپ ئۇلارغا ئۇ ئىشلارنى دەپ بەرگەندىمەن. نېمىشقا قېلىنلىق قىلىپ، ھېسسىيات ئارقىلىق ئۇلارنى تەسىرلەندۈرمەكچى بولغاندىمەن؟ بۇ ھېسسىياتلار نەدىن كەلگەن بولغىيدى؟ دەپ ھەيران بولغان بولاتتى. ئەكسىچە، ناۋادا ھازىر مۇشۇ ئۆيدىكىلەر ساقچىلار ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن دوستلىرى بولۇپ قالغاندىمۇ، ئۇ دوستلىرىغا دېگۈدەك بىرەر ئېغىز ئىللىق گەپ تاپالمىغان بولاتتى. ئۇنىڭ قەلبى بىردىنلا شۇ قەدەر قۇرۇقدىلىپ قالغانىدى ! ئۇ ئۇشتۇمتۇت ئازابلىق ۋە چەكسىز غېرىبلىق بىلەن كىشىلەردىن ئايرىلىپ قېلىشتەك بىر ھالەتنى سەزگىنىدە، ئۇنىڭ قەلبىنى بىردىنلا قاراڭغۇلۇق قاپلىدى. ئۇنىڭ روھىي ھالىتىدىكى مۇنداق تۇيۇقسىز ئۆزگىرىش ئۇنىڭ ئىلىيا پېتروۋىچنىڭ ئالدىدا ئۆز ھېسسىياتىنى ئاشكارىلاپ پەسكويغا چۈشۈپ قالغانلىقىدىن ياكى پورۇچىكنىڭ ئۇنىڭ ئالدىدا كۆرەڭلەپ، ئۇنى يەرگە ئۇرغانلىقىدىن ئەمەس ئىدى. ھەي، شۇ تاپتا ئۇنىڭ پەسكويغا چۈشكەن ـ چۈشمىگەنلىكىنى ئويلىغىلى نەدىكى چولىسى ! قانداقتۇر ھاكاۋۇرلۇق، ئاللىقانداق ئوفىتسېر، نېمىس ئايال، قەرزىنى قىستاش، ساقچى ئىدارىسى ۋەھاكازالارنى ئويلاشقا نەدىكى چولىسى ! ناۋادا ئۇ شۇ تاپتا ئوتتا كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈشكە ھۆكۈم قىلىنغان تەقدىردىمۇ مىت قىلمىغان، ھەتتا ھۆكۈمنىمۇ كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىمىغان بولاتتى. چۈنكى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ قەلبىدە تامامەن يات، يېپيېڭى كۈتۈلمىگەن، شۇنداقلا ئۇ ھېچقاچان بېشىدىن كەچۈرۈپ باقمىغان بىر ئۆزگىرىش يۈز بەرمەكتە ئىدى، يەنى ئۇ ھازىرقىدەك ھېسسىياتقا بېرىلىش بۇياقتا تۇرسۇن، ساقچى ئىدارىسىدىكى بۇ كىشىلەرگە، ئۇلار ھەتتا ئوفىتسېر ئەمەس، بەلكى ئۆز ئاكا ـ ئۇكىلىرى،

ئاچا ـ سىڭىللىرى بولغان تەقدىردىمۇ ئەرز ـ دادىنى ئېيتماسلىقى كېرەكلىكىنى، ئەرز ـ دادىنى ئېيتىشنىڭ زۆرۈرىيىتىمۇ يوقلۇقىنى، ھەتتا پۈتۈن ئۆمرىدە ھەرقانداق ئەھۋالدا مۇنداق قىلىشنىڭ ھاجىتى يوقلۇقىنى چۈشىنىپلا قالماي، بەلكى ناھايىتى ئېنىق سېزىپ تۇراتتى. سەزگەندىمۇ پۈتۈن سەزگۈسى بىلەن سېزىپ تۇراتتى. مۇنداق غەلىتە ۋە دەھشەتلىك سەزگۈ ئۇنىڭدا تاكى شۇ مىنۇتقىچە كۆرۈلۈپ باقمىغانىدى. ئۇنى ھەممىدىن بەكرەك شۇ نەرسە قىينايتتىكى، ئاڭنى ۋە ئەقىلنى بېسىپ چۈشىدىغان بۇ سەزگۈ، بىۋاسىتە، ئۇ پۈتۈن ئۆمرىدە باشتىن كەچۈرگەن سەزگۈلەر ئىچىدىكى ئەڭ ئازابلىق سەزگۈ ئىدى.

ئىش بېجىرگۈچى ئۇنىڭغا مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئادەتتە يېزىلىدىغان ھۆججەتنىڭ: ھازىر تۆلىيەلمەيمەن، پالانى ۋاقىتقىچە (ئېنىق بىر كۈن يېزىلىدۇ) تۆلەپ بولىمەن، شەھەردىن چىقىپ كەتمەيمەن، مال ـ مۈلكۈمنى سېتىۋەتمەيمەن، بىرەرىگە سوۋغا قىلىۋەتمەيمەن دېگەندەك مەزمۇنلىرىنى ئېيتىپ بېرىپ يازدۇرۇشقا باشلىدى.

ـــ ئەجەب يازالمايسىزغۇ، قەلەممۇ قولىڭىزدىن چۈشۈپ كېتىۋاتىدۇ، ـــ دېدى ئىش بېجىرگۈچى راسكولنىكوفقا قىزىقىپ قاراپ، ـــ مىجەزىڭىز يوقمۇ يا؟

ـــ ھەئە... بېشىم قېيىۋاتىدۇ... قېنى ئېيتىۋېرىڭ!

ـــ تۈگىدى، قول قويۇڭ.

ئىش بېجىرگۈچى ھۆججەتنى ئۇنىڭدىن ئېلىپ، باشقىلارنىڭ ئىشىنى بېجىرگىلى كەتتى.

راسكولنىكوف قەلەمنى قايتۇرۇپ بەردى، لېكىن ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتمەي، جەينەكلىرىنى ئۈستەلگە تىرەپ، ئىككى قولى بىلەن بېشىنى چىڭ چاڭگاللىۋالدى. ئۇنىڭغا گويا كىمدۇر بىرسى مېڭىسىگە مىخ قېقىۋەتكەندەكلا تۇيۇلدى. مانا شۇ چاغدا

ئۇنىڭ كاللىسىغا غەلىتە بىر ئوي كېلىپ، شۇنىڭ تۆرتىكىسىدە دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، نىكودىم فومىچنىڭ ئالدىغا بارغۇسى، تۈنۈگۈن يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئۇنىڭغا ئەينەن دەپ بەرگۈسى، ئاندىن ئۇنى ئۆيىگە باشلاپ بېرىپ، بۇلۇڭدىكى كامارغا تىقىپ قويغان نەرسىلەرنى كۆرسەتكۈسى كەلدى. بۇ ئىستەك شۇنچىلىك كۈچلۈك ئىدىكى، ئۇ ھەتتا شۇنداق قىلغىلى ئورنىدىن تۇردى. لېكىن، شۇ چاغدا ئۇنىڭ كاللىسىغا يەنە بىر خىيال كەلدى: «يەنە بىردەم ئويلىنىۋالايمىكىن يا؟ ياق، ياخشىسى يەنە ئويلىنىپ ئولتۇرماي، بۇ يۈكتىن قۇتۇلاي.» ئەمما، ئۇ بىردىنلا داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. نىكودىم فومىچ ئىليا پېتروۋىچ بىلەن نېمىنىدۇر قىزغىن مۇھاكىمە قىلىۋاتاتتى، راسكولنىكوف ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى بىمالال ئاڭلىدى:

— بۇ مۇمكىن ئەمەس، ھەر ئىككىلىسىنى قويۇپ بېرىش كېرەك. بىرىنچىدىن، ھەممىسى بىر - بىرسىگە زىت، ئۆزىڭىز ئويلاپ بېقىڭ: ئەگەر ئۇ ئىشنى شۇلار قىلغان بولسا، ئۇلار نېمىدەپ دەرۋازىۋەننى چاقىرىپ كېلىدۇ؟ ئۆزىنى ئۆزى تۇتۇپ بەرگىلىمۇ؟ ياكى بۇ ئۇستاتلىق قىلغىنىمۇ؟ ياق، ئۇنداق ئەمەس، ئەگەر شۇنداق دېيىلسە، بۇ بەكلا چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولىدۇ. ئاندىن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى پېستىر ياكوۋ كىرىپ كېتىۋاتقان چاغدا، ئۇنى دەرۋازا ئالدىدا تۇرغان ئىككى دەرۋازىۋەن بىلەن بىر سودىگەر ئايال كۆرگەن. ئۇ دەرۋازا ئالدىغىچە ئۈچ دوستى بىلەن بىللە كېلىپ، دوستلىرىنىڭ ئالدىدىلا دەرۋازىۋەندىن موماينىڭ ئۆيىنى سورىۋېلىپ، ئاندىن دوستلىرى بىلەن خوشلاشقان. ئەگەر ئۇ شۇنداق مەقسەت بىلەن كەلگەن بولسا، موماينىڭ ئۆيىنى سورارمىدى؟ ئەمدى كوخقا كەلسەك، ئۇ موماينى ئىزدەپ بىناغا چىقىشتىن ئىلگىرى پەستىكى زەرگەرنىڭ ئۆيىدە يېرىم سائەت ئولتۇرغان. سائەت يەتتىدىن قىرىق بەش مىنۇت ئۆتكەندە، ئاندىن زەرگەرنىڭكىدىن

چىققان. مانا ئەمدى ئۆزىڭىز ئويلاپ بېقىڭ...

— لېكىن، كەچۈرۈڭ، ئەمىسە ئۇلارنىڭ گېپى نېمە ئۈچۈن بىر - بىرىگە زىت؟ ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، ئۇلار ئىشىكنى چەككەن چاغدا، ئىشىك ئىچىدىن ئىلىكلىك ئىكەن، لېكىن ئۈچ مىنۇتتىن كېيىن ئۇلار دەرۋازىۋەننى باشلاپ يۇقىرىغا چىققاندا بولسا، ئىشىك ئوچۇق تۇرۇپتۇ، بۇ زادى قانداق گەپ؟

— ھەممە گەپ مانا شۇ يەردە: شۇ چاغدا قاتىل چوقۇم ئۆيدە، ئۇ ئىشىكنى ئىچىدىن ئىلىۋالغان. ئەگەر كوخ ئەخمەقلىق قىلىپ، دەرۋازىۋەننى چاقىرغىلى پەسكە چۈشۈپ كەتمىگەن بولسا، ئۇنى ئۇلار نەق مەيداندىلا تۇتۇۋالغان بولاتتى. ئۇ ئەنە شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، پەسكە چۈشۈپ كەتكەن. بىر ئاماللار بىلەن ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتكەن. كوخ قەسەم قىلىپ: «ئەگەر مەن شۇ يەردە قالغان بولسام، ئۇ چوقۇم سەكرەپ چىقىپ، مېنى پالتا بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولاتتى» دېدى. ئۇ تېخى ئىلتىپاتقا جاۋابەن دۇئا - تىلاۋەت قىلماقچى، ھى - ھى - ھى...

— ئەمىسە قاتىلنى ھېچكىم كۆرمىگەنمىدۇ؟

— قانداق كۆرەلەيدۇ؟ ئۇ بىنا بەئەينى نۇھنىڭ كېمىسى[1]گە ئوخشايدىغان تۇرسا، — سۆز قىستۇردى ئىش بېجىرگۈچى ئۆز ئورنىدا گەپكە قۇلاق سېلىپ ئولتۇرۇپ.

— ناھايىتى ئېنىق، ناھايىتى ئېنىق، — دېدى نىكودىم فومىچ قىزغىنلىق بىلەن.

— ياق، بۇ ئىش زادىلا ئېنىق ئەمەس، — دېدى ئىلىيا پېتروۋىچ.

راسكولنىكوف شلەپىسىنى قولىغا ئېلىپ، ئىشىككە قاراپ

[1] «ئىنجىل»دا دېيىلىشىچە، توپان سۈيى كەلگەندە نۇھ ئەلەيھىسسالام ئادەم بىلەن ھايۋانلارنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن، ئۇلارنى جۈپ - جۈپى بىلەن كېمىسىگە سېلىۋالغانىمىش. بۇ يەردە ئولتۇرۇشلۇق ئائىلىلەرنىڭ بەك كۆپلۈكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ماڭدى. لېكىن، ئۇ ئىشىك ئالدىغىچە يېتىپ بارالمىدى...

ئۇ ھوشىغا كەلگەن چاغدا، ئۆزىنىڭ بىر ئورۇندۇقتا ئولتۇرغانلىقىنى، بىر ئادەمنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن يۆلەپ تۇرغانلىقىنى، يەنە بىر ئادەمنىڭ ساپسېرىق سۇ① قۇيۇلغان سارغۇچ ئىستاكاننى تۇتۇپ ئۆرە تۇرغانلىقىنى كۆردى. نىكودىم فومىچ بولسا ئۇدۇلىدا، ئۆزىگە دىققەت بىلەن قاراپ تۇرۇپتۇ. راسكولنىكوف ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— نېمە بولدىڭىز، ئاغرىپ قالغانمىدىڭىز؟ — خېلى قاتتىق تەلەپپۇز بىلەن سورىدى نىكودىم فومىچ.

— ئۇ ئىمزا قويۇۋاتقان چاغدىلا، قەلەمنى تۇتقۇدەكمۇ ماغدۇرى قالماپتىكەن، — دېدى ئىش بېجىرگۈچى. ئۇ ئۆز ئورنىدا ئولتۇرۇپ، يەنە شۇ قەغەزلەر بىلەن ھەپىلىشىۋاتاتتى.

— ئاغرىپ قالغىنىڭىزغا خېلى ۋاقىت بولغانمۇ؟ — سورىدى ئىليا پېتروۋىچ ئورنىدىلا ئولتۇرۇپ ۋارقىراپ، ئۇمۇ ھۆججەتلەرنى ئاختۇرۇپ ئولتۇراتتى. كېسەل ھوشىدىن كەتكەندە، ئۇمۇ كېلىپ قاراپ باققان. لېكىن، كېسەل كۆزىنى ئېچىشى بىلەن تەڭ ئورنىغا بېرىپ ئولتۇرۇۋالغانىدى.

— تۈنۈگۈندىن تارتىپ... — پىچىرلاپ جاۋاب بەردى راسكولنىكوف.

— تۈنۈگۈن سىرتقا چىققانمىدىڭىز؟

— چىققان.

— ئاغرىق تۇرۇپ؟

— ھەئە، ئاغرىق تۇرۇپ.

— سائەت نەچچىلەردە؟

— كەچ سائەت يەتتىدىن ئاشقاندا.

— دەپ بېرىڭچۇ، نەلەرگە باردىڭىز؟

— كوچا ئايلاندىم.

— قىسقا ۋە ئېنىق جاۋاب.

① ئۇ چاغلاردا پېتېربۇرگتا تېخى تۇرۇبا سۇيى بولمىغاچقا، ئاھالىلەر دەريا سۇيى بىلەن قۇدۇق سۇيىنى ئىچىشەتتى. سۇنىڭ سۈپىتى بەكلا ناچار بولغاچقا، سۇ سېرىق كۆرۈنەتتى.

راسكولنىكوف سوئاللارغا ئاددىي، قىسقا جاۋاب بەردى. ئۇنىڭ چىرايى بەئەينى خەسسەدەك ئاقىرىپ كەتكەنىدى. لېكىن، ئۇ قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى ئىلىيا پېترووۋىچنىڭ مىختەك قادىلىپ قاراپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ئۈزمىدى.
— ئۇ ئاران ـ ئاران ئۆرە تۇرۇۋاتسا، سەن... — دېدى نىكودىم فومىچ.
— ھېچ ـ قى ـ سى ـ يوق، — دېدى ئىلىيا پېترووۋىچ غەلىتە تەلەپپۇز بىلەن. نىكودىم فومىچ نېمىلەرنىدۇر دېمەكچىدى. لېكىن، ئۇ ئۆزىگە دىققەت بىلەن تىكىلىپ تۇرغان ئىش بېجىرگۈچىگە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويدى ـ دە، گەپ قىلمىدى. ھەممەيلەن بىردىنلا جىم بولۇپ قالدى. قىزىق.
— بوپتۇ، ئەمىسە، — دېدى ئاخىر ئىلىيا پېترووۋىچ، — بىز سىزنىڭ ۋاقتىڭىزنى ئالمايلى.
راسكولنىكوف چىقىپ كەتتى. ئۇ چىقىپ كېتىشىگە ئۇلارنىڭ بىردىنلا قىزغىن بەس ـ مۇنازىرىگە چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە نىكودىم فومىچنىڭ سوئال سورىغان ئاۋازى ھەممىدىن قاتتىقراق چىقاتتى... كوچىغا چىققاندا، راسكولنىكوف پۈتۈنلەي ھوشىغا كەلدى.
«ئاختۇرىدۇ، ئاختۇرىدۇ، ھازىرلا كېلىپ ئاختۇرىدۇ! — يېنىش ـ يېنىش ئويلىدى ئۇ ئۆيىگە يېتىۋالغىلى ئالدىراپ، — قاراقچىلار! ئۇلار گۇمانلىنىپ قېلىشتى!» بايىقى قورقۇنچ يەنە ئۇنى بېشىدىن تا تاپىنىغىچە ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالدى.

## 2

«ناۋادا ئۇلار ئاللىبۇرۇن ئاختۇرۇپ بولغان بولسا، قانداق قىلىمەن؟ ناۋادا قايتىپ بېرىپ، ئۇلارغا ئۇچراپ قالسام قانداق قىلىمەن؟»
لېكىن، مانا، ئۇنىڭ ئۆيى، ھېچ ئىش بولماپتۇ، ھېچكىممۇ يوق؛ ھېچكىم كىرمەپتۇ. ئۆيدىكى نەرسىلەرگە ھەتتا

ناستاسىيەمۇ چىقىلماپتۇ. لېكىن، يا رەببىم! بايا ئۇ ھېلىقى نەرسىلەرنى ئاشۇ كامىردا قالدۇرۇپ كېتىشكە قانداقمۇ پېتىنغاندۇ؟

ئۇ ئالمان ـ تالمان تامنىڭ بۇلۇڭىغا بېرىپ، قولىنى تام قەغىزىنىڭ ئاستىغا تىقتى ـ دە، نەرسىلەرنى ئېلىپ يانچۇقىغا سالدى. ھەممىسى بولۇپ سەككىز پارچە نەرسە ئىكەن. كىچىككىنە ئىككى قۇتا، ئۇلارغا ھالقا ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسە سېلىنغان بولسا كېرەك، ئۇ بۇلارغا سەپسېلىپ قاراپ ئولتۇرمىدى؛ يەنە تۆتى ئۆچكە تېرىسىدىن تىكىلگەن كىچىكرەك قاپچۇق ئىدى. بىر ئالتۇن زەنجىر گېزىتكە ئاددىيلا ئوراپ قويۇلغانىدى. گېزىتكە ئورالغان يەنە بىر نەرسە ئوردېنىدەك قىلاتتى.

ئۇ يانچۇقىنىڭ پومپىيىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، بۇ نەرسىلەرنى پەلتوسىنىڭ بىرنەچچە يانچۇقىغا بۆلۈپ سالدى. قالغىنىنى شىمىنىڭ ئوڭ تەرەپ يانچۇقىغا سالدى. ئۇ ھەميانىنىمۇ نەرسىلەر بىلەن بىللە ئېلىۋالدى. ئاندىن ئىشىكنى داغدام ئوچۇق قويۇپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

ئۇ ناھايىتى ئىتتىك ۋە دادىل قەدەم تاشلاپ ماڭدى. گەرچە ئۇ ئۆزىنىڭ پۈتۈنلەي ھالىدىن كەتكەنلىكىنى سېزىپ تۇرسىمۇ، ھوشى يەنىلا جايىدا ئىدى. ئۇ بىرەرسىنىڭ تۇتقىلى كېلىپ قېلىشىدىن، يەنە يېرىم سائەت ياكى ئون بەش مىنۇتتىن كېيىن ئۆزىنى نازارەت قىلىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. شۇڭلاشقا، ئۇ شۇنىڭدىن ئىلگىرى جىنايەت پاكىتلىرىنى قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن يوقىتىۋېتىشى كېرەك ئىدى. ئازراق بولسىمۇ كۈچ ـ قۇۋۋىتىنىڭ بارىدا، ئاز ـ تولا ھۆكۈم قىلالىغۇدەك چېغىدا، شۇ ئىشنى پۈتتۈرۈۋېلىشى كېرەك... نەگە بېرىش كېرەك؟

بۇنى ئۇ ئاللىبۇرۇنلا قارار قىلىپ بولغانىدى: «ھەممىسىنى دەرياغا تاشلاپ، ھېچقانداق ئىزىنى قالدۇرمايمەن. شۇنىڭ بىلەن

ئىش تامام.» تۇنۇگۇن ئاخشام ئۇ قىزىپ ئىسىنى بىر بىلىپ بىر بىلمەي يېتىپ، شۇ ئىشنى يادىغا ئالغان، بىرنەچچە مىنۇت ئىچىدە مۇشۇنداق قارارغا كەلگەنىدى. شۇ چاغدا ئۇ ئورنىدىن تۇرۇشقا بىرنەچچە قېتىم ئۇرۇنۇپمۇ باققان: «تېز بولاي، تېز بولاي، ھەممىسىنى تاشلىۋېتەي.» لېكىن، تاشلىۋېتىشمۇ ئىنتايىن تەس ئىكەن.

ئۇ يېكاتېرىنا قانىلىنىڭ قىرغىقىنى بويلاپ يېرىم سائەتكىچە، بەلكىم ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇنراق ئايلىنىپ يۈرگەندۇ. قانالنىڭ ئۆزىگە ئۇچرىغان بىرنەچچە پەلەمپىينى نەچچە قېتىملاپ كۆزىتىپ باقتى. لېكىن، پىلاننى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئىمكانىيىتىنى زادىلا تاپالمىدى: بىر بولسا، قانالغا چۈشۈش ئۈچۈن ياسالغان پەلەمپەيدە ساللار توختىتىپ قويۇلغان، ساللاردا بولسا خوتۇنلار كىر يۇيۇۋاتقان بولاتتى. بىر بولسا بىرنەچچە قولۋاق باغلاپ قويۇلغان بولاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەممىلا يەردە ئادەملەر ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىپ يۈرۈشەتتى، يەنە كېلىپ قىرغاقتىكى، ئەتراپتىكى ئادەملەر ئۇنى كۆرۈپ تۇراتتى، ئۇنىڭغا دىققەت قىلىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. ناۋادا بىرەر ئادەم ئالايىتەن پەلەمپەي بىلەن پەسكە چۈشۈپ، شۇ يەردىن سۇغا بىر نېمىلەرنى تاشلىسا، بۇ ئەلۋەتتە ئادەملەردە گۇمان تۇغدۇرۇپ قوياتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەميانلار سۇغا چۆكمەي، لەيلەپ تۇرۇۋالسا، قانداق قىلغۇلۇق؟ ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ، ئۇنى ھەرقانداق بىر ئادەم كۆرەلەيدۇ. يەنە كېلىپ خۇددى ئۇ خەقلەرنىڭ دىققەت قىلىشىغا خۇشتاردەك، ئۇچرىغانلىكى ئادەم ئۇنىڭغا قارىماي، زەن سالماي ئۆتمەيدۇ. «نېمىشقا شۇنداق قىلىشىدىغاندۇ ياكى ماڭا شۇنداق تۇيۇلۇۋاتامدىغاندۇ؟» ئويلىدى ئۇ.

ئاخىر ئۇنىڭ كاللىسىغا «نېۋا دەرياسىغا بارغىنىم ياخشىراقمىدۇ يا، — دېگەن ئوي كەلدى، — ئۇ يەردە ئادەم ئازراق، ئانچە بەك بىلىنىپ كەتمەيدۇ، ھەرھالدا ئاسانراق، ئەڭ

مۇھىمى بۇ يەرلەردىن يىراقراق.» ئۇ بىردىنلا ئۆزىگە ھەيران بولدى. ئۇ مۇشۇنداق خەتەرلىك جايدا، تويتوغرا يېرىم سائەتكىچە يۈتى كۆيگەن تـوخۇدەك تىپىرلاپ يۈردى. شۇنداق تۇرۇقلۇق بۇ پىكىرنى نېمىشقىمۇ بالدۇرراق خىيالىغا كەلتۈرمىگەندۇ ! مانا ئۇ ئۇيقۇغا تېلىقىپ ۋە ئېسىنى بىر بىلىپ بىر بىلمەي ياتقان چېغىدا قارامىلىق بىلەن قىلغان قارارىنى دەپ، يېرىم سائەت ۋاقتىنى بىكار ئۆتكۈزۈۋەتتى ! ئۇ ئىنتايىن پەرىشان ۋە ئۇنتۇغاق بولۇپ كېتىۋاتاتتى. بۇنى ئۇ ئۆزىمۇ بىلەتتى. ۋاقىتنى قەتئىي چىڭ تۇتۇش كېرەك !

ئۇ B كوچىسى بىلەن نېۋا دەرياسىغا قاراپ ماڭدى. لېكىن، يول ئۈستىدە ئۇنىڭ كاللىسىغا يەنە بىر پىكىر كەلدى: «نېۋا دەرياسىغا بېرىپ نېمە قىلىمەن؟ سۇغا تاشلاپ نېمە قىلىمەن؟ ئۇنىڭدىن كۆرە يىراق بىر يەرگە بېرىپ ياكى شۇ ئاراللارنىڭ بىرسىگە بېرىپ، خالىي بىر جاينى تاپسام، نەرسىلەرنى ئورمانغا، پاكارراق بىرەر دەرەخنىڭ تېگىگە كۆمسەم، ئاندىن شۇ دەرەخنى يادىمدا تۇتۇۋالسام، بۇ تېخىمۇ ياخشى ئەمەسمۇ؟» شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە ئېنىق ۋە ئەقىلگە مۇۋاپىق ھۆكۈم چىقىرالمايدىغانلىقىنى سېزىپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭغا مۇشۇ قارارى توغرىدەك تۇيۇلدى.

لېكىن، ئۇنىڭ ئاراللارغا بېرىشىنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمىدى. چۈنكى، يەنە بىر ئىش يۈز بەردى: B كوچىسى بىلەن مېڭىپ مەيدانغا چىقىپلا، سول تەرەپتىكى ئەتراپى ئېگىز تام بىلەن قورشالغان ھويلىنىڭ ئىشىكىنى كۆرۈپ قالدى. دەرۋازىدىن كىرگەندىن كېيىنلا ئوڭ تەرەپتە تۆت قەۋەتلىك قوشنا بىنانىڭ ئاقلانمىغان ئارقا تېمى ھويلا ئىچىدە خېلى ئىچكىرىگىچە سوزۇلۇپ كەتكەنىدى. سول تەرەپتە بولسا، قوشنا بىنانىڭ ئىشىك ـ دېرىزىسىز ئارقا تېمىغا پاراللېل سېلىنغان ياغاچ قاشا بولۇپ، ئۇمۇ دەرۋازا تۈۋىدىنلا باشلىنىپ، ھويلا ئىچىگە يىگىرمە قەدەمچە ئىچكىرىلەپ كىرەتتى ـ دە، ئاندىن بىردىنلا سول تەرەپكە بۇرۇلۇپ كېتەتتى. تاشقى دۇنيادىن ئايرىۋېتىلگەن بۇ

چەت جايدا، ئاللىقاندىقتۇر بىرنىمىلەر تاشلىنىپ ياتاتتى. ھويلىنىڭ ئىچكىرىسىدە، ياغاچ قاشانىڭ كەينىدىن قۇرۇم بېسىپ كەتكەن پاكارغىنا خىش ئۆينىڭ بىر بۇرجىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. قارىغاندا ئۇ قانداقتۇر بىر ئۆستىخانىنىڭ بىر قىسمىدەك قىلاتتى. بۇ يەر راستىلا ھارۋا ياسىلىدىغان ياكى رېمونت قىلىنىدىغان، ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش بىرەر ئىش قىلىنىدىغان ئۆستىخانا بولسا كېرەك؛ دەرۋازا ئالدىدىن تارتىپ ھەممىلا يەرنى قاپقارا كۆمۈر قۇرۇمى بېسىپ كەتكەنىدى. «ئەڭ ياخشىسى مۇشۇ يەرگىلا تاشلاي، تاشلىۋېتىپلا كېتەي!» ئۇ بىردىنلا شۇ قارارغا كەلدى. ئۇ ھويلىدا بىرمۇ ئادەمنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ، دەرۋازىدىن كىردى. ئىچكىرى كىرىپلا، دەرۋازىغا يېقىنلا جايدا، قاشا تامغا تاقاپ قويۇلغان نونى (نۇرغۇنلىغان ئىشچىلارنىڭ، كىراكەشلەرنىڭ، ھارۋىكەشلەرنىڭ ئۆيلىرىدە دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغان نو) كۆرۈپ قالدى. نونىڭ ئۈستىگە، قاشاغا كىمدۇر بىرسى بور بىلەن مۇشۇنداق ئەھۋالدا دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغان ھەزىللەردىن بىرىنى يېزىپ قويغانىدى: «مەزكۇر جايدا ئۆرە تۇرۇش قەتئىي چەكلىنىدۇ»①. مانا بۇ تازا بەلەن بولدى، دېمەك ئۇ ئىچكىرىگە كىرىپ، بىردەم ھايال بولۇپ قالسىمۇ، ھېچكىمدە ھېچقانداق گۇمان تۇغۇلمايدۇ دېگەن گەپ. «مەشەدىن بىر جايىنى تېپىپ، ھەممە نېمىنى تاشلىۋېتەي، تاشلىۋېتىپلا كېتەي!»

ئۇ ئەتراپىغا يەنە بىر قارىۋېتىپ، بىر قولىنى يانچۇقىغا سېلىشىغا، تاشقىرىقى تامنىڭ تۈۋىدە، دەرۋازا بىلەن نونىڭ ئارىلىقىدىكى بار – يوق بىر ئارشىن② كەلگۈدەك جايدا ياتقان يوغان تاشنى كۆرۈپ قالدى، تېخى قول تېگىپ باقمىغان بۇ تاشنىڭ ئېغىرلىقى بىر يېرىم پۇت③ كېلىدىغاندەك قىلاتتى. تاش كوچىغا قارايدىغان تامغا بەكلا يېقىن يەردە ياتاتتى. تامنىڭ

① كىچىك تەرەت قىلىش قەتئىي مەنئى قىلىنىدۇ، دېمەكچى.
② ئارشىن — ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى، بىر ئارشىن 0.17 مېتىرغا تەڭ.
③ پۇت — ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكى، بىر پۇت 16.38 كىلوگىرامغا تەڭ.

نېرىقى تەرىپى چوڭ كوچا ئىدى. كوچىدىن ئالدىراپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئادەملەرنىڭ ئاياغ تىۋىشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بۇ يەردە ئۆتكۈنچىلەر بۇرۇندىنلا جىق ئىدى. لېكىن، دەرۋازىنىڭ سىرتىدىن ئۇنى ھېچكىم كۆرەلمەيتتى. پەقەت دەرۋازىدىن بىرەرى كىرىپ قالمىسىلا بولاتتى. ئەمما، بۇ ئېھتىمالغا بەكلا يېقىن ئىش، شۇڭا تېزرەك ھەرىكەت قىلىشقا توغرا كېلەتتى.

ئۇ ئېڭىشىپ، تاشنى قوش قوللاپ چىڭ تۇتتى ــ دە، پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ تاشنى ئاغدۇردى. تاشنىڭ تېگىدىن كىچىكرەك ئورەك ئېچىلدى: ئۇ ئالمان ــ تالمان يانچۇقلىرىدىكى نەرسىلەرنى ئېلىپ، ھەممىسىنى ئورەككە تاشلىدى. قاپچۇق ھەممىسىنىڭ ئۈستىگە چۈشتى، شۇنداقتىمۇ ئورەكتىن ئازراقىنا يەر ئېشىپ قالدى. ئاندىن ئۇ يەنە تاشنى تۇتتى ــ دە، بىر ئايلاندۇرۇپ بۇرۇنقى ھالىتىگە كەلتۈردى. تاش ئىلگىرىكى ئىزىغا شىپپىدە چۈشتى. پەقەت ئازراقلا كۆتۈرۈلۈپ قالدى. ئۇ ئازراق توپا يۆلەپ، ئەتراپىنى دەسسەپ چىڭدىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ھېچنېمىنى سەزگىلى بولمىغۇدەك ھالەتكە كەلدى.

مانا شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ دەرۋازىدىن چىقىپ، مەيدان تەرەپكە قاراپ ماڭدى. بىرپەستىلا ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى بايا ساقچى ئىدارىسىدىكى ۋاقتىدىكىدەك كۈچلۈك، ھەتتا چىدىغۇسىز خۇشاللىق چۇلغىدى. «ئىزىنى يوقاتتىم! ئەمدى ئۇ تاشنىڭ تېگىگە قاراش كىمنىڭمۇ خىيالىغا كېلەتتى؟ ئۇ تاش مۇشۇ ئۆي سېلىنغان كۈندىن تارتىپ شۇ يەردە ياتقان بولسا كېرەك، ئۇ يەنە قانچە ــ قانچە يىللارغىچە شۇ پېتى ياتىۋېرىدۇ. ئۇنى بىرەرى تېپىۋالغان تەقدىردىمۇ، كىم مېنى خىيالىغا كەلتۈرەلەيدۇ؟ ھەممىسى تۈگىدى! جىنايەت پاكىتى يوقالدى!» ئۇ كۈلۈپ كەتتى. راست، بۇ كۈلكە كېيىنمۇ ئۇنىڭ ئېسىدە قېلىپ قالدى، شۇ چاغدا ئۇ ئەسەبىيلەرچە، بوش ــ ئاۋازسىز، ئۇزاقتىن ــ ئۇزاق كۈلدى. يەنە كېلىپ توختىماي كۈلدى، تاكى مەيداننى كېسىپ ئۆتكۈچە كۈلدى. لېكىن، ئۇ دەرەخلىك K كوچىسىدىكى

ئالـدىنقى كـۆنى ھېلـىقى قـىـزنى ئۇچـراتقان جايغـا كەلگـەنـدە كۆلكىسىنى بىردىنلا توختاتتى. ئۇنىڭ كاللىسىغا باشقا خىياللار كىرىۋالدى. بىردىنلا ئۇنىڭغا ھېلـىقى قىز كـەتكەندىـن كېيىـن ئۆزى ئولتۇرۇپ چوڭقۇر خىيال سۈرگەن ئورۇندۇقنىڭ يېنىدىـن ئۆتۈش تولـىمۇ قـىيـىن تۇيـۇلدى؛ ناۋادا ئۇ شـۇ تاپتـا يـىگـىرمـە كوپېيىك پۇلىنى ئەكەتكەن ھېلىقى ساقاللىق ساقچى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان بولسا، بۇمۇ ئۇنىڭغا ئىنتايىن ئېغىر كەلگەن بولاتتى: «قۇرۇپ كەتسۇن، ئۇ بىرنېمە !»

ئۇ ئەتراپىغا پەرىشانلىق ۋە قەھر ـ غەزەپ بىلەن كۆز سېلىپ كېتىۋاتاتتى. شـۇ تـاپتـا ئۇنـىڭ پۈتـۈن ئـوي ـ خـىيـالـى ئاللىقانداقتۇر مۇھىم بىر نۇقتىغا يىغىلماقتا ئىدى، ئۇنىڭچە بۇ ھەقىقەتەن ئىنتايىن مۇھىم نۇقتا ئىدى. شۇ تاپتا، نەق شۇ تاپتا، ئۇ ئەنە شۇ مۇھىم نۇقتىغا يالغۇز ئۆزى دۈچ كەلمەكتە ئىدى — ئىككى ئايدىن بۇيان مۇنداق ھالەتنىڭ تېخى بىرىنچى قېتىم يۈز بېرىشى ئىدى.

«ھەممىسى قۇرۇپ كەتسۇن ! — ئويلىدى ئۇ بىردىنلا زەردىسى قايناپ، — باشلانغان بولسا باشلىنىۋەرسۇن. مېنى دېسە ئاشۇنىڭ بىلەن يېڭى ھايات دېگەنلىرىمۇ قۇرۇپ كەتسۇن ! يا رەببىم، بۇ نېمىدېگەن ئەخمەقلىق !... بۈگۈن مەن قانچىلىك يالغان ئېيتتىم. قانچىلىك شەرمەندە ئىشلارنى قىلدىم ـ ھە ! بايا ئىلىيا پېترووۋىچتەك بىر رەسۋانىڭ ئالدىدا قىلغان پەسكەشلىكلىرىم، ئۇنى ماختىغانلىرىمچۇ تېخى! لېكىن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى جۆيلۈش ! مەن ئۇلارنىڭ ھېچبىرىنى نەزىرىمگە ئىلمايمەن. ئۆزۈمنىڭ ئۇلارنى ئۇچۇرغانلىرىمنى تېخىمۇ نەزىرىمگە ئىلمايمەن ! مەن پۈتۈنلەي خاتا قىلدىم ! پۈتۈنلەي خاتا قىلدىم...»

ئۇ ئۇشتۇمتۇت توختاپ قالدى: يېڭى، پۈتۈنلەي كۈتۈلمىگەن ۋە تولىمۇ ئاددىي بىر سوئال ئۇنى گاڭگىرىتىپ قويدى، ئېچىندۇردى ۋە ھاڭ ـ تاڭ قالدۇردى:

«ئەگەر بۇ ئىشنى باشتىن ـ ئاخىر قانداقتۇر بىر تەلۋىلىك بىلەن ئەمەس، بەلكى مەلۇم مەقسەت بىلەن قىلغان بولساڭ، ئەگەر سەندە ھەقىقەتەن ئېنىق ۋە قەتئىي مەقسەت بولسا، ئۇ ھالدا، نېمە ئۈچۈن تاھازىرغىچە ھېلىقى ھەميانغا قاراپمۇ باقمىدىڭ. نېمىلەرگە ئېرىشكەنلىكىڭنى نېمىشقا بىلمەيسەن. نېمە ئۈچۈن شۇنچىۋالا جاپا تارتقانلىقىڭنى، شۇنداق شەرمەندە، پەسكەش، قەبىھ ئىشنى مەقسەتلىك قىلغانلىقىڭنى نېمىشقا بىلمەيسەن؟ سەن تېخى ھېلىلا ئۇنى ــ ھېلىقى ھەميانىنى تېخى كۆرۈپمۇ باقمىغان نەرسىلەر بىلەن قوشۇپ، سۇغا تاشلىۋەتمەكچى بولۇۋىدىڭغۇ؟... بۇ زادى نېمە ئىش؟»

راست شۇنداق بولغان. تامامەن شۇنداق بولغان. ئەسلىي ئۇ شۇنداق بولىدىغانلىقىنى بۇرۇنلا بىلەتتى، ئۇنىڭغا نىسبەتەن بۇ يېڭىلىقمۇ ئەمەس ئىدى؛ ئۇ يېرىم كېچىدە سۇغا تاشلىۋېتىش قارارىغا كەلگەن چاغدىلا، قىلچە ئىككىلەنمەي، ئارىسالدىمۇ بولماي، خۇددى شۇنداق بولۇشى كېرەكتەك، ئۇنىڭدىن باشقا چارە يوقتەك مانا شۇ قارارغا كەلگەن... راست، ئۇ شۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىلەتتى، ھەممىسى ئۇنىڭ ئېسىدە ئىدى. تۈنۈگۈن، ئۇ ساندۇقنى ئاختۇرۇپ، قاپچۇقلارنى ساندۇقتىن ئېلىۋاتقان چېغىدىلا شۇنداق قارارغا كېلەيلا دەپ قالغانىدى... راست شۇنداق بولغان !...

«بەك قاتتىق ئاغرىپ قالغانلىقىمدىن شۇنداق بولۇۋاتىدۇ، ــ دەپ خۇلاسىلىدى ئۇ ئاخىر تەرىنى تۇرۇپ، ــ ئۆزۈمنى ئۆزۈم قىيناپ قويدۇم، ئۆزۈمگە ئۆزۈم جاپا تېپىۋالدىم. نېمىلەرنى قىلىۋاتقانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن... تۈنۈگۈن، ئالدىنقى كۈنى، ساق ئۈچ كۈن، ئۆزۈمنى بەكلا قىينىۋەتتىم... كېسىلىم ساقايغاندا... ئىككىنچى ئۆزۈمنى قىينىمايمەن... ناۋادا كېسىلىم ساقايمىسا قانداقمۇ قىلارمەن؟ يا رەببىم ! بۇ ئىشلار جېنىمدىن جاق تويغۇزدى ـ دە !...» ئۇ توختىماي مېڭىۋەردى. ئۇنىڭ بىر ئىلاج قىلىپ كۆڭلىنى ئاچقۇسى كېلەتتى، لېكىن ئۇ نېمە

قىلىشنى، قانداق ئامال قىلىشنى بىلمەيتتى. يەڭگىلى بولمايدىغان يېڭى بىر تۇيغۇ ئۇنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىپ، مىنۇتسىرى كۈچەيمەكتە ئىدى: ئۇ ئۆز ئەتراپىدىكى ۋە ئۆزىگە ئۇچرىشىپ تۇرۇۋاتقان ھەممە نەرسىدىن فىزىيولوگىيەلىك جەھەتتىن ئىنتايىن بىزار بولماقتا، بۇنداق بىزارلىق قاتتىق غەزەپ ـ نەپرەت، يىرگىنىش تۇسىنى ئالماقتا ئىدى. ئۇ ئۇچرىغانلىكى ئادەمدىن، ئۇلارنىڭ چىرايىدىن، يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرىدىن، ھەرىكەتلىرىدىن يىرگىنەتتى. ناۋادا بىرەر كىشى ئۇنىڭغا گەپ قىلىپ قالسا، ئۇ شۇ كىشىنىڭ يۈزىگە تۈكۈرگەن ياكى ئۇنى چىشلىۋالغان بولاتتى.

ئۇ ۋاسىلېيېف ئارىلىدىكى كىچىك نېۋا دەرياسىغا سېلىنغان كۆۋرۈككە كەلگەندە بىردىنلا توختىدى. «ھە، ئۇ مۇشۇ ئۆيدە تۇرىدۇ، — ئويلىدى ئۇ، — نېمە ئىشتۇ بۇ، ئۆزۈمچىلا يەنە رازۇمىخىننىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قاپتىمەنغۇ! يەنە شۇ ئالدىنقى قېتىمقىدەك ئىش بوپتۇ... راست. قىزىق ئىش: مەن ئۆزۈم كەلگەندىمەنمۇ ياكى ئايلىنىپ يۈرۈپ، مۇنداقلا كېلىپ قالغاندىمەنمۇ؟ ئىشقىلىپ بەربىر؛ ئالدىنقى كۈنى... ئۆزۈممۇ... ھېلىقى ئىشنى قىلىپ بولۇپ، ئەتىسىلا ئۇنىڭكىگە بارىمەن دېگەن. بوپتۇلا، كىرسەممۇ كىرەي! خۇددى مەن ئەمدى ئۇنىڭكىگە كىرەلمەيدىغاندەك...»

ئۇ رازۇمىخىننى ئىزدەپ بەشىنچى قەۋەتكە چىقتى.

رازۇمىخىن ئۆيدە ئىدى، ئۇ تارغىنا ئۆيىدە ئولتۇرۇپ، نېمىلەرنىدۇر يېزىۋاتاتتى. ئىشىكنى ئۇ ئۆزى ئاچتى. ئۇلارنىڭ كۆرۈشمىگىنىگە تۆت ئاي بولغانىدى. رازۇمىخىن كونىراپ كەتكەن خالاتنى يېپىنچاقلاپ، ئايىغىنى سېپىپلا كىيىۋالغان، چاچلىرى پاخپىيىپ، ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن، يۈزىنىمۇ يۇمىغانىدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن ئەجەبلىنىشنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈنۈپلا تۇراتتى.

— نېمە بولدۇڭ؟ — ۋارقىرىدى ئۇ ئىشىكتىن كىرىۋاتقان

ساۋاقدىشىغا باشتىن ـ ئاياغ زەن سېلىپ ھەيران بولۇپ، كېيىن ئۇ بىردەم جىم بولۇپ قېلىپ، ھۇشقىيتىپ قويدى.

— توۋا، ھال ـ كۇنۇڭ شۇ قەدەر يامانمۇ؟ ئارىمىزدا، بۇرادەر، كىيىم ـ كېچەككە ھەممىمىزدىن بەكرەك سەن ئېتىبار بېرەتتىڭغۇ، — دېدى ئۇ راسكولنىكوفنىڭ جۇل ـ جۇل كىيىملىرىگە قاراپ قوشۇمچە قىلىپ، — قېنى ئولتۇر، ھارغاندۇرسەن ھەرقاچان!

راسكولنىكوف كىلىيونكا بىلەن قاپلانغان تۇركچە دىۋانغا ئۆزىنى تاشلىدى (بۇ دىۋان ئۆز ئۆيىدىكىدىنمۇ بەكرەك ۋەيرانە ئىدى). رازۇمىخىن شۇ چاغدا مېھمىنىنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى بايقىدى.

— سەن قاتتىق ئاغرىپسەن، بىلەمسەن ئۇزۇڭ؟ — ئۇ دوستىنىڭ تومۇرىنى تۇتتى، لېكىن راسكولنىكوف قولىنى تارتىۋالدى.

— ھاجىتى يوق، — دېدى ئۇ، — مەن ... مۇنداق بىر ئىش بىلەن كەلگەن، مېنىڭ دەرس ئۆتكۇدەك يېرىم يوق... مېنىڭ ئۆيۇم... ئەمەلىيەتتە... مەن دەرس ئۆتۇشكە موھتاجمۇ ئەمەس...

— ھەي، ماڭا قارا، سەن جۆيلۈۋاتىسەنغۇ! — دېدى زەن سېلىپ كۆزىتىپ تۇرغان رازۇمىخىن.

— ياق، جۆيلۈۋاتقىنىم يوق... — راسكولنىكوف دىۋاندىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ رازۇمىخىننى ئىزدەپ يۇقىرىغا چىققۇچە، ئۇنىڭ بىلەن يۈزمۇ يۈز ئۇچرىشىشنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. مانا ئەمدى ئۇ ئۆز تەسىراتىدىن ھازىرقى ئەھۋالىدا دۇنيادىكى ھەرقانداق ئادەم بىلەن — مەيلى ئۇنىڭ كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر يۈزمۇيۈز ئۇچرىشىشنى خالىمايدىغانلىقىنى بىردىنلا چۈشىنىپ يەتتى. ئۇنىڭ سەپرايى ئۆرلىمەكتە ئىدى. ئۇ رازۇمىخىننىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلىشى بىلەن تەڭلا ئۆزىدىن نەپرەتلىنىشكە باشلىغانىدى. مانا ئەمدى ئاچچىققا بوغۇلۇپ نەپىسى قىسىلىپ كەتتى.

— خەير - خوش ! — دېدى ئۇ توساتتىن ۋە ئىشىككە قاراپ ماڭدى.

— توختاپ تۇر، توختاپ تۇر دەۋاتىمەن. ھەي تەلۋە !

— ھاجىتى يوق ! ... — تەكرارلىدى راسكولنىكوف يەنە قولىنى تارتىۋېلىپ.

— ئۇنداق ئادەم نېمىدەپ كەلدىڭ؟ ئەقلىڭدىن ئازدىڭمۇ يا؟ بىلەمسەن، سەن مېنى... تەڭلىكتە قويۇۋاتىسەن. مەن سېنى بۇ ئەھۋالىڭدا ھەرگىز قويۇپ بەرمەيمەن.

— ماقۇل، ئەمىسە قۇلاق سال، بۇ يەرگە كېلىشىمنىڭ ۋەجى، سېنىڭدىن باشقا، ياردەم قىلغۇدەك بىرمۇ تونۇش - بىلىشىم يوق... باشتا... باشقىلارغا قارىغاندا سەن ئاق كۆڭۈلرەك، دېمەكچى بولغىنىم، سەن باشقىلاردىن ئەقىللىكرەك، تەھلىل قىلالايسەن... لېكىن مەن ھازىر چۈشىنىپ يەتتىم، ماڭا ھېچنېمە لازىم ئەمەسكەن، ئاڭلىدىڭمۇ؟ پۈتۈنلەي لازىم ئەمەسكەن. ھېچكىمنىڭ ياردىمى، مېھرىبانلىقى لازىم ئەمەسكەن... مەن ئۆزۈم... يالغۇز... بولدى، بەس ! مېنى بىردەم تىنچ قوي !

— بىردەم تەخىر قىل، ھەي قۇرۇمچى ! سەن راستىلا ئەقلىڭدىن ئازاي دەپسەن ! نېمە قىلىمەن دېسەڭ ئىختىيارىڭ. مېنىڭ پەرۋايىم پەلەك. ماڭا قارا، مەنمۇ دەرس بېرىشتىن توختاپ قالدىم. مەنمۇ دەرس بېرىشنى نەزىرىمگە ئىلمايمەن؛ پىت بازىرىدا بىر كىتابپۇرۇش بار، ئىسمى خېرۇۋىموف. ئەمەلىيەتتە بۇمۇ دەرس ئۆتكەنگە ئوخشاشلا بىر ئىش. شۇ تاپتا ئەگەر بەش سودىگەر مېنى دەرس ئۆتۈشكە تەكلىپ قىلغان تەقدىردىمۇ، دەرس بېرىشنى قويۇپ تۇرۇپ، يەنىلا مۇشۇ ئىشنى قىلغان بولاتتىم. ئۇ ئاز - تولا نەشرىياتچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، تەبىئىي پەنلەرگە دائىر كىتابچىلارنى نەشر قىلىۋاتىدۇ. شۇنداق تېز سېتىلىۋاتىدۇ دېگىنە ! بۇ كىتابچىلارنىڭ ئىسمىلىرىلا بىرمۇنچە پۇلغا يارايدۇ ! سەن مېنى دائىم ئەخمەق دەيتتىڭغۇ، لېكىن بۇرادەر، مېنىڭدىنمۇ بەكرەك ئەخمەقلەر بار ئىكەن !

هازىر ئۇمۇ ئېقىم قوغلىشىۋاتىدۇ؛ ئۇ ئۆزى ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ. مەنچۇ، ئەلۋەتتە ئۇنى شۇنداق قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈۋاتىمەن. مانا قارا، ماۋۇ ئىككى باسما تاۋاقتىن ئوشۇقراق نېمىس تىلىدىكى ئەسلىي ئەسەر — مېنىڭچىغۇ، ئەخمىقانە ئالدامچىلىق، قىسقىسى، خوتۇن كىشى ئادەممۇ، ئەمەسمۇ، دېگەن مەسىلە تەتقىق قىلىنىدىكەن، ئەلۋەتتە. ئاخىرقى نەتىجىدە خوتۇن كىشىمۇ ئادەم، دېگەننى كۆرەڭلىك بىلەن ئىسپاتلاپ چىقىپتۇ. خېرۇۋىموف ئاياللار مەسىلىسى توغرىسىدىكى مۇشۇ كىتابچىنى نەشر قىلماقچى؛ مەن تەرجىمە قىلىپ بەرمەكچى، ئۇنىڭ ئىككى يېرىم باسما تاۋاق بىر نەرسىنى ئالتە باسما تاۋاققا سوزغۇسى بار، ئاندىن بىز كىتابقا يېرىم بەت كەلگۈدەك دەبدەبىلىك ئىسىمدىن بىرنى قويىمىز، ھەربىرىنى يېرىم رۇبلىدىن ئاشكارا ساتىمىز. چوقۇم سېتىلىپ كېتىدۇ! تەرجىمە ھەققى ئۇچۇن ماڭا ھەربىر باسما تاۋىقىغا ئالتە رۇبلىدىن بېرىدۇ. دېمەك، ھەممىسى بولۇپ ئون بەش رۇبلىغا ئېرىشىمەن. ئالدىنئالا ئالتە رۇبلى ئالدىم. بۇنى تەرجىمە قىلىپ بولۇپ، كىتلەر ھەققىدىكى بىر كىتابنى تەرجىمە قىلىمىز. ئاندىن «Confessions»[①]نىڭ ئىككىنچى قىسمىدىكى ئەڭ تېتىقسىز جايلارغا بەلگە سېلىپ قويدۇق. ئۇنىمۇ تەرجىمە قىلىمىز. كىمدۇر بىرسى خېرۇۋىموفقا رۇسسومۇ رادىشچېۋ[②]قا ئوخشاش ئادەم دەپتىكەن.[③] ئۇنىڭغا مەن نېمە دەيتتىم. نېمە دېگۈسى كەلسە شۇنى دەۋەرمەمدۇ. نېمە كارىم! «خوتۇن كىشىمۇ ئادەممۇ؟»نىڭ يېرىمىنى تەرجىمە قىلغۇڭ بارمۇ، تەرجىمە

① فىرانسۇزچە: «كۆڭۈلدىكى گەپلەر». بۇ فىرانسىيە يازغۇچىسى رۇسسونىڭ مەشھۇر ئەسىرى.

② رادىشچېۋ (1749 — 1802) — رۇسىيە ئىنقىلابچىسى، «پېتېربۇرگتىن موسكۋاغا سەپەر» ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى.

③ بۇ يەردە چېرنىشېۋسكىينىڭ «پەلسەپەدىكى ئانتروپولوگىزم قائىدىلىرى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇنىڭدا ئاپتور رۇسسونى تىلغا ئالغىنىدا، رادىشچېۋنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنى ئىنقىلابىي دېموكرات دەپ ئاتايدۇ.

قىلغۇدەك بولسا، ئەسلىي تېكىستنى ھازىرلا بېرەي، قەغەز، قەلەممۇ بېرەي — ھەممىسىنى بىكارغا بەردى — ئاندىن يەنە ئۈچ رۇبلى بېرەي، مەن بىرىنچى، ئىككىنچى باسما تاۋاق ئۈچۈن ئالدىن ئالتە رۇبلى ئالغان، شۇڭا ئۇنىڭ ئۈچ رۇبلىسى ساڭا تېگىشلىك بولىدۇ. تەرجىمە قىلىپ بولغىنىڭدىن كېيىن يەنە ئۈچ رۇبلى ئالىسەن. ھە، راست، بۇنى ماڭا ياردەم بېرىش ئۈچۈن شۇنداق قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ قالما. ئەكسىچە، سەن ئىشىكتىن كىرىشىڭگە، سېنىڭ ماڭا ياردەم بېرەلەيدىغانلىقىڭنى مۆلچەرلىدىم. بىرىنچىدىن، مەن ئىملاغا چالىراق؛ ئىككىنچىدىن، نېمىسچىدىن بىلىدىغانلىرىم بەزىدە كارغا كەلمەي قېلىۋاتىدۇ، شۇڭا كۆپرەك خىيالىمغا كەلگىنىچە توقۇۋاتىمەن؛ توقۇغانلىرىم ئەسلىدىكىدىن ياخشىراق چىقىۋاتىدۇ، دەپ، پەقەت شۇ ئارقىلىقلا ئۆزۈمگە تەسەللى بېرىمەن. بىراق، كىم بىلىدۇ دەيسەن، ئەسلىيسىگە يەتكۈزەلمىگەن بولۇشۇممۇ مۇمكىن، ئەسلىيسىنى بۇزۇۋەتكەن بولۇشۇممۇ مۇمكىن... قانداق، تەرجىمە قىلامسەن؟

راسكولنىكوف گەپ ـ سۆز قىلماي كىتابچىنىڭ نېمىسچىسىنى ئالدى، ئۈچ رۇبلىنىمۇ ئالدى. لېكىن، يەنىلا زۇۋان سۈرمەي، خانىدىن چىقىپ كەتتى. رازۇمىخىن ھەيرانلىق ئىچىدە ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ قالدى. ئەمما، راسكولنىكوف بىرىنچى چوڭ كوچىغا چىقىپ بولۇپ، بىردىنلا كەينىگە بۇرالدى ـ دە، يەنە رازۇمىخىننىڭ خانىسىغا چىقتى: نېمىسچە تېكىست بىلەن ئۈچ رۇبلىنى ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويدى ـ دە، يەنە ئۈن ـ تىنسىز خانىدىن چىقىپ كەتتى.

— شاراب تەلۋىلىكى[①] تۇتۇۋاتامدۇ نېمە سېنى؟ — ئاخىر ۋارقىرىۋەتتى رازۇمىخىن جان ـ پېنى چىقىپ، — قورۇق ھەيۋە

① دوستويېۋسكىي شاراب تەلۋىلىكىنى نېرۋىنىڭ جىددىيلىشىشىدىن بولىدىغان بىر خىل كېسەللىك، دەپ خاتا چۈشىنىپ قالغان. بۇنى ئۇنىڭ «ئاكا ـ ئۇكا كارامازوفلار» ناملىق رومانىدىكى ئىۋان كارامازوفنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنى تەسۋىرلىشىدىن بىلگىلى بولىدۇ.

قىلىپ، نېمە قىلماقچىسەن! ئادەمنى ئېلىشتۇرۇپ... ئۇنداق ئادەم نېمىشقا كەلدىڭ؟ تەلۋە!

— كىرەك ئەمەس... تەرجىمىلەر... — غودۇڭشىدى راسكولنىكوف پەلەمپەيدىن چۈشۈپ كېتىۋېتىپ.

— ئەمىسە سەن نېمە قىلماقچى؟ — يۇقىرىدا تۇرۇپ ۋارقىرىدى رازۇمىخىن. راسكولنىكوف گەپ قىلماي چۈشۈپ كېتىۋەردى.

— ھەي، سېنى دەيمەن! نەدە تۇرۇۋاتىسەن؟

جاۋاب چىقمىدى.

— بوپتۇ ئەمىسە... ئىختىيارىڭ...

بۇ چاغدا راسكولنىكوف كوچىغا چىقىپ بولغانىدى.

نىكولايېف كۆۋرۈكىگە كەلگەندە، تولىمۇ كۆڭۈلسىز بىر ئىش يۈز بېرىپ، ئۇ يەنە بىر قېتىم پۈتۈنلەي ھوشىغا كەلدى. بىر مەپىنى ھەيدەپ كېتىۋاتقان مەپىكەش قامچا بىلەن ئۇنىڭ دۈمبىسىگە كىلىشتۇرۇپ بىرنى سالدى، چۈنكى ئۇ مەپىكەشنىڭ ئۈچ ـ تۆت قېتىم ۋارقىرىغىنىنى ئاڭلىماي، ئاتلارنىڭ تېگىگە كىرىپ كەتكىلى قىل قالغانىدى. بۇ قامچا ئۇنى شۇنچىلىك چۆچۈتتىكى، ئۇ بىرلا سەكرەپ كۆۋرۈك سالاسۇنىنىڭ يېنىغا بېرىۋالدى. (ئۇ بايا نېمىشقىدۇر كۆۋرۈكنىڭ ئادەم ماڭىدىغان يېرىدە ئەمەس، بەلكى ئات ـ ھارۋا ماڭىدىغان قاپ ئوتتۇرىسىدا كېتىۋاتاتتى)، ئاچچىقىدا ئۇنىڭ چىشلىرى غۇچۇرلاپ كەتتى. ئەتراپتىن كىشىلەرنىڭ كۈلكە ئاۋازلىرى كۆتۈرۈلدى.

— خوپ بولدى!

— مۇتتەھەم بىرنېمە ئوخشايدۇ.

— يالغاندىن مەست بولۇۋېلىپ، ئۆزىنى مەپىنىڭ تېگىگە ئەتەي تاشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن خەققە ئۆلۈكىنى ساتىدۇ.

— شۇنىڭ بىلەن جېنىنى باقىدۇ، ئەپەندى. شۇنىڭ بىلەن جېنىنى باقىدۇ...

ئۇ كۆۋرۈك سالاسۇنىنىڭ قېشىدا يەنىلا نېمە قىلىشىنى

بىلەلمەي، يىراقلاپ كېتىۋاتقان مەيىگە غەزەپ بىلەن تىكىلگىنىچە، دۈمبىسىنى ئۈۋۈلاپ تۇرغىنىدا، بىرسىنىڭ قولىغا پۇل تىقىشتۇرۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدى. ئۇ بۇرۇلۇپ قارىدى. يېنىدىكىسى كىچىككىنە بېشىغا شىلەپە، پۇتىغا ئۆچكە تېرىسىدىن تىكىلگەن باشماق كىيگەن چوڭ ياشلىق سودىگەر ئايال ئىكەن، ئۇنىڭ قېشىدا قىزى بولسا كېرەك، بېشىغا شىلەپە كىيىپ، قولىدا يېشىل كۇنلۇك تۇتقان بىر قىز تۇرۇپتۇ. «ئوبدان ئۇكام، ئەيسانىڭ ھەققىدە بۇنى ئالغىن.» راسكولنىكوف پۇلنى ئالدى. ئۇلار ئۆتۈپ كېتىشتى. بۇ يىگىرمە كوپىيىكلىك تەڭگە ئىدى. ئۇستىبېشىغا ۋە تەق - تۇرقىغا قاراپ، ئۇلار ئۇنى كوچىمۇكوچا يۈرۈپ سەدىقە سورايدىغان ھەقىقىي تىلەمچى، دەپ ئويلاپ قالغان بولسا كېرەك. ئۇلار ئۇنىڭ قامچا يېگىنىنى كۆرۈپ، يۈرىكى ئېچىشىپ، يىگىرمە كوپىيىكنى ئىنئام قىلمىۋەتكەن چېغى.

ئۇ يىگىرمە كوپىيىكلىك تەڭگىنى ئالىقىنىدا چىڭ سىقىمداپ، ئون قەدەمچە ماڭدى - دە، نېۋا دەرياسى — خان سارىيى تەرەپكە بۇرالدى. ئاسماننىڭ سۈزۈكلۈكىدىن، نېۋا دەرياسىنىڭ سۈيى كۆكۈچ كۆرۈنەتتى. نېۋا دەرياسىدا مۇنداق مەنزىرە كەمدىن - كەم پەيدا بولاتتى. چوڭ چېركاۋنىڭ باشقا يەرلەرگە قارىغاندا مۇشۇ يەردە كىچىك چېركاۋدىن يىگىرمە قەدەمچە نېرىدىكى كۆۋرۈك ئۈستىدە ئېنىق كۆرۈنىدىغان قۇببىسى پارقىراپ تۇراتتى. ھاۋا شۇنچىلىك ساپ ئىدىكى، قۇببىنىڭ ھەربىر نەقىشى ئېنىق كۆرۈنەتتى. قامچىنىڭ ئاغرىقى توختىدى، راسكولنىكوفمۇ قامچا يېگىنىنى ئۇنتۇدى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ كاللىسىغا كىشىنى بىئارام قىلىدىغان ئېنىقسىز بىر پىكىر كىرىۋالدى. ئۇ شۇ يەردىن يىراقلارغا ئۇزاقىچە تىكىلىپ قاراپ تۇردى؛ بۇ ئەتراپ ئۇنىڭغا بەكلا تونۇش ئىدى. ئۇ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا — كۆپىنچە دەرستىن چۈشۈپ ئۆيگە قايتىشىدا — مۇشۇ يەردە تۇرۇپ بۇ ھەيۋەتلىك مەنزىرىنى

پۈتـۈن دىققـىتى بىلـەن تاماشا قىـلىشىنى ياخشـى كۆرەتتـى. ئـۇ بەلكـىم بۇ يەرنى بىـرەر يۈز قېـتىم تامـاشا قىـلـغاندۇ. ئـۇ هـەر قېتـىـم دېگۈدەك ئـۆزىـنىڭ غـۇۋا، شـۇنداقلا چـۈشـەندۈرگـىلـى بولمايدىغان تەسىـراتىدىن هەيران بولاتتى. ئۇ دائىم بۇ هەيۋەتلىك مـەنزىرە ئۆزىـگە چۈشـىنىـپ بـولـمـايدىـغان سـوغۇق تـۇيغـۇ بېرىدىغاندەك هېس قىلاتتى. بۇ ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرە ئۇنىڭغا زېرىكىشلىكتەك، سـۆرۈندەك بىلـىنەتتـى... هەر قېتـىمدىلا ئـۇ ئۆزىـنىڭ شۇ مەيۈس ۋە سىرلىق تەسـىـراتىدىن هـەيران بولاتتـى. لېكىن، ئۇ ئۆزىگە ئىشەنمىگەچكە، بۇ سىرنى ئـېچىشـنى نائىـلاج كەيىنىگە سۈرەتتى. شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى سوئاللىرىنى ۋە گۇمانلىرىنى بىردىنلا ئېنىق يادىغا كەلـتۈردى، ئۇنـىڭغا ئەنـە شۇلارنى هازىرنىڭ ئۆزىدە يادىغا كەلتۈرۈش هەرگـىزمۇ تاسادىپىي ئەمەستەك تۇيۇلدى. خۇددى ئىلگىرىكىدەك ئوخشاشـلا بىر جايـدا توختاشنىڭ ئۆزىلا، ئۇنىڭغا غەلىتە بىر هالدەك بۇنى چۈشەنگىلى بولمـايدىغانـدەك بىلـىندى. ئۇنـىڭغا گويـا ئوخشاشـلا بىر ئـىش ئـۇسـتـىـدە هـازىـرمـۇ خـۇددى ئـىـلـگـىـرىـكـىـدەك پـىـكـىـر يۈرگۈزەلەيدىغاندەك، ئـىلگىـرى ــــ بۇنىڭدىن سەللا ئـىلگـىرى ئـۆزىـنـى قـىـزىقـتـۇرغـان تېمـىـلار ۋە مەنزىـرىـلەر هـازىـرمـۇ قىزىقـتۇرالايدىـغاندەك سېـزىـلدى... بۇ ئـىشقا هـەتتا ئۇنـىڭ كۆلگۈسى كەلدى، شۇنداقلا يەنە يۈرىكى سىرقىراپ ئاغرىدى. مانا ئەمدى ئۇنىڭغا ئىلگىرىكى هەممە نېمە ــــ ئىلگىرىكى ئويلىـرى، ئـىلگـىرىكى نىـشانى، ئـىلگـىرىكى تەسـىـراتلىرى، هـەتتا مۇشـۇ پۈتكۈل مـەنزىرە، ئۇنـىڭ ئۆزى، قىـسقىـسـى هەمـمە نـېمە يـەرگـە چوڭقۇر كۆمۈۋېتىلگەندەك، ئۆزىنىڭ ئايىغى ئاستىدىكى ئـاران ــ ئاران ئىلغا قىلغۇدەك جايغا كۆمۈۋېتىلگەندەك... ئۆزى ئاسمانـدا ئۇچـۇۋاتقاندەك، هـەمـمە نېـمە كـۆزىـدىـن غايـىب بـولـۇۋاتقـانـدەك تۇيۇلدى... ئـۇ ئۆزىمۇ سـەزمەستـىـن قولـىـنـى قىمـىـرلـىتـىـپ، بىردىنلا يىگىرمە كـوپېيـكلىك تـەڭگىنـى تېخـىچە ئالـقىنىـدا سىقىمداپ تۇرغانلىقىنى سېزىپ قالدى. ئۇ ئالىقىنىنى ئېچىپ،

تەڭگگە زەن سېلىپ قارىدى. ئاندىن غۇلىچىنى سوزۇپ تۇرۇپ ئۇنى دەرياغا تاشلىۋەتتى ـ دە، كەينىگە بۇرۇلۇپ ئۆيىگە قايتتى. ئۇنىڭغا كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچىلىك ئارىلىقتا ئۆزى بىلەن جىمىكى ئادەم ۋە ئىشلارنىڭ ئارىلىقى قايچىدا قىرقىپ تاشلانغاندەك تۇيۇلدى.

ئۇ ئۆيىگە قايتىپ بارغىنىدا، كەچ كىرىپ گۇگۇم چۈشكەنىدى. دېمەك، ئۇ ئالتە سائەت ئايلىنىپ يۈرۈپتۇ. قەيەردىن قايتىپ كەلگەنلىكى، قانداق قايتىپ كەلگەنلىكى ئۇنىڭ ئېسىدىمۇ قالمىدى. ئۇ كىيىملىرىنى سېلىپ، خۇددى ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن ئاتتەك غال ـ غال تىترىگىنىچە دىۋانغا ياتتى. پەلتوسىنى يېپىندى ـ دە، شۇ ئانلا ئۇيقۇغا كەتتى.

ئۇ قاراڭغۇ چۈشۈپ كۆز باغلانغان مەھەلدە، قاتتىق چىرقىرىغان ئاۋازدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. يا رەببىم، نېمە ئاۋازدۇ بۇ ! ئۇ بۇنداق غەيرىي تەبىئىي ئاۋازنى، چىرقىراشلارنى، داد ـ پەريادلارنى، چىشلارنى غۇچۇرلىتىشلارنى، كۆز ياشلىرىنى، كالتەكلەشلەرنى، تىل ـ ھاقارەت ياغدۇرۇشلارنى ئۆمۈربويى ئاڭلاپمۇ، كۆرۈپمۇ باقمىغانىدى. ئۇ مۇنچىلىك ۋەھشىيلىكلەرنى، قەھر ـ غەزەپنى تەسەۋۋۇرمۇ قىلالمايتتى. ئۇ قورقۇپ كېتىپ تۇگۇلۇپ ئولتۇرۇۋالدى، ئۇنىڭ قورقۇنچى كۈچىيىپ يۈرىكى سىقىلىپ كەتتى. ئۇرۇش ـ تالاش، يىغا ـ زار ۋە تىل ـ ھاقارەت بارغانسېرى كۈچەيمەكتە ئىدى. نەق شۇ چاغدا ئۇ بىردىنلا ئۆي غوجايىنىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قاتتىق ھەيران قالدى. ئۇ ۋارقىرايتتى، چىرقىرايتتى، يىغلايتتى، ئالدىراپ تېز گەپ قىلاتتى، لېكىن گېپىنى زادىلا ئۇقۇقىلى بولمايتتى. ئۇ نېمىنىدۇر يالۋۇرۇپ سورايتتى — ئەلۋەتتە ئۇرىۋەرمەسلىكىنى سورايدۇ ـ دە، چۈنكى كىمدۇر بىرسى ئۇنى پەلەمپەيدە رەھىمسىزلەرچە قاتتىق ئۇرماقتا ئىدى. قەھر ـ غەزەپتىن ۋە غالجىرلىشىشتىن ئۇرۇۋاتقان ئادەمنىڭ ئاۋازى شۇ قەدەر قورقۇنچلۇق تۇسكە كىرگەنىدىكى: پەقەت ئۇنىڭ ھۆركىرىگەن

بوغۇق ئاۋازىنىلا ئاڭلىغىلى بولاتتى، شۇنداقتىمۇ ئۇرۇۋاتقان ئادەممۇ نېمىلەرنىدۇر دەۋاتاتتى. لېكىن، تېز، بوغۇلۇپ سۆزلىگەچكە، ئۇنىڭ گېپىنىمۇ ئۇققىلى بولمايتتى. راسكولنىكوف بىردىنلا خۇددى يوپۇرماقتەك تىترەپ كەتتى، ئۇ ھېلىقى ئاۋازنى تونۇپ قالدى: «بۇ ئىلىيا پېتروۋىچنىڭ ئاۋازى ئىدى. ئىلىيا پېتروۋىچ كەپتىكەن ـ دە، ئۆينىڭ غوجايىنىنى شۇ ئۇرۇۋېتىپتىكەن ـ دە! ئىلىيا پېتروۋىچ ئۇنى تېپىۋاتىدۇ، بېشىنى پەلەمپەيگە ئۇرۇۋاتىدۇ. بۇ ناھايىتى ئېنىق، ھەر خىل ئاۋازلاردىن، يىغا ئاۋازىدىن، مۇشتىنىڭ، تېپىكىنىڭ ئاۋازىدىن بۇنى ئېنىقلا ئۇققىلى بولىدۇ! بۇ زادى نېمە ئىشتۇ. ئالەم مالەم بولۇپ كەتكەندىمۇ يا؟ ئۇ يەنە ئادەملەرنىڭ ھەممە قەۋەتتىن چىقىپ، پەلەمپەيگە توپلىشىۋاتقانلىقىنى پەرق ئېتەلىدى. قىلىنغان گەپ ـ سۆزلەر، خورسىنىشلار، يۇقىرىقى قەۋەتكە چىقىۋاتقانلارنىڭ ئاياغ تىۋىشى، چېكىلگەن ئىشىكلەرنىڭ تاقىلىشلىرى، يېپىلغان ئىشىكلەرنىڭ غىچىرلاشلىرى، يىغىلغان ئادەملەرنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلىرى ئاڭلاندى. لېكىن، «نېمىشقا ئۇرۇۋاتقاندۇ، زادى نېمىشقا ئۇرۇۋاتقاندۇ... بۇنداق قىلسا قانداق بولىدۇ؟» ئۇ يېنىش ـ يېنىش ئويلىنىپ، راستىلا ئەقلىمدىن ئازغان ئوخشايمەن، دېگەن يەرگە كەلدى. ياق، توغرا ئەمەس. ئۇ ناھايىتى ئېنىق ئاڭلاۋاتامدۇ!... شۇنىڭغا قارىغاندا، ئۇلار ھازىرلا ئۇنىڭ ئۆيىگىمۇ كىرىدۇ. «چۈنكى... بۇلارنىڭ ھەممىسى ھېلىقى ئىش... تۈنۈگۈنكى ئىش سەۋەبىدىن بولۇۋاتىدۇ... يا رەببىم!» ئۇ ئىشىكنىڭ ئىلغۇچىنى ئىلىپ قويماقچى بولدى ـ يۇ، قولىنى كۆتۈرەلمىدى... يەنە كېلىپ بۇنىڭ ھاجىتىمۇ يوق ئىدى! قورقۇنچ خۇددى مۇزدەك ئۇنى ئەندىكتۈردى، قىينىدى، توڭدۇرۇۋەتتى... بۇ شاۋقۇن ـ سۈرەن توپتوغرا ئون مىنۇت داۋام قىلىپ، ئاخىر ئاستا ـ ئاستا تىنچىشقا باشلىدى. غوجايىن ئايال ئىڭرىماقتا ۋە ئېسەدىمەكتە ئىدى. ئىلىيا پېتروۋىچ تېخىچە دوق قىلىۋاتاتتى، تىللاۋاتاتتى...

مـىـاڭ مۇشەقـقـەتتە ئـۇمـۇ جـمـمـىـدى، ئەمدى ئـۇنـىـاڭ ئاۋازىـمـۇ ئاڭلانمـىـدى. «ئەجەبـا ئۇ كەتكـەنمىدۇ ! يـا پەرۋەردىگار !» راسـت، ئەنە غوجايىن ئايالمۇ كەتتى، ئۇ تېخىچـە ئىڭراپ يـىغلاۋاتـىدۇ... مـانا ئۇنـىـاڭ ئىشـىـكى غىچ قـىلـىـپ يـېـپىـلـدى... ئادەملـەرمـۇ تارقاشتـى، پەسكە چـۇشۇشتى. ئـۆيلىرىـگە قايتـىـشتـى ـــ ئـۇلار هـەيران بولـۇشـۇۋاتىدۇ، تـالـىـشـىـۋاتـىدۇ، بـىـر ـ بـىـرسـىـنـى چاقـىرىشىۋاتىدۇ، تۇرۇپ ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ ۋارقـىـراشسا، تـۇرۇپ ئـاۋازىنى پەسـەيتـىـپ پـىچىرلـىـشىدۇ. يـەنە بـىـرمـۇنچە ئـادەم بـار ئوخشايدۇ. پۈتۈن بىنـادىكىلـەرنىاڭ هەمـمىسى يـىغىلـغان بولسـا كېرەك. «لېكىن، ياپەرۋەردىگار، ئەجەبا، مۇشۇنداق ئىـشـنـىاڭ يـۈز بېرىـشى مۇمكىـنمىـدۇ؟ ئۇ بۇ يەرگـە نېمـىشقا، زادى نېمـىشـقـا كەلگەندۇ !»

راسكولنىكوف پۈتۈنلەي ماغدۇرسىزلىنىپ دىۋانغا يـىقىلـدى. لېكىن، ئۇ ئەمدى كۆز يۇمالمـىـدى. ئۇ ئەنە شـۇنداق ئازاب، ئەنـە شۇنداق چىدىغۇسىز، هېچقاچـان بېشـىـدىن كەچۈرۈپ بـاقمىغـان چەكـسىز قورقـۇنچ ئىچـىـدە يېرىـم سائەتچـە ياتتى. ئـۇنـىاڭ ئۆيـى بىردىنلا يورۇپ بىر تال شام بىلەن بىر قاچا شورپىنى كۆتـۈرۈپ ناستاسـىيە كـىـرىـپ كەلدى. ئـۇ راسكولـنـىكوفـقـا زەن سېلـىـپ قارىدى. ئۇنىاڭ ئۇخلىمىغانلىقىنى كۆرۈپ، شـامنى ئۈستەلـنىـاڭ ئۈسـتـىـگە قـويدى ـ دە، ئەكـىـرگەن نەرسـىـلـىرىـنـى: بولكا، تـۇز، تەخسە، قوشۇقلارنى ئۈستەلگە تىزىشقا باشلىدى.

ـــ تۈنۈگـۈندىن بۇيـان هېچنېمە يېـمىگـەنـسەن هەرقـاچـان. شۇنداق قـىزىـپ تۇرۇقلـۇق، ئەتـىدىـن ـ كەچكـىچە تالادا لاغايـلاپ يۈرىسەن.

ـــ ناستاسىيە... غوجايىن ئايالنى نېمىشقا ئۇردى؟

ناستاسىيە ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپلا قالدى.

ـــ غوجايىن ئايالنى كىم ئۇرۇپتۇ؟

ـــ بايا... يېرىم سائەتنىاڭ ئالدىدا، ئىلـىيا پېـتروۋىچ، شۆبـە سـاقچى ئـىـدارىـسـىـنىـاڭ مۇئاۋىـن باشلـىقى، پەلەمـپەيدە... ئـۇنـى

نېمىدەپ ئۆردى؟ ئۇ... نېمە ئىش بىلەن كەپتۇ؟...

ناستاسىيە قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، ئۇنىڭغا ئۇن ـ تىنسىز تىكىلىپ، شۇ ھالەتتە ئۇزۇنغىچە قارىدى. بۇنداق تىكىلىپ قاراش ئۇنى ئوڭايسىزلاندۇرۇپ قويدى، ھەتتا قورقۇتۇۋەتتى.

ــــ ناستاسىيە، نېمىشقا گەپ قىلمايسەن؟ ــــ قورقۇمسىراپ سورىدى ئۇ ئاخىر زەئىپ ئاۋاز بىلەن.

ــــ بۇ قان، ــــ جاۋاب بەردى ناستاسىيە ئاخىر ئۆزىگە ئۆزى دەۋاتقاندەك بوشقىنا گەپ قىلىپ.

ــــ قان!... قانداق قان... ــــ غودۇڭشىدى راسكولنىكوف. ئۇ بىردىنلا تاتىرىپ، ئاستاغىنا تامغا يۆلىنىپ قالدى. ناستاسىيە تېخىچە ئۇنىڭغا ئۈن ـ تىنسىز قاراپ تۇراتتى.

ــــ غوجايىننى ھېچكىم ئۇرمىدى، ــــ دېدى ئۇ يەنە جىددىي ۋە قەتئىي ئاۋاز بىلەن. راسكولنىكوف ئاران نەپەس ئېلىپ ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى.

ــــ ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىدىم... مەن ئۇخلىمىغان... مۇشۇ يەردە ئولتۇرغان، ــــ دېدى ئۇ تېخىمۇ بەكرەك قورقۇپ، ــــ ئۇزۇنغىچە ئاڭلىدىم... مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى كەلدى... ھەممە ئادەم ئۆيلىرىدىن چىقىپ پەلەمپەيگە يىغىلدى...

ــــ ھېچكىم كەلمىدى، سېنى قان تۇتقان ئوخشايدۇ. قان ئاقالماي جىگەرگە ئۇيۇپ قالغاندا، شۇنداق خىيالىي تۇيغۇ پەيدا بولىدۇ.... بىرەر نەرسە يېگۈڭ بارمۇ زادى؟

ئۇ جاۋاب بەرمىدى. ناستاسىيە كەتمەي ئۇنىڭغا تىكىلگىنىچە بېشىدا تۇرىۋەردى.

ــــ ماڭا ئازراق سۇ بەرگىنە... ناستاسيۇشكا①.

ناستاسىيە پەسكە چۈشۈپ كېتىپ، ھايال ئۆتمەي ساپال قاچىدا سۇ ئاچىقتى. شۇنىڭدىن كېيىن نېمە ئىشلارنىڭ بولغانلىقى راسكولنىكوفنىڭ ئېسىدە قالمىدى، ئۇ پەقەت بىر يۇتۇم مۇزدەك سۇ ئىچىپ، سۇنىڭ قالغىنىنى مەيدىسىگە چاچقانلىقىنىلا بىلەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ھوشىدىن كەتتى.

---

① ناستاسىيەنىڭ ئەركىلەتمە ئىسمى.

## 3

لېكىن، ئۇنى ئاغرىق مەزگىلىدە پۇتۇنلەي خۇدىنى بىلمەي ياتتى، دېگىلى بولمايتتى. ئۇ بىردەم توڭلىسا، بىردەم قىزىيتتى. بەزىدە جۆيلۈپ كېتەتتى، بەزىدە بولسا، خىرە ـ شىرە ھوشىغا كېلەتتى. كېيىنچە ئۇ نۇرغۇن ئىشلارنى يادىغا كەلتۈردى، بەزىدە ئۇنىڭغا ئەتراپىغا نۇرغۇن ئادەم ئولىشىۋالغاندەك، ئۇنى تۇتۇپ، قەيەرلەرگىدۇر ئېلىپ كەتمەكچى بولۇۋاتقاندەك، ئۇ توغرۇلۇق بەس ـ مۇنازىرە قىلىشىۋاتقاندەك، ھەتتا تالىشىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى؛ بەزىدە بولسا، ئۇ ئۆيدە ئۆزى يالغۇز قالغاندەك، ھەممە ئادەم ئۇنىڭدىن قورقۇپ ئۇنى تاشلاپ كەتكەندەك، بىرە ـ بىرە ئىشىكنى قىيا ئېچىپ، ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن ئۇنىڭغا قاراپ قويۇۋاتقاندەك، دوق قىلىۋاتقاندەك؛ ئۆزلىرى بىر ـ بىرسى بىلەن نېمىلەرنىدۇر مەسلىھەتلىشىپ، ئۇنىڭدىن كۈلۈۋاتقاندەك، ئۇنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك بىلىنەتتى. ناستاسيەنىڭ دائىم يېنىدا تۇرغانلىقى ئۇنىڭ ئېسىدە ئىدى: ئۇ يەنە چىرايى بەكلا تونۇش بىر ئادەمنى كۆردى، لېكىن ئۇنىڭ زادى كىملىكىنى ھەرقانچە قىلىپمۇ ئېسىگە ئالالمىدى. شۇ ۋەجىدىن ئۇنىڭ ئىچى پۇشتى، ئۇ ھەتتا يىغلىۋەتتى. بەزىدە ئۇنىڭغا شۇنداق يېتىۋاتقىنىغا بىر ئاي بولۇپ قالغاندەك بىلىنەتتى؛ بەزىدە بولسا، ھەممىسى ناھايىتى بىر كۈننىڭ ئىچىدىكى ئىشلاردەك تۇيۇلاتتى. ھېلىقى ئىشنى ئۇ پۇتۇنلەي ئۇنتۇپ كەتتى، لېكىن بىر ئىشنى — ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمايدىغان بىر ئىشنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى زادىلا ئېسىدىن چىقارمىدى. شۇڭا ئۇ ئويلاندى، ئۇزاق ئويلاندى. ئۇ قىينىلاتتى، تىت ـ تىت بولاتتى، ئىڭرايتتى. جىملە بولغىنىدىن ئۆزىنى يوقىتىپ قوياتتى ياكى چىدىغۇسىز قاتتىق ۋەھىمىگە چۈشۈپ

قالاتتى. شۇنداق چاغلاردا، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتمەكچى، قېچىپ كەتمەكچى بولاتتى. لېكىن، دائىم كىمدۇر بىرسى ئۇنى كۈچ بىلەن تۇتۇپ قالاتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنە ھالىدىن كېتىپ مىلىقلاپلا قالاتتى، ھوشىدىن كېتەتتى. ئاخىر ئۇ پۈتۈنلەي ھوشىغا كەلدى.

بۇ ئىش ئەتىگەن سائەت ئوندا بولدى. ھاۋا ئوچۇق كۈنلەردە، ئەتىگەنكى مۇشۇ ۋاقىتتا ئۆينىڭ ئوڭ تېمىغا قىيپاش ھالەتتە ئاپتاپ چۈشەتتى ـ دە، ئاستا سىرغىلىپ، ئىشىكنىڭ يېنىدىكى بۇلۇڭنى يورۇتاتتى. ئۇنىڭ كارىۋىتىنىڭ بېشىدا ناستاسىيە بىلەن يەنە بىر ئادەم تۇراتتى. ئۆزگە ئادەتتىن تاشقىرى قىزىقىپ قاراپ تۇرغان بۇ ئادەمنى ئۇ زادىلا تونۇمايتتى. ئۇزۇن پەلتو كىيگەن، ساقال قويۇۋالغان بۇ يىگىت قارىغاندا لاۋازىمىدەك قىلاتتى. غوجايىن ئايال يېرىم ئوچۇق ئىشىكتىن تاشقىرىغا قاراپ تۇراتتى. راسكولنىكوف ئورنىدىن قوزغالدى.

ـــ ناستاسىيە، بۇ كىم؟ ـــ سورىدى ئۇ يىگىتنى كۆرسىتىپ.

ـــ قاراڭ، ئۇ ھوشىغا كەلدى ! ـــ دېدى ناستاسىيە.

ـــ ھوشىغا كەلدى، ـــ دېدى لاۋازىمۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ. ئىشىكتە قاراپ تۇرغان غوجايىن ئايال ئۇنىڭ ھوشىغا كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، دەرھال ئىشىكنى ياپتى ـ دە، كۆزدىن يوقالدى. بۇرۇندىنلا تارتىنچاق بۇ ئايالغا ئادەملەر بىلەن گەپلىشىش، بىرەر نەرسىنى چۈشەندۈرۈش ناھايىتى ئېغىر يۈكتەك تۇيۇلاتتى. ئۇ قىرىق ياشلارغا كىرىپ قالغان، ئۆزى تولىمۇ سېمىز، قاشلىرى بىلەن كۆزلىرى قاپقارا ئايال ئىدى. سېمىز ۋە ئېرىنچەك بولغاچقا، ئاق كۆڭۈلدەك كۆرۈنەتتى؛ تەق ـ تۇرقىمۇ كېلىشكەن ئىدى، لېكىن ئۇ تولىمۇ ئۇياتچان ئىدى.

ـــ سىز... كىم بولىسىز؟ ـــ يەنە سورىدى ئۇ لاۋازىمدىن.

دەل شۇ چاغدا ئىشىك داغدام ئېچىلىپ، ئېگىز بوي رازۇمىخىن سەل ـ پەل ئېگىلىپ كىرىپ كەلدى.

— كايۇتانىڭ ئۆزىلا ئىكەنغۇ بۇ، — ۋارقىرىدى ئۇ ئۆيگە كىرىپ، — دائىم بېشىمنى ئۇرۇۋالىمەن. مۇشۇمۇ ئۆي بوپتىمۇ! ھوشۇڭغا كەلدىڭمۇ بۇرادەر؟ مەن ھازىرلا پاشكىنكا[①]دىن ئاڭلىدىم.

— ھازىر ھوشىغا كەلدى، — دېدى ناستاسىيە.

— ھازىر ھوشىغا كېلىشى، — ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلىدى لاۋازىم كولۇمسىرەپ.

— ئۆزىڭىز كىم بولىسىز؟ — سوراپ قالدى ئۇنىڭدىن رازۇمىخىن، — مانا قاراڭ، مېنىڭ فامىلەم رازۇمىخىن، خەقلەر دەپ يۈرگىنىدەك رازۇمىن ئەمەس، بەلكى رازۇمىخىن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى. ئاقسۆڭەكنىڭ پەرزەنتى. ئۇ مېنىڭ دوستۇم بولىدۇ. خوش، قېنى، ئۆزىڭىز كىم بولىسىز؟

— ھېسابات ئۆيىنىڭ لاۋازىمى بولىمەن. مېنى سودىگەر شېلوپايېف ئەۋەتكەن. بۇ يەرگە بىر ئىش بىلەن كېلىشىم.

— مانا، ماۋۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇڭ، — دېدى رازۇمىخىن، ئۆزى ئۈستەلنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە قويۇلغان ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، — بۇرادەر، كۆزۈڭنى ئېچىپسەن، بەك بەلەن بوپتۇ، — دېدى ئۇ راسكولنىكوفقا خىتاب قىلىپ، — تۆت كۈن بولدى، سەن ئاشمۇ يېمەي، سۇمۇ ئىچمەي ياتقىلى. راست، ساڭا قوشۇقتا ئازراق چاي ئىچىرەلىدۇق. زوسىموفنى ئىككى قېتىم باشلاپ كېلىپ سېنى كۆرسەتتىم. زوسىموف ئېسىڭدىمۇ؟ ئۇ سېنى ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈپ، ھېچقىسى يوق، مېڭىسىگە بىرنەرسە قاتتىق تەسىر قىلغان ئوخشايدۇ، دېدى. نېرۋا خاراكتېرلىك ئانچىكىم كېسەل ئىكەن، ئوزۇقلىنىشى بەكلا ناچاركەن، پىۋا بىلەن خرېننى كەم ئىستېمال قىلغاچقا ئاغرىپتۇ، لېكىن ھېچقىسى يوق. تۈزۈلۈپ كېتىدۇ. پاتلا تۈزۈلۈپ كېتىدۇ، دېدى. زوسىموف قالتىس جۇمۇ! ئۇنىڭ داۋاسى شىپالىق بولدى. خوش

① پاشىنكا — راسكولنىكوف تۇرۇۋاتقان ئۆينىڭ غوجايىنى پراسكوۋيە پاۋلوۋنانىڭ ئەركىلەتمە ئىسمى.

ئەمدى، مەن سىزنىڭ ۋاقتىڭىزنى ئالماي، — دېدى ئۇ يەنە لاۋازىمغا خىتاب قىلىپ، — نېمە ئىش بىلەن كەلگەنلىكىڭىزنى دەپ بېرەلەرسىزمۇ؟ بىلەمسەن روديە، بۇ ھېسابات ئۆيىنىڭ ئىككىنچى قېتىم ئادەم ئەۋەتىشى. لېكىن، ئۆتكەندە بۇ كىشى ئەمەس، باشقا بىرسى كەلگەن. مەن ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشكەن. سىزنىڭ ئالدىڭىزدا كەلگەن كىم ئىدى؟

— ئالدىنقى كۈنىغۇ دەيمەن، ئەپەندى. توغرا، ئالدىنقى كۈنى، ئەپەندى، ئۇ كىشى ئالېكسېي سېمىيونوۋىچ بولىدۇ. ئۇمۇ بىزنىڭ ھېسابات ئۆيىمىزنىڭ خادىمى.

— ئۇ سىزگە قارىغاندا قابىلراقكەن، قانداق دەيسىز؟

— شۇنداق، ئەپەندى، ئۇ مەندىن ئىقتىدارلىق، ئەپەندى.

— ياشاپ كېتىڭ. قېنى، گېپىڭىزنى داۋام قىلىڭ.

— ئافاناسى ئىۋانوۋىچ ۋاخرۇشىن ئانىڭىزنىڭ ئىلتىماسى بىلەن، بىزنىڭ دۇكىنىمىز ئارقىلىق سىزگە پۇل ئەۋەتىپتىكەن. يەنىمچە، ۋاخرۇشىن دېگەن ئادەمنى بىرنەچچە قېتىم ئاڭلىغانسىز ھەرقاچان، — گەپ باشلىدى لاۋازىم توغرىدىن - توغرا راسكولنىكوفقا خىتاب قىلىپ، — ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنى شۇ تاپتا ئوبدان دەپ ھېس قىلسىڭىز، مەن بۇيرۇقىغا بىنائەن سىزگە ئوتتۇز بەش روبلى پۇل تاشلاپ كېتىمەن. چۈنكى، سېمىيون سېمىيونوۋىچ خۇددى ئىلگىرىكىگە ئوخشاش ئافاناسى ئىۋانوۋىچ ئانىڭىزنىڭ ئىلتىماسىغا ئاساسەن ئەۋەتكەن پۇلنىڭ ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالدى. ئۇقتىڭىزمۇ، ئەپەندى؟

— ھەئە... ئېسىمدە... ۋاخرۇشىن... — دېدى راسكولنىكوف ئويلىنىپ.

— ئاڭلىدىڭىزمۇ، ئۇ سودىگەر ۋاخرۇشىننى بىلىدىكەن، — ۋارقىرىدى رازۇمىخىن، — ئۇنى ھوش - كاللىسى جايىدا ئەمەس دېگىلى بولامدۇ؟ ئۆز گېپىمىزگە كېلەيلى، مانا ئەمدى بىلدىم، سىزمۇ قابىل ئادەم ئىكەنسىز. بەللى ياشاڭ! ئاقىلانە گەپلەرنى ھەممە ئادەمنىڭ ئاڭلىغۇسى كېلىدۇ.

— دەل شۇ كىشى، ئەپەندى، ۋاخروشىن ئافاناسى ئىۋانوۋىچ. ئالدىنقى قېتىمدا، ئانىڭىز خۇددى مۇشۇ ئۇسۇلدا ئۇنىڭ سىزگە پۇل ئەۋەتىپ بېرىشىنى ئىلتىماس قىلىۋىدى، ئۇ بۇ قېتىممۇ رەت قىلماي، ئانىڭىزنىڭ ئىلتىماسىغا ماقۇل بوپتۇ. ئالدىنقى كۈنى شۇ جايدا تۇرۇپ سېمىيون سېمىيوزوۋىچقا خەۋەر قىلىپ، سىزگە ئوتتۇز بەش رۇبلى بېرىشنى ئېيتىپتىكەن، ئەپەندى. جىمىكى ئىشىڭىز ئوڭىدىن كەلسۇن.

— «جىمىكى ئىشىڭىز ئوڭىدىن كەلسۇن»، باياتىن دېگەن گەپلىرىڭىز ئىچىدە مانا مۇشۇ گېپىڭىز ھەممىدىن تەسىرلىك گەپ بولدى. «ئانىڭىز» دېگەن گېپىڭىزمۇ يامان ئەمەس، خوش، قانداق دەيسىز، سىزنىڭچە ئۇ تولۇق ھوشىغا كەلگەندىمۇ ياكى تولۇق ھوشىغا كېلەلمىگەندىمۇ، ھە؟

— مېنىڭچىغۇ، ھېچ ئىش يوق، ئەپەندى. لېكىن، ماڭا قول قويۇپ بېرىشى كېرەك، ئەپەندى.

— ئۇ ھەرھالدا قول قويالايدۇ! دەپتىرىڭىز بارمۇ؟

— دەپتەر مانا، ئەپەندى.

— ئەكېلىڭ. قېنى، روديە، مەيدەڭنى كۆتۈرۈپ ئولتۇر. مەن يۆلەپ تۇراي. «راسكولنىكوف» دەپ قول قويۇپ بەر. قەلەمنى تۇتە. نېمىشقا دېسەڭ، بۇرادەر، بىزگە ھازىر پۇل دېگەن ئاش ـ ناندىنمۇ زۆرۈر!

— كېرەك ئەمەس، — دېدى راسكولنىكوف قەلەمنى نېرى ئىتتىرىپ.

— نېمە، كېرەك ئەمەس؟

— قول قويمايمەن.

— ھەي، تەنتەك، قول قويمىساڭ قانداق بولىدۇ؟

— ماڭا پۇل... كېرەك ئەمەس...

— پۇل كېرەك ئەمەس! ھەي، بۇرادەر، قەسەم ئىچىمەنكى، سەن جۆيلۈۋاتىسەن. سىز خاتىرجەم بولۇڭ، بۇنىڭ كارى چاغلىق... ئۇ يەنە جۆيلۈگىلى تۇردى. لېكىن، گېپىمىزگە

كەلسەڭ، ئۇ ساق ۋاقتىدىمۇ پات ـ پات مۇشۇنداق بولۇپ قالىدۇ... سىز ئەقىللىك يىگىت ئىكەنسىز، بىز ئۇنى يېتەكلىسەك بولىدۇ، دېمەكچى بولغىنىم، ئۇنىڭ قولىنى قەغەز يۈزىدە بىر يۈگۈرتىۋەتسەك ئۇ قول قويغان بولىدۇ. قېنى كېلىڭ...

— بىراق، مەن يەنە بىر كەلسەممۇ بولىدۇ، ئەپەندى.

— ياق، ياق، سىزنى يەنە ئاۋارە قىلمايلى، سىز ئەقىللىك يىگىت ئىكەنسىز... ھەي، روديە، مېھماننىڭ ۋاقتىنى ئالما... قارا، ئۇ ساقلاپ قالدى، — ئۇ راستلا قول قويدۇرماقچى بولۇپ، راسكولنىكوفنىڭ قولىنى تۇتتى.

— قولۇمنى قويۇۋەت، مەن ئۆزۈم... — دېدى راسكولنىكوف. ئۇ قەلەمنى ئېلىپ، دەپتەرگە قول قويدى. لاۋازىم پۇلنى بېرىپ چىقىپ كەتتى.

— بارىكاللا! بۇرادەر، ئازراق بىرنېمە يەپ باقامسەن؟

— يەي، — جاۋاب بەردى راسكولنىكوف.

— سىلەردە شورپا بارمۇ؟

— تۈنۈگۈنكى شورپىدىن بار، — جاۋاب بەردى ناستاسىيە، ئۇ تېخىچە شۇ يەردە ئىدى.

— بەرەڭگى بىلەن گۈرۈچ سالغانمۇ؟

— ھەئە، بەرەڭگى بىلەن گۈرۈچ سالغان.

— ماڭغۇ ياد بولۇپ كەتتى. شورپىڭىزنى ئەكېلىڭ، يەنە چايدىنمۇ ئازراق ئەكېلىڭ.

— ھازىرلا ئەكېلەي.

راسكولنىكوف بولۇۋاتقان ئىشلارغا قاتتىق ھەيران بولۇپ، بىمەنە ۋەھىمە ئىچىدە قاراپ تۇراتتى. ئۇ گەپ ـ سۆز قىلماي، بولغۇسى ئىشلارنى كۈتۈپ تۇرۇش قارارىغا كەلدى. «بىھوشلۇقۇم راست تۈگىگەن ئوخشايدۇ، — ئويلىدى ئۇ، — بۇ ئىشلار راست ئوخشايدۇ.»

ئىككى مىنۇتتىن كېيىن، ناستاسىيە شورپا كۆتۈرۈپ قايتىپ

كەلدى ۋە چاينى هازىرلا ئەكېلىمەن، دېدى. ئۇ شورپا بىلەن بىللە ئىككى قوشۇق، ئىككى تەخسە ۋە تۇز، قارىمۇچ، كالا گۆشى بىلەن قوشۇپ يېگىلى قىچا تالقىنى دېگەندەك دورا ـ دەرمەكلەرنى، يەنە باشقا بىرنېمىلەرنى ئەكىردى. مۇنداق نەرسىلەرنىڭ بۇ ئۇستەلگە رەتلىك تىزىلىپ باقمىغىنىغا خېلى زامانلار بولغانىدى. داستىخانمۇ پاكىز ئىدى.

— ناستاسىيە، ئەگەر پراسكوۋىيە پاۋلوۋنا سېنى يەنە ئىككى بوتۇلكا پىۋا كەلتۈرۈشكە بۇيرۇۋەتكەن بولسا، تازا بەلەن ئىش بولاتتى ـ دە، بىز گۆپپىدە ئىچىۋېتەتتۇق.

— ئەجەب ئۇستىكەنسىنا سەن، — دېدى ناستاسىيە غودۇڭشىپ، ئارقىدىن ئۇ رازۇمىخىن تاپشۇرغان نەرسىلەرنى ئەكىرگىلى چىقىپ كەتتى.

راسكولنىكوف تېخىچە هەيرانلىق ۋە جىددىيلىك ئىچىدە ئەتراپىغا كۆز سېلىپ ياتاتتى. رازۇمىخىن دىۋانغا ئۆتۈپ، ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. راسكولنىكوف ئۆزى بىمالال ئولتۇرالايتتى، شۇنداقتىمۇ ئۇ خۇددى ئېيىقلاردەك كالامپايلىق بىلەن راسكولنىكوفنىڭ بېشىنى سول قولىدا كۆتۈرۈپ، ئوڭ قولىدا شورپىدىن بىر قوشۇق ئالدى، ئاغزى كۆيۈپ قالمىسۇن دېگەندەك، شورپىنى بىرنەچچە قېتىم پۇۋلىۋېتىپ، ئاندىن راسكولنىكوفنىڭ ئاغزىغا ئاپاردى. شورپا ئەسلىدىمۇ ئىلمان ئىدى. راسكولنىكوف قوشۇقتىكى شورپىنى ئاچ كۆزلۈك بىلەن ئىچىۋەتتى. ئارقىدىن ئىككىنچى، ئۈچىنچىسىنىمۇ ئىچىۋەتتى. لېكىن، رازۇمىخىن ئۇنىڭغا شورپىدىن بىرنەچچە قوشۇق ئىچۈرۈپلا توختاپ قالدى ۋە يەنە ئىچۈرۈش ـ ئىچۈرمەسلىكنى زوسىموفتىن سوراپ باقاي، دېدى.

ناستاسىيە ئىككى بوتۇلكا پىۋا ئەكىردى.

— چاي ئىچەمسەن؟

— ئىچەي.

— ناستاسىيە، چاينى تېزرەك كەلتۈرۈڭ، چاينى دوختۇرنىڭ

روْخسىتىنى ئالماي ئىچىۋەرسە بولىۋېرەر دەيمەن. ھە مانا، يىۋىمۇ كىلىپ قاپتۇ ـ دە! ــ ئۇ يەنە ئورنىغا بېرىپ ئولتۇرۇپ، شورپا بىلەن كالا گۆشىنى ئالدىغا تارتتى ـ دە، خۇددى تاماق يېمىگىنىگە ئۈچ كۈن بولغاندەك، ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە باشلىدى.

ــ بۇرادىرىم رودىيە، مەن سىنىڭكىدە ھەر كۈنى مانا مۇشۇنداق تاماق يەيدىغان بولۇپ قالدىم، ــ غودۇڭشىدى ئۇ ئاغزىغا لىق تولدۇرۇۋالغان كالا گۆشىنى چايناپ تۇرۇپ، ــ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى سىنىڭ سۆيۈملۈك غوجايىنىڭ پاشېنكا قىلىۋاتىدۇ، ئۇ چىن دىلىدىن مېنى مېھمان قىلىۋاتىدۇ، ئەلۋەتتە مەن ئۇنى زورلىمىدىم، قارشىمۇ تۇرمىدىم. قارا، ناستاسىيە چاي ئەكەلدى. پۇت ـ قولى نېمىدېگەن چاققان ـ ھە! ناستېنكا①، يىۋىدىن ئىچىپ قويامسەن؟

ــ ئۆتەپ بارە، ساراڭ.

ــ ئەمىسە چايدىنچۇ؟

ــ چايدىن ئىچەي.

ــ قۇيە، توختا. ساڭا ئۆز قولۇم بىلەن قۇيۇپ بېرەي، قېنى، ئۈستەلگە كىلىپ ئولتۇر.

ئۇ دەرھال بىر ئىستاكانغا چاي قۇيدى. ئارقىدىن يەنە بىر ئىستاكانغا چاي قۇيدى، يەۋاتقان تامىقىنى تاشلاپ، دىۋانغا ئۆتۈپ ئولتۇردى ـ دە، بايىقىدەك سول قولىدا كېسەلنى بېشىدىن قۇچاقلىغىنىچە يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، قوشۇقتا چاي ئىچۈرۈشكە باشلىدى. ئۇ يەنە بايىقىدەكلا قوشۇقتىكى چاينى گويا بۇ راسكولنىكوفنىڭ سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ ئەڭ مۇھىم، ھەل قىلغۇچ چارىسىدەك توختىماستىن، ئالاھىدە قىزغىنلىق بىلەن پۈۋلەپ سوۋۇتاتتى. راسكولنىكوف ئۆزىنىڭ بىمالال ئولتۇرالىغۇدەك ماغدۇرىنىڭ بارلىقىنى، بىرەرى يۆلىمىسىمۇ دىۋاندا ئولتۇرالايدىغانلىقىنى، شۇنداقلا قوشۇق ياكى

① ناستېنكا ــ ناستاسىيەنىڭ ئەركىلەتمە ئىسمى.

ئىستاكاننى ئۆزى تۇتالايدىغانلىقىنى، ھەتتا يەرگە چۈشۈپ ماڭالايدىغانلىقىنى سېزىپ تۇرسىمۇ، بىر ئېغىز گەپ قىلمىدى، قارشىلىقمۇ قىلمىدى. لېكىن، ئۇ ئۇشتۇمتۇت غەلىتە قۇۋۋەتلىك بىلەن، كۈچ ـ ماغدۇرۇمنى ۋاقتىنچە ئاشكارىلىماي تۇراي، زۆرۈر تېپىلغاندا تېخى تولۇق ھوشۇمغا كەلمىگەن بولۇۋېلىپ، بۇ يەردە نېمە ئىشلارنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئۇقۇپ باقاي، دەپ ئويلاپ قالدى، شۇنداقتىمۇ ئۆزىدىكى يىرگىنىش تۇيغۇسىنى يېڭىپ كېتەلمىدى. ئۇ چايدىن ئون قوشۇقچە ئىچكەندىن كېيىن، بىردىنلا بېشىنى تارتىۋېلىپ، تەتۈرلۈك قىلىپ قوشۇقنى نېرى ئىتتىرىۋەتتى ـ دە، ئۆزىنى ياستۇققا تاشلىدى. ئەمدى ئۇنىڭ بېشىغا ھەقىقىي پەي ياستۇق قويۇلغان، ياستۇق قېپىمۇ پاكىز يۇيۇلغانىدى؛ ئۇ بۇنىڭغا دىققەت قىلدى ۋە كۆڭلىگە پۈكۈپ قويدى.

— بۈگۈن پاشېنكا بىزگە مالىنا مۇرابباسى①دىن ئازراق بەرگەن بولسا، ئۇنىڭغا ئازراق مالىنا سۈيى ئىچۈرسەك ئوبدان بولاتتى، — دېدى رازۇمىخىن ئۆز ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ يەنە شورپا بىلەن پىۋىغا تۇتۇش قىلىپ.

— ئۇ ساڭا مالىنانى نەدىن تېپىپ بېرىدۇ؟ — سورىدى ناستاسىيە بەش بارمىقىنى ئېچىپ كۆتۈرۈپ تۇرغان تەخسىدىكى قەنتتىن ئاغزىغا سېلىپ چاي ئىچىۋېتىپ.

— ھەي دوستۇم، مالىنانى دۇكاندىن ئالسا بولىدۇغۇ. ماڭا قارا، رودىيە، سەن ئاغرىپ قالغاندىن بۇيان، نۇرغۇن ئىشلار بولۇپ ئۆتتى. ھېلىقى كۈنى قۇيرۇق تۇتقۇزماي بىزنىڭكىدىن ئالدىراپ ـ تىنەپ كېتىپ قالدىڭ، ھەتتا نەدە تۇرۇۋاتقانلىقىڭنىمۇ دەپ بەرمىدىڭ، شۇنداق ئاچچىقىم كەلدى. خەپ توختا، سېنى نەدىنلا بولمىسۇن ئىزدەپ تېپىپ، ئەدىپىڭنى بىر بەرمىسەم، دېگەن يەرگە كەلدىم ـ دە، شۇ كۈنىلا سېنى ئىزدەشكە باشلىدىم. ھەممىلا يەرگە باردىم، سېنى سۈرۈشتۈردۇم! سېنىڭ مۇشۇ يەردە

① رۇسلار كۆپ ھاللاردا مالىنا بىلەن كېسەل داۋالايدۇ.

تۇرۇۋاتقانلىقىڭنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. لېكىن، مەن بۇ يەرنى يادىمدا تۇتۇپمۇ باقمىغان. چۈنكى، مەن بۇ يەرگە زادىلا كېلىپ باقمىغان، راست، ئىلگىرى سېنىڭ بەش بۇرجەكلىك جايدا، خارلاموفنىڭ بىناسىدا تۇرىدىغانلىقىڭنى بىلەتتىم. شۇنىڭ بىلەن ئىزدە، ئىزدە، ئاخىر خارلاموفنىڭ بىناسىنى تاپتىم. كېيىن ئۇقسام، ئۇ خارلاموفنىڭ بىناسى ئەمەس، بۇخنىڭ بىناسى ئىكەن. كۆردۇڭمۇ، ئادەملەرنىڭ بەزىدە قانچىلىك خاتا تەلەپپۇز قىلىدىغىنىنى! جان - پېنىم چىقىپ كەتتى. ئاچچىقىمدا، نېمىلا بولسا كۆرەي دەپ، ئەتىسى ئاھالىلەرنىڭ ئادرېسىنى سۈرۈشتۈرۈش ئورنىغا باردىم. قانداق بولدى دېمەمسەن، ئۇلار سېنى ئىككى مىنۇتتىلا تېپىپ بەردى. سېنىڭ ئىسمىڭ تىزىملىكتە بار ئىكەن.

— تىزىملىكتە!

— شۇ ئەمەسمۇ، مەن شۇ يەردىكى چاغدا، ئۇلار گېنېرال كوبېلوفنى ئىزدەپ، زادىلا تاپالمىدى. ھەي، دەپ كەلسەم گەپ تولا. مەن بۇ يەرگە كېلىپلا، سېنىڭ ھەممە ئىشىڭنى ئۇقتۇم، جىمىكى ئىشىڭنى ئۇقۇپ بولدۇم. بۇرادەر، ھەممىسىنى ئۇقۇۋالدىم، ھەممىسىنى بىلىۋالدىم؛ ناستاسيەمۇ كۆردى، نىكودىم فومىچ بىلەن تونۇشۇۋالدىم. بىرەيلەن ئىلىيا پېتروۋىچىنىمۇ كۆرسىتىپ قويىدى؛ ئاندىن دەرۋازىۋەن بىلەنمۇ، زامېتوف ئەپەندى بىلەنمۇ — ھېلىقى ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئىش بېجىرگۈچىسى ئالېكساندىر گرىگورىيېۋىچچۇ — ئايىغىدا پاشىنكا بىلەنمۇ تونۇشۇۋالدىم. مانا بۇ ھەممىدىن مۇھىم. مانا، ناستاسيەمۇ بىلىدۇ...

— ئاغزىنى تاتلىق قىلىپ قويۇپسەن - دە، — مۇغەمبەرلىك بىلەن كۈلۈپ غودۇڭشىدى ناستاسيە.

— ئەمدى سىزمۇ چېيىڭىزغا قەنت سېلىپ ئىچىڭ①، ناستاسيە نىكىفوروۋنا.

— ئۆتەپ بارە، يالاقچى ! — بىردىنلا ۋارقىرىدى ناستاسىيە، ئارقىدىن پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى، — مېنىڭ فامىلەم نىكىفوروۋنا ئەمەس، پېتروۋنا، — قوشۇپ قويدى ئۇ كۈلكىدىن توختىغاندىن كېيىن.

— بۇنىڭدىن كېيىن دىققەت قىلاي، ماڭا قارا، بۇرادەر، قۇرۇق گەپنى ئاز قىلاي، باشتا ئېلېكتىر كۈنۈپكىسىنى بىرلا بېسىپ، بۇ يەردىكى بىر تەرەپلىمە قاراشلارنىڭ ھەممىسىنى بىراقلا يوق قىلىۋېتەي دېۋىدىم. لېكىن، پاشېنكا ئۇتۇپ چىقتى. بۇرادەر، ئۇنىڭ شۇنچىلىك يېقىملىقلىقىنى... راستلا خىيالىمغا كەلتۈرمەپتىكەنمەن. ھە؟ سېنىڭچە قانداقراق؟

راسكولنىكوف ئۈنچىقمىدى، لېكىن ئۇ تەشۋىشلىك كۆزلىرىنى دوستىنىڭ يۈزىدىن بىرەر مىنۇتمۇ ئۈزمەستىن قاراپ ياتاتتى. ھازىرمۇ ئۇنىڭغا كۆز ئۈزمەي قاراپ يېتىۋەردى.

— راستلا كىشىنىڭ مەستلىكى كەلگۈدەك ئىكەن، — دېدى رازۇمىخىن جاۋاب ئالالمىغىنىغا ئىزامۇ تارتماي خۇددى رازىلىق جاۋابىنى ئالغاندەك سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئۇ راستلا ھەممە تەرەپتىن كىشىنىڭ مەستلىكى كەلگۈدەك ئىكەن.

— ئەسكىلىكىنى بۇنىڭ ! — يەنە ۋارقىرىۋەتتى ناستاسىيە، ئۇزايىدىن بولۇنۇۋاتقان گەپلەر ئۇنى ئېيتقۇسىز دەرىجىدە خۇشال قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى.

— لېكىن بۇرادەر، چاتاق شۇ يەردىكى، سەن ئىشنى باشتىلا خام قىلىپ قويۇپسەن. سەن ئۇنىڭغا باشقا بىر يول بىلەن يېقىنلىششىڭ كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ مىجەزىنى مۆلچەرلەش ئىنتايىن تەس ئىكەن ! لېكىن، بىز ئۇنىڭ مىجەزى توغرۇلۇق كېيىن سۆزلىشەيلى... سەن قانداق بولۇپ ئىشىڭنى شۇنچىۋالا قاتماللاشتۇرۇپ قويدۇڭ. مەسىلەن دەيلى، قانداقسىغا ئۇنى ھەتتا ساڭا تاماقمۇ بەرمەيدىغان قىلىپ قويدۇڭ؟ ئاندىن يەنە بىر گەپ.

① بۇ سۆز يۇقىرىدىكى «تاتلىق قىلىپ» دېگەن سۆزگە جاۋابەن دېيىلگەن قوش مەنىلىك سۆز.

ھېلىقى تىلخەتچۇ؟ تىلخەت بەرگىنىڭگە قارىغاندا، سەن راستىلا ساراڭ بوپسەن! يەنە بىر مىسال، ئۇنىڭ قىزى ناتالىيە ئېگوروۋنا ھايات ۋاقتىدا ئۇنىڭغا ئۆيلىنىشكە ماقۇل بوپتىكەنسەن... مەن ھەممىنى ئۇقتۇم! لېكىن، بىلىمەن، ئۇ بىر نازۇك ئىش، مەنغۇ بىر ئېشەك، مېنى كەچۈرگىن، يولى كەلگەندە ئەخمەقلىق توغرۇلۇقمۇ دېگەچ ئۆتەي، بۇرادەر، بىلەمسەن، پراسكوۋىيە پاۋلوۋنا سېنىڭ تەسەۋۋۇرۇڭدىكىدەك ئۇنچىۋالا ئەخمەق ئەمەس، شۇنداققۇ؟

— شۇنداق... — دېدى راسكولنىكوف ئۇنىڭغا قارىماي، گەپنى چىشلىرى ئارىسىدىن چىقىرىپ، ئۇ سۆھبەتنى داۋاملاشتۇرۇشنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى چۈشەندى.

— شۇنداق ئەمەسمۇ يا؟ — ۋارقىرىدى رازۇمىخىن، ئۇ راسكولنىكوفنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇش بولغانىدى، — لېكىن ئۇ ئەقىللىقمۇ ئەمەس. شۇنداقمۇ؟ ئۇنىڭ مىجەزى بەكمۇ غەلىتە! ماڭا ئىشەنگىن. بۇرادەر، بەزىدە ئۆزۈممۇ نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي قالىمەن... ئۇنىڭ يېشى قىرىقتىن كەم ئەمەس، لېكىن ئۆزى ئوتتۇز ئالتە ياشقا كىردىم دەيدۇ، ئۇ شۇنداق دېيىشكە تامامەن ھەقلىق. لېكىن، مەن ساڭا قەسەم ئىچىپ بېرەلەيمەنكى، مەن ئۇنىڭغا پۈتۈنلەي مېتافىزىكا①غا ئاساسەن ئەقلىي جەھەتتىن شۇنداق قارايمەن. بۇرادەر، بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز بەئەينى سېنىڭ ئالگېبراڭغا ئوخشاشلا ئابستراكت! مەن ئۇنى قىلچە چۈشەنمەيمەن! ھەممىسى بىلجىرلاش. ئۇ سېنىڭ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئەمەسلىكىڭنى، دەرس بېرىشنىمۇ تاشلىۋەتكەنلىكىڭنى، كىيگۈدەك كىيىملىرىڭنىڭمۇ قالمىغانلىقىنى كۆرۈپ، قىزى ئۆلگەندىن كېيىن، ساڭا بولغان تۇغقانچىلىقىدىن ئۈمىدى ئۈزۈلۈپ، بىردىنلا قورقۇپ قاپتۇ. چۈنكى، سەن ئۆزۈڭنى

① بۇ يەردە «ئابستراكت، دەستەكچىلىك، چۈشەنگىلى بولمايدىغان» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

تارتىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئىلگىرىكىدەك مۇناسىۋەت قىلمايدىغان بولۇپ قاپسەن، شۇ ۋەجىدىن ئۇ سېنى ئۆيىدىن قوغلىۋەتمەكچى بوپتۇ. ئۇ خېلى بۇرۇنلا شۇ قارارغا كېلىپ بولغانىكەن، پەقەت ھېلىقى تىلخېتىڭگە كۆزى قىيماپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۆزۈڭ ئۇنىڭغا بۇ قەرزىنى ئانام تۆلىۋېتىدۇ، دەپ ۋەدە بېرىپسەن.

— شۇ گەپنى قىلىشىمنىڭ ئۆزى شەرمەندىلىك... ئانام ئۆزى كۇنلىرىنى ئاران ئۆتكۈزىۋاتىدۇ... مەن ياتىقىمدىن قوغلىۋەتمىسۇن... تامىقىمنى بېرىپ تۇرسۇن دەپ... ئۇنىڭغا يالغان ئېيتقان، — دېدى راسكولنىكوف ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ دانىمۇدانە گەپ قىلىپ.

— توغرا، سەن ئاقىلانە ئىش قىپسەن، چاتاق شۇ يەردىكى، دەل شۇ پەيتتە، مەھكىمە مەسلىھەتچىسى ھەم سودىگەر چېباروف پەيدا بولۇپ قاپتۇ. ئۇ بولمىغان بولسا، پاشېنكا ھېچقانداق ئەقىل تاپالمىغان بولاتتى. ئۇ تولىمۇ تارتىنچاق ئايال؛ لېكىن، بىر سو-دىگەر تارتىنچاقلىق دېگەننىڭ نېمىلىكىنى ھەرگىز بىلمەيدۇ. ئەلۋەتتە، ئۇ ئالدى بىلەن قەرز ھۆججىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش-تىن ئۈمىد كۈتكىلى بولامدۇ، دەپ سورىغان. سودىگەر، بولىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ ئانىسى بار. شۇ ئانىسى ئۆزى ئاچ ئولتۇرسا ئول-تۇرىدۇكى، بىر يۈز يىگىرمە بەش رۇبلى نەپىقە پۇلىنىڭ بىر قىسمىنى ئاجرىتىپ، سۆيۈملۈك رودىيەسىنى قۇتقۇزۇپ قالىدۇ، ئۇنىڭ يەنە بىر سىڭلىسى بار. ئۇ ئاكىسى ئۈچۈن قۇل بولۇشقى-مۇ رازى بولىدۇ، دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇنىڭ ئاساسى مانا شۇ... نېمىشقا مىدىرلايسەن؟ بۇرادەر، مەن سېنىڭ ھەممە سىرىڭنى بى-لىۋالدىم، پاشېنكا بىلەن تۇغقان بولۇشۇپ يۈرگەن چاغلىرىڭدا، ئۇنىڭغا چىمىكى يۈرەك سىرىڭنى دەپ بەرگىنىڭ بىكار ئەمەس ئىكەن. مەن شۇ تاپتا ساڭا بۇ گەپلەرنى ياخشى نىيەتتە ئېيتىۋا-تىمەن... مۇنداق گەپ: سەممىمي ۋە ھېسسىياتچان ئادەم يۈرىكى-نى ھەممىلا ئادەمگە ئېچىپ كۆرسىتىۋېرىدۇ. لېكىن، بىر سودى-

گەر قۇلاق سالغاچ يەيدىغىنىنى يەۋېرىدۇ[1]، ئاخىر بېرىپ ئۇنىمۇ يەۋېتىدۇ. خوش، شۇنىڭ بىلەن پاشىنكا ھېسابىنى قايتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن سېنىڭ تىلخېتىڭنى چېباروفقا ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ. ئۇ بولسا قىلچە قورۇنماستىن قەرزنى قايتۇرۇۋېلىش تەلىپىنى رەسمىي ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ. مۇشۇ ئىشلارنى ئاڭلىغان چېغىمدا، ۋىجدان سورىقىغا قالماسلىق ئۈچۈن، چېباروفنىمۇ ئەدەپلەپ قويماقچىدىم، دەل شۇ چاغدا پاشىنكا بىلەن ئوبدانلا كېلىشىپ قالدۇق. مەن ئۇنىڭغا بۇ ئىشنى يوق قىلىۋېتىشنى تاپشۇردۇم، مەن ئىشنى تېگى ـ تەكتىدىن ھەل قىلىش ئۈچۈن شۇنداق قىلدىم. ساڭا، قەرزىنى تۆلەيدۇ، دەپ كېپىل بولدۇم، بۇرادەر، مەن ساڭا كېپىل بولدۇم، ئاڭلاۋاتامسەن؟ چېباروفنى چاقىرىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا ئون رۇبلىنى تۇتقۇزۇپ، سېنىڭ تىلخېتىڭنى قايتۇرۇۋالدۇق. مانا، ئۇنى شەرەپ بىلەن ئۆزۈڭگە تاپشۇراي، ھازىر تىلخەتسىزمۇ لەۋزىڭ ئىناۋەتلىك بولىۋېرىدۇ. مانا مال، قارىغىنا، ئۇ مېنىڭ قولۇمدا يىرتىلىپ تۇگەي دېدى.

رازۇمىخىن تىلخەتنى ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويدى. راسكولنىكوف ئۇنىڭغا لەپپىدە قاراپ قويۇپ، گەپ ـ سۆز قىلماي تام تەرەپكە قارىۋالدى. ئۇنىڭ بۇ قىلىقى ھەتتا رازۇمىخىنىمۇ ئازراق خاپا قىلىپ قويدى.

— پەمىمچە، بۇرادەر، — دېدى رازۇمىخىن بىردەمدىن كېيىن، — يەنە ئەخمىقانە ئىش قىلغان ئوخشايمەن. كۆڭلۈڭنى ئېچىلىپ قالارمىكىن دەپتىكەنمەن، قۇرۇق گەپلەرنى قىلىپ، ئىچ پۇشۇقۇڭنى چىقىرىپ قوياي دەپتىكەنمەن. نەدىن بىلەي، ئەكسىچە سېنى خاپا قىلىپ قويدۇم.

— ئەس ـ ھوشۇمنى يوقاتقان ۋاقتىمدا، بىر ئادەمنى تونۇيالمىدىم. شۇ سەنمىدىڭ ؟ — سورىدى راسكولنىكوف بىردەمدىن كېيىن، لېكىن ئۇ يەنىلا تەتۈر قاراپ يېتىۋەردى.

---

① بۇ سۆز كىرىلوفنىڭ «مۇشۇك بىلەن ئاشپەز» ناملىق مەسىلىدىن ئېلىنغان، بۇ سۆز سەن گېپىڭنى قىلىۋەر، مەنمۇ ئىشىمنى قىلىۋېرىمەن، دېگەن مەنىدە.

— ھەئە، سەن قاتتىق ئاچچىقلاپ كەتتىڭ، بولۇپمۇ مەن زامېتوفنى باشلاپ كەلگەن كۈنى.

— زامېتوفنى؟... ھېلىقى ئىش بېجىرگۈچىنىمۇ؟ ئۇنى نېمىدەپ باشلاپ كەلدىڭ؟ — راسكولنىكوف بېشىنى ئىتتىك بۇراپ، ئۇنىڭغا مىختەك قادالدى.

— نېمىشقا مۇنداق قىلىسەن. نېمىشقا مۇنداق ھولۇقىسەن؟ ئۇنىڭ سەن بىلەن تونۇشقۇسى بار ئىكەن! چۈنكى، ئىككىمىز سەن توغرۇلۇق نۇرغۇن گەپلەرنى قىلىشتۇق. شۇڭا ئۇنىڭ سەن بىلەن تونۇشقۇسى كېلىپ قالدى... بولمىسا، سەن توغرۇلۇق شۇنچە نۇرغۇن گەپلەرنى مەن نەدىن ئۇقالايتتىم؟ ئۇ تازا بەلەن يىگىتكەن، بۇرادەر، ياخشى يىگىتكەن... ئەلۋەتتە، مەلۇم نۇقتىدىن شۇنداق. ھازىر ئىككىمىز دوست بولۇپ كەتتۇق؛ ھەر كۈنى دېگۈدەك كۆرۈشۈپ تۇرىمىز. مەن مۇشۇ ئەتراپقا كۆچۈپ كەلدىم. ھە راست، سېنىڭ تېخى خەۋىرىڭ يوق - ھە؟ يېڭىلا كۆچۈپ كەلدىم. ئۇنىڭ بىلەن بىللە لاۋىزانىڭكىگە ئىككى قېتىم باردۇق... لاۋىزا ئىۋانوۋنا ھېلىمۇ يادىڭدىمۇ؟

— مەن جۆيلۈدۈممۇ؟

— جۆيلۈمەيچۇ! ئەقىل - ھوشۇڭنى يوقاتقان تۇرساڭ.

— نېمە دەپ جۆيلۈدۈم؟

— يا پەرۋەردىگار! نېمە دەپ جۆيلۈدۈم دەمسەن؟ بۇ ئېنىقلىغۇ، ئادەتتە ئادەملەر قانداق جۆيلۈسە سەنمۇ شۇنداق جۆيلۈدۈڭ... بولدىلا، بۇرادەر، ۋاقىتنى ئىسراپ قىلمىۋەرمەي ئىشىمىزنى قىلايلى.

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، قالپىقىنى قولىغا ئالدى.

— مەن نېمە دەپ جۆيلۈدۈم؟

— ئەستا، ئۆرۈلۈپمۇ چۆرۈلۈپمۇ سوراۋەردىڭا! بىرەر سىرىمنى ئاشكارىلاپ قويدۇممىكىن دەپ ئەنسىرەۋاتامسەن يا؟ ئەنسىرىمە، گىراف ئايىم توغرۇلۇق بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدىڭ، لېكىن ئاللىقانداق بىر پىستە توغرۇلۇق، قانداقتۇر

ھالقا، زەنجىرلەر توغرۇلۇق، كىرىستوف ئارىلى، يەنە قانداقتۇر بىر دەرۋازىۋەن توغرۇلۇق، ئاندىن نىكودىم فومىچ توغرۇلۇق، ساقچى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىلىيا پېترووۋىچ توغرۇلۇق بەك جىق سۆزلەپ كەتتىڭ. بۇلاردىن تاشقىرى يەنە پايپېقىڭغا ئالاھىدە قىزىقتىڭ ئىنتايىن قىزىقتىڭ! تىنماي «پايپېقىمنى تېپىپ بېرىڭلار» دەپ يىلىنىدىڭ. زامېتوف پايپېقىڭنى ئۆيىنىڭ جىمىكى بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدىن ئىزدىدى. كېيىن ئۇ پاسكىنا بىرنېمىنى ئەتىر سۈيىدە يۇيۇلغان، ئۈزۈكلەر سېلىنغان قولى بىلەن ساڭا ئېلىپ بەردى. سەن شۇندىلا ئاندىن ئارام تاپتىڭ ۋە شۇ يىرتىق پايپاقنى تۇپتوغرا بىر كېچە - كۈندۈز چىڭ سىقىمداپ ياتتىڭ، ئۇنى قولۇڭدىن تارتىپمۇ ئالالمىدۇق. ئۇ ھېلىمۇ يوتقىنىڭنىڭ ئىچىدە بولسا كېرەك. ئارقىدىن يەنە شىمىڭنىڭ يىرتىقىدىن قىرقىۋېتىلگەن پۇرۇچنى سورىدىڭ، سورىغاندىمۇ يىغلاپ تۇرۇپ سورىدىڭ! ئۇ زادى قانداق بىرنېمە بولغىيدى، دەپ بەكمۇ بىلگۈمىز كەلدى. لېكىن، زادىلا چۈشىنەلمىدۇق... خەيرىيەت. ئەمدى ئىشىمىزگە كېلەيلى! مانا ئوتتۇز بەش رۇبلى پۇل، مەن ئۇنىڭدىن ئون رۇبلىنى ئېلىپ، ئىككى سائەتتىن كېيىن، ساڭا تەپسىلىي ھېسابىنى بېرىمەن. يول ئۈستىدە زوسىموفقا يولۇققاچ ئۆتىمەن. ئۇ بۇ چاغقىچە كېلىشى كېرەك ئىدى. چۈنكى، سائەت ئون بىردىن ئېشىپتۇ. ناستىنكا، مەن كەلگۈچە ئۇنىڭدىن پات - پات خەۋەر ئېلىپ تۇرۇڭ. سۇ ئىچىمەن دەپ قالامدۇ، باشقا بىرنېمىنى سوراپ قالامدۇ، دېگىنىنى قىلىپ بېرىڭ. كېرەكلىك نەرسىلەر بولسا، مەن ھازىرلا بېرىپ پاشېنكاغا دەپ قويىمەن. خوش ئەمىسە!

— پاشېنكا دەپ كەتكەنلىرىنى تېخى! ۋاي ھىيلىگەر! — دېدى ناستاسىيە ئۇنىڭ كەينىدىن؛ ئارقىدىن ئىشىكنى قىيا ئېچىپ پەسكە قۇلاق سالدى، لېكىن تاقەت قىلالماي، يۈگۈرگىنىچە پەسكە چۈشۈپ كەتتى. رازۇمىخىنىنىڭ غوجايىن ئايالغا نېمىلەرنى دەيدىغانلىقىنى ئۇنىڭ بەكمۇ بىلگۈسى

كېلەتتى. قىسقىسى، ئۇ رازۇمىخىنغا مەپتۇن بولۇپ قالغانىدى.

ئۇ ئۆيدىن چىقىپ ئىشىكنى يېپىشىغا، راسكولنىكوف دەرھال يوتقاننى قايرىۋېتىپ، خۇددى ساراڭدەك ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. ئۇ ئۆز ئىشىنى قىلىۋېلىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ پاتراق چىقىپ كېتىشىنى تەقەززالىق ۋە بىزارلىق بىلەن ساقلاپ ياتقانىدى. لېكىن، ئۇ نېمە قىلماقچىدى، نېمە ئىشنى قىلماقچىدى؟ گويا ئۇنىڭ بىلەن قېرىشقاندەك، قىلماقچى بولغان ئىشى ئۇنىڭ يادىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ. «يا پەرۋەردىگار! ئۆزۈڭ دىلىمغا سالغىن. ھېلىقى ئىشلارنى ئۇلار بىلمەيدىغاندۇ؟ ناۋادا ئۇلار بىلىپ تۇرۇپ بىلمەسكە سېلىپ، ئاغرىپ ياتقىنىمدا ئەخمەق تاپقان بولسا، كېيىن تۇيۇقسىز كىرىپ كېلىپ ماڭا: بىز ئاللىبۇرۇنلا بىلەتتۇق. ئەتەي شۇنداق قىلدۇق، دېيىشىسچۇ... مەن ھازىر قانداق قىلىشىم كېرەك؟ ئەتەي قىلىۋاتقاندەك ماۋۇ ئىشنىڭ يادىمدىن چىقىپ كەتكىنىنى قارىمامدىغان. بىردىنلا ئۇنتۇپ قالدىم، بولمىسا، ھېلىلا يادىمدا بار ئىدى.

ئۇ ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇۋېلىپ ئازاب ۋە تىت ـ تىتلىق ئىچىدە ئەتراپىنى ھەممە نېمىگە قاراپ چىقتى: ئىشىك ئالدىغا كېلىپ ئىشىكنى ئاچتى ـ دە، تۆۋەنگە قۇلاق سېلىپ باقتى. ياق. ئۇنىڭ قىلماقچى بولغان ئىشى بۇ ئەمەس. بىردىنلا ئۇ نېمىنىدۇر يادىغا ئالغاندەك، ئالمان ـ تالمان تام قەغىزىنىڭ كەينىدىكى كامارنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى. ئۇ كامارغا قولىنى تىقىپ سىلاشتۇرۇپ باقتى. لېكىن، ئۇنىڭ قىلماقچى بولغان ئىشى بۇمۇ ئەمەس ئىدى. ئۇ ئەمدى مەشنىڭ ئالدىغا بېرىپ، مەشنىڭ ئاغزىنى ئاچتى ـ دە، ئىچىدىكى كۈلنى مالتىلاشقا باشلىدى. شىمنىڭ يىرتىقىدىن قىرقىپ ئېلىنغان پۇرۇچ بىلەن چاپىنىدىن يىرتىپ ئېلىنغان يانچۇق ئەستىرى ھېلىمۇ شۇ يەردە تۇرۇپتۇ. بۇلارنىڭ ئۆزى تاشلاپ قويغان پېتى تۇرغىنىغا قارىغاندا، ھېچكىمنىڭ كۆرمىگەنلىكى ئېنىق! دەل شۇ چاغدا

بايا رازۇمىخىن گېپىنى قىلىپ بەرگەن پايپاق ئېسىگە كەلدى. راست، پايپاق دىۋاندىكى تۆشەكنىڭ ئىچىدە، لېكىن پايپاق شۇنچىلىك كونىراپ كىرلىشىپ كەتكەنىدىكى، زامېتوفنىڭ ئۇ پايپاقتىن بىرەر نېمىنى بايقىيالىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

«ئاپلا! زامېتوف!... ساقچى ئىدارىسى!... ئۇلار مېنى ساقچى ئىدارىسىگە نېمە ئىش بىلەن چاقىرىشقاندۇ؟ چاقىرىق قەغىزى نەدىدۇ؟ ئەستا!... ئارىلاشتۇرۇۋەتتىم. مېنى ئۇلار ئۆتكەندە چاقىرتقان. مەن شۇ چاغدا پايپىقىمنى تەكشۈرگەن، هازىرچۇ... هازىر مەن ئاغرىق. ئۇنداقتا زامېتوف بۇ يەرگە نېمە ئىش بىلەن كەلگەندۇ؟ ئۇنى رازۇمىخىن نېمىشقا باشلاپ كەلگەندۇ؟ — ماغدۇرسىز پىچىرلىدى ئۇ يەنە دىۋانغا ئولتۇرۇپ، — نېمە ئىشتۇ بۇ؟ مەن هېلىمۇ بىهوشتىمەنمۇ ياكى بۇ ئىشلار راستىمىدۇ؟ راستەكمۇ قىلىدۇ... هە راست، ئەمدى يادىمغا كەلدى: قېچىشىم كېرەك! تېزرەك قېچىشىم كېرەك، چوقۇم، چوقۇم قېچىشىم كېرەك! توغرا... لېكىن نەگە قاچىمەن؟ كىيىملىرىم قېنى؟ ئۆتۈكۈم يوقتۇ! هەممىنى ئەكېتىپتۇ! تىقىپ قويۇپتۇ! چۈشىنىشلىك! هە راست، پەلتويۇم بۇ يەردىكەن، ئۇنى كۆرمەي قاپتۇ - دە. خۇداغا شۈكۈر. پۇللار ئۈستەلدە تۇرۇپتۇ! مۇددەتلىك قەرز پۇل قەغىزىمۇ بار ئىكەن... پۇلنى ئېلىپ، باشقا يەردىن ئىجارىگە ئۆي ئالىمەن، ئۇلار مېنى تاپالمايدۇ! ... توغرا، ئادرېس سۈرۈشتۈرۈش ئورنى بارغۇ؟ ئۇلار مېنى تېپىۋالىدۇ، رازۇمىخىن مېنى تېپىۋالىدۇ. ئەڭ ياخشىسى يىراققا كېتەي... يىراق بىر جايغا، ئامېرىكىغا قېچىپ كېتەي، ئۇلار ئامالسىز قالىدۇ! مۇددەتلىك قەرز پۇل قەغىزىنىمۇ ئېلىۋالاي... ئۇ يەردە ئەسقېتىپ قالىدۇ... يەنە نېمىلەرنى ئېلىۋالسام بولار؟ ئۇلار مېنى ئاغرىق دەپ قېلىشتى! ئۇلار مېنىڭ ماڭالايدىغانلىقىمنى بىلمەيدۇ، هى - هى - هى... مەن ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن هەممە ئىشنى ئۇقۇپ قالغانلىقىنى بىلىپ

قالدىم ! پەقەت پەلەمپەيدىن چۈشۈۋالسىلا بولاتتى. لېكىن، ئۇ يەرگە قاراۋۇللارنى، ساقچىلارنى قويۇپ قويۇشقان بولۇشىمۇ؟ بۇ نېمىدۇ؟ چايمىدۇ؟ ھە، ئېشىپ قالغان پۇلكەن، يېرىم بوتۇلكا، مۇزدەككەن !»

ئۇ بوتۇلكىدىكى لىق بىر ئىستاكان چىققۇدەك پىۋىنى گويا يۈرىكىدە يېنىۋاتقان ئوتنى ئۆچۈرمەكچى بولغاندەك غورتۇلدىتىپ بىراقلا ئىچىۋەتتى. لېكىن، ئارىدىن بىر مىنۇت ئۆتەر ـ ئۆتمەيلا پىۋىنىڭ كۈچى ئۇنىڭ بېشىغا چىقتى، تولىمۇ يېنىك ۋە يېقىملىق بىر سوغۇقلۇق ئۇنىڭ دۈمبىسىنى چىمىرلىتىپ ئۆتتى. ئۇ يېتىپ يوتقاننى يېپىندى. ئۇنىڭ ئەسلىدىلا ئاغرىق ھالىتىدىكى تەرتىپسىز پىكىرلىرى تېخىمۇ قالايمىقانلىشىشقا باشلىدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنى ناھايىتى يېنىك ۋە ئارامبەخش ئۇيقۇ ئىلكىگە ئالدى. ئۇ راھەتلىنىپ ياستۇققا باش قويدى ـ دە، كونىراپ كەتكەن پەلتوسىنىڭ ئورنىغا يۇمشاققىنا پاختىلىق يوتقاننى ھىم يېپىنىپ، ئاستاغىنا خورسىندى ۋە قاتتىق، شېرىن ئۇيقۇغا كەتتى.

ئۇ ئۆيگە كىمنىڭدۇر كىرگەنلىكىنى ئاڭلاپ ئويغىنىپ كەتتى ۋە كۆزىنى ئېچىپلا رازۇمىخىننى كۆردى. رازۇمىخىن ئىشىكنى ئۇلۇغ ئېچىپ قويۇپ، ئۆيگە كىرەيمۇ ـ كىرمەيمۇ دەپ ئىككىلىنىپ ئىشىك ئالدىدا تۇراتتى. راسكولنىكوف دەرھال بېشىنى كۆتۈرۈپ، نېمىنىدۇر يادىغا كەلتۈرمەكچى بولۇۋاتقاندەك، ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ قالدى.

— ھە، ئۇخلىماپتىكەنسەن ـ دە، مانا مەن كەلدىم ! ناستاسىيە، قېنى، بولاقنى ئەكىلىڭا ! — ۋارقىرىدى رازۇمىخىن پەسكە قاراپ، — مەن ھازىرلا ساڭا ھېساب بېرىمەن.

— سائەت نەچچە بولدى؟ — سورىدى راسكولنىكوف ئەتراپىغا ئەلەڭلەپ قاراپ.

— ناھايىتى تاتلىق ئۇخلىۋالدىڭ، بۇرادەر، قاش قارايدى. سائەت ئالتە بولاي دېدى، ئالتە سائەتتىن ئارتۇقراق ئۇخلىدىڭ...

— يا پەرۋەردىگار، ماڭا نېمە بولغاندۇ !...

— ئۇخلىساڭ نېمە بوپتۇ؟ قانغۇدەك ئۇخلىۋال! نەگە ئالدىرايتتىڭ؟ بىرەرى بىلەن ئۇچرىششقا ۋەدە بېرىپ قويغانمىدىڭ يا؟ هازىر پۈتۈن ۋاقتىمىز ئۆزىمىزنىڭكى. سېنى ساقلاۋاتقىنىمغا ئۈچ سائەت بولدى؛ مەن ئىككى قېتىم كەلسەم، ئۇخلاۋېتىپتىكەنسەن، زوسىموفنى ئىزدەپ ئىككى قېتىم بېرىپ كەلدىم. ئۇ ئۆيىدە يوقكەن! هېچقىسى يوق. ئۇ كېلىدۇ!... مەن يەنە چىقىپ ئۆزۈمنىڭ بەزى ئىشلىرىمنى پۈتكۈزۈۋالدىم. بىلەمسەن، مەن بۈگۈن كۆچۈپ كەلدىم، پۈتۈنلەي كۆچۈپ كەلدىم. تاغام بىلەن بىللە، هازىر تاغام مەن بىلەن بىللە تۇرىدۇ... بولدى بۇنى قويۇپ تۇرايلى، ئۆز ئىشىمىزغا كېلەيلى. بولاقنى ماڭا بەرگىنە، ناستىنكا. بىز هازىرلا... ئۆزۈڭنى قانداقراق سېزىۋاتىسەن، بۇرادەر؟
— مەن ساپساق، ئاغرىقىم يوق... رازۇمىخىن، بۇ يەرگە كەلگىنىڭگە قانچە ئۇزۇن بولدى؟
— مەن ساڭا ئېيتتىمغۇ، ئۈچ سائەتتىن بۇيان ساقلاۋاتىمەن دەپ.
— ياق، ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكىسىنى دەيمەن.
— ئىلگىرىكىسىنى دېگىنىڭ نېمە دېگىنىڭ؟
— قاچاندىن بۇيان مېنىڭ يېنىمدا تۇرۇۋاتىسەن دەۋاتىمەن؟
— مەن ساڭا بايىلا دەپ بېرىۋىدىمغۇ، يادىڭدىن چىقىرىپ قويدۇڭمۇ؟
راسكولنىكوف ئويلىنىپ قالدى. بايا بولغان ئىشلارنى ئۇ خۇددى چۈشىدىكىدەك خىرە - شىرەلا ئېسىگە ئالالىدى. هازىر ئۇ يالغۇز ئۆزى هېچنېمىنى ئېسىگە ئالالماي، رازۇمىخىنغا سوئال نەزىرىدە قارىدى.
— هىم! — دېدى رازۇمىخىن، — ئۇنتۇپ قاپسەن - دە، بايا ئۆزۈممۇ سەزگەن؛ سەن تېخى تولۇق... مانا ئەمدى بىر ئۇخلاپ قوپۇپ ساقىيىپسەن. راست، چىرايىڭ خېلى تۈزۈلۈپ قاپتۇ. يارايسەن! قېنى ئەمدى ئۆز ئىشىمىزغا كېلەيلى! هازىرلا ئېسىڭگە كېلىدۇ. مانا، بۇياققا قارا. سادىغاڭ كېتەي دوستۇم.

ئۇ بولاقنى يېشىشكە باشلىدى، ئۇنىڭ بۇ بولاققا ئىنتايىن قىزىقىۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپلا تۇراتتى.

— ئىشىنەمسەن، بۇرادەر، بۇ مېنىڭ كۆڭلۈمگە پۈكۈپ يۈرگەن ئىشىم ئىدى. بىز سېنى ئادەم سىياقىدا كىيىندۈرىمىز. قېنى كېلە، بېشىڭدىن باشلايلى، مانا قارا، بۇ كەتمەن شەپكە قانداقراق ئىكەن؟ — دېدى ئۇ بولاقنىڭ ئىچىدىن خېلىلا چىرايلىق، لېكىن تولىمۇ ئاددىي ۋە ئەرزان شەپكىنى ئېلىپ، — كىيدۈرۈپ بېقىشىمغا رۇخسەت قىل، بولامدۇ؟

— كېيىنرەك كىيىپ باقاي، كېيىنرەك، — دېدى راسكولنىكوف بىزار بولغاندەك قولىنى شىلتىپ.

— ياق، بۇرادەر رودىيە، قارشىلاشما، كېيىنچە دېسەڭ كېچىكىمىز؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە، كېچىچە ئۇخلىيالمايمەن. چۈنكى، ئۆلچەم بولمىغاچقا، تەۋەككۈلىگە ئالدىم. تازا دەل كەلدى! — ۋارقىرىدى ئۇ كىيدۈرۈپ بېقىپ مەمنۇن بولۇپ، — ساڭا خۇددى ئۆلچىگەندەكلا كەلدى، بۇرادەر. بىر ئادەمنىڭ كىيىمى ئىچىدە ئەڭ مۇھىمى باش كىيىم. سېنىڭ قانداق ئادەملىكىڭ باش كىيىمىڭدىن بىلىنىپ تۇرىدۇ. دوستۇم تولستياكوف كىشىلەر شىلەپە ياكى شەپكە كىيىپ بارىدىغان جامائەت سورۇنلىرىغا بېرىپ قالسا، دائىم باش كىيىمنى قولىغا ئېلىۋالىدۇ. باشقىلار ئۇنى ئىتائەتچانلىقتىن شۇنداق قىلسا كېرەك دەپ ئويلىشىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ قاغىنىڭ چاڭگىسىغا ئوخشايدىغان باش كىيىمنى باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن خىجىل بولۇپ شۇنداق قىلىدۇ. ئۇ ئەنە شۇنداق ئۇياتچان ئادەم! كەلگىنە، ناستىنكا، مانا بۇ ئىككى باش كىيىم، بىرسى پالمېرستون① (ئۇ راسكولنىكوفنىڭ تولا كىيىلىپ ئىسكەتىنى يوقاتقان يۇمىلاق شىلەپىسىنى

---

① پالمېرستون (1784 — 1865) — ئەنگلىيەنىڭ 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ياشىغان دۆلەت ئەربابى. ۋىگ پارتىيەسىنىڭ ئاتامانى. ئىلگىرى بىر خىل ئەرەنچە پەلتو شۇنىڭ نامىدا ئاتىلاتتى. 19 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىنىڭ بېشىدا مۇنداق پەلتولار مودىدىن قالدى. رازۇمىخىن راسكولنىكوفنىڭ شىلەپىسىنى مانا شۇ ۋەجىدىن پالمېرستون دەپ ئاتايدۇ.

بۇلۇڭدىن ئالدى ۋە نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنى پالمېرستون دەپ ئاتىدى)، يەنە بىرسى ناھايىتى نازۇك باش كىيىمى، ساڭا قايسىسى ياقىدۇ؟ رودىيە، ئۆزۈڭ مۆلچەرلەپ باققىنا، مەن بۇ شەپكىنى قانچىگە ئالغاندىمەن؟ ناستاسيۇشكا، قېنى سەن دەپ باققىنا؟ — ناستاسيەگە خىتاب قىلدى ئۇ راسكولنىكوفنىڭ جاۋاب بەرمىگەنلىكىنى كۆرۈپ.

— يىگىرمە كوپېيككە ئالغانسەن، — جاۋاب بەردى ناستاسيە.

— يىگىرمە كوپېيككە دەمسەن، ھەي ئەخمەق! — ۋارقىرىدى ئۇ ئاچچىقلاپ، — ھازىر يىگىرمە كوپېيككە سەنمۇ رازى بولمايسەن، سەكسەن كوپېيك! يەنە كېلىپ كونا بولغاچقا شۇنداق ئالدىم. توغرا، يەنى شۇنىڭغىمۇ كېلىشتۇق: بۇنى كىيىپ كونىرىتىۋەتسەڭ، كېلەر يىلى ساڭا يەنە بىرنى ھەقسىز بېرىدۇ، راست شۇنداق! قېنى، ئەمدى بىز ئامېرىكا قوشما ئىشتاتلىرىغا كېلەيلى. بىز ئوتتۇرا مەكتەپتە شۇنداق دېيىشەتتۇق①. ئالدىنئالا ئېيتىپ قوياي، مەن بۇ شىمدىن ئىنتايىن پەخىرلىنىمەن، — ئۇ كۇل رەڭ شېرىستىن تىكىلگەن يازلىق شىمنى ئېچىپ راسكولنىكوفقا كۆرسەتتى، — يىرتىقى يوق، داغلىرىمۇ يوق، كونىراق بولسىمۇ، خېلىلا تۈزۈك. ئوخشاش جىلىتكىدىن بىرنى سەپلىسەڭ، رەڭگىمۇ ئوخشاش بولسا، تازا مودا بولۇپ كېتىدۇ. ئەمدى كىيىلگەنلىكىگە كەلسەك، راستىنى ئېيتقاندا، شۇ ياخشىراق، تېخىمۇ يۇمشاق، تېخىمۇ سىلىق بولىدۇ... بىلەمسەن، رودىيە، بۇ دۇنيادا بىرەر ئىش قىلاي دېسەڭ، پەسىللەرگە دائىم دىققەت قىلىپ تۇرۇشۇڭ كېرەك. ئەگەر 1 ـ ئايدا سەرەبىل سوراشتىن ئۆزۈڭنى تارتساڭ، بىرنەچچە رۇبلى پۇلۇڭ يانچۇقۇڭدا قالىدۇ. بۇ قېتىم نەرسە ـ كېرەك سېتىۋالغىچىمۇ شۇنداق قىلدىم. ھازىر ياز پەسلى، شۇڭلاشقا مەن ساڭا يازلىق

---

① «ئامېرىكا قوشما ئىشتاتلىرى»دىكى ئىشتات دېگەن سۆز رۇس تىلىدىكى ئىشتان، يەنى شىم دېگەن سۆزگە ئاھاڭداشراق بولغاچقا شۇنداق دەيدۇ.

نەرسىلەرنى ئالدىم. كۆزدە ئىسسىقراق كىيىملەرنى كىيىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇلارنى بەرىبىر تاشلىۋېتىسەن... ئۇ چاغقىچە بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۈزلۈكسىدىن يوقىلىدۇ ياكى ئۆزلۈكىدىن كىيگەنلىكىڭدىن، ياكى ئۆزىنىڭ بوشلۇقىدىن يىرتىلىدۇ. خوش، ئەمدى مۆلچەرلەپ باققىنا، سېنىڭچە بۇ قانچە پۇلغا يارايدۇ؟ ئىككى رۇبلى يىگىرمە بەش كوپېيك! ئېسىڭدە بولسۇن، بۇنىمۇ بايا دېگەن شەرت بىلەن ئالدىم، بۇنى كىيىپ كونىرىتىۋەتسەڭ، كېلەر يىلى يەنە بىرنى پۇلسىز ئالىسەن. فېدياييفنىڭ دۇكىنى مۇشۇنداق قائىدە بويىچە سودا قىلىدۇ: بىر قېتىم پۇل خەجلىسەڭ، پۈتۈن ئۆمرۈڭگە يېتىدۇ. چۈنكى، سەن ئىككىنچى رەت بېرىپ يۈرمەيسەن. خوش، ئەمدى بىز ئۆتۈكنى كۆرۈپ باقايلى، قانداقراق ئىكەن؟ كونىلىقى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ، شۇنداقتىمۇ يەنە ئىككى ئاي كىيگىلى بولىدۇ، چۈنكى بۇ چەت ئەلدە تىكىلگەن. چەت ئەلنىڭ مېلى. ئەنگلىيە باش ئەلچىخانىسىنىڭ كاتىپى ئالدىنقى ھەپتىدە پېت بازىرىدا ساتقان. بار - يوق ئالتە كۈن كىيىپتۇ. كېيىن پۇلغا موھتاج بولۇپ قاپتۇ. باھاسى بىر رۇبلى ئەللىك كوپېيك. مۇۋاپىق بوپتىمۇ؟

— پۈتىغا لايىق كەلمەسمىكىن! — دېدى ناستاسىيە.

— لايىق كەلمەسمىكىن! مانا بۇ نېمە؟ — ئۇ يانچۇقىدىن راسكولنىكوفنىڭ قوپال، لايغا مىلىنىپ كەتكەن يەكپاي ئۆتۈكىنى ئالدى، — مەن بۇنى ئالغاچ بارغان، ئۇلار بۇ ئاجايىباتقا قاراپ لايىق ئۆلچەمدىكىنى تېپىپ بەردى. بۇ ئىش پۈتۈنلەي چىن دىلدىن بېجىرىلدى. ئىچ كىيىملەرگە كەلسەك، ئۇنى غوجايىن ئايال بىلەن كېلىشىۋالدۇق. ئالدى بىلەن مانا بۇ ئۈچ كۆڭلەك، بوز رەختتىن تىكىلگەن بولسىمۇ، مەيدىسىنىڭ شەكلى مودىلىق بولۇشى كېرەك... شۇنداق قىلىپ، شەپكە سەكسەن كوپېيك، باشقا كىيىملەر ئىككى رۇبلى يىگىرمە بەش كوپېيك، جەمئىي ئۈچ رۇبلى بەش كوپېيك، ئۆتۈك بىر رۇبلى ئەللىك كوپېيك، ئۆتۈك بەك ياخشى، جەمئىي تۆت رۇبلى

ئەللىك بەش كوپېيىك. بارلىق ئۈچ كىيىم بەش رۇبلى — بۇنى توپ باھادا ئالدۇق — شۇنداق قىلىپ، ھەممىسى بولۇپ توققۇز رۇبلى ئەللىك بەش كوپېيىك. قالغىنى قىرىق بەش كوپېيىك. ھەممىسى بەش كوپېيىكلىق مىس پۇل. مانا ئال. رودىيە، ھازىر ھەممە كىيىمىڭ پۈتۈن بولدى. مېنىڭچە پەلتويۇڭنى يەنە بىر مەزگىل كىيگىلى بولىدۇ. تېخى ئۇ ئالاھىدە سالاپەتلىك كۆرسىتىدۇ. بۇ، كىيىمنى شارمېر① كىيىم ـ كېچەك دۇكىنىدا بۇيرۇتۇپ تىكتۈرگەننىڭ پايدىسى! پايپاق ۋە باشقا نەرسىلەرگە كەلسەك، ئۇلارنى ئۆزۈڭ ئېلىۋالارسەن؛ يەنە يىگىرمە بەش رۇبلى پۇلىمىز بار. پاشېنكا بىلەن ئۆينىڭ ئىجارىسىنى تۆلەشتىن غەم قىلىپ كەتمە؛ بايا ساڭا دېدىم، ئىناۋەتلىك قەرز مۇددەتسىز بولىدۇ. بۇرادەر، ئەمدى ئىچ كىيىملىرىڭنى يۆتكىۋېتەيلى، بولمىسا، كېسەللىك ئاشۇ كىيىملىرىڭگە يوشۇرۇنۇۋالغان بولۇشى مۇمكىن...

— قولۇمنى قويۇۋەت! يۆتكىمەيمەن! — دېدى راسكولنىكوف قولىنى شىلتىپ. ئۇ رازۇمىخىننىڭ كىيىم ـ كېچەك سېتىۋېلىش توغرىسىدىكى چاقچاق ئارىلاش جىددىي دوكلاتىغا بىزارلىق بىلەن قۇلاق سېلىپ ئولتۇرغانىدى.

— ئۇنداق قىلساڭ بولمايدۇ، بۇرادەر، تاپانلىرىم بىكارغا تېشىلمىدى مېنىڭ! — دېدى رازۇمىخىن گېپىدە چىڭ تۇرۇپ، — ناستاسيۇشكا، ئۇيالماڭ. ياردەملىشىۋېتىڭ، مانا مۇنداق! — ئۇ راسكولنىكوفنىڭ قارشىلىق قىلغىنىغا قارىماي، ئۇنىڭ ئىچ كىيىملىرىنى يەڭگۈشلىدى، راسكولنىكوف دۈم يېتىۋېلىپ، بىر ـ ئىككى مىنۇتقىچە گەپ ـ سۆز قىلمىدى.

«ئەمدى ئۇلاردىن قۇتۇلمىقىم تەس ئوخشايدۇ» ئويلىدى ئۇ.

— بۇ نەرسىلەرنى نەدىكى پۇلغا ئالدىڭ؟ — ئاخىر سورىدى ئۇ تام تەرەپكە قاراپ.

---

① شارمېر — شۇ چاغدا پېتېربۇرگتا تۇرۇۋاتقان فىرانسىيەلىك مەشھۇر تىككۈچى.

— نەدىكى پۇلغا؟ ئەستا ! سىنىڭ پۇلۇڭغا ئالدىم. بايا بىر لاۋازىم كەلدى. ۋاخىرۇشىن ئەۋتىپتۇ. ئاناڭ پۇل ئەۋەتىپتۇ. ئەجەبا، سەن شۇنىمۇ ئۇنتۇپ قالغان بولساڭ؟

— ئەمدى يادىمغا كەلدى... — غودۇڭشىدى راسكولنىكوف خىلى ئۇزۇنغىچە قاپىقىنى تۈرۈپ ئويلىنىپ. رازۇمىخىن قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، بىئاراملىق ئىچىدە ئۇنىڭغا قاراپ قويدى.

ئىشىك ئېچىلىپ، ئېگىز بويلۇق، تولۇقىنا كەلگەن بىر ئادەم كىرىپ كەلدى. بۇ ئادەم راسكولنىكوفقا ئازراق تونۇشتەك بىلىندى.

— زوسىموف، ھەر نېمە بولسا كەلدىڭ ! — دېدى رازۇمىخىن خۇشال كۈلۈپ.

## 4

زوسىموف ئېگىز بويلۇق، تولۇقىنا كەلگەن، قانسىز يۈزلىرى سەل ھوۋۇقان بىر كىشى ئىدى. ساقاللىرىنى پاكىز قىرغان، ئاق سېرىق چاچلىق بۇ ئادەم كۆزگە كۆز ئەينەك تاقاپ، سېمىزغىنا بارمىقىغا يوغان ئالتۇن ئۈزۈك تاقىۋالغان، ئۆزى يىگىرمە يەتتە ياشلارغا بېرىپ قالغانىدى. ئۇچىسىغا كەڭ تىكىلگەن چىرايلىققىنا يەڭگىل پەلتو، رەڭگى سۇسراق كەلگەن يازلىق شىم كىيگەنىدى. كىيىملىرى كەڭ، زامانغا لايىق، يېڭى ئىچ كىيىملىرى ئازادە، سائەت بېغى قېلىن ۋە ئېغىر ئىدى. ئۇ خۇددى ئېرىنچەك ئادەملەردەك ئاستا ھەرىكەت قىلاتتى. لېكىن، ئۆزىنى ئەركىن تۇتۇۋاتقاندەك كۆرۈنۈشكە، ئۆزىگە تەمەننا قويىدىغانلىقىنى يوشۇرۇشقا قاتتىق تىرىشىسىمۇ، يەنە بىرە — بىرە چاندۇرۇپ قوياتتى. تونۇيدىغانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى تەبىئىتى ئېغىر، ئەمما ئۆز ئىشىغا پۇختا ئادەم دېيىشەتتى.

— بۇرادەر، سىنى ئىككى قېتىم ئىزدەپ باردىم... قارا، ئۇ ھوشىغا كەلدى ! — دېدى رازۇمىخىن ۋارقىراپ.

— كۆردۇم، كۆردۇم؛ ھازىر قانداقراق تۇرىسىز؟ — سورىدى زوسىموف راسكولنىكوفتىن. ئۇنىڭغا ئىنچىكىلەپ سەپسىلىپ. ئۇ شۇئان راسكولنىكوفنىڭ ئاياغ تەرىپىگە ئۆتۈپ دىۋاندا ئولتۇردى ـ دە، ئىلاجىنىڭ بارىچە قولايلىقراق جايلىشىۋالدى.

— ھازىرغىچە كۆڭلى ئېچىلمايۋاتىدۇ، — داۋام قىلدى رازۇمىخىن، — بايا ئۇنىڭ كۆڭلەكلىرىنى يۆتكەپ قويۇۋىدۇق. ئۇ يىغلىۋەتكىلى قىل قالدى.

— بۇ ئەلۋەتتە چۈشىنىشلىك، ئۆزى خالىمىغان بولسا، كېيىنرەك يۆتكىسەڭلارمۇ بوپتىكەن... تومۇرىنىڭ سوقۇشى ياخشى. بېشىڭىز ئازراق ئاغرىپ تۇرۇۋاتامدۇ ھە؟

— مەن ساق، مەن ساپساق ! — دېدى راسكولنىكوف تەتۈرلىك قىلىپ ۋە ئاچچىقلاپ. ئۇ بىردىنلا بېشىنى كۆتۈرۈپ، چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكتى. لېكىن، يەنە شۇ ئانلا ياستۇققا ئۆزىنى تاشلاپ تامغا قاراپ يېتىۋالدى. زوسىموف ئۇنى دىققەت بىلەن كۆزەتمەكتە ئىدى.

— ناھايىتى ياخشى... ھەممە ئىش جايىدا، — دېدى ئۇ ئېرىنچەكلىك بىلەن، — بىرەر نەرسە يېدىمۇ؟

ئۇلار دەپ بەردى، ئاندىن ئۇنىڭدىن راسكولنىكوفنىڭ نېمىلەرنى يېسە بولىدىغانلىقىنى سورىدى.

— ھەممە نېمىنى يەۋەرسە بولىۋېرىدۇ... شورپا، چاي دېگەندەك... ئەلۋەتتە، گۆمبەمەدەك بىلەن تەرخەمەك بەرمەسلىك كېرەك، ئاندىن كالا گۆشىنىمۇ بەرمىگەن تۈزۈك، ئاندىن يەنە... ھە بولدىلا، ئارتۇقچە گەپ ھاجەتسىز ! — ئۇ رازۇمىخىن بىلەن كۆز ئۇرۇشتۇرۇۋالدى، — دورا ئىچمىسىمۇ بولىدۇ. ھېچقانداق دورا ئىچمىسۇن؛ ئەتە يەنە كېلىپ كۆرىمەن... بۈگۈن كېلىشىممۇ مۇمكىن... لېكىن، ھىم...

— ئەتە كەچقۇرۇن ئۇنى ئايلاندۇرۇپ كېلىمەن، — دېدى

رازۇمىخىن، — ئاۋۋال يۇسۇپوف باغچىسىغا ئاپىرىمەن. ئاندىن «كىرىستال سارىيى»غا ئاپىرىمەن.

— مەن بولسام، ئەتە ئۇنى ئاۋارە قىلمىغان بولاتتىم، لېكىن... ئازراق ھەرىكەت قىلغىنىمۇ... ھە مەيلى، ئەھۋالغا قاراپ ئىش قىلارمىز.

— ھەي، ئىسىت! مەن بۈگۈن يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كەلگەنلىكىمنى تەبرىكلىمەكچىدىم. ئۆيۈم ئىككى چامدامىلا يەردە. ئۇمۇ داخىل بولغان بولسا بەك ئوبدان بولاتتى. ھېچبولمىغاندا بىرىپ دىۋاندا ياتقان بولسىمۇ بولاتتى! سەن بارامسەن؟ — بىردىنلا زوسىموفقا خىتاب قىلدى رازۇمىخىن، — ئېسىڭدە بولسۇن. ئۇنتۇپ قالما، ئۆزۈڭ ۋەدە قىلغان.

— ماقۇل، لېكىن سەل كېچىكىپ بارىمەن. نېمىلەرنى تەييارلىدىڭ؟

— نېمە بولاتتى، چاي، هاراق، تۇزلانغان بېلىق، ئاندىن گۆشنان يەيمىز. ئۆز ئادەملەر يىغىلماقچى.

— كىملەر كېلىدۇ؟

— كىملەر كېلەتتى؟ ھەممىسى مۇشۇ ئەتراپتىكى ئادەملەر، ھەممىسى دېگۈدەك يېڭى دوستلار، ئەلۋەتتە تاغامدىن باشقىسى، لېكىن ئۇمۇ يېقىندىلا كەلگەن. ئۇ بەزىبىر ئۆششاق ئىشلار بىلەن، پېتېربۇرگقا تېخى تۈنۈگۈنلا كەلدى. بەش يىلدا ئاران بىر كۆرۈشتۇق.

— ئۇ نېمە ئىش قىلىدۇ؟

— ئۇ پۈتۈن ئۆمرىنى ناھىيەلىك پوچتا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئۆتكۈزدى... ئاخىر ئازراقلا نەپىقىگە ئېرىشتى. ئۇ بۇ يىل ئاتمىش بەش ياشقا كىردى، گەپ قىلىپ بەرگۈدەك ھېچ ئىشى يوق... لېكىن ئۇنى بەك ياخشى كۆرىمەن. پورفىرى پېتروۋىچمۇ كېلىدۇ. ئۇ مۇشۇ رايوننىڭ تەرگەۋچىسى.. قانۇنشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنى تۈگەتكەن. ھە راست، سەن ئۇنى تونۇيسەنغۇ...

— ئۇمۇ سىنىڭ تۇغقىنىڭمۇ؟

— بىز شىرەم تۇغقان؛ نېمىشقا تەرىڭنى تۇرىسەن؟ شۇ بىر قېتىم تاكاللىشىپ قالغىنىڭلارنى دەپ كەلمەمسەن؟

— ئۇنىڭ بىلەن مېنىڭ نېمە كارىم...

— مانا بۇ گېپىڭ جايىدا! ئاندىن يەنە بىرنەچچە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى، بىر ئوقۇتقۇچى، بىر ئەمەلدار، بىر مۇزىكانت، بىر ئوفىتسېر بار. ئاندىن زامېتوفمۇ كېلىدۇ.

— قېنى دەپ باققىنا، سەن بىلەن ياكى ئۇنىڭ بىلەن، — زوسىموف قولى بىلەن راسكولنىكوفنى كۆرسەتتى، — زامېتوفتەك ئادەملەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا قانداق ئورتاقلىق بولۇشى مۇمكىن؟

— ھەي، سىلەر ۋات ـ ۋاتلاررزە! ئاغزىڭلار ئېچىلدىمۇ بولدى. پىرىنسىپ دەيسىلەر! — پىرىنسىپقا تاشتەك ئېسىلىۋېلىپ، خۇددى پۇرژىنىنىڭ ئۇستىدە يۇرگەندەكلا يۇرىسىلەر، ھەتتا ئۆز ئىرادەڭلەر بويىچە بۇرىلىشقىمۇ جۇئەت قىلالمايسىلەر؛ مېنىڭچە، ياخشى ئادەم بولسىلا بولدى، شۇنىڭ ئۆزى پىرىنسىپ، شۇنىڭدىن ئارتۇقىنى بىلگۈممۇ يوق. زامېتوف ئىنتايىن ياخشى ئادەم.

— ئۇ نەپسانىيەتچىدەك قىلىدۇ.

— ھەي، نەپسانىيەتچى بولسا، كارىم نېمە! خوش، نەپسانىيەتچى بولسا نېمە بوپتۇ! — بىردىنلا ۋارقىرىدى رازۇمىخىن ئۆزگە ياراشمايدىغان بىر ھالەتتە ئاچچىقلاپ، — ياكى مەن ساڭا ئۇنىڭ نەپسانىيەتچىلىكىنى ماختاپ بەردىممۇ؟ مەن پەقەت مەلۇم جەھەتتىن ئېيتقاندا ئۇ ياخشى ئادەم، دېدىم! ئەگەر بىر ئادەمنىڭ ھەممە تەرەپتىن مۇكەممەل بولۇشىنى تەلەپ قىلساڭ، ئۇ چاغدا دۇنيادا ياخشى ئادەمدىن قانچىسى چىقىدۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا، ئىشىنىمەنكى، مەن ئۇچەي ـ باغرىم بىلەن قوشقاندا بىر باش پىيازنىڭ پۇلىغا ئاران يارىشىم مۇمكىن. يەنە كېلىپ، سېنى ئۇستەككە بەرسە!

— بەكلا ئەرزان بولۇپ كەتتى، مەن بولسام، ئىككى باش پىيازغا ئالاتتىم.

— لېكىن، مەن سېنى بىر باش پىيازغىلا ئالاتتىم. ئادەمگە تەنە قىلىسەن تېخى! زامېتوف تېخى ياش. مەن ئۇنى قولىقىدىن تارتىپ تۇرۇپ تازا ئوبدان باشلايمەن. ئۇنى باغرىمىزغا تارتىشىمىز كېرەك، ئىتتىرىۋەتسەك بولمايدۇ، نېرى ئىتتىرىۋېتىش بىلەن، ئادەمنى تۈزەتكىلى بولمايدۇ، بولۇپمۇ بالىلارنى، ياش بالىنى ئوبدان ئاسراشقا توغرا كېلىدۇ. سىلەر — ئۆزىنى ئىلغار چاغلايدىغان كالۋالار — ھېچنېمىنى چۈشەنمەيسىلەر! سىلەر ئادەملەرگە ھۆرمەت قىلمايسىلەر، دېمەك ئۆزۈڭلارنىمۇ ھۆرمەت قىلمايسىلەر... ئەگەر بىلگۈڭ كەلسە، بىز ئورتاق بىر ئىشنى بىللە قىلىشىمىز مۇمكىن.

— قولىقىم سەندە.

— بىر سىرچى توغرىسىدىكى ئىشنى. بىر سىرلامچى توغرىسىدىكى ئىشنى... بىز قانداقلا بولمىسۇن ئۇنى قۇتقۇزۇشىمىز كېرەك! لېكىن، ئۇ ھازىر ئانچە جىددىي ئەمەس. ھازىر ئىش تامامەن ئايدىڭلاشتى! بىز ئازراق غەيرەت قىلساقلا ئىش پۈتىدۇ.

— سەن قايسى سىرچىنى دەۋاتىسەن؟

— نېمە؟ ساڭا دەپ بەرمىدىممۇ؟ راست دەپ بەرمىدىممۇ؟ ھە راست. مەن ساڭا پەقەت بېشىنىلا دەپ بەرگەن... بىر جازانىخور موماينى — بىر ئەمەلدارلارنىڭ تۇل خوتۇنىنى بىرسى ئۆلتۈرۈۋەتكەن، ھازىر بىر سىرچى مانا شۇ دېلوغا چېتىلىپ قالدى...

— بۇ قەستلەش دېلوسىنى مەن سەن دەپ بېرىشتىن ئىلگىرىلا ئاڭلىغان، ھەتتا بۇ ئىشقا قىزىقىپ قالغان... بۇ قىسمەن... بىر ئەھۋال سەۋەبىدىن... مەن گېزىتتىنمۇ كۆرگەن! لېكىن...

— لىزاۋېتانىمۇ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ، — دېدى ناستاسىيە

راسكولنىكوفقا قاراپ خۇددى تۈلۈمدىن توقماق چىققاندەكلا گەپ قىلىپ. ئۇ باياتىن بېرى ئىشىك ئالدىدا بولۇنۇۋاتقان گەپلەرگە قۇلاق سېلىپ تۇراتتى.

— لىزاۋىتانى؟ — دېدى راسكولنىكوف ئاران ئاڭلانغۇدەك پەس ئاۋازدا پىچىرلاپ.

— ھېلىقى كونا كىيىملەرنى ئېلىپ ساتىدىغان لىزاۋىتاچۇ. ئۇنى تونۇمامسەن؟ ئۇ مۇشۇ بىناغىمۇ پات ـ پات كېلىپ تۇرىدىغان. سېنىڭ كىيىملىرىڭنىمۇ ياماپ بەرگەنغۇ؟

راسكولنىكوف تام تەرەپكە قارىۋالدى ـ دە، كىرلىشىپ كەتكەن سېرىق تام قەغىزىدىكى ئاق گۈللەرنىڭ ئارىسىدىن يوپۇرماق تومۇرلىرى جىگەر رەڭدە سىزىلغان بىر تال قوپال ئاق گۈلنى تاللىۋېلىپ، ئۇنىڭ قانچە بەرگى بارلىقىنى، گۈل بەرگىدىكى چىشلارنىڭ قانداقلىقىنى، قانچە يوپۇرماق تومۇرى بارلىقىنى تەتقىق قىلىشقا كىرىشتى. ئۇ قولى بىلەن پۇتىنىڭ ئۇيۇشۇپ، سەزگۈسىنى يوقاتقانلىقىنى سېزىپ تۇرسىمۇ، ھېلىقى گۈلگە تىكىلگىنىچە، مىدىر ـ سىدىر قىلماي ياتتۇەردى.

— بۇنىڭ ھېلىقى سىرچى بىلەن نېمە ئالاقىسى ! — دېدى زوسىموف ئۆزگىچە بىر نارازىلىق بىلەن ناستاسىيەنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ. ئۇ ئېغىر خورسىنىپ جىم بولۇپ قالدى.

— ئۇنىمۇ قاتىل دەپ قاراۋاتىدۇ، — ھاياجان بىلەن داۋام قىلدى رازۇمىخىن.

— قانداق جىنايەت پاكىتلىرى بار ئىكەن؟

— جىنايەت پاكىتىنىڭ نېمە كېرىكى ! يەنە كېلىپ، جىنايەت پاكىتى دېگەندىمۇ ئۇ بىرنېمىلىرى ھەرگىزمۇ جىنايەت پاكىتى بولالمايدۇ، بىزنىڭ شۇنى ئىسپاتلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. بۇمۇ ئۇلارنىڭ ھېلىقى گۇمانلىق ئىككى ئادەمنى، ئىسىملىرى نېمىدى... ھە، كوخ بىلەن پېستىرياكوفنى تۇتقىنىغا ئوخشاشلا بىر ئىش. تۇفى ! بۇ شۇنچىلىك ئەخمىقانە ئىشكى، ھەتتا ھېچقانداق ئالاقىسى يوق ئادەملەرنىڭمۇ يۈرىكى سىقىلىپ

كېتىدۇ! پېستىرياكوف بۈگۈن بىزنىڭكىگە كېلىشى مۇمكىن... ھە راست. دېگەچ ئۆتەي، روديە، بۇ ئىشنى سەنمۇ بىلىسەن. ئۇ سەن ئاغرىشتىن ئىلگىرى يۈز بەرگەن. ئۇلار ساقچى ئىدارىسىدە مۇشۇ ئىش توغرۇلۇق سۆزلىشىۋاتقاندا، سەن ھوشۇڭدىن كېتىپ قاپتىكەنسەن. بۇ شۇنىڭدىن بىر كۈن ئىلگىرى بولغان ئىش.

زوسىموف راسكولنىكوفقا قىزىقسىنىپ قاراپ قويدى. راسكولنىكوف مىدىر ـ سىدىر قىلماي يېتىۋەردى.

— بىلەمسەن، رازۇمىخىن؟ مۇنداق قارىسام، ھەممىگە چات كىرىۋالىدىغان ئادەمدەك قىلامسەن نېمە! — دېدى زوسىموف.

— بەلكىم شۇنداقتۇر، لېكىن بىز بەرىبىر ئۇنى قۇتقۇلدۇرۇۋالىمىز! — ۋارقىرىدى رازۇمىخىن مۇشتۇمى بىلەن ئۈستەلنى ئۇرۇپ، — بۇ ئىشنىڭ ئوغامنى ھەممىدىن بەكرەك قايىنىتىدىغان يېرى قايسى، بىلەمسەن؟ گەپ ئۇلارنىڭ يالغان ئېيتىۋاتقانلىقىدا ئەمەس، يالغان گەپنى ھەر ۋاقىت كەچۈرگىلى بولىدۇ؛ يالغان گەپنى ئەپۇ قىلىش ئورۇنلۇق. چۈنكى، ئۇ راست گەپنى تېپىپ بېرىدۇ. ياق، ئادەمنىڭ ئوغىسىنى قايىنىتىدىغان يېرى شۇكى، ئۇلار يالغان ئېيتىپلا قالماي، يەنە شۇ يالغان گەپلىرىگە چوقۇنۇشىدۇ. مەن پورفىرىينى ھۆرمەت قىلىمەن، لېكىن... مەسىلەن ئالايلى، ئۇلارنى قايمۇقتۇرغان نەرسە زادى نېمە؟ ئىشىك ئەسلى يېپىق ئىكەن، لېكىن ئۇلار دەرۋازىسۋەن بىلەن بىللە قايتىپ كەلگەندە بولسا، ئوچۇق تۇرۇپتۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنلا كوخ بىلەن پېستىرياكوفنى قاتىل دەپ ھۆكۈم قىلىشىپتۇ، ئۇلارنىڭ مەنتىقىسى مانا شۇ!

— بولدى قاينىما، ئۇلارنى ۋاقتىنچە تۇتۇپ تۇرۇۋاتىدۇ؛ ھەرھالدا... راست بىر گەپ، مەن كوخ دېگەن ئادەمنى كۆرگەن. ئۇ ئەسلى مومايىنىڭ قولىدىن تۆلەش مۇددىتى ئۆتۈپ كەتكەن نەرسىلەرنى ئېلىپ تۇرىدىكەن. شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، ئۇ بىر ئالدامچى. ئۇ مۇددەتلىك قەرز چېكىنىمۇ سېتىۋالىدىكەن. قىلىدىغان ئىشى شۇكەن. ئۇنىڭ بىلەن نېمە

كارىمىز ! مېنىڭ نېمىشقا قايىناپ قالغانلىقىمنى بىلەمسەن؟ مەن ئۇلارنىڭ ئاشۇ چىرىك، چاكىنا، قالاق ئادەتلىرىگە قايىناپ قېلىۋاتىمەن... ئەمەلىيەتتە، مانا مۇشۇ دېلودا تامامەن يېڭى بىر يولنى ئاچقىلى بولاتتى. پەقەت پىسخىك ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپمۇ، قانداق قىلىپ ھەقىقىي يىپ ئۇچىنى تېپىش كېرەكلىكىنى چۈشەندۇرگىلى بولاتتى. ئۇلار «قولىمىزدا پاكىتلىرىمىز بار» دەيدۇ. لېكىن، پاكىت ھەممىگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ ـ دە، ھېچبولمىغاندا ئىشنىڭ يېرىمى سېنىڭ شۇ پاكىتلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىشىڭغا باغلىق.

— سەن پاكىتلارغا توغرا مۇئامىلە قىلالامسەن؟

— بىر ئادەم بىرەر ئىشقا ياردەم بېرەلەيدىغانلىقىنى سەزگەن، ھەقىقەتەن سەزگەن چېغىدا، ھەرگىزمۇ سۈكۈت قىلىپ تۇرالمايدۇ، پەقەت... ئاھ !... سەن بۇ دېلونى تەپسىلىي بىلەمسەن؟

— سېنى سىرچىنىڭ ئىشى توغرۇلۇق قاچان سۆزلەپ بېرىدىكىن دەپ ساقلاپ تۇرۇۋاتىمەن.

— ھە، راست ! ئاڭلا ئەمىسە. ئۇ ئىش مۇنداق بولغان. قاتىللىق دېلوسى يۈز بېرىپ ئۈچىنچى كۈنى ئەتىگەندە، ئۇلار يەنە شۇ كوخ ۋە پېستىرياكوف بىلەن ئاۋارە بولۇۋاتقان چاغدا — ئۇلار ھەربىر ھەرىكىتىنى تولۇق ئىسپاتلار ۋە گۇۋاھچىلار ئارقىلىق ئىسپاتلاپ بەرگەن بولسىمۇ — بىردىنلا كۈتۈلمىگەن بىر پاكىت ئوتتۇرىغا چىقىپ قاپتۇ. دۇشكىن دەيدىغان بىر دېھقان، يەنى ۋەقە يۈز بەرگەن بىنانىڭ ئۇدۇلىدىكى قاۋاقخانىنىڭ غوجايىنى ئىچىگە ئالتۇن ھالقا سېلىنغان زەرگەر قۇتىسىنى كۆتۈرۈپ ساقچى ئىدارىسىگە كەپتۇ ھەمدە ئىشنىڭ جەريانىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىپتۇ: «ئالدىنقى كۈنى كەچقۇرۇن، سائەت سەككىزدىن ئاشقاندا» دىققەت قىلدىڭىزمۇ؟ دەل شۇ كۈنى شۇ سائەتتە ! سىرچى مىكولاي يۈگۈرگەن پېتى كىرىپ كەلدى. ئۇ ئالتۇن ھالقا بىلەن ياقۇت سېلىنغان مۇشۇ قۇتىنى ماڭا

كۆرسەتتى، ئۇنى ماڭا گۆرۈگە قويىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئىككى رۇبلى سورىدى. مەن ئۇنىڭدىن بۇنى نەدىن ئالدىڭ دەپ سورىسام، ئۇ، يان يولدىن تېپىۋالدىم، دېدى. مەنمۇ ئۇنىڭدىن ئارتۇق گەپ سورىمىدىم، بۇ دۇشكىنىنىڭ ئۆزىنىڭ گېپى — مەن ئۇنىڭغا قەغەز پۇلدىن بىرنى (يەنى بىر رۇبلى) بەردىم. ناۋادا ئۇ بۇ نەرسىنى ماڭا گۆرۈگە قويالمىسا، چوقۇم باشقا بىرسىگە گۆرۈگە قويىدۇ، ئۇ بەربىر بۇ پۇلغا هاراق ئېلىپ ئىچىدۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە بۇ نەرسىنىڭ مەندە قالغىنى ياخشى. قويغان يېرىڭ كۆڭلۈڭگە ئايان بولسا، تاپمىقىڭ ئاسان، دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ، ناۋادا بىرەر چاتىقى چىقىپ قالسا، بىرەر گەپ ـ سۆز ئاڭلاپ قالسام، شۇ ئانلا تاپشۇرۇپ بەرمەيمەنمۇ، دەپ ئويلىدىم. ئەلۋەتتە، بۇلارنىڭ ھەممىسى يالغان گەپ. مەن دۇشكىن دېگەننى تونۇيمەن. ئۇ گۆرۈگە مال ئالىدۇ، جازانىغا پۇل بېرىدۇ، ئوغرىلارنىڭ زاڭ ماللىرىنى ساقلاپ بېرىدۇ. ئۇ ئوتتۇز رۇبلىغا يارايدىغان نەرسىنى ھەرگىزمۇ «تاپشۇرۇپ بەرگىلى» مىكولايدىن ئېلىۋالغان ئەمەس. ئۇ قورقۇپ كەتكەچكىلا تاپشۇرغان گەپ. مەيلى، بۇنى قويۇپ تۇرايلى. دۇشكىن يەنە نېمىلەرنى دېدى، ئاخىرىنى ئاڭلا: «مەن ئۇ دېهقان مىكولاي دېمېنتيېفنى بالا ۋاقتىدىن تارتىپ تونۇيمەن. ئۇ مەن بىلەن بىر ئۆلكە، بىر ناهىيەدىن، ھەر ئىككىلىمىز زارايسك ناهىيەسىدىن، ھەر ئىككىلىمىز ريازان ئۆلكىسىدىن، مىكولاي هاراقكەش بولمىسىمۇ، ئازراق ئىچىپ تۇرىدۇ. مەن ئۇنىڭ شۇ ۋەقە يۈز بەرگەن بىنادا ئىشلەۋاتقانلىقىنى، ئۆيلەرنى سىرلاۋاتقانلىقىنى بىلەتتىم. ئۇ مىتريې بىلەن بىللە ئىشلىدى. ئۇ مىترېي بىلەن بىر يەرلىك. ئۇ بىر رۇبلىنى ئالغاندىن كېيىن، ئۇنى پارچىلىدى، كەينى ـ كەينىدىن ئىككى قەدەھ هاراقنى ئىچىۋەتتى ـ دە، قالغان پارچە پۇللارنى ئاچىقىپ كەتتى. شۇ چاغدا مىترېي ئۇنىڭ يېنىدا يوق ئىدى. ئەتىسى، بىرسى ئاليونا ئىۋانوۋنا بىلەن ئۇنىڭ سىڭلىسى لىزاۋېتا ئىۋانوۋنانى پالتا بىلەن

چېپىۋېتىپتۇ، دەپ ئاڭلىدىم، بىز ئاچا ـ سىڭىل ھەر ئىككىلىسىنى تونۇيتتۇق. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى ھالقىنىڭ بىر چاتىقى بولسا كېرەك، دەپ گۇمان قىلىپ قالدىم. نېمىشقا دېسىڭىز، ئۆلگۈچىنىڭ گۆرۈگە مال ئېلىپ قەرزگە پۇل بېرىدىغانلىقىنى بىلەتتۇق. مەن ئۇلار بىلەن كۆرۈشكىلى ھېلىقى بىناغا بېرىپ، ئېھتىيات بىلەن چاندۇرماي سۈرۈشتۈرۈپ باقتىم. بىرىنچى بولۇپ، مىكولاي مۇشۇ يەردىمۇ، دەپ سورىۋىدىم، مىترېي: مىكولاي ئويناپ يۈرىدۇ، ئۆيگە تاڭ يورۇغاندا غەرق مەست كېلىپ، ئون مىنۇتچە تۇردى ـ دە، يەنە چىقىپ كەتتى، دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن مىترېي ئۇنى ئىككىنچى كۆرمەپتۇ، ئىشنى نائىلاج ئۆزى يالغۇز ئىشلەپ تۈگىتىپتۇ. ئۇلار ئىككىنچى قەۋەتتە ئىشلىدى، لېكىن پەلەمپەي ئۆلگۈچىلەرنىڭكى بىلەن بىر پەلەمپەي. مۇشۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ھېچكىمگە سىر بەرمىدىم. مانا بۇلار دۇشكىننىڭ دېگەنلىرى، مەن بۇ قاتىللىق دېلوسىنىڭ باش ـ ئايىغىنى مۇمكىنقەدەر سۈرۈشتۈردۈم. ئۆيگە بارغاندىن كېيىن يەنىلا گۇمانىم يېشىلمىدى. بۈگۈن ئەتىگەن سائەت سەككىزدە ــ ۋەقە يۈز بېرىپ ئۈچىنچى كۈنىنى دەۋاتىدۇ. چۈشىنىۋاتامسەن؟ قارىسام، مىكولاي مېنى ئىزدەپ كىرىپتۇ. ئۇنى ساق دېگىلى بولمىسىمۇ، ھەرھالدا غەرق مەست ئەمەس ئىدى، دېيىلگەن گەپلەرنى چۈشىنەلەيتتى. ئۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، گەپ ـ سۆز قىلمىدى. شۇ چاغدا قاۋاقخانىدا ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئادەم بار ئىدى. يەنە بىر تونۇشۇم ئۇزۇن ئورۇندۇقتا ئۇخلاۋاتاتتى؛ ئۇلاردىن باشقا ئۆز ئادەملىرىمىزدىن يەنە ئىككىسى بار ئىدى. مەن ئۇنىڭدىن مىترېينى كۆردۈڭمۇ، دەپ سورىۋىدىم. ئۇ ياق، كۆرمىدىم، دېدى. بۇ يەرگىمۇ كەلمىدىڭمۇ، دېسەم، ئالدىنقى كۈندىن بۇيان كېلىپ باقمىدىم، دېدى. تۈنۈگۈن ئاخشام نەدە قونۇپ قالدىڭ، دەپ سورىسام، قۇملۇقتا، كولومېنسكىيەدىكى قۇملۇقتا دېدى، ھېلىقى ھالقىنى نەدىن ئېلىۋىدىڭ، دەپ

سورىۋىدىم، يان يولدىن تېپىۋالغان، دېدى. ئۇنىڭ گەپ قىلغان چاغدىكى ھالىتى تازا جايىدا ئەمەس. مېنىڭ چىرايىمغىمۇ قارىمىدى. شۇ كۈنى ئاخشىمى، شۇ سائەتتە، ئاشۇ بىنادا بولغان ئىشنى ئاڭلىدىڭمۇ، دەپ سورىۋىدىم، ئۇ، ياق، ئاڭلىمىدىم، دېدى ۋە شۇ زامان كۆزلىرى چەكچىيىپ، چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ بىلەن مەن بولغان ئىشنى سۆزلەپ بەردىم، قارىسام، ئۇ شەپكىسىنى قولىغا ئېلىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. شۇ چاغدا مەن ئۇنى تۇتۇپ قالمىسام بولمايدۇ، دەپ ئويلاپ، توختاپ تۇر مىكولاي، بىرەر رومكا ئىچىپ كەتمەمسەن، دېدىم، ئاندىن ئۆز ئادىمىمىزگە ئىشكىنى توسۇپ تۇر، دېگەننى بىلدۈرۈپ كۆزۈمنى قىسىپ قويدۇم. لېكىن، مەن يوكەينىڭ كەينىدىن چىقىپ بولغۇچە، ئۇ پارتلا قىلىپ قاچتى. چوڭ كوچىغا چىقىپ بىر تار كوچىغا ئۆزىنى ئاتتى ـ دە، بىردەمدىلا كۆزدىن غايىب بولدى. شۇنىڭ بىلەن گۇمانىممۇ تۈگىدى. نېمىشقا دېسىڭىز، ئۇ ئىشنى شۇنىڭ قىلغانلىقى ئېنىقلا تۇرمامدۇ...»

— شۇنداق بولمايچۇ! — دېدى زوسىموف.

— ئالدىرىما! مەن تېخى دەپ بولمىدىم. ئۇلار شۇ ئانىلا مىكولاينى ئىزدەشكە كىرىشتى؛ دۇشكىننى تۇتۇپ، ئۆيىنى ئاختۇردى؛ مىترىنىمۇ قاماپ قويدى؛ كولومېنىسكىيلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئەرەختەن ـ پەرەختەن قىلىۋەتتى. ئالدىنقى كۈنى، ئۇلار كۈتمىگەندە مىكولاينى ئېلىپ كېلىشتى. ئۇنى مەلۇم شەھەرنىڭ ئەتراپىدىكى بىر سارايدا قولغا چۈشۈرۈپتۇ. ئۇ شۇ يەردە بويىنىدىكى كۈمۈش كىرېستنى چىقىرىپ، شۇنىڭغا لايىق ھاراق بېرىشنى سورىغانىكەن. ئۇلار ھاراق بېرىپتۇ. بىردەمدىن كېيىن، كالا قوتىنىغا كىرگەن بىر خوتۇن تامنىڭ يوچۇقىدىن ئارىتام قوتاندا مىكولاينىڭ بەلبېغىنى لىمغا باغلاپ سىرتماق قىلىپ، ئۆزى بىر ياغاچنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، سىرتماقنى بوينىغا سالماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە، جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىراپتۇ. ئادەملەر يۈگۈرۈپ كېلىشىپ، «ھە ـ ھە، سەن

مۇنداق ئادەم ئىكەنسەن ـ دە !» دەپتۇ. ئۇ: «مېنى شۆبە ساقچى ئىدارىسىگە ئاپىرىپ بېرىڭلار، مەن ھەممە جىنايىتىمنى ئىقرار قىلاي» دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار لايىقىدا ھۆرمەت قاراۋۇلى تۈزۈپ، ئۇنى بىر شۆبە ساقچى ئىدارىسىگە ــ يەنى مۇشۇ يەرگە ئەكىلىپ تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ. ئۇلار ئۇنىڭدىن ئۆزۈڭ كىم بولىسەن، نېمە ئىش قىلىسەن، قانچە ياشقا كىردىڭ، يىگىرمە ئىككى ياشقا، ــ دېگەندەك سوئاللارنى سوراپتۇ. ئۇنىڭدىن: «پالانى كۇنى پالانى سائەتتە، سەن مىترېي بىلەن بىللە ئىشلەۋاتقان چېغىڭدا، پەلەمپەيدە بىرەر ئادەمنى كۆرمىدىڭمۇ؟» دەپ سوراپتىكەن، ئۇ: «ئادەملەر چىقىپ ـ چۈشۈپ تۇرغان، لېكىن بىز دىققەت قىلماپتىمىز» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. «بىرەر ئاۋازنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ مەسىلەن، بىرەر شەپىنى؟» دېسە، «ھېچقانداق ئالاھىدە ئاۋازنى ئاڭلىمىدۇق» دەپتۇ. «ئەمىسە، سەن بىر ئادەمنىڭ پالانى كۈنى پالانى سائەتتە، بىر تۇل خوتۇننى سىڭلىسى بىلەن قوشۇپ ئۆلتۈرۈپ، نەرسىلىرىنى بۇلاپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟» دەپ سوراپتۇ. «بۇ ئىشنى زادىلا ئاڭلىماپتىمەن. ئالدىنقى كۈنى قاۋاقخانىدا ئافاناسى پاۋلىچتىن بىرىنچى قېتىم ئاڭلىشىم» دەپتۇ. «ئەمىسە ھالقىنى نەدىن ئالدىڭ؟»، «يان يولدىن تېپىۋالدىم»، «ئەتىسى نېمىشقا مىترېي بىلەن بىللە ئىشلىگىلى كەلمىدىڭ؟»، «ئۇ كۈنى مەن ئوينىغىلى كەتكەن»، «نەلەرگە بېرىپ ئوينىدىڭ؟»، «پالانى، پالانى يەرگە»، «دۇشكىننىڭ دۇكىنىدىن نېمىشقا قېچىپ كەتتىڭ؟»، «شۇ چاغدا بەك قورقۇپ كەتتىم»، «نېمىدىن قورقتۇڭ؟»، «قاماپ قويامدىكىن دەپ»، «ئۆزۈڭنىڭ پۈتۈنلەي گۇناھسىز ئىكەنلىكىڭنى بىلسەڭ، يەنە نېمىدىن قورقاتتىڭ؟» دەپتۇ سىموف، مەيلى ئىشەن مەيلى ئىشەنمە، سوئال ـ جاۋاب مۇشۇنداق بوپتۇ. بۇنىڭ قىلچە خاتاسى يوق، ماڭا ئېنىق. بىرسى ماڭا مۇشۇنداق يەتكۈزدى. قانداقكەن؟ قانداقكەن؟

ــ ھە، ئۆز كېپىمىزگە كەلسەك، جىنايى پاكىت ھەرھالدا

بار ئىكەن.

— مەن جىنايى پاكىت توغرۇلۇق گەپ قىلماقچى ئەمەسمەن، بەلكى ھېلىقى سوئال توغرۇلۇق، ئۇلارنىڭ ئۆز ماھىيىتىنى قانداق چۈشەنگەنلىكى توغرۇلۇق گەپ قىلماقچىمەن. ھەي، مۆتىۋەرلەر! ئۇلار ئۇنىڭغا بېسىم ئىشلىتىپ، تۈپە ـ تۆپىلەپ تەھدىت سالغان، ئاخىر ئۇ نائىلاج ئىقرار قىلغان. ئۇ شۇنداق دېگەن: «مەن ئۇنى يان يولدىن ئەمەس، مېترىي ئىككىمىز سىرلاۋاتقان ئۆيدىن تېپىۋالغان»، «قانداق تېپىۋالدىڭ؟»، «بۇ ئىش مۇنداق بولغان. مېترىي ئىككىمىز ئۇ ئۆينى كەچ سائەت سەككىزگىچە ساق بىر كۈن سىرلاپ، كەتمەكچى بولۇپ تۇراتتۇق. بىردىنلا مېترىي قولىدىكى چوتكا بىلەن يۈزۈمگە سىر سۈرتۈۋېتىپ پارت قىلىپلا قاچتى، مەن ئۇنى قوغلىدىم، قوغلاپ كېتىۋېتىپ قاتتىق ۋارقىرىدىم؛ پەلەمپەيدىن چۈشۈپ دەرۋازا ئالدىغا چىققاندا، مەن دەرۋازىۋەن بىلەن بىرنەچچە جانابقا سوقۇلۇپ كەتتىم. دەرۋازىۋەن بىلەن قانچە جانابنىڭ بىللە تۇرغانلىقى يادىمدا قالماپتۇ. شۇ ئىشنى دەپ دەرۋازىۋەن مېنى تىللىدى. يەنە بىر دەرۋازىۋەنمۇ مېنى تىللىدى، شۇ ئارىلىقتا دەرۋازىۋەننىڭ خوتۇنى ئۆيدىن چىقىپ، ئۇمۇ مېنى تىللىدى. بىر جاناب بىلەن ئۇنىڭ خانىمى دەرۋازىدىن كىرىۋاتقانىكەن، مېترىي ئىككىمىز يولنى توسۇۋالغاچقا، ئۇلارمۇ بىزنى تىللىدى. مەن مېترىينى چېچىدىن تۇتۇۋېلىپ يەرگە بېسىپ، مۇشتۇمۇم بىلەن تازا سالدىم. ئاستىمدا ياتقان مېترىيمۇ چېچىمدىن تۇتۇۋېلىپ مېنى ئۇردى. بىز ئەسلىي ئاچچىقىمىز كېلىپ شۇنداق قىلمىغان، بەلكى چېقىشىپ، چاقچاقلىشىپ شۇنداق قىلغان. كېيىن مېترىي ئۆزىنى بوشىتىۋېلىپ كوچا تەرەپكە قېچىپ كەتتى. مەن كەينىدىن قوغلاپ يېتىشەلمىدىم، شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى ئۆيگە ئۆزۈم يالغۇز يېنىپ كەلدىم، نېمىشقا دېسىڭىز، نەرسە ـ كېرەكلەرنى يىغىشتۇرۇش كېرەك ئىدى. نەرسىلەرنى يىغىشتۇرۇپ بولۇپ، مېترىينى كېلىپ قالارمىكىن، دەپ ساقلاپ

تۇردۇم. دەل شۇ چاغدا، دەھلىزگە چىقىدىغان ئىشىكنىڭ كەينىدىكى بۇلۇڭدا بىرنېمىنى دەسسىۋالدىم. قارىسام قەغەزگە يۆگەكلىك بىر قۇتا ئىكەن، قەغەزنى ئېچىپ قارىسام، قۇتىدا بىرنەچچە كىچىك ئىلگەك بار ئىكەن، ئىلگەكلەرنى ئېچىپ قارىسام، قۇتىدىن ھالقا چىقتى...

— ئىشىكنىڭ كەينىدىكى؟ قۇتا ئىشىكنىڭ كەينىدىمىكەن؟ ئىشىكنىڭ كەينىدە؟ — دېدى راسكولنىكوف بىردىنلا ۋارقىراپ. ئۇ چۆچۈپ ئالاقزەدىلىك بىلەن رازۇمىخىنغا قارىدى ـ دە، قوللىرى بىلەن دىۋاننى تىرەپ، ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرۈلدى.

— ھەئە... شۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟ ساڭا نېمە بولدى؟ نېمىشقا مۇنداق قىلىپ كېتىسەن؟ — رازۇمىخىنمۇ ئولتۇرغان ئورنىدىن كۆتۈرۈلدى.

— ھېچنېمە !... — ئاران ئاڭلانغۇدەك ئاۋازدا جاۋاب بەردى راسكولنىكوف. ئارقىدىن بېشىنى ياستۇققا قويدى ـ دە، تام تەرەپكە قارىۋالدى. ھەممەيلەن خېلى ئۇزۇنغىچە جىم بولۇپ قالدى.

— كۆزى ئەمدىلا ئىلىنغەن بولسا، قارا باستى بولغاي، — دېدى رازۇمىخىن زوسىموفقا سوئال نەزەرىدە قاراپ، زوسىموف بېشىنى بىلىنەر ـ بىلىنمەس چايقاپ قويدى.

— بولدى، گېپىڭنى داۋاملاشتۇر، — دېدى زوسىموف، — كېيىن قانداق بوپتۇ؟

— كېيىن قانداق بولاتتى؟ ئۇ ھالقىنى كۆرۈپلا، ئۆي بىلەن مىتىرېينى پاك ـ پاكىز ئۇنتۇپ، شەپكىسىنى ئاپتۇ ـ دە، دۇشكىننىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپتۇ، بىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، ھالقىنى يان يولدىن تېپىۋالدىم دەپ يالغان ئېيتىپ دۇشكىندىن بىر رۇبلى ئاپتۇ ۋە ھاراق ئىچكىلى مېڭىپتۇ. قاتىللىق دېلوسى توغرۇلۇق ئۇ يەنە شۇ ئىلگىرىكى گېپىنى تەكرارلاپتۇ: «زادىلا خەۋىرىم يوق، تېخى ئالدىنقى كۈنىلا ئاڭلىدىم»، «ئەمىسە، نېمىشقا شۇ چاغقىچە يېنىپ كەلمىدىڭ؟»، «قورقۇپ كەتتىم»،

«نېمىشقا ئېسىلىپ ئۆلۈۋالماقچى بولدۇڭ؟»، «ئويلاپ يېتەلمىدىم»، «نېمىلەرنى ئويلىدىڭ؟»، «قاماپ قويىدىغان بولدى دەپ»، بولغان ئىش مانا شۇ، ئەمدى ئۆزۈڭ ئويلاپ باق، ئۇلار مانا مۇشۇلاردىن قانداق خۇلاسىگە كەلگەندۇ؟

— ئويلىغۇدەك نېمىسى بار؟ يىپ ئۈچى تېپىلىپتۇ، مەيلى قانداقلا بولمىسۇن ھەرھالدا تېپىلىپتۇ. بۇ پاكىت. سېنىڭ ئۇ سىرچىڭنى ھەرھالدا قويۇۋەتكىلى بولمايدۇ.

— لېكىن، ئۇلار ھازىر سىرچىنى توغرىدىن ـ توغرا قاتىل دەپ قاراۋاتىدۇ. ئۇلار بۇنىڭدىن قىلچە گۇمان قىلمايۋاتىدۇ...

— يالغان. سەن بەكلا ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتىسەن. ئەمىسە ھالقا قانداقلارچە ئۇنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى؟ شۇنى ئېتىراپ قىلىشىڭ كېرەككى، شۇ كۈنى، شۇ سائەتتە، ھالقا موماينىڭ ساندۇقىدىن نىكولاي[1]نىڭ قولىغا ئۆتكەن، ئۇنىڭ قولىغا ئۆتۈپ قېلىشىدا ھەرھالدا بىر سەۋەب بار ـ دە. بۇ تەكشۈرۈشتە ناھايىتى مۇھىم ئەھۋال.

— قانداقلارچە ئۇنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى ! قانداقلارچە ئۇنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى؟ — ۋارقىرىدى رازۇمىخىن، — سەن دېگەن بىر دوختۇر، ئالدى بىلەن ئادەملەرنى تەتقىق قىلىش سېنىڭ مەجبۇرىيىتىڭ. سېنىڭ ئادەملەرنىڭ تەبىئىيىتىنى تەتقىق قىلىش پۇرسىتىڭ ھەرقانداق ئادەمنىڭكىدىن كۆپ. ئەجەبا شۇ ماتېرىياللاردىن نىكولاينىڭ تەبىئىيىتىنى پەرق ئېتەلمىدىڭمۇ؟ ئۇنىڭ سوراقتا ئىقرار قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭلا ئىنتايىن توغرا پاكىت ئىكەنلىكىنى بىر قاراشتىلا بايقىيالمىدىڭمۇ؟ ھالقا ئۇ قانداق دېگەن بولسا، خۇددى شۇنداق بىر ئەھۋالدا ئۇنىڭ قولىغا چۈشكەن، ئۇ قۇتىنى دەسسىۋالغان، ئۇنى مانا شۇنداق تېپىۋالغان !

— ئىنتايىن توغرا پاكىت دېگىنىنى ! باشتا يالغان ئېيتقاندىم، دەپ ئۆزى ئىقرار قىلىپتۇغۇ؟

---

[1] نىكولاي — مىكولاينىڭ ئەسلىي ئىسمى.

— ماڭا قۇلاق سال. گېپىمنى دىققەت بىلەن ئاڭلاپ تۇر: دەرۋازىۋەن، كوخ، پېستىرياكوف، يەنە بىر دەرۋازىۋەن، بىرىنچى دەرۋازىۋەننىڭ خوتۇنى، شۇ چاغدا ئۇلارنىڭكىدە ئولتۇرغان يەنە بىر خوتۇن، دەل شۇ چاغدا ھارۋىدىن چۈشۈپ، خوتۇننى قولتۇقلاپ ئىشىكتىن كىرىپ كېلىۋاتقان مەھكىمە مەسلىھەتچىسى كريۇكوف بولۇپ جەمئىي سەككىز ياكى ئون گۇۋاھچى بىر ئېغىزدىن نىكولاي دمىترىنى① يەرگە بېسىۋېلىپ ئۇرۇۋاتاتتى، دمىترىمۇ ئۇنىڭ چېچىدىن تۇتۇۋېلىپ ئۇنى ئۇرۇۋاتاتتى، ئۇلار يولدا توغرىسىغا يېتىۋېلىپ، يولنى توسىۋالغانىدى. ھەممە ئادەم ئۇلارنى «خۇددى ئۇششاق باللاردەك» (بۇ، گۇۋاھچىلارنىڭ ئەينەن سۆزى) دەپ سۆكتى؛ ئۇلار بىر ـ بىرىنى بېسىۋېلىپ، ۋارقىرىشىپ، پومىداقلىشىپ، قاقاھلاپ كۈلۈشتى. ھەر ئىككىلىسى بەس ـ بەس بىلەن قاقاھلاپ كۈلۈپ، چىرايلىرىنى ھەزىلكەشلەردەك ھەر قىسما قىلىشتى، كېيىن يەنە ئۇششاق باللاردەك بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ، كوچا تەرەپكە كېتىشتى، دەپ گۇۋاھلىق بېرىشتى، ئاڭلىدىڭمۇ؟ ئەمدى مۇنداق بىر نۇقتىغا دىققەت قىل: بىنادىكى ئىككى جەسەت تېخى سوۋۇمىغان، ئاڭلىدىڭمۇ؟ ئادەملەر كىرگەن چاغدا، تېخى سوۋۇپ كەتمەپتىكەن. ئەگەر ئۇلارنى شۇ ئىككىسى ئۆلتۈرگەن ياكى نىكولاي ئۆزى يالغۇز ئۆلتۈرگەن بولسا، يەنە كېلىپ ئۇ قۇلۇپنى بۇزۇپ ساندۇقنى ئېچىپ، نەرسىلەرنى بۇلىغان ياكى بۇلاشقا مەلۇم ئۇسۇلدا ئىشتىراك قىلغان بولسا، ئۇ ھالدا مەن سەندىن بىر سوئال سوراپ باقاي: ئۇلارنىڭ شۇ چاغدىكى روھىي ھالىتى، مەسىلەن ۋارقىراشلىرى، قاقاھلاپ كۈلۈشلىرى، دەرۋازا ئالدىدا ئۇششاق باللاردەك پومىداقلىشىشلىرى — پالتا بىلەن، قان بىلەن، ئاجايىپ مۇغەمبەرلىك بىلەن، تولۇق ئېھتىياتچانلىق بىلەن، بۇلاڭ ـ تالاڭ ۋەھاكازالار بىلەن ماس كېلەمدۇ؟ ئۇلار بەش

① مىترىنىڭ ئەسلىي ئىسمى.

مىنۇتنىڭ ياكى ئون مىنۇتنىڭ ئالدىدا ئادەم ئۆلتۈرۈپ (چۈنكى جەسەتلەر تېخى سوۋۇمىغان)، ئۇ يەرگە ھازىرلا ئادەملەرنىڭ بارىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، يەنە بىردىنلا جەسەتلەرنى تاشلاپ، ئىشىكنىمۇ داغدام ئوچۇق قويۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بولۇۋالغان نەرسىلىرىنى تاشلاپ قويۇپ، خۇددى ئۇششاق باللاردەك پومىداقلىشىپ، قاقاھلاپ كۈلۈشۈپ، ھەممە ئادەمنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتقان بۇ ئەھۋالنى ئون گۇۋاھچى كۆرگەن!

— ئەلۋەتتە، بۇ بەكلا غەلىتە ئىش! شۈبھىسىزكى، مۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. لېكىن...

— ياق، بۇرادەر، بۇنىڭدا لېكىن ـ پېكىنگە ئورۇن يوق. ئەگەر شۇ كۈنى، شۇ سائەتتە نىكولاينىڭ قولىغا چۈشكەن ھالقا ئۇنى ئەيىبلەشنىڭ مۇھىم ماددىي ئاساسى قىلىنسا — لېكىن ئۇنىڭ ئىقرارى تامامەن ئەقىلگە سىغىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇ پەقەت مۇنازىرە ئۈستىدىكى ئاساس بولالايدۇ — ئۇ ھالدا ئۇنىڭ گۇناھسىزلىقىنى ئىسپاتلايدىغان پاكىتلارنىمۇ كۆزدە تۇتۇش كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇلار ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان پاكىتلار. قېنى، سەن قانداق قارايسەن، قانۇنشۇناسلىقىمىزنىڭ ماھىيىتىدىن ئېيتقاندا، ئۇلار مۇشۇنداق بىر پاكىتنى قوبۇل قىلامدۇ، قىلمامدۇ ياكى قوبۇل قىلالامدۇ ـ قىلالامامدۇ (پەقەت پسىخولوگىيە نۇقتىسىدىن قارىغاندا، پەقەت روھىي ھالەتتىن قارىغاندا، بۇ مۇمكىن ئەمەس)، ئۇنى رەت قىلغىلى بولمايدىغان پاكىت دەپ قارىساق، ئۇ ھالدا بارلىق ئەيىبلەشلەرنى ۋە ئۇنىڭ ماددىي ئىسپاتلىرىنى، مەيلى ئۇلارنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر[①]، تولۇق ئىنكار قىلىشقا بولىدۇ. ياق، ئۇلار قوبۇل

① ئۇ چاغدا سوت جازا ھۆكۈم قىلىشتا، پەقەت ئېنىق جىنايەت پاكىتلىرىنىلا ئاساس قىلاتتى. ئەگەر ئىشەنچلىك، بىۋاسىتە دەلىل ـ ئىسپاتلار بولمىسا، ۋاسىتىلىك دەلىل ـ ئىسپاتلار ھەرقانچە كۆپ بولغان بىلەنمۇ جىنايىتىنى بېكىتكىلى بولمايتتى. مۇنداق ئەھۋالدا، جاۋابكار پەقەت گۇمانلىق ياكى قاتتىق گۇمانلىق دەپلا قارىلاتتى.

قىلمايدۇ، ھەرگىز قوبۇل قىلمايدۇ، چۈنكى ئۇلار قۇتىنى، ھېلىقى ئىبسلىپ ئۆلتۈۋالماقچى بولغان ئادەمنى تاپتى، «ئەگەر ئۇ ئۆزىنى گۇناھسىز دەپ بىلسە، ئىبسلىپ ئۆلتۈۋالىمەن دېمىگەن بولاتتى»، ئاساسىي مەسىلە مانا شۇنىڭدا. مەنمۇ ئەنە شۇنىڭدىن ھاياجانلىنىۋاتىمەن! بۇنى چۈشىنىشىڭ كېرەك!

— ھاياجانلىنىۋاتقانلىقىڭنى كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن! توختاپ تۇر. بىر ئىشنى سورايمەن دەپ ئۇنتۇپتىمەن: ھالقا سېلىنغان قۇتىنىڭ راستىلا موماينىڭ ساندۇقىدىن چىققانلىقىنى ئىسپاتلىيالايدىغان نېمىلەر بار؟

— بۇ ئىسپاتلانغان، — دېدى رازۇمىخىن گويا خالىمىغاندەك تەرىنى تۈرۈپ، — ئۇ ھالقىنى كوخ تونۇدى ۋە ئىگىسىنىڭ ئىسمى ـ فامىلىسىنى دەپ بەردى. ئۇ ئادەم ھالقىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

— چاتاق. ئەمدى يەنە بىر نۇقتا: كوخ بىلەن پېستىرياكوف بىناغا چىققان چاغدا، نىكولاينى كۆرگەنلەر بارمىكەن؟ بۇنى بىرەر يول بىلەن ئىسپاتلىغىلى بولامدىكەن؟

— ھەممە گەپ ئۇنى ھېچكىمنىڭ كۆرمىگەنلىكىدە، — ئەلەم بىلەن جاۋاب بەردى رازۇمىخىن، — چاتاق مانا شۇ يەردە، كوخ بىلەن پېستىرياكوف بىناغا چىقىپ كېتىۋاتقان چېغىدا، ئۇلارنى كۆرمەي ئۆتۈپ كەتكەن، گەرچە ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقى ھازىرنىڭ ئۆزىدە ھېچقانچە رول ئوينىيالمىسىمۇ، ئۇلار: «بىز ئۇ ئۆينىڭ ئىشىكى ئوچۇق تۇرغانلىقىنى كۆردۇق. بۇ يەردە بىرەرى ئىشلەۋاتسا كېرەك، دەپ ئويلاپتىمىز. لېكىن، ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ دىققەت قىلماپتۇق، شۇ چاغدا ئىچىدە ئىشچىلارنىڭ بار ـ يوقلۇقى توغرۇلۇق ئېنىق بىر نېمە دەپ بېرەلمەيمىز» دەيدۇ.

— ھىم... دېمەك، ئۇلارنىڭ شۇ چاغدا پومىداقلاشقانلىقى، قاقاھلاپ كۈلۈشكەنلىكى بىردىنبىر ئاساس ئىكەن ـ دە، بىز بۇنى كۈچلۈك دەلىل ـ ئىسپات دەپ تۇرايلى. لېكىن... قېنى ئۆزۈڭ ئېيتقىنا: سەن ئۆزۈڭ بۇ پاكىتلارنى قانداق

چۈشەندۈرىسەن؟ ئەگەر ئۇ راستىلا ئۆزى دىگىنىدەك ھالقىنى تىپىۋالغان بولسا، ئۇنىڭ ھالقىنى تىپىۋالغانلىقىنى نىمە بىلەن چۈشەندۈرىسەن؟

— نىمە بىلەن چۈشەندۈرەتتىم؟ بۇنىڭ چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرغۇدەك يىرى يوق: ئىش ناھايىتى ئىنىق، ھىچبولمىغاندا، تەكشۈرۈشتە قانداق يول تۇتۇش لازىملىقى ئىنىق تۇرۇپتۇ، بۇنى ئاشۇ قۇتىنىڭ ئۆزى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. بۇ ھالقىنى ھەقىقىي قاتىل چۈشۈرۈپ قويغان. كوخ بىلەن پىستىرياكوف ئىشىكنى چەككەن چاغدا، قاتىل ئىلگەكنى ئىلىپ، ئۆيگە سولىنىۋالغان. كوخ ئەخمەقلىق قىلىپ پەسكە چۈشۈپ كەتكەن؛ دەل شۇ چاغدا قاتىل قىچىپ چىقىپ، پەسكە چۈشۈپ كەتكەن، چۈنكى ئۇنىڭغا بۇنىڭدىن باشقا يول يوق. پەلەمپەيدە، نىكولاي بىلەن دمىترىي بىر – بىرىنى قوغلاپ بوش ئۆيدىن چىققان چاغدا، ئۇ كوخ بىلەن پىستىرياكوفنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قالماسلىق ئۈچۈن، شۇ بوش ئۆيگە كىرىپ، ئىشىكنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالغان. دەرۋازىۋەن بىلەن باشقىلار يۇقىرىغا چىقىپ كەتكۈچە ئۇلارنىڭ ئاياغ تىۋىشى بىسىققۇچە شۇ يەردە تۇرغان، دمىترىي بىلەن نىكولاي بىر – بىرىنى قوغلاپ كوچىغا چىقىپ كەتكەن. ئادەملەر تارقىغان، دەرۋازا ئالدىدا بىرمۇ ئادەم قالمىغان چاغدا، ھىچ ئىش بولمىغاندەكلا بىنادىن چۈشۈپ كەتكەن. ئۇنى كۆرگەنلەر بولۇشى مۇمكىن، لىكىن ئۇياق – بۇياقتا ئۆتۈپ تۇرۇۋاتقانلار كۆپ بولغاچقا، ئۇنىڭغا دىققەت قىلمىغان. ھالقا سىلىنغان قۇتا چوقۇم ئىشىكنىڭ كەينىدە يوشۇرۇنۇپ تۇرغان ۋاقتىدا، ئۇنىڭ يانچۇقىدىن چۈشۈپ قالغان. بۇنى ئۇ ئۆزىمۇ سەزمىگەن. بۇ قۇتا شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، ئۇ دەل شۇ يەردە تۇرغان! بۇ ئىشنىڭ پۈتكۈل جەرىيانى مانا شۇنداق.

— بەكلا مۇرەككەپ بولۇپ كەتتى! ياق، بۇرادەر، بەكلا مۇرەككەپ بولۇپ كەتتى. قىلىسىغىمىغۇدەك مۇرەككەپ بولۇپ كەتتى!

— نېمىشقا ئۇنداق دەيسەن؟ نېمىشقا؟
— چۈنكى، ھەممە ئىش شۇنداق چىپپىدە كېلىپ كەتتى... قىلچە يوچۇق تاپالمىغۇدەك... خۇددى تىياتىرلاردىكىدەك.
— ھەي! — رازۇمىخىن ئەمدىلا گەپ قىلماقچى بولۇپ تۇرۇشىغا ئىشىك ئېچىلىپ، بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھېچقايسىسى تونۇمايدىغان ناتونۇش بىر ئادەم كىرىپ كەلدى.

## 5

ئۇ ئانچە ياشمۇ ئەمەس، لېكىن تەكەببۇر، سۆلەتلىك، چىرايىدىن ئېھتىياتچانلىق بىلەن غەلىتىلىك چىقىپ تۇرىدىغان بىر ئادەم ئىدى. باشتا ئۇ ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ، «نەگە كىرىپ قالدىم؟» دېگەندەك قىلىپ، كىشىنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرگۈدەك ئاشكارا ھەيرانلىق بىلەن ئەتراپىغا ئەلەڭلەپ قاراشقا باشلىدى. راسكولنىكوفنىڭ پاكارغىنا تار «كايۇتا»سىغا قانداقتۇر خۇدۇكسىرەش، ھەتتا خۇپسەنلىك ئارىلاش چۆچۈش ۋە ھاقارەتلىنىش ھالىتىدە سەپسېلىپ چىقتى. ئاندىن ئۇ نەزىرىنى يەنە شۇنداق ھەيرانلىق ئىچىدە راسكولنىكوفنىڭ كۆزىگە يۆتكەپ، ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپلا قالدى؛ راسكولنىكوف كىرلىشىپ كەتكەن كىچىككىنە دىۋاندا ياتاتتى. تېخى كىيىنمىگەن، چاچلىرىنى تارىمىغان، يۇزىنىمۇ يۇمىغان راسكولنىكوفمۇ ئۇنىڭغا كۆز ئۇزمەي قارىدى، ئارقىدىن ئۇ ئادەم چاچلىرى پاخپىيىپ كەتكەن، كىيىملىرى رەتسىز رازۇمىخىنغا ئالدىرىماي سەپسالدى. رازۇمىخىنمۇ ئورنىدىن قوپماي، قانداقتۇر تەكەببۇرانە سوئال نەزىرىدە ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى. بىر مىنۇت ئەنە شۇنداق جىددىي جىمجىتلىق ئىچىدە ئۆتتى ـ دە، كېيىن كۈتكەندىكىدەك كەيپىيات سەل يۇمشىدى. ھېلىلا كىرگەن بۇ ئادەم بەزىبىر ئېنىق ئالامەتلەردىن بۇ

«كايۇتا»دا كىبىرلىك ۋە سۆلەت بىلەن ھېچنېمىگە ئېرىشكىلى بولمايدىغانلىقىنى ئۇقۇپ قالدى بولغاي، ئازراق يۇمشىدى. ئۇ يەنىلا چىرايىنى ئاچمىسىمۇ، لېكىن ئەدەپ بىلەن بىر سۆزنى دانە ـ دانە چىقىرىپ زوسىموفقا مۇراجىئەت قىلدى:

— رودىئون رومانىچ راسكولنىكوف، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ياكى ئىلگىرىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى سىز بولامسىز؟

زوسىموف خالار ـ خالىماس قىمىرلاپ قويدى. ئۇ جاۋاب بەرمەكچى بولۇپ تۇرغىنىدا، بۇ سوئال بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق رازۇمىخىن گەپنى تارتىۋالدى:

— ئۇ ئەنە دىۋاندا ياتىدۇ! نېمە ئىشىڭىز بار ئىدى؟

«نېمە ئىشىڭىز بار ئىدى» دېگەن تەكەللۇپسىز سوئال تەكەببۇر مۆتىۋەرنى قاتتىق ئېسەنگىرىتىۋەتتى، ئۇ ھەتتا رازۇمىخىن تەرەپكە بۇرالغىلى قىل ـ قىل قېلىپ، ھەرھالدا ۋاقتىدا ئۆزىنى تۇتۇۋالدى ـ دە، شۇ ئان زوسىموف تەرەپكە بۇرالدى.

— راسكولنىكوف ئەنە، — دېدى زوسىموف خۇشياقمىغاندەك راسكولنىكوفنى بېشى بىلەن كۆرسىتىپ، ئارقىدىن ئۇ ئەسنىدى. ئەسنىگەندىمۇ نېمىشقىدۇر ئاغزىنى بەكلا يوغان ئېچىپ ئەسنىدى ۋە خېلى ئۇزۇنغىچە شۇ ھالەتتە تۇرۇپ قالدى. ئاندىن ئالدىرىماستىن جىلىتكىسىنىڭ يانچۇقىغا قولىنى سېلىپ، تولىمۇ يوغان، كۆپۈنكى ۋە قاپقاقلىق ئالتۇن سائىتىنى ئالدى ـ دە، ئېچىپ قارىدى. كېيىن يەنە ئالدىرىماستىن سائىتىنى يانچۇقىغا سېلىپ قويدى.

راسكولنىكوف ھېچنېمىنى ئويلىمىسىمۇ، يېڭى كىرگەن ئادەمگە كۆز ئۈزمەي قارىغىنىچە گەپ ـ سۆز قىلماي ئوڭدا ياتاتتى. ئەمدى ئۇ تامدىكى ھېلىقى غەلىتە گۈلگە قارىمىدى. لېكىن، ئۇنىڭ ئىنتايىن تاتىراڭغۇ چىرايىدىن خۇددى يېڭىلا ئېغىر ئوپېراتسىيەدىن چىققان ياكى ھېلىلا قىيناقتىن قۇتۇلغان

ئادەمنىڭ چىرايىدەك قاتتىق ئازابلىنىشىنىڭ ئالامىتى بىلىنىپ تۇراتتى. يېڭى كىرگەن جاناب ئۇنىڭ دىققىتىنى ئاستا ـ ئاستا، لېكىن بارغانسېرى بەكرەك ئۆزىگە جەلپ قىلىشقا باشلىدى. كېيىن ئۇنىڭدا شۇبھە تۇغدۇردى. ئاندىن ئىشەنچسىزلىك پەيدا قىلدى، ھەتتا ئۇنى چۆچۈتكەندەكمۇ قىلدى. زوسىموف ئۇنى كۆرسىتىپ: «راسكولنىكوف ئەنە» دېگىنىدە، ئۇ بىردىنلا دىككىدە ئورنىدىن قوپۇپ ئولتۇردى. ئاندىن ياقتۇرمىغاندەك بىر ھالەتتە، لېكىن ئۇزۇك ـ ئۇزۇك، زەئىپ ئاۋازدا دېدى:

— ھەئە! مەن راسكولنىكوف! مەندە نېمە ئىشىڭىز بار ئىدى؟

مېھمان ئۇنىڭغا ئىنچىكىلەپ سەپسېلىپ، ۋەزنىلىك قىلىپ ئۆزىنى تونۇشتۇردى:

— مەن پېتېر پېتروۋىچ لۇژىنى بولىمەن. مەن، ئىسمىم سىزگە ئانچە بەك ناتونۇش ئەمەستۇ، دېگەن ئۈمىدتە.

راسكولنىكوف ئۇنىڭدىن پۈتۈنلەي باشقا بىر گەپنى كۈتكەندەك، پېتېر پېتروۋىچنىڭ ئىسمىنى بىرىنچى قېتىم ئاڭلاۋاتقاندەك ۋە نېمە توغرۇلۇقتۇر ئويلىنىپ قالغاندەك ئۇنىڭغا چەكچىيىپ قارىدى ـ يۇ، جاۋاب بەرمىدى.

— نېمە؟ ئەجەبا سىز ھازىرغىچە ھېچقانداق خەت ـ خەۋەر ئالمىغان بولسىڭىز؟ — سورىدى پېتېر پېتروۋىچ خېلىلا نارازى بولۇپ.

بۇ سوئالغا جاۋابەن راسكولنىكوف ئاستاغىنا ئۆزىنى ياستۇققا تاشلاپ، قوللىرىنى بېشىنىڭ ئاستىغا قويىدى ـ دە، تورۇسقا قارىۋالدى. شۇ تاپتا لۇژىننىڭ چىرايىدىن كەيپىنىڭ بۇزۇلغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. زوسىموف بىلەن رازۇمىخىن ئۇنى ئەمدى بايىقىدىنمۇ بەكرەك قىزىقىش بىلەن تاماشا قىلىشقا باشلىدى، ئاخىرى بىرىسىپ لۇژىنى پۈتۈنلەي ئوڭايسىزلىنىپ قالدى.

— مەن تېخى، مەن خىيالىمدا، — دېدى ئۇ دۇدۇقلاپ، —

ئون نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا، ھەتتا ئىككى ھەپتىنىڭ ئالدىدا ئەۋەتىلگەن خەت...

— ماڭا قاراڭ، نېمىشقا ئىشىكنىڭ ئالدىدا تۇرۇۋالىسىز؟ — دېدى رازۇمىخىن بىردىنلا ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — ئەگەر گېپىڭىز بولسا، ئولتۇرۇڭ. ئۇ يەر ناستاسىيە ئىككىڭلارغا تارلىق قىلمۋاتىدۇ، ناستاسىيۇشكا، ئۇ ئادەمگە يول بەرگىن، ئۆتۈۋالسۇن! قېنى بۇياققا ئۆتۈڭ. مانا ئورۇندۇق، كېلىپ ئولتۇرۇڭ! قېنى، ئۆتسىڭىزچۇ!

ئۇ ئورۇندۇقنى ئۈستەلدىن سەللا نېرى سۈرۈپ، ئۈستەل بىلەن تىزىنىڭ ئارىلىقىدىن ئازراقىنا جاي ئاچتى ـ دە، مېھماننىڭ شۇ جايدىن «قىسىلىپ ئۆتۈشى»نى كۈتۈپ تۇردى. ئۇ شۇنداق بىر پەيتنى تاللىغانىدىكى، تەكلىپنى رەت قىلىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا مېھمان پۇتلىشىپ، سوقۇلۇپ، شۇ تارغىنا ئارىلىقتىن قىستىلىپ ئۆتۈپ ئورۇندۇقتا ئولتۇردى ـ دە، رازۇمىخىنغا شۈبھە بىلەن قاراپ قويدى.

— لېكىن، كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ، — دېدى رازۇمىخىن يەڭگىللىك بىلەن، — رودىيەنىڭ ئاغرىپ ياتقىنىغا بۈگۈن بەش كۈن بولدى. بۈگۈن بەشىنچى كۈنى. ئۈچ كۈنگىچە بىھوش ياتتى، مانا ئەمدى ھوشىغا كەلدى، ھەتتا ئىشتىھا بىلەن تاماق يېدى. مانا بۇ كىشى ئۇنىڭ دوختۇرى. يېڭىلا ئۇنىڭ كېسىلىنى كۆردى. مەن رودىيەنىڭ ساۋاقدىشى، مەنمۇ ئىلگىرى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيتتۇم، ھازىر ئۇنىڭغا قاراۋاتىمەن، شۇڭا سىز بىزگە قارىماڭ، بىزدىن قورۇنۇپمۇ يۈرمەڭ، دەيدىغان گېپىڭىز بولسا، دەۋېرىڭ.

— رەھمەت سىزگە، لېكىن بۇ يەردە گەپ قىلسام كېسەلنى ئاۋارە قىلىپ قويارمەنمۇ؟ — زوسىموفتىن سورىدى پېتېر پېترووۋىچ.

— ياقەي، — دېدى زوسىموف ئېرىنچەكلىك بىلەن، — ھەتتا كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ قويۇشىڭىز مۇمكىن، — ئۇ گېپىنى

تۇگمتىپ يەنە ئەسنىدى.
— ئۇ، ئۇ خېلى بۇرۇنلا ئېسىگە كەلگەن، بۇگۇن ئەتىگەندىن تارتىپ خېلى ياخشى، — دېدى رازۇمىخىن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ. ئۇنىڭ تەكەللۇپسىز مۇئامىلىسىدىن تولىمۇ ساددىلىق چىقىپ تۇراتتى، شۇڭا پېتېر پېتروۋىچ ئازراق ئويلىنىۋېلىپ، سەل جانلىنىپ قالدى، بۇنىڭغا ئېھتىمال ئۇستىبېشى جۇل - جۇل، گەپلىرى قوپال بۇ ئادەمنىڭ ئۆزىنى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى دەپ تونۇشتۇرغانلىقى قىسمەن سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن.
— ئانىڭىز... — گەپ باشلىدى لۇژىنى.
— ھىم! — ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ تامىقىنى قىرىپ قويدى رازۇمىخىن. لۇژىنى ئۇنىڭغا سوئال نەزەرىدە قارىدى.
— مەن ئۆزۈم، ئانچىكىم، قېنى كېپىڭىزنى قىلىۋېرىڭ...
لۇژىنى مۈرىسىنى قىسىپ قويدى.
— مەن ئۇلارنىڭ ھۇزۇرىدىكى ۋاقتىمدىلا، ئانىڭىز سىزگە بىر خەت يازغان. بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىنمۇ، سىزنىڭ ھەممە ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقانلىقىڭىزنى ئېنىق ئۇقاي دەپ، بىرنەچچە كۈننى ئەتەي ئۆتكۈزىۋەتتىم، مانا ئەمدى، مېنىڭ ھەيران بولۇۋاتقىنىم...
— بىلىمەن، بىلىمەن! — دېدى راسكولنىكوف بىردىنلا قاتتىق تاقەتسىزلىنىپ ۋە رەنجىپ، — شۇ سىزمۇ؟ بولغۇسى كۈيئو ئوغۇل؟ ھە، بىلىمەن!... بولدى قىلىڭ!
پېتېر پېتروۋىچ قاتتىق رەنجىدى، لېكىن گەپ قىلمىدى. ئۇنىڭ بۇ ئىشلار زادى نېمىنى چۈشەندۈرىدىغانلىقىنى بەكمۇ بىلگۈسى كېلەتتى. بىردەم ھەممەيلەن جىم بولۇپ قالدى.
ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىۋاتقىنىدا يۈزىنى شۇ تەرەپكە ئازراق بۇرىغان راسكولنىكوف مانا ئەمدى خۇددى بايا ئۇنى ئېنىقراق كۆرۈۋېلىشقا ئۈلگۈرەلمىگەندەك ياكى ئۇنىڭدىكى قانداقتۇر بىر يېڭى نەرسىدىن ھەيران بولۇۋاتقاندەك، بىردىنلا باشقىچە بىر

نەزەردە، يەنە كېلىپ ئىنتايىن ھەۋەس بىلەن ئۇنىڭغا يېقىنلاشتىن تىكىلىپ قارىدى. شۇ ۋەجدىن ئۇ ھەتتا بېشىنى ياستۇقتىن ئالايىتەن سەل ـ پەل كۆتۈردى. دەرۋەقە پېتىر پېتروۋىچنىڭ پۇتكۇل تاشقى قىياپىتىدە قانداقتۇر بىر ئۆزگىچىلىك بولۇپ، بۇ ئۆزگىچىلىك ھېلىلا راسكولنىكوف ئۇنى شۇ قەدەر ئەدەپسىزلىك بىلەن ئاتىغان «كۈيئو ئوغۇل» دېگەن نامغا ماس كېلىدىغاندەك قىلاتتى. بىرىنچىدىن پېتىر پېتروۋىچ پايتەختكە كەلگەندىن بۇيانقى بىرنەچچە كۈندە لايىقىنى مۇناسىپ ھالدا كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن يۇزۇر كىيىنگەن ۋە ئۆزىنى خېلىلا تۈزەشتۈرگەنىدى. بۇ بىلىنىپلا تۇراتتى، ھەتتا ئېنىقلا كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ئەيىبلىگىلىمۇ بولمايتتى. مۇنداق ئەھۋالدا، ئۇنىڭ تاشقى قىياپىتىنىڭ پۇتۇنلەي يېڭىلانغانلىقىنى ھېس قىلىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى، ھەتتا ئادەتتىن تاشقىرى كۆرەڭلىك بىلەن ھېس قىلىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئەلۋەتتە كەچۈرۈشكە بولاتتى. نېمىشقا دېسىڭىز، پېتىر پېتروۋىچ ھازىر «كۈيئو ئوغۇل»لۇق ئورنىدا تۇرۇۋاتىدۇ ـ دە. ئۇنىڭ پۇتۇن كىيىمى يېڭىلا كىيىم دۇكىنىدىن ئېلىنغانىدى. بەكلا يېڭىلىقىنى، بۇلارنى كىيىشتىكى نىيەتنىڭ بەكلا ئېنىقلىقىنى دېمىسىڭىز، ھەممە نەرسە جايىدا ئىدى، ھەتتا چىرايلىق، يېپيېڭى يۇمىلاق شىلەپىمۇ بىر مەقسەتنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى. پېتىر پېتروۋىچ نېمىشقىدۇر بۇ شىلەپىنى ئادەتتىن تاشقىرى ئەتىۋارلاپ، ئادەتتىن تاشقىرى ئېھتىياتچانلىق بىلەن قولىدا تۇتۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئاچ بىنەپشە رەڭلىك تولىمۇ نەپىس، ھەقىقىي جوۋېن① پەلىيمۇ بۇنىڭغا ئىسپات بولالايتتى، ئۇنىڭ پەلەينى كىيمەي، سۆلەت ئۈچۈن تۇتۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرسىڭىزلا چۈشىنەلەيتتىڭىز. پېتىر پېتروۋىچنىڭ كىيىملىرىنىڭ كۆپىنچىسى ياشلارغا يارىشىدىغان ئاچ

① جوۋېن ـــ فىرانسىيەنىڭ پەلەي ئىشلەپچىقارغۇچى سودىگىرى، ئۇنىڭ ئىشلەپچىقارغان پەلەيلىرى بىر مەزگىل داڭق قازانغانىدى.

رەڭلەردىكى كىيىملەر ئىدى، يەنى ئۇ چىرايلىق ئاچ قوڭۇر رەڭلىك يازلىق چاپان، سۇس رەڭلىك نېپىز رەختتىن شىم ۋە جىلىتكە، يېڭىلا سېتىۋېلىنغان يۇمشاق كۆڭلەك كىيىپ، ئەڭ يېنىك يىپەكتىن تىكىلگەن يوللۇق ھال رەڭ گالستۇك تاقىۋالغانىدى، ھەممىدىن بەلەن يېرى: مانا شۇلارنىڭ ھەممىسى پېتېر پېترووۋىچقا بەكلا ياراشقانىدى. ئۇنىڭ سۇزۇك، ھەتتا چىرايلىققىنا كەلگەن يۈزى قىرىق بەش ياشقا كىرگەن بۇ ئادەمنى ئۇنىڭسىزمۇ خېلىلا ياش كۆرسىتەتتى. توق رەڭ چېكە ساقاللىرى خۇددى ئىككى پارچە كاتلېتتەك ئىككى تەرەپتىن يۈزىنى چىرايلىققىنا زىننەتلەپ، پاكىز قىرىپ پارقىرىتىۋېتىلگەن ئېڭىكىگە يېقىن جايدا ئاجايىپ گۈزەل بىر ھالەتتە تۇزغۇپ تۇراتتى، ھەتتا ئۇنىڭ ئازراقىنا ئاق سانجىغان، ئەمدىلىكتە ساتىراچىنىڭ قولىدا تارالغان ۋە بۇدۇرلەنگەن چاچلىرىمۇ ئۇنىڭ تاشقى قىياپىتىنى خۇنۇك، كۈلكىلىك كۆرسەتمەيتتى، ئەمما ئادەتتە كىشىلەر بۇدۇرلەنگەن چاچ ھەرھالدا ئادەمنىڭ چىرايىنى توي قىلىۋاتقان نېمىسلارنىڭ چىرايىغا ئوخشىتىپ قويىدۇ، دېيىشەتتى. ناۋادا ئۇنىڭ ئاشۇ مەردانە، خېلىلا چىرايلىق چىرايىدا قانداقتۇر ئادەمگە ياقمايدىغان، ئادەمنىڭ چىشىغا تېگىدىغان بەزىبىر ئالامەتلەر بار دېيىلسە، ئېھتىمال ئۇ باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن دېيىلگەن بولۇشى مۇمكىن. راسكولنىكوف جانابىي لۇژىننىڭ چىرايىنى ھېچقانداق تەكەللۇپسىز تاماشا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، زەھەرخەندىلىك بىلەن كۈلۈپ قويدى ـ دە، يەنە ئۆزىنى ياستۇققا تاشلاپ، يەنە ئىلگىرىكىدەك تورۇسقا قارىۋالدى.

شۇنداقتىمۇ جانابىي لۇژىنى بۇ غەلىتە قىلىقلارغا ۋاقىتىنچە ئېتىبار قىلماسلىق قارارىغا كەلگەندەك ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.

— سىزنى مۇشۇنداق ئەھۋالدا كۆرگەنلىكىمگە ئىنتايىن، ئىنتايىن ئەپسۇسلانماقتىمەن، — يەنە گەپ باشلىدى ئۇ جىمجىتلىقنى بۇزۇشقا تىرىشىپ، — بىتاب بولۇپ

قالغانلىقىڭىزنى بىلسەم، بالدۇرراق كېلەر ئىكەنمەن. لېكىن، ئۆزىڭىز بىلسىز، ئۇششاق ئىشلاردىن بىكار بولالمايمەن !... ئۇنىڭ ئۈستىگە سېناتتا ئادۋوكاتلىق ئىشىمغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم بىر ئىشنى بېجىرىۋاتىمەن. بۇلارنىڭ سىرتىدىكى ئىشلار مەن دەپ ئولتۇرمىسامۇ ئۆزىڭىزگە مەلۇم. شۇ تاپتا ئۆيىڭىزدىكىلەرنىڭ ــ ئانىڭىز بىلەن سىڭلىڭىزنىڭ يولىغا قاراپ تۇرۇۋاتىمەن...

راسكولنىكوف نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى بولغاندەك مىدىرلاپ قويدى، ئۇنىڭ چىرايىدىن هاياجانلىنىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. پېتىر پېتروۋىچ بىرنېمە دەمدىكىن دەپ گەپتىن توختاپ، بىردەم كۈتتى. لېكىن، ئۇنىڭدىن سادا چىقمىغاندىكىن، گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

ــ ئۇلارنىڭ يولىغا قاراپ تۇرۇۋاتىمەن. هازىرچە ئولتۇرۇپ تۇرغۇدەك ئۆيىنىمۇ تېپىپ قويدۇم...

ــ قەيەردىن؟ ــ سورىدى راسكولنىكوف زەئىپ ئاۋازدا.

ــ مەشەگە يېقىن، باكالېيېفنىڭ بىناسىدىن...

ــ ۋوزنېسېنسكىي كوچىسىدا ئىكەن ـ دە، ــ دېدى رازۇمىخىن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، ــ ئۇ يەردە سودىگەر يۈشىنگە قاراشلىق ئىككى قەۋەتلىك بىر بىنا بار. ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىك ياتاقلار. مەن ئۇ يەرگە بارغان.

ــ شۇنداق ياتاقلار...

ــ خۇدا ئۇرغان بىر يەر ئۇ، پاسكىنا، سېسىق، ئۇنىڭ ئۈستىگە گۇمانلىق؛ ئۇ يەردە هەر خىل ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇ يەردە تۇرىدىغانلارنى هېچ ئۇققىلى بولمايدۇ... مەن ئۆزۈممۇ ئۇ يەرگە ئۇياتلىق بىر ئىش بىلەن بارغان. لېكىن، باهاسى ئەرزان.

ــ مەن ئەلۋەتتە ئۇنچىلىك چىق ئەهۋاللارنى بىلمەيدىكەنمەن. چۈنكى، ئۆزۈممۇ تېخى يېقىندىلا كەلدىم، ــ دېدى پېتىر پېتروۋىچ خۇدۇكسىرىگەندەك ئىزاهلاشقا ئالدىراپ، ــ لېكىن ئىنتايىن، ئىنتايىن پاكىز ئىككى ئېغىز ئۆيى بار

ئىكەن. قىسقىلا بىر مەزگىل تۇرىدىغان گەپ دەڭە... بىر يۇرۇش
ھەقىقىي ئۆيىنىمۇ تېپىپ قويدۇم. ئۇ كەلگۈسىدە تۇرىدىغان
ئۆيىمىز، — ئۇ راسكولنىكوف تەرەپكە بۇرىلىپ خىتاب قىلدى، —
ھازىر ئۇنى زىننەتلەۋاتىدۇ؛ مەنمۇ ھازىر ۋاقتىنچە ئەڭ تۆۋەن
دەرىجىلىك ياتاقتا قىسىلىپ تۇرىۋاتىمەن. بۇ يەردىن ئىككىلا
چامدام نېرىدا. لىپپېۋېخزېل خانىمنىڭكىدە. ئاندرېي سېمىيونىچ
لېبېزياتنىكوف دېگەن ياشقىنا بىر دوستۇمنىڭ خانىسىدا،
باكالېيېفنىڭ ياتاق ئۆيلىرى بارلىقىنى ماڭا شۇ دەپ بەردى.
— لېبېزياتنىكوف؟ — دېدى راسكولنىكوف خۇددى
بىرنەرسىنى يادىغا ئېلىۋاتقاندەك سوزۇپقىنا.
— ھەئە، ئاندرېي سېمىيونىچ لېبېزياتنىكوف. بىر مىنىستىر-
لىقتا ئىشلەيدىكەن. ئۇنى تونۇمسىز؟
— ھەئە... ياق... — جاۋاب بەردى راسكولنىكوف.
— كەچۈرۈڭ. سوئاللىرىڭىزدىن ماڭا شۇنداقراق تۇيۇلدى.
ئىلگىرى مەن ئۇنىڭغا ھامىيلىق قىلغان.... ناھايىتى ئوبدان
يىگىت... ئاندىن قالسا... مەنمۇ بۇرۇندىن ياشلارغا يېقىنلىشىشقا
ئامراق. ئۇلاردىن بەزى يېڭىلىقلارنى ئۇقۇپ تۇرغىلى بولىدۇ، —
پېتېر پېترووۋىچ ئۈمىدۋارلىق بىلەن ھەممەيلەنگە كۆز يۈگۈرتۈپ
چىقتى.
— قايسى جەھەتتىن دەيسىز؟ — سورىدى رازۇمىخىن.
— ئەڭ جىددىي، يەنى ئىشنىڭ ئەڭ تۈپكى ماھىيىتى
جەھەتتىن، — دېدى پېتېر پېترووۋىچ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ،
ئۇ بۇ سوئالدىن بەكلا خۇرسەن بولغاندەكلا قىلاتتى، —
بىلەمسىز، مېنىڭ پېتېربۇرگقا كېلىپ باقمىغىنىمغا ئون يىل
بولدى. بىزدىكى بارلىق يېڭىلىقلار، ئىسلاھات، غايە ۋەھاكازالار
بىزنىڭ ئۆلكىمىزگىمۇ يېتىپ باردى؛ لېكىن، بۇلارنى ئېنىقراق
كۆرۈپ تۇرۇش، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرۇش ئۈچۈن، پېتېربۇرگتا
بولۇش كېرەك ئىكەن. راست، مەن شۇنداق ئويغا كېلىپ بولغان،
بىزنىڭ ياش ئەۋلادلىرىمىزنى كۆزىتىپ تۇرغاندىلا، نۇرغۇن

نەرسىنى كۆرۈپ تۇرغىلى، ئۇرغۇن نەرسىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. سىلەردىن يوشۇرمايمەن: مەن شۇنىڭغا خۇش...

— نېمىگە خۇش؟

— سوئاللىرىڭىزنىڭ دائىرىسى بەكلا كەڭ. بەلكىم مېنىڭ ئويلىغانلىرىم خاتادۇ، لېكىن مەن تېخىمۇ روشەن قاراشلارنىڭ، تېخىمۇ ئۇرغۇن ئاتالمىش تەنقىدىي روھنىڭ، تېخىمۇ ئۇرغۇن ئالغا ئىنتىلىش نىيىتىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى بايقىغاندەك قىلدىم...

— بۇ گېپىڭىز توغرا، — خۇشياقمىغاندەك جاۋاب بەردى زوسىموف.

— بىكار گەپ! ئالغا ئىنتىلىش نىيىتى دېگەن نەرسە زادىلا يوق، — دېدى رازۇمىخىن ئۇنىڭ سۆزىنى دەستەك قىلىپ، — ئالغا ئىنتىلىش نىيىتى ناھايىتى تەستە بارلىققا كېلىدۇ، ئۇ ھەرگىز ئاسماندىن چۈشمەيدۇ. مانا ئىككى يۈز يىلغا يېقىنلاشتى، بىزنىڭ ھەر خىل ئىشلار بىلەن بولغان ئارىلىقىمىز ئۈزۈلۈپ قالدى... ھەر خىل غايىلەرغۇ ئاز ئەمەستەك قىلىدۇ، — ئۇ پېتېر پېتروۋىچقا مۇراجىئەت قىلدى، — گەرچە گۆدەكلەرچە بولسىمۇ، ياخشىلىققا ئىنتىلىش ئارزۇسى يوق ئەمەس، بۇ يەردە ئالدامچىلار ھەددى ـ ھېسابسىز كۆپىيىپ كەتكەن بولسىمۇ، ھەققانىي ئىشلارنى ھەرھالدا تاپقىلى بولىدۇ. لېكىن، ئالغا ئىنتىلىش نىيىتى دېگەن نەرسە يوق. ئالغا ئىنتىلىش نىيىتىدىن ئېغىز ئېچىش ئۇنداق ئاسان ئەمەس.

— قاراشلىرىڭىزغا قوشۇلالمايمەن، — بەكلا مەمنۇنىيەت بىلەن ئېتىراز بىلدۈردى پېتېر پېتروۋىچ، — ئەلۋەتتە، ئادەملەردە مەستانە بولۇپ كېتىدىغان، خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويىدىغان ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ، ھەممە نېمىنىڭ مۇكەممەل بولۇشىنى تەلەپ قىلغىلى بولمايدۇ. مەستانىلىكنىڭ ئۆزى ئىشقا بولغان قىزغىنلىقنى چۈشەندۈرىدۇ، ئاندىن شۇ ئىشقا مۇناسىۋەتلىك تاشقى مۇھىتنىڭ ناتوغرىلىقىنىمۇ چۈشەندۈرىدۇ.

ئەگەر نەتىجە كۆپ بولمىسا، بۇ ۋاقىتنىڭ ئانچە ئۇزۇن بولمىغانلىقىدىن، خالاس. ۋاسىتىلەر توغرىلۇق سۆزلەپ ئولتۇرماي، شەخسەن مېنىڭ قارىشىمچە، شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بەزىبىر ئىشلار قىلىندى: بەزىبىر پايدىلىق يېڭى ئىدىيەلەر تارقىتىلدى، بەزىبىر پايدىلىق يېڭى ئەسەرلەر ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، ئىلگىرىكى قۇرۇق رومانتىك نەرسىلەرنىڭ ئورنىغا قويۇلدى. ئەدەبىياتتا بىرقەدەر پىششىق يېتىلىش ئالامەتلىرى كۆرۈلدى: نۇرغۇنلىغان زىيانلىق خۇراپاتلىقلار تۈگىتىلدى، كۆلىكىنىڭ دەستىكىگە ئايلىنىپ قالدى... بىر ئېغىز گەپ بىلەن ئېيتقاندا، بىز ئۆتمۈشتىن ئەبەدىي ئارقىغا يانمىغۇدەك بىر ھالەتتە قول ئۈزدۇق، مېنىڭچە، مانا شۇنىڭ ئۆزى بىر مۇۋەپپەقىيەت...

— يەنە شۇ كونا گەپ! ئۆزىنى كۆرسىتىۋاتىدۇ، — دېدى راسكولنىكوف كۈتمىگەندە.

— نېمە؟ — سورىدى پېتىر پېتروۋىچ راسكولنىكوفنىڭ سۆزىنى ئاڭلىيالماي، لېكىن ئۇ جاۋاب ئالالمىدى.

— بۇلارنىڭ ھەممىسى توغرا گەپلەر، — دېدى زوسىموف دەرھاللا گەپ قىستۇرۇپ.

— شۇنداق ئەمەسمۇ؟ — داۋام قىلدى پېتىر پېتروۋىچ خۇشاللىق بىلەن زوسىموفقا لەپپىدە قاراپ قويۇپ، — سىزمۇ قوشۇلۇشىڭىز كېرەك، — دېدى ئۇ ئەمدى رازۇمىخىنغا خىتاب قىلىپ، ئۇنىڭ چىرايىدا شۇ قەدەر كۆرەڭلىك ئالامىتى پەيدا بولدىكى، ئۇ رازۇمىخىننى «يىگىتچاق» دەۋەتكىلى قىل - قىل قالدى، — زور تەرەققىيات، ھازىرقى زامان تىلى بىلەن ئېيتقاندا ئىلغارلىق بارلىققا كەلدى. ھېچبولمىغاندا پەن ۋە ئىقتىسادشۇناسلىق ھەقىقىتى يۈزىسىدىن ئېيتقاندا...

— يەنە شۇ كونا مۇقام!

— ياق، بۇ كونا مۇقام ئەمەس! مەسىلەن ئالايلى، ناۋادا بىرسى ماڭا ئىلگىرى: «مېھرىبان بول» دېگەن بولسا، مەنمۇ

مېھرىبان بولغان بولسام، ئاقىۋىتى قانداق بولار ئىدى؟ — داۋام قىلدى پېتىر پېترووۋىچ بىرئاز ئالدىراپ، — ئاقىۋىتى مانا مۇنداق بولاتتى. مەن چاپىنىمنى ئىككىگە بۆلۈپ، يېرىمىنى بىرىگە بېرەتتىم، شۇنىڭ بىلەن ھەر ئىككىمىز يېرىم يالىڭاچ بولۇپ قالاتتۇق. خۇددى رۇس ماقالىدا دېيىلگەندەك: «ئىككى توشقاننى تەڭ قوغلاپ، بىرىنىمۇ تۇتالمايتتىم». لېكىن، پەن بىزگە شۇنداق ئۆگىتىدۇ، ئالدى بىلەن ئۆزۈڭنى ياخشى كۆر، چۈنكى دۇنيادىكى ھەممە نەرسە شەخسىي مەنپەئەت ئۈستىگە قۇرۇلغان. ئۆزۈڭنىلا ياخشى كۆرسەڭ، ئۆز ئىشلىرىڭنى ئوبدان بېجىرىسەن، چاپىنىڭمۇ پۈتۈن پېتى قالىدۇ، ئىقتىسادشۇناسلىق ھەقىقىتى بۇنىڭغا مۇنۇلارنى قوشۇمچە قىلىدۇ: جەمئىيەتتە ئۇتۇقلۇق بېجىرىلگەن خۇسۇسىي ئىشلار قانچىكى كۆپەيسە، يەنى پۈتۈن چاپان قانچىكى كۆپەيسە، جەمئىيەتنىڭ ئاساسى شۇنچىكى مۇستەھكەم بولىدۇ. ئومۇمنىڭ ئىشلىرىمۇ شۇنچىكى ياخشى بېجىرىلىدۇ. شۇڭا، مەن بىر ئۆزۈمنىڭ بېيىشىنىلا كۆزدە تۇتسام، ئۆز نۆۋىتىدە ھەممە ئادەم ئۈچۈن بايلىققا ئېرىشكەندەك بولىمەن، بۇنىڭ بىلەن كىشىلەر يېرىم چاپاندىن كۆپرەك نەرسىگە ئېرىشەلەيدۇ، ئەمما بۇ شەخسلەرنىڭ ئاندا ـ ساندا قىلىپ قويغان خەير ـ ئېھسانلىرىنىڭ ئەمەس، بەلكى ئومۇميۈزلۈك گۈللىنىشنىڭ نەتىجىسى بولىدۇ. بۇ تولىمۇ ئاددىي ئوي، لېكىن بەختكە قارشى ئەسەبىيلىك ۋە قۇرۇق خىيال توسۇپ تۇرغاچقا، ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ئۇنى كىشىلەر قوبۇل قىلالماي كەلدى، ئانچە كۆپ ئەقىل ـ پاراسەت بولمىغان تەقدىردىمۇ شۇنى كۆرۈش مۇمكىنكى...

— كەچۈرۈڭ، مېنىڭ ئانچە كۆپ ئەقىل ـ پاراسىتىم يوق، — دېدى رازۇمىخىن تەكەللۇپسىزلا ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — شۇڭا بىز بولدى قىلايلى. بىلەمسىز، بايىقى گەپلىرىم مەقسەتلىك دېيىلگەندى. لېكىن، مۇنداق ئۆز ـ ئۆزىگە مەست بولۇپ دېيىلگەن قۇرۇق گەپلەرنى، مۇنداق ئايىغى چىققىلى بولمايدىغان

كونا مۇقاملارنى يەنە دېسىڭىز يەنە شۇ، يەنە دېسىڭىز يەنە شۇ، تەكرارلىماقتىن باشقا ئىش يوق. ئۈچ يىلدىن بۇيان ئۇنىڭدىن شۇنچىلىك تويۇپ كەتتىمكى، ئۆزۈم ئەمەس، باشقىلار دېسىمۇ قىزىرىپ كېتىدىغان بولۇپ قالدىم. سىزغۇ بىلمىلىكلىكىڭىزنى بىزگە كۆرسىتىپ قويغىلى شۇنداق قىلدىڭىز، بۇنى تامامەن كەچۈرۈشكە بولىدۇ. مەن سىزنى ئەيىبلىمەيمەن. مېنىڭ پەقەت كىم ئىكەنلىكىڭىزنى بىلگۈم كېلىۋاتىدۇ، چۈنكى ئۆزىڭىز بىلىسىز، يېقىندا ئومۇمىي ئىشلارغا شۇنچىلىك نۇرغۇن ساناﺋەتچى ئارىلىشىۋالدىكى، ئۇلار ئۆز مەنپەئەتىنى دەپ، ئۆزلىرى ئارىلاشقان جىمىكى ئىشنى باشقىچىلا بىرنېمە قىلىۋەتتى. شۇڭا ئۇلار پۈتكۈل ئىشنى ۋەيران قىلىۋەتتى. بولدىلا، دېمەيلا قوياي!

— مۆھتەرەم جاناب، — دېدى لۇژىنى ئادەتتىن تاشقىرى غورۇر بىلەن چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، — مۇنچىۋالا بىھۆرمەتلىك بىلەن چۈشەندۈرۈشىڭىزگە قارىغاندا، مېنىمۇ...

— ھە، يوغسۇ، يوغسۇ... ھەددىمىمۇ! بولدى، دېمەيلا قوياي! — دېدى رازۇمىخىن گەپنى بىراقلا ئۈزۈپ. ئاندىن بايىقى ئۈزۈلۈپ قالغان گېپىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن، بىردىنلا زوسىموف تەرەپكە بۇرالدى.

پېتىر پېترووۋىچ ھەرھالدا ئەقىللىك ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ئىزاھاتىغا شۇ ئانلا ئىشەندى. ئىشقىلىپ ئۇ ئىككى مىنۇتلاردىن كېيىن بۇ يەردىن كېتىش قارارىغا كېلىپ بولغانىدى.

— بىز تونۇشۇۋالدۇق، — دېدى ئۇ راسكولنىكوفقا خىتاب قىلىپ، — بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز سىز ساقايغاندىن كېيىن، سىزگە مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تېخىمۇ قويۇقلىشىدۇ دېگەن ئۈمىدتىمەن... سىزگە شىپالىق تىلەيمەن...

راسكولنىكوف ھەتتا بېشىنى بۇراپمۇ قويمىدى. پېتىر پېترووۋىچ ئورنىدىن تۇردى.

— ئۇنى چوقۇم نەرسە - كېرەكلىرىنى گۆرۈگە قويغان بىرسى ئۆلتۈردى، — دېدى زوسىموف مۇئەييەنلەشتۈرۈپ.

— توغرا، شۇنداق، — دېدى رازۇمىخىن تەستىقلاپ، — پورفىري ئويلىغانلىرىنى دەپ بەرگىلى ئۇنىمىدى، لېكىن ئۇ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى گۆرۈگە قويغانلارنى سوراق قىلىۋاتىدۇ...
— نەرسە ـ كېرەكلىرىنى گۆرۈگە قويغانلارنى سوراق قىلىۋاتىدۇ؟ — سورىدى راسكولنىكوف ۋارقىراپ.
— ھەئە، نېمە بولدى؟
— ھېچنېمە.
— ئۇلارنى نەدىن تېپىپتۇ؟
— بىر قىسمىنى كوخ دەپ بېرىپتۇ؛ باشقىلارنىڭ ئىسمى نەرسە ـ كېرەك ئورالغان قەغەزگە يېزىقلىق ئىكەن. يەنە بەزىلىرى ئۆزلىرى ئاڭلاپ كېلىشىپتۇ.
— ھە، ئۇ ئەبلەخ تازىمۇ ھىيلىگەر، بەكلا تەجرىبىلىك بىرنېمە ئىكەن ـ دە! نېمىدېگەن دادىللىق! نېمىدېگەن كەسكىنلىك ـ ھە!
— ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس! — گەپكە لوقما سالدى رازۇمىخىن، — ھەممىڭلارنى قايمۇقتۇرۇۋاتقان نەرسە شۇ. مېنىڭچە، ئۇ ھىيلىگەرمۇ ئەمەس، تەجرىبىلىكمۇ ئەمەس، ئېھتىمال بۇ ئۇنىڭ مۇشۇنداق ئىشنى بىرىنچى قېتىم قىلىشى بولسا كېرەك! ناۋادا بۇ ئالدىن پىلانلانغان، ئۇ ئادەم تولىمۇ ھىيلىگەر ئىكەن دېيىلسە، بۇنىڭغا ئادەمنىڭ ئانچە ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ. ئەگەر قاتىل تەجرىبىسىز ئىكەن دېيىلسە، ئۇ ھالدا نەتىجە ئېنىقلا بولۇپ قالىدۇ: بىر تاسادىپىي پۇرسەت ئۇنىڭ جېنىنى قۇتقۇزۇپ قالغان. تاسادىپىي ئىش ئوڭىدىن كېلىپ قالغاندا، نى ـ نى ئىشلارنى قىلىۋەتكىلى بولىدۇغۇ؟ گېپىمىزگە كەلسەك، ئۇ ھەتتا يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان قىيىنچىلىقلارنىمۇ مۆلچەرلىمىگەن بولسا كېرەك! ئۇ نېمىلەرنى قېپتۇ دېمەمسەن، ئون ـ يىگىرمە رۇبلىلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ، يانچۇقىنى شۇلار بىلەن تولدۇرغان. موماينىڭ ساندۇقىدىكى كونا كىيىملىرىنى ئاختۇرغان، ئەمما كىيىن بەش تارتىملىق ئىشكاپنىڭ يۇقىرى تارتمىسىدىكى زىبۇ ـ زىننەت قۇتىسىدىن

بىرمۇنچە چەكىنىڭ سىرتىدا بىر يېرىم مىڭ رۇبلى نەق پۇل چىققان! ئۇ ھەتتا ئوغرىلىق قىلىشنىمۇ بىلمەيدىكەن، پەقەت ئادەم ئۆلتۈرۈشنىلا بىلىدىكەن! مەن ساڭا ئېيتسام، بۇ ئۇنىڭ بىرىنچى قېتىم جىنايەت ئۆتكۈزۈشى، چوقۇم بىرىنچى قېتىم؛ شۇڭا ھودۇقۇپ كەتكەن! ئۇ ئىشنى ئالدىن پىلانلىۋالغانلىقىدىن ئەمەس، پەقەت تاسادىپىيلىق سەۋەبىدىن قۇتۇلۇپ كەتكەن.

— يېقىندا ئۆلتۈرۈلگەن موماينىڭ پارىڭىنى قىلىشىۋاتقان ئوخشىمامسىلەر، — گەپكە قوشۇق سالدى پېتىر پېتىرووۋىچ زوسىموفقا قاراپ. بۇ چاغدا ئۇ قالپىقى بىلەن پەلىيىنى قولىغا ئېلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ بولغانىدى، شۇنداقتىمۇ مېڭىش ئالدىدا يەنە بىرنەچچە ئېغىز ئاقىلانە گەپ قىلىپ قويغۇسى كەلدى. ئۇنىڭ ياخشى تەسىرات قالدۇرۇپ كەتكۈسى بار ئىدى، ئۇنىڭ مەنمەنلىكى ئەقىل ـ ئىدراكىدىن غالىب كەلدى.

— ھەئە، ئاڭلىغانمىدىڭىز؟

— ئاڭلىمايچۇ. قوشنام تۇرسا...

— ئەھۋالنى تەپسىلىي بىلەمسىز؟

— ئۇنچىلىك ئەمەس، لېكىن مەن مۇشۇنىڭدىن پەيدا بولغان باشقا بىر ئەھۋالغا — بىر پۈتۈن مەسىلىگە دىققەتمۇ بولىدۇ — قىزىقىپ قالدىم. يېقىنقى بەش يىلدىن بۇيان، تۆۋەن تەبىقىدىكىلەر ئارىسىدا جىنايى ئىشلارنىڭ كۆپىيىپ قالغانلىقىنى دېمەيلا قوياي؛ بۇلاڭچىلىق، ئوت قويۇش ۋەقەلىرىنىڭ ھەممىلا يەردە ئۈزۈكسىز يۈز بېرىۋاتقانلىقىنىمۇ دېمەي تۇراي؛ مېنىڭ ھەممىدىن بەكرەك ھەيران بولىدىغىنىم، جىنايى ئىشلار يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر ئارىسىدىمۇ كۆپىيىۋاتىدۇ ياكى مۇناسىپ ھالدا ئېشىۋاتىدۇ، دېسەكمۇ بولىدۇ. بىر يەردە سابىق ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ چوڭ يولدىلا پوچتىنى بۇلىغانلىقىنى ئاڭلىساق، يەنە بىر يەردە ئىجتىمائىي ئورنى ناھايىتى يۇقىرى بەزى ئادەملەرنىڭ ساختا پۇل ياسىغانلىقىنى

ئاڭلاپ قالىمىز. يېقىندا موسكۋادا تارقىتىلغان مۇكاپاتلىق زايومنى تەقلىد قىلىپ ياسىغان جىنايەتچىلەر قولغا ئېلىندى، باش جىنايەتچىلەردىن بىرسى دۇنيا تارىخى دەرسىنىڭ لېكتورى ئىكەن؛ چەت ئەلدە باش ئەلچىخانىمىزنىڭ كاتىپىنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈپتۇ... پۇل ئۈچۈن ۋە بىلىپ بولمايدىغان سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن... ئەگەر ھېلىقى جازانىخور موماينى ئىجتىمائىي ئورنى خېلى يۇقىرى بىرسى ئۆلتۈرگەن بولسا (چۈنكى، دېھقانلارنىڭ ئالتۇن جابدۇقلارنى گۆرۈگە قويۇشى مۇمكىن ئەمەس ـ دە)، ئۇ ھالدا بۇنى جەمئىيىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمىدا ئەخلاق بۇزۇلغان دېيىشتىن باشقا يەنە نېمە دەپ ئىزاھلاش مۇمكىن؟

— ئىقتىسادىي جەھەتتە زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى[1] ... — دېدى زوسىموف.

— نېمە دەپ ئىزاھلاش مۇمكىن؟ — دېدى رازۇمىخىن گەپكە ساپاق ئىزدەپ، — بۇنى ئۆگەنگەن خۇيىنىڭ بەكمۇ چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەنلىكىدىن، ئالغا ئىنتىلىش نىيىتىنىڭ بەكمۇ كەملىكىدىن دەپ ئىزاھلاش مۇمكىن.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

— موسكۋادا باشقىلار ھېلىقى لېكتوردىن: نېمىدەپ زايومنى تەقلىد قىلىپ ياسىدىڭىز، دەپ سورىغاندا، ئۇ: «ھەممە ئادەم ھەر خىل يوللار بىلەن بېيىۋاتىدۇ، شۇڭا مېنىڭمۇ پاتراق بېيىغۇم كەلدى» دەپ جاۋاب بەرگەن، ئەسلىي سۆزى ئېسىمدە يوق، ئىشقىلىپ مەزمۇنى شۇنداقراق. ئۇ ھېچقانداق كۈچ سەرپ قىلماي پات پۇرسەتتە نۇرغۇن پۇلنى قولغا كىرگۈزۈشنى ئۈمىد قىلغان! ھەممىلا ئادەم تەييار ئاشنى يېيىشكە، باشقىلارغا تايىنىپ جان بېقىشقا، باشقىلار چايناپ بەرگەن ناننى يۇتۇشقا ئۆگىنىپ

① بۇ يەردە 1861 ـ يىلى رۇسىيەدە يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ بىكار قىلىنغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

كەتكەن. ئوھۇم، ئاشۇ ئۇلۇغ پەيت يېتىپ كەلسە، ئۇ چاغدا ھەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى ئاشكارىلايدۇ[1]...

— لېكىن يەنە ئۆز گېپىمىزگە كېلەيلى، ئەخلاقچۇ؟ ئاندىن شۇنداق دېگىلى بولسا، قائىدە - پىرىنسىپچۇ...

— سىز نېمانچە غەم يەپ كېتىسىز؟ — دېدى راسكولنىكوف كۈتمىگەندە گەپكە ئارىلىشىپ، — ئۇ سىزنىڭ نەزەرىيەڭىز بويىچە ئالللىبۇرۇن ئىشقا ئېشىپ بولغان.

— قانداقسىغا مېنىڭ نەزەرىيەم بويىچە بولىدۇ؟

— سىز ھازىرلا كۆككە كۆتۈرگەن نەزەرىيە بويىچە بولغاندا، ئاخىرقى ھېسابتا ئادەم ئۆلتۈرۈشكە بولىدۇغۇ...

— يوق گەپنى قىلمىسىڭىزچۇ ! — ۋارقىرىدى لۇژىنى.

— ياق، بۇ توغرا ئەمەس، — دېدى زوسىموف ئۆز پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ.

شۇ پەيتتە چىرايى تامدەك تاتىرىپ، ئۈستۈنكى كالپۇكى تىترەپ تۇرغان راسكولنىكوف ئېغىر - ئېغىر نەپەس ئېلىپ ياتاتتى.

— ھەر ئىشنىڭ چېكى بولىدۇ، — مەنمەنلىك بىلەن داۋام قىلدى لۇژىنى، — ئىقتىسادىي ئىدىيە سىزنى ئادەم ئۆلتۈرۈشكە تەكلىپ قىلىش دېگەنلىك ئەمەس، ناھايەت بىر پەرەز...

— راستىمۇ شۇ گېپىڭىز؟ — دېدى راسكولنىكوف يەنە بىردىنلا لۇژىنىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، ئۇنىڭ ئاچچىق دەستىدىن تىترەپ چىقىۋاتقان ئاۋازىدىن يەنە قانداقتۇر رەنجىش ئارىلاش خۇشلۇقمۇ بىلىنىپ تۇراتتى، — راستىمۇ شۇ گېپىڭىز؟ سىز لايىقىڭىزنىڭ... رازىلىقىنى ئالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا: ھەممىدىن بەكرەك خۇش بولغىنىم... سىز كەمبەغەل... چۈنكى

---

[1] بۇ يەردە 1861 - يىلى يانچىلار ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن، رۇسىيەدە كاپىتالىزمنىڭ شىددەت بىلەن راۋاجلانغانلىقى، نەتىجىدە بىر قىسىم ئۇششاق پومېشچىكلار بىلەن ئۇششاق ئاقسۆڭەكلەرنىڭ تېزلا ۋەيران بولغانلىقى، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ھەممىگە تەۋەككۈل قىلغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

مېنىڭچە كېيىنرەك بويىنىغا مىنىپ تۇرۇپ باشقۇرۇش... ئاغزىنى ئاچۇرماسلىق ئۈچۈن كەمبەغەللىنىڭ قىزىغا ئۆيلەنگەن ياخشىراق. سىز مېنىڭ ياخشىلىقىمنى كۆرگەن دېگىلىمۇ بولىدۇ، دەپسىز. شۇنداقمۇ؟

— مۆھتەرەم جاناب، — ۋارقىرىدى لۇژىنى ئەلەم ۋە غەزەپ بىلەن شەلپەردەك قىزىرىپ ۋە ئوڭايسىزلىنىپ، — مۆھتەرەم جاناب... سىز مېنىڭ گېپىمنى بۇرمىلاۋاتىسىز. مېنى كەچۈرۈڭ، لېكىن سىزگە دېمەي ئىلاجىم يوق، سىزگە يېتىپ كەلگەن ئۇ پىتنە - پاساتنىڭ، توغرىراقى سىزگە يەتكۈزۈلگەن ئۇ خەۋەرنىڭ قىلچە مۇۋاپىق ئاساسى يوق. مېنىڭ... گۇمانىمچە بەزىلەر... قىسقىسى... بۇ بىر ئېتىلغان ئوق... قىسقىسى، ئانىڭىز... مېنىڭ نەزىرىمچە، كۆپ پەزىلەتلىك بولسىمۇ، لېكىن پىكىر قىلىش جەھەتتە بىرئاز ھېسسىياتچان ۋە رومانتىك... شۇنداقتىمۇ مەن ئۇنى بۇ ئىشنى مۇنداق خىيالغا كەلگەنچە بۇرمىلىۋېتەر، دەپ ئويلىمايتتىكەنمەن... يەنە كېلىپ ئاخىر بېرىپ... ئاخىر بېرىپ...

— گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ، — ۋارقىرىدى راسكولنىكوف گەۋدىسىنى ياستۇقتىن سەل كۆتۈرۈپ، چاقناپ تۇرغان ئۆتكۈر كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ، — گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ.

— نېمە گەپ؟ — لۇژىنى توختىدى - دە، ھاقارەتلىنىپ رەنجىگەن بىر ھالەتتە كۈتۈپ تۇردى. ئارىدا بىرنەچچە سېكۇنتقىچە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى.

— ئەگەر سىز... ئانامنى يەنە بىر قېتىم تىلغا ئالسىڭىز... بىرلا قېتىم تىلغا ئالسىڭىز... سىزنى پەلەمپەيدىن پىرقىرىتىپ تاشلىۋېتىمەن!

— ساڭا نېمە بولدى؟ — ۋارقىرىدى رازۇمىخىن.

— ھە، مۇنداق دەڭ! — لۇژىنى تامدەك تاتىرىپ لەۋلىرىنى قاتتىق چىشلىدى، — گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ، جاناب، — دېدى ئۇ توختاپ - توختاپ ۋە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشىپ،

شۇنداقتىمۇ ئۇ ئاچچىقىدىن بوغۇلۇپ ھاسىراپ كەتتى، — بايا، ئىشىكتىن كىرگەندىلا، مېنى ياقتۇرمىغانلىقىڭىزنى سەزگەنىدىم، شۇنداقتىمۇ كۆپرەك ئەھۋال ئۇقۇپ باقاي دەپ، ئەتەي يېنىڭىزدا ئولتۇردۇم. مەن بىر كېسەلنى، تۇغقىنىمنى ھەرھالدا كەچۈرەلەيتتىم. لېكىن ئەمدى... سىزنى... ھېچقاچان...

— مەن كېسەل ئەمەس! — ۋارقىرىدى راسكولنىكوف.

— ئۇنداقتا تېخىمۇ شۇنداق...

— كۆزۈمدىن يوقىلىڭ!

لۇژىنىمۇ گېپىنى تۈگەتمەيلا تاشقىرىغا ماڭغانىدى. ئۇ يەنە ئۇستەل بىلەن ئورۇندۇقنىڭ ئارىسىدىن قىسىلىپ ئۆتكەندە تېزرەك ئۆتۈۋالسۇن، دەپ رازۇمىخىن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. لۇژىنى ھېچكىمگە قارىماي، ھەتتا باياتىن بېرى بىمارنى ئۆز ھالىغا قويۇڭ، دېگەننى قىلىپ باش لىڭشىتىپ ئىشارەت قىلىپ ئولتۇرغان زوسىموفقا باش لىڭشىتىپمۇ قويماي چىقىپ كەتتى؛ ئېگىلىپ ئىشىكتىن چىققۇچە، شلەپىسىنى ئالاھىدە ئېھتىيات بىلەن مۈرىسى بىلەن تەڭ قىلىپ كۆتۈرۈۋالدى. بۇ ئەھۋالدا لۇژىنىنىڭ ئېگىلىپ تۇرغان بېلى گويا ئۇنىڭ ئىنتايىن ئېغىر ھاقارەتنى كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەپ تۇرغاندەكلا بىلىندى.

— نېمە قىلغىنىڭ بۇ، زادى نېمە قىلغىنىڭ بۇ؟ — دېدى رازۇمىخىن ھەيران بولۇپ بېشىنى چايقاپ.

— كېتىڭلار، ھەممىڭلار كېتىڭلار! — ئەسەبىيلىك بىلەن ۋارقىرىدى راسكولنىكوف، — مېنى بىردەم تىنچ قويۇڭلار، مېنى تولا قىيناۋەرمەڭلار! مەن سىلەردىن قورقمايمەن، ھېچكىمدىن قورقمايمەن، ئەمدى مەن ھېچكىمدىن قورقمايمەن! بۇ يەردىن يوقىلىش! مېنى يالغۇز قويۇش. يالغۇز، يالغۇز، يالغۇز!

— بىز كېتەيلى، — دېدى زوسىموف رازۇمىخىنغا ئىشارەت قىلىپ.

— نېمە دەيدىغانسەن، ئۇنى مۇشۇ ھالەتتە تاشلاپ كېتەمدۇق؟
— بىز كېتەيلى! — زوسىموف قەتئىيلىك بىلەن تەكرارلىدى ـ دە، ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. رازۇمىخىن ئىككىلىنىپ بىردەم تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ كەينىدىن يۈگۈردى.
— ئەگەر ئۇنىڭ رايىغا باقمىساق، بۇنىڭدىنمۇ بەكرەك يامانلىشىپ كېتىشى مۇمكىن، — دېدى زوسىموف پەلەمپەيدىن چۈشۈپ كېتىۋېتىپ، — ئۇنى ھەرگىز خاپا قىلىشقا بولمايدۇ...
— ئۇنىڭغا زادى نېمە بولغاندۇ؟
— ئۇنى توغرا يولغا سالالىساقلا، شۇ يېتەرلىك ئىدى! بايا ئۇ خېلىلا ياخشى بولۇپ قالغان... بىلەمسەن، ئۇنىڭ كۆڭلىدە بىر سىر باردەك قىلىدۇ! ئۇنىڭ كۆڭلىدىن چىقىرىۋېتەلمەيدىغان، يۈرەك ـ باغرىنى ئېزىۋاتقان بىر سىرى بار... مەن ھەممىدىن بەكرەك مانا شۇنىڭدىن ئەنسىرەۋاتىمەن؛ چوقۇم شۇنداق!
— بۇنىڭ سەۋەبى بايىقى جاناب پېتىر پېترووۋىچ بولسا كېرەك! ئۇلارنىڭ گەپلىرىگە قارىغاندا، ئۇ رودىيەنىڭ سىڭلىسىغا ئۆيلەنمەكچى ئوخشايدۇ، رودىيە بۇ ئىشنى ئاغرىشتىن سەل ئىلگىرى كەلگەن خەتتىن ئۇققان چېغى...
— شۇنداق، ئۇنىڭمۇ مۇشۇنداق بىر چاغدا كەلگىنىنى قارىمامدىغان؛ ئۇ ھەممە ئىشنى نابۇت قىلىۋېتىشى مۇمكىن. سەن دىققەت قىلدىڭمىكىن، ئۇ ھېچنېمىگە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. ھەممىگە گاچا بولۇۋالىدۇ. پەقەت بىرلا ئىش — ھېلىقى مومايىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ئۇنى قاتتىق ھاياجانلاندۇرۇۋېتىۋاتىدۇ.
— توغرا، توغرا! — دېدى رازۇمىخىن ئۇنىڭ گېپىگە ئۇلاپلا، — مەن بەك دىققەت قىلدىم. ئۇ بۇ ئىشقا قىزىقىپمۇ تۇرىدۇ، قورقۇپمۇ تۇرىدۇ. ئۇ ئاغرىپ قالغان كۈنى ساقچى ئىدارىسىدە بىرسى ئۇنى قورقۇتۇۋەتكەنىكەن، ئۇ ھوشىدىن كېتىپ قاپتۇ.
— بۈگۈن ئاخشام ئۇ ئىشنى يەنە تەپسىلىيرەك سۆزلەپ

بەرگىن، كېيىن مەنمۇ ساڭا بىر ئىشنى سۆزلەپ بېرىمەن. ئۇ مېنى قىزىقتۇرۇۋاتىدۇ، بەكلا قىزىقتۇرۇۋاتىدۇ! يېرىم سائەتتىن كېيىن يەنە كېلىمەن... لېكىن، ياللۇغلىنىش پەيدا بولمايدۇ...

— رەھمەت ساڭا! ئۇنىڭغىچە مەن پاشىنكانىڭ يېنىدا بولىمەن، ئۇنى ناستاسىيە ئارقىلىق كۆزىتىپ تۇرىمەن...

راسكولنىكوف ئۆزى يالغۇز قالغان چاغدا، تەقەززالىق ۋە پەرىشانلىق بىلەن ناستاسىيەگە قارىدى، ئۇ تېخىچە كەتمەي تۇراتتى.

— ئەمدى ئاززاق چاي ئىچىۋالامسەن؟ — سورىدى ئۇ.

— بىردەم تۇرۇپ! ئۇيقۇم كېلىۋاتىدۇ! سەن چىقىپ كېتىۋەر...

ئۇ تىترەپ كېتىپ تام تەرەپكە قارىۋالدى؛ ناستاسىيە چىقىپ كەتتى.

## 6

ناستاسىيە چىقىپ كېتىشىگە، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىشىكنىڭ ئىلغۇچىنى ئىلدى ـ دە، بايا رازۇمىخىن ئەكېلىپ ئېچىپ كۆرسەتكەندىن كېيىن يەنە چىگىپ قويغان بوپىنى يېشىپ، كىيىنىشكە باشلىدى. شۇنىسى قىزىقكى، ئۇ ئەمدى بىردىنلا ئېغىر ـ بېسىق بولۇپ قالدى. ئەمدى ئۇنىڭ بايىقىدەك تەلۋىلەرچە جۆيلۈشلىرىمۇ، ئۇدا بىرنەچچە كۈن داۋام قىلغان ئالاقزەدىلىكىمۇ يوقالغاندەك قىلاتتى. بۇ، غەلىتە، بىردىنلا پەيدا بولغان ئاللىقانداق خاتىرجەملىكنىڭ ئەڭ دەسلەپكى دەقىقىلىرى ئىدى. ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرى توغرا، ئىدىتلىق ئىدى. يەنە كېلىپ ھەرىكەتلىرىدىن قەتئىي نىيىتى بىلىنىپ تۇراتتى. «بۈگۈنلا پۈتتۈرۈۋېتىش كېرەك، بۈگۈنلا پۈتتۈرۈۋېتىش كېرەك!...» پىچىرلىدى ئۆزىگە ئۆزى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھېلىمۇ كەم ماغدۇر

ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. لېكىن، ئېغىر ـ بېسىقلىق، پىكىر جەھەتتىكى قەتئىيلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن ئىنتايىن كۈچلۈك ئىچكى جىددىيلىك ئۇنىڭغا كۈچ ۋە ئىشەنچ بېغىشلىغانىدى. شۇنداق دېگەن بىلەنمۇ، ئۇ يەنىلا كوچىدا يىقىلىپ قالماسمەن دېگەن ئۈمىدتە ئىدى. ئۇ باشتىن ـ ئاياغ يېڭى كىيىملىرىنى كىيىپ بولۇپ، ئۈستەلنىڭ ئۈستىدىكى پۇللارغا قارىدى ـ دە، ئازراق ئويلىنىۋېلىپ، پۇللارنى يانچۇقىغا سېلىپ قويدى، پۇل جەمئىي يىگىرمە بەش رۇبلى ئىدى، ئۇ رازۇمىخىن كىيىم ـ كېچەك سېتىۋالغان ئون رۇبلىدىن ئاشقان بەش كوپېيكلىك پۇللارنىمۇ ئېلىۋالدى. ئاندىن ئىلگەكنى ئاستا چۇشۇرۇپ، ئۆيدىن چىقتى. بىنادىن چۇشۇۋېتىپ، ئۇ يەنە ئىشىكى داغدام ئوچۇق تۇرغان ئاشخانىغا قارىدى. ناستاسىيە ئىشىك تەرەپكە كەينىنى قىلىپ، ئېڭىشىپ ساماۋارنىڭ تېگىنى پۈۋلەۋاتاتتى. شۇڭا ھېچنېمىنى ئاڭلىمىدى. يەنە كېلىپ ئۇنى چىقىپ كېتەر، دەپ كىممۇ ئويلايدۇ دەڭە؟ بىر مىنۇتتىن كېيىن، ئۇ كوچىغا چىقىۋالدى.

سائەت سەككىزلەر بولۇپ، كۈن ئولتۇرۇۋاتقان چاغ ئىدى. ھاۋا ئىلگىرىكىدەكلا دىمىق، شۇنداقتىمۇ ئۇ سېسىق، چاڭ ـ توزانلىق، شەھەردە قاتتىق بۇلغانغان ھاۋانى ئاچ كۆزلۈك بىلەن سۈمۈردى. ئۇنىڭ بېشى يەنە قېيىشقا باشلىدى؛ لېكىن، قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىدە، سارغىيىپ كەتكەن جۈدەڭگۈ يۈزىدە بىردىنلا قانداقتۇر بىر ياۋايى كۈچ جىلۋىلەندى. ئۇ نەگە بېرىشىنى بىلمەيتتى ۋە ئۇنى ئويلاپمۇ قويمايتتى. ئۇ پەقەت بىرلا نەرسىنى بىلەتتى: «بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بۈگۈنلا پۈتكۈزۈۋېتىش، بىراقلا پۈتكۈزۈۋېتىش، دەرھاللا پۈتكۈزۈۋېتىش كېرەك؛ ئۇنى پۈتكۈزمىگۈچە ئۆيگە قايتمايمەن. چۈنكى بۇنداق ياشاشنى خالىمايمەن» دەيتتى. قانداق پۈتكۈزىدۇ؟ قانداق چارىلەر بىلەن پۈتكۈزىدۇ؟ بۇنىڭغا مۇناسىپ ئۇنىڭ ھېچقانداق چارىسى يوق ئىدى، ئۇنىڭ ھەتتا بۇ توغرۇلۇق ئويلىغۇسىمۇ كەلمەيتتى. ئۇ

پىكىرلەرنى ئۆزىدىن نېرى قوغلايتتى. چۈنكى، پىكىرلەر ئۇنى ئازابلايتتى. ئۇ پەقەت بىرلا نەرسىنى ھېس قىلاتتى ۋە بىلەتتى. ھەممە نېمىنى ئۆزگەرتىش كېرەك. ئۇنداقمۇ يا بۇنداقمۇ، «قانداقلا بولسا بەربىر». ئۇ ھېچنېمىگە قارىمايدىغان تەۋرەنمەس ئىشەنچ ۋە ئىرادە بىلەن شۇ سۆزنى تەكرارلايتتى.

ئۇ كونا ئادىتى بويىچە ئۆزى ئادەتتە سەيلە قىلىدىغان يول بىلەن ئۇدۇل ئوت ـ چۆپ بازىرىغا قاراپ ماڭدى. ئوت ـ چۆپ بازىرىغا يېقىنلا يەردىكى بىر مىلىچ مال دۇكىنىنىڭ ئالدىدا، قاپقارا چاچلىق ياشقىنا شارمانكىچى يول بويىدىلا تۇرۇپ قانداقتۇر بىر يىغلاڭغۇ رومانسىنى چالماقتا ئىدى. ئۇ شارمانكىنى ئۆزىنىڭ ئالدىدا يول ياقىسىدا تۇرغان بىر قىزغا چېلىپ بېرىۋاتاتتى، ئون بەش ياشلارغا كىرىپ قالغان قىز خۇددى خېنىملاردەك ياسانغان، يەنى كۆپتۈرمە ئېتەكلىك يوپكا، ئۇنىڭ ئۈستىگە كالتە پىلاش كىيگەن، قوللىرىغا پەلەي، بېشىغا قىپقىزىل پەي قادالغان چىغ شىلەپە كىيىۋالغانىدى، لېكىن ئۇنىڭ كىيىملىرى بەكلا كونا ئىدى. ئۇ دۇكاندار ئىككى كوپىيىك بېرەرمىكىن دېگەن ئۈمىدتە سەرگەردان ناخشىچىلارغا خاس تىترەڭگۈ، لېكىن خېلىلا يېقىملىق ۋە كۈچلۈك ئاۋاز بىلەن بىر رومانسىنى ئېيتىۋاتاتتى. راسكولنىكوف ناخشا ئاڭلاۋاتقان ئىككى ـ ئۈچ تاماشىبىننىڭ يېنىدا توختاپ، بىرپەس ئاڭلىغاندىن كېيىن يانچۇقىدىن بەش كوپىيىكلىك پۇلدىن بىرنى چىقىرىپ قىزنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى. قىز ناخشىسىنى ئەڭ تەسىرلىك، ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەن يېرىدە توختىتىپ شارمانكىچىغا: «بولدى !» دەپ قاتتىق ۋارقىرىدى، ئاندىن ھەر ئىككىلىسى ئاستا مېڭىپ، نېرىقى دۇكان تەرەپكە قاراپ كېتىشتى.

— سىز كوچىدا ئېيتىلىدىغان ناخشىلارنى ياقتۇرامسىز؟ — كۈتمىگەندە سورىدى راسكولنىكوف ھېلىلا ئۆزى بىلەن بىللە شارمانكىچىنىڭ يېنىدا تۇرغان، يېشى خېلى بىر يەرگە بېرىپ

قالغان ئۆتكۈنچىدىن، ئۇ ئادەم تەق - تۇرقىدىن بىكار تەلەپ ئادەمدەك قىلاتتى. ئۇ ھەيران بولۇپ، راسكولنىكوفقا غەلىتە بىر ھالەتتە قاراپ قويدى، — مەن ياقتۇرىمەن، — دېدى راسكولنىكوف سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، لېكىن ئۇنىڭ قىياپىتى كوچىدا ئېيتىلىدىغان ناخشا بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق بىر ئىش توغرۇلۇق گەپ قىلىۋاتقان ئادەمنىڭ قىياپىتىگىلا ئوخشايتتى، — مەن شارمانكىنىڭ تەڭكەشلىكىدە ئېيتىلغان ناخشىلارنى سوغۇق، قاراڭغۇ، نەم كۈز ئاخشىمى — شۇنداق، نەمخۇش ئاخشامدا ئاڭلاشنى ياخشى كۆرىمەن. شۇنداق چاغدا ئۆتكۈنچىلەرنىڭ ھەممىسى تاتىرىپ، ئاغرىق چىراي بولۇپ قالىدۇ؛ ئەگەر شامال چىقمىسا، نەم قار چۈشۈپ تۇرسا، تېخىمۇ ياخشى، گېپىمنى چۈشىنىۋاتامسىز؟ كوچىلاردىكى گاز چىراغلارنىڭ يورۇقى قارنىڭ ئارا - ئارىسىدىن جىمىرلاپ كۆرۈنىدۇ...

— بىلمەيدىكەنمەن... كەچۈرۈڭ... — غودۇڭشىدى ئۇ ئادەم. ئۇ راسكولنىكوفنىڭ سوئاللىرىدىن ۋە غەلىتە تۇرقىدىن قورقۇپ كېتىپ، كوچىنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتتى.

راسكولنىكوف ئۇدۇل مېڭىپ ئوت - چۆپ بازىرىنىڭ ھېلىقى بۇرجىكىگە، ھېلىقى كۈنى دۇكانچى ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى لىزاۋېتا بىلەن گەپلىشىپ تۇرغان جايغا كەلدى؛ لېكىن ئۇلار يوق ئىدى. ئۇ بۇ يەرنى تونۇپ مېڭىشتىن توختىدى - دە، ئەتراپىغا ئەلەڭلەپ قارىدى. ئاندىن ئۇن دۇكىنىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇرغان قىزىل كۆڭلەكلىك يىگىتكە مۇراجىئەت قىلدى.

— مۇشۇ بۇرجەكتە بىر يايمىچى خوتۇنى بىلەن بىللە سودا قىلاتتىغۇ دەيمەن - ھە؟

— سودا قىلىۋاتقانلار كۆپقۇ، — دېدى يىگىت راسكولنىكوف- قا تەكەببۇرانە قاراپ قويۇپ.

— ئۇنىڭ ئىسمى نېمە ئىدى؟

— چوقۇندۇرغاندا نېمە دەپ قويغان بولسا شۇ بولىدۇ - دە.

— سەنمۇ زارايسكتىن ئوخشىمامسەن؟ قايسى ئۆلكىدىن؟ — يىگىت راسكولنىكوفغا يەنە قاراپ قويدى.

— بىزنىڭ ئۇ يەر، ھەزرىتىم، ئۆلكە ئەمەس، ناھىيە، ئاكام سەپەرگە كېتىپ، ئۆيدە مەن قالغان، شۇڭا بىلمەيدىكەنمەن... كەچۈرىسىز ـ دە، ھەزرىتىم. ئەپۇ قىلىۋېتىڭ !

— يۇقىرى قەۋەتتىكى ئاشخانىمۇ؟

— يۇقىرى قەۋەتتىكى ئاشپۇزۇل، بىلياردمۇ بار؛ مەلىكىلەرمۇ تېپىلىدۇ... شۇنداق لېۋەن دەڭە !

راسكولنىكوف مەيداننى كېسىپ ئۆتتى، ئۇ يەردىكى دوقمۇشتا نۇرغۇن ئادەم توپلىشىپ قىستىلىشىپ تۇرۇشاتتى. يەنە كېلىپ ھەممىسى دېھقانلار ئىدى. ئۇ ئادەملەرنىڭ يۈزلىرىگە قارىغاچ مېڭىپ، ئادەملەر ئەڭ زىچ جايغا قىستىلىپ كىردى. نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ ئۇچرىغانلا ئادەم بىلەن گەپلەشكۈسى كېلەتتى. لېكىن، دېھقانلار ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمايتتى، ئۇلار توپ ـ توپ بولۇۋېلىپ، نېمىلەر توغرۇلۇق گەپلىشىۋاتاتتى. ئۇ توختاپ بىردەم ئويلىنىۋېلىپ ئوڭغا بۇرالدى ـ دە، يولنىڭ ياقىسى بىلەن مېڭىپ، B كوچىسى تەرەپكە كەتتى. ئۇ مەيداندىن ئۆتۈپلا بىر تار كوچىغا كىرىپ قالدى...

قىسقىغىنا مۇشۇ تار كوچىدىن ئۇ ئىلگىرىمۇ پات ـ پات ئۆتۈپ قالاتتى. بۇ ئەگرى كوچا بىلەن مەيداندىن باغلىق كوچىغا چىققىلى بولاتتى. كېيىنكى كۈنلەردە ئىچى پۇشۇپ كۆڭلى بۇزۇلۇپ قالسا، «كۆڭلىنى تېخىمۇ بەكرەك بۇزۇش ئۈچۈن»، ئۇنىڭ مۇشۇ ئەتراپقا كېلىپ ئايلىنىپ كەتكۈسى كېلىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ھازىر ئۇ ھېچنېمىنى ئويلىمايلا مۇشۇ كوچىغا كىردى. بۇ كوچىدا بىر ئېگىز بىنا بار ئىدى، ئۇنىڭ ئىچى پۈتۈنلەي مەيخانا ۋە ئاشخانا ئىدى؛ گويا «قوشنىلارنىڭكىگە كىرىپ چىقىدىغان»دەكلا كىيىنگەن يالاڭباشتاق، كۆڭلەكچان خوتۇنلار يۈگۈرگىنىچە ئۇزۇلمەي چىقىپ تۇراتتى. ئىككى ـ ئۈچ جايدا، ئۇلار تۆت ـ بەشتىن بولۇپ پىيادىلەر يولىغا، بولۇپمۇ بىنانىڭ

تۆۋەنكى قەۋىتىدىن پەسكە چۈشىدىغان جايغا يىغىلىۋالاتتى، بۇ يەردىن ئىككى باسقۇچ تۆۋەن چۈشسە، تۇرلۇك تۇمەن كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىغا كىرگىلى بولاتتى①. شۇ سورۇنلارنىڭ بىرىدىن پۈتۈن كوچىنى تىترەتكۈدەك تاراق ـ تۇرۇق، شاۋقۇن ـ سۈرەن، جاراڭ ـ جۇرۇڭ ئاۋازلار بىلەن ناخشا ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. سورۇن تازا قىزىغانىدى. بىر توپ خوتۇن ئىشىك ئالدىدا قىسىلىشىپ تۇرۇشاتتى؛ بەزىلىرى پەلەمپەيدە، بەزىلىرى پىيادىلەر يولىدا ئولتۇرۇشاتتى، يەنە بەزىلىرى ئۆرە تۇرۇپ پاراڭلىشىۋاتاتتى. ياندىكى تاشيولدا تاماكا چېكىشىۋالغان مەست ئەسكەر قەيەرگىدۇر كىرمەكچىدەك، لېكىن نەگە كىرىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قېلىپ تاپالمايۋاتقاندەك تىل ـ ھاقارەت ياغدۇرغىنىچە ئايلىنىپ يۈرەتتى. جۇلدۇر چاپانلىق بىر كىشى جۇلدۇر چاپانلىق يەنە بىر كىشى بىلەن جېدەللىشىۋاتاتتى، قاتتىق مەست بولۇپ كەتكەن يەنە بىر كىشى كوچىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا ياتاتتى. راسكولنىكوف بىرمۇنچە ئايال يىغىلىپ تۇرغان يەرگە كېلىپ توختىدى. ئۇلار بوغۇق ئاۋازدا گەپلىشىۋاتاتتى. ھەممىسىلا چىت كۆڭلەك بىلەن ئۆچكە تېرىسىدىن تىكىلگەن باشماق كىيگەن، يالاڭباش ئىدى. ئۇلاردىن بەزىلىرى قىرىق ياشتىن ئېشىپ كەتكەن، بەزىلىرى بولسا ئەمدىلا ئون يەتتە ياشقا كىرگەن. ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك كۆزى تاياق يەپ كۆكىرىپ كەتكەنىدى.

پەستىن چىقىۋاتقان ناخشا ئاۋازى ۋە پۈتكۈل گۈلدۈر ـ گۈپپاڭ، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ ئاۋازلار نېمىشقىدۇر راسكولنىكوفنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى... مۇشۇ يەردە تۇرۇپ، قاقاھلاپ كۈلۈشلەر، چىرقىراشلار ئىچىدە، كىمنىڭدۇر ئىنچىكە، چىرقىراق ئاۋازدا ئېيتىۋاتقان ناخشىسى بىلەن گىتارنىڭ ئاۋازىغا كەلتۇرۇپ بېرىلىپ تانسا ئويناۋاتقان بىرلىرىنىڭ

① بۇ يەردە پاھىشىخانىلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئۆكچىلىرىنى رىتىملىق تاراقلىتىشلىرىنى ئاڭلىغىلى بولاتتى. ئۇ غەمكىن، خىيالچان بىر ھالەتتە پۈتۈن دىققىتى بىلەن قۇلاق سالغاچ، ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ پەسكە ئېڭىشىپ، پىيادىلەر يولىدىن ئىچكىرىگە قىزىقىپ قارىدى.

ئەي سۆلەتلىك، سۆيۈملۈك ساقچى،
سەۋەبسىزلا ئۇرمىغىن مېنى !

ناخشىچى ئىنچىكە ئاۋازدا كۈيلىمەكتە ئىدى. گويا ھەممە ئىش ناخشىنى ئېنىق ئاڭلاش ـ ئاڭلىيالماسلىقتا باغلىقتەك، راسكولنىكوفنىڭ ناخشىدا نېمىلەرنىڭ دېيىلىۋاتقانلىقىنى بەكمۇ ئاڭلىغۇسى كېلىپ كەتتى.

«كىرەيمۇ ـ كىرمەيمۇ؟ — ئويلىدى ئۇ، — قاقاھلاپ كۈلۈشۈۋاتىدۇ ! تازا مەست بولۇشۇپتۇ. مەنمۇ غەرق مەست بولغۇچە ئىچەيمىكىن؟»

— كىرمەمسىز ئىچكىرىگە، قەدىرلىك بايۋەچچە؟ — سورىدى ئاياللاردىن بىرسى ئانچە بەك بوغۇلۇپ كەتمىگەن، خېلىلا جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن. ئۇ بەكلا ياش ئىدى، ھەتتا كىشىنىڭ كۆڭلىگە تەگمىگۈدەك — شۇ يەردىكى ئاياللارنىڭ ئىچىدە بىردىنبىر چىرايلىق قىز ئىدى.

— پاھ، ئەجەب چىرايلىقكەنسەنغۇ، — دېدى راسكولنىكوف قەددىنى سەل ـ پەل رۇسلاپ ئۇنىڭغا قاراپ.

بۇ ماختاش بەكلا ياقتى بولغاي، ئۇ پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويدى.

— ئۆزىڭىزمۇ كېلىشكەن يىگىت ئىكەنسىز، — دېدى ئۇ.

— ۋاي ـ ۋۇي نېمانداق ئورۇقتۇ، — دېدى يەنە بىر خوتۇن بوم ئاۋاز بىلەن، — دوختۇرخانىدىن يېڭىلا چىقتىڭىزمۇ؟

— قارىساڭ، ھەممىسى گېنېراللارنىڭ قىزلىرىغا ئوخشايدىكەنۇ، ئېست، بۇرۇنلىرى پاناق ئىكەن ـ دە، — دېدى يېڭىلا كەلگەن شىركەيپ سەھرالىق كۈتمىگەندە گەپكە

ئاربلىشىپ. ئۇنىڭ ئۇچىسىدىكى كۇل رەڭ كەڭ چاپىنىنىڭ تۈگمىلىرى يېشىۋېتىلگەنىدى، سەت چىرايىدىن مۇغەمبەرلەرچە كۈلكە چىقىپ تۇراتتى، — قاراڭلار، قالتىس قىزىپ كېتىپتۇغۇ !

— ھامىنى كەلگەندىكىن، ئىچىگە كىر !

— كىرمەمدىغان ! گۆھىرىم !

ئۇ دەلدەڭشىگىنىچە پەسكە چۈشۈپ كەتتى.

راسكولنىكوف يولىنى داۋام قىلدى.

— ماڭا قارىغا، بايۇەچچە، — قىز ئۇنىڭ كەينىدىن چاقىردى.

— نېمە ئىش؟

ئۇ خىجىل بولۇپ يەرگە قارىۋالدى.

— ھىم، جېنىم بايۇەچچە. سىز بىلەن بىرنەچچە سائەت بىللە بولۇشقا مەن ھەرقاچان تەييار، ھازىرمۇ نېمىشقىدۇر ئېچىلىپ كېتىۋاتىمەن. قەۋەتلا ئوماق يىگىتكەنسىز. شاراب ئىچكۈدەك پۇل تاشلاپ كېتەلمەسسىزمۇ !

راسكولنىكوف قولىنى يانچۇقىغا سالدى ـ دە، بەش كوپپېيكلىك پۇلدىن ئۈچنى ئېلىپ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا بەردى.

— ۋىييەي، ئەجەبمۇ قولىڭىز ئوچۇقكەنغۇ، بايۇەچچە !

— ئىسمىڭ نېمە؟

— مېنى دوكلىدا، دەپ ئىزدىسىڭىز بولىدۇ.

— توۋا، شۇمۇ قىلىقمۇ، — دېدى بىردىن توپ ئىچىدە تۇرغان بىر ئايال دۈكلىداغا قاراپ بېشىنى چايقاپ، — ھېچ بىلمىدىم، پۇل سورىغىلى قانداقمۇ ئاغزىڭ باردىكىن ! مەن بولسامچۇ، ئۇيالغىنىمدىن يەرگىلا كىرىپ كېتەتتىم...

راسكولنىكوف گەپ قىلغان ئايالغا ئەجەبلىنىپ قارىدى. ئوتتۇز ياشلارغا بېرىپ قالغان بۇ چوقۇر قىزنىڭ يۈز ـ كۆزلىرى كۆكىرىپ، ئۈستۈنكى كالپۈكى ئازراق ئىششىپ قالغانىدى. ئۇ خاتىرجەم ۋە جىددىي بىر ھالەتتە گەپ قىلىپ باشقىلارنى

ئەيىبلىمەكتە ئىدى.

«قايسى كىتابتا كۆرۈۋىدىمكىنە، — ئويلىدى راسكولنىكوف كېتىۋېتىپ، — قايسى كىتابتا كۆرگەن بولغىيدىم①، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان بىر ئادەم، قەتل قىلىنىشتىن بىر سائەت ئىلگىرى، ناۋادا ماڭا ناھايىتى ئېگىز قىيانىڭ ئۈستىدە، ئىككى پۇتۇم ئاران پاتقۇدەك يارنىڭ ئۈستىدە ياشاشقا توغرا كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئەتراپىم تېگى يوق ھاڭ، دېڭىز، ئەبەدىي قاراڭغۇلۇق، ئەبەدىي يالغۇزلۇق ۋە ئەبەدىي بوران - چاپقۇن بولۇپ تۇرىدىغان جاي بولغاندىمۇ، شۇ بىر غېرىچچە يەردە ئۆمۈربويى، مىڭ يىل، ھەتتا ئەبەدىي تىك تۇرۇپ ياشاشقا توغرا كەلسىمۇ، رازى ئىدىم، ئۆلۈپ كەتكەنگە قارىغاندا مۇشۇنداق بولسىمۇ ياشاش مىڭ مەرتىۋە ياخشى ! پەقەت ياشىسىلا، ياشىسىلا بولدى، ياشىسىلا بولدى ! مەيلى قانداقلا بولسۇن تىرىك قالسام، ياشىسىلا بولدى ! دەپتىكەن ياكى شۇنداق دەپ ئويلاپتىكەن. بۇ گەپ نەقەدەر توغرا - ھە ! يا رەببىم، نېمىدېگەن ھەق گەپ - ھە! ئىنسان دېگەن پەسكەش بولىدۇ ! — بىرپەستىن كېيىن ئۇ يەنە بىر ئېغىز گەپنى قوشۇپ قويدى، — ئىنساننى پەسكەش دېگەن ئادەمنىڭ ئۆزىمۇ پەسكەش.»

ئۇ باشقا بىر كوچىغا چىقتى. «ھە ! ‹بىللۇر سارىيى !› رازۇمىخىن بايا ‹بىللۇر سارىيى›نىڭ گېپىنى قىلىۋاتقان، لېكىن مەن زادى نېمە قىلماقچى بولغىيدىم؟ ھە راست، گېزىت ئوقۇماقچىدىم... زوسىموف گېزىتتىن كۆردۈم دېگەندەك قىلىۋاتقان...»

— گېزىتلەر بارمۇ؟ — سورىدى ئۇ پاكىز ۋە كەڭتاشا ئاشخانىغا كىرىپ. بىرنەچچە خانىلىق بۇ ئاشخانىدا ئادەم يوق دېيەرلىك ئىدى. ئىككى - ئۈچ مېھمان چاي ئىچىۋاتاتتى، يىراقراق بىر خانىدا تۆت - بەشەيلەن شامپان ئىچىۋاتاتتى.

① بۇ يەردە فىرانسىيە يازغۇچىسى ۋىكتور ھيۇگونىڭ «پارىژ بۇۋى مەريەم چېركاۋى» ناملىق رومانى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

راسكولنىكوفقا شۇلارنىڭ ئارىسىدا زامېتوفمۇ باردەك كۆرۈندى. لېكىن، ئارىلىق يىراق بولغاچقا، پەرق ئېتەلمىدى.

«بولسا بولمامدۇ !» ئويلىدى ئۇ.

— هاراق ئەكېلەيمۇ؟ — سورىدى خىزمەتچى.

— بىر پىيالە چاي ئەكەل. ئاندىن ماڭا گېزىتلەرنى ئەكېلىپ بەر، كونىلىرىنى، يېقىنقى تۆت - بەش كۈننىڭ گېزىتىنى، ساڭا چاي پۇلى بېرىمەن.

— خوپ، جاناب، مانا بۇ بۈگۈنكىلىرى، هاراقتىنمۇ كەلتۈرەيمۇ؟

كونا گېزىتلەر بىلەن چاي كەلتۈرۈلدى. راسكولنىكوف ئولتۇرۇۋېلىپ ئىزدەشكە باشلىدى: «ئىزلېر① — ئىزلېر — ئاستېكلار② — ئاستېكلار — ئىزلېر — بارتولا — ماسسىمو — ئاستىكلار — ئىزلېر — تۇفى، قۇرۇپ كەتكۇر ! هە، مانا بۇ يەردە بىرنەچچە خەۋەر بار ئىكەن: بىر ئايال بىنانىڭ پەلەمپىيىدىن يىقىلىپ چۈشتى — بىر سودىگەر هاراق ئىچىپ جېنىدىن جۇدا بولدى — قۇملۇقتا ئوت كەتتى — پېتېربۇرگ ئارىلىغا ئوت كەتتى③ — يەنە شۇ پېتېربۇرگ ئارىلىغا ئوت كەتتى — يەنە شۇ پېتېربۇرگ ئارىلىغا ئوت كەتتى — ئىزلېر — ئىزلېر — ئىزلېر — ماسسىمو — هە مانا، بۇ يەردىكەن...»

ئۇ ئۆزى ئىزدىگەن خەۋەرنى خېلى تەستە تاپتى - دە، ئوقۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى قۇرلاردىن ئاتلاپ ئۆتمەكتە ئىدى، شۇنداقتىمۇ ئۇ «خەۋەر»نى تولۇق ئوقۇپ

① ئىزلېر — ئۆز ۋاقتىدىكى پېتېربۇرگنىڭ شەهەر ئەتراپىغا جايلاشقان مەشهۇر «ئارشالڭ» بېغىنىڭ غوجايىنى.

② شۇ چاغدا پېتېربۇرگتا ئىككى پەتەك — ماسسىمۇ ئىسىملىك بىر ئوغۇل بالا بىلەن بارتولا ئىسىملىك قىز كۆرگەزمە قىلىنغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇلار مېكسىكىدىكى ئاستېكلارنىڭ ئەۋلادى ئىكەن.

③ پېتېربۇرگ ئارىلى — پېتېربۇرگنىڭ بىر رايونى. ئۇنى پېتېربۇرگ شەهىرىنىڭ مەركىزىدىن بىرلا دەريا ئايرىپ تۇرىدۇ. ئۇ يەردىكى ئۆيلەرنىڭ كۆپىنچىسى ياغاچ ئۆي بولغاچقا، پات - پات ئوت كېتىپ تۇرىدۇ.

چىقتى، ئاندىن كېيىنكى سانلاردىن ئەڭ يېڭى قوشۇمچە خەۋەرلەرنى ئىزدەشكە باشلىدى. ئۇ گېزىتلەرنىڭ بەتلىرىنى ئىچى تىتىلداپ تاقەتسىزلىك بىلەن ئۆرۈگەچكە، قوللىرى توختىماي تىترەيتتى. كۈتمىگەندە كىمدۇر بىرسى ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇ ئولتۇرغان ئۇستەلدە ئولتۇردى. ئۇ بۇرۇلۇپ قارىۋىدى، زامېتوف ئىكەن. زامېتوف يەنىلا بۇرۇنقىدەك قوللىرىغا ئۈزۈك سېلىپ، كىيىمگە زەنجىر ئېسىۋالغان، قاپقارا بۇدۇر چاچلىرىنى ئىككى تەرەپكە ئايرىپ مايلىۋالغان، ئۇچىسىغا چىرايلىق جىلىتكە، سەل ـ پەل كونىرىغان كاستۇم بىلەن خېلىلا كىرلەشكەن كۆڭلەك كىيىۋالغانىدى. ئۇنىڭ كەيپى چاغ، ھېچبولمىغاندا ئۇ ناھايىتى شاد ئىدى. ئۆزىمۇ سەمىمىيلىك بىلەن كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. شامپان ئىچكەچكە، بۇغداي ئۆڭ يۈزى بىلىنەر ـ بىلىنمەس قىزىرىپ قالغانىدى.

— ۋۇي ! بۇ يەردە ئىكەنسىزغۇ؟ — گەپ باشلىدى ئۇ ئەجەبلىنىپ ۋە گويا راسكولنىكوف بىلەن ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان تونۇش كىشىلەردەك، — تېخى تۈنۈگۈنلا رازۇمىخىندىن سىزنى ھېلىمۇ بىھوش ياتىدۇ، دەپ ئاڭلىۋىدىم، قىزىق ئىش ! بىلەمسىز، مەن سىزنى يوقلاپ بارغان...

راسكولنىكوف ئۇنىڭ يېنىغا كېلىدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا، گېزىتلەرنى بىر چەتكە سۈرۈپ قويۇپ، بۇرۇلۇپ زامېتوفقا قارىدى. ئۇنىڭ لەۋلىرىدە سوغۇق كۈلۈمسىرەش جىلۋىلەندى، بۇ سوغۇق كۈلۈمسىرەشتىن قانداقتۇر يېڭى تاقەتسىزلىك ۋە سەۋرسىزلىك چىقىپ تۇراتتى.

— بىلىمەن، بېرىپتىكەنسىز، — جاۋاب بەردى ئۇ، — ئاڭلىدىم. مېنىڭ پايپاقلىرىمنى ئىزدەپسىز... بىلەمسىز، رازۇمىخىن سىزگە بەكلا قايىل. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئىككىڭلار لاۋىزا ئىۋانوۋنانىڭكىگە بېرىپسىلەر. ئېسىڭىزدىمۇ، ھېلىقى كۈنى، ئۇنى دەپ پارتلاتقۇچ دورىغا ئوخشايدىغان پۇرۇچقا توختىماي كۆز قىسىۋىدىڭىز، ئۇ زادىلا ئۇقالمىدى،

ئېسىڭىزدىمۇ؟ ئۇنىڭ ئۇقالمىغۇدەك نېمىسى بار؟ بۇ ناھايىتى ئېنىقلىغۇ، شۇنداقمۇ؟

— ئۇ شۇنداق جېدەلخور يىگىت!

— پارتلاتقۇچ دورىمۇ؟

— ياق، دوستىڭىز رازۇمىخىن...

— جانابىي زامېتوف، كۆڭلىڭىز ئوبدان ئۆتۈۋاتىدىغۇ دەيمەن - ھە. پۇل خەجلىمەي كۆڭۈل ئاچىدىغان يەرلەرگە بېرىۋېرىسىزغۇ①. سىزنى ھازىر شامپان بىلەن مېھمان قىلغان كىم ئۇ؟

— ئۆزىمىز... بىللە ئىچىشىۋاتقان... مېھمان قىلغان دېدىڭىزمۇ؟!

— تاپان ھەققىڭىز - دە! سىز ھەممىدىن بەھرىمەن بولۇشقا ھەقلىق! — راسكولنىكوف كۈلۈۋەتتى، — ھېچقىسى يوق، ئاق كۆڭۈل يىگىت، ھېچقىسى يوق! — قوشۇپ قويدى ئۇ زامېتوفنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ، — يامان نىيەت بىلەن دەۋاتقىنىم يوق، «كۆڭلۇمنىڭ يېقىنلىقىدىن چاقچاق قىلىپ قويدۇم.» خۇددى ھېلىقى مومايىنىڭ ئەزىز سېپىدە ئىشچىلار مىتكانى دۇمبالىۋېتىپ دېگەندەك... سىز قانداق بىلىسىز؟

— مەن بەلكىم سىزدىنمۇ كۆپرەك ئىشلارنى بىلىشىم مۇمكىن.

— سىز بەكلا غەلىتە ئىكەنسىز. سىز ھېلىمۇ تازا ساقىيىپ كەتمىگەندەك قىلىسىز، سىرتقا چىقمىسىڭىز بوپتىكەن...

— سىزگە غەلىتىدەك تۇيۇلۇۋاتىمەنمۇ؟

— ھەئە، گېزىت ئوقۇۋاتامسىز؟

— گېزىت ئوقۇۋاتىمەن.

— ئوت كەتكەن توغرۇلۇق نۇرغۇن خەۋەر بېسىلىپتۇ.

— ياق، مەن ئوت كەتكەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەرلەرنى

① بۇ يەردە پاھىشىخانىلار بىلەن مەيخانىلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. زامېتوف ساقچى ئىدارىسىدە ئىشلىگەچكە، ھەممىلا يەردە پۇلسىز يەپ - ئىچىپ يۈرەلەيدۇ.

ئوقۇمىدىم، — شۇ چاغدا ئۇ زامېتوفقا سىرلىق قاراپ قويدى، ئۇنىڭ قىيسايغان لەۋلىرىدە يەنە مەسخىرىلىك كۈلكە جىلۋىلەندى، — ياق، ئوت كەتكەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەرلەرنى ئوقۇمىدىم، — تەكرارلىدى ئۇ زامېتوفقا قاراپ كۆزىنى قىسىپ، — لېكىن قەدىرلىك ياش دوستۇم، قېنى ئېيتىڭە، مېنىڭ نېمىلەرنى ئوقۇغانلىقىمنى بەكمۇ بىلگۈڭىز كېلىۋاتىدۇ، شۇنداقمۇ؟

— ياقەي، قىلچە بىلگۈم يوق؛ ئانچىكىم سوراپ قويدۇم. سوراشقا بولمامتى يا؟ سىز نېمىشقا دائىم...

— ئاڭلاپ تۇرۇڭ، سىز تەربىيە كۆرگەن، ئەدەبىيات ئوقۇغان ئادەم، شۇنداققۇ؟

— مەن ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئالتىنچى يىللىقىغىچە ئوقۇغان① — جاۋاب بەردى زامېتوف خېلىلا ئېپتىخارلىق بىلەن.

— ئالتىنچى يىللىققىچە دەڭ! ھەي - ھەي، قۇشقىچىمەي! چاچلىرىڭىز بۆلۈكلۈك، قوللىرىڭىزدا لىق ئۈزۈك... سىز دۆلەتمەن ئادەم! پاھ، شۇنداق سۆيۈملۈك يىگىت! — دەل شۇ چاغدا راسكولنىكوف زامېتوفنىڭ يۈزىگە تىكىلىپ ئەسەبىيلەرچە قاقاھلاپ كۈلدى. زامېتوف دەرھال ئۆزىنى قاچۇردى، ئۇنى خاپا بولدى دېگەندىن كۆرە، ھەيران قالدى دېگەن تۇزۇكرەك ئىدى.

— ئەستا، سىز بەكلا غەلىتە ئىكەنسىز! — دېدى زامېتوف جىددىي ھالەتتە، — ماڭا سىز ھېلىمۇ جۆيلۈۋاتقاندەكلا تۇيۇلۇۋاتىسىز.

— جۆيلۈۋاتىمەنما؟ بىكار گەپ. قۇشقىچىم! سىز مېنى غەلىتە دېدىڭىز، شۇنداققۇ؟ ئەمىسە، ماڭا قىزىقامسىز؟ ھە؟ قىزىقامسىز؟

— قىزىقىمەن.

— يەنى، گېزىتتىن نېمىلەرنى ئوقۇدۇم، نېمىلەرنى ئىزدىدىم. شۇنى بىلگۈڭىز بار، شۇنداقمۇ؟ قاراڭ، شۇنچە نۇرغۇن

---

① ئۇ چاغلاردا ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئالتە يىللىق ئىدى.

گېزىتنى ئەكەلدۇردۇم ! بۇ شۇبھىلىك، شۇنداقمۇ؟

— بوپتۇ، دەۋېرىڭ.

— قۇلىقىڭىز دىڭمۇ؟

— قانداق قۇلاقكەن ئۇ دىڭ قىلغۇدەك؟

— قانداق قۇلاقلىقىنى كېيىن دەپ بېرىمەن. ھازىرچۇ، ئەڭ قەدىردان دوستۇم، مەن سىزگە دەپ بېرىمەن... ياق: ئۇنىڭدىن كۆرە «ئىقرار قىلىمەن» دېگىنىم تۈزۈك... ياق، بۇمۇ بولمىدى. توغرىسى، مەن بوينۇمغا ئالىمەن، سىز يېزىۋالىسىز، ئەمدى توغرا بولدى ! ئەمدى بوينۇمغا ئالاي. مېنىڭ ئوقۇغىنىم، قىزىققىنىم... ئاختۇرغىنىم. ئىزدىگىنىم... — راسكولنىكوف كۆزلىرىنى قىسىپ بىردەم تۇرۇۋالدى، — مېنىڭ ئىزدىگىنىم — مەن بۇ يەرگە شۇ ئىش بىلەن كەلگەن — ئىزدىگىنىم، ھېلىقى مومايىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەرلەر، — دېدى ئۇ ئاخىر يۈزىنى زامېتوفنىڭ يۈزىگە بەكلا يېقىن ئاپىرىپ پىچىرلاپ، زامېتوف مىدىر - سىدىر قىلماي، يۈزىنىمۇ قاچۇرماي، ئۇنىڭغا قادىلىپ قاراپ تۇردى. كېيىن زامېتوفقا شۇنىسى غەلىتە تۇيۇلدىكى، ئۇلار بىر - بىرىگە تىكىلگىنىچە گەپ - سۆز قىلماي بىر مىنۇتقىچە تۇرۇشتى.

— خوش، شۇ خەۋەرنى ئوقۇغان بولسىڭىز نېمە بوپتۇ؟ — بىردىنلا ۋارقىرىدى زامېتوف ھېچنېمىنى چۈشەنمەي تاقەتسىزلىنىپ، — ئۇنىڭ مەن بىلەن نېمە ئالاقىسى؟ ئۇنىڭ بىلەن مېنىڭ نېمە كارىم؟

— ھېلىقى موماي شۇ، — داۋام قىلدى راسكولنىكوف زامېتوفنىڭ ۋارقىراشلىرىغا قىلچە پەرۋا قىلماي بايىقىدەك پىچىرلاپ، — ئېسىڭىزدىمۇ، ساقچى ئىدارىسىدە سىلەر شۇ توغرۇلۇق گەپلىشىۋاتقاندا، مەن ھوشۇمدىن كېتىپ قالغان. مانا ئەمدى چۈشەنگەنسىز؟

— بۇ نېمە گەپ زادى؟ «چۈشەنگەنسىز» دېگىنىڭىز نېمىسى؟ — دېدى زامېتوف سەل ساراسىمىگە چۈشۈپ.

راسكولنىكوفنىڭ قېتىپ قالغان، لېكىن جىددىي چىرايى بىرپەستىلا ئۆزگىرىپ، ئۇ گويا ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايۋاتقان ئادەملەردەك، يەنە بايىقىغا ئوخشاش بىردىنلا ئەسەبىيلەرچە قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى. مانا شۇ چاغدا بۇنىڭدىن سەللا ئىلگىرىكى ھېلىقى بىر دەقىقە ئۇنىڭ يادىغا كەلدى. ئۆزىنىڭ پالتىنى كۆتۈرۈپ ئىشىكنىڭ كەينىدە تۇرغانلىقى، ئىلغۇچنىڭ سەكرەشلىرى، ئىشىكنىڭ تېشىدا تۇرغانلارنىڭ تىللاشلىرى، ئىشىكنى ئېچىشقا ئۇرۇنۇشلىرى، ئۆزىنىڭ بىردىنلا ئۇلارغا قاتتىق ۋارقىرىغۇسى، ئۇلار بىلەن تىللاشقۇسى، ئۇلارغا تىلىنى چىقىرىپ كۆرسەتكۈسى، ئۇلارنى مەسخىرە قىلغۇسى، ئۇلارغا قاراپ كۈلگۈسى، قاقاھلاپ تېلىقىپ كۈلگۈسى كەلگەنلىكى كۆز ئالدىدا شۇقەدەر ئېنىق گەۋدىلەندى!

— سىز بىر بولسا ساراڭ، بىر بولسا... — دېدى زامېتوف، ئۇ گويا تۇيۇقسىز كاللىسىغا كېلىپ قالغان بىرەر ئويدىن قورقۇپ كەتكەن ئادەمدەك بىردىنلا توختاپ قالدى.

— بىر بولسا؟ «بىر بولسا» نېمە؟ ھە، نېمە؟ قېنى، دەڭە!

— ھېچنېمە، — جاۋاب بەردى زامېتوف زەردە بىلەن.

ھەر ئىككىيلەن جىم بولۇپ قېلىشتى. ھازىر تەلۋىلەرچە قاقاھلاپ كۈلگەن راسكولنىكوف بىردىنلا جىمىپ ئويچان ۋە غەمكىن بولۇپ قالدى. ئۇ جەينەكلىرىنى ئۈستەلگە قويۇپ، بىر قولىدا بېشىنى تىرەپ ئولتۇراتتى. زامېتوفنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتكەندەكلا قىلاتتى. جىمجىتلىق خېلى ئۇزاق داۋام قىلدى.

— چېيىڭىزنى نېمىشقا ئىچمەيسىز؟ سوۋۇپ قالدى، — دېدى زامېتوف.

— ھە؟ نېمە؟ چاي؟... ھە، راست... — راسكولنىكوف ئىستاكاندىكى چايدىن بىر ئوتلىدى، ئاغزىغا بىر چىشلەم نان سالدى. ئاندىن بىردىنلا زامېتوفقا قاراپ، ھەممىنى يادىغا كەلتۈرگەندەك بولدى. ئۇ بىردىنلا ئۆزىگە كەلگەندەك قىلدى. ئۇنىڭ چىرايىدا بايىقى مەسخىرىلىك كۈلكە ئەسلىگە كەلدى. ئۇ

چاي ئىچىشنى داۋام قىلدى.

— يېقىندىن بۇيان مۇشۇنداق ئالدامچىلىق دېلولىرى كۆپىيىپ كەتتى، — دېدى زامېتوف، — يېقىندىلا «موسكۋا خەۋەرلىرى»دىن ئوقۇدۇم، موسكۋادا يالغان پۇل ياسىغان بىرمۇنچە ئادەمنى قولغا ئاپتۇ. بىر پۈتۈن گورۇھ ئىكەن. يالغان پۇل ياساپتۇ.

— ھە، بۇنىڭغا خېلى ئۇزاق بولدىغۇ! مەن بۇنى بىر ئايدىن ئىلگىرى گېزىتتىن كۆرگەن، — خاتىرجەم جاۋاب بەردى راسكولنىكوف، — دېمەك، سىزنىڭچە، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئالدامچىمۇ؟ — قوشۇپ قويدى ئۇ سوغۇق كۈلۈپ.

— ئالدامچى بولماي نېمە ئەمىسە؟

— ئۇلار؟ ئۇلار ساپلا باللار، ئالدامچىلار ئەمەس، سېرىق تۇك باللار! شۇنداق بىر ئىشنى قىلىشقا، ئۇلار ئەللىك نەچچە ئادەمنى يىغىپتۇ. ئەجەبا شۇنداق قىلغىلى بولامتىمۇ؟ مۇنداق ئىشقا ئۈچ ئادەممۇ ئارتۇقلۇق قىلىدۇ، شۇنداقتىمۇ ئۇلار بىر-بىرىگە ئىشىنىشى، ھەربىرى باشقا بىرىگە ئۆزىدىنمۇ بەكرەك ئىشىنىدىغان بولۇشى كېرەك! ئۇنداق بولمىغاندا، بىرەرى مەست بولۇپ جۆيلۈپ، سىزنى ئاشكارىلاپ قويسا، ھەممە ئىش يوققا چىقىدۇ! سېرىق تۇك چۈجىلەر! ئۇلار بانكىنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنىدىن پۇلنى ئالماشتۇرۇپ كېلىشكە ئىشىنىپ كەتكىلى بولمايدىغان ئادەملەرنى يالللىشىپتۇ؟ مۇشۇنداق ئىشنى ئۆچرىغانلا ئادەمگە تاپشۇرغىلى بولامتىمۇ؟ خوش، بۇ سېرىق تۇك چۈجىلەرنى غەلىبە قازاندى، ھەربىرى بىر مىليون رۇبلىدىن پۇل ئالماشتۇرۇۋالدىمۇ دەيلى، كېيىن قانداق بولىدۇ؟ بىر ئۆمۈر شۇنداق ئۆتكىلى بولامدۇ؟ ھەربىرى باشقا بىرىگە ئۆمۈرلۈك باغلىنىپ قالىدۇ! بۇنىڭدىن كۆرە ئېسىلىپ ئۆلۈۋالغان ياخشىراق! ئۇلار ھەتتا پۇلنى ئالماشتۇرۇشنىمۇ بىلمەيدىكەن. بىرسى ئىش بېجىرىش ئورنىغا بېرىپ، بەش مىڭ رۇبلىنى قولىغا ئېلىشى بىلەن تەڭ، ئۇنىڭ قوللىرى تىترەپ كەتكەن. ئۇ

دەسلەپكى تۆت مىڭنى ساناپ ئېلىپ، ئاخىرقى مىڭ رۇبلىنى سانىمايلا ئالغان. ئۇ پۇلنى يانچۇققا سېلىپ، پاتراق تىكىۋېتىش ئۈچۈن شۇنداق قىلغان. شۇنىڭ بىلەن گۇمانلاندۇرۇپ قويغان. ھەممە ئىشنى مانا شۇ ئەخمەق بۇزغان! شۇنداقمۇ قىلغان بارمۇ؟

— ئۇنىڭ قوللىرى تىترەپ كېتىپتىمۇ؟ — دېدى زامېتوف ئۇنىڭ گېپىگە ئۇلاپ، — ياق، شۇنداق بولۇشى مۇمكىن. ياق، مەن شۇنداق بولۇشى مۇمكىنلىكىگە تامامەن ئىشىنىمەن. بەزىدە چىدىغۇسىز پەيتلەرمۇ بولۇپ قالىدۇ.

— شۇنىڭغىمۇ؟

— سىزنىڭ چىدىيالىشىڭىز مۇمكىنمۇ؟ ياق، مەن چىدىيالمايمەن! يۈز رۇبلى ئىنئامنى دەپ شۇنداق دەھشەتلىك ئىشنى قىلغىنىنى قاراڭ! يالغان پۇلنى كۆتۈرۈپ نەگە بارغان دەڭ — بانكىنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنىغا بارغان. يالغان پۇلنى تونۇشقا كەلگەندە ئۇ يەردىكىلەر قىلنى قىرىققا ئايرىيالايدۇ دەڭە! ياق، مەن بولسام ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويغان بولاتتىم، سىز ئۆزىڭىزنى يوقاتماسمىدىڭىز؟

بىردىنلا راسكولنىكوفنىڭ بەكلا «قۇم قازىلىق» قىلغۇسى كېلىپ كەتتى. ئۇ دۈمبىسىنىڭ دەممۇدەم ئۇيۇشۇپ تورۇۋاتقانلىقىنى سەزدى.

— مەن ھەرگىز ئۇنداق قىلمايتتىم، — دېدى راسكولنىكوف گەپنى يىراقتىن باشلاپ، — مەن پۇل ئالماشتۇرسام مۇنداق قىلاتتىم: بىرىنچى مىڭ رۇبلىنى ئۇيان - بۇيان ئۆرۈپ ئۈچ - تۆت قېتىم سانايتتىم. پۇللارنىڭ ھەربىرىگە زەن سېلىپ قاراپ چىقاتتىم. ئاندىن ئىككىنچى مىڭ رۇبلىنى ساناشقا باشلاپ، يېرىمىغا كەلگەندە توختايتتىم - دە، ئارىسىدىن ئەللىك رۇبلىلىق پۇلدىن بىرنى چىقىرىپ، يالغان پۇل ئەمەستۇ، دېگەندەك قىلىپ، ئۇنى يورۇققا تۇتۇپ قارايتتىم. ئاندىن تەتۈر ئۆرۈپ يەنە يورۇققا تۇتۇپ قاراپ باقاتتىم. «ئەنسىرەپ قالدىمچۇ، — دەيتتىم مەن، — بىزگە تۇغقان كېلىدىغان بىر ئايال ئىككى

كۆنىنىڭ ئالدىدا قاراپ تۇرۇپ يىگىرمە بەش رۇبلى زىيان تارتتى»، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا بۇ ئىشنىڭ جەريانىنى سۆزلەپ بېرەتتىم. ئۈچىنچى مىڭ رۇبلىنى ساناشقا باشلىغان چاغدا، مەن ئۇلارغا: «كەچۈرۈڭلار، بۇ مىڭ رۇبلىنى ساناۋېتىپ يەتتە يۈزگە كەلگەندە ئېزىپ كېتىۋىدىم، شۇڭا ئازراق گۇمان قىلىپ قالدىم» دەيتتىم ــ دە، ئۈچىنچى مىڭ رۇبلىنى تاشلاپ قويۇپ، يەنە ئىككىنچى مىڭ رۇبلىنى ساناشقا باشلايمەن ــ بەش مىڭ رۇبلىنى شۇ تەرىقىدە ساناپ چىقاتتىم. ھەممىنى ساناپ بولۇپ، ئاخىرىدا سانىغان مىڭ رۇبلى بىلەن ئىككىنچى قېتىم سانالغان مىڭ رۇبلىنىڭ ھەربىرىدىن بىردىن قەغەز پۇلنى چىقىرىۋېلىپ، يورۇققا تۇتۇپ قاراپ باقاتتىم ــ دە، يەنە گۇمان قىلىپ قالغاندەك قىلىپ: «تېگىشىپ بەرگەن بولسىڭىز» دەيتتىم. شۇنىڭ بىلەن ھېساباتچىنى قارا تەرگە چۆمدۈرۈپ، ھازدۇراتتىم، تاكى مۇشۇنىڭدىن پاتراق قۇتۇلايچۇ دېگەن يەرگە كەلگۈچە شۇنداق قىلىۋېرەتتىم. ئاخىر ھەممە ئىش پۈتكەندە، ئىشىك ئالدىغا باراتتىم. ئەمدى ئىشىكنى ئېچىپ چىقىپ كېتىشىم كېرەكتۇ ــ لېكىن، ياق، كەچۈرۈڭ. مەن يەنە قايتىپ كېلەتتىم ــ دە، بىرەر سوئال سورايتتىم ياكى بىرەر ئىشنى ئىزاھلاپ قوياتتىم ــ مەن بولسام، مانا شۇنداق قىلاتتىم!

ــ ۋاي ــ ۋۇي، نېمىدېگەن دەھشەت! ــ دېدى زامېتوف كۈلۈپ، ــ لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى قۇرۇق گەپلەر. راستىلا شۇنداق قىلىشقا توغرا كەلسە، چوقۇم ھودۇقۇپ كېتىسىز. سىزگە ئېيتسام، مېنىڭچە ھېلىغۇ سىز بىلەن مەن ئىكەنمەن، ھەتتا مۇشۇنداق ئىشلارغا پىشىپ كەتكەن، ئۆلۈمگىمۇ پەرۋا قىلمايدىغان ئادەملەرمۇ، بۇنداق ئىشتا مەيدىسىگە ئۇرالمايدۇ. يىراقتىن ئىزدەشنىڭ ھاجىتى يوق ــ كۆز ئالدىمىزدىلا بىر مىسال تۇرۇپتۇ. رايونىمىزدا بىرەيلەن بىر مومايىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. قاتىل جېنىدىن تويغان بىرنېمە ئوخشايدۇ. ئۇ كۈپكۈندۈزدىلا ھەممىگە تەۋەككۈل قىلىپ، شۇ ئىشنى قىپتۇ.

ناھايىتى بىر مۆجىزە — تاسادىپىيلىق سەۋەبىدىن قوتۇلۇپ قاپتۇ — شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ قوللىرى يەنىلا تىترىگەن، ئۇ ھەتتا ئوغرىلىق قىلىشنىمۇ بىلمەيدىكەن. ئۇ چىدىيالمىغان؛ دېلو ئەھۋالىدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى...

راسكولنىكوف ئۆزىنى ھاقارەتلەنگەندەك ھېس قىلىپ قالدى.

— كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ ! ئەمىسە ھازىرلا بېرىپ ئۇنى تۇتۇپ كەلمەمسىلەر ! — دېدى راسكولنىكوف زەھەرخەندىلىك بىلەن زامېتوفنىڭ چىشىغا تېگىپ.

— ئۇ نېمىدى، ئۇنى ھامان تۇتىمىز.

— كىم؟ سىزمۇ؟ سىز تۇتامسىز؟ ئاسان ئەمەس ! سىز ھەممىدىن مۇھىم دەپ قارايدىغان ئىش: بىرەرى پۇلنى بولۇشىغا خەجلەۋاتامدۇ؟ ناۋادا ئۇ ئەسلىدە پۇلى يوق تۇرۇپ، پۇلنى تويىدەك سورۇۋاتقان بولسا — شۇ بولماي كىم بولاتتى؟ مۇشۇنداق بولغاندا، ھەتتا بىر كىچىك بالىمۇ سىزنى ئالدىيالايدۇ، ئەگەر ئۇ خالىسا !

— ئۇلار ئەسلىدىمۇ شۇنداق قىلىشىدۇغۇ ! — جاۋاب بەردى زامېتوف، — ئادەمنى ئۆلتۈرگۈچە ئۇستاتلىق قىلىدۇ، جېنىنىمۇ تىكىپ قويىدۇ، ئاندىن قاۋاقخانىغا بېرىپ قولغا چۈشىدۇ. ئۇلار شارت ـ شارت پۇل چىقىرىۋاتقان ۋاقتىدا تۇتۇلۇپ قالىدۇ. ئۇلار سىزدەك ھىيلىگەر ئەمەس. سىز بولسىڭىز ئەلۋەتتە قاۋاقخانىغا بارمايتتىڭىز، شۇنداقمۇ؟

راسكولنىكوف قاپىقىنى تۈرۈپ، زامېتوفقا تىكىلدى.

— سىز تەمىنى تېتىپ قالغاندەك قىلىسىز، ئەگەر مەن بولسام قانداق قىلىدىغانلىقىمنى بىلگۈڭىز كېلىۋاتامدۇ؟ — سورىدى ئۇ خاپا بولۇپ.

— راستلا بىلگۈم كېلىۋاتىدۇ، — قەتئىيلىك بىلەن دېدى زامېتوف تەرىنى تۈرۈپ. ئۇنىڭ تەلەپپۇزى، قاراشلىرى نېمىشقىدۇر ئەمدى ئىنتايىن جىددىي تۈس ئالغانىدى.

— بەكلا بىلگۈڭىز كېلىۋاتامدۇ؟

— بەكلا بىلگۈم كېلىۋاتىدۇ.

— بولىدۇ، دەي ئەمىسە، مەن مانا مۇنداق قىلغان بولاتتىم، — دەپ باشلىدى راسكولنىكوف، بىردىنلا يەنە يۈزىنى زامېتوفنىڭ يۈزىگە تاقاپ، ئۇنىڭغا تىكىلىپ ۋە پىچىرلاپ. بۇ قېتىم زامېتوفنىڭ تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى، — مەن مانا مۇنداق قىلاتتىم: پۇللار بىلەن نەرسىلەرنى ئېلىپ، ئۇ يەردىن چىقاتتىم ـ دە، باشقا يەرگە بارماي، دەرھاللا پەقەت قورۇق تېمىلا قېلىپ، بىرمۇ ئادەم قالمىغان تاشلاندۇق جايغا — بىرەر كۆكتاتلىققا ياكى شۇنىڭغا ئوخشاشراق بىرەر يەرگە باراتتىم. شۇ يەردىن بىرەر فۇت ياكى بىر يېرىم فۇت كەلگۈدەك بىرەر تاشنى ئالدىن كۆرۈپ قوياتتىم. ئۇ تاش ئېھتىمال ئۆي سېلىنىپ بولغان كۈندىن تارتىپ قورشاۋ تامنىڭ ئىچىدىكى بىرەر بۇرجەكتە قېلىپ قالغان تاش بولۇشىمۇ مۇمكىن. مەن ئۇ تاشنى ئورنىدىن يۆتكەپ (تاشنىڭ تېگىدە چوقۇم كىچىككىنە بىر ئازگال بار)، نەرسىلەر بىلەن پۇللارنى شۇ ئازگالغا تاشلايتتىم، ھەممىنى تاشلاپ بولۇپ، تاشنى ئىلگىرىكىگە ئوخشاش قىلىپ جايىغا قويۇپ قوياتتىم ـ دە، پۇتلىرىم بىلەن بېسىپ چىڭداپ، ئۇ يەردىن كېتىپ قالاتتىم. مەن ئۇنى بىر يىل، ئىككى يىل، ھەتتا ئۈچ يىلغىچە ئالمايتتىم. مانا ئەمدى ئىزدەپ بېقىڭ! ھېچقانداق يىپ ئۇچى تاپالمايسىز!

— سىز ساراڭ ئىكەنسىز! — دېدى زامېتوفمۇ نېمىشقىدۇر پىچىرلاپ، شۇنداقلا ئۇ بىردىنلا نېمىشقىدۇر راسكولنىكوفتىن ئۆزىنى قاچۇردى. راسكولنىكوفنىڭ كۆزلىرى چاقناپ تۇراتتى؛ چىرايى ئادەمنىڭ قورقۇسى كەلگۈدەك تاتىرىپ كەتكەنىدى؛ ئۈستۈنكى كالپۇكى لىپىلدە بىر تارتتى ـ دە، تىترەشكە باشلىدى. ئۇ ئېڭىشىپ، زامېتوفقا ئىلاجىنىڭ بارىچە يېقىن كېلىپ، ھېچقانداق ئاۋاز چىقارماستىن لەۋلىرىنى مىدىرلاتتى؛ يېرىم مىنۇتچە ۋاقىت ئەنە شۇنداق ئۆتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلەتتى، لېكىن ئۆزىنى زادىلا تۇتۇۋالالمىدى.

ئۆز ۋاقتىدا ئىشكىنىڭ ئىلغۇچى ئىشىكتە توختىماي لىكىلداپ سەكرەپ تۇرغۇدەك، شۇ تاپتا بىر ئېغىز دەھشەتلىك سۆز ھېلىلا چىقىپ كەتكۇدەك بولۇپ، تىلىنىڭ ئۇچىدىلا ئىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ سۆز مانا ھازىرلا ئاغزىدىن چىقىپ كېتىدۇ، ئۇ مانا ھازىرلا شۇ سۆزنى دەۋېتىدۇ!

— ئەگەردە ھېلىقى موماي بىلەن لىزاۋېتانى مەن ئۆلتۈرگەن بولسامچۇ؟ — دەۋەتتى ئۇ كۇتمىگەندە، لېكىن شۇ ئانلا ھوشىنى يىغىۋالدى.

زامېتوف ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ ئۇنىڭغا قارىدى، ئۇنىڭ يۈزىمۇ تامدەك تاتىرىپ كەتتى ۋە بىر ياققا قىيسىيىپ، ھىجىيىۋاتقاندەك بىر ھالەتكە كەلدى.

— بۇ مۇمكىنمۇ؟ — دېدى ئۇ ئاران ئاڭلانغۇدەك پەس ئاۋاز بىلەن.

راسكولنىكوف ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن قاراپ قويدى.

— ئېتىراپ قىلىۋېرىڭ، سىز بۇ گەپكە ئىشەندىڭىز، شۇنداقمۇ؟ توغرىمۇ؟ ئىشەندىڭىز، توغرىمۇ؟

— قىلچە ئىشەنمىدىم! شۇ تاپتا ھەرقانداق چاغدىكىدىن بەكرەك ئىشەنمىدىم! — دېدى زامېتوف ئالدىراپ.

— ئاخىر قولغا چۈشتى! كىچىككىنە قۇشقاچ ئاخىر قولغا چۈشتى! «ھەرقانداق چاغدىكىدىن بەكرەك ئىشەنمىدىم» دېدىڭىز، دېمەك، ئىلگىرى ئىشىنىپتىكەنسىز. شۇنداقمۇ؟

— قىلچە ئىشەنمىگەن! — ۋارقىرىدى زامېتوف ئۆزىنى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغاندەك ھېس قىلىپ.

— دېمەك، سىز ئىشەنمەيسىز؟ ئۇنداقتا مەن ساقچى ئىدارىسىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، كەينىمدىن نېمىلەر توغرۇلۇق سۆزلەشتىڭلار؟ پارتلاتقۇچ دورا نېمە ئۇچۇن مەن ھوشۇمدىن كەتكەندىن كېيىنمۇ مېنى سوراق قىلدى؟ ھەي، بۇياققا كېلىڭ، — ئۇ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، شەپكىسىنى ئېلىپ خىزمەتچىنى چاقىردى، — قانچە بېرىمەن؟

— جەمئىي ئوتتۇز كوپېيىك، — دېدى خىزمەتچى يۈگۈرۈپ كېلىپ.

— ساڭا يىگىرمە كوپېيىك چاي پۇلى قوشۇپ بېرەي. قاراڭ. قانچىلىك پۇلۇم بار ئىكەن! — دېدى ئۇ پۇللارنى تۇتۇپ تۇرغان تىترەڭگۈ قوللىرىنى زامېتوفقا سوزۇپ، — قىزىلىمۇ بار، كۆكىمۇ بار. جەمئىي يىگىرمە مەش رۇبلى. بۇ پۇل نەدىن كەلدى؟ بۇ يېڭى كىيىملەر نەدىن كەلدى؟ مېنىڭ بىر تىيىنمۇ پۇلۇم يوقلۇقىنى سىز بىلىسىزغۇ! سىلەر ئايال غوجايىندىن سۈرۈشتۈرگەنسىلەر ھەرقاچان... بولدى. بەس! Assez cause[①]. خەير ـ خوش... كۆڭۈللۈك كۆرۈشكەيمىز.

ئۇ چىقىپ كەتتى، ئىنتايىن كۈچلۈك ئەسەبىيلىك ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئىگىلىگەن، مۇنداق ئەسەبىيلىككە يەنە ئازراق بېسىۋالغۇسىز مەمنۇنىيەتمۇ ئارىلىشىپ كەتكەنىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ چىرايى تۇتۇلغان، ئۆزى ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن، يۈزىمۇ خۇددى ھېلىلا ئاغرىقى تۇتقان ئادەمنىڭكىدەك مايماق كەتكەنىدى. ئۇ بارغانسېرى ماغدۇرىدىن كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ غەيرىتى ھازىر دەسلەپكى ھاياجان، دەسلەپكى غەزەپ ـ نەپرەت بىلەن تەڭ بىردىنلا پەيدا بولاتتى ـ دە، يەنە شۇنداق تېزلا ئاجىزلىشاتتى. تۇيغۇنىڭ ئاجىزلىشىشىغا ئەگىشىپ تېزلا ئاجىزلىشاتتى.

زامېتوف ئۆزى يالغۇز قالغاندىن كېيىن، خىيالغا چۆمۈپ ئۆز ئورنىدا خېلى ئۇزاق ئولتۇرۇپ قالدى. راسكولنىكوف ئويلىمىغان يەردىن ئۇنىڭ مەلۇم نۇقتىدا توغرىسىدىكى بارلىق ئويىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋەتكەنىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاخىر ئۆز ئالدىغا بىر قارارغا كەلدى.

«ئىلىيا پېتروۋىچ ئەخمەق ئادەم ئىكەن!» ئويلىدى ئۇ كەسكىن بىر قارارغا كېلىپ.

راسكولنىكوف كوچىغا قارىغان ئىشىكنى ئېچىپلا پەلەمپەيدە

---

① فىرانسۇزچە «گەپنى يىغىشتۇرايلى» دېگەن مەنىدە.

ئىچكىرىگە كىرىپ كېلىۋاتقان رازۇمىخىن بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. ھەر ئىككىلىسى بىر قەدەم ئارىلىق قالغۇچە بىر - بىرىنى كۆرمەي، ئۇسۇشۇپ كەتكىلى تاس - تاس قېلىشتى. ھەر ئىككىلىسى خېلىغىچە بىر - بىرىگە قاراپ تۇرۇشتى. رازۇمىخىن باشتا قاتتىق ھەيران قالدى. كېيىن بىردىنلا ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئادەمنىڭ قورققۇسى كەلگۈدەك غەزەپ ئۇچقۇنى چاقنىدى، بۇ ھەقىقىي غەزەپ ئىدى.

— ھە، سەن مۇشۇ يەردە ئىكەنسەن - دە! — ۋارقىرىدى ئۇ ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ، — ياتقان يېرىڭدىن تۇرۇپلا قېچىپسەن - دە! مەن سېنى دىۋاننىڭ تېگىدىن ئىزدەپ كېتىپتىمەن! ھەتتا ئۆگزىگىمۇ چىقىپتىمەن! سېنى دەپ، ناستاسيەنى ئۇرۇۋەتكىلى قىل قالدىم... سەن بولساڭ بۇ يەردە يۈرۈپسەن، رودكا! بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ راستىڭنى ئېيتقىنا! گەپ قىلساڭچۇ! ئاڭلاۋاتامسەن گېپىمنى؟

— سىلەر ماڭا بىردەممۇ ئارام بەرمىدىڭلار. مېنىڭ يالغۇز قالغۇم بار ئىدى. مانا شۇ گەپ، — خاتىرجەم جاۋاب بەردى راسكولنىكوف.

— يالغۇز؟ شۇ تاپتا دەسسەپمۇ تۇرالمىساڭ، چىرايىڭ تامدەك تاتىرىپ كەتكەن تۇرسا، ھەتتا ئاران - ئاران نەپەس ئېلىۋاتساڭ! ھۇ سارالڭ!... «بىللۇر سارىيى»غا نېمىدەپ كەلدىڭ! راستىڭنى ئېيت!

— مېنى قويۇۋەت! — دېدى راسكولنىكوف ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتمەكچى بولۇپ. رازۇمىخىننىڭ جان - پېنى چىقىپلا كەتتى. ئۇ راسكولنىكوفنى مۈرىسىدىن چىڭ تۇتۇۋالدى.

— مېنى قويۇۋەت؟ سەن تېخى «مېنى قويۇۋەت» دېگۈدەك بولدۇڭما؟ بىلەمسەن، ھازىر سېنى نېمە قىلىدىغانلىقىمنى؟ سېنى قۇچاقلاپلا چەمبەرچاس باغلاپ، قولتۇقۇمغا قىستۇرىمەن - دە، ئۇدۇل ئۆيگە ئاپىرىپ سولىۋېتىمەن.

— ماڭا قارا، رازۇمىخىن، — دېدى راسكولنىكوف تولىمۇ

خاتىرجەملىك بىلەن ئاستا گەپ باشلاپ، ــ ئەجەبا سەن كۆرمەيۋاتامسەن؟ مېنىڭ خەير ـ ساخاۋەتلىرىڭنى قوبۇل قىلغۇم يوق. خەير ـ ساخاۋەتلىرىڭنى كۆزىگە ئىلمايدىغان بىر ئادەمگە خەير ـ ساخاۋەت قىلىمەن دەپ... ساڭا نېمە جاپا؟ بولۇپمۇ خەير ـ ساخاۋىتىڭ ۋەجىدىن ئازابلىنىدىغان ئادەملەرگە خەير ـ ساخاۋىتىڭنى تېڭىپ نېمە قىلىسەن؟ مەن ئاغرىپ قالغان چاغدا، نېمىدەپ مېنى ئىزدەپ كەلدىڭ؟ بەلكىم مەن ئۆلۈپلا تۈگىشىشنى بەكلا خالايدىغاندىمەن؟ بۈگۈن ساڭا ئۇقتۇرغانلىرىم يېتەرلىك بولمىدىمۇ، مەن ساڭا دىدىمغۇ، سەن مېنى قىيناۋاتىسەن، سەن مېنى... جاق تويدۇرۇۋەتتىڭ! راست دەيمەن، ئادەمنى ئازابلاپ نېمە قىلىسەن! راست گەپنى دېسەم، مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى ساقىيىپ كېتىشىمگە دەخلى قىلىۋاتىدۇ، نېمىشقا دېسەڭ، مانا شۇلار ئاچچىقىمنى كەلتۈرۈۋاتىدۇ. ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن، بايا زوسىموف چىقىپ كەتتى. ئۇ مېنىڭ ئاچچىقىمنى كەلتۈرمەسلىك ئۈچۈن شۇنداق قىلدى. خۇدانىڭ ھەققىدە، سەنمۇ مېنى ئۆز ھالىمغا قوي! سېنىڭ مېنى زورلۇق بىلەن تۇتۇۋالىدىغانغا نېمە ھەققىڭ بار؟ ئەجەبا گەپلىرىمدىن ئەقىل ـ ھوشۇمنىڭ پۈتۈنلەي جايىدا ئىكەنلىكىنى سەزمەيۋاتامسەن؟ قېنى دېگىنە، ماڭا ئۆگەتكىنە، قانداق قىلسام مېنى تىنچ قويىسەن، قانداق قىلسام ماڭا بولغان خەير ـ ساخاۋەتلىرىڭنى توختىتىسەن؟ مېنى ۋاپاغا جاپا قىلدىڭ دېسەڭلەرمۇ مەيلى، پەسكەش دېسەڭلەرمۇ مەيلى، پەقەت مېنى تىنچ قويۇڭلار، خۇدانىڭ ھەققىدە مېنى تىنچ قويۇڭلار! تىنچ قويۇڭلار!

ئۇ گېپىنى باشلىغان چېغىدا ئىنتايىن خاتىرجەم، دېمەكچى بولۇۋاتقان زەھەرخەندە گەپلىرىدىن بەكلا مەمنۇن ئىدى، لېكىن ئاخىرىغا بېرىپ، خۇددى بايا لۇژىنغا گەپ قىلغان چېغىدىكىدەك ئادەتتىن تاشقىرى ھاياجانلىنىپ، ئاچچىقىدا بوغۇلۇپلا قالدى.

رازۇمىخىن سەل ئويلىنىۋېلىپ، ئۇنىڭ قولىنى قويۇۋەتتى.

— مالىڭ، كەتسەڭ كەتكىنە، — دېدى ئۇ ئويچانلىق بىلەن ئاستاغىنا، — توختا، — بىردىنلا ۋارقىرىدى ئۇ راسكولنىكوف ئورنىدىن قوزغىلىشىغا، — گېپىمگە قۇلاق سال، مەن ساڭا شۇنى دەپ قويай، سىلەر ھەممىڭلار — بىرەرىڭمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس — كامالەتكە يەتكەن مەمەدانلار، ماختانچاقلار! بېشىڭلارغا كىچىككىنە سەۋدا چۈشتىمۇ، بولدى، يېڭىلا كاكىلاپ چىققان مېكىياندەك كەچكىچە قا - قا - لايسىلەر، ھەتتا شۇنىڭ ئۆزىدىمۇ شاتۇتتەك باشقىلارنى دورايسىلەر. سىلەردە مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرۈش دېگەن نەرسىدىن ئەسەرمۇ يوق. ھەممىڭ كىت مېڭىسى پاستىسىدىن ياسالغان نېمىلەر①. سىلەرنىڭ تومۇرۇڭلاردا ئېقىۋاتقىنى قان ئەمەس، قان زەردابى. مەن سىلەرنىڭ ھېچقايسىڭلارغا ئىشەنمەيمەن. سىلەر ھەرقانداق ئەھۋالدا، قانداق قىلسام ئادەمگە ئوخشاپ قالمايمەن دەپ، شۇنىڭغىلا كۆڭۈل بۆلىسىلەر! توختا! — راسكولنىكوفنىڭ يەنە كەتمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بايىقىدىنمۇ بەكرەك غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى رازۇمىخىن، — مەن گېپىمنى دەۋالاي! ئۆزۈڭ بىلىسەن، يېڭى ئۆيگە كۆچۈش مۇناسىۋىتى بىلەن، بۈگۈن ھەممەيلەن مېنىڭكىگە يىغىلماقچى، بۇ چاغقىچە كېلىپ بولغان بولۇشى مۇمكىن. مەن مېھمانلارنى كۈتۈۋالارسەن دەپ، تاغامنى ئۆيگە قارىتىپ قويغان (ئۆزۈم ھازىرلا بېرىپ كەلدىم)، ئەگەر روديە، سەن ئەخمەق بولمىساڭ، چاكىنا ئەخمەق بولمىساڭ، ھەقىقىي ئەخمەق بولمىساڭ... ئەگەر ساختا ئەجنەبىي بولمىساڭ... ئۆزۈڭ بىلىسەن، روديە، سېنىڭ ئەقىللىق ئىكەنلىكىڭگە مەن ئىقرار. ئەمما، سەن يەنىلا ئەخمەق! ئەگەر سەن ئەخمەق بولمىساڭ، بۈگۈن مېنىڭكىگە بېرىپ، بىر ئاخشام

---

① بۇ يەردە ئىسپار كىتىنىڭ بېشىدىن ئاجرىتىپ ئېلىنىدىغان بىر خىل پاستا كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇ دورا ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ، ئۇنىڭدىن خۇش پۇراق ماددىلار ئىشلىگىلىمۇ بولىدۇ. بۇ يەردە بۇ سۆز كارغا كەلمەيدىغان «لاتاپۇرۇچ» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلگەن. رازۇمىخىن بۇ يەردە راسكولنىكوفنى بوشاڭ، ئۆزىنىڭ مۇستەقىل پىكرى يوق، دېمەكچى بولىدۇ.

شۇ يەردە بولار ئىدىڭ، بۇ ئۆتكىنىڭ چەمىنى بىھۇدە ئۈپراتقىنىڭدىن ياخشىراق ئىدى! كوچىغا چىقىپ بوپسەن، ئەمدى ئىلاج يوق! مەن ساڭا يۇمشاق سافادىن بىرنەچچىنى تېپىپ بېرەي. بىزنىڭ غوجايىنىمىزنىڭكىدە بار ئىكەن... چاي ئىچىپ تاماشا كۆر... ئەگەر بولالمىساڭ، سېنى سافاغىلا ياتقۇزۇپ قوياي. ئىشقىلىپ بىزنىڭ ئارىمىزدا بىردەم يېتىۋالىسەن... زوسىموفمۇ باردۇ. بارغىن، بولامدۇ؟

— ياق.

— جۆيلۈمە! — چىدىيالماي ۋارقىرىدى رازۇمىخىن، — سەن نەدىن بىلىسەن؟ سەن ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ ئىگە بولالمايدىغان تۇرساڭ! بۇ توغرۇلۇق سەن ھېچنېمىنى چۈشەنمەيسەن... مەنمۇ خەقلەر بىلەن مىڭ قېتىملاپ ئۇرۇشۇپ، مىڭ قېتىملاپ ياراشقان... ئۆزۈڭدىن ئۆزۈڭ خىجىل بولۇپ، يەنە بېرىپ يارىشىدىغان گەپ! ئېسىڭدە بولسۇن، پوچىنكوف بىناسى، ئۈچىنچى قەۋەت...

— جانابىي رازۇمىخىن، سىز بىرسىگە ياخشىلىق قىلىش ئۈچۈن، كالتەك يەپ قالسىڭىزمۇ رازى بولىسىزغۇ دەيمەن - ھە.

— كالتەك يەپ؟ مەنمۇ؟ كىمكى شىلتىڭ ئاتسا، شۇنىڭ بۇرنىنى ئۈزۈۋالىمەن، پوچىنكوف بىناسى، 47 - ئۆي، مۇلكىي ئەمەلدار بابۇشكىنىڭ ئۆيىدە...

— بارمايمەن، رازۇمىخىن، — راسكولنىكوف بۇرۇلۇپ مېڭىپ كەتتى.

— بەسلىشىمەن، چوقۇم بارىسەن! — ئۇنىڭ كەينىدىن ۋارقىرىدى رازۇمىخىن، — ئەگەر بارمىساڭ... ئىككىنچى يۈزۈڭگە قارىمايمەن! ھەي، توختا، زامېتوف ئىچىدىمۇ؟

— ئىچىدە.

— ئۇنى كۆردۈڭمۇ؟

— كۆردۈم.

— گەپلەشتىڭمۇ؟

— گەپلەشتىم.

— نېمىلەرنى دېيىشتىڭلار؟ بولدىلا، كەتسەڭ كەتكىنە، ماڭا دېيىشىڭنىڭمۇ ھاجىتى يوق! پوچېكوفنىڭ بىناسى، 47 ـ ئۆي. بابۇشكىننىڭ ئۆيى. ئېسىڭدە تۇتۇۋال.

راسكولنىكوف باغ كوچىسىغا بېرىپ بۇرالدى. رازۇمىخىن نېمىندۇر ئويلاپ ئۇنىڭ كەينىدىن بىردەم قاراپ تۇردى ـ دە، ئاخىر قولىنى شىلتىپ، بىنانىڭ ئىچىگە كىردى. لېكىن، ئۇ پەلەمپەينىڭ يېرىمىغا چىقىپ بولۇپ يەنە توختاپ قالدى.

«ئاپلا! — ئاۋازىنى چىقىرىپ دېگۈدەك ئويلىدى ئۇ، — ئۇنىڭ گەپ ـ سۆزلىرى جايىدا تۇرمامدۇ، لېكىن نېمىشقىدۇر... مەنمۇ ئەخمەق ئىكەنمەن! ساراڭمۇ ھەمىشە ئاغىل ـ تاغىل گەپ قىلىۋەرمەيدىغۇ؟ مېنىڭچە، زوسىموفنىڭ قورققىنى مۇشۇ بولسا كېرەك، — ئۇ بارمىقى بىلەن پېشانىسىگە نوقۇپ قويدى، — ناۋادا... ئۇنى يالغۇز قويۇپ بەرگىنىم نېمىسى؟ ئۇ ئۆزىنى سۇغا تاشلىشى مۇمكىنغۇ... ھەي، بىپەرۋالىقىمنى قارىمامدىغان! ياق، بولمىغۇدەك!» شۇنىڭ بىلەن ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ راسكولنىكوفنى قوغلاپ ماڭدى. لېكىن، راسكولنىكوف ئاللىقاچان غايىب بولغانىدى. ئۇ يەرگە تۈكۈردى ـ دە، كەينىگە بۇرۇلۇپ، زامېتوفتىن سوراپ باققىلى شاپاشلاپ «بىللۇر سارىيى» تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

راسكولنىكوف ئۇدۇل B كۆۋرۈكىگە باردى، كۆۋرۈكنىڭ ئوتتۇرىسىغا بېرىپ ئىككى جەينىكىنى سالاسۇننىڭ ئۈستىگە قويدى ـ دە، دەريا يۈزىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە باشلىدى. رازۇمىخىندىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئۇ شۇ قەدەر ماغدۇرىدىن كەتتىكى، مۇشۇ يەرگىمۇ مىڭ مۇشەققەتتە ئاران يېتىپ كېلەلىدى. ئۇنىڭ كوچىدا بىرەر جاينى تېپىپ ئولتۇرۇۋالغۇسى ياكى يېتىۋالغۇسى كەلدى. ئۇ دەريا يۈزىگە ئېڭىشىپ، ئولتۇرۇپ كەتكەن قۇياشنىڭ ئاخىرقى نۇرلىرىغا، ئاستا ـ ئاستا قويۇقلىشىپ كېتىۋاتقان گۇگۇم قاراڭغۇلۇقىدا قارىيىپ كۆرۈنۈۋاتقان قاتار ـ قاتار ئۆيلەرگە، سول قىرغاق تەرەپتە

يىراقتىكى بىر ئۆينىڭ كەچكى شەپەقنىڭ ئاخىرقى نۇرىدا گويا بىرپەستىلا ئوت كەتكەندەك قىپقىزىل نۇر چېچىپ چاقناپ تۇرغان دېرىزىسىگە قارىدى. ئۇ قانالنىڭ قارامتۇل سۇيىگە قارىدى. ئۇ گويا مانا شۇ سۇغا بەكلا دىققەت بىلەن تىكىلىپ قاراۋاتقاندەك قىلاتتى. ئاخىر بىر قىزىل چەمبەر ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پىرقىراشقا، ئۆيلەر پىلدىرلاشقا، ئۆتكۈنچىلەر، ساھىللار، ئات ھارۋىلار — مانا شۇنىڭ ھەممىسى ئۇسسۇلغا چۈشۈپ چۆرگىلەشكە باشلىدى. ئۇ بىردىنلا شۈركۈنۈپ كەتتى، ئۇنى غەلىتە ۋە خىرە - شىرە بىر خىيال ھوشىدىن كېتىشتىن ساقلاپ، يېڭىباشتىن قۇتقۇزۇپ قالدى. ئۇ كىمدۇر بىرسىنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىغانلىقىنى سەزدى. بۇرۇلۇپ قاراپ ئېگىز بويلۇق، بېشىغا ياغلىق چىگكەن، سوزۇنچاق ياداڭغۇ يۈزى سارغىيىپ كەتكەن، قىپقىزىل كۆزلىرى چوڭقۇر ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن بىر ئايالنى كۆردى. ئايال ئۇنىڭغا داڭ قېتىپ قاراپ تۇرغىنى بىلەن، تۇرقىدىن ھېچنېمىنى كۆرەلمەيۋاتقاندەك، ھېچكىمنى تونۇيالمايۋاتقاندەك قىلاتتى. كۈتمىگەندە ئۇ ئوڭ قولىنى سالاسۇنىنىڭ ئۇستىگە قويدى، ئوڭ پۇتىنى كۆتۈرۈپ سالاسۇندىن ئارتىلدۇردى. ئاندىن سول پۇتىنىمۇ سالاسۇندىن ئۆتكۈزدى - دە، ئۆزىنى قانالغا تاشلىدى. پاسكىنا سۇ ئىككىگە بۆلۈنۈپ، ئۆز قۇربانىنى بىردەمدىلا يۇتۇۋەتتى، لېكىن ئارىدىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇ ئايال سۇنىڭ يۈزىگە لەيلەپ چىقىپ، ئاستا - ئاستا پەسكە قاراپ ئېقىشقا باشلىدى، بېشى بىلەن پۇتى سۇغا چۆكۈپ، دۈمبىسى يۇقىرىغا قاراپ قالدى، يوپكىسى خۇددى ياستۇقتەك كۆپۈپ سۇنىڭ يۈزىدە ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى.

— بىر خوتۇن ئۆزىنى سۇغا تاشلىدى! بىر خوتۇن ئۆزىنى سۇغا تاشلىدى! — تەڭلا ۋارقىرىدى بىرنەچچە ئون ئاۋاز. ئادەملەر يۈگۈرۈپ كېلىشتى. ئىككى قىرغاقتا تاماشا كۆرگىلى كەلگەنلەر يىغىلىپ كەتكەنىدى. كۆۋرۈكتە راسكولنىكوفنىڭ ئەتراپىغىمۇ نۇرغۇن ئادەم يىغىلىپ، ئارقا تەرەپتىن ئۇنى

قىستىغىلى تۇردى.

— ۋاي خۇدايىمەي، بۇ بىزنىڭ ئافروسىنيۇشكاغۇ ! — يىغىنلا بىر يەردە ۋارقىرىدى بىر ئايال يىغا ئارىلاش، — ۋاي خۇدايىم، ئۇنى قۇتقۇزۇۋېلىڭلار ! ئاق كۆڭۈل جانابلار، ئۇنى قۇتقۇزۇۋېلىڭلار !

— قولۋاقنى چاقىرىڭلار ! قولۋاقنى ! — ۋارقىرىدى يىغىلغانلار.

لېكىن، قولۋاق كېرەك بولمىدى. بىر ساقچى يوگۇرگىنىچە پەلەمپەيدىن چۈشۈپ، قانالنىڭ بويىغا باردى ـ دە، شىنىلى بىلەن ئۆتۈكىنى شارتتىدە يېشىپ تاشلاپ سۇغا سەكرىدى. ئانچە كۆچەشنىڭ هاجىتىمۇ قالمىغانىدى: ئۆزىنى سۇغا تاشلىغان ئۇ ئايالنى سۇ ئېقىتىپ پەلەمپەيگە ئىككى قەدەملا كەلگۈدەك جايغا ئەكېلىپ قويغانىدى. ساقچى ئوڭ قولىدا ئۇ ئايالنى كىيىمىدىن تۇتۇپ، سول قولىدا شېرىكى سۇنغان خادىنى تۇتۇۋالدى. ئۆزىنى سۇغا تاشلىغان ئايال هەش ـ پەش دېگۈچە قىرغاقىقا ئېلىپ چىقىلىپ، پەلەمپەيگە ياتقۇزۇلدى. ئۇ تېزلا كۆزىنى ئېچىپ، قەددىنى كۆتۈرۈپ ئولتۇردى ۋە چۈشكۈرۈشكە، مىشقىرىشقا باشلىدى. ئۇ هۆل كىيىملىرىنى نېمىشقىدۇر قوللىرى بىلەن تىنماي ئېرتاتتى. ئۇ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى.

— ئۇ هاراق ئىچىپ خۇدىنى يوقىتىپتۇ. ۋاي خۇدايىم. هاراق ئىچىپ خۇدىنى يوقىتىپتۇ ! — دېدى بايىقى ئايال ئافروسىنيۇشكانىڭ يېنىغا كېلىپ يىغلاپ، — ئۇ تېخى بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدىلا ئېسىلىپ ئۆلۈۋالماقچى بوپتىكەن، ئۇنى سىرتماقتىن قۇتقۇزۇۋېلىشقان. بايا دۇكانغا چىقىپ كېلەي دەپ، ئۇنىڭغا قىزىمنى قارىتىپ قويسام، قاراڭلار، بۇ يەرگە كېلىپ بۇ ئىشنى تېرىپتۇ ! ئۇ ئۇششاق تىجارەتچى. تاغا، ئۇ ئۇششاق تىجارەتچى. ئۆيى ئەنە ئاۋۇ يەردە... چەتتىن سانىغاندا ئىككىنچى بىنا.

ئادەملەر تارقىلىشقا باشلىدى، ساقچىلار تېخىچە ئۆزىنى سۇغا

تاشلىغان خوتۇن بىلەن ئاۋارە ئىدى. كىمدۇر بىرسى ساقچى ئىدارىسىگە ئاپىرىش كېرەك، دېدى... راسكولنىكوف مانا شۇلارنىڭ ھەممىسىگە غەلىتىلا بىر ئېرەنسىزلىك ۋە بىپەرۋالىق بىلەن قاراپ تۇراتتى. بىردىنلا ئۇ يىرگىنىپ كەتتى، «ياق، بەكمۇ يىرگىنچلىككەن... سۇغا سەكرەش... ئەرزىمەيدۇ، — پەس ئاۋازدا غودۇڭشىدى ئۇ، — ھېچقانداق نەتىجە چىقمايدۇ، — قوشۇپ قويدى ئۇ يەنە، — ساقلىغۇدەك ھېچ ئىش يوق. ساقچى ئىدارىسى دېگىنى نېمىسى... زامېتوف نېمىشقا ساقچى ئىدارىسىدە يوق؟ سائەت توققۇزدىن ئاشقاندا ساقچى ئىدارىسى خىزمەت قىلالامتىغۇ...» ئۇ سالاسۇنغا كەينىنى قىلىپ، ئەتراپىغا قارىدى.

«بوپتۇ، شۇنداق قىلاي! بۇمۇ بولغۇدەك!» دېدى ئۇ كېسىپ. ئاندىن كۆۋرۈكتىن ساقچى ئىدارىسى تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ كۆڭلى غەش، ئىچى قۇپقۇرۇقلا ئىدى. ھەرقانداق نەرسىنى ئويلىغۇسى كەلمەيتتى، ھەتتا ئۇنىڭ يۈرەك - باغرىنى ئېزىۋاتقان ئەلەممۇ ئەمدى يوقالغانىدى. بايا ئۆيىدىن چىققان چېغىدىكى «ھەممىنى ئاياغلاشتۇرۇش كېرەك!...» دەيدىغان جاسارىتىمۇ مانا ئەمدى قاياقلارغىدۇر غايىب بولغانىدى. بۇلارنىڭ ئورنىدا پەقەت پەرۋاسىزلىقلا قالغانىدى.

— راست، بۇ چارىمۇ بولغۇدەك! — ئويلىدى قانالنىڭ قىرغىقىنى بويلاپ روھسىز بىر ھالەتتە ئاستا كېتىۋېتىپ، — قانداقلا بولسۇن، ئۇنى ئاياغلاشتۇرۇشۇم كېرەك. چۈنكى مەن... لېكىن، مۇشۇ چارە تۈزۈكمىدۇ؟ بولدىلا، بەربىر! بىر غۇلاچ يەر بولسىلا كۇپايە... ھەي! ئەمما، مۇشۇنداق ئاياغلاشتۇرسام بولارمۇ؟ راستىلا ئاياغلاشقانمىدۇ؟ ئۇلارغا دېسەم بولارمۇ، دېمىسەم بولارمۇ؟ ھەي... بولدىلا! مەن بەكلا چارچىدىم. تېزرەك بىرەر جاينى تېپىپ ئولتۇرۇۋالسام ياكى يېتىۋالسام، ئوبدان بولاتتى - دە! بەكمۇ ئەخمىقانە ئىش قىلدىم. لېكىن، ئۇ ئىشلارغا پەرۋايىم يەلەك. توۋا، كاللا دېگەنگە ئاجايىپ ئەخمىقانە خىياللار

كېلىدىكەن ـ ھە !...

ساقچى ئىدارىسىگە ئۇدۇل مېڭىپ، ئىككىنچى دوقمۇشقا بارغاندا سولغا بۇرالسىلا يېتىپ بارغىلى بولاتتى. لېكىن، ئۇ ئىككىنچى دوقمۇشقا بېرىپ توختىدى. بىردەم ئويلىنىۋېلىپ، باشقا بىر تار كوچىغا بۇرالدى، ئاندىن يەنە بۇرىلىپ، ئىككى كوچىنى بېسىپ ئۆتتى. بۇنداق قىلىشتا ئۇنىڭ ھېچقانداق مەقسىتى يوق ئىدى، بەلكىم ئۇ ۋاقىتنى بىرەر مىنۇتچە بولسىمۇ سوزۇش، ئازراق بولسىمۇ ۋاقىتنى ئۇتۇش ئۈچۈن شۇنداق قىلغاندۇ. ئۇ بېشىنى يەردىن ئالماي مېڭىۋەردى. كۆتىمىگەندە كىمدۇر بىرسى ئۇنىڭ قولىقىغا نېمىلەرنىدۇر پىچىرلىغاندەك قىلىپ قالدى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ھېلىقى ئۆينىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆردى. ھېلىقى ئاخشامدىن بۇيان، بۇ يەرگە كېلىپ باقمىغان. بۇ دەرۋازا ئالدىدىن ئۆتۈپمۇ باقمىغانىدى.

قارشى تۇرغىلى ۋە چۈشەنگىلى بولمايدىغان قانداقتۇر بىر كۈچ ئۇنى ئالدىغا قەدەم تاشلاشقا مەجبۇر قىلماقتا ئىدى. ئۇ بىنانىڭ ئىچىگە كىردى، بىرىنچى دەرۋازىدىن ئۆتتى. ئاندىن ئوڭ تەرەپتىكى بىرىنچى ئىشىكتىن كىردى ـ دە، ئۆزىگە تونۇش پەلەمپەي بىلەن تۆتىنچى قەۋەتكە چىقىشقا باشلىدى. تار ۋە تىك پەلەمپەي قاپقاراڭغۇ ئىدى. ئۇ پەلەمپەينىڭ ھەربىر ئەگىمىگە كەلگەندە توختاپ، قىزىقىش بىلەن ئەتراپىغا كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. بىرىنچى قەۋەتنىڭ ئەگىمىدە دېرىزىنىڭ كېشىكى قومۇرۇۋېلىنغانىدى. «ئۇ چاغدا بۇنداق ئەمەس ئىدى، — ئويلىدى ئۇ، — مانا، ئىككىنچى قەۋەتتىكى نىكولاشكا بىلەن مىتكا ئىشلىگەن ئۆي، ئىشىكنى يېڭىدىن سىرلاپتۇ. قۇلۇپ سېلىپ قويۇپتۇ. دېمەك، ئىجارىگە بەرمەكچى، — ئارقىدىن ئۇ ئۈچىنچى... تۆتىنچى قەۋەتكە چىقتى، — مۇشۇ يەر شۇ !» ئۇ ھېلىقى ئىككى ئېغىزلىق ئۆينىڭ ئىشىكىنىڭ داغدام ئوچۇق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ھاڭ ـ تاڭ قالدى، ئۆيدە ئادەم بار ئىدى.

ئۇلارنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇ بۇنداق بولۇشىنى زادىلا خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. ئۇ سەل ئىككىلىنىپ تۇرۇپ، ئاخىر بىرنەچچە باسقۇچنى بېسىپ ئۆتۈپ ئۆيگە كىردى.

بۇ ئۆينىمۇ زىننەتلىشۈپتۇ؛ ئىچىدە ئىشچىلار بار ئىكەن. بۇمۇ ئۇنى ھەيران قالدۇرغاندەك قىلدى. نېمىشقىدۇر ئۇنىڭغا ھەممە نەرسە ئۆزى مۇشۇ ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن چاغدىكىدەك بولۇشى كېرەكتەك، ھەتتا جەسەتلەرمۇ يولدا ياتقان بولۇشى مۇمكىندەك بىلىنەتتى. لېكىن، ھازىر ئۆي قۇپقۇرۇق تۇرۇپتۇ. ئۆي سايمانلىرىنىڭ بىرەرىمۇ يوق؛ قىزىق ئىش! ئۇ دېرىزە تەرەپكە ئۆتۈپ، دېرىزە بەكچىسىدە ئولتۇردى.

ئۆيدە ئىككى ئىشچى ئىشلەۋېتىپتۇ. ھەر ئىككىلىسى ياش، لېكىن بىرسىنىڭ يېشى سەل چوڭراق، يەنە بىرسى بەكلا ياش ئىكەن. ئۇلار تاملاردىكى كونىراپ كەتكەن ئىلگىرىكى سېرىق قەغەزلەرنىڭ ئورنىغا ئاچ بىنەپشە رەڭ گۈللۈك يېڭى ئاق قەغەزلەرنى چاپلاۋاتاتتى. نېمىشقىدۇر راسكولنىكوف بۇنى زادىلا ياقتۇرمىدى. ئۇ گويا ھەممە نەرسىنىڭ ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىگە بەكمۇ ئەپسۇسلىنىۋاتقاندەك، يېڭى چاپلانغان قەغەزلەرگە ئۆچمەنلىك بىلەن قاراپ ئولتۇردى.

ھېلىقى ئىشچىلار نېمە ئىش بىلەندۇر كېچىكىپ قالغان بولسا كېرەك، ئالدىراپ ـ سالدىراپ قەغەزلەرنى يىغىشتۇرۇپ، كېتىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋاتاتتى. راسكولنىكوفنىڭ پەيدا بولۇپ قېلىشى ئۇلارنىڭ دىققىتىنى تارتمىدى. ئۇلار بىرنېمىلەر توغرۇلۇق سۆزلىشىۋاتاتتى. راسكولنىكوف قوللىرىنى گىرەلەشتۇرۇپ ئۇلارنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سالدى.

ــ ئۇ نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا قاق سەھەردە ئالدىمغا كەپتۇ، ــ دېدى چوڭراقى ياشراقىغا، ــ تاڭ سەھەردىلا كەپتۇ. ئۆزى گۈلدەك ياسىنىۋاپتۇ. «نېمىشقا مېنىڭ ئالدىمدا مۇنداق مېھرىبانلىق قىلىسەن، نېمىشقا مېنىڭ ئالدىمدا مۇنداق ناز قىلىسەن»، دېسەم «تىت ۋاسىلېۋىچ، ھازىردىن تارتىپ ئۆزۈمنى

پۇتۇنلەي سىزنىڭ ئىختىيارىڭىزغا تاپشۇرىمەن» دېدى. ئىش شۇنداقكەن ـ دە ! ئەمدى ئۇنىڭ ياسىنىشىنى كۆرسەڭ، ژۇرنالدىكىدەك، بەئەينى ژۇرنالدىكىدەك !

— ئاكا، ژۇرنال دېگىنىڭىز نېمە ئۇ؟ — سورىدى ياشراقى. ئۇ قارىغاندا بۇ «ئاكا»سىدىن دائىم بىرنېمىلەرنى سوراپ تۇرسا كېرەك.

— ئۇكا، ژۇرنال دېگەن رەڭلىك سۈرەت. ئۇنى ھەر شەنبە كۈنى چەت ئەلدىن مۇشۇ يەردىكى تىككۈچىلەرگە ئەۋەتىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭدا كىمنىڭ قانداق كىيىم كىيىشى، ئەرلەر قانداق كىيىم، ئاياللار قانداق كىيىم كىيىشى كېرەكلىكىنى ئۆگىتىدۇ، ئىچىدە ساپ سۈرەت. ئەرلەرنى كۆپىنچە بەل پۈرمە پەلتو كىيگەن ھالەتتە سىزىشىدۇ، ئاياللارنىچۇ، ئۇكا، ئالا ـ بۇلىماچ كىيىملەرنى① كىيىنگەن ھالەتتە سىزىشىدۇ. ئۇ كىيىملەرنى كۆرسەڭ، ئاغزىڭ ئېچىلىپلا قالىدۇ.

— پېتېربۇرگتا تېپىلمايدىغان نەرسە يوق ئىكەن ـ دە، — ۋارقىرىدى ياشراقى زوقلىنىپ، — ئاتا ـ ئانىدىن باشقا ھەممە نېمە تېپىلىدىكەن !

— شۇلاردىن باشقا ھەممە نېمە تېپىلىدۇ، ئۇكا، — دېدى چوڭراقى ئۆگەتكۈچى تەلەپپۇزىدا مۇئەييەنلەشتۈرۈپ.

راسكولنىكوف ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىلگىرى كىچىك ساندۇق، كارىۋات، ئىشكاپ قويۇلغان ئۆيگە كىردى. ئۆيدە ئۆي سايمانلىرى يوق ئىدى. بۇ ئۆي ئۇنىڭغا بەكلا كىچىكتەك كۆرۈندى. تاملاردىكى قەغەزلەر ھېلىمۇ ئىلگىرىكى پېتى ئىدى. بۇلۇڭدىكى بۇت تەكچىسى تام قەغىزىدىن ئېنىقلا بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ بىردەم قاراپ تۇرۇپ، يەنە بايىقى دېرىزىنىڭ ئالدىغا يېنىپ كەلدى. ئىشچىلارنىڭ چوڭراقى ئۇنىڭغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ تۇراتتى.

---

① بۇ سۆز ئەسلىي سوفلىيور ـ درراما دىيالوگىنى دەپ بەرگۈچى دېگەن مەنىدە، بۇ يەردە پاھىشە دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلگەن.

— نېمە ئىشىڭىز بار ئىدى؟ — بىردىنلا سورىدى ئۇ راسكولنىكوفتىن.

راسكولنىكوف جاۋاب بېرىش ئورنىغا ئورنىدىن تۇرۇپ دەھلىزگە چىقىپ كەتتى. قوڭغۇراقنىڭ يىپىنى تۇتۇپ تارتىپ باقتى. يەنىلا شۇ قوڭغۇراق، يەنىلا شۇ قاڭالتىرنىڭ ئاۋازى. ئۇ ئىككىنچى، ئۈچىنچى قېتىم تارتىپ باقتى؛ ئۇنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سالغاچ ئەسلەپ، شۇ چاغدىكى ئازابلىق ۋە دەھشەتلىك خۇنۇك سەزگۈنى بارغانسېرى روشەن، بارغانسېرى ئېنىق ئېسىگە ئالدى. قوڭغۇراق ھەربىر جاراڭلىسا، ئۇ بىر تىترەپ كېتەتتى، لېكىن كۆڭلى بارغانسېرى ئېچىلماقتا ئىدى.

— زادى نېمە ئىشىڭ بار؟ سەن نېمە ئادەم؟ — ۋارقىرىدى ئىشچى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، راسكولنىكوف ئىچكىرىگە كىردى.

— ئىجارىگە بىر ئۆي ئالماقچىدىم، — دېدى ئۇ، — قاراپ بېقىۋاتىمەن.

— ئىجارىگە ئۆي ئالغىلى كېچىدە كەلگەن نەدە بار؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە دەرۋازىۋەن بىلەن بىللە كېلىشىڭ كېرەك ئىدى.

— پولنى پاكىز يۇيۇپ قويۇپتۇ، يەنە سىرلىماقچىمۇ؟ — دېدى راسكولنىكوف سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — قان قالمىدىمۇ؟

— نېمە قان؟

— بىر موماينى سىڭلىسى بىلەن بىللە ئۆلتۈرۈۋېتىپتىكەن-غۇ؟ مانا مۇشۇ يەردە قان دېگەن كۆل بولۇپ كېتىپتىكەن.

— سەن زادى نېمە ئادەم؟ — ۋارقىرىدى ئىشچى بىئارام بولۇپ.

— مەنمۇ؟

— ھەئە، سەن.

— بىلگۈڭ كېلىۋاتامدۇ؟... يۈرە، ئىككىمىز ساقچى ئىدارىسىگە بارايلى، مەن شۇ يەردە دەپ بېرەي.

ئىشچىلار ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا قاراپ قالدى.

— بىز ماڭايلى، كەچ بولۇپ كەتتى. يۇرە، ئاليوشكا، ئىشككە قۇلۇپ سالايلى، — دېدى ئىشچىلارنىڭ چوڭراقى.

— بولىدۇ، بىز ماڭايلى، — دېدى راسكولنىكوف بىپەرۋالىق بىلەن. ئۇ بىرىنچى بولۇپ ئۆيدىن چىقىپ، پەلەمپەيدىن ئاستا چۈشۈشكە باشلىدى. دەۋازا ئالدىغا چىققاندا، — هەي، دەرۋازىۋەن! — دەپ ۋارقىرىدى.

بىناغا كىرىدىغان جايدا — كوچىدا بىرنەچچە ئادەم ئۆتكەن - كەچكەنگە قاراپ تۇراتتى. ئۇلار ئىككى دەرۋازىۋەن، بىر سەھرالىق خوتۇن، خالات كىيگەن بىر قول هۈنەرۋەن، يەنە بىر نەچچە كىشى ئىدى. راسكولنىكوف ئۇدۇل شۇلارنىڭ ئالدىغا باردى.

— نېمە ئىشىڭىز بار ئىدى؟ — سورىدى دەرۋازىۋەنلەردىن بىرسى.

— سەن ساقچى ئىدارىسىگە باردىڭمۇ؟

— هېلىلا بېرىپ كەلدىم، نېمە ئىشىڭىز بار ئىدى؟

— ئۇلار هازىرمۇ ئىشلەۋاتامدۇ؟

— ئىشلەۋاتىدۇ.

— مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى بارمىكەن؟

— بايا بار ئىدى. نېمە ئىشىڭىز بار ئىدى؟

راسكولنىكوف جاۋاب بەرمەي، ئۇنىڭ يېنىدا ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى.

— ئۇ ئۆي كۆرگىلى كەپتىكەن، — دېدى ئىشچىلارنىڭ چوڭراقى يېقىن كېلىپ.

— قايسى ئۆينى؟

— بىز ئىشلەۋاتقان ئۆينى. ئۇ: «قاننى نېمىشقا يۇيۇۋەتتىڭلار؟ بۇ يەردە قاتىللىق دېلوسى يۈز بەرگەن، مەن شۇ ئۆينى ئىجارىگە ئالغىلى كەلگەن» دەيدۇ. ئۇ قوڭغۇراقنى چېلىپ، يىپىنى ئۈزۈۋەتكىلى قىل قالدى. ئۇ، يۇرە، ساقچى ئىدارىسىگە بارىمىز، مەن هەممىنى شۇ يەردە دەپ بېرىمەن، دەيدۇ. ئۇ بىز

بىلەنلا قاپتۇ.

دەرۋازىۋەن ھەيران بولۇپ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، راسكولنىكوفقا باشتىن ـ ئاياغ قاراپ چىقتى.

— ئۆزۈڭ زادى نېمە ئادەم؟ — ۋارقىرىدى ئازراق ھەيۋە بىلەن.

— مەن رودىئون رومانوۋىچ راسكولنىكوف بولىمەن. ئىلگىرىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى، شىلىنىڭ بىناسىدا[①] تۇرۇۋاتىمەن، 14 ـ ئۆيدە مۇشۇ يەردىكى بىر تار كوچىدا، بۇ يەرگە يېقىن، دەرۋازىۋەندىن سورىساڭ بولىدۇ... ئۇ مېنى تونۇيدۇ، — بۇ گەپلەرنى راسكولنىكوف قانداقتۇر ئېرىنچەكلىك بىلەن ئويچانلىق تەلەپپۇزىدا دېدى. ئۇ قايرىلىپمۇ قارىماي، قاراڭغۇلۇق قاپلىغان كوچىغا قاراپ تۇرىۋەردى.

— سىز ئۇ ئۆيگە نېمە قىلغىلى كىردىڭىز؟

— كۆرۈپ باققىلى.

— ئۇنىڭ كۆرگۈدەك نېمىسى بار؟

— ئۇنى تۇتۇپلا، ساقچى ئىدارىسىگە ئاپىرىپ بەرمەيمىزمۇ! — دېدى ھېلىقى قول ھۈنەرۋەن كۈتمىگەندە گەپكە ئارىلىشىپ. لېكىن، ئارقىدىنلا جىم بولۇپ قالدى.

راسكولنىكوف كەينىگە بۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ، دىققەت بىلەن زەن سالدى. ئاندىن يەنە بايىقىدەك بوش ۋە خۇشياقمىغاندەك تەلەپپۇزدا دېدى:

— يۈرە ئەمىسە!

— ئۇنى ئېلىپ بارايلى، — دېدى قول ھۈنەرۋەن بارغانسېرى غەيرەتكە كېلىپ، — ئۇ نېمىدەپ ھېلىقى ئىشنى تىلغا ئالىدۇ؟ ئۇنىڭ خىيالى نېمە؟ ھە؟

— مەست ئەمەسكەن بولمىسا، ئۇنىڭ نىيىتىنى پەرۋەردىگار

① 1847 ـ يىلى 2 ـ ئايدىن 1849 ـ يىلى 4 ـ ئايغىچە دوستويېۋسكىيمۇ شىلىنىڭ بىناسىدا تۇرغان. ئۇ پېتىراشېۋسكىي دېلوسى سەۋەبىدىن 1849 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى شۇ يەردە قولغا ئېلىنغان.

ئۆزى بىلىدۇ، — دېدى ئىشچى غودۇڭشىپ.
— زادى نېمە ئىشىڭىز بار ئىدى؟ — دېدى دەرۋازىۋەن يەنە ۋارقىراپ. ئۇنىڭ راستىلا ئاچچىقى كەلگەنىدى، — نېمىدەپ بىزگە كانىدەك چاپلىشىۋالىسىز؟
— ساقچى ئىدارىسىگە بېرىشتىن قورقۇپ قالدىڭمۇ؟ — دېدى راسكولنىكوف ئۇنى مەسخىرە قىلغاندەك.
— نېمىدەپ قورقىدىكەن؟ سىز نېمىشقا بىزگە چاپلىشىپلىۋالىسىز؟
— ئالدامچى! — دېدى سەھرالىق ئايال ۋارقىراپ.
— ئۇنىڭ بىلەن كاراڭ - كاراڭ قىلىشقۇدەك ئىش يوق، — دېدى يەنە بىر دەرۋازىۋەن ۋارقىراپ. بۇ بەستلىك دېھقان چاپىنىنىڭ تۈگمىلىرىنى ئەتمىگەن، بەلبېغىغا نۇرغۇن ئاچقۇچنى باغلىۋالغانىدى، — يوقال!... راستىلا ئالدامچى ئىكەنسەن... يوقال!
ئۇ راسكولنىكوفنى مۈرىسىدىن تۇتۇپ، كوچىغا ئىتتىرىۋەتتى. راسكولنىكوف يىقىلىپ كەتكىلى قىل قالدى - يۇ، لېكىن يىقىلمىدى. ئۇ قەددىنى رۇسلاپ، ئەتراپتىكى تاماشا كۆرۈۋاتقانلارغا ئۈن - تىنسىز قاراپ قويدى - دە، ئۆز يولىغا ماڭدى.
— غەلىتە ئادەم ئىكەن! — دېدى ئىشچى.
— بۇ ئاي بۇ كۈندە ھەممىلا ئادەم مۇشۇنداق غەلىتە بولۇپ كەتتى، — دېدى سەھرالىق خوتۇن.
— ھەرنېمە دېگەنبىلەن ئۇنى ساقچى ئىدارىسىگە ئاپىرىپ بەرسەك بولاتتى، — قوشۇپ قويدى ھۈنەرۋەن.
— ئۇنىڭ بىلەن كاراڭ - كاراڭ قىلىشقۇدەك ئىش يوق، — دېدى بەستلىك دەرۋازىۋەن كېسىپ، — سېپى ئۆزىدىن ئالدامچى نېمىكەن! ساقچى ئىدارىسىگە ئاپىرىپ بەرسەك، ئۇ تېخى خۇش بولىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن كاراڭ - كاراڭغا چۈشۈپ كەتسەك، ئايىغىغا ئاچىقالمايمىز... بىز بىلىمىز ئەمەسمۇ!

«بارايمۇ، بارمايمۇ؟» ئويلىدى راسكولنىكوف، ئۇ گويا كىمدۇر بىر سىنىڭ ئاخىرقى قارارىنى دەپ بېرىشىنى كۈتۈۋاتقاندەك، كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاچالدا توختاپ، ئەتراپىغا قارىدى. لېكىن، ئەتراپتىن ھېچقانداق ئەكس سادا چىقمىدى؛ ھەممە نەرسە خۇددى ئۇ ئاياغ ئاستىدا دەسسەپ تۇرغان تاشلاردەك جىمجىت، تىمتاس ئىدى. ئۇنىڭغا نىسبەتەن ھەممە نەرسە ئۆلگەنىدى. ئۇنىڭ بىر ئۆزىگە نىسبەتەن... كۈتمىگەندە ئۇ ئىككى يۈز قەدەمچە يىراقتىكى كوچىنىڭ نېرىقى بېشىدا، بارغانسېرى قويۇقلىشىۋاتقان قاراڭغۇلۇق ئىچىدە، توپلىشىۋالغان ئادەملەرنى كۆرۈپ قالدى، گەپلەشكەن، ۋارقىرىغان ئاۋازلارنىمۇ ئاڭلىدى. ئادەملەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا قاندىقتۇر بىر ھارۋا تۇراتتى... كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا پىلىلداپ چىراغ يانماقتا ئىدى. «نېمە ئىش بولغاندۇ؟» راسكولنىكوف ئوڭ تەرەپكە بۇرۇلۇپ، ئادەملەر توپلىشىۋالغان يەرگە قاراپ ماڭدى. ئۇ ھەممە ئىشنى دېگۈدەك سۈرۈشتۈرۈشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويىدى ۋە شۇنى ئويلاپ سوغۇققىنا كۈلۈپ قويدى. چۈنكى، ئۇ ساقچى ئىدارىسىگە بېرىش قارارىغا كېلىپ بولغاچقا، ھەممە نېمىنىڭ تامام بولىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلەتتى.

## 7

كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئويناقلاپ تۇرىدىغان ئىككى بوز ئات قوشۇلغان، تولىمۇ كۆركەم پەيتون تۇراتتى. پەيتوندا ئادەم يوق. پەيتونچى پەيتوننىڭ ئالدا ئاتلارنىڭ چۆلۈۋۈرىنى تۇتۇپ تۇراتتى. ئەتراپىقا بىرمۇنچە ئادەم يىغىلىۋالغانىدى. ئەڭ ئالدىدا ساقچىلار تۇراتتى. ساقچىلاردىن بىرسى يېنىق پانارنى تۇتۇپ، چاقلارنىڭ يېنىدا ياتقان بىر نەرسىنى يورۇتۇپ تۇراتتى. ئادەملەر مۇھاكىمە قىلىشاتتى، ۋارقىرىشاتتى، خورسىنىشاتتى. پەيتونچى نېمە

قىلىشىنى بىلەلمەي، تۇرۇپ ـ تۇرۇپ:

— يامان بولدى ! يا پەرۋەردىگار. ئەجەب يامان بولدى ! — دەپ قوياتتى.

راسكولنىكوف جىننىڭ بارچە قىسىلىپ كىرىپ، مۇشۇنداق پاراكەندىچىلىك ۋە تاماشىغا سەۋەب بولغان نەرسىنى ئاخىر كۆردى. يەردە ئاتلار دەسسىۋەتكەن ئادەم ياتاتتى. قارىغاندا ھوشىدىن كەتكەن بولسا كېرەك، ھەممىلا يېرى قانغا بويالغانىدى. بۇ ئادەم بەكلا جۇل ـ جۇل بولسىمۇ يەنىلا «يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر»گە خاس كىيىملەرنى كىيگەنىدى. ئۇنىڭ بېشىدىن، يۈزىدىن قان ئېقىۋاتاتتى؛ يۈزى دەسسىلىپ، شىلىنىپ، ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى. جاراھىتىنىڭ ئېغىرلىقى كۆرۈنۈپلا تۇراتتى.

— يا پەرۋەردىگار ! — نالە قىلدى پەيتونچى، — ھەممىنى كۆرۈپ ئۇلگۈرگىلى بولاتتىمۇ ! مەن پەيتوننى ئىتتىك ھەيدىگەن ياكى ۋارقىرىمىغان بولسام كاشكى، مەن ھودۇقماي شۇنداق ئاستا كېتىۋاتقان بولمىسا. ھەممە ئادەم كۆردى. ھەممەيلەن ماڭا گۇۋاھ، ھەممەيلەنگە مەلۇملۇق، مەست ئادەم دېگەن يولنىمۇ ئوڭشاپ ماڭالمايدۇ... قارىسام، ئۇ دەلدەڭشىپ كوچىنىڭ ئۇ قېتىدىن بۇ قېتىغا ئۆتۈپ كېتىۋېتىپتىكەن، يىقىلىپ چۈشكىلى قىل قالدى تېخى، مەن بىر ۋارقىرىدىم، ئىككى ۋارقىرىدىم، ئۈچ ۋارقىرىدىم، ئاتلارنىڭ تىزگىنىنى تارتتىم، ئۆزى ئۇدۇل ئاتلارنىڭ ئايىغى ئاستىغا كېلىپ يىقىلدى ! ئەتەي شۇنداق قىلدىمۇ ياكى بەكلا مەست بولۇپ كەتكەنمۇ، ھېچ ئۇقالمىدىم... ئاتلار تېخى ياش، ئۈركۈگىلى ئارانلا تۇرىدۇ... ئاتلار يولقۇنۇپ، تىزگىننى تارتىشىمغا ئۇ چىرقىراپ كەتتى. ئۇ چىرقىرىغانسېرى ئاتلار تېخىمۇ بەك... شۇنىڭ بىلەن مانا مۇشۇ ئىش بولدى.

— راست شۇنداق بولدى ! — دېدى توپلىشىۋالغانلاردىن بىرسى گۇۋاھلىق بېرىپ.

— ئۇنىڭ ۋارقىرىغىنى راست. ئۇ ئۈچ قېتىم ۋارقىرىدى، — دېدى يەنە بىرسى گۇۋاھ بولۇپ.

— ئۇ راۋۇرۇس ئۈچ قېتىم ۋارقىرىدى، ھەممىمىز ئاڭلىدۇق، — دېدى باشقا بىرسى ۋارقىراپ.

دەرۋەقە پەيتونچى ئانچە بەك قايغۇرمىغان ۋە قورقۇپمۇ كەتمىگەنىدى. بۇ پەيتوننىڭ دۆلەتمەن ۋە ئابرۇيلۇق بىرسىگە تەۋە ئىكەنلىكى، ئۇ ئادەمنىڭ قەيەردىدۇر بۇ پەيتوننىڭ كېلىشىنى ساقلاپ تۇرۇۋاتقانلىقى بىلىنىپلا تۇراتتى؛ ساقچىلار ئىشنى ئىمكانقەدەر پاتراق پۈتكۈزۈپ كېتىۋالغىلى ئالدىرىشىۋاتاتتى. ئات دەسسىۋەتكەن ئادەمنى ساقچى ئىدارىسىگە، ئاندىن دوختۇرخانىغا ئاپىرىشقا توغرا كېلەتتى. لېكىن، ئۇنىڭ ئىسىم - فامىلىسىنى ھېچكىم بىلمەيتتى.

شۇ ئارىلىقتا راسكولنىكوف قىستىلىپ كىرىپ، تېخىمۇ بەكرەك ئېڭىشىپ قارىدى. دەل شۇ چاغدا پانار بىردىنلا ھېلىقى بىتەلەي ئادەمنىڭ چىرايىنى يورۇتتى. راسكولنىكوف ئۇنى تونۇدى.

— مەن ئۇنى تونۇيمەن! تونۇيمەن! — ۋارقىرىدى ئۇ ئالدىغا ئۆتۈشكە ئىنتىلىپ، — ئۇ بىر خىزمەتچى، خىزمىتىدىن توختاپ قالغان، 9 - دەرىجىلىك خىزمەتچى مارمېلادوف. ئۇ مۇشۇ ئەتراپتا تۇرىدۇ. يېقىن، كوزېلنىڭ بىناسىدا... دەرھال دوختۇر چاقىرىڭلار! پۇلىنى مەن تۆلەيمەن، مانا قاراڭ! — ئۇ يانچۇقىدىن پۇلىنى ئېلىپ، ساقچىغا كۆرسەتتى. ئۇ قاتتىق ھاياجانلانغانىدى.

ئات دەسسىۋەتكەن ئادەمنىڭ كىملىكىنىڭ ئېنىقلانغىنىغا ساقچىلار بەكلا خۇرسەن بولۇشتى. راسكولنىكوف ئۇلارغا ئۆزىنىڭ ئىسىم - فامىلىسى بىلەن تۇرۇۋاتقان يېرىنىمۇ دەپ بەردى، بۇ ئىش گويا ئۆز دادىسىغا ئالاقىدار ئىشتەك، ئۇ ساقچىلارغا بىھوش ياتقان مارمېلادوفنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇڭلار، دەپ يالۋۇردى.

— مانا مۇشۇ يەردىلا، ئۈچ بىنانىڭ نېرىسىدىلا، — دەيتتى ئۇ ھەدەپ، — كوزېلنىڭ بىناسىدا، باي نېمىسنىڭ بىناسىدا... ئۇ مەست بولۇپ قېلىپ، ئۆيىگە كېتىۋاتقان چېغى. مەن ئۇنى تونۇيمەن... ئۇ بىر ھاراقكەش... ئۇنىڭ ئۆيى، خوتۇنى، تىككەندەك بىرلا قىزى بار. دوختۇرخانىغا ئاپارغۇچە ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىدۇ. شۇ بىنادا چوقۇم دوختۇر بار. پۇلىنى مەن تۆلەيمەن، پۇلىنى مەن تۆلەيمەن !... ئۆيىدە نېمىلا بولسۇن ئۆز ئادەملىرى قارايدۇ، دەرھال قۇتقۇزالايدۇ. بولمىسا دوختۇرخانىغا يېتىپ بارغۇچە ئۆلۈپ قالىدۇ.

ئۇ ھەتتا چاندۇرماستىن ساقچىنىڭ قولىغا پۇل تۇتقۇزۇپ قويىدى؛ ئەسلىدە ئىش ئۇنىڭسىزمۇ ئېنىق، ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆي يېقىن بولغاچقا پاتراق قۇتقۇزغىلى بولاتتى، شۇنىڭ بىلەن ئات دەسسىۋەتكەن يارىدارنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ مېڭىشتى؛ بىرنەچچەيلەن ئۆزلۈكىدىن ياردەم بەردى. كوزېلنىڭ بىناسى بۇ يەردىن ئوتتۇز قەدەمچە نېرىدا ئىدى. راسكولنىكوف مارمېلادوفنىڭ بېشىنى ئېھتىيات بىلەن كۆتۈرۈپ ئارقىدا يول كۆرسىتىپ ماڭدى.

— بۇياققا، بۇياققا ! پەلەمپەيدىن چىققۇچە بېشىنى يۇقىرى قىلىڭلار؛ بۇرىلىڭلار... ھە بولدى ! پۇلىنى مەن تۆلەيمەن، ھەممىڭلارنى رازى قىلىمەن ! — دەيتتى ئۇ غودۇڭشىپ.

كاتېرىنا ئىۋانوۋنا ئادەتتىكىدەك ئازراقلا بوش ۋاقتى چىقىپ قالسا، قوللىرىنى كۆكرىكىدە مەھكەم ئالماپ، ئۆزىگە ئۆزى گەپ قىلىپ، يۆتىلىپ، كىچىككىنە خانىسىدا دېرىزە ئالدىدىن مەشىنىڭ يېنىغىچە، ئاندىن يەنە مەشىنىڭ يېنىدىن دېرىزە ئالدىغىچە مېڭىپلا يۈرەتتى. يېقىندىن بۇيان ئۇ ئۆزىنىڭ ئون ياشلىق چوڭ قىزى پولېنكا بىلەن گەپلىشىشكە ئامراق بولۇپ قالغانىدى؛ پولېنكا نۇرغۇن ئىشلارنى چۈشىنىپ كېتەلمىسىمۇ، ئانىسىنىڭ نېمىگە موھتاجلىقىنى ناھايىتى ياخشى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ دائىم دېگۈدەك زېرەكلىك چاقناپ تۇرغان يوغان

كۆزلىرىنى ئانىسىغا تىكىپ، ئۆزىنى ھەممىنى چۈشىنىۋاتقاندەك كۆرسىتىشكە تىرىشاتتى. شۇ تاپتا پولېنكا ئەتىگەندىن تارتىپلا تاۋى يوق ئىنىسىنى يېشىندۇرۇپ، ئۇخلىتىپ قويماقچى بولۇۋاتاتتى. ئۇ بالا كېچىسى يۇيۇپ قويۇلىدىغان كۆڭلىكىنىڭ ئالماشتۇرۇلۇشىنى كۈتۈپ، ئورۇندۇقتا قەددىنى تۈپتۈز تۇتۇپ، چىرايىغا جىددىي تۈس بېرىپ، تاپانلىرىنى بىر - بىرىگە چاپلىغىنىچە پۇتلىرىنى سوزۇپ مىدىر - سىدىر قىلماي ئولتۇراتتى. پۇتلىرىنىڭ ئۇچى بىر - بىرىدىن كىچىككىنە ئايرىلىپ تۇراتتى. ئۇ ئۇخلىتىش ئۈچۈن يېشىندۇرۇلۇۋاتقان جىمىكى ئەقىللىك بالىلارغا ئوخشاش ئاغزىنى دومسايتىپ، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، ئانىسى بىلەن ئاچىسىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭدىن كىچىك، كىيىملىرى تىتىلىپ كەتكەن قىزچاق پەردىنىڭ ئالدىدا ئۆز نۆۋىتىنى كۈتۈپ تۇراتتى. پەلەمپەيگە قارايدىغان ئىشىك ئوچۇق ئىدى. مۇشۇنداق قىلغاندا باشقا ئۆيلەردىن كىرىدىغان تاماكا ئىسىنى ئاز - تولا بولسىمۇ چىقىرىۋەتكىلى بولاتتى، بولمىسا تاماكىنىڭ ئىسى ئۆپكە كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغان بۇ بىچارە ئايالنى قىيناپ، ئۇزاقتىن - ئۇزاق يۆتەلدۈرۈۋېتەتتى. مۇشۇ ھەپتە كىرگەندىن بۇيان كاتېرىنا ئىۋانوۋنا تېخىمۇ بەكرەك ئورۇقلاپ، مەڭزى ئىلگىرىكىدىنمۇ بەكرەك قىزىرىپ كەتكەنىدى.

— سەن ئىشەنمەيسەن، پولېنكا، سەن ھەتتا تەسەۋۋۇرمۇ قىلالمايسەن، — دەيتتى ئۇ ئۆيدە ئۇياق - بۇياققا مېڭىپ، — بوۋاڭ بىلەن بىللە تۇرىدىغان چاغلىرىمىزدا، بىز شۇنداق كۆڭۈللۈك، شۇنداق باياشات ياشايتتۇق، مۇشۇ هاراقكەش مېنى ۋەيران قىلىۋەتتى، كېيىن سىلەرنىمۇ ۋەيران قىلىۋېتىدۇ! بوۋاڭ مۇلكىي پولكوۋنىك[①] ئىدى، ئۆلكە باشلىقى بولۇشقا ئازلا قېلىۋىدى، ناھايىتى بىرلا قەدەم قالغان. شۇڭا خەقلەر ئۇنى

① مۇلكىي پولكوۋنىك — 4 - دەرىجىلىك ئەمەلدار بولۇپ، مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى بولالايدۇ، ئۆلكە باشلىقى بولۇش ئۈچۈن گېنېرال بولۇش كېرەك.

يوقلاپ بارغان چېغىدا: «ئىۋان مىخايلىچ، بىز سىزنى ئۆلگەن ياكى ئۆلۈپ كەتكەن ئىكەن دەپ قاراپ كېلىۋاتىمىز!» دېيىشەتتى. مەن... ئۆھۆ! مەن... ئۆھۆ - ئۆھۆ - ئۆھۆ... ئاھ، شور پېشانەم! — ۋارقىرىۋەتتى ئۇ بەلغەم تۈكۈرۈپ، مەيدىسىنى چىڭ چاڭگاللاپ، — مەن... ھەي، ئاخىرقى بالدا... باش ئاقسۆڭەكنىڭكىدە... مېنى كىنەز ئايىم بېززېمېلنايا كۆرۈپ قالدى... پولىيە① كېيىن مەن داداڭ بىلەن توي قىلماقچى بولغاندا، ئۇ مېنى قۇتلۇقلىدى — ئۇ دەرھال يادىغا ئېلىپ: «ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىدا شال يېپىنىپ تانسا ئوينىغان چىرايلىق قىز مۇشۇمۇ؟...» دەپ سورىدى. ھېلىقى يىرتىلغان يەرنى ياماپ قويايلى. يىڭنە ئەكەل، قانداق ئۆگەتسەم، دەرھال شۇنداق ياماپ قوي. بولمىسا، ئەتە... ئۆھۆ! ئەتە... ئۆھۆ - ئۆھۆ - ئۆھۆ!... تېخىمۇ يوغىناپ كېتىدۇ! — ۋارقىرىدى ئۇ كۈچىنىپ... — شۇ چاغدا ئوردا كۈتكۈچىسى شېگولسكوينىڭ پېتېربۇرگتىن يېڭىلا كېلىشى ئىدى... ئۇ مېنى مازوركىغا② تارتتى، ئەتىسى ئۇ مەن بىلەن توي قىلىڭ، دەپ مەندىن رازىلىق سوراپ كەپتۇ؛ لېكىن، مەن يۇمشاقلىق بىلەن رەت قىلىپ، كۆڭلۈمنى ئاللىقاچان باشقا بىرىگە بېرىپ بولغان، دېدىم. باشقا بىرسى دېگىنىم سېنىڭ داداڭ ئىدى، پولىيە؛ بوۋاڭنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەلدى... سۇ تەييار بولدىمۇ؟ كۆڭلەكنى ماڭا ئېلىۋەت، پايپاق قېنى؟... لىدا، — دېدى ئۇ كىچىك قىزىغا قاراپ، — بۈگۈنچە بىر ئامال قىلىپ كۆڭلەكسىز يات... پايپاقنى بىر چەتكە قوي... بىراقلا يۇيۇۋېتىمەن... ھېلىقى قەلەندەر، ھاراقكەش نېمىشقا شۇ چاغقىچە كەلمەيدىغاندۇ؟ كۆڭلىكىنى تىتما - تىتما قىلىۋېتىپتۇ. ساق يېرىنى قويماپتۇ... ھەممىسىنى بىراقلا يۇيۇۋەتسەم، ئەتە كەچتىمۇ ئاۋارە بولۇپ يۈرمەيتتىم! ۋاي

① «پولېنكا، پولىيە» دېگەن ئىسىملار كاتېرىنا ئىۋانوۋنانىڭ چوڭ قىزى پولېنانىڭ ئەركىلەتمە ئىسىملىرى.

② مازوركا — پولياكچە ئۇسسۇلنىڭ نامى.

خۇدايىم ! ئۆھـۆ ـ ئـۆھۆ ـ ئۆھـۆ ! يـەنە تۇتـتـى بۇ يۆتـەل ! ئـۇ نېمـىدۇر؟ ــ ئۇ دەھلـىزدە بىـرمـۇنچە ئـادەمـنـىڭ نـېمـىنـىـدۇر كـۆتۈرۈپ ئۆز ئـۆيـىگـە قـاراپ كـېلـىـۋاتـقانـلـىقـىنـى كـۆرۈپ ئىختـىيارسـىـز ۋارقىرىۋەتـتى، ــ نېمـىدۇر ئۇ؟ ئۇلار نـېمـىنـى كۆتۈرۈپ كېلىشىۋاتقاندۇ؟ ۋاي خۇدايىم !

ــ نەگە قويـىمىز؟ ــ سورىـدى بىر ساقچى پۈتۈنـلەي قانغا بويىلىپ بىهوش ياتقان مارمېلادوفنى ئۆيگە ئەكىرگەندىن كېيىن ئەتراپىغا قاراپ.

ــ دىۋانغا قويۇڭلار ! دىۋانغا، بېشىنى بۇياققا قارىتىڭلار، ــ دېدى راسكولنىكوف يول كۆرسىتىپ.

ــ ئۇنى كوچىدا ئات دەسسىۋېتىپتۇ ! مەست ئىكەنتۇق ! ــ دېدى دەھلىزدىكىلەردىن بىرسى ۋارقىراپ.

كاتېرىنا ئىۋانوۋنا تامدەك تاتىرىپ، نەپىسـىمۇ بوغـۇلـۇپ تۇرۇپلا قالدى. بالىلارمۇ قورقۇپ قېتـىپلا قالـدى. كىچىككىنە لىدوچكا① چىرقىراپ ئۆزىنى پولېنكانىڭ باغرىغا ئاتتى ـ دە، ئۇنى چىڭ قۇچاقلاپ، غال ـ غال تىترەپ كەتتى.

راسكولنىكوف مارمېلادوفنى ياتقۇزۇپ بولۇپ، دەرھال كاتېرىنا ئىۋانوۋنانىڭ ئالدىغا باردى.

ــ خۇدا ھەققى، تىنچلىنىڭ، قورقماڭ ! ــ دېدى ئۇ ئالدىراپ گەپ قىلىپ، ــ ئۇ كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، پەيتون دەسسىۋېتىپتۇ. ھېچ ۋەقەسى يوق، ئۇ هازىرلا هوشىغا كېلىدۇ. ئۇنى ئۆيىگە ئەكېلىشنى ئۇلارغا مەن دېگەن. مەن بۇ ئۆيگە كەلگەن، ئېسىڭىزدىمۇ... ئۇ كۆزىنى ئاچىدۇ. پۇلىنى مەن بېرىمەن !

ــ جېنىڭنى سېلىپ بېرىپسەن ـ دە ! ــ ئۈمىدسىزلىك بىلەن ۋارقىرىدى كاتېرىنا ئىۋانوۋنا ئېرىنىڭ يېنىغا بېرىپ.

① «لىدا، لىدوچكا» دېگەن ئىسىملار كاتېرىنا ئىۋانوۋنانىڭ كىچىك قىزى لىدىيەنىڭ ئەركىلەتمە ئىسىملىرى. تۇتىنچى قىسىمنىڭ تۆتىنچى بابىدىن تارتىپ، ئاپتور ئۇنى لىدوچكا دېمەي لېنۇدىيە دەپ ئاتايدۇ.

راسكولنىكوف ئۇنىڭ دەرھاللا ئۆزىنى يوقىتىپ ھوشىدىن كېتىپ قالىدىغان خوتۇنلاردىن ئەمەسلىكىنى شۇ ئان پەملىدى. كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئارىلىقتا بىتەلەي ئەركەكنىڭ بېشى ياستۇققا چىقىپ بولىدى. بۇنى شۇ چاغقىچە تېخى ھېچكىم خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. كاتېرىنا ئىۋانوۋنا ئۇنى يېشىندۈرۈپ، بەدىنىنى تەكشۈردى. ئۇ ئالدىراپ تۇرسىمۇ، زادىلا ھولۇقمىدى. ئۇ ئۆزىنى ئۇنتۇپ، تىترەپ تۇرغان لەۋلىرىنى چىڭ چىشلىگىنىچە، كۆكرىكىدىن ئېتىلىپ چىقىشقا تەييار تۇرغان پايادىنى بېسىپ تۇراتتى.

شۇ ئارىلىقتا راسكولنىكوف بىرسىنى دوختۇر چاقىرىپ كېلىشكە كۆندۈردى. ئەسلىي بۇ بىنانىڭ نېرىسىدىلا بىر دوختۇر بار ئىدى.

— مەن دوختۇرنى چاقىرغىلى ئادەم ئەۋەتتىم، — دېدى ئۇ كاتېرىنا ئىۋانوۋناغا يېنىش ـ يېنىش، — غەم قىلماڭ. پۇلىنى مەن بېرىۋېتىمەن. سۇ بارمۇ؟... ماڭا ياغلىق ياكى لۆڭگە بېرىڭ، نېمىلا بولسا بولىۋېرىدۇ. تېز بولۇڭ... ئۇنىڭ قانچىلىك جاراھەتلەنگەنلىكىنى تېخى بىلمەيمىز... خاتىرجەم بولۇڭ، ئۇ جاراھەتلەندى. لېكىن، ئۆلمىدى... قېنى دوختۇر نېمە دەيدىكىن!

كاتېرىنا ئىۋانوۋنا دېرىزىنىڭ ئالدىغا باردى؛ بۇلۇڭدىكى كونا ئورۇندۇقتىكى يوغان ساپال داستا كېچىسى باللار بىلەن ئېرىنىڭ كىيىملىرىنى يۇيۇش ئۈچۈن تەييارلانغان سۇ تۇراتتى. مۇنداق كېچىلىك تازىلىقنى كاتېرىنا ئىۋانوۋنا ئۆزى قىلاتتى. ئۇ ھەر ھەپتىدە ئىككى قېتىم، بەزىدە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك كىر يۇياتتى. چۈنكى، ھەممەيلەننىڭ ئالماشتۇرغۇدەك ئارتۇق كىيىمى قالمىغان، ھەربىرىنىڭ پەقەت بىر قۇردىنلا كىيىمى قالغانىدى. كاتېرىنا ئىۋانوۋنا بولسا پاسكىنىچىلىققا زادىلا چىدىمايتتى. ئۇ ئۆيدىكىلەر ئەتىسى ئەتىگەندە پاكىز كىيىملەرنى كىيسۇن دەپ، ھەممەيلەننى ئۇخلىتىۋېتىپ، ئۆزىنىڭ كەم ماغدۇرلۇقىغا قارىماي يېرىم كېچىگىچە كىر يۇيۇپ ھۆل كىيىملەرنى ئارغامچىغا يېيىپ

قويۇشقا رازى ئىدىكى، ئۆيىنىڭ مەينەتچىلىككە چۆكۈپ قېلىشىنى خالىمايتتى. ئۇ داستىكى سۇنى راسكولنىكوفقا ئېلىپ بەرمەكچى بولۇپ، داسنى كۆتۈرۈشكە يىقىلىپ چۈشكىلى قىل قالدى. راسكولنىكوف لۆڭگە تېپىپ ھۆللەپ، مارمېلادوفنىڭ قانغان بويالغان يۈزىنى ئېرتىشكە باشلىغانىدى. قوللىرى بىلەن كۆكرىكىنى چاڭگاللىۋالغان كاتېرىنا ئىۋانوۋنا قىينىلىپ ئاران - ئاران نەپەس ئېلىپ بىر چەتتە تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ داۋالىنىشقا موھتاج ئىدى. راسكولنىكوف مانا شۇ چاغدا ئۆزىنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى، ئات دەسسەپ جاراھەتلەندۈرگەن مارمېلادوفنى بۇ يەرگە ئەكەلمەسلىكى كېرەكلىكىنى چۈشىنىشكە باشلىدى. ساقچىمۇ ئىككىلىنىپ بىر چەتتە قاراپ تۇراتتى.

— پولىيە، — ۋارقىرىدى كاتېرىنا ئىۋانوۋنا، — تېز بېرىپ سونىيە ئاچاڭنى چاقىرىپ كەل، تېز بول، ئەگەر ئۆيدە بولمىسا، بىرەرىگە، دادامنى ئات دەسسىتىۋېتىپتۇ، قايتىپ كەلگەن ھامان ئۆيگە كەلسۇن دەيدۇ، دەپ ئېيتىپ قوي... تېز ماڭ. پولىيە ! ھە مانا، ياغلىق ئارتىۋال.

— تېس بېيىپ كە ! — بىردىنلا ۋارقىرىدى كىچىك ئوغۇل ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ. كېيىن يەنە ئىلگىرىكىدەك كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، تاپانلىرىنى يىقىپ، پۇت بارماقلىرىنى ئاجرىتىپ شۈك ئولتۇرۇپ قالدى.

بۇ چاغدا ئۆيدىكى ئادەمنىڭ جىقلىقىدىن ئۆيدە دەسسىگۈدەك يەر قالمىغانىدى. ساقچىلاردىن بىرسىلا قېلىپ، قالغانلىرى كېتىشكەنىدى. قېپقالغان ساقچى بىردەم تۇرۇپ بېقىپ، قىستىلىپ ئۆيگە كىرىۋالغانلارنى ھەيدەپ پەلەمپەيگە چىقىرىۋەتتى. لېكىن، لىپپېۋېخزېل خانىمنىڭ ئىجارىكەشلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۆيلىرىدىن چىقىپ ئاۋۋال ئىشىك ئالدىدا تۇرۇۋالدى، كېيىن توپ - توپى بىلەن ئۆيگىلا كىرىۋېلىشتى. كاتېرىنا ئىۋانوۋنانىڭ جان - پېنى چىقىپلا كەتتى.

— ئۇنى تىنچراق ئۆلگىلى قويۇڭلار! — ۋارقىرىدى ئۇ يىغلىغۇالغانلارغا، — سىلەرگە ئويۇن بوپتۇ ـ دە بۇ! يەنە تېخى تاماكا چېكىۋاتقىنىنى قارىمامدىغان بۇلارنىڭ! ئۇھۇ، ئۇھۇ، ئۇھۇ! شىلەپەڭلارنى ئالمايلا كىرىۋېرىڭلار! دېمىدىممۇ، ئەنە بىرسى شىلەپە كىيىۋاپتۇ... يوقىلىڭلار! ھېچبولمىسا، ئۆلۈكنى بولسىمۇ ھۆرمەت قىلىڭلار!

ئۇ يۆتىلى تۇتۇپ بوغۇلۇپ قالدى، لېكىن ئۇنىڭ پوپوزىسى كار قىلدى. ئۇلار كاتېرىنا ئىۋانوۋنادىن ھەرھالدا ئاز ـ تولا ھېيىقىشاتتى. ئىجارىكەش قوشنىلار قانداقتۇر غەلىتە بىر ئىچكى مەمنۇنىيەت بىلەن، بىر ـ بىرلەپ ئۆزلىرىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا يېنىپ بېرىشتى. كۆتۈلمىگەندە بىرەرسىنىڭ بېشىغا بەختسىزلىك چۈشكەندە، ھەتتا ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن كىشىلىرىنىڭ كۆڭلىدىمۇ كۆپىنچە ھاللاردا مۇشۇنداق ھېسسىيات پەيدا بولىدۇ. گەرچە ئۇلار چىن دىلىدىن ھېسداشلىق قىلىپ قاتتىق ئېچىنسىمۇ، مۇنداق ھېسسىياتتىن ھېچقايسىسى خالىي بولالمايدۇ.

لېكىن، تاشقىرىدا كىمدۇر بىرسى دوختۇرخانىنىڭ گېپىنى قىلىپ قالدى، يەنە بىرسى بۇ يەردە خەقلەرنى بۇنداق ئاۋارە قىلمىسا بوپتىكەن، دېدى.

— ئۆلگىلىمۇ بولمامدىكەن بۇ يەردە! — ۋارقىرىدى كاتېرىنا ئىۋانوۋنا ئۇ ئىشىك ئالدىدىكىلەرگە تازا بىر ھەيۋە قىلماقچى بولۇپ، ئىشىك ئاچقىلى ئىشىك ئالدىغا بېرىۋىدى، لېكىن ئىشىك ئالدىدا لىپپېۋېخزېل خانىم بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. ئۇ يۈز بەرگەن بەختسىزلىكتىن يېڭىلا خەۋەر تېپىپ، بۇيرۇقۇۋازلىق قىلغىلى يېتىپ كەلگەنىدى. ئۇ ئىنتايىن ئۇرۇشقاق ۋە شاللاق نېمىس ئايال ئىدى.

— ۋاي، خۇدايىم! — دېدى ئۇ ئالقىنىغا ئۇرۇپ، — سىزنىڭ ئېرىڭىزنى مەست ئاتلار دەسسىگەن. ئۇنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىش كېرەك! مەن دېگەن غوجايىن!

— ئامالىيە لىۋدۋىگوۋنا[①]! ئويلاپ بېقىڭ، بۇ نېمە دېگىنىڭىز، — دېدى كاتېرىنا ئىۋانوۋنا تەكەببۇرلۇق بىلەن (ئۇ ئۆينىڭ غوجايىنى بىلەن گەپلەشكەن چاغلىرىدا «ئۆز سالاھىيىتىنى ئېسىدە تۇتسۇن» دەپ، بۇرۇن ــ بۇرۇندىنلا تەكەببۇرانە تەلەپپۇزدا گەپ قىلاتتى. ئۇ ئەنە شۇ ئادىتىنى ھازىرمۇ تاشلىمىغانىدى). ئامالىيە لىۋدۋىگوۋنا...

— مەن سىزگە بىر مەرتە دېگەن، مېنى ئامالىيە لىۋدۋىگوۋنا دېمەڭ دەپ. مەن ئامال ئىۋان!

— سىز ئامال ئىۋان ئەمەس. ئامالىيە لىۋدۋىگوۋنا. مەن سىزگە جانابىي لېبېزياتنىكوفتەك پەسكەشلىك بىلەن خۇشامەت قىلىشنى خالىمايمەن، شۇ تاپتا ئۇ ئىشىكنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋېلىپ كۈلۈۋاتىدۇ (دېگەندەك ئىشىكنىڭ كەينىدىن بىرسىنىڭ كۈلكىسى ۋە «ئۇلار جاڭجاللىشىپ قالدى!» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى)، ئامالىيە لىۋدۋىگوۋنا دەپ چاقىرىشىمنىڭ سىزگە نېمىشقا ياقمايدىغانلىقىنى زادىلا چۈشەنمىسەممۇ، سىزنى ئەبەدىي شۇنداق دەپ چاقىرىۋېرىمەن. سېمىيون زاخاروۋىچقا نېمە بولغانلىقىنى مانا ئۆزىڭىز كۆرۈپ تۇرۇۋېسىز. ئۇ سەكراتتا ياتىدۇ. مېنىڭ ئىلتىماسىم، مۇنۇ ئىشىكنى يېپىپ، ھەرقانداق ئادەمنى كىرگۈزمەڭ. ھېچبولمىغاندا ئۇنى تىنچراق ئۆلگىلى قويۇڭلار! ئۇنداق قىلمىسىڭىز مەن سىزگە راست گەپنى دەپ قويay، سىزنىڭ قىلىقلىرىڭىزدىن ئۆلكە باشلىقى ئالىيلىرى ئەتىلا خەۋەر تاپىدۇ. كىنەز مېنى قىز چېغىمدىن تارتىپلا بىلىدۇ، ئۇ سېمىيون زاخاروۋىچنىمۇ ئوبدان تونۇيدۇ، ئۇنىڭغا نۇرغۇن قېتىم ياردەم قىلغان. ھەممىگە مەلۇم، سېمىيون زاخاروۋىچنىڭ دوستلىرى ۋە ھامىيلىرى ناھايىتى نۇرغۇن ئىدى، ئۇ پەقەت ئالىيجاناب غۇرۇر

---

① مارمېلادوفنىڭ ئائىلىسى تۇرۇۋاتقان ئۆينىڭ غوجايىنى. ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى «ئامالىيە ئىۋانوۋنا لىپپېۋېخزېل». لېكىن، مارمېلادوف ئۇنى «ئامالىيە فېدوروۋنا» دەپ ئاتايدۇ. مارمېلادوۋا بولسا «ئامالىيە لىۋدۋىگوۋنا» دەپ ئاتايدۇ.

سەۋەبىدىن ئۇلار بىلەن باردى ـ كەلدى قىلمايدىغان بولۇپ قالغان. چۈنكى، ئۇ بەختكە قارشى مۇشۇنداق بىر ئاجىزلىقنىڭ بارلىقىنى بىلەتتى. ھازىر (ئۇ راسكولنىكوفنى ئىشارەتلەپ كۆرسەتتى)، بىر سېخىي يىگىت ياردەم بېرىۋاتىدۇ، بۇ يىگىت ناھايىتى باي، مۇناسىۋەت دائىرىسىمۇ ناھايىتى كەڭ. سېميون زاخاروۋىچ ئۇنى كىچىكىدىن تارتىپ تونۇيتتى، خاتىرجەم بولۇڭ ئامالىيە ليۇدۋىگوۋنا...

ئۇ بۇ گەپلەرنى ئىنتايىن تېز دېدى، يەنە كېلىپ سۆزىنىڭ سۈرئىتىنى بارغانسېرى تېزلەتتى. لېكىن، ئۇ ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي گەپ قىلىۋاتقىنىدا يۆتەل تۇتۇپ كېتىپ، سۆزىنى ئۈزۈۋەتتى. شۇ ئارىلىقتا سەكراتتا ياتقان مارمېلادوف كۆزىنى ئېچىپ ئىڭراشقا باشلىدى، ئۇ شۇ ئانلا مارمېلادوفنىڭ يېنىغا باردى. مارمېلادوف كۆزىنى ئېچىپ، ھېچنېمىنى پەرق ئېتەلمەي يېنىدا تۇرغان راسكولنىكوفقا تىكىلدى. ئۇ چوڭقۇر، ئاستا ۋە قىينىلىپ نەپەس ئالاتتى، جاۋغىيىدىن قان سىرغىپ تۇراتتى. پېشانىسى بولسا تەرلەپ كەتكەنىدى. ئۇ راسكولنىكوفنى تونۇيالماي، ئارامسىزلىنىپ كۆز قارچۇقىنى توختىماي پىلدىرلاتتى. كاتېرىنا ئىۋانوۋنا ئۇنىڭغا جىددىي، لېكىن مەيۇس نەزەردە قاراپ تۇراتتى. كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش ئاقاتتى.

— يا پەرۋەردىگار! ئۇنىڭ كۆكرىكى پۈتۈنلەي ئېزىلىپ كېتىپتۇ! شۇنچە نۇرغۇن قان ئېقىپتۇ! شۇنچە نۇرغۇن! — دېدى ئۇ ئۈمىدسىزلىنىپ، — ئۇنىڭ تاش كىيىملىرىنى يەشتۈرۈۋېتەيلى. ئازراق ئۆرۈلگىن، سېمیون زاخاروۋىچ، ئەگەر ئۆرۈلەلىسەڭ، — دېدى ئۇ ئېرىگە ۋارقىراپ.

مارمېلادوف ئۇنى تونۇدى.

— پوپنى چاقىرىڭلار! — دېدى ئۇ بوغۇق ئاۋاز بىلەن.

كاتېرىنا ئىۋانوۋنا دېرىزە ئالدىغا بېرىپ پېشانىسىنى رامغا تىرىدى ـ دە:

— ئاھ، شور پېشانە! — دېدى پەرياد ئۇرۇپ.

— پوپنى چاقىرىڭلار، — تەكرارلىرى سەكراتتا ياتقان مارمېلادوف بىردەم جىم ياتقاندىن كېيىن.

— چاقىرغىلى كەتتى، — دېدى كاتېرىنا ئىۋانوۋنا ئۇنىڭغا قاراپ؛ مارمېلادوف ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ جىم بولۇپ قالدى. ئۇ قورقۇش ۋە غەمكىنلىك چىقىپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن كاتېرىنا ئىۋانوۋنانى ئىزدەيتتى؛ كاتېرىنا ئىۋانوۋنا يېنىپ كېلىپ، ئۇنىڭ باش تەرىپىگە ئۆتتى. مارمېلادوف بىرئاز تىنچلانغاندەك قىلدى. لېكىن، بۇ ئانچە ئۇزۇنغا بارمىدى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭ كۆزلىرى بۇلۇڭدا خۇددى تۇتقاق كېسىلى تۇتۇپ قالغاندەك تىترەپ، بالىلارغا خاس ھەيرانلىق بىلەن ئۆزىگە قاراپ تۇرغان ئامراق كەنجى قىزى لىدوچكاغا تىكىلدى.

— ئا... ئا... — كۆرسەتتى ئۇ ئارامسىزلىنىپ. ئۇ نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى بولاتتى.

— يەنە نېمە دەيسەن؟ — ۋارقىرىدى كاتېرىنا ئىۋانوۋنا.

— يالاڭ ئاياغ! — پىچىرلىدى ئۇ تەلۋىلەرنىڭكىگە ئوخشاپ قالغان كۆزلىرى بىلەن قىزىنىڭ يالاڭ ئاياغ پۇتىغا تىكىلىپ.

— بولدى گەپ قىلما! — غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى كاتېرىنا ئىۋانوۋنا، — ئۇنىڭ نېمىشقا يالاڭ ئاياغ يۈرگەنلىكىنى ئۆزۈڭ بىلىسەن!

— خۇداغا شۈكۈر، دوختۇر كەلدى! — ۋارقىرىدى راسكولنىكوف خۇشال بولۇپ.

دوختۇر كىردى، ئۇ رەتلىك كىيىنگەن چوڭ ياشلىق نېمىس ئىدى. ئۇ ئۆيگە كىرىپلا شۈبھە بىلەن ئەتراپقا قارىدى. كېسەلنىڭ بېشىغا بېرىپ، تومۇرىنى تۇتتى، بېشىنى ئىنچىكىلەپ تەكشۈردى، ئاندىن كاتېرىنا ئىۋانوۋنانى ياردەمگە چاقىرىپ، كېسەلنىڭ قان سىڭىپ كەتكەن كۆڭلىكىنى يېشىپ، كۆكرىكىنى ئاچتى. ئۇنىڭ پۈتۈن كۆكرىكى دەسسىلىپ، گۆش — تېرىلىرى تىتىلىپ كەتكەن، ئوڭ تەرىپىدە بىرنەچچە تال قوۋۇرغىسى سۇنغان، سول تەرىپىدە — دەل يۈرەكنىڭ ئۈستىدە

خەتەرلىك سارغۇچ قارا داغ پەيدا بولغانىدى. بۇ قاتتىق دەسسىگەن ئات تۇيىقىنىڭ ئىزى ئىدى. دوختۇر قوشۇمىسىنى تۇردى. ساقچى ئۇنىڭغا بۇ ياردارنىڭ هارۋا چاقىغا ئىلىنىپ قېلىپ، چاق بىلەن تەڭ پىرقىراپ، ئوتتۇز قەدەمچە يەرگە سۆرۈلۈپ بارغانلىقىنى دەپ بەردى.

— هەيرانمەن، قانداق بولۇپ كۆزىنى ئاچتىكىنە ئۇ، — دېدى دوختۇر راسكولنىكوفقا پىچىرلاپ.

— سىزنىڭچە قانداقراق؟ — سورىدى ئۇ.

— هازىرلا ئۆلىدۇ.

— هېچقانداق ئۈمىد يوقمۇ؟

— قىلچە ئۈمىد يوق. بىردەمگىچە نەپىسى توختايدۇ... ئۇنىڭ ئۇستىگە بېشىدىكى جاراھەت بەك خەتەرلىك... هىم. قان ئالساقمىغۇ بولىدۇ... لېكىن... بۇنىڭ پايدىسى يوق. ئۇ بەش ياكى ئون مىنۇتتىن كېيىن جەزمەن ئۆلىدۇ.

— ئۇنداقتا ئەڭ ياخشىسى قان ئېلىپ بېقىڭ.

— بولىدۇ... لېكىن سىزگە ئېيتىپ قوياي، بۇنىڭ هېچقانداق پايدىسى يوق.

شۇ ئارىلىقتا يەنە ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. دەھلىزدىكىلەر ئىككى تەرەپكە سۈرۈلدى. پوپ — مۇقەددەس تائام[①] كۆتۈرگەن ئاپپاق چاچلىق ۋېجىككىنە بىر بوۋاي ئىشىك ئالدىدا پەيدا بولدى. ساقچى ئۇيگە كىرمەستىلا ئۇنىڭ ئالدىغا كىرىپ چىققانىدى. دوختۇر شۇ ئان ئورنىنى ئۇنىڭغا بوشىتىپ بەردى، ئۇلار بىر - بىرىگە مەنىلىك قارىشىۋالدى. راسكولنىكوف دوختۇرنىڭ يەنە بىردەم تۇرۇپ تۇرۇشنى ئىلتىماس قىلدى، ئۇ مۇرىسىنى قىسىپ قويۇپ قېپقالدى.

هەممەيلەن بىرنەچچە قەدەم كەينىگە چېكىندى. تۇۋا - ئىستىغپار ئانچە ئۇزۇنغا سوزۇلمىدى. سەكراتتا ياتقان

① بۇ يەردە پېچىنە بىلەن ۋىنو كۆزدە تۇتۇلىدۇ. خىرىستىيان مۇرىتلىرى بۇلارنى هەزرىتى ئەيسانىڭ تېنى بىلەن قېنىنىڭ سىمۋولى دەپ ئىشىنىدۇ.

مارمېلادوف نېمە ئىشلارنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى ئانچە چۈشىنىپمۇ كەتمىدى. ئۇ پەقەت ئۇزۇك ـ ئۇزۇك، ئۇققىلى بولمايدىغان تاۋۇشلارنى چىقىرىپ ياتاتتى. كاتېرىنا ئىۋانوۋنا لىدوچكانى قولىدىن تۇتۇپ، كىچىك ئوغلىنى ئورۇندۇقتىن چۈشۈرۈپ، ئوچاق تەرەپتىكى بۇلۇڭغا ئۆتۈپ تىزلاندى، باللارنى بولسا ئۆزىنىڭ ئالدىغا تىزلاندۇرۇپ ئولتۇرغۇزدى. قىزچاق غال ـ غال تىترەيتتى. يالاڭ يەك تىزلىنىپ ئولتۇرغان ئوغۇل بولسا، ئالدىرىماستىن كىچىككىنە قوللىرىنى كۆتۈرۈپ قائىدە بويىچە چوقۇندى، پېشانىسىنى پولغا تەگكۈزۈپ باش قويدى. ئوزايدىن بۇ ئۇنىڭغا قىزىق تۇيۇلۇۋاتقاندەك قىلاتتى. كاتېرىنا ئىۋانوۋنا لېۋىنى چىشلەپ كۆز ـ ياشلىرىنى ئاران ـ ئاران تۇتۇپ تۇراتتى. ئۇمۇ دۇئا ئوقۇپ ئىبادەت قىلىۋاتاتتى، بىرە ـ بىرە باللارنىڭ كۆڭلىكىنى تارتىپ تۈزەشتۈرۈپ قوياتتى، ئۇ ئورنىدىنمۇ تۇرماي، ئىبادىتىنىمۇ ئۈزۈپ قويماي كىيىم ئىشكاپىدىن رومالنى ئېلىپ، قىزىنىڭ ئوچۇق مۈرىسىگە تاشلاپ قويدى. شۇ ئارىلىقتا تاماشا كۆرگۈسى كېلىپ كەتكەنلەر ئىچكىرىكى ئۆينىڭ ئىشىكىنى يەنە ئاچتى، دەھلىزدە تاماشا كۆرۈپ تۇرغانلارمۇ بارغانسېرى كۆپەيدى. مۇشۇ پەلەمپەي بىلەن چۈشۈپ ـ چىقىدىغانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يىغىلدى. لېكىن، بوسۇغىدىن ئاتلاشقا ھېچكىم جۈرئەت قىلالمىدى. ھەممە يەرنى كىچىككىنە بىر تال شام يورۇتۇپ تۇراتتى.

شۇ ئارىدا، ئاچىسىنى چاقىرىپ كەلگىلى كەتكەن پولىنكا ئالدىراپ ـ تېنەپ دەھلىزدىكىلەرنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ ئۆيگە كىردى. ئۇ يۈگۈرۈپ كەلگەچكە ھاسىراپ كەتكەنىدى، ئۇ رومالىنى يېشىپ، كۆزلىرى بىلەن ئانىسىنى ئىزدەپ تاپتى ـ دە: «كېلىۋاتىدۇ ! كوچىدا ئۇچرىشىپ قالدۇق !» دېدى ئانىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئانىسى ئۇنىمۇ ئۆزىنىڭ يېنىغا تىزلاندۇرۇپ ئولتۇرغۇزدى. بىر قىز ئادەملەرنىڭ ئارىسىدىن قورقۇمسىراپ قىسىلىپ ئۆتۈپ، ئۈن ـ تىنسىز ئۆيگە كىردى. ئۇ ئۆيدىكى

كەمبەغەلچىلىك، ئۇزۇكچىلىك، ئۆلۈم ۋە ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئۇنىڭ بىر دىنلا پەيدا بولۇشى ھەممىگە بەكمۇ غەلىتە تۇيۇلدى. ئۇنىڭ كېيىنكىلىرى بەكلا كونىراپ كەتكەن، باھاسى ئەرزان كىيىملەر ئىدى، لېكىن ئۇ شۇغۇللىنىۋاتقان ئالاھىدە كەسىپنىڭ تەلىپى ۋە قائىدە ـ يوسۇنى بويىچە، شەرمەندە مەقسىتىنى ئوچۇق بىلدۈرۈپ تۇرۇش ئۈچۈن ئەنە شۇنداق گۈلدەك ياسىنىۋالغانىدى. سونىيە دەھلىزدە، ئىشىك ئالدىدا توختاپ قالدى، بوسۇغىدىن ئاتلىمىدى. ئۇ ئەتراپىدىكى ھەممە نېمىگە پەرىشانلىق بىلەن قارايتتى. گويا ھېچنېمىنى ھېس قىلالمايۋاتقاندەك، ئۈچىسىدىكى تۆت قولدىن ئۆتكۈزۈپ سېتىۋېلىنغان، بۇ يەردە كىيىسە زادىلا قاملاشمايدىغان ئالا ـ بۇلىماچ يوپكىسىنى، يوپكىسىنىڭ كەينىدىكى ئادەمنىڭ كۆلگۈسى كەلگۈدەك تولىمۇ ئۇزۇن قۇيرۇقىنى①، پۈتۈن ئىشىكنى توسۇۋالغان ھەددىدىن زىيادە كەڭ ئېتەك يوپكىسىنى، ئوچۇق رەڭلىك بەتىنكىسىنى، ئاخشاملىرى لازىم بولمىسىمۇ قولىدا تۇتۇپ تۇرغان كىچىككىنە كۈنلۈكىنى، چوققىسىغا قىپقىزىل پەي قىستۇرۇلغان يۇمىلاق چىغ شىلەپىسىنى ئۇنتۇپ قالغاندەكلا قىلاتتى. باللارچە قىڭغىر كىيىۋېلىنغان چىغ شىلەپە ئاستىدا، ئۇنىڭ تامدەك تاترىپ كەتكەن، قورقۇش ئالامىتى چىقىپ تۇرغان كىچىككىنە يۈزى كۆرۈنۈپ تۇراتتى، ئاغزى ئېچىلىپ قالغان، كۆزلىرى قورقىنىدىن چەكچىيىپ كەتكەنىدى. ئۇن سەككىز ياشلاردىكى سونىيە جۇغى كىچىك، سېرىق چاچلىق، كۆك كۆزلۈك، خېلىلا چىرايلىق قىز ئىدى. ئۇ كارىۋاتقا، پوپقا كۆزىنى ئۇزمەي قاراپ تۇراتتى، يۈگۈرۈپ كەلگەچكە ھاسىراپ كەتكەنىدى. ئادەملەرنىڭ پىچىرلىشىشلىرىنى ۋە بەزى گەپلىرىنى ئاڭلاپ قالدى بولغاي، ئۇ بېشىنى سىلىپ ئالدىغا بىر چامداپ بوسۇغىدىن ئۆتۈپ ئۆيگە كىردى ـ دە، يەنىلا ئىشىكنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ قالدى.

---

① مۇنداق پاسوندىكى كىيىملەر 1930 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدىلا مودىدىن قالغان، بۇ كىتاب 1960 ـ يىللاردا يېزىلغان، شۇڭا ئۇ چاغدا بەكلا كۈلكىلىك كۆرۈنىدۇ.

تـوۋا ـ ئـىسـتـىـغـپار ۋە مـۇقـەددەس تائام مـۇراسـىملـىـرى[①] ئاياغلاشتى. كاتېرىنا ئىۋانوۋنا ئېرىنىڭ يېنىغا باردى. پوپ بىـر چەتكـە ئـۆتتى، كـېـتىش ئـالـدىدا ئـۇ كـاتـېـرىـنـا ئـىۋانـوۋنـاغـا خـوشلىشـىش ۋە تەسەلـلى يۈزىسـىدىن بىـرنەچچـە ئـېغىـز گـەپ قىلدى.

— ئەمدى مەن بۇ باللار بىلەن قانداق قىلىمەن؟ — دېدى ئۇ باللارنى كۆرسىتىپ، غەزەپ بىلەن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ.

— ئىگىمىز رەھىمدىل، ئەڭ ئۇلـۇغ ئىگـىمىز ئۆزى مـەدەت قىلغاي! — دېدى پوپ.

— ھىم! رەھىمدىل بولغىنى بىلەن ئۇنىڭ بىزگە قارىغۇدەك چولىسى يوق.

— بۇنداق دېسىڭىز چوڭ گۇناھ بولىدۇ، خانىم، — دېدى پوپ بېشىنى چايقاپ.

— مانـا بۇ چوڭ گۇنـاھ ئەمەسمـۇ؟ — ۋارقىرىدى كـاتېرىـنـا ئىۋانوۋنا سەكراتتا ياتقان ئېرىنى كۆرسىتىپ.

— ئۆزىمۇ بىلمەي مۇشۇ بەختسىزلىككە سەۋەبچـى بولغانـلار بەلكىم سىزنى رازى قىلىشار، ھېچبولمىغاندا كىرىم جەھەتتىكى زىيانلىرىڭىزنى...

— مېـنىـڭ گـېـپىمنـى چۈشەنمـىدىڭـىـز! — غەزەپ بىـلـەن ۋارقىـرىدى كاتېرىنا ئىۋانوۋنا قـولىنى شـىلتـىـپ، — نېمـىـدەپ زىيانلىرىمىزنى تۆلەپ بەرگۈدەك؟ ئۇ ئۆزى مەست بولۇپ ئاتنىـڭ ئاياغ ئاستىغا يىقىلغان تۇرسا! ئاندىن نـەدىكى كـىـرىمكەن ئـۇ؟ بـىـزگـە ئۇ ھېچقانداق كـىـرىم قـىلـىپ باقـمىغان، بـىزگـە پەقـەت زۇلۇم سېلـىپلا كەلـگەن. بۇ ھاراقكەش ھەمـمـە بىساتـىمىـزنـى ھاراققا تېگىشىپ تۈگەتتى! نەرسە ـ كېرەكلىرىمىزنى ئوغرىلاپ چىقىپ، قاۋاقخانـىلارغا ئاپىرىپ بەردى. بـالـىلارنىـڭ ئۆمرىـنـى،

① مۇنداق مۇراسىملاردا خىرىستىيان دىنىنىڭ قائىدىسى بويىچە پوپ ئەيسا پەيـغەمبەرنىڭ «قازا قىلغانلىقى»نى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن پېچىنە بىلەن ۋىنو تارقىتىپ بېرىدۇ.

مېنىڭ ئۆمرۈمنى قاۋاقخانىلاردا ۋەيران قىلىپ تۈگەتتى! خۇداغا شۈكۈر، مانا ئەمدى ئۆلگىلىۋاتىمەن! زىيىنىمىز ئەمدى بىر ئاز ئازىيىدۇ!

— ئۇ سەكراتتا ياتىدۇ، ئۇنى كەچۈرۈۋېتىڭ، خانىم، بۇنداق گەپلەرنى دېسىڭىز گۇناھ بولىدۇ، ئېغىر گۇناھ بولىدۇ.

كاتېرىنا ئىۋانوۋنا بايا كېسەلنىڭ ئەتراپىدا پايپېتەك بولغان، ئۇنىڭغا سۇ بەرگەن، بېشىدىكى تەر ۋە قاننى سۈرتكەن، ياستۇقىنى ئوڭشاپ قويغان، ئارىلاپ - ئارىلاپ پوپقا بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلغانىدى. مانا ئەمدى ئۇ كۈتمىگەندە تەلۋىلىكى تۇتقاندەك پوپقا قايناپلا كەتتى.

— ئاھ، ھەزرىتىم! دېگەنلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى قۇرۇق گەپ، قۇرۇق گەپ! كەچۈرۈڭ دەيسىز! بۈگۈن ئەگەر پەيتونىنىڭ تېگىدە قالمىغان بولسا، ئۆيگە غەرق مەست كېلەتتى. ئۇ ھازىر بىرلا كۆڭلەك بىلەن قالدى. شۇ كۆڭلىكىمۇ كىرگە پېتىپ، يىرتىلىپ جۇل - جۇل بولۇپ كەتتى. ئۇغۇ كېلىپلا ئۇلۇكتەك ئۇخلاپ كېتەتتى. مەنچۇ، تاكى تاڭ ئاتقۇچە ئۇنىڭ كىر - قېتىنى، بالىلارنىڭ كىيىملىرىنى يۇيۇپ چىقاتتىم، دېرىزىنىڭ تېشىغا يېيىپ قۇرۇتاتتىم، تاڭ ئاتقاندا، يىرتىقىنى يامىغىلى ئولتۇراتتىم. مەن پۈتۈن كېچىنى مانا شۇنداق ئۆتكۈزەتتىم!... شۇنداق تۇرسا، يەنە كەچۈرگۈدەك نېمە ئىش بار؟ مەن ئۇنى ئاللىبۇرۇنلا كەچۈرۈۋەتكەن!

ئادەمنىڭ قورققۇسى كەلگۈدەك قاتتىق يۆتەل ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى. ئۇ قول ياغلىقىغا تۈكۈردى، ئاندىن قول ياغلىقىنى پوپقا كۆرسەتتى. يەنە بىر قولى بىلەن ئاغرىپ كەتكەن كۆكرىكىنى چاڭگاللىۋالدى. قول ياغلىق قاپقارا قان بولۇپ كەتكەنىدى.

پوپ بېشىنى تۆۋەن سالدى ۋە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى.

مارمېلادوفنىڭ نەپىسى ئۈزۈلەي - ئۈزۈلەيلا دەپ قالغانىدى. ئۇ كۆزلىرىنى بېشىدا ئېگىشىپ تۇرغان كاتېرىنا ئىۋانوۋنانىڭ

يۈزىدىن زادىلا ئۈزمىدى. ئۇ كاتىرىنا ئىۋانوۋناغا نىمىلەرنىدۇر دېمەكچى بولاتتى؛ ئاخىر گەپ قىلماقچى بولۇپ، ناھايىتى تەستە تىللىرىنى مىدىرلىتىپ، نىمىلەرنىدۇر دېدى، شۇنداقتىمۇ كاتىرىنا ئىۋانوۋنا ئۇنىڭ ئۆزىدىن ئەپۇ سورىماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ، شۇ ئانلا ئۇنىڭغا بۇيرۇق ئاھاڭىدا ۋارقىرىدى:

— ئاغزىڭنى يۇم! ھاجىتى يوق! نېمە دېمەكچى بولۇۋاتقانلىقىڭنى بىلىمەن! ... — شۇنىڭ بىلەن كېسەل ئاغزىنى يۇمدى، لېكىن دەل شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ ئالاق - جالاق قىلىپ تۇرغان كۆزلىرى ئىشىك ئالدىغا چۈشتى، ئۇ سونيەنى كۆرۈپ قالدى.

شۇ چاغقىچە ئۇ قىزىغا دىققەت قىلمىغانىدى: سونيە بۇلۇڭدا قاراڭغۇراق يەردە تۇرغانىدى.

— ئۇ كىم؟ ئۇ كىم؟ — دېدى ئۇ كۈتمىگەندە قاتتىق ھاياجانلىنىپ نەپەسى ئۈزۈلگەن بىر ھالەتتە خىرقىراپ. ئۇ تەشۋىشلىك نەزەر بىلەن قىزى تۇرغان ئىشىك تەرەپكە تىكىلىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئورنىدىن تۇرۇشقا تىرىشتى.

— جىم يات! جىم يات دەيمەن! — ۋارقىرىدى كاتىرىنا ئىۋانوۋنا.

ئۇ ئاخىر غەيرىي تەبىئىي بىر كۈچ بىلەن بىلەكلىرىگە تايىنىپ گەۋدىسىنى كۆتۈردى. خۇددى قىزىنى تونۇيالمايۋاتقاندەك كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، خېلى ئۇزۇنغىچە ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ تۇردى. ئۇ قىزىنى مۇشۇنداق كىيىم بىلەن بىرىنچى قېتىم كۆرۈشى ئىدى. كۈتمىگەندە ئۇ قىزىنى تونۇپ قالدى. نۇرغۇن ھاقارەتكە ئۇچراپ يۈرىكى ئېزىلىپ كەتكەن سونيە ئۆزىنىڭ كىيىنىشىدىن ئۇيىلىپ يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولۇپ، سەكراتتا ياتقان دادىسى بىلەن ۋىدالىشىش نۆۋىتىنى ئىنتائەتمەنلىك بىلەن كۈتۈپ تۇراتتى. مارمېلادوفنىڭ چىرايىدا

قاتتىق ئازابلىنىش ئالامىتى كۆرۈندى.

— سونيە ! قىزىم ! مېنى كەچۈر ! — ۋارقىرىدى ئۇ، ئارقىدىن سونيەگە قولىنى سوزماقچى بولۇۋىدى، بىردىنلا تايانچىنى يوقىتىپ، دىۋاندىن پولغا دۈم چۈشتى، كىشىلەر يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنى يۆلەشتۈرۈپ دىۋانغا ئالدى. لېكىن، بۇ چاغدا ئۇنىڭ نەپەسى ئۈزۈلەيلا دەپ قالغانىدى. سونيە بوشقىنا ۋارقىرىۋەتتى ـ دە، دادىسىنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ دادىسىنى قۇچاقلىدى. شۇ قۇچاقلىغىنىچە مىدىر ـ سىدىر قىلمىدى. مارمېلادوف ئۇنىڭ قۇچىقىدا جان ئۈزدى.

— ئۇ مۇرادىغا يەتتى، — ۋارقىرىدى كاتېرىنا ئىۋانوۋنا ئۇنىڭ جەسىتىنى كۆرۈپ، — ئەمدى قانداق قىلىمەن؟ نېمە بىلەن ئۇنى يەرلىككە قويىمەن؟ بۇلارنى، مانا بۇلارنى ئەمدى نېمە بىلەن باقىمەن؟

راسكولنىكوف كاتېرىنا ئىۋانوۋنانىڭ ئالدىغا كەلدى.

— كاتېرىنا ئىۋانوۋنا، — دېدى ئۇ، — ئۆتكەن ھەپتە مەرھۇم ئېرىڭىز ماڭا پۈتۈن كەچۈرمىشىنى، ھازىرقى پۈتكۈل ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەرگەن... ماڭا ئىشىنىڭ، ئۇ سىز توغرۇلۇق سۆزلىگىنىدە، قىزغىنلىق ۋە ھۆرمەت ـ ئېھتىرام بىلەن سۆزلىگەن. شۇ كۈنى ئاخشىمى مەن ئۇنىڭ سىلەرگە نەقەدەر سادىق ئىكەنلىكىنى، بولۇپمۇ سىزنى نەقەدەر ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ۋە ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىنى چۈشەندىم، كاتېرىنا ئىۋانوۋنا، ئۇ بەتبەخت بىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالغان بولسىمۇ، شۇ ئاخشامدىن تارتىپ، ئۇنىڭ بىلەن دوست بولۇپ قالدىم، — ئەمدى ماڭا ئىجازەت بەرسىڭىز، مەرھۇم دوستۇمنىڭ ئالدىدا ئازراققىنا بۇرادەرلىك قەرزىمنى ئادا قىلسام... مانا بۇ... يىگىرمە رۇبلى... شۇنداقتەك قىلىۋاتقان — ئەگەر ئۇ بىرەر كەم ـ كوتىڭىزغا ياراپ قالسا، ئۇ ھالدا... مەن ... قىسقىسى، مەن يەنە كېلىمەن... چوقۇم كېلىمەن... ئەتىلا كېلىشىم مۇمكىن... خەير ـ خوش !

ئۇ ئىتتىك ـ ئىتتىك چامداپ ئۆيدىن چىقىپ، ئادەملەرنىڭ ئارىسىدىن قىستىلىپ ئۆتۈپ پەلەمپەيگە بېرىۋالدى، لېكىن ئۇ كۈتمىگەندە ئادەملەر ئارىسىدا نىكودىم فومىچنى كۆرۈپ قالدى. نىكودىم فومىچ بەختسىزلىك يۈز بەرگەنلىكىنى ئاڭلاپ، بىر ياقلىق قىلغىلى شەخسەن ئۆزى كەلگەنىدى. ساقچى ئىدارىسىدە يۈز بەرگەن ۋەقەدىن كېيىن، ئۇلار تېخى كۆرۈشمىگەنىدى، شۇنداقتىمۇ نىكودىم فومىچ ئۇنى بىر قاراپلا تونۇۋالدى.

— ھە، سىزمىدىڭىز؟ — سورىدى ئۇ راسكولنىكوفتىن.

— ئۇ ئۆلدى، — جاۋاب بەردى راسكولنىكوف، — دوختۇر كەلدى، پوپمۇ كەلدى. ھەممە ئىش ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئۇ بىچارە ئايالنى ئانچە بەك ئاۋارە قىلىپ كەتمەڭ، ئۇنىڭسىزمۇ ئۇنىڭ ئۆپكىسىنىڭ يېرىمى قالغان. ئەگەر مۇمكىن بولسا، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ قويارسىز... بىلىمەن، سىز ئاق كۆڭۈل ئادەم... — ئۇ نىكودىم فومىچنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ، سوغۇققىنا كۈلۈمسىرەپ قوشۇپ قويدى.

— لېكىن، ئۈستىبېشىڭىز قانغا بويىلىپ كېتىپتۇغۇ، — دېدى نىكودىم فومىچ چىراغ يورۇقىدا راسكولنىكوفنىڭ جىلىتكىسىنىڭ بىرنەچچە يېرىدىكى قاننى كۆرۈپ.

— شۇنداق، قانغا بويىلىپ كەتتى، ئۈستىبېشىمنىڭ ھەممىدە يېرى قان، — دېدى راسكولنىكوف قانداقتۇر باشقىچە بىر قىياپەتتە، ئارقىدىن كۈلۈپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ پەلەمپەي بىلەن پەسكە چۈشۈشكە باشلىدى.

ئۇ پەلەمپەيدىن ئاستا، ھولۇقماي چۈشتى، قىزىتمىسى ئۆرلەپ تۇرسىمۇ، ئۇنى ئۆزى سەزمەيتتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى بىردىنلا پەيدا بولغان، كۆتۈرەڭگۈ ۋە قۇدرەتلىك ھاياتمى كۈچكە ئىگە، ئۆزى ھېچقاچان ھېس قىلىپ باقمىغان يېڭى بىر تۇيغۇغا تولغانىدى. بۇ تۇيغۇ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان، لېكىن كۈتمىگەندە كەچۈرۈم قىلىنغانلىقى جاكارلانغان ئادەمنىڭ

تويغۇسىغا ئوخشىشى مۇمكىن.[1] پەلەمپەينىڭ يېرىمىغا كەلگەندە، ئۆيگە قايتقان پوپ ئۇنىڭغا يېتىشىۋالدى. راسكولنىكوف ئۇنىڭغا ئۈن - تىنسىز تەزىم قىلىپ، ئۇنى ئالدىغا ئۆتكۈزۈۋەتتى، لېكىن ئۇ پەلەمپەيدىن ئەمدىلا چۈشۈپ بولاي دېگەندە، ئارقا تەرەپتىن ئالدىراپ چۈشۈپ كېلىۋاتقان بىرسىنىڭ ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ قالدى. كىمدۇر بىرسى ئۇنى قوغلاپ كېلىۋاتاتتى. بۇ پولىنكا ئىدى؛ ئۇ پەلەمپەيدىن چۈشكەچ: «ماڭا قاراڭ ! ماڭا قاراڭ !» دەپ ۋارقىرىدى.

راسكولنىكوف بۇرىلىپ ئۇنىڭغا قارىدى. قىز پەلەمپەينىڭ ئاخىرقى باسقۇچلىرىدىن ئاتلاپ - ئاتلاپ چۈشۈپ، ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى - دە، ئۇنىڭدىن بىر باسقۇچ يۇقىرىدا توختىدى، هويلىغا تەرەپتىن خىرە - شىرە يورۇق چۈشۈپ تۇراتتى. راسكولنىكوف ئۆزىگە باللارچە كۈلۈپ قاراپ تۇرغان قىزنىڭ ئورۇق، لېكىن يېقىملىق چىرايىنى ئېنىق كۆردى. قارىغاندا ئۇ قانداقتۇر بىر تاپشۇرۇقنى ئادا قىلغىلى يۈگۈرۈپ كەلگەندەك، بۇ تاپشۇرۇق ئۇنى بەكمۇ مەمنۇن قىلىۋەتكەندەك كۆرۈنەتتى.

— ماڭا قاراڭ، سىزنىڭ ئىسمىڭىز نېمىدى؟... سىز نەدە تۇرۇۋاتىسىز؟ — سورىدى ئۇ هاسىراپ تۇرۇپ.

راسكولنىكوف ئىككى قولىنى ئۇنىڭ مۈرىلىرىگە قويۇپ، قاتتىق سۆيۈنۈش ئىچىدە ئۇنىڭغا قاراپ قالدى. ئۇ قىزغا قاراپ تويماي ئۇنىڭدىن كۆزلىرىنى ئالالمىدى، نېمىشقا شۇنداقلىقىنى ئۇ قىزمۇ بىلمەيتتى.

— سىزنى كىم ئەۋەتتى؟

— سونيە ئاچام ئەۋەتتى، — جاۋاب بەردى قىزچاق تېخىمۇ

---

[1] دوستويېۋسكىي بۇ يەردە ئۆز تەسىراتىنى، شۇنداقلا پېتىراشېۋسكىي گۇرۇپپىسىنىڭ دېلوسى سەۋەبىدىن كېسىلىپ كەتكەن يولداشلىرىنىڭ تەسىراتىنى ئەسلەيدۇ. 1849 - يىلى 12 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئۇلار پېتېربۇرگتىكى سېمىيونوف مەشىق مەيدانىدا ئۆلۈم جازاسىغا هۆكۈم قىلىنغان. كۈتمىگەندە جازا ئىجرا قىلىنىش ئالدىدا ئۆلۈم جازاسى ئېغىر ئەمگەككە سېلىش جازاسىغا ئۆزگەرتىلگەن.

خۇشال كۆلۈپ.

— ئۆزۈممۇ سىزنى سونيە ئاچىسى ئەۋەتتىمىكىن، دەپ ئويلىغان.

— مېنى ئاناممۇ ئەۋەتتى. سونيە ئاچام مېنى ئەۋەتكىلىۋاتقاندا ئانامغۇ يېنىمغا كېلىپ: «تېزرەك يۈگۈرگىن، پولىنكا» دېدى.

— سىز سونيە ئاچىڭىزنى ياخشى كۆرەمسىز؟

— ئۇنى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرىمەن، — دېدى پولىنكا ئالاھىدە قەتئىيلىك بىلەن، ئۇنىڭ كۈلكە يېغىپ تۇرغان چىرايى بىردىنلا جىددىيلەشتى.

— سىز مېنىمۇ ياخشى كۆرەرسىزمۇ؟

قىزچاق جاۋاب بەرمىدى. راسكولنىكوف ئۇنىڭ يۈزىنى يېقىن ئەكېلىۋاتقانلىقىنى، ئۆزىنى سۆيۈپ قويىماقچى بولۇپ، تولغان لەۋلىرىنى دوردايتىۋالغانلىقىنى كۆردى. كۈتمىگەندە قىزچاق ئورۇقلاپ تاياقتەك بولۇپ قالغان بىلەكلىرى بىلەن راسكولنىكوفنى چىڭ قۇچاقلاپ، بېشىنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قويدى ـ دە، يۈزىنى ئۇنىڭغا بارغانسېرى قاتتىق يېقىپ، ئېسەدەپ يىغلاپ كەتتى.

— دادامغا ئىچىم ئاغرىيدۇ! — دېدى ئۇ بىردەمدىن كېيىن يىغىدىن ھۆل بولۇپ كەتكەن يۈزىنى كۆتۈرۈپ ۋە ياشلىرىنى سۈرتۈپ، — بېشىمىزغا بالا ـ قازا ئۈستىلەپ كېلىۋاتىدۇ، — كۈتمىگەندە قوشۇپ قويدى ئۇ «چوڭلار»غا ئوخشاش گەپ قىلماقچى بولغان بالىلاردەك ئۆزگىچە جىددىي تۈس بېرىپ.

— دادىڭىز سىزنى ياخشى كۆرەمتى؟

— ئۇ لىدوچكانى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرەتتى، — ئىنتايىن ئەستايىدىل جاۋاب بەردى ئۇ، خۇددى چوڭلار گەپ قىلغاندىكىدەك كۈلمەي، — ئۇ لىدوچكانى ياخشى كۆرەتتى، چۈنكى لىدوچكا تېخى كىچىك ھەم ئاغرىق، دادام ئۇنىڭغا دائىم ئوبدان يېمەكلىكلەرنى ئەكېلىپ بېرەتتى، بىزگە كىتاب ئوقۇشنى ئۆگىنەتتى، ماڭا گىراماتىكا بىلەن ئىلاھىيەتنى

ئۆگىنەتتى، — ئىپتىخارلىق بىلەن قوشۇپ قويدى ئۇ، — ئانام ھېچنېمە دېمەيتتى، لېكىن ئۇنىڭ مۇشۇنداق قىلىشىمىزنى ياقتۇرىدىغانلىقىنى بىلەتتۇق، داداممۇ بىلەتتى. ئانام ماڭا فىرانسۇز تىلىنى ئۆگەتمەكچىدى. نېمىشقا دېسىڭىز، مېنىڭ تەربىيەلىنىدىغان ۋاقتىم بولدى.

— سىز دۇئا ئوقۇشنى بىلەمسىز؟

— ھەئە، ئەلۋەتتە بىلىمىز! بىز دۇئا ئوقۇشنى بۇرۇنلا ئۆگەنگەن؛ مەن چوڭ بولۇپ قالدىم. شۇڭا ئۆزۈم ئىچىمدە دۇئا ئوقۇۋېرىمەن؛ كولىيە بىلەن لىدوچكا كىچىك بولغاچقا ئانام بىلەن بىللە ئاۋازىنى چىقىرىپ ئوقۇيدۇ. ئۇلار ئاۋۋال «بۇۋى مەريەم»نى ئوقۇيدۇ. ئاندىن يەنە: «يا پەرۋەردىگار، ئاچىمىز سونيەنى ئۆزۈڭ كەچۈرگەيسەن، ئۇنىڭغا ئۆزۈڭ مەدەتكار بولغايسەن!» دەپ ئوقۇيدۇ، ئاندىن يەنە: «يا پەرۋەردىگار، ئىككىنچى دادىمىزنى ئۆزۈڭ كەچۈرگەيسەن، ئۇنىڭغا ئۆزۈڭ مەدەتكار بولغايسەن!» دەپ ئوقۇيدۇ. نېمىشقا دېسىڭىز، بىرىنچى دادىمىز بۇرۇنلا ئۆلۈپ كېتىپتىكەن. ھازىرقىسى ئىككىنچى دادىمىز. لېكىن، بىز ئۇ دادىمىزغىمۇ ئاتاپ دۇئا قىلىمىز.

— پولېنكا، مېنىڭ ئىسمىم رودىئون، خالىغان بىر چاغدا ماڭىمۇ ئاتاپ دۇئا قىلىپ قويۇڭلار: «بەندەڭ رودىئونغىمۇ» دېسەڭلارلا بولىدۇ.

— بۈگۈندىن كېيىن پۈتۈن ئۆمرۈم بويى سىزگە دۇئا قىلىمەن، — دېدى قىزچاق قىزغىنلىق بىلەن. كۈتمىگەندە ئۇ كۈلۈپ كەتتى ـ دە، ئۆزىنى راسكولنىكوفقا ئېتىپ، ئۇنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى.

راسكولنىكوف ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسىنى، ئادرېسىنى دەپ بەردى، ئەتە چوقۇم كېلىمەن، دەپ ۋەدە بەردى. قىزچاق خۇش بولۇپ قايتىپ كەتتى. ئۇ كوچىغا چىققاندا سائەت ئوندىن ئاشقانىدى. بەش مىنۇتتىن كېيىن، ئۇ كۆۋرۈكتە بايا ھېلىقى خوتۇن ئۆزىنى دەرياغا تاشلىۋالغان يەرگە كەلدى.

— بولدى بەس، — دېدى ئۇ چىن ئېتىبار بىلەن قەتئىي قىلىپ، — يوقىلىش خىيالىي مەنزىرىلەر، يوقىلىش بىھۇدە ۋەھىمىلەر، يوقىلىش ئەرۋاھلار ! ... ياشاش كېرەك ! بايىلا باشتىن كەچۈرگەنلىرىمنىڭ ئۆزى ھاياتلىق ئەمەسمۇ؟ مېنىڭ ھاياتىم ھېلىقى موماي بىلەن بىللە ئاياغلاشقىنى يوق ! ئۇنىڭ جېنى جەننەتتە ئارام تاپسۇن — بەس، چوڭ ئانا، گۆرىڭىزدە تىنچ يېتىڭ ! ئەمدى، ھەممىگە ئەقىل ۋە يورۇقلۇق ھۆكۈمرانلىق قىلسۇن... ئەمدى كۆرىمىز ! ئەمدى بىر كۈچ سىنىشىپ كۆرىمىز ! — دېدى ئۇ ھەممىنى كۆزگە ئىلماي ۋاتقاندەك، قانداقتۇر بىر قارا كۈچكە گەپ قىلىۋاتقان ۋە ئۇنىڭغا جەڭ ئېلان قىلىۋاتقاندەك بىر ھالەتتە، — مەن بىر ئارشىن يەردە ياشاشقا قوشۇلغاندىمغۇ !

«... مەن ھازىر بەكلا ئاجىزلىشىپ كەتتىم. لېكىن... كېسىلىم ساقىيىپ قالغاندەكمۇ قىلىدۇ. بايا ئۆيدىن چىققان چېغىمدىلا، كېسىلىمنىڭ ساقىيىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلىۋىدىم. ھە راست، پوچىنكوفنىڭ بىناسى بۇ يەردىن ئىككى چامدامىلا نېرىدا. ئارىلىق ھەرقانچە يىراق بولغان تەقدىردىمۇ، رازۇمىخىننىڭ ئالدىغا بېرىشىم كېرەك. ئىككىمىز بەسلەشكەن ئىشتا ئۇ ئۇتۇۋالسۇن. كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالسۇن — ھېچقىسى يوق، ئۇ بىر خۇشال بولۇپ قالسۇن !... ماغدۇر كېرەك، ماغدۇر، ماغدۇر بولمىسا، ھېچقانداق ئىشنى قىلغىلى بولمايدۇ. لېكىن، ماغدۇرغا پەقەت ماغدۇر ئارقىلىقلا ئېرىشكىلى بولىدۇ — ئۇلار مانا شۇنى بىلمەيدۇ !» مەغرۇرلۇق ۋە ئىشەنچ بىلەن قوشۇپ قويدى ئۇ. ئاندىن قەدەملىرىنى ئاران ـ ئاران ئېلىپ كۆۋرۈكتىن چۈشتى. ئۇنىڭ قەلبىدىكى مەغرۇرلۇق ۋە ئىشەنچ مىنۇتسېرى كۈچەيمەكتە، ھەربىر مىنۇتتا ئالدىنقى مىنۇتتىكىگە زادىلا ئوخشىمايدىغان باشقىلا بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالماقتا ئىدى. لېكىن، ئۇنى مۇنچىۋالا ئۆزگەرتىۋەتكۇدەك زادى قانداق ئالاھىدە ئىش يۈز بەردى؟ بۇنى ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ئۇ خۇددى

چۈكۈپ كېتىۋېتىپ بىر تال پاخالنى تۇتۇۋالغان ئادەمدەك، بىردىنلا ئۆزىنىڭمۇ «ياشاپ قېلىشى مۇمكىنلىكىنى، ئۆزىنىڭ يەنە ياشىشى كېرەكلىكىنى، ئۆز ھاياتىنىڭ ھېلىقى قېرى خوتۇن بىلەن بىللە تۈگەپ كەتمىگەنلىكىنى» ھېس قىلىپ قالدى. ئېھتىمال ئۇ بەكمۇ ئالدىراپ شۇنداق خۇلاسىگە كېلىپ قالغاندۇ، لېكىن ئۇ بۇنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىدى.

«مەن ئۇنىڭدىن پەرۋەردىگارنىڭ بەندىسى رودىئونىمۇ تىلغا ئېلىپ قويۇشنى سورىدىم، — بۇ ئىش بىردىنلا ئۇنىڭ خىيالىغا كېلىپ قوشۇپ قويدى، — شۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ، بۇنى ھەر ئېھتىمالغا قارشى شۇنداق قىلدىم!» ئاندىن ئۆزىنىڭ بالىلارچە قىلىقىغا ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ روھىي ھالىتى ئىنتايىن ياخشى ئىدى.

ئۇ رازۇمىخىننى ئاسانلا تېپىۋالدى؛ پوچىنكوف بىناسىدىكىلەر بۇ يېڭى مېھماننى ئاللىبۇرۇنلا تونۇپ كېتىشكەنىدى. شوتىلا دەرۋازىۋەن ئۇنىڭغا شۇ ئانلا يول كۆرسىتىپ قويدى. پەلەمپەيىنىڭ يېرىمىغا چىقىشىغا، نۇرغۇن ئادەمنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلىرى ۋە قىزغىن پاراڭلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. پەلەمپەيگە قارايدىغان ئىشىك داغدام ئوچۇق ئىدى؛ ۋارقىراشقان ۋە بەس ـ مۇنازىرە قىلىشقان ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى. رازۇمىخىننىڭ خانىسى خېلىلا چوڭ ئىدى. ئۇنىڭغا ئون بەشچە ئادەم يىغىلغانىدى. راسكولنىكوف دەھلىزدىلا توختىدى. غوجايىن ئايالىنىڭ ئىككى ئايال خىزمەتكارى ئارىتام ئۆيدە ئىككى چوڭ ساماۋار، بوتۇلكىلار، ئايال غوجايىنىنىڭ ئاشخانىسىدىن ئېلىپ چىقىلغان تەخسە ـ تەخسە گۆشنان، زاكۇسكىلار بىلەن ھەپىلىشىۋاتاتتى. راسكولنىكوف بىرسىنى رازۇمىخىننى چاقىرتىپ چىقىشقا بۇيرۇدى. رازۇمىخىن خۇشلۇقىدا قىن ـ قىنىغا پاتماي يۈگۈرۈپ چىقتى. ئۇنىڭ ھاراقنى خېلى جىق ئىچكەنلىكىنى بىر قاراپلا بىلگىلى بولاتتى. گەرچە ئۇ ھېچقاچان مەست بولۇپ باقمىغان بولسىمۇ، بۇ قېتىم

ئۇنىڭ خىلىلا كەيپ بولغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

— قۇلاق سال، — دېدى راسكولنىكوف ئالدىراپ، — مەن بۇ يەرگە ئىككىمىز بەسلەشكەن ئىشتا سېنىڭ ئۇتقانلىقىڭنى دەپ قويغىلى كەلدىم. ئۆز بېشىغا نېمىلەرنىڭ كېلىدىغانلىقىنى ھەقىقەتەن ھېچكىم بىلەلمەيدۇ. مەن ئىچكىرىگە كىرەلمەيمەن. شۇنچىلىك ماغدۇرسىزلىنىپ كەتتىمكى، ئازانلا ئۆرە تۇرۇۋاتىمەن. شۇڭا، ساڭا سالام ۋە خەير - خوش ! ئەتە مېنىڭ قېشىمغا بارغىن...

— مۇنداق قىلايلى، سېنى ئۆيۈڭگىچە ئاپىرىپ قوياي ! ماغدۇرسىزلىنىپ كەتتىم دېدىڭغۇ، شۇڭا...

— مېھمانلارنى قانداق قىلىسەن؟ ھېلى بېشىنى چىقىرىپ قارىغان بۇدۇر چاچلىق ئادەم كىم؟

— ئۇمۇ؟ كىم بىلىپتۇ ئۇنى ! تاغامنىڭ دوستى بولسا كېرەك، بەلكىم ئۆزى كەلگەندۇ... مېھمانلارنى تاغام كۈتىۋېرىدۇ. ئۇ بەك بەلەن ئادەم. ئەپسۇس، سەن ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇۋالمايدىغان بولدۇڭ - دە. لېكىن، ئۆتەپ بېرىشسۇن ئۇنداق نېمىلەر! شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ مېنى ئىزدىگۈدەك ئەھۋالى يوق. مەنمۇ ئازراق ھاۋا يەپ كىرىشىم كېرەك. شۇڭا، بۇرادەر، سەن تازا دەل ۋاقتىدا كەلدىڭ؛ يەنە ئىككى مىنۇت ئۆتكەن بولسا، خۇدا ھەققى، ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغان بولاتتىم. راست دەيمەن ! ئۇلار ئاغزىغا كەلگەننى دېيىشىۋاتىدۇ... سەن بىر ئادەمنىڭ ئاغزىغا كەلگەننى دەۋېرىشتە قانچىلىك دەرىجىگە بېرىپ يېتىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇرمۇ قىلالمايسەن ! توۋا نېمىشقا تەسەۋۋۇر قىلالمىغۇدەكسەن؟ ئەجەبا بىزمۇ ئاغزىمىزغا كەلگەننى دەۋاتامدۇق؟ مەيلى، ئاغزىغا كەلگەننى دېيىشىۋەرسۇن؛ كېيىن ئاغزىغا كەلگەننى دەۋەرمەيدىغان بولۇشىدۇ... سەن بىردەم ئولتۇرۇپ تۇر، مەن زوسىموفنى چاقىرىپ چىقاي.

روسىموف تەقەززالىق بىلەن دېگۈدەك راسكولنىكوفنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ كەلدى، روشەنكى ئۇ راسكولنىكوفقا ئالاھىدە

قىزىقاتتى؛ ئۇنىڭ چىرايى تېزلا ئېچىلىپ كەتتى.

— ھازىرلا بېرىپ ئۇخلىشىڭىز كېرەك، — دېدى كېسەلگە ئىمكانقەدەر تەپسىلىي سەپسېلىپ چىققاندىن كېيىن كەسكىن گەپ قىلىپ، — ئۇخلاشنىڭ ئالدىدا دورا ئىچىشىڭىز كېرەك. ئىچەمسىز؟ مەن تېخى ھېلىلا تەييارلاپ قويغان، مانا ماۋۇ بىر بولاق تالقان دورا.

— ئىككى بولاق بولسىمۇ مەيلى، — جاۋاب بەردى راسكولنىكوف.

ئۇ دورىنى شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا ئىچىۋەتتى.

— ئۇنى ئاپىرىپ قويماقچى بولغىنىڭ بەك ئوبدان بوپتۇ، — دېدى زوسىموف رازۇمىخىنغا، — ئەتە قانداق بولىدۇ، كۆرۈپ باقايلى، بۈگۈنكى ئەھۋالى بەك ياخشى. ئالدىنقى كۈندىكىگە قارىغاندا ئەھۋالى جىق ياخشى. بۈشۈكتىن تۆشۈككىچە ئۆگىنىپتۇ دېگەن شۇ ـ دە...

— بىلەمسەن، ھازىر چىقىپ كېلىۋاتقىنىمىزدا روسىموفنىڭ ماڭا پىچىرلاپ نېمىلەرنى دېگەنلىكىنى؟ — دەۋەتتى رازۇمىخىن ئىككىسى كوچىغا چىقىشى بىلەن، — بۇرادەر، مەن ساڭا گەپنىڭ توغرىسىنى دەۋېرەي. نېمىشقا دېسەڭ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەخمەق. زوسىموف ماڭا يول بويى بىرنېمىلەرنى دەپ ماڭدى. ئۇمۇ ساڭا گەپ قىلغاچ ماڭسۇن، يېنىپ كەلگەندە ھەممە گەپنى ماڭا دەپ بەر، دېدى. نېمىشقا دېسەڭ، ئۇنىڭ خىيالىچە... ئۇنىڭ قارىشىچە سەن... ساراڭ بولۇپ قالغانمىشسەن ياكى ساراڭ بولۇش ئالدىدا تۇرارمىشسەن. ئۆزۈڭ ئويلاپ باق ! بىرىنچىدىن، سەن ئۇنىڭغا قارىغاندا نەچچە ھەسسە ئەقىللىق؛ ئىككىنچىدىن، ئەگەر سەن ساراڭ بولمىساڭ، ئۇنىڭ بۇنداق تېتىقسىز خىياللىرىغا دىمىقىڭدا كۈلۈپ قويساڭلا بولىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، بىر پارچە سېمىز گۆشكە ئوخشايدىغان بۇ ئادەم ئۆزىنىڭ كەسپى بويىچە تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى، لېكىن ئۇ ھازىر روھىي كېسەللىكلەرگە خۇددى تەلۋىلەردەك مەپتۇن بولۇپ قاپتۇ. سېنىڭ

بۈگۈن زامېتوف بىلەن قىلىشقان سۆھبىتىڭ ئۇنىڭ ساڭا بولغان قارىشىنى ئۇزۇل ـ كېسىل ئۆزگەرتىۋەتتى.

— زامېتوف ھەممە گەپنى ساڭا دەپ بەردىمۇ؟

— ھەممىنى دەپ بەردى، ئۇ توغرا قىلدى. مەن ھەممە ئىشنى تېگى ـ تەكتىگىچە چۈشەندىم. زامېتوفمۇ چۈشەندى... شۇنداق، قىسقىسى، روديە... گەپ شۇنىڭدىكى... مەن ئازراق مەست بولۇپ قالدىم... لېكىن بۇنىڭ كارى چاغلىق... گەپ شۇنىڭدىكى، مۇنداق خىيال... چۈشىنىۋاتامسەن؟ ئۇلار راستىلا شۇنداق ئويلىشىۋاتىدۇ... چۈشىنىۋاتامسەن؟ يەنى ئۇلارنى ھېچقايسىسى ئاۋازىنى چىقىرىپ دېيىشكە جۈرئەت قىلالمىدى، چۈنكى بۇ بىر تېتىقسىز خىيال، بولۇپمۇ ھېلىقى سىرچىنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، بۇلارنىڭ ھەممىسى توزغاقتەك توزۇپ كەتتى، ئەبەدىي يىغىشتۇرۇۋېتىلدى. لېكىن، ئۇلار نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق ئەخمەق؟ شۇ كۈنى مەن زامېتوفنى بىرنەچچىنى سالدىم — بۇرادەر، بۇ ئىشنى پەقەت ئىككىمىزلا بىلىمىز، بۇنى ھېچكىمگە تىنغۇچى بولما، بۇنىڭدىن خەۋىرىڭ بارلىقىنى ھېچكىمگە چاندۇرما. بايقىشىمچە ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش تەسكەن. ئىش لاۋزىنىڭكىدە يۈز بەردى. لېكىن، بۈگۈن، بۈگۈن ھەممە ئىش ئايدىڭلاشتى. ئاساسلىقى ھېلىقى ئىلىيا پېتروۋىچ ! شۇ چاغدا ئۇ سىنىڭ ساقچى ئىدارىسىدە ھوشۇڭدىن كەتكەنلىكىڭدىن پايدىلانماقچى بوپتۇ، كېيىن ئۆزىمۇ خىجىل بوپتۇ؛ مەن بىلىمەن ـ دە...

راسكولنىكوف تەشنالىق بىلەن قۇلاق سالدى. رازۇمىخىن مەستلىكتە ئاغزىنى يىغالماي، سىرنى ئاشكارىلاپ قويدى.

— مېنىڭ ھوشۇمدىن كېتىشىمنىڭ سەۋەبى شۇكى، شۇ چاغدا ھاۋا بەك دىمىق ئىدى، ئاندىن سىرنىڭ پۇرىقى كۆچلۈك ئىدى، — دېدى راسكولنىكوف.

— چۈشەندۈرۈپ كەتكىنىنى بۇنىڭ ! گەپ پەقەت سىردىلا ئەمەس. سەن توپتوغرا بىر ئاي قىزىدىڭ. بۇنىڭغا زوسىموف

گۇۋاھ ! لېكىن، سەن ھەرگىزمۇ تەسەۋۋۇر قىلالمايسەن: ھېلىقى شاكىچىك ھازىر شۇنداق قاتتىق ئازابلىنىپ يۇرىدۇ ! ئۇ: «مەن ئۇ كىشىنىڭ چىمچىلىقىغىمۇ تەڭ كېلەلمەيدىكەنمەن !» دەيدۇ. ئۇ سىېنىڭ چىمچىلىقىڭنى دەيدۇ. بۇرادەر، بەزى چاغلاردا ئۇمۇ ياخشى ھېسسىياتقا كېلىپ قالىدۇ. لېكىن، ساۋاقنى دېسەڭ، بۇگۇن سەن «بىللۇر سارىيى»دا ئۇنىڭغا ساۋاق بېرىپ، ناھايىتى ياخشى قىلدىڭ ! بىلەمسەن، سەن ئۇنى قاتتىق قورقۇتۇۋېتىپسەن، ئۇ قورقىنىدىن تۇتقاق كېسىلى بولۇپ قالغىلى قىل قاپتۇ ! ئۇنى شۇ تېتىقسىز جۆيلۇشلەرگە ئىشەندۇرگەندەك قىپسەن، ئارقىدىن بىردىنلا ئۇنىڭغا تىلىڭنى چىقىرىپ: «ھە، قانداق، تۇتۇۋالالىدىڭمۇ !» دەپسەن. تازا ئوبدان بوپتۇ ! ھازىر ئۇ گۇمران بولدى، بىتچىت بولدى ! دەرۋەقە، سەن ئىقتىدارلىق ئىكەنسەن ! ئۇلارغا شۇنداق قىلىش كېرەك ! ئەپسۇسكى، شۇ چاغدا مەن بولماي قاپتىمەن ! ھازىر ئۇنىڭ سېنى بەكلا كۆرگۇسى بار. پورفىرىينىڭمۇ سەن بىلەن بەكلا تونۇشقۇسى بار...

— ھە... ئۇمۇ... لېكىن، ئۇلار نېمىدەپ مېنى ساراڭغا چىقىرىۋېتىدۇ؟

— ساراڭغا چىقىرىۋەتكەن ئىش يوق. بۇرادەر، مەن ساڭا جىقراق ۋالاقلىۋەتكەن ئوخشايمەن... بىلەمسەن، يېقىندا بىر ئىش ئۇنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرغان، يەنى سەن پەقەت شۇ ئىشقىلا قىزىقىپسەن؛ سېنىڭ ئۇ ئىشقا نېمە ئۈچۈن قىزىقىپ قالغانلىقىڭ ئېنىقلاندى؛ ھەممە ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن... ھېلىقى كۈنى ئۇ ئىشنىڭ ساڭا قانداق تەسىر قىلغانلىقى ۋە ئۇنىڭ كېسىلىڭ بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەنلىكى... بۇرادەر، مەن ئازراق مەست بولۇپ قالدىم، لېكىن ئۇنىڭ قانداق بىرنېمىلىكىنى كىم بىلىپتۇ دەيسەن، ئۇنىڭ ئۆزىچە بىر خىيالى بار... مەن ساڭا ئېيتسام، ئۇ روھىي

كېسەللىكلەرگە مەھلىيا بولۇپ كەتتى. ئەمما، سەن تۇكـۇرۇۋەت ئۇنداق بىرنېمىگە...

ھەر ئىككىلىسى يېرىم مىنۇتچە جىم بولۇپ قېلىشتى.

— قـۇلاق سـال، رازۇمىخىن، — گـەپ باشـلىـدى راسكولنىكوف، — مەن ساڭا گەپنىڭ توغرىسىنى دەۋېرەي. مەن ھازىرلا ئۆلگەن بىر ئادەمنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كەلدىم، بىر خىزمەتچى ئۆلدى... مەن شۇ يەردە پۇللىرىمنىڭ ھەممىسىنى شۇلارغا بېرىۋەتتىم... بۇنىڭ سىرتىدا، بايا مېنى بىرسى سۆيۈپ قويدى. مەن ئادەم ئۆلتۇرگەن تەقدىردىمۇ، ئۇ ئوخشاشلا مېنى سۆيۈپ قوياتتى... قىسقىسى، مەن ئۇ يەردە يەنە بىرەيلەننى... قىزىل پەي قادىۋالغان بىرسىنى كۆردۇم... مەن يەنە بىھۇدە ۋالاقلىغىلى تۇردۇم؛ شۇ تاپتا قىلچە مادارىم قالمىدى. مېنى يۆلىۋال... قارا، پەلەمپەيگە كېلىپ قالدۇق...

— نېمە بولۇۋاتىسەن؟ نېمە بولۇۋاتىسەن؟ — ئەنسىرەپ سورىدى رازۇمىخىن.

— ئازراق بېشىم قېيىۋاتىدۇ. لېكىن، گەپ بۇنىڭدا ئەمەس؛ گەپ شۇنىڭدىكى، يۈرىكىم قاتتىق ئېزىلىپ كەتتى، قاتتىق ئېزىلىپ كەتتى ! خۇددى خوتۇن خەقلەرگە ئوخشاش... راست ! قارىغىنا، ئۇ نېمە؟ قارىغىنا ! قارىغىنا !

— ھە نېمە؟

— كۆرمەيۋاتامسەن؟ مېنىڭ ئۆيۈمدە چىراغ يېنىق تۇرىدۇ، ئەنە كۆردۇڭمۇ؟ ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن كۆرۈنۈۋاتىدۇ...

ئۇلار پەلەمپەينىڭ ئەڭ ئېگىز باسقۇچىدىن پەستىرەك، خوجايىن ئايالنىڭ ئىشىكى ئالدىدا تۇرغاچقا، راسكولنىكوفنىڭ ئۆيىدە چىراغ يېنىپ تۇرغانلىقىنى ھەقىقەتەن كۆرۈپ تۇراتتى.

— قىزىق ئىش ! ناستاسىيە بولسا كېرەك، — دېدى رازۇمىخىن.

— ئۇ ھېچقاچان مېنىڭ ئۆيۈمگە مۇنداق چاغدا كىرىپ

باقمىغان. مۇنداق چاغدا ئۇ ئۇخلاپ قالىدۇ، لېكىن... ماڭا بەربىر! خەير ــ خوش!

ــ نېمە دەۋاتىسەن؟ مەن سېنى ئۆيۈڭگىچە ئاچقىپ قويىمەن. ئىككىمىز بىللە كىرىمىز!

ــ بىللە كىرىدىغانلىقىمىزنى بىلىمەن، شۇنداقتىمۇ سەن بىلەن مۇشۇ يەردە قول ئېلىشىپ خوشلىشىۋالاي دەيمەن. ئەكەل، قولۇڭنى، خەير ــ خوش!

ــ سەن نېمە بولۇۋاتىسەن، روديە؟

ــ ھېچنېمە، يۈرە. سەن ماڭا گۇۋاھ بولىسەن...

ئۇلار پەلەمپەي بىلەن يۇقىرىغا كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. ئاشۇ چاغدا رازۇمىخىن بىردىنلا زوسىموفنىڭ دېگىنى راست ئوخشىمامدۇ، دەپ ئويلاپ قالدى. «ھەي! تولا ۋاتىلداپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىپ قويدۇم!» غودۇڭشىدى ئۇ ئۆزىگە ئۆزى. ئۇلار ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە، ئۆينىڭ ئىچىدىن كىملەرنىڭدۇر گەپلىشىۋاتقانلىقى ئاڭلاندى.

ــ نېمە گەپ ئۆزى؟ ــ ۋارقىرىدى رازۇمىخىن.

راسكولنىكوف بىرىنچى بولۇپ ئىشىكنىڭ تۇتقۇچىنى تۇتتى ــ دە، ئىشىكنى ئاچتى. ئۇ ئىشىكنى ئاچتى ــ يۇ، ئىشىك ئالدىدا داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى.

ئانىسى بىلەن سىڭلىسى دىۋاندا ئۇنى بىر يېرىم سائەتتىن بۇيان ساقلاپ ئولتۇراتتى. ئۇ ھەتتا بۈگۈن ئۇلارنىڭ يولغا چىققانلىقىدىن، كېلىۋاتقانلىقىدىن، شۇنداقلا پات ئارىدا كېلىپ قېلىشى مۇمكىنلىكىدىن خەۋەر تاپقانىدى، شۇنداق تۇرۇقلۇق نېمىشقا ئۇلارنى ساقلىمىغاندۇ، ئۇلارنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەندۇ؟ شۇ بىر يېرىم سائەت ئىچىدە، ئۇلار بەس ــ بەس بىلەن ناستاسىيەدىن ئۇنى ــ بۇنى سوراشتى. شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ ئالدىدا تۇرغان ناستاسىيە ئۇلارغا ھەممىنى ئېيتىماي ــ تېمىتماي دەپ بەردى. ئۇلار ئۇنىڭ «بۈگۈن قېچىپ كەتكەنلىكىنى»،

ئۆزىنىڭ ئاغرىقلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ناستاسىيەنىڭ گەپلىرىدىن ئۇنىڭ خۇدىنى تازا بىلىپ كەتمەيدىغانلىقىنى ئۇقۇپ، قورقىنىدىن گاڭگىراپلا قېلىشتى. «ياپەرۋەردىگار، ئۇنىڭغا نېمە بولغاندۇ!» ئانا ـ بالا ئىككىيلەن يىغلىشىپ، توپتوغرا بىر يېرىم سائەتنى قاتتىق ئازاب ئىچىدە ئۆتكۈزدى.

راسكولنىكوفنى خۇشاللىق، شاد ـ خۇراملىق كۈتۈۋالدى، يەنى ئانىسى بىلەن سىڭلىسى تەڭلا ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى. لېكىن، ئۇ ئۆلۈكتەك قېتىپ تۇراتتى؛ كۈتمىگەندە چىدىغۇسىز بىر تۈيغۇ خۇددى چاقماقتەك ئۇنى ئۇردى. راسكولنىكوف ئۇلارنى قۇچاقلىماقچى بولدى ـ يۇ، لېكىن قوللىرىنى كۆتۈرەلمىدى. ئانىسى بىلەن سىڭلىسى ئۇنى چىڭ قۇچاقلاپ سۆيەتتى، كۈلەتتى، يىغلايتتى... ئۇ ئالدىغا بىر قەدەم چامدىشىغا دەلدەڭشىپ كەتتى ـ دە، هوشىدىن كېتىپ يەرگە يىقىلدى.

هولۇقۇش ـ قورقۇش ئارىلاش چىرقىراشلار، ئىڭراشلار ئاڭلاندى... ئىشىك ئالدىدا تۇرغان رازۇمىخىن شۇ ئان يۈگۈرۈپ ئۆيگە كىردى ـ دە، كۈچلۈك قوللىرى بىلەن ئۇنى كۆتۈرۈپ دەرهال دىۋانغا ياتقۇزدى.

— هېچقىسى يوق! هېچقىسى يوق! — ۋارقىرىدى رازۇمىخىن راسكولنىكوفنىڭ ئانىسى بىلەن سىڭلىسىغا قاراپ، — هوشىدىن كەتتى، هېلىلا ئۆتۈپ كېتىدۇ! بايا دوختۇر ئۇنى ياخشى بولۇپ كەتتى، پۈتۈنلەي ساقايدى، دېگەن. ئازراق سۇ ئەكېلىڭلار! ئەنە، ئۇ هوشىغا كېلىۋاتىدۇ، هوشىغا كېلىۋاتىدۇ!...

رازۇمىخىن «ئۇنىڭ هوشىغا كېلىۋاتقانلىقىنى» كۆرسىتىپ قويغىلى دونيېچكانى بىلىكىدىن تۇتۇپ ئېگىشتۈرمەكچى بولۇپ، بىلىكىنى ئۈگىسىدىن چىقىرىۋەتكىلى تاس قالدى. راسكولنىكوفنىڭ ئانىسى بىلەن سىڭلىسى رازۇمىخىننى خۇددى پەرىشتىدەك كۆرۈپ، قاتتىق هاياجان ۋە مىننەتدارلىق بىلەن

ئۆنىڭغا قارىدى. ئۇلار مۆشۈنداق بىر «چاققان يىگىت»نىڭ (پۆلخېرىيە ئالېكساندورنا راسكولنىكوف شۇ كۈنى كەچتە قىزى دونيە بىلەن گەپلىشىپ ئولتۇرغان چېغىدا ئۇنى شۇنداق دەپ ئاتىغانىدى) رودىيە ئاغرىپ قالغان چاغدا، ئۇنىڭغا جان كۆيدۈرۈپ قارىغانلىقىنى ناستاسىيەدىن ئاڭلىغانىدى.

# ئۈچىنچى قسىم

# 1

راسكولنىكوف قەددىنى رۇسلاپ دىۋاندا ئولتۇردى.

ئۇ باياتىن بېرى ئانىسى بىلەن سىڭلىسىغا تەسەللى بېرىمەن دەپ، گەپلىرى قوۋلاشمىسىمۇ ئاجايىپ قىزغىنلىق بىلەن ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ۋاتىلداۋاتقان رازۇمىخىنغا ماغدۇرسىز قولىنى شىلتىپ، ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى. ئاندىن ئۇ ئانىسى بىلەن سىڭلىسىنىڭ قولىنى تۇتۇپ، بىر ـ ئىككى مىنۇتقىچە گەپ ـ سۆز قىلماي، ھېلى ئۇنىڭغا، ھېلى بۇنىڭغا تەلمۈرۈپ قارىدى. ئۇنىڭ بۇنداق قاراشلىرى ئانىسىنى قورقۇتۇۋەتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ قاراشلىرىدا قانداقتۇر قاتتىق ئازابلىنىش، شۇنداقلا ھەتتا تەلۋىلەرگە خاس ھاڭۋاقتىلىق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. پولخېرىيە راسكولنىكوف يىغلىۋەتتى.

ئاۋدوتىيە رومانوۋنا①نىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى، ئۇنىڭ ئاكىسى تۇتۇپ تۇرغان قوللىرى توختىماي تىترەيتتى.

— قايتىپ كېتىڭلار... ئۇنىڭ بىلەن بىللە كېتىڭلار، — دېدى راسكولنىكوف رازۇمىخىننى كۆرسىتىپ ئۈزۈپ ـ ئۈزۈپ گەپ قىلىپ، — ئەتە كۆرۈشەيلى، ئەتە ھەممە ئىش... كەلگىنىڭلارغا خېلى ئۇزاق بولدىمۇ؟

— كەچقۇرۇن كەلدۇق، روديە، — جاۋاب بەردى پولخېرىيە ئالېكساندروۋنا، — پويىز كېچىكىپ، خېلى ۋاق قالدۇق. لېكىن، روديە، ئەمدى يېنىڭدىن ھەرگىز نېرى كەتمەيمەن. مەن مۇشۇ يەردە ياتىمەن، سېنىڭ قېشىڭدا...

— مېنى قىينىماڭلار، — دېدى ئۇ زەردە بىلەن قولىنى شىلتىپ.

---

① راسكولنىكوفنىڭ سىڭلىسى دونيە، دونيە — ئاۋدوتيەنىڭ ئەركىلەتمە ئىسمى.

— ئۇنىڭ قېشىدا مەن قالاي ! — ۋارقىرىدى رازۇمىخىن، — ئۇنىڭ يېنىدىن بىر مىنۇتمۇ نېرى كەتمەيمەن. مېھمانلىرىم نېمە بولسا بولار ! مېنى دېسە ئاچچىقىدا يېرىلىپ كېتىشەر ! ئۇلارغا تاغام باش بولۇپ تۇرىدۇ.

— سىزگە نېمە دەپ، نېمە دەپ رەھمەت ئېيتسام بولار ! — دېدى پولخېرىيە ئالېكساندىروۋنا رازۇمىخىننىڭ قولىنى يەنە بىر قېتىم چىڭ سىقىپ، لېكىن راسكولنىكوف ئۇنىڭ سۆزىنى يەنە بۆلۈۋەتتى.

— مەن چىدىيالمايمەن، چىدىيالمايمەن، — دېدى ئۇ غەزەپ بىلەن تەكرارلاپ، — مېنى قىينىماڭلار ! بولدى، كېتىڭلار... مېنى قىينىماڭلار !...

— يۈرۈڭ، ئانا، ھېچبولمىغاندا تالادا بىردەم تۇرۇپ تۇرايلى، — دېدى قورقۇپ كەتكەن دونيە پىچىرلاپ، — ئۇ بىزنى كۆرۈپ ئازابلىنىۋاتقاندەك قىلىدۇ.

— ئۈچ يىلغىچە كۆرۈشمەي، ئەمدى ئۇنىڭ دىدارىغا بولسىمۇ تويغۇچە قارىۋالسام بولمامدۇ؟ — دېدى پولخېرىيە ئالېكساندىروۋنا يىغلاپ تۇرۇپ.

— توختاپ تۇرۇڭلار، — ئۇلارنىڭ سۆزىنى يەنە بۆلۈۋەتتى راسكولنىكوف، — سىلەر ھە دېسەلا پىكىر - خىيالىمنى بۆلۈۋېتىپ، كاللام ئېلىشىپلا كەتتى... لۇژىننى كۆردۈڭلارمۇ؟

— كۆرمىدۇق، رودىيە، لېكىن ئۇ بىزنىڭ كەلگەنلىكىمىزنى بىلىدۇ. بىز ئاڭلىدۇق، رودىيە، پېتېر پېتروۋىچ تولىمۇ ئوبدان ئادەم، ئۇ بۈگۈن سېنى يوقلاپ كەپتۇغۇ، — سەل - پەل چۆچۈپرەك قوشۇپ قويدى پولخېرىيە ئالېكساندىروۋنا.

— ھەئە... ئوبدان ئادەمكەن، دونيە، مەن بايىلا لۇژىنغا ئىككىنچى كېلىدىغان بولساڭ، پەلەمپەيدىن تاشلىۋېتىمەن، دېدىم. ئۇنى قوغلىۋەتتىم...

— نېمە دەيدىغانسەن، رودىيە ! سەن بەلكىم.. سەن بىزگە... — پولخېرىيە ئالېكساندىروۋنا قورقۇپىراق گەپ باشلىدى - يۇ، يەنە

رودىيەگە قاراپ بىقىپ گېپىنىڭ ئايىغىنى يۇتۇۋەتتى.

ئاۋدوتىيە رومانوۋنا بىرنېمە دەمدىكىن دەپ كۈتۈپ، ئاكىسىغا كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇراتتى. ئىككى ئوتتۇرىدا بولۇپ ئۆتكەن جېدەللىنى ناستاسىيە ئۇلارغا ئۆزىنىڭ چۈشەنگىنىچە ۋە ئىپادىلىيەلىگىنىچە سۆزلەپ بەرگەنىدى. ئانا ـ بالا بۇنىڭغا ھەيران بولۇشۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنى ئۇزاق ساقلاپ، قاتتىق ئازابلىنىپ ئولتۇرۇشاتتى.

ــ دونىيە، ــ دېدى راسكولنىكوف كۈچىنىپ گەپ قىلىپ، ــ مەن بۇ نىكاھنىڭ ئوقۇلۇشىنى ئۈمىد قىلمايمەن، شۇڭلاشقا سەن ئەتە گەپنى باشلىغان ھامان، لۇژىننى بىلەن ئاراڭنى ئوچۇق قىلىشىۋەت. ئۇنى ئىككىنچى كۆزىمىز كۆرمىسۇن.

ــ ۋاي خۇدايىم ! ــ ۋارقىرىۋەتتى پولخېرىيە ئالېكساندروۋنا.

ــ ئاكا، نېمە دەۋاتقانلىقىڭنى ئۆزۈڭ ئويلاپ باق ! ــ دېدى ئاۋدوتىيە رومانوۋنا چېچىلىپ، لېكىن ئۇ شۇ ئانلا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ مۇلايىملىق بىلەن داۋاملاشتۇردى، ــ سەن ھازىر گەپ قىلالىغۇدەك ھالەتتە ئەمەسسەن، بەكلا چارچاپ كېتىپسەن.

ــ ئەس ـ ھوشۇم جايىدا ئەمەسمىكەن؟ ياق... سەن مېنى دەپ لۇژىنغا تەگمەكچى بولۇۋاتىسەن. مەن سېنىڭ ئۆزۈڭنى قۇربان قىلىشىڭنى قوبۇل قىلالمايمەن. شۇڭا، بىر پارچە خەت ياز، ئەتىگىچە يېزىپ بول، ئۇنى رەت قىل... ئەتە ئەتىگەندە ماڭا كۆرسەتىسەڭ. شۇنىڭ بىلەن ئىش پۈتىدۇ.

ــ مەن ئۇنداق قىلالمايمەن ! ــ دېدى ئازار يەپ قالغان قىز ۋارقىراپ، ــ سېنىڭ نېمە ھەددىڭ...

ــ دونېچكا، سەنمۇ چېچىلغىلى تۇردۇڭغۇ، ئۇنداق قىلما، ئەتە... كۆرمەيۋاتامسەن... ــ دېدى ساراسىمىگە چۈشۈپ قالغان ئانا دونىيەگە قاراپ، ــ ھەي، يەنىلا بىزنىڭ كەتكىنىمىز تۈزۈك ئوخشايدۇ !

ــ ئۇ جۆيلۈۋاتىدۇ، ــ دېدى رازۇمىخىن مەستلىكتە

كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ، — بولمىسا، مۇشۇنداق گەپنىمۇ قىلاتتىمۇ! ئەتە ئۇ مۇشۇ ئالا - تاغىل گەپلىرىنى پاك - پاكىز ئۇنتۇپ كېتىدۇ... بۈگۈن ئۇنىڭ ئۆزىنىنى قوغلىۋەتكىنى راست. ئۇ راستلا شۇنداق قىلدى. ھىم، ئۇ ئادەمنىڭمۇ ئاچچىقى كەلدى... ئۇ بۇ يەردە مەمەدانلىق قىلىپ، ئۆزىنىڭ بىلىمدارلىقىنى بازارغا سالدى. كېيىن قۇيرۇقىنى قىسىپ غىپپىدە تىكىۋەتتى...

— ئۇنداقتا بۇ راست ئىكەن - دە؟ — ۋارقىرىۋەتتى پولخېرىيە ئالېكساندروۋنا.

— ئەتىگىچە ئامان بول، ئاكا، — دېدى دونيە يۈرىكى ئېچىشىپ، — ئانا، بىز ماڭايلى... خوش ئەمىسە، روديە.

— گېپىمنى ئاڭلىدىڭمۇ، سىڭلىم؟ — دېدى راسكولنىكوف ئاخىرقى كۈچىنى يىغىپ گېپىنى تەكرارلاپ، — مەن جۆيلۈۋاتقىنىم يوق؛ بۇ نىكاھ — پەسكەشلىك. مەيلى مەن ئەسكى بولاي، لېكىن سەن ئۇنداق بولماسلىقىڭ كېرەك... بىرسى بولسىلا كۇپايە. مەن ئەسكى بولساممۇ، ئۇنداق نىمىنى ھەرگىز سىڭلىم دېمەيمەن. يا ماڭا تۇر، يا لۇژىنىغا تۇر! ئەمدى مېڭىڭلار!...

— ساراڭ بولدۇڭمۇ! مۇستەبىت! — ھۆركىرىدى رازۇمىخىن. لېكىن، راسكولنىكوف ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمىدى. بەلكىم ئۇنىڭ جاۋاب بەرگۈدەك ماغدۇرىمۇ قالمىغاندۇ. ئۇ دىۋاندا تام تەرەپكە قاراپ يېتىۋالدى. ئۇ پۈتۈنلەي ماغدۇرىدىن كەتكەنىدى. ئاۋدوتىيە رومانوۋنا رازۇمىخىنغا قىزىقىپ قاراپ تۇراتتى؛ ئۇنىڭ قاپقارا كۆزلىرىدىن نۇر چاقنايتتى. ئۇنىڭ مۇنداق قارىشى ھەتتا رازۇمىخىننى شۈركۈندۈرۈۋەتتى. پولخېرىيە ئالېكساندروۋنا داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى.

— مەن ئۇنىڭ يېنىدىن ھەرگىز نېرى كەتمەيمەن، — دېدى ئۇ ئۈمىدى ئۈزۈلگەندەك رازۇمىخىنغا ئاستا پىچىرلاپ، — مەن مۇشۇ يەردە قالىمەن، نەدە ياتسامMۇ بەرىبىر... سىز دونيەنى

ئاپىرىپ قويۇڭ.

— ئۇنداق قىلسىڭىز ئىشنى بۇزۇپ قويىسىز! — دېدى تاقىتى تاق بولغان رازۇمىخىنمۇ پىچىرلاپ، — قانداقلا بولمىسۇن، چىقىپ كېتەيلى، پەلەمپەيگە چىقىپ تۇرايلى. ناستاسىيە چىراغنى ياق! سىزگە قەسەم ئىچىپ بېرىمەنكى، — دېدى ئۇ پەلەمپەيگە چىققاندا ئاۋازىنى سەل كۆتۈرۈپ، — ئۇ تېخى يېقىندىلا دوختۇر بىلەن مېنى ئۇرۇۋەتكىلى قىل قالدى! چۈشىنىۋاتامسىز؟ دوختۇرنى دەڭە! ھەتتا دوختۇرمۇ زىتىغا تەگمەسلىك ئۈچۈن، ئۇنىڭغا يول قويۇپ چىقىپ كەتتى، مەنمۇ نائىلاج پەستە ئۇنى پايلاپ تۇردۇم. لېكىن، ئۇ شۇ ئانىلا كىيىملىرىنى كىيىپ تىكىۋېتىپتۇ. مۇشۇ تۈن نىسبەتەن ئۇنىڭ زىتىغا تېگىپ قويسىڭىز، ئۇ يەنە قېچىپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزىگە زىيانلىق ئىشلارنى قىلىپ قويىدۇ...

— ۋاي خۇدايىم، نېمىلەر دەيدىغانسىز!

— ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاۋدوتيە رومانوۋنانى مېھمانخانىدا يالغۇز تاشلاپ قويسىڭىزمۇ بولماس. نەدە تۇرۇۋاتقانلىقىڭىزنى ئويلاپ قويۇڭ! پېتېر پېتروۋىچ دېگەن ئەبلەخ سىلەرگە ياخشىراق ياتاق تاپالمىغاندىمۇ... لېكىن بىلەمسىز، مەن ئازراق مەست بولۇپ قالدىم، شۇڭا... گەپ بىلەن ئازار بېرىپ قويغان بولسام، كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ...

— ئەمىسە مەن مۇشۇ بىنانىڭ ئايال غوجايىنىنى تاپاي، — دېدى پولخېرىيە ئالېكساندروۋنا گېپىدە چىڭ تۇرۇپ، — ئۇنىڭدىن دونيە ئىككىمىزگە بىر كېچە قونغۇدەك يەر تېپىپ بېرىشنى ئۆتۈنەي، مەن ئۇنى مۇنداق ئەھۋالدا تاشلاپ كېتەلمەيمەن، راست تاشلاپ كېتەلمەيمەن.

ئۇلار مۇشۇ گەپلەرنى دېيىشكەندە غوجايىن ئايالنىڭ ئىشىكى ئالدىدىكى پەلەمپەي ئېغىزىدا تۇرۇشاتتى. ناستاسىيە پەلەمپەينىڭ تۆۋىنىدە چىراغ تۇتۇپ ئۇلارنى يورۇتۇپ تۇراتتى. شۇ تاپتا رازۇمىخىن ئادەتتىن تاشقىرى ھاياجانلانغاندى. يېرىم سائەتنىڭ

ئالـدىدا ئۇ راسكولنىكوفنى ئۆيىگە ئەكېلىپ قويغۇچە، تولا كاپشىپ كەتتى. بۇنىڭغا ئۇ ئۆزىمۇ ئىقرار ئىدى، شۇنداقتىمۇ ئۇ بۈگۈن ئاخشام هاراقنى خېلى جىق ئىچكەن بولسىمۇ، يەنىلا تېتىك، ئەقىل ـ هوشىمۇ ھەرھالدا جايىدا ئىدى، شۇ تاپتىكى ئەھۋالىدىن قارىغاندا ئۇ ئىچ ـ ئىچىدىن سۆيۈنۈپ تۇرغاندەك، ئىچكەن هاراقلىرى ھەسسىلەپ كۈچىيىپ، بىردىنلا بېشىغا چىقىۋالغاندەك قىلاتتى. ئىككى خانىم بىلەن بىللە تۇرغان رازۇمىخىن ئۇلارنىڭ قوللىرىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ، ئاغزى بېسىقماستىن ئۇلارغا نەسىھەت قىلاتتى، نىمىشقا شۇنداق قىلىشلىرى كېرەكلىكىنى ئوچۇق ـ يورۇقلۇق بىلەن چۈشەندۈرەتتى، سۆزىنىڭ قايىل قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن بولسا كېرەك، ھەربىر ئېغىز گېپىنى قىلىپ بولۇپ ئۇلارنىڭ قوللىرىنى خۇددى ئامبۇردا قىسقاندەك ئاغرىپ كەتكۈچە چىڭ سىقاتتى. ئاۋدوتيە رومانوۋناغا تەپ تارتماستىن خۇددى يەۋېتىدىغاندەك تىكىلىپ قارايتتى. بەزىدە ئۇلار ئاغرىققا چىدىيالماي قوللىرىنى ئۇنىڭ ئۇستىخىنى يوغان قوللىرىدىن تارتىۋالماقچىمۇ بولۇشاتتى. لېكىن، ئۇ بۇنى سېزىش بۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئۇلارنىڭ قوللىرىنى ئۆزى تەرەپكە تېخىمۇ كۈچەپ تارتاتتى. ناۋادا ئۇلار ئۇنى هازىرلا ئۆزىنى پەلەمپەيدىن تاشلاشقا بۇيرۇغان بولسا ئىدى، ئۇلارغا خىزمەت كۆرسىتىش ئۈچۈن، ئۇ ئويلاپمۇ ئولتۇرماي ۋە ئىككىلەنمەي، ئۇلارنىڭ دېگىنىدەك قىلغان بولاتتى. پولخېرىيە ئالېكساندروۋنا ئۇنىڭ بەكلا غەلىتە يىگىتلىكىنى سېزىپ تۇرسىمۇ، يەنە كېلىپ قوللىرى قاتتىق ئاغرىپ كېتىۋاتسىمۇ، ئەس ـ يادى روديەسىدە بولغاچقا ۋە رازۇمىخىننى خۇددى پەرىشتىدەك كۆرگەچكە، ئۇنىڭ بۇنداق غەلىتە قىلىقلىرىغا ئانچە دىققەت قىلىپمۇ كەتمىدى. ئاۋدوتيە رومانوۋنامۇ تەشۋىشلىنىپ تۇرسىمۇ، يەنە كېلىپ ئۇ قورقۇنچاقلاردىن بولمىسىمۇ، ئاكىسى بىلەن يېقىن ئۆتىدىغان بۇ ئادەمنىڭ كۆزلىرىدە باشقىچە بىر ئوتنىڭ چاقناپ

تۇرغانلىقىنى كۆرگىنىدە، ئەجەبلەنمەي تۇرالمىدى، ھەتتا قورۇنغاندەك بولدى، ناستاسىيەنىڭ بۇ غەلىتە ئادەم توغرىسىدىكى گەپلىرى ئۇنىڭدا چەكسىز ئىشەنچ ھاسىل قىلغاچقىلا، ئۇ ئانىسىنى ئېلىپ قېچىپ كەتمەي ئۆزىنى تۇتۇپ تۇراتتى. ئۆزلىرىنىڭ رازۇمىخىندىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقىنىمۇ چۈشىنەتتى. ئەمما، ئون مىنۇتلاردىن كېيىن، ئۇ خېلىلا خاتىرجەم بولۇپ قالدى. رازۇمىخىننىڭ بىر ئالاھىدىلىكى، كەيپىياتى مەيلى قانداقلا بولسا بولسۇن، ئۇ بىرپەستىلا ئىچ - باغرىنى تۆكۈۋېتەتتى، شۇڭا ھەممىلا ئادەم ئۆزىنىڭ قانداقراق بىر ئادەم بىلەن مۇئامىلە قىلىۋاتقانلىقىنى بىردەمدىلا بىلىۋالاتتى.

— غوجايىن ئايالنىڭكىگە كىرىشكە ھەرگىز بولمايدۇ. بۇ بەكلا تېتىقسىزلىق بولۇپ قالىدۇ، — دېدى ئۇ ۋارقىراپ ھەمدە پولخېرىيە ئالېكساندروۋناني توسۇپ، — سىز ئۇنىڭ ئانىسى بولسىڭىزمۇ، مۇشۇ يەردە قېپقالسىڭىز، ئۇنى ساراڭ قىلىپ قويىسىز. كىم بىلىدۇ، كېيىن نېمە ئىشلار بولۇپ كېتىدۇ! ماڭا قاراڭ، مەن مۇنداق قىلماقچى: ھازىرچە ناستاسىيە ئۇنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇپ تۇرىدۇ، مەن سىلەرنى ئاپىرىپ قويىمەن. نېمىشقا دېسىڭىز، سىلەر كوچىدا يالغۇز ماڭساڭلار بولمايدۇ؛ مۇشۇ ئىشنىڭ ئۆزىنىلا ئېيتساق، بىزنىڭ پېتېربۇرگ[1]... بولدىلا، بۇلارنى دېمەيلا قوياي!... ئاندىن سىلەرنى تاشلاپ، يۈگۈرۈپ كېلىمەن - دە، چارەك سائەتتىن كېيىن، ئۇنىڭ قانداق بولۇپ قالغانلىقى، ئۇخلىغان - ئۇخلىمىغانلىقى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارنى سىلەرگە دوكلات قىلىشقا مۇتلەق كېپىللىك قىلىمەن. ئاندىن ماڭا قاراڭ! ئاندىن سىلەرنىڭ يېنىڭلاردىن ئۇدۇل ئۆيگە بارىمەن — ئۆيۈمدە نۇرغۇن مېھمانلىرىم بار.

---

① شۇ چاغدا پېتېربۇرگنىڭ جەمئىيەت تەرتىپى ئىنتايىن قالايمىقان ئىدى، بۇلاڭچىلىق، باسقۇنچىلىق، قاتىللىق، ئوت قويۇش قاتارلىق دېلولار دائىم يۈز بېرىپ تۇراتتى.

ھەممىسى مەست، ئۇ يەردىن زوسىموفنى — ئۇنى داۋالاتقان دوختۇرنى — باشلاپ كېلىمەن، ئۇ ھازىر مېنىڭكىدە، مەست ئەمەس. ئۇ مەست بولمايدىغان ئادەم، ئۇ ھېچقاچان مەست بولۇپ باقمىغان. ئۇنى ئاۋۋال رودكانىڭ قېشىغا ئاپىرىمەن، ئاندىن سىلەرنىڭ يېنىڭلارغا باشلاپ بارىمەن، شۇنىڭ بىلەن سىلەرگە بىر سائەتنىڭ ئىچىدە ئۇ توغرۇلۇق ئىككى قېتىم خەۋەر يەتكۈزىمەن — بىر خەۋەرنى دوختۇرنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلايسىلەر، چۈشەندىڭلارمۇ، دوختۇرنىڭ ئۆزىدىن ئاڭلايسىلەر؛ مېنىڭ ئاغزىمدىن ئاڭلىغىنىڭلارغا قارىغاندا، بۇ باشقىچىرەك بولىدۇ! ئەگەر ئەھۋالى چاتاقراق بولسا، سىلەرنى يەنە مۇشۇ يەرگە باشلاپ كېلىمەن. ئەگەر ئەھۋالى ياخشى بولسا، خاتىرجەم ئۇخلاۋېرىسىلەر. مەن مۇشۇ يەردە دەھلىزدە تۈنەيمەن. ئۇ ئۇقمايدۇ، زوسىموفنى غوجايىن ئايالنىڭكىدە قوندۇرۇپ قالىمەن، ئۇنىڭ شۇ يەردە بولغىنى ياخشى، قېنى ئۆزىڭىز ئويلاپ بېقىڭ، ئۇنىڭغا كىمنىڭ بولغىنى ياخشى، سىلەرنىڭمۇ ياكى دوختۇرنىڭمۇ؟ ئەلۋەتتە، دوختۇرنىڭ بولغىنى ياخشىراق، ئۇ كۆپرەك ئەسقاتىدۇ. شۇڭلاشقا سىلەر قايتىپ كېتىڭلار. غوجايىن ئايالنىڭ ئۆيىگە بارساڭلار بولمايدۇ. مەن بارسام بولىۋېرىدۇ، سىلەر بارساڭلار بولمايدۇ: ئۇ سىلەرنى كىرگۈزمەيدۇ، چۈنكى... ئۇ بىر ئەخمەق خوتۇن. گەپنىڭ راستىنى ئېيتسام، ئۇ مېنى دەپ ئاۋدوتيە رومانوۋنانى كۈنلەيدۇ. سىزنى كۈنلەيدۇ... ئاۋدوتيە رومانوۋنا... گەپ يوق كۈنلەيدۇ... ئۇ شۇنداق مىجەزىنى ئۇققىلى بولمايدىغان بىر خوتۇن! لېكىن مەنمۇ بىر ئەخمەق! ئۇنىڭ بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن! بىز ماڭايلى! ماڭا ئىشىنەمسىلەر؟ ھە ماڭا ئىشىنەمسىلەر - ئىشەنمەمسىلەر؟

— يۈرۈڭ، ئانا، — دېدى ئاۋدوتيە رومانوۋنا، — ئۇ دېگىنىدەك قىلىدۇ. ئۇ روديەنىڭ جېنىنى قۇتقۇزۇپ قاپتۇ، ئەگەر دوختۇر راستلا مۇشۇ يەردە قونۇپ قېلىشقا ماقۇل بولسا، ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق يەنە نېمە بار؟

— بەللى ـ بەللى، سىز... سىز... سىز مېنى چۈشەندىڭىز. چۈنكى سىز بىر پەرىشتە ـ دە ! — ۋارقىرىدى رازۇمىخىن خۇشال بولۇپ، — بىز ماڭايلى ! ناستاسىيە ! دەرھال يۇقىرىغا چىقىپ چىراغنى يېقىپ، ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ تۇر. مەن يېرىم سائەتكە قالماي يېنىپ كېلىمەن...

پولخېرىيە ئالېكساندروۋنا ئۇنىڭ گېپىگە ئانچە بەك ئىشىنىپ كەتمىسىمۇ، قارشىلىق قىلمىدى. رازۇمىخىن ئۇلارنى قولتۇقلاپ پەلەمپەيدىن چۈشتى، گەپ شۇنداق كەلسىمۇ، پولخېرىيە ئالېكساندورۋنا ئۇنىڭدىن يەنىلا خاتىرجەم بولالمىدى: «ئۆزىغۇ چاققان، ئاق كۆڭۈل يىگىتتەك قىلىدۇ، شۇنداقتىمۇ دېگەنلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالارمۇ؟ تۇرغان تۇرقى بۇ تۇرسا !...»

— ھە، چۈشەندىم، سىز مېنىڭ ھازىرقى مۇشۇ تۇرقۇمنى ئويلاۋاتىسىز، ھەرقاچان، — دېدى رازۇمىخىن ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى تېپىپ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئويى ئۈزۈلۈپ قالدى. رازۇمىخىن كوچىدا يوغان ـ يوغان چامداپ ماڭغاچقا، ئىككى ئايال ئۇنىڭغا ئاران يېتىشىپ كېتىۋاتاتتى، ئۇ بۇنىڭغا دىققەتمۇ قىلمىدى، — بىكار گەپ ! باشقىچە قىلىپ ئېيتسام... مەن خۇددى ئەخمەقتەك مەست بولۇپ قالدىم، لېكىن گەپ ئۇنىڭدا ئەمەس؛ مەن هاراق ئىچكەنگە مەست بولمىدىم... سىلەرنى كۆرۈشۈمگە، هاراق بېشىمغا چىقىۋالدى... ماڭا قارىماڭلار ! مېنى ئەيىبكە بۇيرۇماڭلار! مەن جۆيلۈۋاتىمەن. مەن سىلەرنىڭ لايىقىڭلار ئەمەس !... پۈتۈنلەي لايىقىڭلار ئەمەس !... سىلەرنى ئاپىرىپ قويغاندىن كېيىن، دەرھال دەرياغا بېرىپ ئىككى چېلەك سۇنى بېشىمدىن قۇيىمەن ـ دە، شۇ ئانلا ئۆزۈمگە كېلىمەن... سىلەرنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى بىلسەڭلار ئىدى ! كۈلمەڭلار، خاپىمۇ بولماڭلار ! ھەرقانداق ئادەمدىن خاپا بولساڭلار بولىۋېرىڭلار، لېكىن مەندىن خاپا بولماڭلار ! مەن دېگەن ئۇنىڭ دوستى. شۇڭلاشقا سىلەرنىڭمۇ دوستۇڭلار. مەن شۇنداق بولۇشنى ئۈمىد قىلىمەن... مەن بۇنى

سەزگەن... بۇلتۇر، شۇنداق بىر قىسقىلا پەيت بولغان... نېمىلەرنى دەپ كەتتىم ئۆزى. مەن ھېچنېمىنى سەزمىدىم. چۈنكى، سىلەر ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولدۇڭلار. بۈگۈن كېچىچە ئۇخلىيالمايدىغان ئوخشايمەن... تېخى يېقىندىلا زوسىموف ئۇنى ساراڭ بولۇپ قالارمىكىن، دەپ ئەندىشە قىلغان... شۇڭلاشقا ئۇنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويساق بولمايدۇ.

— نېمىلەرنى دەيدىغانسىز ئەمدى؟ — ۋارقىرىۋەتتى ئانا.

— دوختۇر راست شۇنداق دېدىمۇ؟ — سورىدى قورقۇپ كەتكەن ئاۋدوتيە رومانوۋنا.

— دېيىشنى دېدى، لېكىن ئەمەلىيەت ئۇنداق ئەمەس، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. دوختۇر ئۇنىڭغا دورا ياساپ بەردى، تالقان دورا. مەن كۆردۈم، نەق شۇ چاغدا سىلەر كېلىپ قالدىڭلار... ئېھ! ئەگەر سىلەر ئەتە كەلگەن بولساڭلار، تازا ئوبدان بولاتتى! بىز ئۇنىڭ يېنىدىن كېتىپ توغرا قىلدۇق. بىر سائەتتىن كېيىن، زوسىموف سىلەرگە ھەممىنى دەپ بېرىدۇ. ئۇ ھەرگىز مەست بولمايدۇ. مەنمۇ زادى مەست بولمايتتىم... توۋا، نېمىشقا مۇشۇنچىۋالا مەست بولۇپ كەتتىمكىنە؟ سەۋەبى، ئۇلار مەن بىلەن بەس - مۇنازىرە قىلىشتى، ھۇ ئۆلگۈرلەر! مەن ئۇلار بىلەن بەس - مۇنازىرە قىلىشماسلىققا قەسەم قىلىۋەتكەن!... ئۇلار ئاغزىغا كەلگىنىنى دەۋېرىدۇ! ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغىلى قىل قالدىم. ئۇ يەرگە تاغامنى رەئىس قىلىپ قويۇپ كەلدىم. ئوھو، ئىشىنەمسىلەر؟ ئۇلار ئادەمدە شەخسىيەتچىلىك بولمىسا، ئاندىن كامالەتكە يېتىدۇ، دەپ قارايدۇ. بىر ئادەم قانچىكى ئۆزى بولمىسا، ئۆزىگە قانچىكى ئوخشىمىسا، شۇنچىكى ياخشى بولارمىش! بۇنى ئۇلار ئەڭ زور ئىلگىرىلەش دەپ قارايدۇ.[1]

① دوستويېۋسكىينىڭ سوتسىيالىزمغا قارشى تۇرۇشتا ئەڭ كۆپ قوللىنىدىغان دەلىللىرىدىن بىرسى. ئۇ سوتسىيالىزم شەخسلىكنى، ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى يوقىتىپ، ئادەملەرنى ئوپئوخشاش قىلىش دېمەكتۇر، دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ «ئالۋاستىلار» ناملىق رومانىغا قاراڭ.

ناۋادا ئۇلار شۇ بىلجىرلاشلىرىنى ئۆزلىرى ئىجاد قىلغان بولسا، بۇمۇ بولاتتى، لېكىن ئەمەلىيەتتە...

— ماڭا قاراڭ! — دېدى پولخېرىيە ئالېكساندروۋنا سەل قورقۇمسىراپ، لېكىن بۇ ئۇتنىڭ ئۇستىگە ياغ چاچقاندەكلا بىر ئىش بولدى.

— سىز قانداق ئويلايسىز؟ — ۋارقىرىدى رازۇمىخىن ئاۋازىنى بارغانسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، — سىز مېنى ئۇلارنىڭ جۆيلۈشلىرىگە خاپا بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاۋاتامسىز؟ بىكار گەپ! مەن باشقىلارنىڭ جۆيلۈگىنىنى ياخشى كۆرىمەن. ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ جىمىكى مەۋجۇدات ئالدىدىكى بىردىنبىر ئالاھىدە ئىمتىيازى. يېڭىلىش ئارقىلىق ھەقىقەتكە ئېرىشكىلى بولىدۇ! مەن ئاغزىمغا كەلگىنىنى دېگەنلىكىم ئۈچۈن ئادەممەن. ئون تۆت قېتىم ھەتتا بىر يۈز ئون تۆت قېتىم سەۋەنلىك ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ، ھەرقانداق بىر ھەقىقەتكە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. مەلۇم نۇقتىدىن قارىغاندا بۇ بىر شەرەپ. لېكىن، بىز ئۆز ئەقلىمىز بىلەنمۇ ئاغزىمىزغا كەلگەننى دېيىشنى بىلمەيمىز! سىز ماڭا ئاغزىڭىزغا كەلگەننى دەڭ. لېكىن، ئۆز ئەقلىڭىز بىلەن دەڭ، ئۇ ھالدا مەن سىزنى سۆيۈپ قويۇشۇم مۇمكىن. ئۆز ئەقلى بىلەن ئاغزىغا كەلگەننى دېيىش باشقىلارنىڭ ئەقلى بىلەن راست گەپنى دېيىشكە قارىغاندا ياخشىراق. ئۆز ئەقلىڭ بىلەن ئاغزىڭغا كەلگەننى دېدىڭمۇ، دېمەك سەن ئادەم. باشقىلارنىڭ ئەقلى بىلەن راست گەپنى دەيدىغان بولساڭ، ئۇ ھالدا سەن ناھايەت بىر دورامچى شاتۇتى! ھەقىقەت قېچىپ كەتمەيدۇ، لېكىن تۇرمۇشنى قامال قىلغىلى بولىدۇ. بۇنىڭغا مىسال ناھايىتى كۆپ. مەسىلەن ئالايلى، ھازىر بىز قانداقراق؟ بىز ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت، تەپەككۇر، كەشپىيات، غايە، ئىستەك، لىبېرالىزم، ئەقىل ـ پاراسەت، تەجرىبە ۋەھاكازالاردا، ھەممە، ھەممىدە، ھەممە جەھەتتە، تېخىچە ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تەييارلىق سىنىپىدا تۇرۇۋاتىمىز. بىز باشقىلارنىڭ ئەقلى بىلەن تىرىكچىلىك

قىلىشقا ئامراق، ئۆگەنگەن خۇي ئۆلگۈچە قالمايدۇ ئەمەسمۇ! شۇنداق ئەمەسمۇ؟ دېگەنلىرىم توغرىمۇ؟ — ۋارقىرىدى رازۇمىخىن خانىملارنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ سىلكىپ، — دېگەنلىرىم توغرىمۇ؟

— يا رەببىم، مەن بىلمەيدىكەنمەن، — دېدى بىچارە پولخېرىيە ئالېكساندروۋنا.

— شۇنداق، شۇنداق... دېگەنلىرىڭىزگە تولۇق قوشۇلىمىسامىمۇ، — دېدى ئاۋدوتيە رومانوۋنا ئەستايىدىل قوشۇمچە قىلىپ، ئارقىدىنلا چىرقىرىۋەتتى، چۈنكى رازۇمىخىن بۇ قېتىم ئۇنىڭ قولىنى بەكلا ئاغرىتىۋەتكەنىدى.

— شۇنداق؟ سىز شۇنداق دەۋاتامسىز؟... بەللى - بەللى، بۇ گەپچە، سىز... سىز... — دېدى رازۇمىخىن خۇشاللىقتىن قىن - قىنىغا پاتماي، — سىز ئاق كۆڭۈللۈكىنىڭ، پاكلىقىنىڭ، ئەقىل - ئىدراكىنىڭ... بۇلىقى ئىكەنسىز، كامالەتكە يەتكەن ئىكەنسىز! قولىڭىزنى ماڭا بېرىڭ، ماڭا بېرىڭ... سىزمۇ قولىڭىزنى ماڭا بېرىڭ! مەن مۇشۇ يەردىلا تىز چۆكۈپ قولۇڭلارنى سۆيۈپ قوياي دەيمەن...

شۇنىڭ بىلەن ئۇ كوچىدىلا تىز چۆكتى، ھېلىمۇ ياخشى كوچىدا بىرمۇ ئادەم يوق ئىدى.

— مۇنداق قىلماڭ. خوش بولۇپ كېتەي، بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟ — ۋارقىرىۋەتتى ھودۇقۇپ كەتكەن پولخېرىيە ئالېكساندروۋنا.

— تۇرۇپ كېتىڭ، تۇرۇپ كېتىڭ! — دېدى دونيەمۇ تەشۋىشلىنىپ ۋە كۈلۈپ.

— سىلەر قولۇڭلارنى بەرمىگۈچە، ھەرگىز تۇرمايمەن! مانا ئەمدى بولدى، بولدى، ئورنۇمدىن تۇردۇم. بىز ماڭايلى! مەن بىر بەختسىز ئەخمەق. سىلەرگە لايىق ئادەم ئەمەس. مەن مەست بولۇپ قالدىم. ئالدىڭلاردا بەكمۇ خىجىلمەن... مەن سىلەرنى ياخشى كۆرۈشكە ئەرزىمەيمەن. لېكىن، سىلەرنى ھۆرمەت قىلىش

ھەربىر ئادەمنىڭ مەجبۇرىيىتى، ئەگەر ئۇ ئادەم يۈزدە يۈز ھايۋان بولمىسىلا ! مېنىڭ ئالدىڭلاردا تىز چۆكۈشۈمنىڭ ۋەجى مانا شۇ... سىلەر تۇرىدىغان جاي مانا مۇشۇ، رودىئون تېخى يېقىندىلا سىلەرنىڭ پېتېر پېتروۋىچىڭلارنى قوغلىۋەتتى، بۇنىڭدا ئۇ توغرا قىلدى... ئۇ سىلەرنى مۇشۇنداق ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىك ياتاقتا ئورۇنلاشتۇرۇشقا قانداق جۈرئەت قىلىدىكىن؟ بۇ بەكلا تېتىقسىزلىق ! بۇ يەردە قانداق ئادەملەر تۇرىدۇ. بىلەمسىلەر؟ لېكىن، سىز ئۇنىڭ لايىقى تۇرسىڭىز ! سىز ئۇنىڭ لايىقى، شۇنداقمۇ؟ خوش، مەن سىزگە ئېيتسام، مۇشۇنىڭدىن قارىغاندا، سىزنىڭ بولغۇسى ئېرىڭىز تولىمۇ پەسكەش ئادەم ئىكەن.

— ماڭا قاراڭ، جانابىي رازۇمىخىن، سىز شۇنى ئۇنتۇپ قېلىۋاتىسىز... — دەپ گەپ باشلىدى پولخېرىيە ئالېكساندروۋنا.

— راست، توغرا دېدىڭىز، مەن چەكتىن بەكلا ئاشۇرۇۋەتتىم، مەن ئىنتايىن خىجىل، — دېدى رازۇمىخىن بىردىنلا چۈشىنىپ، — لېكىن... لېكىن... گېپىمگە ئاچچىقىڭىز كەلمىسۇن ! نېمىشقا دېسىڭىز، مەن راستچىللىق بىلەن گەپ قىلدىم، كۆڭلۈمدە باشقا نەرسە يوق... ھىم ! ئۇنداق قىلىش بەكمۇ ئېپلاسلىق بولغان بولاتتى. قىسقىسى، مەن سىزگە... ھىم ! بولدىلا، دېمەيلا قوياي. سەۋەبىنى دېگۈم يوق، دېيىشكە پېتىنالمايمەن... لېكىن، ئۇ بۈگۈن كەلگەن چاغدا، ئۇنىڭ بىزنىڭ خىلىمىزدىكى ئادەملەردىن ئەمەسلىكىنى چۈشەندۇق. بۇ ئۇنىڭ ساتىراشخانىدا چاچلىرىنى بۇدۇرلىتىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئەمەس، ئۇنىڭ ئۆزىنى ئەقىللىك قىلىپ كۆرسىتىشكە ئالدىراپ كەتكەنلىكى ئۈچۈنمۇ ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ پايلاقچى ۋە ئىككى يۈزلىمىچى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ تولىمۇ پىخسىق، ھارامزادە بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇلارنى بىر قاراپلا بىلىۋالغىلى بولىدۇ. سىلەر ئۇنى ئەقىللىك دەپ ئويلامسىلەر؟ ياق، ئۇ دۆت، تازىمۇ دۆت بىرنېمە، ھە، ئۇ سىزگە مۇناسىپمىدۇ؟ يا رەببىم !

بىلەمسىلەر، خانىملار؟ — ئۇ بىنانىڭ پەلەمپىيىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ، بىردىنلا توختاپ قالدى، — مېنىڭ ئۆيۈمدىكىلەرنىڭ ھەممىسى مەست بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ناھايىتى سەممىي ئادەملەر؛ بىز بىللە ئولتۇرۇپ ئاغزىمىزغا كەلگەننى دەۋەرسەكمۇ — بىلەمسىلەر، مەنمۇ ئاغزىمغا كەلگەننى دەۋېرىمەن — ھامان بىر كۈنى ھەقىقەتنى تاپىمىز. چۈنكى، بىزنىڭ ماڭغان يولىمىز توغرا يول، پېتېر پېتروۋىچنىڭ... ماڭغان يولى توغرا يول ئەمەس. مەن بايىلا ئۇلارنى قاتتىق تىللىۋەتكەن بولسامۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ھۆرمەت قىلىمەن، زامېتوفنى ھۆرمەت قىلمىسامىمۇ، ئۇنى ياخشى كۆرىمەن. چۈنكى، ئۇ ناھايىتى بىر كۈچۈك. مەن ھەتتا توڭگۇز زوسىموفنىمۇ ياخشى كۆرىمەن. چۈنكى، ئۇ سەممىي، يەنە كېلىپ دوختۇرلۇقتا پىشقان... بولدى، بەس، ھەممە گەپنى دەپ بولدۇم. مېنى كەچۈرگەيسىلەر، كەچۈردۈڭلارمۇ؟ شۇنداقمۇ؟ قېنى ماڭايلى، مەن بۇ يەرنىڭ يوللىرىنى بىلىمەن. بۇ يەرگە پات - پات كېلىپ تۇرىمەن. قاراڭلار، مانا بۇ ئۈچىنچى ئۆيدە بىر سەتچىلىك بولۇپ ئۆتكەن... ھىم، سىلەر قايسى ئۆيدە، قايسى دېدىڭىز؟ سەككىزىنچىدە؟ ماقۇل ئەمىسە، كېچىدە ئىشىكنى ئىچىدىن تاقىۋېلىڭلار. ھېچكىمنى كىرگۈزمەڭلار. مەن يېرىم سائەتتىن كېيىن سىلەرگە خەۋەرنى بېرىمەن. ئاندىن يەنە يېرىم سائەتتىن كېيىن، زوسىموفنى باشلاپ كېلىمەن. سىلەر ئۇنى كۆرىسىلەر! خەير - خوش، مەن چاپتىم ئەمىسە!

— يا پەرۋەردىگار، دونېچكا، مۇشۇنداق كېتىۋەرسە قانداق بولۇپ كېتەر؟ — دېدى تەقەززا بولۇپ ۋە تەشۋىشلىنىپ تۇرغان پولخېرىيە قىزىغا قاراپ.

— بولدى غەم قىلماڭ، ئانا، — جاۋاب بەردى دونيە شلەپىسى بىلەن پلاشىنى سېلىۋېتىپ، — بۇ جاناب نەلەردىدۇر ئىچىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇنى بىزگە خۇدايىم ئۆزى ئەۋەتىپتۇ. ئۇنىڭغا ئىشەنسەك بولىدۇ. خاتىرجەم بولۇڭ. ئۇنىڭ ئۈستىگە،

ئۇ ئاكام ئۇچۇن ھەممىنى قىپتۇ...

— ھەي، دونىچكا، ئۇ كېلەمدۇ، كەلمەمدۇ، خۇدا ئۆزى بىلىدۇ! روديەنى نېمىشقىمۇ شۇ ئەھۋالدا تاشلاپ كەلگەندىمەن؟... ئۇنى مۇنداق ئەھۋالدا كۆرەرمەن دەپ زادى ئويلىماپتىكەنمەن! ئۇ بەكلا باغرى تاش بولۇپ كېتىپتۇ، بىزنى كۆرەر كۆزى يوق ئوخشايدۇ...

ئۇ كۆزلىرىگە ياش ئالدى.

— ياق، ئانا، ئۇنداق ئەمەس. سىز يىغلاپ تۇرغاچقا ئېنىق كۆرەلمىدىڭىز. ئۇ قاتتىق ئاغرىپ قالغاچقا، ئىچى بەك پۇشسا كېرەك، ھەممە گەپ مانا شۇنىڭدا.

— ۋاي، بۇ كېسەل نەدىنمۇ چاپلاشقاندۇ! يەنە نېمە ئىشلار بولۇپ كېتەر! نېمە ئىشلار بولۇپ كېتەر! ئۇنىڭ بايا ساڭا دېگەن گەپلىرىنى كۆرمەمدىڭغان، دونيە! — دېدى ئانا. ئۇ قىزىنىڭ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە سەل قورۇنۇپىراق قاراپ قويدى. دونيە ئاكىسىنىڭ يېنىنى ئېلىپ گەپ قىلغاچقا، ئۇنىڭ كۆڭلى خېلىلا تەسكىن تاپتى. دېمەك، ئۇ ئاكىسىنى كەچۈرۈپتۇ. قىزىنى يەنە بىر چېكىپ بېقىش ئۈچۈن، ئۇ يەنە بىر گەپنى قوشۇپ قويدى، — ئىشەنچىم كامىل، ئۇ ئەتىگىچە پەيلىدىن يېنىپ قالىدۇ.

— مەن بىلىمەن، ھېلىقى ئىش توغرۇلۇق ئۇ ئەتىمۇ شۇ گەپنى قىلىدۇ، — دېدى ئاۋدوتيە رومانوۋنا گەپنى ئۈزۈپلا، ئەلۋەتتە، بار پېشكەللىكمۇ مانا شۇنىڭدا ئىدى. چۈنكى، پولخېرىيە ئىۋانوۋنا بۇنىڭدا بىر ئىشنى تىلغا ئېلىشتىن بەكمۇ ئەيمىنەتتى.

دونيە كېلىپ ئانىسىنى سۆيۈپ قويدى. ئانىسى ئۇنى ئۈن - تىنسىز چىڭ قۇچاقلىدى. ئاندىن ئولتۇرۇپ تەقەززالىق بىلەن رازۇمىخىننى كۈتكەچ، قورققان ھالدا قىزىنى كۆزىتىشكە باشلىدى. دونيە چوڭقۇر خىيال ئىچىدە قوللىرىنى ئالماپ، ئۆيدە ئۇياق - بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى. ئۇمۇ رازۇمىخىننى كۈتمەكتە

ئىدى. ئاۋدوتيە رومانوۋنا ئۆيدە ئۇياق ـ بۇياقـقا مېڭىپ خىيال سۈرۈشكە ئادەتلەنگەنىدى. بۇنداق چاغلاردا ئانىسى قىزىنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋېتىشتىن بەكمۇ ئېھتىيات قىلاتتى. مەست بولۇپ قالغان رازۇمىخىنىنىڭ قەلبىدە بىردىنلا ئاۋدوتيە رومانوۋناغا بولغان كۈچلۈك مۇھەببەت ئوتى لاۋۇلداپ يېنىشقا باشلىدى. بۇ ئەلۋەتتە كۈلكىلىك ئىش ئىدى. لېكىن، كىشىلەر ئاۋدوتيە رومانوۋنانى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ شۇ تاپتا قوللىرىنى ئالماپ، غەمكىن بىر قىياپەتتە خىيال سۈرۈپ ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىپ يۈرگىنىنى كۆرگەن بولسا ئىدى، خېلى جىق ئادەم ئۇنى كەچۈرگەن بولاتتى. يەنە كېلىپ هازىرقىدەك ئۆزىنى يوقىتىپ قويغان بىر ئەهۋالدا ئاۋدوتيە رومانوۋنا ئىنتايىن چىرايلىق، ئېگىز بويلۇق، سەرۋى قامەت، خۇش پىچىم، ساغلام، ئۆزىگە قاتتىق ئىشىنىدىغان قىز ئىدى. ئۆزىگە ئىشىنىش ئۇنىڭ هەربىر هەرىكىتىدە ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. لېكىن، بۇ ئۇنىڭ جىلۋىگەرلىكىگە ۋە مۇلايىملىقىغا قىلچە نۇقسان يەتكۈزمەيتتى. ئۇنىڭ چىرايى ئاكىسىنىڭكىگە ئوخشايتتى، لېكىن ئۇنى چىرايلىق دېيىشكە بولاتتى. ئۇنىڭ چېچى قېنىق قوڭۇر، ئاكىسىنىڭكىگە قارىغاندا سەل ئاچراق ئىدى. قارىغا مايىل كۆزلىرى نۇرلۇق، تولىمۇ تەكەببۇر ئىدى. لېكىن، بەزىدە بۇ كۆزلەر بىر پەستىلا كىشىگە هەددىدىن زىيادە مېهىر بىلەن تىكىلەتتى. يۈزى تاتىراڭغۇ بولسىمۇ، بۇ كېسەللىكتىن ئەمەس ئىدى، چىرايىدىن سۈزۈكلۈك ۋە ساغلاملىق چىقىپ تۇراتتى. ئاغزى سەل ـ پەل كىچىك ئىدى. غۇنچىدەك مەسۇم، قىپقىزىل تۆۋەنكى لېۋى ئاستىنقى ئېڭىكى بىلەن قوشۇلۇپ ئازغىنا ئالدىغىراق چىققانىدى. ئۇنىڭ ئاجايىپ گۈزەل چىرايىدىكى ئەنە شۇ بىردىنبىر نۇقسانىمۇ ئۇنىڭ چىرايىغا بۆلەكچە بىر جازىبە بېغىشلاپ، ئۇنى ئازراق تەكەببۇر كۆرسىتەتتى. ئۇنىڭ چىرايى كۆپىنچە چاغلاردا خۇشاللىقتىن كۆرە جىددىي بىر ئويچانلىققا مايىلدەك كۆرۈنەتتى. بۇ چىرايغا كۈلكە نەقەدەر يارىشار ئىدى ـ هە ! ياشلارغا خاس خۇشال،

خۇشخۇي كۆلكە ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى نەقەدەر ئىچىپ تۇرار ئىدى ـ ھە! قېنى قايناپ تۇرىدىغان، ساددا، سەمىمىي، پاك، ئاق كۆڭۈل، پەھلىۋانلاردەك كۈچلۈك بىر قىزنى پۈتۈن ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغان، يەنە كېلىپ كەيپ بولۇپ قالغان رازۇمىخىنىنىڭ بىر كۆرۈپلا ھوشىنى يوقىتىپ قويۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىش شۇنداق توغرا كېلىپ قالدىكى، ئۇ دونيەنى بىرىنچى قېتىم، جېنىدىن ئەزىز كۆرىدىغان ئاكىسى بىلەن كۆرۈشۈپ خۇشاللىقىدا تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كەتكەن بىر چاغدا كۆردى. كېيىن ئاكىسىنىڭ يولسىزلىق، باغرى تاشلىق ۋە رەھىمسىزلىك بىلەن بەرگەن بۇيرۇقىنى ئاڭلىغىنىدا ئاچچىقى كەلگەن دونيەنىڭ تۆۋەنكى لىۋىنىڭ قانداق تىترەپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن رازۇمىخىن ئۆزىنى زادىلا تۇتۇۋالالمىدى.

رازۇمىخىنىنىڭ پەلەمپەيدە تۇرۇپ مەستلىكتە راسكولنىكوف تۇرۇۋاتقان ئۆينىڭ غوجايىنى پراسكوۋىيا پاۋلوۋنا مىجەزى غەلىتىلا بىر خوتۇن، ئۇ مېنى ئاۋدوتىيە رومانوۋنادىنلا ئەمەس، ھەتتا پولخېرىيە ئالېكساندروۋنادىنمۇ كۈنلىشى مۇمكىن دېگىنى ھەق گەپ ئىدى. چۈنكى، پولخېرىيە ئالېكساندروۋنا قىرىق ئۈچ ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، گۈزەللىكىنى يوقاتمىغان بولۇپ، ھەقىقىي يېشىدىن خېلىلا ياش كۆرۈنەتتى. ئوچۇق كۆڭۈللۈكلۈكىنى، ئىنكاسىنىڭ تېزلىكىنى، كۆڭلىنىڭ تۈزلۈكىنى، پاكلىقىنى ۋە قىزغىنلىقىنى تاكى قېرىپ كەتكۈچە ساقلاپ قالالىغان ئاياللارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك شۇنداق بولىدۇ ــ بىز بۇ يەردە بىر ئىبغىز گەپنى قىستۇرغاچ ئۆتەيلى، مانا شۇ خۇسۇسىيەتلىرىنى ساقلاپ قېلىش ئۆز گۈزەللىكىنى تاكى قېرىغۇچە ساقلاپ قېلىشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى. ئۇنىڭ چېچى ئاقىرىشقا ۋە شالاڭلاشقا باشلىغان، كۆزلىرىنىڭ ئەتراپىدا بىلىنەر ـ بىلىنمەس قورۇقلار پەيدا بولغان، غەمنىڭ ۋە قايغۇ ـ ھەسرەتنىڭ دەستىدىن ئىككى مەڭزى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن بولسىمۇ، چىرايى يەنىلا بۇرۇنقىدەك گۈزەل ئىدى. ئۇنى

دونچكانىڭ پورتىرېتى دىپلومىكىسىدە بولاتتى، ناھايىتى ئۇ دونچكادىن يىگىرمە ياشلا چوڭ ئىدى. ئاندىن ئۇنىڭ تۆۋەنكى لىۋى دونچكانىڭكىدەك سەل ئالدىغا قاراپ چىقىپ تۇراتتى. پولخېرىيە ئالېكساندروۋنا ناھايىتى ھېسسىياتچان ئايال ئىدى. لېكىن، ھېچقاچان ھەددىدىن ئاشۇرۇپمۇ ۋەتىمەيتتى. ئۇ تارتىنچاق، چىقىشقاق ئىدى. لېكىن، ئۇ بۇلارنىڭ چېگراسىنىمۇ ئوبدان بىلەتتى؛ ئۇ نۇرغۇن ئىشلاردا يول قويالايتتى، ھەتتا ئۇ ئۆز ئېتىقادىغا زىت نۇرغۇن ئىشلاردىمۇ شۇنداق قىلاتتى. لېكىن، ئۇ ھالاللىقتا، ئۆزىنى تۇتۇشتا ئىنساب ۋە ئېتىقادقا ئۆزى بەلگىلىگەن سىزىقتىن ھەرگىز نېرى ئۆتمەيتتى، بۇ سىزىقتىن ئۆتۈشكە ئۇنى ھەرقانداق ئىش مەجبۇر قىلالمايتتى.

رازۇمىخىن كېتىپ ئارىدىن توپتوغرا يىگىرمە مىنۇت ئۆتكەندە، كىمدۇر بىرسى ئىشىكنى بوش، لېكىن جىددىي ئىككى قېتىم چەكتى، رازۇمىخىن قايتىپ كەلگەنىدى.

— مەن كىرمەي، ۋاقتىم قىس، — دېدى ئۇ ئىشىك ئېچىلىشىغا ئالدىراپ گەپ قىلىپ، — ئۇ خورەك تارتىپ تازا شېرىن ئۇخلاۋېتىپتۇ. ئۇنىڭغا ئون سائەت شۇنداق ئۇخلاشنى نېسىپ قىلغاي ئىلاھىم. ئۇنىڭغا ناستاسىيە قاراپ قالدى؛ مەن كەلگۈچە يېنىدىن نېرى كەتمە دەپ قويدۇم. مەن ئەمدى زوسىموفنى باشلاپ كېلىمەن، ئۇ سىلەرگە ھەممە ئەھۋالنى سۆزلەپ بېرىدۇ. ئاندىن يېتىپ ئۇخلاڭلار، كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن، قاتتىق چارچاپسىلەر.

شۇنى دەپلا ئۇ دەھلىزدە ئىتتىك - ئىتتىك مېڭىپ كېتىپ قالدى.

— نېمىدېگەن قابىل... ساداقەتمەن يىگىت - ھە! — دېدى ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كەتكەن پولخېرىيە ئالېكساندروۋنا.

— بەك ياخشى ئادەمدەك قىلىدۇ، — دېدى ئاۋدوتيە رومانوۋنا بىرئاز قىزغىن جاۋاب بېرىپ، ئاندىن ئۇ يەنە ئۆيدە ئۇياق - بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى.

ئاربدىن يەنە بىر سائەتچە ۋاقىت ئۆتكەندە، دەھلىزدە ئاياغ تىۋىشى ئاڭلىنىپ، كىمدۇر بىرسى ئىشىكنى چەكتى. ئانا ـ بالا ساقلاپ ئولتۇرغانىدى، بۇ قېتىم ئۇلار رازۇمىخىنغا تولۇق ئىشەندى. ئۇ راستىلا زوسىموفنى باشلاپ كەلگەنىدى. زوسىموف زىياپەتتىن چىقىپ راسكولنىكوفنى كۆرۈپ كېلىشكە دەرھال قوشۇلدى؛ لېكىن ئاياللارنىڭ ئالدىغا خۇددى بويىنىدىن سۆرىگەندەك ئاران تەستە كەلدى، چۈنكى ئۇ مەست بولۇپ قالغان رازۇمىخىننىڭ گەپلىرىگە ئانچە ئىشىنىپ كەتمىگەنىدى. لېكىن، ئۇلارنى كۆرۈپ ئۇنىڭ غۇرۇرى دەرھاللا تەسكىن تاپتى، ھەتتا ئۇ نەزەرگە ئېلىنغانلىقىغا خۇشال بولدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى گويا پەيغەمبەرنى كۈتكەندەك كۈتۈپ ئولتۇرغانلىقلىرىنى چۈشەندى. ئۇ ساق ئون مىنۇت سۆزلەپ پولخېرىيە ئالېكساندروۋنانى تامامەن قايىل قىلدى ۋە خاتىرجەم قىلدى. ئۇ مۇھىم كېسەللىككە دىياگنوز قويۇلۇۋاتقان يىگىرمە يەتتە ياشلىق بىر دوختۇردا بولۇشقا تېگىشلىك ئېھتىياتچانلىق ۋە ئىنتايىن جىددىيلىك بىلەن گەپ قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن چوڭقۇر ھېسداشلىق چىقىپ تۇراتتى. ئۇ سۆھبەتنىڭ تۈپ مەزمۇنىدىن قىلچە چەتلىمىدى. بۇ ئىككى خانىم بىلەن شەخسەن تېخىمۇ يېقىنىراق تونۇشۇش ئارزۇسىنىمۇ بىلدۇرۇپ باقمىدى. ئىشىكتىن كىرىپلا ئاۋدوتيە رومانوۋنانىڭ كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك نۇرجامال قىز ئىكەنلىكىنى بايقىدى. لېكىن، شۇ ئانلا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، تاكى سۆھبەت تۈگىگۈچە ئۇنىڭغا قىلچە دىققەت قىلمىغاندەك، پەقەت پولخېرىيە ئالېكساندروۋناغىلا گەپ قىلدى. بۇ ئىش ئۇنى ئىچكى جەھەتتىن ئىنتايىن مەمنۇن قىلدى. كېسەلنىڭ ئۆزى توغرۇلۇق ئۇ مانا مۇنۇلارنى دېدى: ئۇنىڭچە كېسەلنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ئىنتايىن ياخشى ئىكەن، ئۇنىڭ كۆزىتىشىچە، ئۇنىڭ كېسەللىككە گىرىپتار بولۇشىنىڭ سەۋەبى، كېيىنكى بىرنەچچە ئايدا ئۇ ماددىي جەھەتتىن ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا قالغان، بۇنىڭدىن تاشقىرى يەنە مەنىۋى

جەھەتتىن بەزىبىر سەۋەبلەرمۇ بار ئىكەن. «بۇنى ناھايىتى نۇرغۇن ماددىي ۋە مەنىۋى تەسىرلەرنىڭ مەھسۇلى. تەشۋىشلەرنىڭ، غەم ـ قايغۇلارنىڭ، خاتىرجەمسىزلىكلەر ۋە بەزى ئويلارنىڭ... ۋەھاكازالارنىڭ مەھسۇلى دېيىشكە بولىدۇ» قوشۇپ قويدى. زوسىموف ئاۋدوتيە رومانوۋنانىڭ بۇ گەپلەرگە ئالاھىدە دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىۋاتقانلىقىنى تاسادىپەن بايقاپ قېلىپ، پولخېرىيە ئالېكساندروۋنا تەشۋىش ۋە قورقۇش ئىچىدە «روھىي خەستىلىكنىڭ بەزىبىر ئالامەتلىرى كۆرۈلگەنلىكى» ھەققىدە سوئال قويۇۋىدى، ئۇ خاتىرجەملىك ۋە ئوچۇق ـ يورۇقلۇق بىلەن كۈلۈپ، بۇ گەپلەرنىڭ ھەددىدىن زىيادە كۆپتۈرۈۋېتىلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتتى. ئۇ مۇنداق دېدى: ئەلۋەتتە، كېسەلنىڭ كاللىسىغا جاھىلانە بىر ئوي كىرىۋالغان، ئۇ مانا شۇ ئويغا قاتتىق بېرىلىپ كەتكەن، شۇنىڭدىن تەلۋىلىكنىڭ بەزىبىر ئالامەتلىرىنى بايقاشقا بولىدۇ ـــ چۈنكى ئۇ ـــ زوسىموف، ھازىر مەخسۇس تېبابەتچىلىكتىكى مۇشۇنداق قىزىقارلىق تۈرنى تەتقىق قىلىۋاتىدۇ ـــ ئەمما شۇنىمۇ ئەسكە ئېلىش لازىمكى، بىمار تاكى بۈگۈنگىچە بىھوشلۇق ھالىتىدىرەك تۇرۇۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە... ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەلۋەتتە، يېقىن كىشىلىرىنىڭ كېلىشى ئۇنىڭ ساقىيىشىغا ياردەم بېرىدۇ، ئۇنى غەمدىن خالاس قىلىدۇ. ئۇنىڭ دەردىگە داۋا بولىدۇ. زوسىموف شۇلارنى دەپ بولۇپ، يەنە چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ: «ئەگەر يېڭى، ئالاھىدە قوزغاتقۇچ تەسىرلەرنىڭ ئالدى ئېلىنسا» دەپ قوشۇپ قويدى. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ خوشلاشتى. ئۆزىنى سۆلەتلىك تۇتۇپ، مۇلايىملىق بىلەن تەزىم قىلدى، ئانا ـ بالا ئۇنىڭغا بەخت تىلەپ بەزىبىر گەپلەرنى دېدى، قىزغىنلىق بىلەن مىننەتدارلىقىنى ۋە رەھمەت ـ تەشەككۈرلىرىنى بىلدۈردى. ئاۋدوتيە رومانوۋنا ھەتتا ئۇ ئېغىز ئاچقۇچە ئۆزلۈكىدىن نازۇك قولىنى ئۇنىڭغا سۇندى. ئۇ چىقىپ كېتىۋاتقىنىدا بۇ يەرگە كەلگەنلىكىدىن ئىنتايىن خۇشال بولدى، بولۇپمۇ ئۆزىدىن بەكرەك مەمنۇن بولدى.

— قالغان ئىشلارنى ئەتە سۆزلىشەيلى؛ ئەمدى يېتىپ قېلىڭلار، ئەلۋەتتە، هازىرلا يېتىۋېلىڭلار ! — دېدى رازۇمىخىن زوسىموف بىلەن بىللە چىقىپ كېتىۋېتىپ جېكىلەپ، — ئەتە سىلەرگە ئىمكانقەدەر بالدۇرراق خەۋەر ئېلىپ كېلىمەن.

— كىشىنىڭ تازىمۇ زوقىنى كەلتۈرگۈدەك قىز ئىكەن، ئاۋدوتيە رومانوۋنا، — دېدى زوسىموف ئىككىيلەن كوچىغا چىققاندا تاڭلىيىنى قېقىپ.

— كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرگۈدەك؟ كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرگۈدەك دېدىڭمۇ؟ — ھۆركىرىدى رازۇمىخىن بىردىنلا زوسىموفقا ئېتىلىپ ۋە ئۇنى كانىيىدىن بوغۇپ، — ناۋادا سەن ئۇنىڭغا كۆز ئالايتقۇدەك بولساڭ... ئۇقتۇڭمۇ؟ ئۇقتۇڭمۇ دەيمەن؟ — ۋارقىرىدى ئۇ زوسىموفنى ياقىسىدىن تۇتۇپ سىلكىگىنىچە تامغا نىقتاپ، — ئاڭلىدىڭمۇ؟

— قويۇۋەت، هاراقكەش ئالۋاستى ! — دېدى زوسىموف يۇلقۇنۇپ. رازۇمىخىن قويۇۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا بىردەم زەن سېلىپ قاراپ تۇردى - دە، بىردىنلا قاقاھلاپ كۈلۈۋەتتى. رازۇمىخىن ئۇنىڭ ئالدىدا قوللىرىنى ساڭگىلىتىپ، ئېغىر ۋە جىددىي خىيالغا پاتقان بىر هالەتتە تۇراتتى.

— ئەلۋەتتە، مەنغۇ بىر ئېشەك، — دېدى ئۇ قاپىقىدىن قار ياغدۇرۇپ، — لېكىن بىلەمسەن، سەنمۇ بىر ئېشەك.

— ياق، بۇرادەر، مەن ھەرگىز ئېشەك ئەمەس، مەن ئەخمىقانە ئىشلار توغرىسىدا باش قاتۇرۇپ يۈرمەيمەن.

ئۇلار گەپ - سۆز قىلىشماي ماڭدى، پەقەت راسكولنىكوفنىڭ ياتىقىغا ئاز قالغاندا رازۇمىخىن قاتتىق ئەندىشە ئىچىدە جىمجىتلىقنى بۇزدى.

— ماڭا قارا، — دېدى ئۇ زوسىموفقا، — سەن ناھايىتى ياخشى يىگىت. لېكىن، سېنىڭ ئەسكى خۇيلىرىڭ جىق. يەنە كېلىپ بىر خوتۇنباز، خوتۇنباز بولغاندىمۇ ئىپلاس خوتۇنباز. سەن بىر ئەسەبىي، ئاجىز، خىيالىڭغا كەلگەننى قىلىدىغان

يىگىت. نەپسى بالا يوغان قورساق، سەن راھەت ـ پاراغەتلىك تۇرمۇش كەچۈرسەن، خالىغانچە ئەسكىلىك قىلىسەن ـــ مەن بۇنى ئېپلاسلىق دەيمەن، چۈنكى ئۇ ئادەمنى ئېپلاسلىققا باشلايدۇ. سەن ئۆزۈڭنى مۇھاپىزەت قىلىشتا، مانا شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىڭ. مەن راستىمنى ئېيتسام، سېنىڭ قانداق قىلىپ بىر ياخشى دوختۇر، ھەتتا پىداكار دوختۇر بولۇپ قالغانلىقىڭنى زادىلا چۈشەنمەيمەن. ئۆزۈڭ بىر دوختۇر تۇرۇپ پەر تۆشەكتە ياتىسەنۇ، كېچىلىرى ئاغرىقلار كېسىلىنى كۆرگىلى ئورنۇڭدىن تۇرالمايسەن! يەنە ئىككى ـ ئۈچ يىللاردىن كېيىن، سەن كېچىلىرى كېسەل كۆرگىلى ئورنۇڭدىن قوپمايدىغان بولۇپ قالىسەن... ھە، بولدىلا، گەپ بۇنىڭدا ئەمەس. مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم: بۈگۈن كېچە غوجايىن ئايالىنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالىسەن (مەن ئۇنى مىڭ مەشەقەتتە ئاران كۆندۈردۈم). مەن ئاشخانىدا ياتىمەن. دېمەك خالىساڭ، ئىككىڭلار تېخىمۇ يېقىندىن تونۇشۇپ قېلىشىڭلار مۇمكىن. بۇ ئىش ھەرگىز سەن ئويلىغاندەك ئەمەس! بۇرادەر، بۇ ئىشنىڭ ھەتتا سايىسىمۇ يوق...

ـــ مەن ھېچقانداق ئىشنى ئويلاپ باقمىدىم.

ـــ بۇرادەر، ئۇ ئايال تارتىنچاقلىقتا، جىمغۇرلۇقتا، نومۇسچانلىقتا، پاكلىقتا چېكىگە يەتكەن، ئاندىن ئۇنىڭ خورسىنىدىغان، شامدەك ئېرىپ تۇرىدىغان تەرەپلىرىمۇ بار. ئۇ شامدەك ئېرىپىلا تۇرىدۇ! دۇنيادىكى جىمىكى جىن ـ ئالۋاستىلارنىڭ يۈز ـ خاتىرىسى ئۈچۈن، مېنى ئۇنىڭ ئىلكىدىن قۇتقۇزۇۋال! ئۇ ئادەمنى بەكلا جەلپ قىلىدۇ. ياخشىلىقىڭنى قايتۇرىمەن، جېنىمنى پىدا قىلىپ بولسىمۇ، ياخشىلىقىڭنى چوقۇم قايتۇرىمەن!

زوسىموف بايىقىدىنمۇ قاتتىقراق قاقاھلاپ كۈلدى.

ـــ قارا، سېنىڭ ئۇنىڭغا شۇنچە مەپتۇن بولۇپ كەتكىنىڭنى! ئەمىسە ئۇنى نېمىدەپ ماڭا ئۆتۈنۈپ بېرىسەن؟

ـــ خاتىرجەم بول، خاۋاتىرلەنگۈدەك ھېچقانچە ئىش يوق.

ئاغزىڭغا كەلگىنىنى ۋالاقلاۋەرسەڭ بولىۋېرىدۇ، نېمە دېسەڭ مەيلىڭ، پەقەت ئۇنىڭ يېنىدا دېسەڭلا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سەن دوختۇر، ئۇنىڭ بىرەر كېسىلىنى تېپىپ داۋالاپ قوي. قەسەم ئىچىمەنكى، ھەرگىز پۇشايماندا قالمايسەن. ئۇنىڭ كونا پاسوندىكى چاققانغىنا پىيانىنوسى بار، ئۆزۈڭ بىلىسەن، ئۇنى مەنمۇ ئانچە ـ مۇنچە چالالايمەن. مەن ئۇنىڭكىدە بىر ناخشىنى — ھەقىقىي رۇس ناخشىسىنى ئېيتىمەن. «قان يىغلىسام مەيلىمۇ...» دېگەن ناخشىنى. ئۇ ھەقىقىي رۇس ناخشىلىرىغا ئامراق، مۇناسىۋەتىمىز شۇ ناخشىدىن باشلانغان؛ سەن پىيانىنونى بەك چىرايلىق چالىسەن، مۇزىكا مۇئەللىمىسەن، رۇبىنشتېين①سەن ... خاتىرجەم بول، ھەرگىز پۇشايماندا قالمايسەن !

— نېمە گەپ ئۆزى، ئۇنىڭغا ۋەدە بېرىپ قويغانمىدىڭ؟ ياكى تىلخەت يېزىپ بەرگەنمىدىڭ؟ كىم بىلىدۇ، ساڭا ئۆيلىنىمەن، دەپ ۋەدە بەردىڭمۇ تېخى...

— ياقەي، ئۇنداق ئىش يوق ! ئۇ خوتۇن ئۇنداقلاردىنمۇ ئەمەس، ئۇنىڭغا چېباروف دېگەن بىرسى...

— ھە، ئەمىسە ئۇنى تاشلىۋەتكەنسەن !

— ئۇنداق تاشلىۋەتكىلى بولمايدۇ ـ دە !

— نېمىشقا تاشلىۋەتكىلى بولمىغۇدەك ؟

— ھەي، نېمىشقىلىقىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. ئىشقىلىپ ئۇنداق قىلغىلى بولمايدۇ ! بۇنىڭدا كىشىنى جەلپ قىلىدىغان بىر ئامىل بار، بۇرادەر.

— ئەمىسە نېمىدەپ ئۇنى يولدىن ئازدۇردۇڭ؟

— ئۇنى مەن يولدىن ئازدۇرمىدىم، ئەخمەقلىقىمدىن بولسا كېرەك، مېنى ئۇ يولدىن ئازدۇردى. مەن بولامدىمەن، سەن بولامسەن، ئۇ بۇنىڭغا دىققەت قىلىپ كەتمەيدۇ. پەقەت يېنىدا

---

① رۇبىنشتېين (1829 — 1894) — 19 ـ ئەسىردە ئۆتكەن رۇس كومپوزىتورى. پىيانىنو ماھىرى ۋە دىرىژورى.

ئۆزۈن ـ قىسقا تىنىپ ئولتۇرىدىغان بىر ئادەم بولسىلا بولدى...
بۇرادەر، بۇ ئەھۋالنى مەن ساڭا تەسۋىرلەپ بېرەلمەيمەن ـــ ھەي. سەن ماتېماتىكىنى پۇختا بىلىسەن، بىلىمەن، تاھازىرغىچە تەتقىق قىلىۋاتىسەن... دېمەك، سەن ئۇنىڭغا ئىنتىلگەنلىكىڭ ئۈچۈن دەرس ئۆت. ۋىجدانىم بىلەن ئېيتسام، چاقچاق قىلىۋاتقىنىم يوق. رەسمىي گەپنى قىلىۋاتىمەن. بۇ ئۇنىڭغا بەرىبىر ئوخشاشلا گەپ. ئۇ تويتوغرا بىر يىلغىچە ساڭا تەلمۈرۈپ، ئۇھ تارتىپ ئولتۇرالايدۇ. قارا، بىر ئىشنى دېگەچ ئۆتەي. بىر قېتىم مەن ئۇنىڭغا ئۇدا ئىككى كۇنگىچە پروسىيەنىڭ ئاقسۆڭەكلەر پالاتاسى ھەققىدە ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق پاراڭ قىلىپ بەردىم، بولمىسا ئۇنىڭغا باشقا نېمىنى دەپ بېرىمەن؟ ـــ ئۇ توختىماي خورسىنىپ، ئاخىر تەرلەپ كەتتى! لېكىن، ئۇنىڭغا مۇھەببەت توغرۇلۇق ئېغىز ئېچىپ سالما، ئۇ خىجىل بولغىنىدىن تارتىشىپ قالىدۇ. ئەمما، ئۆزۈڭنى ئۇنىڭ ئالدىدىن كېتەلمەيۋاتقاندەك قىلىپ كۆرسەت، شۇنىڭ ئۆزىلا كۇپايە. ئۇنىڭ ئۆيى شۇنداق راھەت. خۇددى ئۆز ئۆيۈڭگە ئوخشاشلا ـــ كىتاب كۆرسەڭمۇ، خەت يازساڭمۇ بولىدۇ. ئولتۇرغۇڭ كەلسە ئولتۇرساڭ، ياتقۇڭ كەلسە ياتساڭ بولىدۇ. سەل ئېھتىيات بىلەن، ھەتتا ئۇنى سۆيۈپ قويساڭمۇ بولىدۇ.

ـــ مەن چېكەمگە تاڭاتتىممۇ ئۇنى؟

ـــ ھەي، مەن ساڭا ئېنىق چۈشەندۈرەلمىگەن ئوخشايمەن! بىلەمسەن، ئىككىڭلار خۇددا قوشقان بىر جۈپلەر! مەن ئىلگىرىمۇ سېنى ئويلىغان... سەن بۇ قەدەمنى ھامىنى باسىسەن! دېمەك، بالدۇرراق بېسىش ياكى كېيىنرەك بېسىش سەن ئۈچۈن بەرىبىر ئەمەسمۇ؟ ئاغىنە، بۇ دېگەن ماموق يوتقاندىكى تۇرمۇشنىڭ باشلىنىشى ـــ ھەي! گەپ ماموق يوتقاندىلا ئەمەس ـ دە! بۇ يەردە جەلپ قىلىش كۈچىمۇ بار؛ بۇ يەر دۇنيانىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى. ياكور تاشلايدىغان يېرى. جىمجىت دالىدا پىرىستان،

دۇنيانىڭ كىندىكى، دۇنيانى كۆتۈرۈپ تۇرۇۋاتقان ئۈچ كىت①. يۇمشاق قويماقلار، يېغى تېمىپ تۇرغان گۆشنانلار، كەچكى چايلار، بوشقىنا خورسىنىشلار، ئىسسىققىنا جىلمىتكىلەر، ئىسسىققىنا كاڭلار جاننىڭ راھىتى ـ دە ــ ئۇھ، بىر قارىساڭ سەن ئۆلگەن، يەنە بىر قارىساڭ سەن تىرىك ــ ھەر جەھەتتىن پەيزى ! بولدىلا ! ئاغىنە، شۇنچە جىق ۋاتىلداپتىمەن، ئەمدى ئۇخلايلى ! ماڭا قارا، مەن كېچىسى پات ـ پات ئويغىنىپ كېتىمەن، ئويغانغان چاغلىرىمدا ئۇنىڭدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرىمەن. لېكىن، ھېچقىسى يوق. ھېچ گەپ يوق. ھەممە ئىش جايىدا، سەنمۇ ئانچە تەشۋىشلىنىپ كەتمە، ئەگەر خالىساڭ، بىرەر قېتىم بېرىپ كۆرۈپ قويارسەن. ئەگەر بىرەر ئەھۋال بولۇپ قالسا، مەسىلەن جۆيلۈسە ياكى قىزىپ قالسا، ياكى باشقىچە ئەھۋال بولۇپ قالسا، دەرھال مېنى ئويغات. لېكىن، بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس...

## 2

رازۇمىخىن ئەتىسى ئەتىگەنلىكى سائەت يەتتىدىن ئاشقاندا قاتمۇقات غەم ـ غۇسسىگە چۆكۈپ، كەيپى ئۇچقان بىر ھالەتتە ئويغاندى. شۇ كۈنى ئەتىگەندە ئۇ ئۆزىنىڭ بىردىنلا كۈتۈلمىگەن بىر تالاي يېڭى ۋە مۇشكۈل مەسىلىگە دۇچ كەلگەنلىكىنى بايقىدى. ئىلگىرى ئۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە مۇشۇنداق كەيپىياتتا ئويغىنارمەن دەپ زادىلا خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. تۈنۈگۈن بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنىڭ جىمىكى تەپسىلاتى ئۇنىڭ ئېسىدە ئىدى. ئادەتتىن تاشقىرى بىر ۋەقەگە دۇچ كېلىپ، ئۇنىڭدىن ئۆزگىچە پۈتۈنلەي ناتونۇش، ئىلگىرىكىگە زادىلا ئوخشىمايدىغان

① خىرىستىيان دىنى دۇنيانى ئۈچ كىت كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، دەپ قارايدۇ.

بىر تەسىرات ئالغانلىقىنى، شۇنداقلا قەلبىدە ئوت بولۇپ يېنىۋاتقان ئارزۇلىرىنى ھەرگىزمۇ ئىشقا ئاشۇرالمايدىغانلىقىنى ئېنىق چۈشىنىپ، بىلىپ تۇراتتى. شۇڭلاشقا ئۇ قاتتىق خىجىل بولماقتا ئىدى. شۇ ۋەجدىن ئۇ دىققىتىنى ئىلاجىنىڭ بارىچە «لەنتى تۇنۇگۇن» زىمىستىگە ئارتىپ كەتكەن تېخىمۇ جىددىي تەشۋىشلەرگە ۋە مۇشكۇلاتلارغا بۇرىۋېتىشكە ئالدىرىدى.

تۇنۇگۇنكى ئىشلاردىن ئەسكە ئالالىغانلىرىنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن بەكرەك قورقۇنچلۇقى شۇ ئىدىكى، ئۇ «شەرمەندە، پەسكەش» قىلىقلارنى قىلدى. بۇنى مەستلىكىدىن ئەمەس، بەلكى ئەخمىقانە ھەسەتخورلۇق ۋەجىدىن قىلدى، يەنى ئۇ بىر قىزنىڭ قېيىن ئەھۋالدا قالغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ لايىقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ۋە مەجبۇرىيىتىنى بىلمەي تۇرۇپ، ھەتتا لايىقى بىلەن پىششىقراق تونۇشماي تۇرۇپ، لايىقىنى ئۇ قىزنىڭ ئالدىدىلا بولۇشىچە تىللىدى. ئۇنىڭ ئۇ ئادەمگە شۇ قەدەر قوپاللىق ۋە يېنىكلىك بىلەن باھا بېرىشكە نېمە ھەققى بار؟ ئۇنىڭغا قازىلىقنى كىم قويۇپتۇ؟ ئەجەبا ئاۋدوتىيە رومانوۋنادەك بىر ئادەم پۇلنى دەپ ئۆزىگە مۇناسىپ كەلمەيدىغان بىر ئادەمگە بېقىنىپمۇ كېتەرمۇ؟ شۇنىڭغا قارىغاندا ئۇنىڭمۇ ئارتۇقچىلىقلىرى بارمۇ يا؟ لېكىن، ھېلىقى ياتاقچۇ؟ ئەمما، ئۇ ئۇنىڭ شۇنداق تۆۋەن دەرىجىلىك ياتاق ئىكەنلىكىنى نەدىنمۇ بىلسۇن؟ ئۇ باشقا ئۆينىڭ ئېپىنى قىلىۋېتىپتۇغۇ... تۇفى، بۇلار نېمىدېگەن پەسكەشلىك ـ ھە ! ئۇ ئەمدى مەست ئىدىم، دەپ ئۆزىنى ئاقلىيالايتتىمۇ؟ مۇنداق ئەخمىقانە باھانە ئۇنى تېخىمۇ يەرگە ئۇرىدۇ ! مەست ئادەم راست گەپ قىلىدۇ دېگەندەك، ئۇ ھەممە راست گېپىنى دېدى، «ئۇنىڭ ھەسەتخورلۇقى، قوپاللىقى ئۇنىڭ جىمىكى ئىپلاسلىقلىرىنى ئاشكارىلىدى. ئەجەبا ئۇنىڭ ـــ رازۇمىخىننىڭ مۇشۇنداق ئازدۇر ـ كۆپتۇر خام خىياللىرىغا يول قويۇش كېرەكمىدى؟ مۇشۇنداق بىر قىزنىڭ ئالدىدا ئۇ نېمىدى؟ ئۇ ناھايىتى بىر جېدەلخور ھاراقكەش، تۇنۇگۇنكى پوچىمغۇ؟

ئۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى سېلىشتۇرۇش تولىمۇ نومۇسسىزلىق، كۈلكىلىك ئەمەسمۇ؟» رازۇمىخىن شۇلارنى ئويلاپ، ئۇيالغىنىدىن شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى. دەل شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە خۇددى ئەتەي قىلغاندەك، تۇنۇگۇن ئاخشام پەلەمپەيدە تۇرۇپ، ئۆي غوجايىنىنىڭ ئۆزىنى ئاۋدوتيە رومانوۋنادىن كۈنلىشى مۇمكىنلىكى توغرىسىدا قىلغان گەپلىرىنى بىردىنلا ئېنىق ئەسلەپ قالدى... بۇنىڭغا چىداش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئاشخانىدىكى ئوچاققا ئۇ مۇشتۇمى بىلەن بىرنى ئۇرۇۋىدى، قولى يارىلاندى، ئوچاقنىڭمۇ بىر خىشى ئۇچۇپ كەتتى.

— ئەلۋەتتە، — دېدى ئۇ بىرپەستىن كېيىن ئۆزىنى كەمسىتىش تۇيغۇسى بىلەن ئۆزىگە ئۆزى گەپ قىلىپ غودۇڭشىپ، — ئەلۋەتتە، بۇ سەت قىلىقلارنى يېپىش ۋە ئورنىنى تولدۇرۇش ئەمدى ئەبەدىي مۇمكىن ئەمەس... شۇڭا ئۇنى ئويلىغاننىڭ پايدىسى يوق، گەپ ـ سۆز قىلماي ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىش كېرەك... جىممىدە مەجبۇرىيىتىمنى ئادا قىلىشى كېرەك... ئۇلاردىن ئەپۇ سوراپ يۈرمەسلىك، گەپ ـ سۆز قىلماسلىق كېرەك... ئەمدى، ھەممە ئىش تۈگىدى!

ئۇ كىيىنىۋېتىپ، ئۆزىنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى ئادەتتىكى چاغلاردىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ بەكرەك ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈپ چىقتى. ئۇنىڭ باشقا كىيىملىرىمۇ يوق ئىدى، بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ كىيىشى ناتايىن ئىدى. «مەن ئۇنى ئەتەي كىيمەيمەن»، لېكىن قانداقلا بولمىسۇن، ئويناشقاندەك ئىش قىلىپ مەينەت يېتى بارسا بولمايدۇ ـ دە، چۈنكى ئۇنىڭ بىراۋلارنىڭ ھېسسىياتىغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈش ھەددى ئەمەس، بولۇپمۇ ئۇلار ئۇنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولۇپ تۇرغان ۋە ئۇنىڭ كېلىشىنى ئىلتىماس قىلغان بىر چاغدا تېخىمۇ شۇنداق. ئۇ چوتكا بىلەن كىيىملىرىنى پاكىز تازىلىدى. ئۇ كۆڭلەكنى پاكىز كىيگەچكە كۆڭلىكى خېلى تۈزۈك ئىدى.

بۈگۈن ئەتىگەندە ئۇ يۈز ـ كۆزىنى ئەستايىدىل يۇدى —

ناستاسيەدىن سوپۇن ئېلىپ چېچىنى، بوينىنى، بولۇپمۇ قولىنى پاكىز يۇدى. ساقىلىنى ئېلىش ـ ئالماسلىق مەسىلىسىگە كەلگەندە (پراسكوۋىيە پاۋلوۋنا مەرھۇم ئېرى جانابىي زارنىتسىندىن قالغان ئۆتكۈر بىر ئۇستىرىنى ساقلاپ كېلىۋاتاتتى)، بۇ مەسىلىنى يەنىلا قەتئىي ئىنكار قىلدى: «مۇشۇنداق تۇرىۋەرسۇن ! بولمىسا ئۇلار ئەتەي ساقىلىنى ئېلىپ كەپتۇ، شۇنىڭغا قارىغاندا... دەپ ئويلاپ قالىدۇ.» چوقۇم شۇنداق دەپ ئويلاپ قالىدۇ ! ساقالنى ھەرگىز ئالماسلىقىم كېرەك !

«ئۇنىڭ ئۇستىگە... يامان يېرى، مەن شۇ قەدەر قوپال، مەينەت ئادەم، يۇرۇش ـ تۇرۇشۇممۇ ئاشخانىلاردىكى كۈتكۈچىنىڭكىگە ئوخشايدۇ. ئەمما، مەن ئۆزۈمنىڭ دۇرۇس ئادەملەرگە ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىمنىمۇ بىلىمەن... خوش، مەن دۇرۇس ئادەم بولسام، بۇنىڭ مەغرۇرلانغۇدەك نېمىسى بار؟ ھەربىر كىشى دۇرۇس ئادەم بولۇشى كېرەككۇ... ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك ياخشى ئادەم بولۇشى كېرەككۇ... بۇنىڭدىن تاشقىرى (بۇ ئىش يادىمدا) مەن بەزىبىر سەت ئىشلارنىمۇ قىلىپ قويغان... گەرچە بۇنى ۋىجدانغا خىلاپ ئىش دېگىلى بولمىسىمۇ، ھەر ھالدا قىلىپ قويدۇم ـ دە !... ئۇنىڭ ئۇستىگە بەزىدە كۆڭلۈمگە نېمە ئىشلارنى كەلتۈرمىدىم ـ ھە ! ھىم ! ئۆزۈڭنى ئاۋدوتيە رومانوۋنا بىلەن يانمۇيان قويۇپ كۆرگىنچۇ قېنى ! ھەي، قۇرۇپ كەتسۇن ! بولدىلا ! بۇنىڭدىن كېيىن ئەتەي مۇشۇنداق مەينەت، شالاق، قوپال بولۇۋالىمەن، پەرۋا قىلمايمەن ! ھەتتا ھازىرقىدىنمۇ ئاشۇرۇۋېتىمەن !...»

ئۇ ئەنە شۇنداق ئۆزىگە ئۆزى گەپ قىلىۋاتقاندا، پراسكوۋىيە پاۋلوۋنانىڭ مېھمانخانىسىدا قونۇپ قالغان زوسىموف كىرىپ كەلدى.

ئۇ ئۆيىگە قايتماقچى بولۇپ، ماڭغۇچە ئالدىراشلا بېرىپ كېسەلنى كۆرۈپ كېتەي، دەپ كەلگەنىدى. رازۇمىخىن ئۇنىڭغا راسكولنىكوف خۇددى سوغۇردەك ئۇخلاۋاتىدۇ، دېدى. زوسىموف

ئۇنىڭغا راسكولنىكوفنى تاكى ئۆزى ئويغانمىغۇچە ئويغاتماسلىقنى تاپىلىدى ھەمدە ئۆزىنىڭ سائەت ئوندىن ئاشقاندا كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— ئۇ ئۆيدە بولسىلا بولدى، — قوشۇپ قويدى ئۇ، — ھەي، جىن ئۇرغۇر! ئۆز بىمارىنى تۇتۇپ تۇرالمىغان بىر كىشى ئۇنىڭ كېسىلىنى قانداقمۇ داۋالىيالىسۇن؟ راست، بىلەمسەن، ئۇ ئۇلارنىڭ قېشىغا بارارمۇ ياكى ئۇلار بۇ يەرگە كېلەرمۇ؟

— مېنىڭچە، ئۇلار كېلىدۇ، — دېدى رازۇمىخىن ئۇنىڭ بۇنى نېمىشقا سوراۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ، — ئەلۋەتتە ئۆزلىرىنىڭ ئائىلىۋى ئىشلىرى توغرۇلۇق گەپلىشىدۇ. مەن كېتىمەن. سەن دېگەن دوختۇر، قېپقېلىشقا مەندىن بەكرەك ھوقۇقلۇق.

— مەن توۋا ـ ئىستىغپار قوبۇل قىلىدىغان پوپ ئەمەس. كېلىپلا كېتىمەن. ئۇلارسىزمۇ نۇرغۇن ئىشلىرىم بار.

— بىر ئىشتىن قاتتىق ئەنسىرەپ قېلىۋاتىمەن، — دېدى رازۇمىخىن قاپىقىنى تۈرۈپ ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، — تۈنۈگۈن مەست بولۇپ قايتىۋاتقىنىمدا، قايتىپ كېلىۋېتىپ، رودىيەگە بىر مۇنچە ئەخمىقانە گەپلەرنى... ھەر خىل ئىشلارنى دەپ سالدىم... شۇ قاتاردا سېنىڭ ئۇنى سەۋدايى بولۇپ قالمىغىيدى دېگىنىڭمۇ ئاغزىمدىن چىقىپ كەتتى.

— شۇ گەپنى تۈنۈگۈن خانىملارغىمۇ دەپ سالغانسەن ھەرقاچان!

— بىلىمەن، تازىمۇ ئەخمىقانە ئىش قىلدىم! مېنى ئۇرساڭمۇ مەيلى! سەن راستىلا مۇقىم بىر پىكىرگە كەلگەنمىدىڭ؟

— يوق گەپ، مەن ساڭا دەپ قوياي، مەن ھېچقانداق مۇقىم پىكىرگە كەلمىدىم! مېنى ئۇنىڭ قېشىغا ئاپارغۇچە ئۆزۈڭ ئۇنى ماڭا خۇددى سەۋدايى بولۇپ قالغاندەك قىلىپ تەسۋىرلەپ بەردىڭ... توغرا، تۈنۈگۈن بىز ئوتنىڭ ئۈستىگە ياغ چاچتۇق، توغرىراقى سەن ئوتنىڭ ئۈستىگە ياغ چاچتىڭ. سەن ھېلىقى...

سىرچىلار توغرىسىدىكى گەپلەرنى قىلدىڭ. دېيىشكەن گەپلىرىمىزنى قارىغىنا، ئۇنى مانا شۇ گەپلەر ئەقلىدىن ئازدۇرغان بولسا كېرەك ! شۇ چاغدا مەن ساقچى ئىدارىسىدە يۈز بەرگەن ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى بىلگەن بولسام، بىر مۇتتەھەمنىڭ شۇ ئىشتىن گۇمانلىنىپ... ئۇنىڭغا ھاقارەت كەلتۈرگەنلىكىنى بىلگەن بولسام، ھىم... تۈنۈگۈن سېنىڭ ئۇ گەپلەرنى قىلىشىڭغا ھەرگىز يول قويمىغان بولاتتىم. سەۋدايى بولۇپ قالغانلار بىر تامچە سۇنى دېڭىز دەپ قارىشىدۇ، يالغان گەپلەرنى راست دەپ ئىشىنىپ قالىدۇ... يادىمدا تۇرۇپتۇ. تۈنۈگۈن زامېتوفنىڭ دەپ بەرگەنلىرى گۇمانىمنىڭ تەڭ يېرىمىنى يوق قىلىۋەتتى. راست شۇنداق ! مەن مۇنداق بىر ئىشنى بىلىمەن. گۇمانخورلۇق كېسىلىگە مۇپتىلا بولغان قىرىق ياشلىق بىر كىشى سەككىز ياشلىق بىر بالىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. سەۋەبى، ئۇ ھېلىقى بالىنىڭ ھەر كۈنى داستىخان ئۈستىدە ئۆزىنى مەسخىرە قىلىشىغا چىدىيالمىغان ! شۇ چاغدا راسكولنىكوف جۇل - جۇل كىيىم بىلەن بارغان، ئۇنىڭغا ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قوپاللىق قىلغان. كېسەللىك ئەمدىلا باشلىنىۋاتقان بىر چاغدا شۇنداق بىمەنە گۇمانلىنىشقا دۇچ كەلگەن ! يەنە كېلىپ ئۇ گۇمانخورلۇق كېسىلىگە مۇپتىلا بولغان بىر كىشى دېگىنە ! ئۇنىڭغانىغا يونىغان دېگەنىدەك، ئۇ يەنە ئابرۇيپەرەسلىكى ئىنتايىن كۈچلۈك، ئالاھىدە بىر ئادەم ! ئۇنىڭ كېسىلىنىڭ شۇنىڭدىن باشلانغان بولۇشى ئېھتىمالغا بەك يېقىن ! ھەي، ئۇنى قويۇپ تۇرايلى !... راست دېمەكچى، زامېتوف خېلى دۇرۇس يىگىتكەن، لېكىن، ھىم... تۈنۈگۈن ئاخشام ئۇ ھېلىقى گەپلەرنى دېمەسلىكى كېرەك ئىدى. ئۇ ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ قورقۇسى كەلگۈدەك مەمەدان بالا ئىكەن!

— ئۇ بۇ ئىشلارنى كىملەرگە دېدى؟ سەن بىلەن ماڭىلىمۇ؟

— پورفىرىيگىمۇ دېدى.

— پورفىرىيگە دېسە نېمە بوپتۇ؟

— هە راست، ئۇ ئىككىسى — ئۇنىڭ ئانىسى بىلەن سىڭلىسى سىزنىڭ گېپىڭىزنى ئاڭلارمۇ؟ بۈگۈن راسكولنىكوفقا سەل ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلىش كېرەك ئىدى...

— ئۇلارغا گەپ ئۆتكۈزگىلى بولار؟ — خۇشياقمىغاندەك جاۋاب بەردى رازۇمىخىن.

— ئۇ لۇژىننى نېمىشقا شۇنچىۋالا يامان كۆرۈپ قالغاندۇ؟ ئۇ كاتتا باي ئىكەن، قىزمۇ قارشى ئەمەستەك قىلىدۇ... ئۇلارنىڭ بىر تىيىنمۇ پۇلى يوق ئىكەنغۇ؟

— ئەجەبا ئۇلارنىڭ تېگى - تەكتىنى سۈرۈشتۈرۈپ قاپسەنغۇ؟ — غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى رازۇمىخىن، — ئۇلارنىڭ پۇلىنىڭ بار - يوقلۇقىنى مەن نەدىن بىلەي؟ ئۆزۈڭ بېرىپ سوراپ باق. بىرەر نەرسە ئۇقۇپ قالارسەن بەلكىم...

— ھەي، سەن بەزىدە شۇنداق ئەخمەق بولۇپ كېتىسەنكىن! تۈنۈگۈنكى ھاراقنىڭ كەيپى تېخى تارقالمىغان ئوخشايدۇ... خوش ئەمىسە! بىر كېچە قوندۇرغانلىقى ئۈچۈن، مېنىڭ ئورنۇمدا پراسكوۋيە پاۋلوۋناغا رەھمەت ئېيتىپ قوي. ئۇ ئۆيىگە ئىچىدىن قۇلۇپ سېلىۋالدى. ئىشىكنىڭ تېشىدا تۇرۇپ سالاملاشسام جاۋابمۇ بەرمىدى، ئەتىگەن سائەت يەتتىدە تۇرۇپ كەتتى. ساماۋارنى ئۇنىڭغا ئاشخانىدىن ئۆتۈپ دەھلىز ئارقىلىق ئەكىرىپ بېرىشتى... خانىمنىڭ دىدارىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالمىدىم...

سائەت توپتوغرا توققۇزدا رازۇمىخىن باكالېيېف سارىيىغا كەلدى. ھەر ئىككىلا خانىم ئۇنى خېلىدىن بۇيان تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ ئولتۇراتتى. ئۇلار ئورۇنلىرىدىن سائەت يەتتىلەردە، ھەتتا ئۇنىڭدىن بالدۇرراق تۇرۇپ كەتكەنىدى. ئۇ خانىغا خۇددى قاراڭغۇ كېچىدەك تۇتتۇق كىرىپ قولاشمىغان تەزىمدىن بىرنى قىلدى. لېكىن، بۇ ئىشىغا شۇ ئانلا ئاچچىقى كەلدى — ئەلۋەتتە، ئۇ ئۆزىگە ئۆزى ئاچچىقلىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ قىياسى خاتا بولۇپ چىقتى: پولخېرىيە ئالېكساندروۋنا ئۇنىڭ

ئالدىغا ئېتىلىپ كېلىپ، ئىككى قولىنى تۇتۇۋالدى ـ دە، سۆيۈۋالغۇدەك قىلىپ كەتتى. رازۇمىخىن قورقۇش ئارىلاش ئاۋدوتيە رومانوۋناغا لەپپىدە قاراپ قويدى. لېكىن، ئۇنىڭ تەكەببۇرلۇق چىقىپ تۇرىدىغان چىرايىدا شۇ تاپتا مىننەتدارلىق ۋە دوستلۇقنىڭ ئىپادىلىرى، ئۇ خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان سەمىمىي ھۆرمەت جىلۋىلىنىپ تۇراتتى (ئۇ ئەسلىي ئۇلار ماڭا مەسخىرىلىك ۋە ئۆز ئىختىيارىغا باقمايدىغان، يوشۇرغىلىمۇ بولمايدىغان يىرگىنىش نەزەرىدە قارىشىدىغۇ، دەپ ئويلىغانىدى)، بۇ ئۇنىڭغا تىل ـ ھاقارەت ئاڭلىغاندىنمۇ بەكرەك ئېغىر كەلدى. بۇنىڭ ئەكسىچە بولغىنىدا ئىدى، ئۇنىڭغا خېلىلا يېنىك چۈشكەن بولاتتى. ھېلىمۇ ياخشى گەپلەشكۈدەك تېما تەييار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ گەپنى شۇ تېمىغا بۇرىۋەتتى.

پولخېرىيە ئالېكساندروۋنا ئوغلىنىڭ «تېخىچە ئويغانمىغانلىقىنى»، لېكىن «ھەممە ئىشنىڭ جايىدا» ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ناھايىتى ئوبدان بوپتۇ، چۈنكى بىر ئىشنى سۆزلىشىۋېلىشىمىز تولا زۆرۈر ئىدى، دېدى. ئارقىدىن رازۇمىخىندىن چاي ئىچكەن ـ ئىچمىگەنلىكىنى سوراپ، ئۆزلىرى بىلەن بىللە چاي ئىچىشكە تەكلىپ قىلدى. چۈنكى، ئۇلار رازۇمىخىننى ساقلاپ، تېخىچە چاي ئىچمىگەنىدى. ئاۋدوتيە رومانوۋنا قوڭغۇراقنى چالغانىدى، كىيىملىرى جۇل ـ جۇل، ئۆزىمۇ ناھايىتى مەينەتچىلىككە چۆكۈپ كەتكەن بىر كىشى كىردى، ئاۋدوتيە رومانوۋنا ئۇنىڭغا چاي ئەكىرىشنى بۇيرۇدى. ھەرھالدا داستىخان سېلىنىپ چاي كەلتۈرۈلدى. لېكىن چىنە ـ چەينەكلەر شۇ قەدەر مەينەت ئىدىكى، ئانا ـ بالا قاتتىق خىجىل بولۇشتى. رازۇمىخىن بۇ سارايىنى تازا بىر تىللىماقچى بولۇپ ئاغزىنى ئۆمەللەپ، دەرھال لۇژىنىنى ئەسلىدى ـ دە، ئوڭايسىزلىنىپ ۋە قورۇنۇپ جىم بولۇپ قالدى. پولخېرىيە ئالېكساندروۋنا ئۇنىڭدىن ئۇستا ـ ئۇستىلەپ سوئال سوراشقا باشلىغاندا بولسا، ئۇ بەكلا خۇشال بولۇپ كەتتى.

ئۇ قىرىق بەش مىنۇت گەپ قىلىپ، سورالغان سوئاللارغا جاۋاب بەردى، ئانا ـ بالا ھېلىدىن ـ ھېلىغا سوئال سوراپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋېتەتتى، شۇنداقتىمۇ رازۇمىخىن ئۇلارغا رودىئون راسكولنىكوفنىڭ يېقىنقى بىر يىللىق ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم ۋە ئەڭ زۆرۈر ئىشلاردىن ئۆزى بىلىدىغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى بايان قىلدى، ئاخىرىدا ئۇنىڭ ئاغرىق ئەھۋالىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى. لېكىن، ئۇ دېمەسلىككە تېگىشلىك ئىشلارنى ئاتلاپ كەتتى، جۈملىدىن ساقچى ئىدارىسىدىكى ئىشنى ۋە شۇ سەۋەبلىك بولۇنغان گەپ ـ سۆزلەرنى دەپ ئولتۇرمىدى. ئانا ـ بالا رازۇمىخىننىڭ گەپلىرىنى تەشنالىق بىلەن ئاڭلاشتى؛ رازۇمىخىن ھەممە گەپنى دەپ بولدۇم، ئاڭلىغانلارمۇ قانائەتلەندى، دېگەن ئويغا كەلگەن بىر چاغدا، ئانا ـ بالىنىڭ ئۇ تېخى رەسمىي گەپنى باشلىمىدى، دەپ ئولتۇرغانلىقىنى سېزىپ قالدى.

— دەپ بېقىڭا، قېنى، دەپ بېقىڭا! سىزنىڭچە قانداقراق؟... ھە راست، كەچۈرۈڭ، مەن ھازىرغىچە سىزنىڭ ئىسىم ـ شەرىپىڭىزنى بىلمەيمەن! — دېدى پولخېرىيە ئالېكساندروۋنا تاقەتسىزلىنىپ.

— دمىترىي پروكوۋىچ[1].

— ئەمىسە، دمىترىي پروكوۋىچ، مېنىڭ شۇنى قەۋەتلا بىلگۈم كېلىدۇ... ئومۇمەن ئېيتقاندا... ھازىر ئۇنىڭ نەرسىلەرگە قارىشى قانداقراق... يەنى، دېمەكچى بولغىنىم، سىزگە قانداق دېسەم بولار، مەسىلەن ئالايلى، ئۇ نېمىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ، نېمىلەرنى يامان كۆرىدۇ؟ ئۇ بۇرۇندىنلا شۇنداق ئاسان خاپا بولۇپ قالامتى؟ ئەگەر مۇمكىن بولسا، دەپ بەرسىڭىز، ئۇ نېمىلەرنى ئارزۇ قىلىدۇ؟ ياكى مۇنداقلا دەيلى، نېمىلەرنى خىيال قىلىدۇ؟ ئۇنىڭغا ھازىر ئالاھىدە تەسىر قىلىۋاتقان نەرسە زادى نېمە؟

[1] دمىرىي پروكوۋىچ — رازۇمىخىننىڭ ئۆزىنىڭ ۋە دادىسىنىڭ ئىسمى.

قىسقىسى، خىيالىمدا...

— ئاھ، ئانا، شۇنچە نۇرغۇن سوئالغا ئۇ قانداقمۇ جاۋاب بېرىپ بولالايدۇ! — دېدى دونىيە.

— ئۇھ، پەرۋەردىگار، مەن ئۇنى مۇشۇنداق ئەھۋالدا كۆرەرمەن دەپ زادى - زادى ئويلىماپتىكەن، دمىترىي پروكوۋىچ!

— بۇ ناھايىتى تەبىئىي، — جاۋاب بەردى دمىترىي پروكوۋىچ، — مېنىڭ ئانام يوق. تاغام مېنى كۆرگىلى ھەر يىلى كېلىپ تۇرىدۇ. ئۇ ئەقىللىق ئادەم بولسىمۇ، ھەر قېتىم كەلگىنىدە دېگۈدەك مېنى تاشقى قىياپىتىمدىن تونۇيالماي قالىدۇ. سىلەرنىڭ كۆرۈشمىگىنىڭلارغا ئۈچ يىل بوپتۇ. ئەلۋەتتە ئۆزگىرىش تېخىمۇ زور بولىدۇ - دە. مەن سىلەرگە نېمە دېيەلەيمەن؟ مېنىڭ رودىئون بىلەن تونۇشقىنىمغا بىر يېرىم يىل بولدى. ئۇ غەمكىن، مەيۈس، تەكەببۇر، يېقىندىن بۇيان (بەلكىم بۇنىڭغا خېلى ئۇزۇن بولغاندۇ) ئۇ خاپىغان ۋە گۇمانخور بولۇپ قالدى. ئۇ ئالىيجاناب ۋە ئاق كۆڭۈل، ھېسسىياتىنى ئاشكارىلاشنى ياقتۇرمايدۇ. رەھىمسىزلىك قىلسا قىلىدۇكى، كۆڭلىدىكى گەپنى دېيىشنى خالىمايدۇ. بەزىدە قارىسىڭىز گۇمانخورلۇق كېسىلىدىن خالاس بولۇپ كەتكەندەك قىلىدۇ، لېكىن مۇئامىلىسىنىڭ سوغۇقلۇقى، بىپەرۋالىقى بىلەن باغرى تاشلىق دەرىجىسىگە بېرىپ يېتىدۇ. راست دېيەمەن، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا بىر - بىرىگە زىت ئىككى خىل تەبىئەت نۆۋەتلىشىپ ئۆزىنى كۆرسىتىپ تۇرىدىغاندەكلا تۇيۇلىدۇ. بەزى چاغلاردا ئۇ ئىنتايىن كەم سۆز بولۇپ قالىدۇ. ھەمىشە ۋاقتىم يوق، خەقلەر ماڭا دائىم كاشىلا قىلىدۇ، دەپ قاقشايدۇ. لېكىن، ئۇ ھېچ ئىش قىلماي، كەچكىچە سوزۇلۇپ ياتىدۇ. كۈلكە - چاقچاقنى ياقتۇرمايدۇ. بۇ ئۇنىڭ چاقچاق قىلىشنى بىلمەسلىكىدىن ئەمەس، بەلكى مۇنداق ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارغا ئىسراپ قىلغۇدەك ۋاقتىنىڭ يوقلۇقىدىن بولسا كېرەك. ئۇ ئەزەلدىن بىراۋنىڭ گېپىنى ئاخىرىغىچە ئاڭلاپ باققان ئەمەس، مۇئەييەن

بىر مەزگىلدە ھەممە ئادەم قىزىقىقان ئىشقا ئۇ زادىلا قىزىقىپ باققان ئەمەس. ئۇ ئۆزىگە بەكلا تەمەننا قويىدۇ، ئۇنىڭ مۇشۇنداق قىلىشقا ئازدۇر ـ كۆپتۇر ھەققى باردەكمۇ قىلىدۇ. خوش، يەنە نېمىلەر قالدى؟ مېنىڭچە، سىلەرنىڭ كەلگىنىڭلار ئۇنىڭغا دورىدەك شىپا بولىدۇ.

— ئاھ، دېگىنىڭىز كەلسۇن، ئىلاھىم! — دەۋەتتى پولخېرىيە ئالېكساندروۋنا رازۇمىخىننىڭ رودىيە توغرىسىدىكى گەپلىرىنى ئاڭلاپ قاتتىق ئازابلىنىپ.

رازۇمىخىن ئاخىر غەيرىتىگە ئېلىپ ئاۋدوتيە رومانوۋناۋغا دادىللىق بىلەن قارىدى. ئۇ گەپ قىلىۋېتىپ ئۇنىڭغا پات ـ پات يەرنىڭ تېگىدىن قاراپ قويۋاتتى ـ يۇ، لېكىن كۆزىنى شۇ ئانلا باشقا ياققا ئېلىپ قاچاتتى. ئاۋدوتيە رومانوۋنا بولسا، بەزىدە ئۇستەلگە كېلىپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ سۆزىگە دىققەت بىلەن قۇلاق سالسا، بەزىدە ئورنىدىن تۇرۇپ كېتەتتى ـ دە، ئادىتى بويىچە قوللىرىنى گىرەلەشتۇرۇپ، لەۋلىرىنى چىڭ يۇمۇپ، ئۆيدە ئۇياق ـ بۇياققا ماڭاتتى. ئارىلاپ ـ ئارىلاپ بىرەر سوئال سوراپ قويۋاتتى. لېكىن، قەدىمىنى توختاتمايتتى. خىيال سۈرۈشنى داۋاملاشتۇرىۋېرەتتى. گەپ قىلىۋاتقان ئادەمنىڭ گېپىنى ئاخىرىغىچە ئاڭلىماسلىق ئۇنىڭغىمۇ ئادەت بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ئۇچىسىغا نېپىز قارا رەختتىن تىكىلگەن كۆڭلەك كىيىپ، بويىنىغا ئاق ھېلىلە ياغلىق چىگىۋالغانىدى. رازۇمىخىن نۇرغۇن ئالامەتلەردىن بۇ ئىككى ئايالنىڭ تولىمۇ يوقسۇل ھالەتتە تۇرۇۋاتقانلىقىنى بايقىدى. ناۋادا ئاۋدوتيە رومانوۋنا خانىشلاردەك كىيىنگەن بولسا ئىدى، ئۇ ھالدا رازۇمىخىن ئۇنىڭدىن قىلچە قورقمىغان بولاتتى. ھازىر ئۇلارنىڭ ئىنتايىن يوقسۇل ھالەتتە تۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئاۋدوتيە رومانوۋنانىڭ تولىمۇ ناچار كىيىنگەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرغاچقا، ئۇنىڭ قەلبىنى قورقۇنچ چىرمىۋالدى. شۇڭا، ئۇ ھەربىر ئېغىز سۆزىدىن، ھەربىر ھەرىكىتىدىن خۇدۇكسىرىدى. بۇ ئەلۋەتتە ئۇنىڭسىزمۇ ئۆزىگە

ئانچە ئىشەنمەي تۇرۇۋاتقان رازۇمىخىنغا تېخىمۇ ئېغىر كەلمەكتە ئىدى.

— ئاكامنىڭ تەبىئىتى توغرۇلۇق سىز بىزگە نۇرغۇن قىزىقارلىق ئىشلارنى سۆزلەپ بەردىڭىز. يەنە كېلىپ... خالىس گەپ قىلدىڭىز. مېنىڭچە، سىز ئۇنى ئىنتايىن ھۆرمەت قىلىدىكەنسىز، — دېدى ئاۋدوتيە رومانوۋنا كۈلۈمسىرەپ، — ئۇنىڭ قېشىدا بىرەر ئايال بولۇشى كېرەك. بۇ گەپمۇ توغرىدەك قىلدۇ، — قوشۇپ قويدى ئۇ ئويلىنىپ.

— مەن ئۇنداق دېمىدىم، لېكىن سىزنىڭ بۇ گېپىڭىز بەلكىم توغرىدۇر. شۇغىنىسى...

— نېمە؟

— ئۇ ھېچكىمنى ياقتۇرمايدۇ، بەلكى ئەبەدىي ھېچكىمنى ياخشى كۆرمەسلىكى مۇمكىن، — دېدى رازۇمىخىن قىلچە ئەيمەنمەي.

— سىز ئۇنى ياخشى كۆرۈشنى بىلمەيدۇ، دېمەكچىمىدىڭىز؟

— بىلەمسىز، ئاۋدوتيە رومانوۋنا، سىز ئاكىڭىزغا بەك ئوخشايدىكەنسىز، قۇيۇپ قويغاندەك، — دەۋەتتى ئۇ كۈتمىگەندە تامدىن تارىشا چۈشكەندەكلا گەپ قىلىپ، لېكىن شۇ ئانلا ئۇنىڭ ئاكىسى توغرۇلۇق ھېلىراقتا ئۆزى دېگەن گەپلەرنى ئەسلەپ، ئىختىيارسىز شالپەردەك قىزىرىپ، ئۆزىنى يوقىتىپ قويدى. ئاۋدوتيە رومانوۋنا ئۇنىڭغا قاراپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— روديە توغرۇلۇق ھەر ئىككىڭلار خاتا ئويلاپ قالغان بولۇشۇڭلار مۇمكىن، — دېدى پولخېرىيە ئالېكساندرووۋنا سەل ئەجەبلەنگەندەك قىلىپ، — مەن ئۇنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى دەۋاتقىنىم يوق. دونېچكا پېتىر پېترووۋىچنىڭ مۇنۇ خەتتە يازغانلىرى... ئىككىمىزنىڭ قىياسىمىز خاتا بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، دمىترىي پروكوۋىچ، سىز ئۇنىڭ نەقەدەر ھەمىدەم خىياللىقىنى ۋە بەڭباشلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايسىز، مەن

ئۇنىڭ مىجەزىنى زادىلا بىلىپ بولالمىدىم. ئۇ ئون بەش ياشقا كىرگەن چېغىدىمۇ شۇنداق ئىدى، مەن هازىرمۇ شۇنىڭغا كامىل ئىشىنىمەنكى، ئۇ كۆتمىگەندە هېچكىم هېچقاچان خىيالىغا كەلتۈرمەيدىغان بىر ئىشنى قىلىپ قويۇشى مۇمكىن... يىراقتىكىنى قويۇپ تۇرايلى، بىلەمسىزكىن، بىر يېرىم يىلنىڭ ئالدىدا، ئۇ ئۇشتۇمتۇت يوقىلاڭ خىيالغا بېرىلىپ، بىر قىزغا — ئىسمى نېمىدى؟ غوجايىن ئايال زارنىتسىنانىڭ قىزىغا ئۆيلەنمەكچى بولدى. شۇ چاغدا ئۇ مېنى شۇنداق هەيران قالدۇرغان، قاتتىق چۆچۈتۈپ، جېنىمدىن جۇدا قىلىۋەتكىلى قىل قالغان.

— سىز شۇ ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى بىلەمسىز؟ — سورىدى ئاۋدوتيە رومانوۋنا.

— سىزنىڭچە، — داۋام قىلدى پولخېرىيە ئالېكساندروۋنا هاياجان بىلەن، — سىزنىڭچە مېنىڭ كۆز ياشلىرىم، يالۋۇرۇشلىرىم، كېسەللىكىم، ئېهتىمالكى، دەردكە چىدىماي ئۆلۈپ كېتىشىم، بىزنىڭ كەمبەغەللىكىمىز ئۇنى شۇ چاغدىكى نىيىتىدىن ياندۇرالارمىدى؟ ياق، ئۇ جىمىكى توسالغۇنى بىمالال ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتىۋېرەتتى. ئەجەبا، ئەجەبا ئۇ بىزنى ياخشى كۆرمەمدىغاندۇ!

— ئۇ ئىش توغرۇلۇق ئۇ ماڭا بىرەر ئېغىزمۇ گەپ قىلىپ باقمىدى، — دېدى رازۇمىخىن ئېهتىيات بىلەن جاۋاب بېرىپ، — لېكىن زارنىتسىنا خانىمدىن بەزى گەپلەرنى چالا - پۇچۇق ئاڭلىغان، مەلۇم جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇمۇ گەپكە تازا ئۇستىلاردىن ئەمەس. مېنىڭ ئاڭلىغانلىرىم بىرئاز غەلىتىرەك...

— نېمە، نېمىلەرنى ئاڭلىغانىدىڭىز؟ — تەڭلا سورىدى ئانا - بالا.

— بۇ ئىشنىڭ بەكمۇ ئالاھىدە يېرىمۇ يوق، مېنىڭ ئاڭلىغانلىرىم ناهايىتى، زارنىتسا خانىمنىڭ ئۆزىمۇ بۇ تويغا ئانچە بەك رازى بولۇپ كەتمەپتىكەن. تويغا ئاز قالغاندا، قىز

تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كېتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن توي توختاپ قاپتۇ. بۇنىڭدىن تاشقىرى، ئاڭلىشىمچە ئۇ قىز چىرايلىقمۇ ئەمەس ئىكەن، يەنى ھەتتا بەكمۇ سەت ئىكەن... ئاغرىقچان... مىجەزىمۇ بەكلا غەلىتە ئىكەن... لېكىن، بەزىبىر پەزىلەتلىرىمۇ بار ئوخشايدۇ. گەپ يوق بەزىبىر پەزىلەتلىرىمۇ بار، ئۇنداق بولمىسا، بۇنى چۈشىنىش مۇمكىن ئەمەس... ئۇنىڭ ھېچقانداق قىز مېلى يوق ئىكەن. ئەلۋەتتە، رودىيە قىز مېلىنىڭ بار ـ يوقلۇقى بىلەن ئانچە ھېسابلىشىپمۇ كەتمەيدۇ... ئومۇمەن مۇنداق ئىشلارغا بىرنېمە دېيىش قىيىن.

— ئىشىنىمەنكى، ئۇ بىر ياخشى قىز، — دېدى ئاۋدوتيە رومانوۋنا قىسقىلا قىلىپ.

— مېنىڭمۇ خۇدايىم ئۆزى كەچۈرەر. شۇ چاغدا ئۇ قىزنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىگە بەكلا خۇش بولۇۋىدىم. گەرچە ئۇلاردىن قايسىسىنىڭ قايسىسىنى — ئوغلۇمنىڭ ئۇ قىزنى ياكى ئۇ قىزنىڭ ئوغلۇمنى — گۇرگە تىقىشىنى بىلمىسەممۇ، — دەپ قويدى پولخېرىيە ئالېكساندروۋنا. ئارقىدىن ئۇ ئېھتىيات بىلەن دۇدۇقلاپ دېگۈدەك رودىيە بىلەن لۇژىنىنىڭ تۈنۈگۈن نېمىلەرنى تالاشقانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈشكە باشلىدى. ئۇ گەپ قىلىۋېتىپ دونيەگە پات ـ پات يەر تېگىدىن قاراپ قويدى، بۇ گەپلەرنى دونيەنىڭ ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمەيدىغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. پولخېرىيە ئالېكساندروۋنانى باشقا ھەرقانداق ئىشتىن كۆرە مۇشۇ ئىشنىڭ ھەممىدىن بەك بىئارام ۋە تەقەززا قىلىۋاتقانلىقى، ھەتتا قورقۇتۇۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى، رازۇمىخىن بۇ ئىشنىڭ پۈتكۈل جەريانىنى بىر باشتىن تەپسىلىي سۆزلىدى. ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ يەكۈنىنى قوشۇپ قويدى. ئۇ توغرىدىن ـ توغرا راسكولنىكوفنىڭ پېتىر پېتروۋىچنى قەستەن ھاقارەتلىگەنلىكىنى ئەيىبلىدى. ئۇنىڭ ئاغرىقلىقىنىمۇ ئانچە ھېسابقا ئېلىپ ئولتۇرمىدى.

— ئۇ شۇنداق قىلىشنى ئاغرىپ قېلىشىنىڭ ئالدىدىلا

كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغان، — قوشۇمچە قىلدى ئۇ.

— مەنمۇ شۇنداق ئويلىغان، — دېدى پولخېرىيە ئالېكساندروۋنا مەيۈسلىنىپ، لېكىن ئۇ رازۇمىخىننىڭ بۇ قېتىم پېتېر پېتروۋىچ ھەققىدە شۇ قەدەر ئېھتىياتچانلىق ۋە ھۆرمەت - ئېھتىرام بىلەن گەپ قىلغانلىقىنى كۆرۈپ ھاڭ - تاڭ قالدى. بۇ ھالەت ئاۋدوتيە رومانوۋنانىمۇ ھەيران قالدۇردى.

— پېتېر پېتروۋىچ ھەققىدە سىز شۇنداق پىكىردىمۇ؟ — سورىدى پولخېرىيە ئالېكساندروۋنا تاقەتسىز بولۇپ.

— قىزىڭىزنىڭ لايىقى ھەققىدە مېنىڭ باشقىچە پىكىردە بولۇشۇممۇ مۇمكىن ئەمەسقۇ، — دېدى رازۇمىخىن كەسكىن، ئەمما قىزغىن جاۋاب بېرىپ، — مېنىڭ مۇنداق دېيىشىم پەقەت ئەدەپ يۈزىسىدىنلا ئەمەس، چۈنكى... ئۇ ئادەمنى قىزىڭىز ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن تاللىغان. ئەگەر تۈنۈگۈن ئۇنى قاتتىق تىللىغان بولسام، ئۇ تۈنۈگۈن مەسلىكتە خۇدۇمنى يوقاتانلىقىمدىن بولغان ئىش. ئۇنىڭ ئۈستىگە... تەلۋىلىكىممۇ تۇتۇپ قالغان چېغى. توغرا، تەلۋىلىكىم تۇتۇپ، ھوشۇمنى يوقىتىپ، ساراڭلا بوپتىمەن... بۈگۈندىن بەك خىجىل بولۇۋاتىمەن، — ئۇ ھۆپپىدە قىزىرىپ، جىم بولۇپ قالدى. ئاۋدوتيە رومانوۋنامۇ قىزىرىپ كەتتى، لېكىن جىمجىتلىقنى بۇزمىدى. لۇژىنى ھەققىدە گەپ باشلانغان مىنۇتتىن تارتىپ، ئۇ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى.

شۇ چاغدا پولخېرىيە ئالېكساندروۋنا قىزىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمىگەچكە، نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالدى. ئاخىر ئۇ ھېلىدىن - ھېلىغا قىزىغا قاراپ قويۇپ دۇدۇقلىغىنىچە، ھازىر بىر ئىشتىن بەكلا ئەنسىرەۋاتقانلىقىنى ئېيتتى.

— قاراڭ، دمىترىي پروكوۋىچ... — دېدى ئۇ، — مەن دمىترىي پروكوۋىچقا ھەممە گەپنى ئوچۇق - ئاشكارا دەۋېرەيمۇ، دونېچكا؟

— دەۋەرگىن، ئانا، — دېدى ئاۋدوتيە رومانوۋنا تەمكىنلىك بىلەن.

— مۇنداق ئىش، — ئالدىراپ گەپ باشلىدى پولخېرىيە ئالېكساندروۋنا گويا دەردىنى تۆكۈشكە ئىجازەت ئېلىپ، ئۈستىدىن بېسىپ تۇرغان تاغنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغاندەك بولۇپ، — بىز بۈگۈن ئەتىگەندە، پېتېر پېتروۋىچتىن بىر خەت ئالدۇق. بۇنى ئۇ بىزنىڭ يېتىپ كەلدۇق... دەپ خەۋەر بېرىپ يازغان خېتىمىزگە جاۋابەن يېزىپتۇ. قاراڭ، ئۇ ئەسلىي تۈنۈگۈن بىزنى ۋوگزالدا كۈتۈۋېلىشقا ۋەدە بەرگەن. لېكىن، ئۇ ئالدىمىزغا ئۆزى چىقماي، بىر خىزمەتكارنى چىقىرىپتۇ، ئۇنىڭغا مۇشۇ سارايىنىڭ ئادرېسىنى بېرىپ، بىزنى مەشەگە ئەكېلىپ قويۇشنى تاپىلاپتۇ، ئاندىن پېتېر پېتروۋىچ ئۇنىڭغا ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئەتە ئەتىگەندە بارىمەن، دەپتۇ. ئەمما، بۈگۈن ئەتىگەنمۇ كەلمەي، بىرسىدىن مانا ماۋۇ خەتنى ئەۋەتىپتۇ... ياخشىسى ئۆزىڭىز ئوقۇپ بېقىڭ. خەتتىكى بىر گەپ مېنى ئەندىشىگە سېلىپ قويدى... ئۇنىڭ نېمە گەپلىكىنى ھازىر ئۆزىڭىز كۆرىسىز. ئاندىن... ئۆز پىكرىڭىزنى بىزگە ئوچۇق - يورۇق دەۋېرىڭ، دمىترىي پروكوۋىچ ! رودىيەنىڭ مىجەز - خۇلقىنى ھېچكىم سىزنىڭچىلىك بىلمەيدۇ، ئاندىن ھېچكىم بىزگە سىزنىڭچىلىك مەسلىھەت بېرەلمەيدۇ. مەن سىزگە ئالدىن دەپ قوياي، دونېچكا ئاللىبۇرۇن بىر قارارغا كېلىپ بولدى. لېكىن، مەن تېخىچە نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەيۋاتىمەن، شۇڭا مەن... مەن سىزنى ساقلاپ تۇرغان.

رازۇمىخىن تۈنۈگۈنكى چېسلا يېزىلغان خەتنى ئېچىپ، تۆۋەندىكىلەرنى ئوقۇدى:

مەرھەمەتلىك خانىم ئاۋدوتيە ئالېكساندروۋنا، ئىجازەتلىرى ئىلە سىلىگە شۇنى مەلۇم قىلماقچىمەنكى، كۈتمىگەندە تولا زۆرۈر ئىشىم چىقىپ قېلىپ، ئىككىلىرىنىڭ ئالدىلىرىغا چىقىپ كۈتۈۋالالمايدىغان بولدۇم. شۇ ۋەجىدىن پۇتى چاققان بىر مۇلازىمنى ئەۋەتتىم، شۇنداقلا

ئەتە ئەتىگەندىمۇ ئىككىلىرى بىلەن ئۇچرىشىش شەرىپىگە ئېرىشەلمەيدىغان بولدۇم، چۈنكى سېناتتا كېچىكتۈرگىلى بولمايدىغان بىر ئىشىم چىقىپ قالدى. ئاندىن سىلى ئوغۇللىرى بىلەن، ئاۋدوتيە رومانوۋنا ئاكىسى بىلەن دىدارلاشقان چاغدا، ھەربىرلىرىگە مالاللىق يەتكۈزمەي دېدىم. ھەربىرلىرىنى زىيارەت قىلغىلى ھەمدە ھۆرمەت ـ ئېھتىرامىمنى بىلدۈرگىلى ھۇزۇرلىرىغا ئەتە كەچتە سائەت دەل سەككىزدە بارماقچىمەن. ئەينى زاماندا ئەدەپسىزلىك بولسىمۇ، سىلەردىن شۇنى سەمىمىي، شۇنداقلا قەتئىي تەلەپ قىلىمەنكى، بىز دىدارلاشقاندا، رودىئون رومانوۋىچ شۇ سورۇندا بولمىسۇن، چۈنكى پېقىرلىرى تۈنۈگۈن ئۇنى زىيارەت قىلىپ بارغىنىمدا، ئۇ ئاغرىق ئۈستىدە تۇرۇپ، پېقىرلىرىغا ھەددىدىن زىيادە ھاقارەت قىلدى. بۇنىڭدىن سىرت يەنە بىر ئىشنى سىلىگە تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ قويۇشۇم زۆرۈر، دەپ ھېسابلايمەن ھەمدە بۇ توغرۇلۇق ئۆزلىرىنىڭ پىكىرلىرىنى ئاڭلاشنى ئۈمىد قىلىمەن. يەنە شۇنى ئالدىن ئېيتىپ قويايكى، ناۋادا ئىلتىماسىم ئېتىبارسىز قالدۇرۇلۇپ، رودىئون رومانوۋىچ بىلەن ئۇچرىشىپ قالسام، ئۇ ھالدا نائىلاجلىقتىن شۇ ئانىلا كېتىمەن. ئۇ چاغدا ھەممىنى ئۆزلىرىدىن كۆرۈشسىلە. مېنىڭ بۇلارنى يېزىشىمنىڭ ۋەجى مانا مۇنداق: مەن زىيارەت قىلىپ بارغاندا رودىئون رومانوۋىچ ئېغىر كېسەلدەك كۆرۈنگەنىدى. ئىككى سائەتتىن كېيىن بىردىنلا ساقىيىپ قاپتۇ. ئۇ ئۆيىدىن چىقالىغانىكەن، دېمەك ھەربىرلىرىنى يوقلاپ بېرىشىمۇ مۇمكىن. ئاتنىڭ ئايىغىدا قېلىپ ئۆلگەن بىر ھاراقكەشنىڭ ئۆيىدە كۆرگەنلىرىم مېنى بۇنىڭغا تولۇق ئىشەندۈردى. ئۇ مانا شۇ جايدا مېيىتنى ئۆزىتىشقا ياردەم دېگەن نام بىلەن ھېلىقى ھاراقكەشنىڭ ئەخلاقىي پەزىلەتتە بۇزۇلۇپ، ئابرۇيى تۆكۈلۈپ كەتكەن قىزىغا يىگىرمە بەش رۇبلىچە پۇل بەردى. بۇ مېنى قاتتىق ھەيران قالدۇردى. چۈنكى، مەن سىلىنىڭ بۇ پۇللارنى قانچىلىك قىيىنىلىپ تاپقانلىقلىرىنى ئوبدان بىلىمەن. ئاخىرىدا سەمىمىي ھۆرمىتىمنى قوبۇل ئەتكەيلا. قەدىرلىك ئاۋدوتيە رومانوۋناغا ئالاھىدە ئېھتىرامىمنى يەتكۈزۈپ قويغايلا.

سادىق چاكارلىرى
پ. لۇژىنى

— ئەمدى مەن قانداق قىلسام بولار. دمىترىي پوروكوۋىچ؟ — دېدى پولخېرىيە ئالېكساندروۋنا يىغلىغۇدەك بولۇپ، — مەن روديەگە قانداقمۇ كەلمە دېيەلەيمەن؟ تۈنۈگۈن ئۇ شۇنداق قاتتىق تۇرۇپ پېتېر پېترووۋىچنى رەت قىلىۋېتىڭلار، دېدى. لۇژىنى بولسا، روديەنى كەلمىسۇن دەپتۇ! ئەگەر ئۇ بىلىپ قالسا، ئەتەيگە بولسىمۇ كېلىدۇ، ئۇ ھالدا... ئۇ ھالدا نېمە ئىشلار بولۇپ كېتەر؟

— ئۇنداقتا، ئاۋدوتيە رومانوۋنا قانداق قارارغا كەلگەن بولسا شۇنداق قىلىڭ، — دېدى رازۇمىخىن شۇ ئانىلا خاتىرجەم جاۋاب بېرىپ.

— ۋاي خۇدايىمەي! ئۇ دەيدۇ... خۇدا ئۆزى بىلىدۇ ئۇنىڭ نېمىلەرنى دېگەنلىكىنى، ئۇمۇ ئويلىغانلىرىنى چۈشەندۈرۈپ دېگىلى ئۇنىمايدۇ! ئۇچۇ، ياخشىسى... ئۇنىڭ نېمىسى ياخشىكىنتاڭ، بەلكىم بىرەر غەرىزى بولسا كېرەك، بۈگۈن سائەت سەككىزدە روديە قەستەن بولسىمۇ كەلسۇن، ئۇلارنى ئۇچراشتۇرايلى، دەيدۇ... مېنىڭغۇ، بۇ خەتنى ئۇنىڭغا كۆرسەتكۈم يوق، سىزنى بىرەر ئەپچىل چارە تاپسا، ئۇنى بۇ يەرگە كەلتۈرمەيلى دېۋىدىم... نېمىشقا دېسىڭىز، ئۇنىڭ ئاسانلا سەپرايى ئۆرلەپ قالىدۇ... بۇنىڭدىن تاشقىرى ھېچ چۈشەنمىدىم، قايسىبىر ھاراقكەش ئۆلۈپتۇدەك، ئۇنىڭ بىر قىزى بارىمىش، ئۇ ئۆزىنىڭ ئاخىرقى ئازراقىنا پۇللىرىنىڭ ھەممىسىنى شۇ قىزغا بېرىۋېتىپتۇدەك... ئۇ پۇللارنى مەن...

— جىق جاپا تارتىپ ئاران تاپقانتىڭىز، ئانا، — قوشۇمچە قىلدى ئاۋدوتيە رومانوۋنا.

— تۈنۈگۈن ئۇنىڭ كەيپى جايىدا ئەمەس ئىدى، — دېدى رازۇمىخىن ئويچانلىق بىلەن، — تۈنۈگۈن ئۇنىڭ قاۋاقخانىدا قىلغان ئىشلىرىنى بىلگەن بولساڭلار ياخشى بولاتتى. گەرچە ئۇ

ئاجايىپ ئاقىلانە ئىش قىلغان بولسىمۇ... ھىم! تۇنۇگۇن ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆيگە قايتىپ كېلىۋاتقىنىمدا، ئۇ راستىلا كىمدۇر بىرسىنىڭ ئۆلگەنلىكى، يەنە كىمدۇر بىر قىز توغرۇلۇق بىرنېمىلەرنى دېگەندەك قىلغان، لېكىن ئۇنىڭ بىر ئېغىز گېپىنىمۇ چۈشەنمىدىم... سەۋەبى، تۇنۇگۈن ئۆزۈممۇ...

— ياخشىسى، ئانا، ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆزىمىز بارايلى. خاتىرجەم بولۇڭ، نېمە قىلىش كېرەكلىكى شۇ يەردە دەرھاللا مەلۇم بولىدۇ. ئاندىن... ۋاقىتمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى، ۋېيەي! سائەت ئوندىن ئېشىپ كېتىپتۇ! — ئۇ بويىنىدىكى نازۇك ۋېنېتسىيە زەنجىرىگە ئېسىقلىق تۇرغان ئىنتايىن ياخشى ئىشلانغان ئالتۇن سائەتكە قاراپ ئىختىيارسىز ۋارقىرىۋەتتى. بۇ ئالتۇن سائەت ئۇنىڭ ئۇستىبېشىغا زادىلا ماس كەلمەيتتى. «كۆيۈ ئوغلىنىڭ سوۋغىسى» ئويلىدى رازۇمىخىن.

— ۋېيەي، ۋاقتى بوپتۇ!... ماڭايلى، دونېچكا، ماڭايلى! — ھولۇقۇپ ئېسەنگىرەپ قالدى پولخېرىيە ئالېكساندروۋنا، — شۇ چاغقىچە بارمىساق، ئۇ بىزنى تۇنۇگۈن خاپا بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالىدۇ. ۋاي، خۇدايىمەي!

ئۇ شۇ گەپلەرنى دېگەچ ئالدىراپ ـ سالدىراپ كىيىملىرىنى، شلەپىسىنى كىيدى؛ دونېچكامۇ كىيىمىنى كىيىپ بولدى. رازۇمىخىن ئۇنىڭ پەلەيلىرىنىڭ خېلىلا كونىرىغانلىقىنى، ھەتتا بىرمۇنچە يېرىنىڭ تېشىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ قالدى. كىيىملىرىنىڭ مۇنداق ئوپئوچۇقلا ناچارلىقى ئۇنىڭ تاشقى قىياپىتىگە ئۆزگىچە بىر قەدىر ـ قىممەت بېغىشلىغانىدى. ئادەتتە ناچار كىيىملەرنى كىيىپ يۈرىدىغان، لېكىن قانداق كىيىنىشنى بىلىدىغان ئادەملەرنىڭ تاشقى قىياپىتى مانا شۇنداق قەدىر ـ قىممەتكە ئىگە بولىدۇ. رازۇمىخىن دونېچكاغا ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن قارىدى ھەمدە ئۇنى باشلاپ ماڭغانلىقىدىن قاتتىق پەخىرلەندى. «تۈرمىدە ئولتۇرۇپ پايپىقىنى ئۆزى يامىغان

خانىش[1]، دەل شۇ چاغدىلا ھەقىقىي خانىشقا ئوخشىغان، ئەڭ ھەشەمەتلىك مۇراسىملارغا قاتناشقان ۋە ھۇزۇرىغا كىرگەنلەرنى قوبۇل قىلغان چېغىدىكىدىنمۇ گۈزەلرەك كۆرۈنگەن بولسا كېرەك» دەپ ئويلىدى ئۇ.

— ۋاي خۇدايىم، — ۋارقىرىدى پولخېرىيە ئالېكساندروۋنا، — ئۆز ئوغلۇم بىلەن كۆرۈشۈشتىن، سۆيۈملۈك بالام، جېنىم رودىيەم بىلەن كۆرۈشۈشتىن قورقارمەن، دەپ خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمەيتىكەنمەن. شۇ تاپتا بەكلا قورقۇپ كېتىۋاتىمەن!... قورقۇپ كېتىۋاتىمەن. دمىترىي پروكوۋىچ! — قوشۇپ قويدى ئۇ رازۇمىخىنغا يۈرەكئالدىلىق بىلەن قاراپ قويۇپ.

— قورقماڭ، ئانا، — دېدى دونيە ئۇنى سۆيۈپ، — ياخشىسى ئۇنىڭغا ئىشىنىڭ، مەن ئۇنىڭغا ئىشىنىمەن.

— ۋاي خۇدايىمەي! مەنمۇ ئىشىنىمەن، لېكىن كېچىچە ئۇخلىيالمىدىم، — قاقشىدى بىچارە ئايال.

ئۇلار كوچىغا چىقتى.

— بىلەمسەن، دونېچكا، بۈگۈن ئەتىگەن كۆزۈم ئازراقلا ئىلىنىپتىكەن، مەرھۇم مارفا پېتروۋنا چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ... ئاپپاق كىيىنىۋاپتۇدەك... ئالدىمغا كېلىپ قولۇمدىن تۇتۇپ، بېشىنى چايقىغۇدەك، خۇددى مېنى ئەيىبلەۋاتقاندەك، ماڭا ھومىيىپ - ھومىيىپ قارايمىش... ياخشىلىقنىڭ ئالامىتىمىدۇ؟ ۋاي خۇدايىمەي، دمىترىي پروكوۋىچ تېخى خەۋەر تاپمىدىڭىز ھەرقاچان. مارفا پېتروۋنا ئۆلۈپ كەتتى!

— راست، خەۋىرىم يوق، قايسى مارفا پېتروۋنا؟

— تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كەتتى! ئويلاپ بېقىڭ...

— ئانا، بولدى، كېيىن دەرسىز، — گەپكە ئارىلاشتى دونېچكا، — بۇياق مارفا پېتروۋنانىڭ كىملىكىنى بىلمەيدىغان

---

[1] بۇ يەردە فىرانسىيە پادىشاھى لۇئى XVI نىڭ خوتۇنى مارىيا ئانتوئانېتتا كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇ بۇيۈك فىرانسىيە ئىنقىلابى مەزگىلىدە تۈرمىدە ياتقان.

تۇرسا.

— ھە، بىلمەمتىڭىز؟ مەن سىزنى تېخى ھەممىنى بىلىدىغان چېغى دەپتىمەن. كەچۇرۇڭ، دمىترىي پروكوۋىچ، بىرنەچچە كۈن بولدى. بېشىم قېيىپلا كەتتى. سىزنى ئۈچرىتىپ خۇددى خىزىرغا يولۇقىقاندەك بولدۇق. شۇڭلاشقا سىزنى ھەممىدىن خەۋەردار چېغى دەپ ئويلاپ كېتىپتىمەن. سىزنى تۇغقىنىمىدەك كۆرگىنىم... مۇنداق دېسەم، كۆڭلىڭىزگە كېلىپمۇ قالمىسۇن! ۋاي خۇدايىمەي، ئوڭ قولىڭىزغا نېمە بولدى؟ ئۈرۈۋالدىڭىزمۇ؟

— ھەئە، ئۈرۈۋالدىم، — غودۇڭشىدى ئۆزىنى بەكلا بەختىيار ھېس قىلغان رازۇمىخىن.

— بەزىدە كۆڭلۈمگە كەلگىنىنى دەپ سالىدىغان ئىشىم بار. شۇڭا دائىم دونيچكا گېپىمنى توغرىلاپ تۇرىدۇ... شۇنداقتىمۇ، ۋاي خۇدايىم، ئۇنىڭ تۇرۇۋاتقان ئۆيى نېمانچىمۇ كىچىكتۇ! ئۇ ئويغانغاندىمۇ! ھېلىقى ئايال، ئۇ تۇرۇۋاتقان ئۆينىڭ ئىگىسى. شۇنىمۇ ئۆي دەمدىغاندۇ؟ ماڭا قاراڭ، سىز ئۇنى ھېسسىياتىنى ئاشكارىلاشنى ياقتۇرمايدۇ، دېدىڭىز، ئۇنداقتا مېنىڭ... ئاجىزلىقىم ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپمۇ كېتەرمۇ؟... دمىترىي پروكوۋىچ، ماڭا ئۆگىتىپ قويالارسىزمۇ؟ مەن ئۇنىڭغا قانداقراق مۇئامىلە قىلسام بولار؟ بىلمەمسىز، مەن بەكلا غەم قىلىپ كېتىۋاتىمەن.

— ئەگەر قاپىقىنىڭ تۈرۈلگەنلىكىنى كۆرسىڭىز، ئارتۇقچە گەپ سوراپ ئولتۇرماڭ. بولۇپمۇ سالامەتلىكىنى كوچىلاپ سوراپ كەتمەڭ، ئۇ ياقتۇرمايدۇ.

— ۋاي، دمىترىي پروكوۋىچ، ئانا بولۇش نېمانچىمۇ تەستۇ! يەنە شۇ پەلەمپەيگە كېلىپ قالدۇق.... نېمانچىمۇ سۈرلۈك پەلەمپەي بۇ!

— ئانا، چىرايىڭىز تاتىرىپ كېتىپتۇ، ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ، جېنىم ئانا، — دېدى دونيچكا ئانىسىغا ئەركىلەپ، كېيىن ئۇ كۆزلىرىنى ئوينىتىپ قوشۇپ قويدى، — سىزنى

كۆرسە ئۇنىڭ بېشى ئاسمانغا يېتىدۇ، لېكىن سىز ئۆزىڭىزنى قىيناپ يۈرىسىز.

— توختاپ تۇرۇڭلار، ئويغاندىمكىن، مەن كىرىپ قاراپ باقاي.

شۇنىڭ بىلەن رازۇمىخىن ئالدىدىراق ماڭدى، ئانا ـ بالا ئۇنىڭ كەينىدىن ئاستا ـ ئاستا يۇقىرىغا چىقىشقا باشلىدى. تۆتىنچى قەۋەتتىكى غوجايىن ئايالنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە، ئۇلار ئىشىكنىڭ ئازراقىنا قىيا ئوچۇق تۇرغانلىقىغا، بىر جۈپ ئۆتكۈر قارا كۆزنىڭ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئۆزلىرىگە سەپسېلىۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلىپ قالدى، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئۇچراشقان چاغدا، ئىشىك بىردىنلا شۇنداق قاتتىق يېپىلدىكى، پولخېرىيە ئالېكساندروۋنا چۆچۈپ كەتكىنىدىن ۋارقىرىۋەتكىلى تاس قالدى.

## 3

— ئۇ ساقايدى، ئۇ ساقايدى! — ئۇلارنىڭ كىرىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ خۇشال ۋارقىرىدى زوسىموف. ئۇنىڭ كەلگىنىگە ئون مىنۇتچە بولغانىدى. ئۇ يەنىلا دىۋاننىڭ بۇرجىكىدە — تۈنۈگۈن ئولتۇرغان يېرىدە ئولتۇراتتى. راسكولنىكوف دىۋاننىڭ يەنە بىر بېشىدا ئولتۇراتتى. ئۇ تولۇق كىيىنىپ، ھەتتا يۈز ـ كۆزىنى تازا ئوبدان يۇيۇپ، چاچلىرىنى تارىۋالغانىدى. ئۇنىڭ مۇنداق قىلىپ باقمىغىنىغا خېلى ئۇزاق بولغانىدى. ئۆينىڭ ئىچى بىردىنلا ئادەم بىلەن تولدى، شۇنداقتىمۇ ناستاسىيە ئۇلارنىڭ كەينىدىن قىستىلىپ كىرىپ، بولۇنغان گەپلەرگە قۇلاق سېلىشقا باشلىدى.

دەرۋەقە، راسكولنىكوف تۈنۈگۈنكىگە قارىغاندا سەللىمازا ساقىيىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى، لېكىن چىرايى بەكلا

تاتىراڭغۇ، كۆڭلى پەرىشان، تەرى تۇتۇق ئىدى. تاشقى قىياپىتىدىن ئۇ يارىلانغان ياكى جىسمانىي جەھەتتىن قانداقتۇر بىر ئاغرىقنىڭ ئېغىر ئازابىنى تارتقان ئادەمگە ئوخشايتتى، يەنى قاپاقلىرى تۈرۈلگەن، لەۋلىرى چىڭ يۇمۇلغان، كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ كەمدىن ـ كەم گەپ قىلاتتى. گويا نائىلاجلىقتىن ياكى مەجبۇرىيەتتىنى ئادا قىلىش زۆرۈرىيىتىدىن زورمۇزور بىرەر ـ ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ قويۇۋاتقاندەكلا قىلاتتى. ھەرىكەتلىرىدىن بولسا بىرە ـ بىرە قانداقتۇر بىئاراملىق سېزىلىپ قالاتتى.

ئەگەر ئۇنىڭ قولى داكا بىلەن تېڭىلغان ياكى بارمىقىغا تافتادىن تىكىلگەن پەلەي كىيگۈزۈپ قويۇلغان بولسا ئىدى، ئۇ ھالدا ئۇ تامامەن، مەسىلەن ئالايلى، بارمىقى قاتتىق ئىششىپ ئاغرىۋاتقان ياكى قولى يارىلانغان، ياكى شۇنىڭغا ئوخشاشراق بىرەر ھادىسىگە ئۇچرىغان ئادەمگە بەكلا ئوخشاپ كەتكەن بولاتتى.

دەرۋەقە، ئانىسى بىلەن سىڭلىسى كىرگەن چاغدا، ئۇنىڭ تاتىراڭغۇ ۋە غەمكىن چىرايى بىردەملىك ئېچىلغاندەك قىلدى، لېكىن بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئىلگىرىكى ئىچكى تىتىلداش ۋە پەرىشانلىقىنىڭ ئورنىنى ئەمدى تېخىمۇ چوڭقۇر ئازاب ئىگىلىگەندەك بولدى. ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئوچۇقچىلىق بىرپەستىلا يوقالدى، لېكىن ئازاب چىقىپ تۇراتتى. تېخى ئەمدىلەتىن كېسەل كۆرۈشكە باشلىغان ياش دوختۇرلاردەك كېسەلنى قېتىرقىنىپ كۆزىتىپ ۋە ئۆگىنىپ ئولتۇرغان زوسىموف راسكولنىكوفنىڭ يېقىن كىشىلىرى كەلگەندە خۇش بولۇش ئورنىغا، قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان بىر ـ ئىككى سائەتلىك قىيناقىقا چىداشقا ئامالسىز رازى بولۇپ ئولتۇرغان ئادەمگە ئوخشاپ قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. كېيىن ئۇ سۆھبەت ئۈستىدە ھەربىر ئېغىز گەپنىڭ كېسەلنىڭ قانداقتۇر بىر جاراھىتىگە تېگىپ، جاراھىتىنى تاتىلاپ

تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆزىتىپ تۇردى، شۇنداقلا ئۇ تېخى تونۇغۇنىلا گويا سەۋدايىلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغاندەك بولۇپ قالغان، ھەرقانداق بىر ئېغىز گەپ ساراڭ قىلىپ قويۇش ئېھتىمالى بولغان بىر ئادەمنىڭ بۇگۈن ئۆزىنى تۇتۇۋالغانلىقىغا، ھېسسىياتىنى يوشۇرالىغانلىقىغا ھاڭ ـ تاڭ قالدى.

— راست، پۇتونلەي دېگۇدەك ساقايغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ سېزىۋاتىمەن، — دېدى راسكولنىكوف ئانىسى بىلەن سىڭلىسىنى قىزغىن سۆيۈپ قويۇۋېتىپ. بۇ ھالدىن پولخېرىيە ئالېكساندروۋنانى شۇ ئانلا ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشال بولۇپ كەتتى، — گەپلىرىمۇ تۇنۇگۇنكىدەك ئەمەس، — قوشۇپ قويدى ئۇ رازۇمىخىننىڭ قولىنى دوستانە سىقىۋېتىپ.

— ئۇ بۇگۇن ھەتتا مېنىمۇ بەكلا ھەيران قالدۇردى، — دېدى زوسىموف ئۇلارنىڭ كەلگەنلىكىدىن ئىنتايىن سۆيۈنۈپ، چۇنكى ئۇ شۇ ئون مىنۇت ئىچىدە راسكولنىكوفقا دەيدىغانىنى دەپ بولۇپ، گەپكە ساپاق تاپالماي ئولتۇراتتى، — ئەگەر مۇشۇنداقلا بولسا، يەنە ئۈچ ـ تۆت كۇندىن كېيىن ئىلگىرىكى ھالىتىگە كېلىدۇ، يەنى بۇنىڭدىن بىر ئاي ياكى ئىككى ئاي ئىلگىرىكى ھالىتىگە كېلىدۇ... ئۈچ ئاي ئىلگىرىكى ھالىتىگە كېلىشىمۇ مۇمكىن. بۇ كېسەللىكنىڭ باشلانغىنىغا ئۇزاق بولغان، ئۇنىڭ يوشۇرۇن دەۋرىمۇ ئۇزۇن... شۇنداقمۇ؟ بۇنىڭدا ئۆزىڭىزنىڭ ئەيىبلىك ئىكەنلىكىڭىزنى ئەمدىغۇ ئىقرار قىلارسىز؟ — دېدى ئۇ كېسەلنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇشتىن ھېلىمۇ ئەنسىرەپ تۇرۇۋاتقاندەك ئېھتىيات بىلەن كۈلۈمسىرەپ.

— بەلكىم شۇنداقتۇ، — سوغۇقلا جاۋاب بەردى راسكولنىكوف.

— مۇنداق دېيىشىمنىڭ سەۋەبى، — داۋام قىلدى زوسىموف قاتتىق سۆيۈنۈپ، — سىزنىڭ پۇتونلەي ساقىيىپ كېتىشىڭىز ھازىر ئەمدى ئاساسەن ئۆزىڭىزگىلا باغلىق بولۇپ قالدى. ھازىرقىدەك سىز بىلەن گەپلىشىش مۇمكىنچىلىكىدىن

پايدىلىنىپ سىزگە دەپ قويىاي. سىزدە كېسەللىك ھالىتىنىڭ پەيدا بولۇشىغا تەسىر كۆرسەتكەن ئەڭ دەسلەپكى، يەنى تۇپكى سەۋەبلەرنى تۇگىتىش كېرەك، مانا شۇ چاغدىلا سىز تولۇق ساقىيىپ كېتەلەيسىز، ئۇنداق بولمىغاندا ھەتتا كېسىلىڭىز بەكرەك يامانلىشىپ كېتىشى مۇمكىن. ئەڭ دەسلەپكى سەۋەبلەرنى ئەلۋەتتە مەن بىلمەيمەن، لېكىن بۇنى ئۆزىڭىز بىلىشىڭىز كېرەك. سىز ئەقىللىق ئادەم، ئەلۋەتتە ئۆز ئەھۋالىڭىزنى كۆزەتكەن بولۇشىڭىز مۇمكىن. مېنىڭچە، كېسىلىڭىزنىڭ باشلىنىشى ئازدۇر ـ كۆپتۇر سىزنىڭ ئالىي مەكتەپتىن چىكىنىپ كېتىشىڭىزگە بېرىپ تاقىلىدۇ. سىز بىكار يۈرمەسلىكىڭىز كېرەك، شۇڭا مېنىڭچە بولغاندا، خىزمەت قىلسىڭىز ۋە بىرەر قەتئىي نىشاننى بەلگىلىۋالغان بولسىڭىز، بۇ سىزگە ناھايىتى زور مەنپەئەت قىلغان بولاتتى.

ــــ راست، راست، دېگەنلىرىڭىز تامامەن توغرا... پاتىراق ئالىي مەكتەپكە كىرىۋالسام، ئۇ چاغدا ھەممە ئىش... ئاسانلا ھەل بولۇپ كېتەتتى...

زوسىموف خانىملارغا ئاز ـ تولا ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويۇش نىيىتىدە شۇ ئاقىلانە مەسلىھەتنى دېگەنىدى. لېكىن، ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ كېسەلگە لەپپىدە قارىدى ـ دە، ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئېنىق كىنايىلىك كۈلكىنى كۆرۈپ، خېلىلا ئوڭايسىزلىنىپ قالدى. ئەمما، مۇنداق ھالەت ئانچە ئۇزاققا بارمىدى. ئارقىدىنلا پولخېرىيە ئالېكساندروۋنا زوسىموفقا مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈشكە باشلىدى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ تۈنۈگۈن يېرىم كېچىدە ئۆزلىرىنى يوقلىغىلى سارايغا بارغانلىقىغا ئالاھىدە تەشەككۈر ئېيتتى.

ــــ نېمە ! ئۇ يېرىم كېچىدە ئالدىڭلارغا باردىمۇ؟ ــــ سورىدى راسكولنىكوف خۇددى چۆچۈگەندەك، ــــ دېمەك، يولدا ھېرىپ كېلىپمۇ ئۇخلىماپسىلەر ـ دە؟

ــــ ئاھ، روديە، ئۇ دېگەن سائەت ئىككىدىن ئىلگىرىكى ئىش،

دونيه ئىككىمىز ئۆيدىمۇ سائەت ئىككىدىن ئاشمىغۇچە ياتمايتتۇق.

— مەنمۇ ئۇنىڭغا نېمە دەپ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشۈمنى بىلمەيمەن، — داۋام قىلدى راسكولنىكوف بىردىنلا قاپىقىنى تۈرۈپ، كۆزلىرىنى يەرگە تىكىپ، — پۇلنىڭ گېپىنى قويۇپ تۇرايلى. بۇ ئىشنى تىلغا ئالغانلىقىم ئۈچۈن مېنى كەچۈرۈڭ، — دېدى ئۇ زوسىموفقا قاراپ، — بىلمىدىم، مېنىڭ نەرىم سىزنىڭ شۇنچىۋالا دىققەت ـ ئېتىبارىڭىزغا ئەرزىيدىكىن؟ مەن راستىلا چۈشىنەلمىدىم... ئاندىن... ئاندىن بۇ ئىش مېنى قاتتىق ئازابلايدۇ، چۈنكى نېمىشقىدۇر چۈشىنەلمەيۋاتىمەن: راست، مەن سىزگە گەپنىڭ ئوچۇقىنى دەۋاتىمەن.

— بولدى هاياجانلانماڭ، — دېدى زوسىموف زورمۇزور كۈلۈپ، — سىزنى مېنىڭ تۇنجى كېسىلىم دەپ تەسەۋۋۇر قىلساق، بىزدەك ئەمدىلەتىن كېسەل كۆرۈشكە باشلىغان ياش دوختۇرلار دەسلەپكى كېسەللىرىنى خۇددى ئۆز بالىسىدەك ئاسرىشىدۇ، بەزىلىرى هەتتا ئۇلارنى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ. بىلەمسىز، مېنىڭ كېسەللىرىم ئانچە كۆپ ئەمەس.

— ئۇ توغرۇلۇق دېمەيلا قويااي، — قوشۇپ قويدى راسكولنىكوف رازۇمىخىننى كۆرسىتىپ، — ئۇ مەندىن هاقارەت ۋە ئاۋارىچىلىكتىن بۆلەك هېچنېمىگە ئېرىشەلمىدى.

— ئۇ ئەمدى ئاغزىغا كەلگەننى كاپشىغىلى تۇردى! بۈگۈن بەكلا هېسسىياتچان بولۇپ كېتىپسەنمۇ، نېمە؟ — ۋارقىرىۋەتتى رازۇمىخىن.

ناۋادا ئۇنىڭ كۆزى ئۆتكۈررەك بولسا ئىدى، بۇ يەردە هېسسىياتچانلىق ئەمەس، بەلكى باشقىچە هەتتا تامامەن ئەكسىچە بىر نەرسىنىڭ بارلىقىنى بايقىغان بولاتتى. بۇنى ئاكىسىنىڭ هەرىكەتلىرىگە تەشۋىشلىك، بىئاراملىق ئىچىدە كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇرغان ئاۋدوتيە رومانوۋنا سېزىپ قالدى.

— ئانا، سىزگە هەتتا گەپ قىلىشقىمۇ پېتىنالمايۋاتىمەن، —

داۋام قىلدى ئۇ گويا ئاللىبۇرۇن پىششىق يادلىۋالغان دەرسىنى تەكرارلاتقان تەرزدە گەپ قىلىپ، — سىزنىڭ تۇنۇگۇن مۇشۇ يەردە مېنى ساقلاپ ئولتۇرۇپ قانچىلىك ئازابلانغانلىقىڭىزنى مانا بۇگۇن ئاز - تولا ھېس قىلىۋاتىمەن، — ئۇ شۇنى دەپ بولۇپ كۇتمىگەندە ئۇن - تىنسىز كۇلۇمسىرەپ، بىر قولىنى سىڭلىسىغا سۇندى. لېكىن، بۇ كۇلۇمسىرەشتە ساپ ۋە سەمىمىي بىر ھېسسىيات غىل - پال پەيدا بولۇپ يوقالدى. دونيە ئاكىسىنىڭ ئۇزاتقان قولىنى دەرھال مىننەتدارلىق بىلەن قىزغىن ۋە خۇشال - خۇرام قىسىپ قويدى. تۇنۇگۈنكى ئىختىلاپتىن كېيىن بۇ ئۇنىڭ سىڭلىسىغا بىرىنچى قېتىم مۇراجىئەت قىلىشى ئىدى. ئاكا - سىڭىل ئوتتۇرىسىدىكى مۇنداق ئۇن - تىنسىز يارىشىشنى كۆرگەن ئانا شۇ ئانلا ئېچىلىپ بەختكە چۆمدى.

— مەن ئۇنىڭ مانا شۇ يېرىنى ياخشى كۆرىمەن ! — دېدى ھەممىلا ئىشنى مۇبالىغە قىلىۋېتىدىغان رازۇمىخىن پىچىرلاپ. ئۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ بىردىنلا كەينىگە بۇرالدى، — ئۇ پات - پات مۇشۇنداق كۆڭلىدىكىنى ئاشكارىلاپ تۇرىدۇ...

«ئۇ ئەجەپ ياخشى قىلدى - ھە، — ئويلىدى ئانىسى ئىچىدە، — بۇ ھەرىكىتى نەقەدەر ئالىيجاناب. ئۇ تۇنۇگۇن سىڭلىسى ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئۇقۇشماسلىقنى نەقەدەر ئاددىي ھالدا، لېكىن سىپايىلىك بىلەن تۇگەتتى - ھە، — مۇشۇنداق بىر پەيتتە قولىنى ئۇزاتتى، يېقىملىقىنا قاراپ قويدى... ئۇنىڭ كۆزلىرى نېمىدېگەن چىرايلىق، پۇتكۇل چىرايى نېمىدېگەن گۇزەل - ھە ! ئۇ ھەتتا دونيېچكادىنمۇ چىرايلىق... لېكىن، ۋاي خۇدايىمەي، ئۇ قانداق كىيىملەرنى كىيىۋالغاندۇ، كىيىملىرى نېمانچىمۇ ناچاردۇ ! ئافاناسىي ئىۋانوۋىچنىڭ دۇكىنىدىكى يۇگۇر - يېتىمچى ۋاسىيەنىڭ كىيىمىمۇ ئۇنىڭكىدىن ياخشىراق !.. مەيلىمچە بولسا، شۇ تاپتا ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى ئاتسام، ئۇنى چىڭ قۇچاقلاپ... يۇخادىن چىقىقۇچە يىغلىسام، لېكىن

قورقۇۋاتىمەن... قورقۇۋاتىمەن... ۋاي خۇدايىمەي، ئۇنىڭدىن قانداقتۇر بىر پۇراق كېلىدۇ! ... ئۇ شۇنداق مۇلايىم گەپ قىلىدۇ، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭدىن قورقىمەن! مەن ئۇنىڭدىن زادى نېمىشقا قورقىدىغاندىمەن...»

— ئاھ، رودىيە، دەپ بەرسەم ئىشەنگۈڭ كەلمەيدۇ، — دېدى ئۇ راسكولنىكوفنىڭ ئاخىرقى بىرنەچچە ئېغىز گېپىگە جاۋاب بەرگىلى ئالدىراپ بىردىنلا گەپ باشلاپ، — دونېچكا ئىككىمىز تۈنۈگۈن ھېچقاچان... كۆرمىگەن كۈننى كۆردۇق! مانا ئەمدى ھەممە ئىش ئۆتۈپ كەتتى، ئاياغلاشتى. ئىككىمىز ئۆزىمىزنى يەنە بەختىيار سېزىۋاتىمىز — ئەمدى ساڭا دەپ بەرسەكمۇ بولىۋېرىدۇ. ئۆزۈڭ ئويلاپ باق، بىز پويىزدىن چۈشۈپلا سېنى قۇچاقلاش ئۈچۈن، سېنىڭ ئالدىڭغا چاپتۇق. لېكىن، ھېلىقى خوتۇن... ھە، ئۆزىمۇ بار ئىكەنغۇ! تىنچلىقمۇ ناستاسيە!... ئۇ كۈتمىگەندە بىزگە سېنى قىزىتمىسى ئۆرلەپ ئاغرىپ قالغان، لېكىن بايىراقتا دوختۇرنىڭ كۆزىگىمۇ كۆرۈنمەي، غىپپىدە قېچىپ كېتىپتۇ، خۇدىنىمۇ تۇزۇك بىلمەيدىغان ئەھۋالدا سىرتقا چىقىپ كېتىپتۇ، بىرنەچچە ئادەم ئۇنى ئىزدەپ چىقىپ كەتتى، دېدى. قانچىلىك تەقەززا بولغانلىقىمىزنى دېسەممۇ بەربىر ئىشەنمەيسەن! شۇنىڭ بىلەن پوروچىك پوتانچىكوفنىڭ قانداق ئۆلگەنلىكى ئېسىمگە كېلىپ قالدى. ئۇ بىزنىڭ تونۇشىمىز، داداڭنىڭ دوستى، ئۇنى سەن ئەسلىيەلمىسەڭ كېرەك رودىيە. ئۇمۇ قىزىتمىسى ئۆرلەپ قالغاندا مۇشۇنداق سىرتقا چىقىپ كېتىپ، ھويلىدىكى قۇدۇققا چۈشۈپ كېتىپتىكەن، ئۇنى قۇدۇقتىن ئەتىسى تارتىۋېلىشقان، ئەلۋەتتە، بىز ئىشنى تېخىمۇ يامىنىغا جورىدۇق. بىز تېخى ياردىمى تېگىپ قالارمىكىن دەپ پېتىر پېتروۋىچنى ئىزدىمەكچىمۇ بولدۇق... نېمىشقا دېسەڭ، بىز ئىككىمىز يېنىمىزدا ھېچكىم يوق، يالغۇزلا قالدۇق، — دېدى ئۇ يىغلامسىراپ ئاۋازىنى سوزۇپ، لېكىن ئۇ «ھەممەيلەن يەنە ئىنتايىن بەختلىك بولغان» بولسىمۇ، پېتىر پېتروۋىچنى تىلغا

ئېلىشنىڭ يەنىلا خېلى خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى يادىغا ئېلىپ، بىردىنلا توختاپ قالدى.

— شۇنداق، شۇنداق... بۇ ئىشلار كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدۇ، — دېدى راسكولنىكوف غوڭشىپ. لېكىن، ئۇ شۇ قەدەر پەرىشان ۋە پەرۋاسىز ھالەتتە ئىدىكى، دونېچكا ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا قاراپ قويدى.

— يەنە نېمە دېمەكچىدىم؟ — دېدى ئۇ ئارقىدىنلا نېمىنىدۇر ئەسلەشكە تىرىشىپ، — ھە، راست، ئانا، ئاندىن سەن، دونېچكا، مېنى بۇگۈنمۇ ئالدىمىزغا كەلگۈسى كەلمەي، يەنە بىزنىڭ بېرىشىمىزنى كۈتۈپ ئولتۇردى، دەپ قالماڭلار.

— ۋاي، بۇ نېمە دېگىنىڭ، رودىيە؟ — ۋارقىرىۋەتتى پولخېرىيە ئالېكساندروۋنا ياقىسىنى تۇتۇپ.

«ئۇ پەقەت مەجبۇرىيەت يۈزىسىدىنلا جاۋاب بېرىۋاتامدىغاندۇ؟ — ئويلىدى دونېچكا، — ئۇ بىرسى بىلەن ئەپلەشسە ياكى بىرسىدىن كەچۈرۈم سورىسا، خۇددى ئىبادەت قىلىۋاتقاندەك ياكى دەرس يادلاۋاتقاندەك ئىش قىلىدىكەنە.»

— مەن ھېلىلا ئويغىنىپ بارماقچى بولۇپ تۇرغان، لېكىن كىيىم ـ كېچەك سەۋەبىدىن توختاپ قالدىم. تۈنۈگۈن قان يۇقىنى يۇيۇۋەت دەپ... ئۇنىڭغا... ناستاسىيەگە دەپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن... كىيىملىرىمنى تېخى ھېلىلا كىيىپ تۈرۈشۈم.

— قان يۇقى؟ نەدىكى قان يۇقى؟ — سورىدى پولخېرىيە ئالېكساندروۋنا ھولۇقۇپ.

— ھېچ ئىش يوق... خاتىرجەم بولۇڭ، تۈنۈگۈن ئېسىمنى بىر بىلىپ، بىر بىلمەي، كوچا ئايلىنىپ كېلىۋېتىپ، ئات ھارۋىنىڭ تېگىدە قېلىپ ئۆلگەن بىر ئادەمگە ئۇچراپ قالغان... بىر خىزمەتچى ئىكەن...

— ئېسىمنى بىر بىلىپ، بىر بىلمەي؟ ئەمىسە ئەجەب ھەممە ئىش ئېسىڭدە قاپتۇغۇ، — ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى رازۇمىخىن.

— ئۇغۇ شۇنداق، — نېمىشقىدۇر ئالاھىدە ئېھتىياتچانلىق بىلەن جاۋاب بەردى راسكولنىكوف، — ھەممە ئىش ئېسىمدە قاپتۇ، ھەتتا ئەڭ ئىنچىكە يەرلىرىگىچە، لېكىن قارا، شۇنىسى قىزىقكى، نېمىشقا شۇنداق قىلدىم، نېمىشقا ئۇ يەرگە باردىم، نېمىشقا شۇنداق دېدىم، بۇلارنى زادىلا دەپ بېرەلمەيمەن.

— ئۇ ھەممىگە مەلۇملۇق ھادىسە، — گەپكە قوشۇلدى زوسىموف، — ئىشلار بەزىدە شۇنداق ئەپچىللىك، ئىنتايىن چاققانلىق بىلەن قىلىنغىنى بىلەن، ھەرىكەتنىڭ باشقۇرۇلۇشى، ھەرىكەتنىڭ بېشى قالايمىقان بولىدۇ، ئۇ ھەر خىل كېسەللىك ھالىتىنىڭ تەسىرىگە باغلىق بولىدۇ. خۇددى چۈشكە ئوخشايدۇ.

«بىر قارىغاندا، ئۇنىڭ مېنى ساراڭ دەپ قارىشىمۇ يامان ئىش ئەمەستەك قىلىدۇ» ئويلىدى راسكولنىكوف.

— ساغلام ئادەملەرنىڭمۇ شۇنداق قىلىشى مۇمكىنغۇ، — دېدى دونېچكا زوسىموفقا بىئاراملىق ئىچىدە قاراپ.

— گېپىڭىز ناھايىتى ئورۇنلۇق، — جاۋاب بەردى زوسىموف، — مانا شۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بىز ھەممىمىز كۆپىنچە ھاللاردا ھەقىقەتەن ساراڭغا ئوخشاپ قالىمىز. كىچىككىنە پەرق شۇكى، «بىمار»لارنىڭ ساراڭلىقى بىزنىڭكىگە قارىغاندا خېلىلا ئېغىر بولىدۇ، شۇڭلاشقا بۇنىڭ چېگراسىنى ئېنىق ئايرىش كېرەك. راست، ھەر جەھەتتىن كامالەتكە يەتكەن ئادەم يوق دېيەرلىك. بىرنەچچە ئون مىڭ، ھەتتا بىرنەچچە يۈز مىڭ ئادەمنىڭ ئىچىدىن بىرەرى چىقىپ قېلىشى مۇمكىن، مۇنداقلارنىڭ سانى ناھايىتى ئاز بولىدۇ.

ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان تېمىدا قىزىق پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەن زوسىموف بىپەرۋالىق قىلىپ «ساراڭ» دېگەن سۆزنى ئاغزىدىن چىقىرىپ سېلىشىغا، ھەممەيلەننىڭ تەرى تۈرۈلۈپ كەتتى. راسكولنىكوف ھېچنېمىگە دىققەت قىلماي خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ قانسىز لەۋلىرىدە غەلىتە بىر تەبەسسۇم جىلۋىلىنەتتى. ئۇ نېمىلەر توغرۇلۇقتۇر ئويلىناۋاتقاندەك ئىدى.

— هە راست، ھېلىقى ھارۋىنىڭ تېگىدە قالغان ئادەم قانداق بولدى؟ گېپىڭنى بۆلۈۋەتتىم، — دېدى رازۇمىن.
— نېمە؟ — دېدى راسكولنىكوف گويا يېڭىلا ئويغانغان ئادەمدەك، — ھە راست. مەن ئۇنى كۆتۈرۈپ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويدۇم. شۇڭا كىيىملىرىم قان بولۇپ بۇلغىنىپ كەتتى... ئانا. سىزگە دېگەچ ئۆتەي، تۈنۈگۈن مەن كەچۈرگۈسىز بىر ئىشنى قىلىپ قويدۇم، راستىلا خۇدۇمنى يوقىتىپ قويۇپتىمەن. مەن سىز ئەۋەتكەن پۇلنىڭ ھەممىسىنى... مېيىتنى ئۇزىتىشۇېلىك دەپ... شۇ كىشىنىڭ خوتۇنىغا بېرىۋەتتىم. ئۇ ئەمدى تۇل قالدى، ئۆزىنىڭ سىل كېسىلى بار، بەكمۇ بىچارە بىر خوتۇن... ئۈچ بالىسى بار، ئاچ ئولتۇرۇشىدۇ. ئۆيلىرى قۇپقۇرۇق... يەنە بىر قىزى بار... ئۇلارنى كۆرگەن بولسىڭىز، ئۇ پۇلنى سىزمۇ بېرىۋەتكەن بولاتتىڭىز... لېكىن، مەن ئىقرار، ئۇ پۇلنى بېرىۋېتىشكە ھېچقانداق ھەققىم يوق ئىدى، چۈنكى سىزنىڭ ئۇ پۇللارنى قانداق قىلىپ تاپقانلىقىڭىزنى تازا ئوبدان بىلىمەن. بىر ئادەم باشقىلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن شۇنداق قىلىشقا ھوقۇقلۇق بولۇشى كېرەك، بولمىسا ئىتنىڭ بالىلىرى، مېنى دېيىشسەڭ، قىرىلىپ كېتىش! دېگەندەكلا ئىش بولىدۇ، — ئۇ كۈلۈپ كەتتى، — شۇنداقمۇ، دونيە؟
— ياق، ئۇنداق ئەمەس، — قەتئىي جاۋاب بەردى دونيە.
— ئاپىلا ! سېنىڭمۇ... ئىشلەتكۈدەك بار ئىكەن ـ دە ! — غوڭشىدى ئۇ سىڭلىسىغا ھومىيىپ ۋە مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك ھىجىيىپ، — مەن بۇنى ئويلىشىم كېرەك ئىدى... بۇ ماختاشقا ئەرزىيدۇ؛ سەن ياخشىسى... سەن شۇنداق بىر سىزىققا بېرىپ قالساڭكى، ئۇنىڭدىن ئۆتسەڭ... بەختسىز بولىسەن... ئۆتمىسەڭ... تېخىمۇ بەختسىز بولۇشۇڭ مۇمكىن... لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى بولمىغۇر گەپلەر ! — زەردە بىلەن قوشۇپ قويدى ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي پاراڭغا چۈشۈپ كەتكىنىگە

ئاچچىقى كېلىپ، — ئانا، شۇنىلا دېمەكچىدىم، مېنى كەچۈرۈڭ، — دېدى ئۇ سۆزىنى چورتلا ئۈزۈپ.

— قويغىنا، روديە، قىلغان ئىشىڭنىڭ ھەممىسىنىڭ ياخشىلىقىغا ئىشىنىمەن، — دېدى ئانىسى جانلىنىپ.

— كېيىنكى كۈنلەردە ئىشەنمەس بولۇپ قالىسىز، — جاۋاب بەردى ئۇ ئاچچىق كۈلۈپ. ئارقىدىن بىرپەس جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى، بولۇنۇۋاتقان سۆھبەتتىن، جىمجىتلىقتىن، يارىشىشتىن ۋە كەچۈرۈشتىن ئاللىقانداقتۇر بىر جىددىيلىك چىقىپ تۇراتتى. بۇنى ھەممەيلەن سېزىپ تۇراتتى.

«ئۇلار مەندىن قورقۇپ تۇرۇۋاتقاندەك قىلىدۇ» ئويلىدى راسكولنىكوف، ئۇ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ئانىسى بىلەن سىڭلىسىغا قارىدى. پولخېرىيە ئالېكساندروۋنا راستلا جىم ئولتۇرغانسېرى ھولۇقماقتا ئىدى.

«كۆرۈشمەستە ئۇلارنى بەك ياخشى كۆرىدىغاندەك قىلاتتىم» خىيالىدىن ئۆتكۈزدى راسكولنىكوف.

— بىلەمسەن، روديە، مارفا پېترووۋنا ئۆلۈپ كەتتى ! — دېدى پولخېرىيە ئالېكساندرووۋنا بىردىنلا گەپ قىستۇرۇپ.

— قايسى مارفا پېترووۋنا؟

— ۋاي خۇدايىمەي، مارفا پېترووۋناچۇ. سۋىدرىگايلوفنىڭ خانىمى. خەتلىرىمدە ئۇ توغرۇلۇق پات - پات يېزىپ تۇراتتىمغۇ.

— ھە... توغرا، ئېسىمگە كەلدى... ئۇ ئۆلۈپ كەتتىما؟ قويۇڭا، راست ئۆلدىمۇ؟ — ئۇ ھوشىغا كەلگەندەك بىردىنلا جانلىنىپ كەتتى، — ئەجەبا ئۇ ئۆلۈپ كەتتىما؟ قانداق ئۆلدى؟

— ئۆزۈڭ ئويلاپ باق. ئۇ تۇيۇقسىزلا ئۆلۈپ كەتتى، — دېدى ئۇنىڭ قىزىقىشىدىن ئىلھاملانغان پولخېرىيە ئالېكساندرووۋنا ئالدىراپ گەپ قىلىپ، — ساڭا خەت سالغان كۈنى، دەل شۇ كۈنى ! ئىشىنەمسەن، ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە ئاشۇ قورقۇنچلۇق ئېرى سەۋەبچى. ئاڭلىساق، ئۇ ئۇنى تازا قاتتىق ئۇرۇپتىكەن.

— ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى شۇنداقمىدى؟ — سورىدى ئۇ

سىگىلىسىدىن.

— ياق، بۇنىڭ ئەكسىچە ئىدى. ئۇ خوتۇنىغا دائىم سەۋر - تاقەت ھەتتا ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان، نۇرغۇن ئىشلاردا ھەتتا ئۇنىڭ مىجەزىگە بېقىپ ئىش قىلىدىغان. توپتوغرا يەتتە يىل شۇنداق ئۆتۈشكەن... بىلمىدىم نېمە بولىدىكىن، سەۋر قاچىسى بىردىنلا توشۇپ كېتىپتۇغۇتاڭ.

— يەتتە يىلغىچە چىداپ كەلگەن بولسا، ئۇ ئۇنچىۋالا قورقۇنچلۇق ئادەم ئەمەس ئىكەن. دونىچكا، ئۇنى ئاقلاۋاتقاندەك قىلىسەن، شۇنداقمۇ؟

— ياق، ياق، ئۇ بەكلا قورقۇنچلۇق ئادەم! ئۇنىڭدىنمۇ قورقۇنچلۇق ئادەمنى تەسەۋۋۇرمۇ قىلالمايمەن! — جاۋاب بەردى دونيە سەسكەنگەندەك قىلىپ، ئارقىدىن قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ئويلىنىپ قالدى.

— ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇ ئىش ئەتىگەندىلا يۈز بېرىپتىكەن، — ئالدىراپ داۋام قىلدى پولخېرىيە ئالېكساندروۋنا، — شۇ ئىش يۈز بەرگەندىن كېيىن ئۇ شۇ ئانىلا ھارۋىنى قوشۇشنى بۇيرۇپتۇ. ناشتا قىلىۋېلىپ شەھەرگە كىرمەكچىكەن، چۈنكى ھەر قېتىم شۇنداق ئىش يۈز بەرگەندە، ئۇ شەھەرگە كىرىپ كېتىدىكەن؛ ئاڭلىساق، ئۇ ئىشتىھا بىلەن تازا ئوبدان ناشتا قىپتىكەن...

— تاياق يېگەندىن كېيىنمۇ؟

— لېكىن، ئۇ شۇنىڭغا... ئادەتلىنىپ قاپتىكەن، ناشتا قىلىپ بولۇپلا، شەھەرگە كېچىكىپ قالماي دەپ، دەرھاللا يۇيۇنۇش ئۆيىگە كىرىپتۇ... بىلەمسەن، ئۇ شۇ يەردە يۇيۇنۇپ داۋالىنىدىكەن. ئۇلارنىڭكىدە بىر سوغۇق بۇلاق بار، ئۇ ھەر كۈنى شۇ سوغۇق بۇلاق سۈيىدە يۇيۇنۇپ تۇرىدىكەن. ئۇ سۇغا كىرىشىگە سەكتە بولۇپ قاپتۇ!

— سەكتە بولماي قالاتتىمۇ! — دېدى زوسىموف.

— ئېرى ئۇنى قاتتىق ئۇرۇپتىمىكەن؟

— بۇغۇ بەربىمر، — دېدى دونيە.

— ھىم! لېكىن، ئانا، ماڭا دەپ بېرىڭلاتقان گەپلىرىڭىزنى قارىڭا، — دەۋەتتى ئىچى تىتىلداپ كەتكەن راسكولنىكوف ھېچنېمىنى ئويلىمايلا.

— ۋاي جېنىم بالام، نېمىلەرنى دېيىشىمنى بىلمەيلا قالدىم، — دەپ سالدى پولخېرىيە ئالېكساندروۋنا.

— نېمە، ھەممىڭلار مەندىن قورقۇپ تۇرۇۋاتامسىلەر؟ — سورىدى ئۇ ئاچچىق كۈلۈپ.

— توپتوغرا، — دېدى دونيە ئاكىسىغا تىك قاراپ ۋە تەرىنى تۇرۇپ، — ئانام ھېلى پەلەمپەيدىن چىقىۋېتىپ ھەتتا قورقىنىدىن چوقۇنۇپمۇ قويدى.

راسكولنىكوفنىڭ چىرايى خۇددى تارتىشىپ قالغاندەك پۈرۈشۈپ كەتتى.

— ۋاي، نېمىلەرنى دەۋاتىدىغانسەن، دونيە! خاپا بولما، روديە... بۇ نېمە قىلغىنىڭ، دونيە؟ — دېدى ئۆزىنى قويغىلى يەر تاپالماي قالغان پولخېرىيە ئالېكساندروۋنا، — نېمىسىنى يوشۇراي، پويىزغا چىققاندىن تارتىپ مۇشۇ يەرگە يېتىپ كەلگۈچە يول بويى قانداق ئۇچرىشىشىمىزنى، قانداق گەپلىشىشىمىزنى ئويلاپ كېلىۋېدىم... بەختكە چۆمۈپ كەتكىنىمدىن يولمۇ كۆزۈمگە كۆرۈنمىگەن! نېمىلەرنى دەپ كەتتىم، خۇدايىم! مەن ھازىرمۇ بەختلىك... سەن ئۇنداق دېمەسلىكىڭ كېرەك ئىدى، دونيە... سېنى كۆرۈپ تۇرغىنىمنىڭ ئۆزى مەن ئۈچۈن بەخت، روديە...

— بولدى قىلىڭ ئانا، — دېدى راسكولنىكوف ئانىسىغا قارىماي، لېكىن ئۇنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ غودۇڭشىپ، — بىز تېخى قانغۇچە گەپلىشىۋالىمىز.

راسكولنىكوف شۇنى دەپ بولۇپ، بىردىنلا ھولۇقۇپ، تامدەك تاتىرىپ كەتتى. تېخى يېقىندىلا بېشىدىن كەچۈرگەن ھېلىقى دەھشەتلىك سەزگۈ يەنە ئۇنىڭ يۈرىكىگە قورقۇنچ سېلىپ،

يۈرىكىنى مۇزلىتىۋەتتى. شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە ئۇ يەنە ھېلىلا دەھشەتلىك يالغان گەپتىن بىرنى قىلغانلىقىنى ئېنىق ھېس قىلدى. ياق، ئۇ ئەمدى ھەرگىزمۇ قانغۇچە گەپلەشكۇدەك ۋاقىت تاپالمايدۇ. ئەمدى ئۇنىڭ ھەرقانداق ئادەم بىلەن ھەرقانداق ئىش توغرۇلۇق گەپلىشىشى ئەبەدىي مۇمكىن ئەمەس. كالللىسىغا كەلگەن ئاشۇ ئازابلىق پىكىرنىڭ كۈچلۈك تەسىرىدىن ئۇ كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئارىلىقتا ھەممىنى ئۇنتۇپ، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە ھېچكىمگە قارىماي، تاشقىرىغا ماڭدى.

ـــ ساڭا نېمە بولدى؟ ـــ ۋارقىرىدى رازۇمىخىن ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇۋېلىپ.

راسكولنىكوف ئورنىغا بېرىپ ئولتۇرۇپ، گەپ ـ سۆز قىلماستىن ئەتراپىغا ئەلەڭلەپ قاراشقا باشلىدى. ھەممەيلەن ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ ئۇنىڭغا قاراپ قالدى.

ـــ سىلەر نېمىشقا مۇنداق مەيۈس ئولتۇرىسىلەر؟ ـــ دېدى ئۇ كۈتمىگەندە بىردىنلا ۋارقىراپ، ـــ بىرنېمە دېسەڭلارچۇ! راست، مۇنداق ئولتۇرغاننىڭ نېمە پايدىسى؟ قېنى، گەپ قىلىڭلار، پاراڭلىشايلى... بىر يەرگە يىغىلدۇق. لېكىن، جىم ـ جىم ئولتۇرۇۋاتىمىز... قېنى، بىرنېمە دەڭلەر!

ـــ خۇداغا شۈكۈر! مەن ئۇنى يەنە تۇنۇگۈنكىدەك قىلارمىكىن دېۋىدىم، ـــ دېدى پولخېرىيە ئالېكساندروۋنا چوقۇنۇپ.

ـــ ساڭا نېمە بولدى، روديە؟ ـــ سورىدى ئاۋدوتيە رومانوۋنا خۇدۇكسىرەپ.

ـــ ھە، ھېچنېمە! بىر ئىش ئېسىمگە كېلىۋىدى، ـــ جاۋاب بەردى راسكولنىكوف ۋە بىردىنلا كۈلۈۋەتتى.

ـــ ھە، بىرەر ئىشنى ئېسىڭگە ئالغان بولساڭ، ھېچقىسى يوق!... بولمىسا، خىيالىمغا... ـــ غودۇڭشىدى زوسىموف دىۋاندىن تۇرۇپ، ـــ لېكىن، مەن ماڭاي، يەنە كېلىشىم مۇمكىن... ئەگەر ئۇچراپ قالسام...

ئۇ تەزىم قىلىپ چىقىپ كەتتى.

— نېمىدېگەن ياخشى ئادەم! — دېدى پولخېرىيە ئالېكساندرووۋنا.
— راست، بەك ياخشى ئادەم، ئىنتايىن ياخشى ھەم بىلىملىك، ھەم ئەقىللىك... — دېدى كۈتمىگەندە راسكولنىكوف ئىنتايىن تېز ۋە ئادەتتىن تاشقىرى جانلىنىپ، ئۇ ئىلگىرى ھېچقاچان مۇنداق قىلىپ باقمىغانىدى، — ئاغرىشتىن ئىلگىرى ئۇنى قەيەردە كۆرگەنلىكىمنى زادىلا ئېسىمگە ئالالمىدىم... ئۇنى نەدىدۇر كۆرگەندەك قىلىمەن... مانا بۇ كىشىمۇ بەك ياخشى كىشى، — دېدى ئۇ رازۇمىخىننى ئىشارەت قىلىپ، — ئۇ ساڭا ياقامدۇ، دونيە؟ — سورىدى ئۇ سىڭلىسىدىن ۋە بىردىنلا نېمىشقىدۇر كۈلۈپ كەتتى.
— بەكلا ياقىدۇ، — جاۋاب بەردى دونيە.
— ھى، سەنمۇ بىر... تونگگۈزسەن - دە! — دېدى رازۇمىخىن، ئۇ خىجىل بولغىنىدىن شەلپەردەك قىزىرىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. پولخېرىيە ئالېكساندرووۋنا بىلىنەر - بىلىنمەس كۈلۈمسىرەپ قويدى، لېكىن راسكولنىكوف قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى.
— نەگە بارىسەن؟
— مەنمۇ... كېتەي.
— سەن كەتمىسەڭمۇ بولىدۇ، ئولتۇر! زوسىموف كېتىۋىدى، سەنمۇ كەتمەكچى بولۇۋاتىسەن. كەتمە... سائەت نەچچە بولدى؟ ئون ئىككى بولۇپ قالغاندۇ؟ دونيە، سائىتىڭ ئەجەب چىرايلىق ئىكەنغۇ! نېمىشقا يەنە جىم بولۇپ قالدىڭلار؟ ھەممە گەپنى مەنلا قىلىۋاتىمەن!...
— بۇنى ماڭا مارفا پېترووۋنا سوۋغا قىلغان، — جاۋاب بەردى دونيە.
— ئىنتايىن قىممەت سائەت، — قوشۇپ قويدى پولخېرىيە ئالېكساندرووۋنا.
— ھە... بەكلا يوغان ئىكەن، ئاياللارنىڭ سائىتىگە

ئوخشىمايدىكەن.

— مەن مۇشۇندىقىنى ياخشى كۆرىمەن، — دېدى دونيە. «دېمەك، لايىقى سوۋغا قىلغان ئەمەسكەن ـ دە» ئويلىدى رازۇمىخىن نېمىشقىدۇر خۇشال بولۇپ.

— مەن تېخى لۇژىنى سوۋغا قىلدىمىكىن، دەپتىمەن، — دېدى راسكولنىكوف.

— ياقەي، ئۇ تېخى دونېچكاغا ھېچنېمە سوۋغا قىلىپ باقمىدى.

— ھە راست! ئانا، مېنىڭ بىرسىنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ ئۆيلەنمەكچى بولغانلىقىم ئېسىڭىزدىمۇ؟ — كۈتمىگەندە سوراپ قالدى ئۇ ئانىسىغا قاراپ. ئۇنىڭ گەپنىڭ مەزمۇنىنى بىردىنلا ئۆزگەرتىشى، يەنە كېلىپ شۇنداق تەلەپپۇزدا گەپ قىلىشى ئانىسىنى ھەيران قالدۇردى.

— ھە، ئېسىمدە، جېنىم بالام، — پولخېرىيە ئالېكساندرووۋنا دونېچكا ۋە رازۇمىخىن بىلەن كۆز ئۇچراشتۇرۇۋالدى.

— ھە، شۇنداق! مەن سىزگە قانداق دەپ بەرسەم بولار؟ جىق ئىشلار مېنىڭمۇ ئېسىمدە قالماپتۇ. ئۇ قىز كېسەل كۆرپىسى ئىدى، — داۋام قىلدى ئۇ كۆزىنى يەردىن ئالماي، يەنە خىيالغا چۆكۈپ، — ئۇ دائىم ئاغرىپ قالىدىغان، يوقسۇللارغا سەدىقە بېرىشنى ياخشى كۆرەتتى، ئولتۇرسا ـ قوپسا موناستىرغا كىرسەملا دەيتتى. بىر كۈنى ئۇ مۇشۇ ئىش توغرۇلۇق گەپ قىلىۋېتىپ، بىردىنلا ھۆكىرەپ يىغلاپ كەتتى. راست، راست... ئېسىمدە... ئېسىمدە شۇنداق ئېنىق. ئۇنىڭ چىرايى شۇنداق... سەت ئىدى. بىلمىدىم، شۇ چاغدا ئۇنىڭ نېمىسىنى ياقتۇرۇپ قېلىشىدىمىكىن، خىيالىمچە، ئۇ دائىم ئاغرىپ قالىدىغان بولغاچقا، شۇنداق قىلغان بولسام كېرەك... ناۋادا ئۇ توكۇر ياكى دوك بولغان بولسا، بەلكىم ئۇنى تېخىمۇ ياخشى كۆرۈپ قالغان بولاتتىم... — ئۇ ئويچانلىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ قويدى، — مانا شۇنداق... بۇ بىر باھاردىكى چۈش...

— ياق، بۇ پەقەت باھاردىكى چۈشلا ئەمەس، — دېدى دونېچكا جانلىنىپ.

ئۇ سىڭلىسىغا دىققەت بىلەن قاراپ قويدى، لېكىن ئۇنىڭ گېپىنى ئېنىق ئاڭلىيالمىدى ياكى چۈشىنەلمىدى. ئارقىدىن ئۇ چوڭقۇر خىيالغا چۆكۈپ، ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ئانىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنى سۆيۈپ قويدى. ئاندىن يەنە ئورنىغا بېرىپ ئولتۇردى.

— سەن ئۇنى ھازىرمۇ ياخشى كۆرسەن ! — دېدى پولخېرىيە ئالېكساندروۋنا ھاياجان بىلەن.

— ئۇنىما؟ ھازىرمۇ دەمسىز؟ ھە، راست... سىز ئۇنى دەۋېتىپسىز ـ دە ! ياق، ھازىر ئۇ ئىشلار ماڭا بىر ئەسىرنىڭ ئالدىدىكى ئىشلاردەك تۇيۇلىدۇ... ئارىدىن ئۇزاق ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەتراپىمدىكى ئىشلارمۇ خۇددى بۇ يەردە يۈز بەرمىگەندەكلا بىلىنىدۇ...

راسكولنىكوف ھەممەيلەنگە دىققەت بىلەن قاراپ چىقتى.

— ھەتتا سىلەرمۇ... ماڭا خۇددى مىڭلارچە چاقىرىم يىراقتىن كۆرۈنۈۋاتقاندەك تۇيۇلىسىلەر... لېكىن، نېمىدەپ مۇنداق ئىشلارنى دېيىشىپ ئولتۇرىدىغاندىمىز ! نېمىشقا ھەدەپ گەپ سوراۋېرىدىغانسىلەر؟ — قوشۇپ قويدى ئۇ غەشلىكى كېلىپ، ئارقىدىن تىرنىقىنى چىشلىگىنىچە، يەنە ئۇن ـ تىنسىز خىيالغا چۆكۈپ كەتتى.

— تۇرۇۋاتقان ئۆيۈڭ نېمانداق ناچار، روديە؟ گروب①نىڭ ئۆزىلا ئىكەنغۇ، — دېدى پولخېرىيە ئالېكساندروۋنا بىردىنلا ئادەمنى تۇنجۇقتۇرۇپ قويغۇدەك جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، — مېنىڭچە مۇشۇنداق غەمكىن بولۇپ كېتىشىڭگە مۇشۇ ئۆيۈڭمۇ سەۋەبكار.

— ئۆيما؟ — جاۋاب بەردى ئۇ پەرىشانلىق بىلەن، — راست،

---

① گروب — مېيىت سېلىنىدىغان ساندۇق.

بىر ياقتىن مۇشۇ ئۆيمۇ سەۋەبكار... مەنمۇ شۇنداق ئويلىغان... لېكىن، بىلەمسىز، ھېلى سىز بەكلا غەلىتە بىر ئويىڭىزنى ئېيتتىڭىز، ئانا، — ئاخىرقى بىر ئېغىز گەپنى قوشۇپ قويدى ئۇ غەلىتە كۈلۈپ.

ئۇ كۆرۈشمىگىنىگە ئۇچ يىل بولغان يېقىن كىشىلىرى بىلەن دىدارلاشقاندا تولىمۇ يېقىملىق تەلەپپۇز بىلەن گەپ قىلدى، لېكىن نېمىلا توغرۇلۇق گەپلەشمىسۇن، گەپلىرى پەقەت قولاشمىدى، ئەگەر شۇنداق ھالەت يەنە بىرئاز ۋاقىت داۋاملاشقان بولسا، ئۇ ھەرگىزمۇ بەرداشلىق بېرەلمىگەن بولاتتى. لېكىن، بىر جىددىي ئىشنى قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن بۈگۈن ھەل قىلىۋېتىشى كېرەك ئىدى — ئۇ بۈگۈن ئەتىگەن ئويغانغان چاغدىلا شۇنداق قارارغا كېلىپ بولغانىدى. مانا ئەمدى ئۇ شۇ ئىشنىڭ بولغانلىقىدىن خۇشال، چۈنكى ئۇنى بۇنداق قىيىن ھالەتتىن قۇتۇلۇشنىڭ باھانىسى قىلىشقا بولاتتى.

— ماڭا قارا، دونيە، — دېدى ئۇ جىددىيلىك، شۇنداقلا سوغۇقلۇق بىلەن، — ئەلۋەتتە، مەن تونۇگۈنكى ئىشىم ئۈچۈن كەچۈرۈم سورايمەن. لېكىن، مېنىڭچە ساڭا شۇنى ئەسلىتىپ قويۇشۇم كېرەك، ئاساسلىق مەسىلىدە مەن ھەرگىزمۇ يول قويمايمەن. لۇژىنى بولىدىكەن مەن يوق، مەن بولىدىكەنمەن لۇژىنى يوق. بوپتۇ، مەن ئەسكىمۇ بولاي، لېكىن سەن ئەسكى بولماسلىقىڭ كېرەك. بىرىمىز ئەسكى بولساقلا كۇپايە، ئەگەر سەن لۇژىنى بىلەن توي قىلىدىغان بولساڭ، مەن سېنىڭدەك سىڭلىمدىن شۇ ئانلا كېچىپ كېتىمەن.

— رودىيە، رودىيە! تونۇگۈنكى گېپىڭنى يەنە دېگىلى تۇردۇڭغۇ، — دېدى پولخېرىيە ئالېكساندروۋنا ئەلەم بىلەن، — نېمىشقا ئۆزۈڭنى ھەمىشە ئەسكى دەيسەن؟ مەن بۇنىڭغا چىدىيالمايمەن! تونۇگۈنمۇ شۇنداق قىلدىڭ...

— ئاكا، — جاۋاب بەردى دونيەمۇ سوغۇق، لېكىن قەتئىي تەلەپپۇز بىلەن، — بۇنىڭدا سىز پۈتۈنلەي خاتا قىلىۋاتىسىز.

مەن كىچىچە ئىنچىكىلەپ ئويلاپ، خاتالىقىڭىزنىڭ نەدىلىكىنى ئاخىر تاپتىم. گەپ شۇنىڭدىكى، سىز مىنى كىم ئۈچۈندۇر ئۆزىنى قۇربان قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلايدىغاندەك قىلىسىز. ئۇنداق ئىش يوق. مەن ئۆزۈم ئۈچۈن توي قىلغىلىۋاتىمەن. چۈنكى، مەن ئىچ ـ ئىچىمدىن ئازابلىنىپ يۈرۈۋاتىمەن؛ ئاندىن قالسا، ئەگەر مەن تۇغقانلىرىمغا ئاز ـ تولا نەپ يەتكۈزەلىسەم، بۇنىڭدىن ئەلۋەتتە خۇشال بولىمەن، لېكىن بۇ مېنىڭ شۇنداق قارارغا كېلىشىمدىكى ئاساسلىق سەۋەب ئەمەس...

«ئۇ يالغان ئېيتىۋاتىدۇ، — ئويلىدى راسكولنىكوف ئاچچىقىدا تىرنىقىنى چىشلەپ، — تەكەببۇرلۇقىنى قارىمامدىغان! بىرسىگە ياخشىلىق قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى بويىنىغا ئالغۇسى كەلمەيۋاتىدۇ! ئاھ، رەزىل ئادەملەر! ھەتتا ئۇلارنىڭ ياخشى كۆرۈشىمۇ ئۆچ كۆرگەنگە ئوخشاشلا... ئاھ، ئۇلارنىڭ جىمىسىنى... كۆرەر كۆزۈم يوق !»

— بىر ئېغىز گەپ بىلەن ئېيتقاندا، — داۋام قىلدى دونېچكا، — پېتىر پېتروۋىچقا تەگمەكچى بولۇشۇم ئىككى مۇشكۈلاتتىن يېنىكرەكىنى تاللىغىنىم. ئۇ مەندىن ئۈمىد قىلغانىنىڭ ھەممىسىنى مەن سەمىمىي ئادا قىلىمەن، شۇڭا مەن ئۇنى ئالدىغان بولمايمەن... ھازىر سىز نېمىشقا ئۇنداق كۈلدىڭىز؟

دونيە قىپقىزىل قىزىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە غەزەپ چاقناپ تۇراتتى.

— ھەممىسىنى ئادا قىلامسەن؟ — سورىدى راسكولنىكوف زەھەرخەندىلىك بىلەن.

— مەلۇم دائىرە ئىچىدە، پېتىر پېتروۋىچنىڭ قانداق ۋە قايسى يوسۇندا تەكلىپ قويۇشىدىن ئۇنىڭ نېمىلەرگە موھتاجلىقىنى دەررۇلا بىلىۋالدىم. ئەلۋەتتە، ئۇ ئۆزىگە بەكلا تەمەننا قويۇشى مۇمكىن. لېكىن، مەن ئۇنىڭ مېنىڭ قەدرىمگىمۇ يېتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن... نېمىشقا يەنە

كۆلىسىز؟

— ئۆزۈڭ نېمىشقا قىزىرىسەن؟ ھەي سىڭلىم. سەن يالغان ئېيتىۋاتىسەن. پەقەت ئاياللارغىلا خاس جاھىللىقىڭغا ئېلىپ، ئەتەي يالغان ئېيتىۋاتىسەن. مېنىڭ توسقىنىمغا قارىماي، ئۆزۈڭنىڭ ئويلىغىنىڭدەك قىلماقچى بولۇۋاتىسەن... سەن لۇژىننى ھۆرمەت قىلمايسەن. مەن ئۇنى كۆردۈم، ئۇنىڭ بىلەن گەپلەشتىم. سەن ئۆزۈڭنى پۇلغا ساتماقچى بولۇۋاتىسەن، نېمىلا دېگىنىڭ بىلەن، بۇ پەسكەشلىك بولىدۇ. ھەر ھالدا قىزاردىڭ، مەن شۇنىڭغا خوش!

— توغرا ئەمەس، يالغان ئېيتىۋاتقىنىم يوق، — ۋارقىرىدى دونېچكا ئاخىر ئۆزىنى تۇتالماي، — ئەگەر ئۇنىڭ مېنى ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىغا، قەدرىمگە يېتىدىغانلىقىمغا ئىشەنچ قىلالمىسام، ئۇنىڭغا ھەرگىزمۇ تەگمەيمەن. ئۇنى ھۆرمەت قىلالايدىغانلىقىمغا قەتئىي ئىشەنچ قىلالمىسام، يەنىلا ئۇنىڭغا تەگمەيمەن. ھېلىمۇ ياخشى مەن بۈگۈنلا بۇنى ئىسپاتلىيالايمەن، ھەتتا بۈگۈننىڭ ئۆزىدىلا ئىسپاتلاپ چىقالايمەن. بۇ نىكاھ ھەرگىز سىز دېگەندەك پەسكەش نىكاھ ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە، دېگەنلىرىڭىز ھەق بولۇپ، مەن شۇنداق پەسكەش ئىشنى قىلىش قارارىغا كەلگەن تەقدىردىمۇ، ماڭا مۇشۇنداق گەپ قىلىشقا يۈزىڭىز قانداق چىدىدى؟ سىز نېمىدەپ مەندىن قەھرىمانلىق كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلىسىز؟ بەلكىم مۇنداق قەھرىمانلىق ئۆزىڭىزدىمۇ يوق بولغىيدى؟ بۇ مۇستەبىتلىك، زوراۋانلىق! ئەگەر مەن بىرەر ئادەمگە زىيان سالار بولسام، ناھايىتى ئۆزۈمگىلا زىيان سالىمەن شۇ... مەن تېخى ھېچكىمنى ئۆلتۈرۈپ باقمىدىم!... ماڭا نېمىشقا مۇنداق قارايسىز؟ نېمىشقا بۇنداق تاتىرىپ كېتىسىز؟ روديە، نېمە بولدىڭىز؟ روديە، جېنىم ئاكا...

— يا پەرۋەردىگار! سەن ئۇنى ھوشىدىن كەتكۈزۈۋەتتىڭ! — ۋارقىرىۋەتتى پولخېرىيە ئالېكساندروۋنا.

— ياق... ياق... ھېچقىسى يوق... ھېچنېمە بولمىدىم!...

بېشىم ئاغرىپ قېپىپ كەتتى، ھوشۇم جايىدا... ھەدېسىلا ھوشىدىن كەتتى دەۋېرىدىكەنسىلەر!... ھە، راست... نېمە دېمەكچىدىم؟ ھە، سەن بۈگۈن ئۆزۈڭنىڭ ئۇنى ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىڭنى، ئۇنىڭمۇ سېنىڭ... قەدرىڭگە يېتىدىغانلىقىنى قانداق ئىسپاتلىماقچى، سەن شۇنداقراق بىرنېمە دېگەندەك قىلدىڭغۇ؟ سەن مۇشۇ بۈگۈنلا دېگەندەك قىلدىڭغۇ؟ مەن خاتا ئاڭلاپ قالمىغاندىمەن؟

— ئانا، پېتېر پېتروۋىچنىڭ خېتىنى ئاكامغا بېرىڭ، — دېدى دونېچكا.

پولخېرىيە ئالېكساندروۋنا تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن خەتنى راسكولنىكوفقا ئۇزارتتى. ئۇ خەتنى ئىنتايىن قىزىقىش ئىچىدە قولىغا ئالدى. لېكىن، خەتنى ئاچقۇچە، ئۇ دونېچكىغا قانداقتۇر ھەيرانلىق نەزىرىدە قاراپ قويدى.

— قىزىق، — دېدى ئۇ بىردىنلا كاللىسىغا كېلىپ قالغان يېڭى پىكىردىن ھەيران بولغاندەك ئاستا گەپ قىلىپ، — يوقىلاڭ ئىشقا ئارىلىشىپ ماڭا نېمە كەپتۇ؟ مۇنچىۋالا ۋارقىراش - جارقىراشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ كىمگە تەگكۈڭ كەلسە تېگىۋەرمەمسەن!

بۇ گەپلەرنى ئۇ گويا ئۆزىگە ئۆزى دەۋاتقاندەك دېۋىدى، لېكىن ئاۋازى چىقىپ كەتتى. شۇڭا، ئۇ نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قېلىۋاتقاندەك، خېلى ئۇزۇنغىچە سىڭلىسىغا قاراپ ئولتۇرۇپ قالدى.

ئۇ ئاخىر خەتنى ئاچتى. ئۇنىڭ چىرايىدىن قانداقتۇر ھەيرانلىق تېخىچە جىلۋىلىنىپ تۇراتتى؛ ئاندىن ئۇ خەتنى ئاستا، لېكىن كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇشقا باشلىدى ۋە ئىككى قېتىم ئوقۇپ چىقتى. پولخېرىيە ئالېكساندروۋنا بەكلا بىئارام بولۇپ كەتتى. باشقىلارمۇ بىرەر ئالاھىدە ۋەقەنىڭ يۈز بېرىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇشاتتى.

— مېنى ھەيران قالدۇرغان يېرى، — دېدى ئۇ بىردەم

ئويلىنىۋېلىپ، خەتنى ئانىسىغا قايتۇرۇپ بېرىۋېتىپ، لېكىن ئۇنىڭ گەپلىرى بىرەر ئادەمگە قارىتىلغاندەك ئەمەس ئىدى، — ئۇ دەۋا ئىشلىرىنى بېجىرىدۇ. ئادۋوكات، ھەتتا گەپ قىلىشلىرىمۇ شۇنداق... سۆلەتلىك... لېكىن بۇ خېتىنىڭ مەزمۇنى ۋە تىلى راۋان ئەمەسكەن.

ھەممەيلەن بىلىنەر - بىلىنمەس قىمىرلاپ قويدى، چۈنكى ئۇلار مۇنداق گەپنىڭ چىقىشىنى كۈتمىگەنىدى.

— بىلەمسەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق يېزىشىدۇ، — دېدى رازۇمىخىن دەرھاللا گەپ قىلىپ.

— بۇ خەتنى سەنمۇ ئوقۇدۇڭمۇ؟

— ئوقۇدۇم.

— ئۇنىڭغا بىز ئوقۇتتۇق، روديە، بىز... ھازىرلا ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلەشكەن، — دېدى پولخېرىيە ئالېكساندروۋنا نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي.

— دەۋا ئەرزىدەكلا يېزىلىپتۇ، — دېدى رازۇمىخىن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — دەۋا ئەرزلىرى تا ھازىرغىچە مۇشۇنداق يېزىلىۋاتىدۇ.

— دەۋا ئەرزىدەك؟ توغرا، نەق دەۋا ئەرزلىرىدەك يېزىلغان، ئەمەلدارلار جامائىتىنىڭ ئىستىلى... مەزمۇنى ۋە تىلى راۋان ئەمەس دېگىلى بولمايدۇ. بەكمۇ نەپىس دېگىلىمۇ بولمايدۇ. ئىشقىلىپ ئەمەلدارلار جامائىتىنىڭ يېزىقچىلىق ئىستىلى!

— پېتېر پېتروۋىچ ئۆزىنىڭ ئانچە كۆپ تەربىيە كۆرمىگەنلىكىنى قىلچە يوشۇرمايدۇ. لېكىن، ئۇ قۇرۇق قول ئىگىلىك تىكلىگەنمەن دەپ ماختىنىدۇ، — دېدى ئاۋدوتيە رومانوۋنا ئاكىسىنىڭ يېڭى بىر تەلەپپۇزدا گەپ قىلغانلىقىغا ئازراق رەنجىپ.

— بوپتۇ، ئۇ ماختانغان بولسا، بەلكىم ماختانغۇچىلىكى باردۇ، مەن قارشى ئەمەس. سىڭلىم، ئاكامنىڭ خەتنى ئوقۇپ بولۇپ، قىلىۋاتقان يەڭگىلتەكلىكىنى قارىمامدىغان دەپ خاپا

بولۇۋاتقاندەك قىلىسەن. ئاچچىقىنى چىقىرىۋېلىش ئۈچۈن، قەستەن مۇشۇنداق ئەرزىمەس ئۇششاق ئىشلارنى تۇتۇۋېلىپ سىياسىيلەشتۈرۈپ، تەمەخورلۇق قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاۋاتقان ئوخشايسەن. دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، مەن خەتنىڭ يېزىلىش شەكلىدىن بەزىبىر پىكىرلەرنى ئېسىمگە ئالدىم، ھازىرقى ۋەزىيەتتە بۇ ھەرگىز ئارتۇقلۇق قىلمايدۇ. خەتتىكى بىر جۈملە سۆز ئىنتايىن ئېنىق ۋە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ، ئۇنىڭدا «ئۇ چاغدا ھەممىنى ئۆزلىرىدىن كۆرسىلە» دېيىلگەن. بۇنىڭدىن تاشقىرى يەنە بىر جۈملىدە سىلەرگە تەھدىت سېپىتۇ. مەن بارسام، ئۇ كېتىپ قالغۇدەك. كېتىمەن دېگىنىنىڭ ئۆزى بىر تەھدىت؛ ئەگەر گېپىگە كىرمىسەڭلار، ئۇ سىلەرنى تاشلىۋەتكۇدەك، يەنە كېلىپ ئۇ سىلەرنى پېتىربۇرگقا چاقىرتىپ ئەكېلىپ بولۇپ تاشلىۋەتكۇدەك. خوش، سەن قانداق ئويلايسەن: ئەگەر لۇژىنىنىڭ مۇشۇ گېپىنى ئۇ (ئۇ رازۇمىخىننى كۆرسەتتى) ياكى زوسىموف دېگەن بولسا ياكى ئارىمىزدىن بىرسىمىز يازغان بولساق، ئەجەبلەنمەسمىدۇق؟

— يا - ياق، — جاۋاب بەردى دونيە جانلىنىپ، — ماڭا ئايان، ئۇ خەت بەكلا تۈز كۆڭۈللۈك بىلەن يېزىلغان، ئۇ خەت يېزىشنى راستلا بىلمىسە كېرەك... سىزنىڭ ئويلىغانلىرىڭىز توغرا، ئاكا، مەن ھەتتا كۈتمىگەنىدىمكى...

— بۇ دەۋا ئەرزلىرىنىڭ شەكلىدە يېزىلغان، دەۋا ئەرزلىرىنىڭ شەكلى بويىچە پەقەت مۇشۇنداقلا يېزىش مۇمكىن، ئۇنىڭ يازغانلىرى ئېھتىمال يازماقچى بولغانلىرىدىن قوپالراق چىققان بولسا كېرەك، شۇنداقتىمۇ ئازراق كەيپىڭنى ئۇچۇرماي ئامالىم يوق. بۇ خەتتىكى يەنە بىر جۈملىدە ماڭا تۆھمەت قىلىنىپتۇ. يەنە كېلىپ بۇ ئىنتايىن پەسكەشلىك بىلەن قىلىنغان تۆھمەت. تۈنۈگۈن پۇلۇمنى بىر تۇل خوتۇنغا، سىل كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇپ، ئۆمرى ئاز قالغان بىر ئائىلىگە بەردىم، ئۇنىڭغا پۇلنى «مېيىت ئۇزىتىش باھانىسىدە» ئەمەس،

بەلكى مېيىت ئۆزىتىش ئۈچۈن بەردىم. ئاندىن ئۇ يازغاندەك ئۇنىڭ قىزىغا — «ئەخلاق - پەزىلەتتە بۇزۇلۇپ، ئابرۇيى تۆكۈلۈپ كەتكەن» قىزىغا (ئۆمرۈمدە ئۇنى تېخى تۇنۇگۈن بىرىنچى قېتىم كۆرۈشۈم) ئەمەس، بەلكى تۇل خوتۇنىنىڭ ئۆزىگە بەردىم. مۇشۇ ئىشتىن مەن ئۇنىڭ مېنى يامان ئاتلىق قىلىپ، ئارىمىزغا نىزا سالغىلى تەقەززا بولۇپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن. بۇنىمۇ دەۋا ئەرزلىرىنىڭ شەكلىدە ئىپادىلەپتۇ، دېمەك، مەقسىتىنى بەك ئاشكارا ئىپادىلەپتۇ، ھەتتا تەقەززا بولغىنىدىن ساددىلىق دەرىجىسىگىچە بېرىپ يېتىپتۇ. ئۇ ئەقىللىق ئادەم، لېكىن ئاقىلانە ئىش قىلىش ئۈچۈن ئەقىللىق بولۇشلا كۇپايە قىلمايدۇ. مانا شۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ قانداق ئادەملىكىنى تازا ئېنىق كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە... مېنىڭچە ئۇ سىزنىڭ قەدرىڭىزگىمۇ يەتمەيدۇ. مەن بۇ گەپلەرنى ساڭا پەقەت ئىبرەت ئېلىشىڭ ئۈچۈنلا دەۋاتىمەن، چۈنكى مەن چىن دىلىمدىن ياخشى بولۇشۇڭنى تىلەيمەن...

دونېچكا جاۋاب بەرمىدى؛ ئۇ تېخى يېقىندىلا بىر قارارغا كەلگەنىدى، ئۇ پەقەت كەچ كىرىشىنى كۈتمەكتە ئىدى.

— ئۇنداقتا، روديە، سەن قانداق قارارغا كەلدىڭ؟ — سورىدى پولخېرىيە ئالېكساندروۋنا. مۇنداق تۇيۇقسىز پەيدا بولغان، يېڭى، تەرتىپلىك تەلەپپۇز ئۇنى بايىقىدىنمۇ بەكرەك بىئارام قىلىۋەتكەنىدى.

— «قارار» دېگىنىڭىز نېمە دېگىنىڭىز؟

— پېتىر پېتروۋىچ خېتىدە سېنى بۈگۈن ئاخشام كەلمىسۇن دەپتۇغۇ، ئەگەر سەن كەلسەڭ... ئۇ كەتكۇدەك. ئەمىسە سەن... بارامسەن - بارمامسەن؟

— بۇ ئىشنى ئەلۋەتتە مەن قارار قىلماسلىقىم، ئالدى بىلەن سىز قارار قىلىشىڭىز كېرەك. ئەگەر پېتىر پېتروۋىچنىڭ مۇنداق تەلىپى ئوغىڭىزنى قايناتمىغان بولسا؛ ئاندىن قالسا، دونيە قارار قىلىش كېرەك. ئەگەر ئۇنىڭمۇ ئاچچىقىنى

كەلتۈرمىگەن بولسا، سىلەرگە قانداق قىلىش ياخشىراق بولسا، مەن شۇنداق قىلىۋېرىمەن، — دەپ قوشۇپ قويدى ئۇ.

— دونېچكا بىر قارارغا كېلىپ بولدى، مەن ئۇنىڭ پىكرىگە پۈتۈنلەي قوشۇلىمەن، — دېدى پولخېرىيە ئالېكساندروۋنا ئالدىراپ.

— ئاكا، مەن سىزدىن ئاكا، ئاشۇ ئۇچرىشىشتا بىز بىلەن بىللە بولۇشىڭىزنى ئىلتىماس قىلىمەن، قەتئىي ئۆتۈنىمەن، — دېدى دونيە، — بارامسىز؟

— چوقۇم بارىمەن.

— مەن سىزنىڭمۇ سائەت سەككىزدە قېشىمىزغا بېرىشىڭىزنى ئۆتۈنىمەن، — دېدى ئۇ رازۇمىخىنغا، — ئانا، مەن ئۇنىمۇ تەكلىپ قىلىمەن.

— ناھايىتى ئوبدان بولدى، دونېچكا. بوپتۇ، سىلەرنىڭ دېگىنىڭلارچە بولسۇن، — قوشۇپ قويدى پولخېرىيە ئالېكساندروۋنا، — مېنىڭ كۆڭلۈممۇ ئارام تېپىپ قالدى؛ مۇغەمبەرلىك قىلىشنى، يالغان ئېيتىشنى بەك يامان كۆرىمەن؛ ئۇنىڭدىن كۆرە راست گەپنىڭ ھەممىسىنى دەيلى... ئەمدى پېتېر پېترووۋىچ خاپا بولامدۇ ـ بولمامدۇ، ئۆزىنىڭ ئىختىيارى.

## 4

دەل شۇ چاغدا ئىشىك ئاستا ئېچىلىپ، ئۆيگە قورقۇمسىراپ يان ـ يېنىغا ئەلەڭلەپ قارىغىنىچە بىر قىز كىرىپ كەلدى. ھەممەيلەن ھەيران بولۇپ، ئۇنىڭغا قىزىقىپ قارىدى. راسكولنىكوف بىر قاراشتىلا ئۇنى تونۇيالمىدى. بۇ قىز سوفيە سېمىونوۋنا مارمېلادوۋا ئىدى. راسكولنىكوف ئۇنى تۈنۈگۈن بىرىنچى قېتىم كۆرگەن. لېكىن، ئۇ چاغدا شۇنداق بىر مۇھىتتا، يەنە كېلىپ شۇنداق كىيىمدە كۆرگەچكە، بۇ قىزنىڭ

قىياپىتى راسكولنىكوفنىڭ خاتىرىسىدە پۈتۈنلەي باشقىچە بىر ھالەتتە قېپقالغانىدى. مانا ئەمدى بولسا، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئىنتايىن ياش، ياشلىقىدىن گۆدەك قىزلارغا ئوخشاپ كېتىدىغان، ناھايىتى ئاددىي، ھەتتا ئىنتايىن ناچار كىيىنگەن، تولىمۇ ئەدەپلىك، ئوچۇق چىراي، لېكىن چىرايىدىن قورقۇش ئالامىتى خېلى ئېنىقلا چىقىپ تۇرغان بىر قىز تۇراتتى. ئۇ ئۇچىسىغا ئۆي ئىچىلىك ئاددىي كۆڭلەك، بېشىغا كونىراپ كەتكەن كونىچە شىلەپە كىيگەنىدى. قولىدا يەنىلا تۈنۈگۈنكىدەك كىچىككىنە كۈنلۈك تۇتۇپ تۇراتتى. ئۇ كۈتمىگەندە ئۆيدە شۇنچە نۇرغۇن ئادەم بارلىقىنى كۆرۈپ، قورۇنۇش بۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا گۆدەك قىزلاردەك قورقۇپ كەتكىنىدىن نېمە قىلىشىنى بىلەلمەيلا قالدى. ئۇ ھەتتا چىقىپ كەتمەكچىمۇ بولدى.

— ھە... سىزمىدىڭىز؟ — دېدى راسكولنىكوف ئىنتايىن ھەيران بولۇپ، ئۇ ئۆزىمۇ بىردىنلا ئۇيالغىنىدىن ئوڭايسىزلىنىپ قالدى.

ئۇ شۇ ئانلا ئانىسى بىلەن سىڭلىسىنىڭ «ئەخلاق ـ پەزىلەتتە بۇزۇلۇپ، ئابرۇيى تۆكۈلۈپ كەتكەن» بىر قىز بارلىقىنى لۇژىنىنىڭ خېتىدىن ئاللىبۇرۇنلا ئۇقۇپ بولغانلىقىنى يادىغا ئالدى. ئۇ تېخى ھېلىلا لۇژىنىنىڭ تۆھمەتتىگە ئېتىراز بىلدۈرگەن ۋە ئۇ قىزنى ئۆمرۈمدە بىرىنچى قېتىم كۆرۈشۈم دېگەنىدى، مانا ئەمدى كۈتمىگەندە شۇ قىز ئۆزى كىرىپ كەلدى. لۇژىنىنىڭ ئۇ قىزنى «ئەخلاق ـ پەزىلەتتە بۇزۇلۇپ، ئابرۇيى تۆكۈلۈپ كەتكەن» دېگەندەك گەپلىرىگە ئېتىراز بىلدۈرمىگەنلىكى ھېلىمۇ ئۇنىڭ يادىدا ئىدى. مانا شۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ كاللىسىدىن خىرە ـ شىرە بىر ھالەتتە غىل ـ پاللا پەيدا بولۇپ ئۆتۈپ كەتتى. لېكىن، ئۇ بىردەم زەن سېلىپ قارىغاندىن كېيىن، ئىزا ـ ئاھانەتكە چىداپ يۈرگەن بۇ قىزنىڭ شۇنداق بىر غېرىبانە ھالەتتە بويىنىنى قىسىپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ، بىردىنلا ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ قالدى. ئۇ قىز

قورققىنىدىن قېچىپ كەتمەكچى بولغىنىدا، ئۇنىڭ يۈرەك ـ باغرى پىچاقتا تىلغاندەك قاتتىق ئاغرىپ كەتتى.

ــ سىزنىڭ كېلىشىڭىزنى زادىلا ئويلىماپتىكەنمەن، ــ دېدى ئۇ ئالدىراپ ۋە كۆز ئىشارىتى بىلەن قىزنى توختىتىپ، ــ قېنى مەرھەمەت قىلىپ ئولتۇرۇڭ. سىزنى كاتېرىنا ئىۋانوۋنا ئەۋەتتى ھەرقاچان، كەچۈرۈڭ. بۇ يەرگە ئەمەس، ئەنە ئاۋۇ يەرگە ئولتۇرۇڭ...

راسكولنىكوفنىڭ ئۈچ ئورۇندۇقىدىن بىرسىدە ئىشىككە يېقىن ئولتۇرغان رازۇمىخىن سونيە كىرگەن چاغدا ئۇنى ئۆتكۈزۈۋېتىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرغانىدى. راسكولنىكوف قىزغا باشتا دىۋاننىڭ بايا زوسىموف ئولتۇرغان نېرىقى بېشىنى كۆرسەتمەكچى بولغانىدى، لېكىن دىۋاننىڭ كارىۋاتلىق ۋەزىپىسىنىمۇ ئۆتەيدىغانلىقىنى، ئۇنى بۇ يەردە ئولتۇرغۇزۇشنىڭ بەكلا ئامراقلىقىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاپ قالدى، شۇ ۋەجدىن ئۇ قىزغا ئالمان ـ تالمان ھېلىلا رازۇمىخىن تۇرۇپ كەتكەن ئورۇندۇقنى كۆرسەتتى.

ــ سەن بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇر، ــ دېدى رازۇمىخىنغا بايا زوسىموف ئولتۇرغان يەرنى كۆرسىتىپ.

سونيە ئولتۇردى، قورققىنىدىن ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى دېگۈدەك تىترەيتتى، ئۇ ئىككى خانىمغا قورۇنۇپقىنا قاراپ قويدى. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇ خانىملار بىلەن قانداقلارچە يانمۇيان ئولتۇرۇپ قالغانلىقىنى ئۇ ئۆزىمۇ ئۇقماي قالغاندى. ئۇ يەنە شۇنى ئېسىگە ئېلىپ قورققىنىدىن بىردىنلا چاچراپ تۇرۇپ كەتتى ۋە قاتتىق قورۇنۇش ئىچىدە روسكولنىكوفقا مۇراجىئەت قىلدى:

ــ مەن... مەن... ئالدىراپ تۇرىمەن. كەچۈرۈڭ، سىزنى ئاۋارە قىلدىم، ــ دېدى ئۇ دۇدۇقلاپ، ــ مېنى كاتېرىنا ئىۋانوۋنا ئەۋەتتى؛ ئۇنىڭ ئەۋەتكۈدەك باشقا ئادىمىمۇ يوق... كاتېرىنا ئىۋانوۋنا سىزنى ئەتە ئەتىگەندە... مېيىت ئۇزىتىشقا

بىرىشىپ بەرسە دەيدۇ... دۇئادىن كېيىن... متروفانىي قەبرىستان①غا قويغۇدەك... ئاندىن بىزنىڭكىگە... ئۇنىڭكىگە... نەزىرگە كەلسۇن دەيدۇ... ماڭا بەك تاپىلاپ ئېيىت... كەلمەي قالمىسۇن، دېدى.

سونيە دۇدۇقلاپ، گېپىنى داۋام قىلالمىدى.

— ئىلاج بار بارىمەن... بارىمەن، — جاۋاب بەردى راسكولنىكوف. ئۇمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، دۇدۇقلاپ قېلىپ گېپىنى دەپ بولالمىدى، — قېنى مەرھەمەت قىلىپ ئولتۇرۇڭ، — دېدى ئۇ كۇتمىگەندە، — سىزگە دەيدىغان گېپىم بار، قېنى سىز ئالدىرايدىغانسىز ھەرقاچان، مەرھەمەت قىلىڭ، بىردەمدىلا...

ئۇ ئورۇندۇقنى قىز تەرەپكە ئازراق سۇرۇپ قويدى. سونيە يەنە ئولتۇردى. ئۇ يەنە قورۇنۇپ نېمە قىلىشنى بىلەلمىگەندەك خانىملارغا لەپپىدە قاراپ قويدى ـ دە، يەنە ئىتتىك يەرگە قارىۋالدى.

تامدەك تاتىرىپ كەتكەن راسكولنىكوف بىردىنلا قىزىرىپ، پۈتۈن بەدىنى چىمىرلاۋاتقاندەك سەسكىنىپ كەتتى، كۆزلىرىمۇ چاقناپ كەتتى.

— ئانا، — دېدى ئۇ قەتئىيلىك، شۇنداقلا دادىللىق بىلەن، — بۇياق مەن سىزگە ھېلىلا گېپىنى قىلىپ بەرگەن، تۈنۈگۈن ھارۋىنىڭ ئاستىدا قېلىپ ئۆلۈپ كەتكەن بىچارە جاناب مارمېلادوفنىڭ قىزى سوفيە سېمىيونوۋنا مارمېلادوۋا بولىدۇ...

پولخېرىيە ئالېكساندروۋنا كۆزلىرىنى بىلىنەر ـ بىلىنمەس قىسىپ سونيەگە قاراپ قويدى. ئۇ رودىيەنىڭ قەتئىي، كىشىنىڭ چىشىغا تەگكۈدەك كىبىرىدىن ئوڭايسىزلانغان بولسىمۇ، بۇ كۆڭۈللۈك پۇرسەتنى يەنىلا قولدىن بەرمىدى. دونېچكا بىچارە قىزنىڭ چىرايىغا جىددىي بىر ھالەتتە پۈتۈن دىققىتى بىلەن تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى، ئاللىقانداقتۇر ھەيرانلىق ئىچىدە

① بۇ پېتېربۇرگتىكى بىر كەمبەغەللەر قەبرىستانى.

ئۇنىڭغا زەن سالماقتا ئىدى. سونيە راسكولنىكوفنىڭ ئۆزىنى تونۇشتۇرغانلىقىنى ئاڭلاپ بېشىنى كۆتۈرمەكچى بولدى ـ يۇ، لېكىن بايىقىدىنمۇ بەكرەك ھولۇقۇپ كەتتى.

ــ سىزدىن شۇنى سورىۋالماقچىدىم، ــ دېدى راسكولنىكوف ئۇنىڭغا ئىتتىك ـ ئىتتىك گەپ قىلىپ، ــ بۇ ئىشنى بۇگۈن قانداقراق تۈگەتتىڭلار؟ سىلەرنى ئاۋارە قىلمىدىمۇ؟... مەسىلەن، ساقچىلار.

ــ ياق، ھەممە ئىشنى تۈگەتتۇق... چۈنكى ئۆلۈش سەۋەبى ئېنىقلا تۇرسا؛ بىزنى ئاۋارە قىلمىدى؛ لېكىن، قولۇم ـ قوشنىلار ئاچچىلاپ كېتىۋاتىدۇ.

ــ نېمىدەپ؟

ــ جەسەت ئۇزۇن تۇرۇپ كەتتى دەپ... ھازىر كۈن ئىسسىق، پۇراق چىقىپ... شۇڭا بۈگۈن كەچلىك ئىبادەت ۋاقتىدا، مېيىتنى قەبرىستانغا يۆتكىۋەتمەكچى، ئەتىگىچە كىچىك چېركاۋدا تۇرۇپ تۇرغۇدەك، كاتېرىنا ئىۋانوۋنا باشتا ئۇنىمىغان، لېكىن ئامال يوقلۇقىنى ئۇقتى بولغاي...

ــ ئەمىسە بۈگۈن ئىكەندە؟

ــ ئۇ كىشى سىزنى چېركاۋدىكى مېيىت ئۇزىتىشقا قالماي كەلسۇن دەيدۇ، ئاندىن ئۆيىدىكى نەزىرگە داخىل بولسۇن دەيدۇ.

ــ ئۇ نەزىر بەرمەكچىمۇ؟

ــ ھەئە، كىچىكرەك؛ ئۇ تۈنۈگۈن بەرگەن ياردىمىڭىز ئۈچۈن كۆپتىن ـ كۆپ مىننەتدار ئىكەنلىكىنى ئېيتتى... سىز بولمىغان بولسىڭىز، مېيىتنى يەرلىككە قويغۇدەكمۇ ھالىمىز يوق ئىدى.

ئۇنىڭ لەۋلىرى بىلەن تۆۋەنكى ئېڭىكى بىردىنلا تىترەپ كەتتى. لېكىن، ئۇ ئۆزىنى تۇتىۋالدى ـ دە، يەنە ئىتتىك يەرگە قارىۋالدى.

گەپ ئارىلىقىدا راسكولنىكوف قىزغا دىققەت بىلەن زەن سالدى. قىزنىڭ يۈزى ياداڭغۇ، بەكلا ياداڭغۇ ۋە قانسىز ئىدى.

يۈز قۇرۇلۇشى خېلىلا سەت، بېشىمۇ، كىچىككىنە بۇرنىمۇ، تۆۋەنكى ئېڭىكىمۇ ئۈچلۇق ئىدى. ئۇنى ھەتتا چىرايلىق دېگىلى بولمايتتى. لېكىن، كۆپكۆك كۆزلىرى شۇ قەدەر يېقىملىق ئىدىكى، بۇ كۆزلەر چاقنىغان چېغىدا، ئۇنىڭ چىرايىغا ئاجايىپ ئاق كۆڭۈللۈك ۋە سەمىمىيلىك تۈسىنى بېرىپ، كىشىنى ئىختىيارسىز ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالاتتى. ئۇنىڭ يۈزىدىن ۋە تەق - تۇرقىدىن يەنە شۇنداق بىر ئالاھىدىلىك كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتىكى، گەرچە ئۇ ئون سەككىز ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، كىچىككىنە قىزچاقلارغىلا ئوخشايتتى، ئەمەلىي يېشىدىن خېلىلا ياش، ھەتتا بىر گۆدەك بالىدەكلا كۆرۈنەتتى. بۇ بەزىدە ئۇنىڭ ئايرىم كۈلكىلىك ھەرىكەتلىرىدە ئېپادىلىنىپ تۇراتتى.

— كاتېرىنا ئىۋانوۋنانىڭ ئازراقلا پۇلى نەزىر ئۆتكۈزگىلى يېتەمدىكەن... — سورىدى راسكولنىكوف سۆھبەتنى جاھىللىق بىلەن داۋاملاشتۇرۇپ.

— گىروبنىڭ ئادەتتىكىلىرىدىن ئالماقچى... ھەممىنى ئاددىيلا قىلماقچى، شۇڭا ئانچە كۆپ كەتمەيدۇ... كاتېرىنا ئىۋانوۋنا ئىككىمىز بايا ئولتۇرۇپ ھېسابلاپ باقتۇق؛ نەزىرگە ئازراق پۇل ئاشىدىكەن. كاتېرىنا ئىۋانوۋنانىڭ بەكلا شۇنداق قىلغۇسى بار. بىلەمسىز، ئۇنداق قىلمىسا بولمايدۇ... بۇ ئۇنىڭغا تەسەللىي بولۇپ قالىدۇ... ئۇ ئۆزى شۇنداقراق، سىزمۇ بىلىسىز...

— بىلىمەن، بىلىمەن.... ئەلۋەتتە... ئۆيۈمگە نېمىشقا بۇنچىۋالا سەپسىلىپ كەتتىڭىز؟ ئاناممۇ ئۇنى گىروبنىڭ ئۆزىلا ئىكەن، دەۋاتىدۇ.

— تۈنۈگۈن ھەممە پۇلىڭىزنى بىزگە بېرەتتىڭىز، — دېدى سونېچكا كۈچلۈك، لېكىن پەس ئاۋازدا ئىتتىك - ئىتتىك گەپ قىلىپ، كېيىن ئىتتىكلا يەرگە قارىۋالدى. ئۇنىڭ لەۋلىرى بىلەن تۆۋەنكى ئېڭىكى يەنە تىترەپ كەتتى. راسكولنىكوفنىڭ ئۆيىدىكى جاھازلارنىڭ شۇنچىۋالا ئاددىيلىقى ئۇنى خېلى بۇرۇنلا ھەيران

قالدۇرغاندى. مانا ئەمدى بۇ گەپلەر تەبىئىي بىر ھالەتتە ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىقىپ كەتتى. ئارقىدىن ئۆيدە جىمجىتلىق باشلاندى، دونىچكانىڭ كۆزلىرى نىمىشقىدۇر نۇرلىنىپ كەتتى، پولخېرىيە ئالېكساندروۋنا سونىچكاغا يېقىملىق نەزەردە قاراپ قويدى.

— رودىيە، — دېدى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، — چۇشلۇك تاماقنى ئەلۋەتتە بىللە يەرمىز. دونىچكا، بىز ماڭايلى... رودىيە، سەن ياخشىسى ئازراق سەيلە قىلىپ كەل. ئاندىن بىردەم يېتىپ ئارام ئال. ئاندىن بىزنىڭ قېشىمىزغا بار، تېزرەك بارغىن... بىز سېنى... بەكلا چارچىتىۋەتتۇقمىكىن دەيمەن...

— بولىدۇ، بولىدۇ، باراي، — جاۋاب بەردى ئۇ ھولۇقۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ، — لېكىن ئازراق ئىشىم بار ئىدى...

— سىلەر تاماقنىمۇ باشقا ـ باشقا يېمەكچىمۇ؟ — ۋارقىرىدى رازۇمىخىن راسكولنىكوفقا ھەيرانلىق ئىچىدە تىكىلىپ، — بۇ زادى نېمە قىلغىنىڭ؟

— بولىدۇ، بولىدۇ، چوقۇم باراي... ئەلۋەتتە، ئەلۋەتتە... سەن بىردەم تۇرۇپ تۇر. ئانا، ھازىرچە ئۇنىڭ سىلەرگە لازىمى يوقتۇ؟ ياكى مەن ئۇنى سىلەردىن تارتىپ ئېلىۋاتىمەنمۇ يا؟

— ھە، ياق، ياق. دمىترىي پروكوۋىچ، تاماقتا سىزمۇ بىز بىلەن بىللە بولۇڭ، ماقۇلمۇ؟

— مەرھەمەت قىلىپ كېلىڭ، جۇمۇ، — ئىلتىماس قىلدى دونىيە.

رازۇمىخىن ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ تەزىم قىلدى. كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئارىلىقتا نېمىشقىدۇر ھەممەيلەن تەڭلا خىجىلچىلىق ھېس قىلىپ قالدى.

— خوش ئەمىسە، رودىيە، كۆرۈشكۇچە دەيمەن. «خوش» دېگەن گەپ بىلەنغۇ خوشۇم يوق. خوش ئەمىسە، ناستاسىيە... ھەي ! يەنە «خوش» دەپ سالدىم !...

پولخېرىيە ئالېكساندروۋنامۇ سونىچكا بىلەن تەزىم قىلىپ خوشلاشماقچى بولدى ـ يۇ، لېكىن نېمىشقىدۇر ئۇنداق

قىلمىدى. شۇڭا خانىدىن ئىتتىك ـ ئىتتىك مېڭىپ چىقىپ كەتتى.

لېكىن، ئاۋدوتيە رومانوۋنا خۇددى ئۆز نۆۋىتىنى كۈتۈپ تۇرغاندەك ئانىسىنىڭ كەينىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ سونيەنىڭ يېنىدىن ئۆتكۈچە ھۆرمەت ۋە ئەدەپ بىلەن تولۇق تەزىم قىلىپ ئۆتتى. سونېچكا ئوڭايسىزلىنىپ، سەل ھودۇقۇپ، ئالدىراپ ـ سالدىراپ جاۋابەن تەزىم قىلدى. لېكىن، خۇددى ئاۋدوتيە رومانوۋنانىڭ ھۆرمەت ـ ئېتىبارى ئۇنى ئوڭايسىزلاندۇرغاندەك ۋە ئېغىر ئازابقا سېلىپ قويغاندەك، ئۇنىڭ چىرايىدا ھەتتا ئاللىقاندىقتۇر كېسەللىك ھالىتىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل ئالامەت جىلۋىلەندى.

— خەير ئەمىسە، دونيە ! — ۋارقىرىدى راسكولنىكوف ئۇلار دەھلىزگە چىقىپ بولغاندا، — ماڭا قول بەرمىدىڭغۇ !

— قول بەردىمغۇ، ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ — جاۋاب بەردى دونيە مۇلايىملىق بىلەن، لېكىن ئوڭايسىزلىق ئىچىدە ئاكىسى تەرەپكە بۇرۇلۇپ.

— بەرگەن بولساڭ نېمە بوپتۇ، يەنە بىر قېتىم قول ئېلىشىۋېتەيلى !

شۇنىڭ بىلەن ئۇ سىڭلىسىنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ قويدى، دونېچكا ئۇنىڭغا قاراپ كۈلدى ـ دە، ھوپپىدە قىزىرىپ، قولىنى ئىتتىك تارتىۋالدى، ئۇ نېمىشقىدۇر بەختكە چۆمۈپ، ئانىسىنىڭ كەينىدىن ماڭدى.

— مانا ئەمدى ئوبدان بولدى، — دېدى راسكولنىكوف ئۆيگە قايتىپ كىرگەندىن كېيىن سونيەگە خاتىرجەم قاراپ، — ئۆلگەنلەرگە خۇدا ئۆزى رەھمەت قىلار، لېكىن تىرىكلەر يەنە ياشىشى كېرەك ! توغرىمۇ؟ توغرىمۇ؟ شۇنداق ئەمەسمۇ؟

سونيە ھەتتا ھەيران بولغاندەك ئۇنىڭ بىردىنلا نۇرلىنىپ كەتكەن چىرايىغا قاراپ تۇرۇپلا قالدى؛ راسكولنىكوفمۇ قىزغا بىرنەچچە سېكۇنتقىچە تىكىلىپ قارىدى. قىزنىڭ مەرھۇم دادىسى

دەپ بەرگەن پۈتۈن ئەھۋالى، ئەنە شۇ كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچىلىك ئارىلىقتا ئۇنىڭ كاللىسىدا غىل - پاللا پەيدا بولۇپ ئۆتۈپ كەتتى...

— يا پەرۋەردىگار، دونېچكا، — دېدى پولخېرىيە ئالېكساندروۋنا كوچىغا چىققان هامان گەپ باشلاپ، — ماۋۇ ئىشنى قارىمامدىغان، ئاشۇ يەردىن چىقىپ كەتكىنىمىزگە خۇشال بولۇۋاتىمەن دېسە، نېمىشقىدۇر ئۆزۈمنى ئەركىن سېزىۋاتىمەن. توۋا، تۈنۈگۈن پويىزدا كېلىۋېتىپ، شۇنىڭغىمۇ خۇشال بولارمەن دەپ ئويلىغانمىدىم!

— ئانا، سىزگە يەنە بىر قېتىم دەپ قويسام بولغۇدەك، ئۇنىڭ كېسىلى ھېلىمۇ ئېغىر كەن. سىز سەزمىدىڭىزمۇ؟ بەلكىم ئۇ بىزنى سېغىنىپ، ئازابلىنىپ، شۇ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغاندۇ. ئۇنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىش، شۇنداق قىلىسىڭىز، نۇرغۇن - نۇرغۇن ئىشلارنى كەچۈرۈۋەتكىلى بولىدۇ.

— ھەي، ئۇنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنمىگەن سەن ئۆزۈڭ! — دېدى پولخېرىيە ئالېكساندروۋنا شۇ ئانلا ئىچى ئېچىشىپ، قاتتىق - قاتتىق گەپ قىلىپ، — بىلەمسەن، دونيە، ئىككىڭلارغا قاراپ ئولتۇرسام، سەن ئاكاڭغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىكەنسەن: تېشىڭلاردىن كۆرە ئىچىڭلار بەكرەك ئوخشايدىكەن؛ ھەر ئىككىڭلار مەيۈس، غەمكىن، ھەر ئىككىڭلار قىزىققان، تەكەببۇر، ھەر ئىككىڭلار مەرد... ئاكاڭ ئۆزىنىلا ئويلايدىغانلارنى ھەرگىزمۇ دورىيالمايدۇ، شۇنداقمۇ، دونيە؟... لېكىن بۈگۈن ئاخشام نېمە ئىشلار بولۇپ كېتەر، دەپ ئويلىسام، پۈتۈن بەدىنىم تىكەنلىشىپ كېتىدۇ!

— خاتىرجەم بولۇڭ، ئانا، ھامىنى بولىدىغان ئىشنىڭ بولغىنى ياخشى.

— دونېچكا، ھازىرقى ھالىمىزنى ئۆزۈڭ بىر ئويلاپ باق! ئەگەر پېتېر پېتروۋىچ نىكاھلىنىشتىن يېنىۋالسا، ئۇ چاغدا

قانداقمۇ قىلارمىز؟ — ئويلىمايلا دەپ سالدى بىچارە پولخېرىيە ئالېكساندروۋنا.

— ئەگەر شۇنداق قىلسا، ئۇنىڭ يەنە نېمە قىممىتى بولماقچىدى، — كېسىپلا جاۋاب بەردى دونېچكا مەنسىتمەسلىك بىلەن.

— بىز ئۇنىڭ يېنىدىن كېتىپ توغرا قىلدۇق، — دېدى پولخېرىيە ئالېكساندروۋنا دەرھال ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — ئۇ بىر يەرگە بارغىلى ئالدىراپ تۇرغاندەك قىلىدۇ؛ ئۇنىڭ تالا ـ تۈزگە چىقىپ، ئازراق ھاۋا يېگىنىمۇ تۈزۈك... ئۇنىڭ ئۆيى بەكلا دىمىق ئىكەن... لېكىن، بۇ يەرنىڭ نەرىدە ساپ ھاۋا باركىنتاڭ؟ بۇ يەرنىڭ كوچىلىرىمۇ ھاۋا كىرمەيدىغان ئۆيگە ئوخشايدىكەن. يا پەرۋەردىگار، قانداق شەھەر بۇ!... توختا... چەتكە ئۆتۈۋال... ئاۋۇلار سوقۇۋېتىدۇ، كۆتۈرۈۋالغىنى نېمىدۇ! ھە، فورتېپيانو ئىكەن ـ دە، قۇرۇپ كەتكۈرلەر... قارىغىنا، بىر ـ بىرىنى ئىتتىرىشكىنىنى... مەن ھېلىقى قىزدىنمۇ قورقۇپ تۇرىمەن...

— قايسى قىزدىن، ئانا؟

— ئۆيدە قالغان ھېلىقى سوفيە سېمىيونوۋنادىن دەيمەن...

— ئۇنىڭ نېمىسىدىن قورقىسىز؟

— ماڭا شۇنداق زايە بولۇۋاتىدۇ، دونيە. راست ئىشەنسەڭ ـ ئىشەنمىسەڭ ئۆزۈڭنىڭ ئىختىيارى. ئۇ كىرىپ كەلگەن چاغدىلا، دىلخەستىلىكنىڭ يىلتىزى شۇمىكىن، دەپ قالدىم.

— ئۇنداق ئىش يوق، — ئەلەم بىلەن ۋارقىرىۋەتتى دونيە، — سىزگە بەكلا تېتىقسىز بىرنېمىلەر زايە بوپتۇ. ئانا! ئاكام ئۇ قىز بىلەن تېخى تۈنۈگۈنلا تونۇشۇپتۇ. بايا ئۇ قىز كىرگەندە، ئاكام ئۇنى تونۇيالماي قالدىغۇ.

— بوپتۇ، قېنى ئۆزۈڭ كۆرۈپ قالارسەن... ئۇ قىز كۆڭلۈمنى پاراكەندە قىلىپلا تۇرىدۇ. قېنى ئۆزۈڭ كۆرۈپ قالارسەن، كۆرۈپ قالارسەن! ئۇ مېنى بەكلا قورقۇتۇۋەتتى: ئاكاڭ تونۇشتۇرۇشقا باشلىغاندا، ئۇ ماڭا قاراپ تۇرۇپتىكەن، قاراشلىرى

شۇنداق ئۆزگىچە، ئورۇندۇقتىن تۇرۇپ كەتكىلى قىل قالدىم. ئېسىڭدىمۇ؟ بەكلا غەلىتە؛ پېتېر پېرووۋىچ خېتىدە ئۇنى ھېلىقىدەك دەپتىكەن، لېكىن ئاكاڭ ئۇنى بىزگە تونۇشتۇردى، ساڭىمۇ تونۇشتۇردى! شۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۇنى بەكلا قەدىرلەيدىغان ئوخشايدۇ!

— نېمە دەپ يازسا يازمامدۇ! بىزنىڭ ئۇستىمىزدىنمۇ خەقلەر گەپ تېرىشتىغۇ، خەتلىرىدە يېزىشتىغۇ، ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ؟ مەن ئۇنىڭغا ئىشەندىم... ئۇ ياخشى قىز ئىكەن، قالغىنىنىڭ ھەممىسى بىلجىرلاش!

— دېگىنىڭدەك بولسۇن ئىلاھىم!

— پېتېر پېتروۋىچ شەرمەندە ئىغۋاگەر ئىكەن، — دېدى دونېچكا كۈتمىگەندە قىلچە ئەيمەنمەي.

پولخېرىيە ئالېكساندروۋنا زوۋان سۈرمىدى. گەپ شۇنىڭ بىلەن ئۈزۈلۈپ قالدى.

— مۇنداق گەپ، سەن بىلەن بىر ئىش توغرۇلۇق سۆزلەشمەكچىدىم، — دېدى راسكولنىكوف رازۇمىخىننى دېرىزە تەرەپكە تارتىپ...

— ئەمىسە مەن كاتېرىنا ئىۋانوۋناغا سىزنى كېلىدىكەن دەپ بارايمۇ... — دېدى سونيە كەتمەكچى بولۇپ ئالمان - تالمان ئورنىدىن تۇرۇپ.

— ھازىرلا تۇگەيدۇ، سوفيە سېمېيونوۋنا، بىزنىڭ سىزدىن يوشۇرغۇدەك سىرىمىز يوق، سىز دەخلى قىلمايسىز... سىزگە دەيدىغان ئىككى ئېغىز گېپىم بار... مۇنداق گەپ، — ئۇ گېپىنى تۈگەتمەي بىردىنلا ئۈزۈپ قويۇپ، رازۇمىخىن تەرەپكە بۇرالدى، — سەن تونۇيسەنغۇ ھېلىقى... ئىسمى نېمىدى... پورفىرىي پېترووۋىچنى؟

— تونۇمايچۇ! ئۇ مېنىڭ تۇغقىنىم. نېمە ئىشىڭ بار ئىدى؟ — سورىدى رازۇمىخىن ئالاھىدە قىزىقىپ.

— ئۇ هازىر ھېلىقى دېلونى... ھە، ھېلىقى قاتىللىق دېلوسىنى بېجىرىۋاتىدۇغۇ... تۈنۈگۈن سىلەر شۇ ئىش توغرۇلۇق سۆزلىشىپتىكەنسىلەرغۇ!

— ھە‌ئە... نېمە بولدى؟ — رازۇمىخىننىڭ كۆزلىرى بىردىنلا چەكچىيىپ كەتتى.

— ئۇ نەرسە - كېرەكلىرىنى گۆرۈگە قويغان ئادەملەرنى سورۇشتۇرۇۋېتىپتۇ، ئۇ يەرگە مەنمۇ ئازراق نەرسەمنى گۆرۈگە قويغان. پۇلغا يارىمايدىغان ئۇشىشاق - چۇشىشەك نەرسىلەر، بىرسى سىڭلىمنىڭ ئۇزۇكى، ئۇنى سىڭلىم مەن ماڭىدىغان چاغدا يادىكار قىلىپ بەرگەن. بىرسى دادامنىڭ كۈمۈش سائىتى. ھەممىسى بولۇپ بەش - ئالتە رۇبلىلىق بىر نەرسە، لېكىن خاتىرە بۇيۇمى بولغاچقا، مەن ئۇچۇن بەكلا قىممەتلىك. ئەمدى مەن قانداق قىلىشىم كېرەك؟ مېنىڭ ئۇلارنى يوقىتىپ قويغۇم يوق، بولۇپمۇ سائەتنى. بايا دونېچكانىڭ سائىتى توغرۇلۇق گەپ بولۇنغاندا، ئانام سائەتنى سوراپ قالارمىكىن، دەپ تىترەپ كەتتىم. دادامدىن قالغان نەرسىلەردىن پەقەت شۇ سائەتلا ساقلىنىپ قالغان. ئەگەر ئۇمۇ يوقالسا، ئانامنىڭ كۆڭلى يېرىم بولىدۇ. خوتۇن خەقلەرنى بىلىسەنغۇ! شۇڭا قانداق قىلىشىم كېرەك، ماڭا مەسلىھەت بەر! بىلىمەن، ساقچى ئىدارىسىگە بېرىپ خەۋەر قىلىشىم كېرەك. لېكىن، ئەگەر توغرىدىن - توغرا پورفىرىينىڭ ئۆزىگىلا دېسەك، تېخىمۇ ياخشىراق بولماسمۇ؟ سېنىڭچە قانداق؟ بۇ ئىشنى تېزرەك پۈتكۈزۈۋەتسەك بولاتتى، قاراپ تۇر، تاماق كەلگۈچە ئانام سائەتنى گەپ يوق سورايدۇ.

— بۇنىڭ ئۈچۈن ساقچى ئىدارىسىگە بېرىشىنىڭ ھاجىتى يوق، پورفىرىينى تاپساقلا بولىدۇ، — دېدى رازۇمىخىن ئادەتتىن تاشقىرى ھاياجان بىلەن، — ماۋۇنى قارا، مەن ئىنتايىن خۇشال!

— ئەمىسە نېمىنى ساقلاپ تۇرىمىز. ھازىرلا بارايلى، ئىككى چامدانلا يەر. گەپ يوق تاپالايمىز.

— بوپتۇ ئەمىسە... ماڭايلى...

— ئۇ سەن بىلەن تونۇشقىنىغا ئىنتايىن، ئىنتايىن، ئىنتايىن، ئىنتايىن خۇشال بولىدۇ! مەن ئۇنىڭغا ھەر ۋاقىت سىزنىڭ گېپىڭنى جىق قىلىپ بەرگەن. جىق گېپىڭنى قىلىپ بەرگەن... تېخى تۈنۈگۈنلا گېپىڭنى قىلىشقانىدۇق. ماڭايلى! ... ئۇنداقتا، سەن ئۇ موماينى تونۇيدىكەنسەن ـ دە؟ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەسكەن!... كا ـ را ـ مەت بىر ئىش بولۇپ چىقتى ـ دە، بۇ ـ نىڭ ـ ئا ـ يىغى! ... ھە، راست سوفيە ئىۋانوۋنا...

— سوفيە سېمويونوۋنا، — تۈزىتىپ قويدى راسكولنىكوف، — سوفيە سېميونوۋنا، بۇ كىشى مېنىڭ دوستۇم رازۇمىخىن، ئۇ ناھايىتى ياخشى ئادەم...

— ئەگەر ئىككىڭلار ھازىر سىرتقا چىقىدىغان بولساڭلار... — رازۇمىخىنغا قاراشقىنىمۇ جۈرئەت قىلالماي تۇرغان سونيە گەپ باشلاپ قويغىنىغا تېخىمۇ بەكرەك خىجىل بولۇپ، جىم بولۇپ قالدى.

— ماڭايلى، — دېدى راسكولنىكوف بىر قارارغا كېلىپ، — سىزنىڭكىگە بۈگۈنلا كىرگەچ ئۆتىمەن. سوفيە سېميونوۋنا. لېكىن، ماڭا دەپ بېرىڭچۇ، سىز نەدە تۇرۇۋاتىسىز؟

راسكولنىكوف ھولۇقۇپ قالغان ئادەمدىنمۇ كۆرە، ئالدىراپ قالغان ئادەمگە بەكرەك ئوخشايتتى، ئۇ قىزدىن كۆزلىرىنى قاچۇردى، سونيە ئادرېسىنى دەپ بەرگۈچە شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى. ئۇلار بىللە تاشقىرىغا قاراپ مېڭىشتى.

— ئىشىكىڭگە قۇلۇپ سالمامسەن؟ — سورىدى رازۇمىخىن ئۇنىڭ كەينىدە مېڭىپ پەلەمپەيدىن چۈشۈپ كېتىۋېتىپ.

— ھېچقاچان قۇلۇپلاپ باقمىدىم! ... ئىككى يىلدىن بۇيان قۇلۇپ ئالىمەن دەپلا كېلىۋاتىمەن، — پەرۋاسىزلا قوشۇپ قويدى ئۇ، — قۇلۇپقا ھاجىتى چۈشمىگەن ئادەملەر بەختلىك ئادەملەر،

شۇنداقمۇ؟ — دېدى ئۇ سونيەگە قاراپ كۈلۈپ.

ئۇلار كوچىغا چىقىپ دەرۋازا ئالدىدا توختىدى.

— سىز ئوڭ تەرەپكە ماڭامسىز. سوفىيە سېمىيونوۋنا، ھە راست، مۇنداقلا سوراپ باقايچۇ، سىز مېنى قانداق تاپتىڭىز؟ — سورىدى ئۇ قىزدىن گويا ئۇنىڭغا ھېچ ئالاقىسى يوق باشقا بىر ئىشنى سۆزلەپ بەرمەكچى بولغاندەك، ئۇنىڭ قىزنىڭ مۇلايىم، بۇلاقتەك كۆزلىرىگە قارىغۇسى كېلەتتى. لېكىن، نېمىشقىدۇر زادىلا قارىيالمايتتى.

— ئادرېسىڭىزنى تۈنۈگۈن پولېچكا①غا ئۆزىڭىز دەپ بېرىپتىكەنسىزغۇ !

— پولىيە؟ ھە، راست... پولېچكا ! ھېلىقى... قىزچاق... ئۇ سىزنىڭ سىڭلىڭىزمۇ؟ ئۇنىڭغا ئادرېسىمنى ئۆزۈم دەپ بېرىپتىمەنمۇ؟

— نېمە، ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ؟

— ياق... ئېسىمدە...

— سىزنىڭ گېپىڭىزنى ماڭا مەرھۇم دادام قىلىپ بەرگەن... لېكىن، ئۇ چاغدا فامىلىڭىزنى بىلمەيتتىم. ئۇ ئۆزىمۇ بىلمەيدىكەندۇق... تۈنۈگۈن فامىلىڭىزنى ئۇقۇپ، مانا بۈگۈن كەلدىم. بىراق، يەنىلا جانابىي راسكولنىكوف قەيەردە تۇرىدۇ، دەپ سورىدىم.... سىزنىڭ ئىجارىگە ئالغان ئۆيدە تۇرىدىغانلىقىڭىزنى بىلمەيدىكەنمەن... خەير - خوش... مەن كاتېرىنا ئىۋانوۋناغا دەپ باراي...

قىز ئۇلارنىڭ يېنىدىن كېتىۋالغىنىغا ئىنتايىن خۇرسەن ئىدى؛ ئۇلار كۆرەلمەيدىغان يەرگە پاتراق يېتىۋېلىش ئۈمىدىدە سونيە بېشىنىمۇ كۆتۈرمەي ئىتتىك - ئىتتىك ماڭدى. ئۇ مانا شۇ يىگىرمە قەدەمچە يەرنى تۈگىتىۋالسىلا، دوقمۇشقا بېرىپ ئوڭ تەرەپكە بۇرۇلۇپ، چوڭ كوچىغا چىقىۋالاتتى. ئۇ ئۆزى يالغۇز

① «پولېچكا، پولىيە، پولىنكا» دېگەنلەر مارمېلادوفنىڭ قىزى پولېنا مىخايلوۋنا- نىڭ ئەركىلەتمە ئىسىملىرى.

قالغان چاغدا، يەنە ئالدىراپ ئىتتىك ماڭدى. ھېچكىمگە قارىمىدى، ھېچنېمىگە ئېتىبار قىلمىدى. پەقەت خىيال سۈرۈپ، ئەسلەپ، دېيىلگەن ھەربىر ئېغىز گەپنى، ھەربىر ئەھۋالنى ئويلىغاچ ماڭدى. ئۇ مۇنداق ھېسسىياتنى ھېچقاچان، ھېچقاچان بېشىدىن كەچۈرۈپ باقمىغانىدى. پۈتۈن بىر يېڭى دۇنيا خىرە ـ شىرە، چۈشەنگىلى بولمايدىغان بىر ھالەتتە ئۇنىڭ قەلبىگە كىرىپ كەلگەنىدى. ئۇ بىردىنلا راسكولنىكوفنىڭ ئۆيىگە كىرگەچ ئۆتمەن دېگىنىنى ئەسلەپ قالدى. بەلكىم چۈشتىن بۇرۇن بېرىپ قېلىشى ياكى ھازىرلا بېرىپ قېلىشى مۇمكىن!

— ئەڭ ياخشىسى بۈگۈن بېرىپ قالمىسۇن، ھەرگىز بۈگۈن بېرىپ قالمىسۇن، — پىچىرلىدى ئۇ خۇددى قورقۇپ كېتىپ ئاللىكىملەرگە يېلىنغان بالىلاردەك، يېلىنىپ، — يا رەببىم! مېنىڭ قېشىمغا... ئاشۇ ئۆيۈمگە بارسا... كۆرۈپ قالىدۇ... ۋاي خۇدايىم!

شۇ پەيتتە، ئۇ ناتونۇش بىر جانابنىڭ ئۆزىدىن كۆز ئۈزمەي، ئىزمۇئىز تەقىپ قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى سەزمىدى. قىز دەرۋازىدىن چىققىنىدىلا، ئۇ قىزنىڭ كەينىگە چۈشكەنىدى. رازۇمىخىن، راسكولنىكوف ئۈچى كوچىدا پىيادىلەر يولىدا تۇرۇپ گەپلىشىۋاتقاندا، ھېلىقى ئادەم ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئويلىمىغاندا سونيەنىڭ: «مەن يەنىلا جانابى راسكولنىكوف قەيەردە تۇرىدۇ، دەپ سورىدىم» دېگىنىنى ئاڭلاپ قالدى ـ دە، بىردىنلا چۆچۈپ كەتتى. ئۇچەيلەنگە تېز، لېكىن دىققەت بىلەن زەن سېلىپ چىقتى، ئۇ سونيەنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىپ تۇرغان راسكولنىكوفقا ھەممىدىن بەكرەك دىققەت قىلدى؛ ئاندىن بىناغا كۆز سېلىپ، ئۇنى كۆڭلىگە پۈكۈۋالدى. مانا شۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇ ئۆتۈپ كېتىۋاتقۇچە بولغان قىسقىلا ۋاقىت ئىچىدە بولۇپ ئۆتتى. يولۇچى قىلچە چاندۇرماي يولنى داۋاملاشتۇرىۋەردى. ئۇ نېمىنىدۇر كۈتكەندەك قەدىمىنى ئاستىلاتتى. ئۇ سونيەنى كۈتمەكتە ئىدى، چۈنكى ئۇ ئۇلارنىڭ

خوشلىشىۋاتقانلىقىنى، سونيەنىڭ ئۆيىگە قايتماقچى بولۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەندى.

«بۇ قىز نەدە تۇرىدىغاندۇ؟ بۇ چىرايىنى نەدىدۇر كۆرگەندەك قىلىمەن، — ئويلىدى ئۇ سونيەنىڭ چىرايىنى ئەسلەپ، — بۇنى ئۇقۇۋېلىش كېرەك.»

دوقمۇشقا كەلگەندە، ئۇ يولنى كېسىپ ئۆتۈپ، نېرىقى تەرەپكە ئۆتۈۋالدى. ئۇ بۇرۇلۇپ قاراپ، سونيەنىڭمۇ مۇشۇ تەرەپكە قاراپ ئۆزى بىلەن بىر كوچىدا كېلىۋاتقانلىقىنى ۋە ھېچنېمىنى سەزمىگەنلىكىنى كۆردى. سونيەمۇ دوقمۇشقا كېلىپ، نەق مۇشۇ كوچىغا بۇرالدى. ئۇ سونيەنىڭ كەينىگە چۈشۈپ، كوچىنىڭ نېرىقى پىيادىلەر يولىدا سونيەگە كۆزىنى ئۈزمەي دىققەت قىلىپ ماڭدى. ئەللىك قەدەمچە ماڭغاندىن كېيىن، ئۇ يەنە سونيە كېتىۋاتقان تەرەپتىكى پىيادىلەر يولىغا ئۆتتى ـ دە، ئۇنىڭغا يېتىشىۋېلىپ، ئوتتۇرىدا بەش قەدەم ئارىلىق تاشلاپ ماڭدى.

ئۇ ئەللىك ياشلارغا كىرىپ قالغان، ئوتتۇرا بويىدىن ئېگىزرەك، سېمىز ئادەم ئىدى، مۈرىلىرى كەڭ ۋە كۆپۈنكى بولغاچقا، ئازراق دوكتەك كۆرۈنەتتى. ئازادە ۋە پۇزۇر كىيىنگەن بۇ ئادەم ناھايىتى سالاپەتلىك بىرەر بەگدەك قىلاتتى. ئۇ قولىدا نەپىس ھاسا تۇتۇپ، ھەربىر قەدەم تاشلىغىنىدا، پىيادىلەر يولىنى بىر توقۇلدىتىپ كېتىپ باراتتى؛ قوللىرىغا بولسا يېپيېڭى پەلەي كىيگەنىدى. ئۇنىڭ ياڭاق سۆڭىكى بۆرتۈپ چىققان كەڭ يۈزى كىشىنىڭ خېلىلا ئامراقلىقىنى كەلتۈرەتتى، ئۇنىڭكىدەك نۇر يېغىپ تۇرىدىغان چىراي پېتېربۇرگتا كەمدىن ـ كەم ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭ ھېلىمۇ قويۇق ئاچ سېرىق چېچىغا ئازراق ئاق ئارىلىغانىدى. بەلگۇرجەك شەكلىدە ياسىتىلغان كەڭ ۋە قويۇق ساقىلى، ھەتتا چېچىدىنمۇ بەكرەك ئاچ سېرىق ئىدى. ئۇنىڭ كۆكۈچ، سوغۇق كۆزلىرى بولسا، ئادەمگە تىك قادىلىپ ۋە خىيالچان قارايتتى؛ لەۋلىرى قىپقىزىل ئىدى. قىسقىسى، بۇ

ئادەم ئۆزىنى ناھايىتى ياخشى كۆتسە كېرەك، ئۇ ھەقىقەتەن يېشىدىن خېلىلا ياشتەك كۆرۈنەتتى.

سونيە قانال بويىغا چىققاندا، پىيادىلەر يولىدا شۇ ئىككىسىدىن باشقا ھېچكىم قالمىغانىدى. ئۇ قىزنىڭ خىيالغا چۆكۈپ، پەرىشان بىر ھالەتتە كېتىۋاتقانلىقىنى بايقىدى. سونيە ئۆيىگە يېتىپ كېلىپ، دەرۋازىدىن كىردى. ھېلىقى ئادەمۇ ئازراق ئەجەبلەنگەندەك قىلىپ ئۇنىڭ كەينىدىن مېڭىۋەردى. ھويلىغا كىرگەندىن كېيىن، قىز ئوڭ تەرەپتىكى بۇرجەككە بۇرالدى ـ دە، ئۆيىگە ئېلىپ چىقىدىغان پەلەمپەي تەرەپكە قاراپ ماڭدى. «ھوي !» دېدى ناتونۇش كىشى پەس ئاۋاز بىلەن قىزنىڭ كەينىدىن يۇقىرىغا چىقىپ كېتىۋېتىپ، سونيە ئۇنى شۇ چاغدىلا بايقىدى. ئۇ ئۈچىنچى قەۋەتكە چىقىپ، توققۇزىنچى نومۇرلۇق ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىدا توختاپ قوڭغۇراقنى تارتتى. ئىشىككە بور بىلەن «تىككۈچى كاپېرناموف» دەپ يېزىپ قويۇلغانىدى. «ھوي!» دېدى يەنە ھېلىقى ناتونۇش ئادەم. ئۇ بۇنداق غەلىتە ئۇچرىشىشقا قاتتىق ھەيران بولماقتا ئىدى، ئۇ قوشنا ئۆينىڭ ئىشىك قوڭغۇرىقىنى تارتتى.

— سىز كاپېرناموفنىڭكىدە تۇرىدىكەنسىز ـ دە، — دېدى ئۇ سونيەگە قاراپ كۈلۈپ، — ئۇ تۈنۈگۈن مېنىڭ بىر جىلىتكەمنى ئۆزگەرتىپ بەرگەن. مەن مەشەدە، سىزگە ئارىتام ئۆيدە، رېسسلىخنىڭكىدە، گېرترۇدا كارلوۋنانىڭكىدە تۇرىمەن. شۇنداق توغرا كەلگىنىنى قارىماملىغان !

سونيە ئۇنىڭغا دىققەت بىلەن قارىدى.

— ئىككىمىز قوشنا ئىكەنمىز، — دېدى ئۇ نېمىشقىدۇر ئالاھىدە خۇشال بولۇپ، — مەن شەھەرگە تېخى ئالدىنقى كۈنىلا كەلگەن. بوپتۇ، خوش ئەمىسە.

سونيە جاۋاب بەرمىدى، ئىشىك ئېچىلىشىغا ئۇ غىپپىدە ئۆيگە كىرىپ كەتتى. نېمىشقىدۇر ئۇنى ۋەھىمە باستى...

ئۇلار پورفىرىينىڭكىگە كېتىۋاتقاندا، رازۇمىخىن ئادەتتىن

تاشقىرى جانلىنىپ كەتتى.

— بەك ئوبدان بولدى، بۇرادەر ! — دېدى ئۇ يېنىش - يېنىش، — مەن بەك خۇشال ! بەكلا خۇشال !

«ئۇ نېمىشقا خۇشال بولىدىكىن؟» ئويلىدى راسكولنىكوف ئۆزىچە.

— سىنىڭمۇ ئۇ مومايغا نەرسەڭنى گۆرۈگە قويغانلىقىڭنى بىلمەيدىكەنمەن. ئاندىن... بۇ خېلى بۇرۇنقى ئىشمۇ؟ مېنىڭ دېگىنىم، سىنىڭ ئۇ يەرگە بارغىنىڭغا خېلى ئۇزۇن بولغانمۇ؟

«تازىمۇ ساددا ئەخمەقكەن - دە بۇ !» ئويلىدى راسكولنىكوف.

— قاچان دېدىڭما؟ — دېدى ئۇ قەدىمىنى توختىتىپ ئەسلەپ، — ئۇنىڭ يېنىغا ئۇ ئۆلۈشتىن ئىككى - ئۈچ كۈن ئىلگىرى بارغاندەك قىلىمەن. لېكىن، مەن ھازىر ئۇ نەرسىلەرنىڭ پۇلىنى تۆلىگىلى كېتىۋاتقىنىم يوق، — ئالدىراپ قوشۇپ قويدى ئۇ نەرسىلىرىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقاندەك قىلىپ، — ھازىر قولۇمدا بىرلا كۈمۈش رۇبلى قالدى... ھەممىسى تۈنۈگۈنكى بىردەملىك لەنتى ئېسىمنى يوقىتىشىمنىڭ كاساپىتى !

ئۇ ئېسىمنى يوقىتىش دېگەن سۆزلەرنى ئالاھىدە قاتتىق ئۇرغۇ بىلەن ئېيتتى.

— ھە، راست، راست، — دەرھاللا قوشۇلدى رازۇمىخىن نېمىگە قوشۇلغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەي، — شۇ چاغدا شۇنچىۋالا قىلىپ كەتكەنلىكىڭنىڭ سەۋەبى شۇ ئىكەن - دە... ھەرھالدا ھەيران بولۇۋىدىم... بىلەمسەن، ئېسىڭنى يوقاتقان چېغىڭدا ئاللىقانداق ئۈزۈكلەرنىڭ، زەنجىرلەرنىڭ گېپىنى ئاغزىڭدىن چۈشۈرمىگەنىدىڭ !... توغرا، توغرا... مانا ئەمدى ئۇقتۇم، مانا ئەمدى ھەممە نېمە ئېنىق بولدى.

«مانا قارا ! مۇشۇنداق خىيال ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تارقاپ كېتىپتۇ - دە ! مۇنۇ ئادەم مېنى دەپ ئۆتقا كىرىشكىمۇ تەييار،

بۇمۇ ئوبدان بولدى. ئېسىمنى يوقىتىپ ياتقان ۋاقتىمدا نېمە ئۈچۈن ئۈزۈكنىڭ گېپىنى قىلغانلىقىمنى ئاخىر چۈشەندى! مۇنداق خىيال ئۇلارنىڭ كاللىسىدا يىلتىز تارتىپ كەتكەن بولسا كېرەك! ...» ئويلىدى روسكولنىكوف.

— ئۇنى ئۇچرىتالارمىزمۇ؟ — سورىدى ئۇ.

— ئۇچرىتىمىز، ئۇچرىتىمىز، — ئالدىراپ جاۋاب بەردى رازۇمىخىن، — ئۇ بەك ئوبدان ئادەم، ئاداش، ھېلى كۆرۈپ قالىسەن! ئۆزى سەل كالامپايراق. مېنىڭ دېگىنىم، ئۇ نازاكەتلىك ئادەم، مەن يەنە بىر مەنىدىكى كالامپايلىقنى دەۋاتىمەن. ئۇ ئەقىللىق، بەكلا ئۆتكۈر، ھەتتا ئەقلى توشقان ئادەم، لېكىن پىكىر قىلىش ئۇسۇلى ئۆزگىچىرەك... ئۇ گۇمانخور، ھەممىلا نېمىدىن گۇمان قىلىۋېرىدۇ، يەنە كېلىپ ئار-نومۇس دېگەننى بىلمەيدۇ... ئادەمنى ئالداشقا ئامراق، يەنى ئادەمنى ئالداشقا ئەمەس، ئادەمنى ئەخمەق ئېتىشكە ئامراق... ئۇنىڭ ئۇسۇلى — يەنىلا شۇ ئاتام ئېيتقان بايىقى پاكىتقا بەكرەك ئەھمىيەت بېرىش ئۇسۇلى... لېكىن، ئۆز ئىشىغا پۇختا، ئىنتايىن پۇختا... ئۆتكەن يىلى ئۇ ھېچقانداق ئىز قالمىغان بىر قاتىللىق دېلوسىنى ئېنىقلىدى! ئۇنىڭ سەن بىلەن ئىنتايىن، ئىنتايىن تونۇشقۇسى بار ئىدى!

— نېمىشقا ئەمدى، شۇنداق تونۇشقۇسى كېلىپ قاپتۇ؟

— ئەمدى، قارا... بىلەمسەن، يېقىندىن بۇيان، ئاغرىپ قالغىنىڭدىن بۇيان، ئۇنىڭغا دائىم گېپىڭنى قىلىپ كەلدىم، نۇرغۇن قېتىم... ھە راست، ئاڭلاپ تۇر... ئۇ سېنىڭ قانۇن ئوقۇغانلىقىڭنى، مۇھىتىنىڭ قىستىشى بىلەن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيالماي قالغانلىقىڭنى ئاڭلاپ، «ۋاي ئىست!» دېگەن! شۇڭا كېسىپ ئېيتىمەنكى... يالغۇز ئاشۇ ئىش سەۋەبىدىنلا ئەمەس، مۇشۇنداق نۇرغۇن ئىشلار سەۋەبىدىن شۇنداق؛ تۈنۈگۈن، زامېتوف... ماڭا قارا، روديە، تۈنۈگۈن مەست بولۇپ قېلىپ، ئۆيگە قايتقۇچە بىرمۇنچە ۋالاقلاپ كېتىپتىمەن... ئاغىنە. مەن

سىنى شۇ گەپلەرنى يوغىنىتىۋەتمىگىيدى دەپ ئەنسىرىگەن، بىلەمسەن...

— قايسى گەپنى؟ مېنى ساراڭغا چىقىرىۋەتكەن ئىشنىما؟ بەلكىم شۇلارنىڭ دېگىنى توغرىدۇ.

ئۇ زورمۇزور كۈلۈپ قويدى.

— شۇنداق... شۇنداق... تۇفى، ئۇنداق ئەمەس !... ھە راست، ساڭا نېمىلەرنى دېگەن بولسام، شۇنىڭ ھەممىسى (يەنە ئۇنىڭدىن باشقىلىرىمۇ) بىكار گەپ، ھەممىسى بىر مەستنىڭ جۆيلۈشى.

— ناماقۇل بولۇشنىڭ نېمە ھاجىتى ! مەن بۇلاردىن شۇنداق بىزار ! — ۋارقىرىدى راسكولنىكوف ئۆزىنى قاتتىق ئاچچىقى كەلگەندەك كۆرسىتىپ. لېكىن، ئۇنىڭ بۇ قىلىقىنىڭ كۆپى يالغان ئىدى.

— بىلىمەن، بىلىمەن، چۈشىنىۋاتىمەن. گېپىمگە ئىشەن. چۈشىنىۋاتىمەن، ھەتتا دېيىشتىن خىجىل بولۇۋاتىمەن...

— خىجىل بولۇۋاتساڭ، بولدى دېمەيلا قوي.

ھەر ئىككىلىسى جىم بولۇپ قالدى. رازۇمىخىن ئىنتايىن خۇشال ئىدى. بۇنى سېزىپ تۇرغان راسكولنىكوفنىڭ چىشلىرى كىرىشىپلا كەتتى. رازۇمىخىننىڭ بايىراقتا پورفىرىي ھەققىدە دېگەنلىرى ئۇنى دەككە ـ دۈككىگە سېلىپ قويغانىدى.

«بۇ ئادەمگىمۇ بىچارە سۈپەترەك كۆرۈنۈش كېرەك، — ئويلىدى ئۇ چىرايى تاتارغان، يۈرىكى گۈپۈلدەپ سالغان بىر ھالەتتە، — يەنە مۇمكىنقەدەر تەبىئىيرەك كۆرۈنۈش كېرەك. ياخشىسى، ھەرقانداق كۆرۈنۈشكە تىرىشمىسام، شۇ ئۆزى ئەڭ تەبىئىي بولىدۇ. ئىمكانقەدەر ھېچقانداق كۆرۈنۈشكە تىرىشماسلىقىم كېرەك ! بولمىغۇدەك، تەبىئىيلىك بولمايدۇ... توغرا، باشقا كەلگەننى كۆرۈش كېرەك... ھازىرلا.... ئۇ يەرگە بارغىنىم تۈزۈكمىدۇ، بارمىغىنىم تۈزۈكمىدۇ؟ پەرۋانىنىڭ ئۆزىنى ئوتقا ئاتقىنىدەك بىر ئىش بولغۇدەك. يۈرىكىم سېلىپ كېتىۋاتىدۇ، بۇ ياخشى ئەمەس !...

— مانا مۇشۇ كۆل رەڭ بىنا، — دېدى رازۇمىخىن.

«ئەڭ مۇھىمى، پورفىرىي مېنىڭ تونۇگۇن ھېلىقى دەججالنىڭكىگە بارغانلىقىمنى... ئاندىن قان يۇقىنى سورۇشتۇرگەنلىكىمنى بىلەلمەمدىغاندۇ؟ مەن ئۇنىڭكىگە كىرىپ، بۇ ئىشنى دەرھال ئېنىقلىشىم كېرەك، ئۇنىڭ چىرايىدىن بىلىۋېلىشىم كېرەك؛ بولمىسا... جاننى تىكىپ بولسىمۇ، بىلىۋېلىشىم كېرەك!»

— بىلەمسەن، — دېدى ئۇ رازۇمىخىنغا قاراپ مۇغەمبەرلىك بىلەن ھىجىيىپ، — ئاغىنە، بۈگۈن قارىسام تولىمۇ ھاياجانلىنىپ تۇرغاندەك قىلىسەن، شۇنداقمۇ؟

— ھاياجانلىنىپ؟ مەن قىلچە ھاياجانلانمىدىم، — دېدى رازۇمىخىن راستىلا جىددىيلىشىپ.

— توغرا ئەمەس، ئۇكا، راستىلا كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن. بايا ئورۇندۇقتا ئولتۇرغىنىڭدىمۇ خۇددى تۇتقاقلىقى تۇتۇپ قالغان ئادەمدەك ئورۇندۇقنىڭ قىرىدىلا ئولتۇردۇڭ، بۇنداق ئولتۇرغىنىڭنى زادىلا كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن. ھېچقانداق سەۋەبسىزلا ئورنۇڭدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتىڭ. تۇرۇپلا ئاچچىقتىن بوغۇلۇپ كەتتىڭ، تۇرۇپلا نېمىشقىدۇر چىرايىڭ ئاجايىپ ئېچىلىپ كەتتى. سەن ھەتتا شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتىڭ، بولۇپمۇ سېنى تاماققا تەكلىپ قىلغاندا، بەكلا قىزىرىپ كەتتىڭ.

— ئۇنداق ئىش يوق؛ يالغان ئېيتىۋاتىسەن!... بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

— سەن باشلانغۇچ مەكتەپ بالىلىرىدەك ھېيلىگەرلىك قىلىپ نېمە قىلىسەن؟ خۇدايا توۋا، ئۇ يەنە قىزىرىپ كەتتىغۇ.

— سەن بەئەينى توڭگۇز ئىكەنسەن!

— نېمانچە خىجىل بولىسەن؟ رومېئو[1]، توختاپ تۇر، مەن بۇگۈن بىرەر جاي تېپىپ بۇ ئىشنى ئۇلارغا دەپ بەرمىسەم. ھا — ھا — ھا... ئانامنى بىر كۆلدۈرەي... يەنە بىر كىشىلەرنىمۇ بىر كۆلدۈرەي...

— ماڭا قارا، ماڭا قارا، ماڭا قارا دەيمەن، بۇ دېگەن جىددىي ئىش. بۇ دېگەن... ئەگەر دەپ قويساڭ، بۇ قىلىقسىزلىق بولىدۇ، جىن ئۇرغۇر! — قورققىنىدىن پۈتۈن بەدىنى مۇزلاپ كەتكەن رازۇمىخىننىڭ گەپلىرىمۇ قولاشماي قالدى، — سەن ئۇلارغا نېمىنى دېمەكچى؟ مەن، ئۇكا... توفى، سەن راستىلا توڭگۇزنىڭ ئۆزى ئىكەنسەن!

— سەن بەئەينى ئەتىيازدىكى قىزىل گۈلگىلا ئوخشاپ قالدىڭ! بىلەمسەن، بۇ ئوخشىتىش ساڭا شۇنداق ماس كەلدى؛ بويى ئون ۋېرشوك[2] كېلىدىغان رومېئو! بۈگۈن يۈزۈڭنى شۇنداق پاكىز يۇيۇپسەن، ھەتتا تىرناقلىرىڭنىمۇ تازىلاپسەن، شۇنداقمۇ؟ مۇشۇنداق ئىش ئىلگىرى بولۇپ باققانمۇ؟ خۇدا ئۆزى گۇۋاھ، يەنە تېخى چاچ مايمۇ سۈرتكەندەك قىلىسەنغۇ! ئېڭىشە!

— چوشقا!!!

راسكولنىكوف ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايۋاتقاندەك قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇلار پورفىرىي پېتروۋىچنىڭ ئۆيىگە مانا شۇنداق كۈلگەن پېتى كىرىپ كېلىشتى. راسكولنىكوف مانا شۇنى كۈتكەنىدى. ئۇلارنىڭ قاقاھلاپ كۈلۈپ كىرگەنلىكى ئۆيدىكىلەرگە ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇلار دەھلىزگە كىرىپمۇ كۈلكىلىرىنى توختىتالمىدى.

— بۇ يەردە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمايسەن. بولمىسا... كاللاڭنى ئېزىۋېتىمەن! — غەزەپ بىلەن پىچىرلىدى رازۇمىخىن راسكولنىكوفنى يەلكىسىدىن تۇتۇۋېلىپ.

---

① رومېئو — شېكىسپىرنىڭ «رومېئو بىلەن ژۇلېتتا» ناملىق تىراگېدىيەسىنىڭ ئەر باش قەھرىمانى.

② ئون ۋېرشوك — 1.86 مېتىرغا توغرا كېلىدۇ.

# 5

بۇ چاغدا راسكولنىكوف ئۆيگە كىرىپ بولغانىدى، كىرىپ كېلىۋاتقان چېغىدا، ئۇ ئوزايىدىن كۈلۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۆزىنى ئاران ـ ئاران تۇتۇپ تۇرۇۋاتقاندەكلا قىلاتتى. رازۇمىخىن ئۇنىڭ كەينىدىن كىرىپ كەلدى، بويى ئېگىز، ياداڭغۇ، كالامپاي بۇ ئادەمنىڭ خىجىللىق دەستىدىن روھىي چۈشكۈنلۈك ۋە قەھىر ـ غەزەپ چىقىپ تۇرغان يۈزى بەئەينى چوغلۇقتەك قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى چىرايى ۋە پۈتۈن تەق ـ تۇرقىنىڭ بەكلا كۈلكىلىكلىكى، راسكولنىكوفنىڭ كۈلۈشىنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى. راسكولنىكوف تونۇشتۇرۇشنى كۈتۈپ تۇرمايلا، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇلارغا سوئال نەزىرىدە قاراپ تۇرغان ئۆي ئىگىسىگە تەزىم قىلدى ۋە ئۇنىڭغا قول بەردى، ئۆزىنى تونۇشتۇرۇش يۈزىسىدىن زورمۇزور بىر ـ ئىككى ئېغىز گەپ قىلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئىچ ـ ئىچىدىن بۇلدۇقلاپ چىقىۋاتقان كۈلكىسىنى ھېلىمۇ ئاران ـ ئاران بېسىپ تۇرۇۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. لېكىن، ئۇ ئەمدىلەتىن ئۆزىنى جىددىي قىياپەتكە كىرگۈزۈپ، ئۇنى ـ بۇنى دەپ تۇرۇشىغا، ئۇنىڭ كۆزى كۈتمىگەندە ئىختىيارسىز ھالدا رازۇمىخىنغا چۈشۈپ قالدى ـ دە، ئەمدى ئۆزىنى زادىلا تۇتۇپ تۇرالمىدى؛ باياتىن بېرى زورمۇزور بېسىپ تۇرۇلغان كۈلكە بىردىنلا پارتلاپ كەتتى. ئۇ شۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۆزىنى قانچىلىك كۈچ بىلەن كۈلكىدىن توختىتىپ تۇرغان بولسا، مانا ئەمدى شۇنچىلىك كۈچلۈك قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى. راسكولنىكوفنىڭ مۇنداق «سەمىمىي» كۈلكىسىگە رازۇمىخىننىڭ ئىنتايىن ئاچچىقى كەلدى. بۇ كۈلكە سورۇننى ھەقىقىي شاد ـ خۇراملىققا چۆمدۈردى. مۇھىمى،

تەبىئىي تۇسكە كىرگۈزدى. رازۇمىخىن بولسا، گويا ئەتەي قىلغاندەك مۇنداق تەبىئىيلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتتى.

— ھۇ شەيتان! — ھۆركىرىدى ئۇ، ئاندىن قولىنى شىلتىۋىدى، قولى تېگىدە ئازراق چېيى قالغان ئىستاكان قويۇقلۇق چاققانغىنا ئۇستەلگە تەگدى. ئۇستەلدىكى نەرسىلەر يەرگە چۈشۈپ چاراڭلاپ سۇندى.

— جانابلار، نېمىشقا ئورۇندۇقلارنى سۇندۇرىسىلەر؟ بىلىپ قويۇڭلار، بۇ دۆلەت غەزىنىسىگە زىيان①، — ۋارقىرىدى پورفىرىي ئىچ - ئىچىدىن خۇشال بولۇپ.

راسكولنىكوف بىر قولىدا ئۆي ئىگىسىنىڭ قولىنى سىقىپ تۇرغانلىقىنى ئېسىدىن چىقىرىپ تېخىچە كۈلمەكتە ئىدى، لېكىن ئۇ مۇۋاپىق پەيت تاللاش كېرەكلىكىنى بىلەتتى. شۇڭا ئىشنى بىرقەدەر تەبىئىي ئاياغلاشتۇرۇش ئۈچۈن، مۇۋاپىق پەيتنى كۈتمەكتە ئىدى. ئۇستەلنى ئۆرۈۋېلىپ، ئىستاكاننى سۇندۇرۇپ قويغىنىغا قاتتىق خىجىل بولۇپ كەتكەن رازۇمىخىن تەرىنى تۇرۇپ ئىستاكاننىڭ سۇنۇقلىرىغا قارىدى - دە، تۈكۈرۈۋەتتى. ئاندىن ئىتتىك بۇرۇلۇپ، دېرىزە تەرەپكە قارىۋالدى. ئۇ قاپىقىدىن قار ياغدۇرۇپ، دېرىزىگە قاراپ تۇرغىنى بىلەن، دېرىزە سىرتىدىكى ھېچنېمىنى كۆرمەيتتى. پورفىرىي پېتروۋىچ كۈلۈپ تۇراتتى ۋە ئۇنىڭ يەنە كۈلۈۋەرگۈسى باردەك قىلاتتى. لېكىن، ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈشىنى كۈتۈپ تۇرغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇلۇڭدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان زامېتوف مېھمانلار كىرگەن چاغدا ئورنىدىن تۇرۇپ، كۈلۈمسىرىگىنىچە جايىدا كۈتۈپ تۇردى. لېكىن، ئۇ ھەيران بولۇۋاتقاندەك، ھەتتا گۇمان قىلىۋاتقاندەك بىر ھالەتتە بۇ كۆرۈنۈشنى كۆزەتمەكتە ئىدى. ئۇ راسكولنىكوفقا قارىغان چېغىدا، ھەتتا نېمىشقىدۇر ھولۇققاندەكمۇ قىلىپ قالدى. زامېتوفنىڭ كۈتمىگەندە بۇ يەردە

① بۇ دىيالوگ گوگولنىڭ «رېۋىزور» ناملىق كومېدىيەسىنىڭ بىرىنچى پەردە بىرىنچى كۆرۈنۈشىدىن ئېلىنغان.

بولۇپ قېلىشى راسكولنىكوفنى ھەيران قالدۇردى ۋە كۆڭلىنى غەش قىلدى.

«بۇنىمۇ مۇلاھىزە قىلىپ بېقىش كېرەك !» ئويلىدى ئۇ.

— كەچۈرۈڭ، — دەپ گەپ باشلىدى ئۇ ئۆزىنى خىجىل بولۇۋاتقاندەك كۆرسىتىپ، — راسكولنىكوف بولىمەن...

— تارتىنماڭ، ئىنتايىن خۇرسەنمەن... مۇشۇنداق كىرىپ كەلگىنىڭلارغا ئىنتايىن خۇشالمەن... نېمە بولدى، ئۇنىڭ سالاملاشقۇسىمۇ كەلمەي قاپتۇغۇ؟ — دېدى پورفىرىي پېترووۋىچ رازۇمىخىننى كۆرسىتىپ.

— راست دەيمەن، نېمىشقا مەندىن بۇنچىۋالا خاپا بولۇپ قالغانلىقىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، يولدا كېلىۋېتىپ ئۇنىڭغا ناھايىتى سەن رومېئوغا ئوخشاپ قاپسەن، دېدىم، ئاندىن... ئاندىن بۇنى ئىسپاتلاپ بەردىم. بۇنىڭدىن باشقا گەپ بولۇنمىغاندەك قىلغان.

— چوشقا ! — دېدى رازۇمىخىن كەينىگىمۇ قارىماي.

— شۇنچىلىك سۆزگە شۇنچىۋالا ئاچچىقى كەلگىنىگە قارىغاندا، بۇنىڭدا ناھايىتى مۇھىم بىر سەۋەب بولسا كېرەك، — دېدى پورفىرىي كۈلۈپ.

— ھىم، سەنزە... تەرگەۋچىمىش تېخى !... جىن ئۇرسۇن ھەممىڭنى ! — دېدى رازۇمىخىن قىلچە تەپ تارتماي، ئاندىن ئۆزىمۇ بىردىنلا قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە خۇددى ھېچقانداق ئىش بولمىغاندەك خۇش چىراي بىلەن پورفىرىي پېترووۋىچنىڭ قېشىغا كەلدى.

— بولدى، بولدى ! ھەممىمىز ئەخمەق؛ رەسمىي گەپكە كېلەيلى: بۇ مېنىڭ دوستۇم رودىئون رومانوۋىچ راسكولنىكوف. بىرىنچىدىن، سەن ئىسمى ـ شەرىپىنى بۇرۇنلا ئاڭلىغان، ئۇنىڭ بىلەن تونۇشماقچى بولۇپ يۈرىۋېدىڭ؛ ئىككىنچىدىن، ئۇنىڭ سەندە ئازراقىنا ئىشى بار. ئوھو ! زامېتوف ! بۇ ياقلارغا كېلىپ قاپسەنغۇ؟ ئىككىڭلار تونۇشامسىلەر؟ تونۇشقىنىڭلارغا ئۇزۇن

بولغاندۇ؟

«بۇ يەنە نېمە ئىشتۇ؟» ئويلىدى راسكولنىكوف تەشۋىشلىنىپ.

زامېتوف خىجىل بولغاندەك قىلدى، لېكىن ئانچە بەك خىجىل بولۇپ كەتمىدى.

— تۇنۇگۇن سېنىڭكىدە تونۇشقان، — دېدى ئۇ بىپەرۋالىق بىلەن.

— ئەمىسە، مېنى ئاۋارىچىلىكتىن قۇتۇلدۇرۇپسەن. پورفىرىي، ئۆتكەن ھەپتە ئۇ ماڭا مېنى پورفىرىي بىلەن تونۇشتۇرۇپ قوي، دەپ يېلىنىۋىدى، مانا ئەمدى تونۇشتۇرۇشۇمنىڭ ھاجىتى قالماپتۇ. ئۆزۈڭلەر ئاپاق - چاپاق بولۇپ كېتىپسىلەر... تاماكاڭ قېنى؟

پورفىرىي پېتروۋىچ ئۆيىدە ئۆي ئىچىلىك كىيىم — خالات بىلەن ئىنتايىن پاكىز كۆڭلەك، پۇتىغا ئۆكچىسى مايماق كەتكەن پوپۇش كىيگەنىدى. ئوتتۇز بەش ياشلارغا كىرىپ قالغان، ئوتتۇرا بويىدىن سەل پاكارراق، سېمىز، ھەتتا ئازراق قورساق سالغان، ساقال قويماي، ساقىلىنى پاكىز قىردۇرغان، چاچلىرىنى بېشى بىلەن تەڭلا دېگۇدەك قىسقا قىلىپ ياساتقان، بېشى يوغان ۋە يۇمىلاق، گەجگىسى ئالاھىدە پۇلتىيىپ چىقىپ تۇرىدىغان كىشى ئىدى. ئۇنىڭ ئازراق ئاسمانغا قارىغان بۇرنى سېمىز ۋە يۇمىلاق يۈزىنى ئاغرىق ئادەملەرنىڭ يۈزىدەك قېنىق سېرىق كۆرسىتىپ تۇراتتى، لېكىن ئۇنىڭ چىرايىدىن تېتىكلىك، شۇنداقلا ئازراق مەسخىرىنىڭ ئالامىتى چىقىپ تۇراتتى. ئەگەر پۇتۇنلەي ئاپپاق دېگۇدەك، خۇددى كىمگىدۇر كۆز ئىشارىتى قىلىۋاتقاندەك لىپىلداپ تۇرىدىغان كىرپىكلىرىنىڭ ئاستىدا ياشقا تولۇپ پارقىراپ تۇرىدىغان كۆزلىرىدىكى كىبىر چىرايىدىكى ئىپادىنى خىلىلا كېمەيتىپ تۇرمىغان بولسا، ئۇنىڭ چىرايىنى ھەتتا ئاق كۆڭۈل ئادەملەرنىڭ چىرايى دېگىلىمۇ بولاتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى ئىپادە ئاياللارنىڭكىگە سەل - پەل ئوخشاپراق

كېتىدىغان قەددى ـ قامىتىگە زادىلا ماس كەلمەيتتى، بۇ ھالەت ئۇنىڭغا دەسلەپ ئۇچراشقان چاغدىكىگە قارىغاندا، خېلىلا جىددىي تۇس بېغىشلاپ تۇراتتى.

پورفىري پېتروۋىچ مېھمانىنىڭ ئۆزىدە «ئازراق ئىشى» بارلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنى دەرھال دىۋانغا تەكلىپ قىلدى. ئۆزى دىۋاننىڭ نېرىقى بېشىدا ئولتۇردى ـ دە، كۆزلىرىنى مېھمانغا تىكىپ، ئۇنىڭ نېمە ئىش بىلەن كەلگەنلىكىنى دېيىشىنى كۈتتى. ئادەملەر بىر ـ بىرىسى بىلەن پىششىق تونۇشۇپ كەتمىگەن ئەھۋالدا، بولۇپمۇ ئۆزىڭىز دېمەكچى بولغان ئىشىڭىزنى مۇنچىۋالا دىققەت ـ ئېتىبار بىلەن ئاڭلاشقا ئەرزىمەيدۇ دەپ قارىغان چېغىڭىزدا، مۇنداق قادىلىپ، ھەتتا ئادەتتىن تاشقىرى جىددىي نەزەردە قاراش ئادەمنى ئوڭايسىزلاندۇرۇپ، ھەتتا خىجىل قىلىپ قويىدىغۇ، لېكىن راسكولنىكوف نېمە ئىش بىلەن كەلگەنلىكىنى قىسقا، ئەمما چۈشىنىشلىك سۆزلەر بىلەن روشەن ۋە ئېنىق چۈشەندۈردى. بۇنىڭدىن ئۆزىمۇ مەمنۇن بولدى، چۈنكى ئۇ شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ پورفىرىيغا خېلى ئىنچىكىلەپ زەن سېلىشقا ئۈلگۈردى. پورفىري پېتروۋىچمۇ ئۇنىڭدىن كۆزلىرىنى ئۈزمىدى. شۇ ئۈستەلنىڭ نېرىقى تەرىپىدە ئولتۇرغان رازۇمىخىن راسكولنىكوفنىڭ چۈشەندۈرۈشىگە قىزغىن، لېكىن سەۋىرسىزلىك بىلەن قۇلاق سالماقتا ئىدى، ئۇ خۇددى ئەدەپنى ئازراق ئۇنتۇپ قىلىۋاتقاندەك، ھېلى ئۇنىڭغا، ھېلى بۇنىڭغا قاراپ قالاتتى.

«ئەخمەق!» ئىچىدە تىللىدى راسكولنىكوف.

— سىز ساقچى ئىدارىسىگە ئىلتىماس يېزىشىڭىز كېرەك! — جاۋاب بەردى پورفىري ھۆكۈمەت ئىشىدا يان باسمايمەن دېگەندەك بىر قىياپەت بىلەن، — يەنى مەسىلەن پالانى ئىشتىن، يەنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش دېلوسىدىن خەۋەر تاپتىم. پالانى ـ پالانى نەرسىلەر ماڭا تەۋە ئىدى. شۇنى ساقچى ئىدارىسىنىڭ

مەزكۇر دېلونى بىجىرگۈچى تەرگەۋچىگە ئۇقتۇرۇپ قويۇشنى ئۆتۈنىمەن، دەيسىز، ئۇلارنى پۇلنى تۆلەپ قايتۇرۇپ ئالماقچى ئىكەنلىكىڭىزنى ئېيتىسىز... ياكى ئۇ يەردە... لېكىن ئۇلار سىزگە ئۇقتۇرۇش قىلىدۇ.

— گەپ مانا شۇنىڭدا، — دېدى راسكولنىكوف ئۆزىنى تەڭلىكتە قالغاندەك كۆرسىتىپ، — هازىر قولۇمدا پۇلۇم يوق... ھەتتا شۇنچىلىك پۇلنىمۇ چىقىرالمايمەن... بىلەمسىز، مەن هازىرچە شۇنىلا دەپ قويماقچى، شۇ نەرسىلەر مېنىڭكى، لېكىن مەن قاچان پۇل تاپقاندا...

— ھېچقىسى يوق، — جاۋاب بەردى پورفىرىي پېتروۋىچ ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى توغرىسىدىكى چۈشەندۈرۈشىنى سوغۇققانلىق بىلەن ئاڭلاپ، — ئەگەر خالىسىڭىز، توغرىدىن - توغرا ماڭا خەت يازسىڭىزمۇ بولىدۇ، مەزمۇنى بايىقىدەك، يەنى مەن پالانى ئىشتىن خەۋەر تاپتىم، پالانى - پالانى نەرسىلەر مېنىڭ ئىدى، ئىلتىماس قىلىمەنكى...

— ئادەتتىكى قەغەزگە يازساممۇ بولىۋېرەمدۇ؟ — ئالدىراپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى راسكولنىكوف، گەپنى يەنە ئىقتىساد تەرىپىگە تارتىپ.

— ئەڭ ئاددىي قەغەزگە يازسىڭىز بولىۋېرىدۇ! — دېدى پورفىرىي پېتروۋىچ كۆتمىگەنده كۆزلىرىنى قىسىپ ئۇنىڭغا ئوچۇقتىن - ئوچۇق مەسخىرىلىك نەزەردە قاراپ، گويا ئۇنىڭغا كۆزىنى قىسىپ قويۇۋاتقاندەك قىلىپ، ئېھتىمال بۇ راسكولنىكوفقا شۇنداقراق تۇيۇلغاندۇ، چۈنكى بۇ بىردەملىككىلا داۋام قىلدى. لېكىن، ھېچبولمىغاندا شۇنداقراق بىر ئىش بولۇپ ئۆتتى. راسكولنىكوف پورفىرىي پېتروۋىچ ماڭا قاراپ كۆزىنى قىستى، دەپ قەسەم ئىچىشكە تەييار ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ نېمىشقا شۇنداق قىلغانلىقىنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ.

«ئۇ بىلىدىكەن !» دېگەن ئوي ئۇنىڭ خىيالىدىن چاقماق تېزلىكىدە ئۆتۈپ كەتتى.

— شۇنچىلىك ئەرزىمەس ئىش بىلەن ئاۋارە قىلغانلىقىم ئۈچۈن كەچۈرۈڭ، — داۋام قىلدى ئۇ نېمە قىلىشىنى بىلەلمەيۋاتقاندەك قىلىپ، — مېنىڭ نەرسىلىرىم بار - يوقى بەش رۇبلىلىق نەرسە، لېكىن ئۇلار باشقىلارنىڭ نەرسىلىرى، خەقلەر ماڭا سوۋغا قىلغان نەرسىلەر ئىدى، شۇڭا مەن ئۇلارنى ئالاھىدە ئەتىۋارلايمەن. سىزدىن يوشۇرمايمەن، ھېلىقى ئىشنى ئاڭلىغان چېغىمدا، راستىلا قاتتىق چۆچۈپ كەتتىم...

— شۇڭلاشقا تۇنۇگۈن زوسىموفقا: پورفىرىي نەرسە - كېرەكلىرىنى گۆرۈگە قويغانلارنى سۈرۈشتۈرۈۋېتىپتۇ، دەپ قويسام، شۇنداق جىددىيلىشىپ كېتىپتىكەنسەن - دە، — دېدى رازۇمىخىن ئېنىق بىر نىيەتتە گەپ قىستۇرۇپ.

بۇ راستىلا چىدىغۇسىز بىر ئىش بولدى. راسكولنىكوف ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، قاپقارا كۆزلىرىدىن غەزەپ ئوتلىرىنى چاقنىتىپ، ئۇنىڭغا ھومىيىپ قاراپ قويدى. لېكىن، شۇ ئانىلا ھوشىنى يىغىۋالدى.

— ئۇكا، سەن مېنى مازاق قىلىۋاتامسەن نېمە؟ — دېدى ئۇ ئەتەي ئۆزىنى خاپا بولغاندەك كۆرسىتىپ، — مەن قايىل، ئېھتىمال مەن سېنىڭ نەزىرىڭدە بىر تىيىنگىمۇ ئەرزىمەيدىغان ئەسكى - تۇسكى بىرنېمىلەرگە بەكلا كۆڭۈل بۆلۈپ كېتىۋاتقاندىمەن. لېكىن، شۇ ۋەجدىن مېنى شەخسىيەتچى ياكى پىخسىق دېسەڭ توغرا بولمايدۇ، مېنىڭ نەزىرىمدە شۇ كىچىككىنە ئىككى نەرسە ھەرگىزمۇ بىر تىيىنگە ئەرزىمەيدىغان ئەسكى - تۇسكى ئەمەس، مەن ساڭا ھازىرلا دېدىم، كۈمۈش سائەت بەلكىم ھېچقانچە پۇلغا يارىماس، لېكىن ئۇ دادامدىن قالغان بىردىنبىر تەۋەررۈك، مەيلى كۈلسەڭ كۈلۈۋەر، لېكىن ئانام مېنى كۆرگىلى كەلدى، — ئۇ بىردىنلا پورفىرىي تەرەپكە بۇرالدى، — ئەگەر ئانام ئۇ سائەتنىڭ يوقلۇقىنى ئۇقۇپ قالسا، — دېدى ئۇ يەنە تېزلا رازۇمىخىن تەرەپكە بۇرۇلۇپ، بەكلا تىترەڭگۈ ئاۋاز بىلەن، — قەسەم ئىچىمەنكى، ئۇ قاتتىق قايغۇرۇپ

تۇگىشىپ كېتىدۇ ! خوتۇن كىشى ئەمەسمۇ !

— مەن ئۇنداق دېمەكچى ئەمەس ! مېنىڭ ئۇنداق خىيالىممۇ يوق ! مەن دەل شۇنىڭ ئەكسىنى دېمەكچى ! — ۋارقىرىدى رازۇمىخىن خاپا بولۇپ.

«مۇشۇنداق قىلغىنىم ياخشى بولدىمۇ؟ تەبىئىي چىققانمىدۇ ياكى بەكلا ئاشۇرۇۋەتكەندىمەنمۇ؟ — ئويلىدى راسكولنىكوف تەشۇىشلىنىپ، — خوتۇن كىشى ئەمەسمۇ، دېگىنىم نېمىسى؟»

— ئانىڭىز سىزنى كۆرگىلى كەلدىمۇ؟ — نېمىشقىدۇر سوراپ قالدى پورفىرىي پېتروۋىچ.

— ھەئە.

— قاچان كەلدى؟

— تۈنۈگۈن ئاخشام.

پورفىرىي نېمىنىدۇر ئويلاپ قالغاندەك جىم بولۇپ قالدى.

— نەرسىلىرىڭىز ھەرگىز يوقالمايدۇ، — داۋام قىلدى ئۇ ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن سوغۇق گەپ قىلىپ، — مەن سىزنى ئۇزاقتىن بۇيان مۇشۇ يەردە ساقلاۋاتقان.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ گويا ھېچ ئىش يۈز بەرمىگەندەك، تاماكىسىنىڭ كۈلىنى تەپتارتماستىن گىلەمگىلا قېقىپ ئولتۇرغان رازۇمىخىنغا كۈلدانىنى سۇندى. راسكولنىكوف شۈركىنىپ كەتتى، لېكىن پورفىرىي خۇددى رازۇمىخىنغا كۈلدانىنى سۇنۇپ بېرىش بىلەنلا بولۇپ كەتكەندەك قىلىپ، ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمىدى.

— نېمە؟ ساقلاۋاتقان؟ سەن ئۇنىڭ نەرسىلىرىنى ئۇ يەرگە گۆرۈگە قويغانلىقىنى بىلەمتىڭ؟ — ۋارقىرىدى رازۇمىخىن.

پورفىرىي پېتروۋىچ ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماي، توغرىدىن - توغرا راسكولنىكوفنىڭ ئۆزىگىلا گەپ قىلدى:

— سىزنىڭ ئىككى نەرسىڭىزنى — بىر تال ئۈزۈك بىلەن بىر سائەتنى — ئۇ بىر ۋاراق قەغەزگە يۆگەپ، قەغەزگە قېرىنداش بىلەن سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى ۋە بۇ نەرسىلەرنىڭ

گۆرۈگە قويۇلغان ئاي، كۇننى ئېنىق يېزىپ قويۇپتىكەن.
— كۆزىڭىز ھەقىقەتەن ئۆتكۈر ئىكەن! — دېدى راسكولنىكوف قورۇنۇش ئارىلاش كۈلۈپ، ئۇ پورفىرىينىڭ كۆزىگە ئۇدۇل قاراشقا تىرىشتى ـ يۇ، لېكىن يەنىلا ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قوشۇپ قويدى، — مېنىڭ ئۇنداق دېگىنىم، ئۇ يەرگە نەرسە ـ كېرەكلىرىنى گۆرۈگە قويغان ئادەملەر ناھايىتى كۆپ بولۇشى مۇمكىن... شۇڭا، ھەممىلا ئادەمنىڭ ئىسمىنى يادىڭىزدا تۇتۇۋالالىشىڭىز قىيىن... لېكىن سىز، ھەممىلا ئادەمنىڭ ئىسمىنى ئېنىق بىلىدىكەنسىز، يەنە كېلىپ... يەنە كېلىپ...
«ھەي ئەخمەق! بوشاڭ! نېمىدەپ بۇ گەپلەرنى دەپ يۈرىدىغاندىمەن؟» ئويلىدى راسكولنىكوف.
— نەرسە ـ كېرەكلىرىنى گۆرۈگە قويغانلارنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك بىلىپ بولدۇق، كەلمىگەن پەقەت سىزلا قېلىۋىدىڭىز، — جاۋاب بەردى پورفىرىي ئاسانلىقچە پەرق ئېتىپ كەتكىلى بولمايدىغان كىنايىلىك تەلەپپۇز بىلەن.
— ئازراق ساقسىز بولۇپ قالدىم.
— ئۇنىمۇ ئاڭلىدىم، ھەتتا قانداقتۇر بىر ئىش ۋەجىدىن قاتتىق ئازابلىنىپ يۈرگەنلىكىڭىزنىمۇ ئاڭلىدىم. چىرايىڭىز ھېلىمۇ بەكلا تاتىراڭغۇدەك قىلىدۇ.
— ياقەي، تاتىراڭغۇ ئەمەس... ئەكسىچە، سالامەتلىكىم ناھايىتى ياخشى، — جاۋاب بەردى راسكولنىكوف قوپاللىق ۋە زەھەرخەندىلىك بىلەن، ئۇنىڭ تەلەپپۇزى بىردىنلا ئۆزگىرىپ كەتتى. ئۇ سەپرايى ئۆرلەپ، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قالدى. «ئاچچىقىمغا پايلىماي، چاندۇرۇپ قويۇشۇم مۇمكىن، — چاقماق تېزلىكىدە خىيالىدىن كەچۈردى ئۇ، — لېكىن، ئۇلار مېنى نېمىشقىمۇ قىينايدىغاندۇ؟...»
— ئۇنىڭ سالامەتلىكى ياخشى ئەمەس! — دېدى رازۇمىخىن گەپنى ئۇلاپ، — قارىماسىمەن ئۇنىڭ ئالا ـ تاغىل گەپ

قىلىۋاتقىنىنى ! ئۇ تېخى تۇنۇگۈنگىچە خۇدنى بىلمەي جۆيلۈپ ياتقان... ھە راست، دېسەم ئىشەنمەيسەن، پورفىريي، تۇنۇگۈن ئۇ ئۆزە تۇرغۇدەك ماغدۇرى يوق تۇرۇقلۇق، زوسىموف ئىككىمىز كېتىشىمىزگە كىيىملىرىنى كىيىپ، غىپپىدە تىكىۋېتىپتۇ، تاكى يېرىم كېچىگىچە نەلەردىدۇر لاغايلاپ يۈرۈپتۇ. ساڭا دېسەم، بۇ تامامەن ئېسىنى يوقاتقانلىقىنىڭ ئالامىتى، بۇنى تەسەۋۋۇرمۇ قىلالمايسەن ! تازىمۇ قاملاشمىغان ئىشتە بۇ !

— ئەجەبا ئۇ تامامەن ئېسىنى يوقاتقان بولسا ـ ھە؟ قېنى دەپ باققىنا ! — دېدى پورفىريي خوتۇن كىشىدەك بېشىنى چايقاپ.

— ھەي، يوق گەپ ! ئىشەنمەڭ ! ئۇنىڭسىزمۇ سىز بەرىبىر ئىشەنمەيسىز! — دەۋەتتى راسكولنىكوف قاتتىق ئاچچىقى كېلىپ. لېكىن، پورفىريي پېتروۋىچ بۇ غەلىتە گەپلەرنى ئاڭلىمىدى.

— ئەگەر ئېسىڭنى يوقاتقان بولمىساڭ، نېمىدەپ قېچىپ كەتتىڭ؟ — دېدى رازۇمىخىن بىردىنىلا ھاياجانلىنىپ، — نېمىدەپ قېچىپ كەتتىڭ؟ قېچىپ نېمە قىلماقچىدىڭ؟... نېمىشقا ئوغرىلىقچە قېچىپ كەتتىڭ؟ شۇنداق قىلغان ۋاقتىڭدا، كاللاڭ نورمالمىدى؟ ھازىرغۇ ھەممە خەتەر ئۆتۈپ كەتتى، ساڭا توغرىدىن ـ توغرا دەۋەرسەم بولمۇغىرىدۇ!

— تۇنۇگۈن ئۇلار بەكلا چىشىمغا تېگىپ كەتتى، — دېدى راسكولنىكوف كۈتۈلمىگەندە پورفىرىيگە قاراپ مۇتتەھەملىك بىلەن كىشىنىڭ چىشىغا تەگكۈدەك سوغۇق كۈلۈپ، — مۇشۇلاردىن قۇتۇلايچۇ، دەپ ئۆزۈمگە ئۆي ئىزدىگىلى چىقىۋىدىم، ئۇلارنى تاپالمىسۇن دېۋىدىم، قولۇمدا بىرمۇنچە پۇلۇممۇ بار ئىدى. ئەنە، جانابىي زامېتوف ئۇ پۇللارنى كۆرگەن. دەپ بېقىڭچۇ، جانابىي زامېتوف، تۇنۇگۈن مېنىڭ ئەقىل ـ ھوشۇم جايىدىمىدى ياكى مەن ئېسىمنى يوقاتقانمىدىم؟ تالاش ـ تارتىشىمىزغا قېنى سىز ھۆكۈم قىلىپ بېقىڭچۇ.

شۇ پەيتتە ئۇنىڭ زامېتوفنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكۈسى كېلىپ

كەتتى. زامېتوفنىڭ قاراشلىرى ۋە گەپ قىلماي ئولتۇرۇشى شۇ تاپتا ئۇنىڭ بەكلا چىشىنى قىرىشتۇرۇپ كېتىۋاتاتتى.

— مېنىڭچە، گەپلىرىڭىز ئورۇنلۇق، ھەتتا جايىدا ئىدى. لېكىن، بەكلا خاپىخان بولۇپ قاپتىكەنسىز، — دېدى زامېتوف قۇرۇقلا گەپ قىلىپ.

— بۈگۈن نىكودىم فومىچ ماڭا دەپ بەردى، — دېدى پورفىرىي پېتروۋىچ، — تۈنۈگۈن خېلى كەچ بىر چاغدا، ئاتنىڭ ئاستىدا قېلىپ ئۆلۈپ كەتكەن بىر ئادەمنىڭ ئۆيىدە سىزنى كۆرۈپتىكەن...

— خوش، ئاشۇ خىزمەتچىنىڭ ئىشىنى ئالايلى، — دېدى رازۇمىخىن گەپنى ئۇلاپلا، — سەن شۇ كىشىنىڭكىدە ۋاقتىڭدا سارالڭ ئەمەسمۇ؟ ئاخىرقى ئازراقلا پۇلۇڭنىڭ ھەممىسىنى ھېلىقى تۇل خوتۇنغا مېيىتنى ئۇزىتىۋېلىڭ دەپ بېرىۋېتىپسەن. ئەگەر ئۇنىڭغا ياردەم قىلغۇڭ بولسا، بوپتۇ. ئون بەش رۇبلى بەر، ھەتتا يىگىرمە رۇبلىمۇ بەر، ھېچبولمىغاندا ئۈچ رۇبلىنى بولسىمۇ ئېلىپ قالامسەن، لېكىن سەن ئىنتايىن سېخىيلىق بىلەن يىگىرمە بەش رۇبلىنىڭ ھەممىسىنى بېرىۋېتىپسەن!

— بەلكىم مەن بىرەر جايدىن غەزىنە تېپىۋالغاندۇرمەن. بۇنى سەن نەدىن بىلىسەن؟ شۇڭلاشقا مەن تۈنۈگۈن شۇنداق سېخىي بولۇپ كەتكەندىمەن... ئەنە ئاۋۇ جانابىي زامېتوف مېنىڭ غەزىنە تېپىۋالغانلىقىمنى بىلىدۇ! ... كەچۈرۈڭ، — دېدى ئۇ پورفىرىي پېتروۋىچقا لەۋلىرىنى تىترىتىپ، — بىز مۇشۇنداق تۇتامغا چىقمايدىغان ئىشلار بىلەن سىزنى يېرىم سائەت ئاۋارە قىلدۇق، چىشىڭىزغا تېگىپ كەتتۇق، شۇنداقمۇ؟

— يوغسۇ، يوغسۇ، بۇنىڭ ئەكسىچە، ئەكسىچە! سىز ئۆزىڭىزنىڭ مېنى قانچىلىك خۇرسەن قىلغانلىقىڭىزنى بىلگەن بولسىڭىز، قانچىلىك ياخشى بولار ئىدى - ھە! سىزنى كۆرۈش، گەپلىرىڭىزنى ئاڭلاش ئۆزى بىر ھۇزۇر... سىزدىن يوشۇرمايمەن، مەن ئىنتايىن خۇرسەن، سىز ئاخىر كەلدىڭىز...

— ھېچبولمىغاندا بىزگە ئازراق چاي بېرەرسەن! گېپىمنى قۇرۇپ كەتتى، — ۋارقىرىدى رازۇمىخىن.
— ياخشى گەپ! ھەممىمىز بىللە ئولتۇرۇپ ئىچەرمىز - ھە. ماڭا قارا... ئاۋۋال چايدىن كۈچلۈكرەك بىرەر نەرسە ئىچكۈڭ بارمۇ؟
— ئۆتە نېرى!
پورفىري پېتروۋىچ چاي دەملەتكىلى چىقىپ كەتتى.
راسكولنىكوفنىڭ كاللىسىدا ھەر خىل خىياللار خۇددى قۇيۇندەك پىرقىرىماقتا ئىدى، ئۇنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەلگەنىدى.
«چاتاق يېرى، ئۇلار ھەتتا قىلچە پەردازلىمىدى، تەپ تارتىپمۇ يۈرمىدى! سەن مېنى زادى تونۇمايدىغان تۇرۇقلۇق، يەنە نېمىدەپ نىكودىم فومىچ بىلەن مەن توغرۇلۇق گەپلىشىپ يۈرىسەن؟ بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئۇلارنىڭ يوشۇرۇپ يۈرگۈسىمۇ يوق، ئۇلار خۇددى ئىتتەك مېنىڭ پېيىمگە چۈشكەن! ئۇلار ئوچۇقتىن - ئوچۇق يۈزۈمگە تۈكۈرۈۋاتىدۇ! — ئۇ غەزەپتىن بوغۇلۇپ تىترەپ كەتتى، — ئۇرغۇڭلار بولسا، قېنى ئۇرۇڭلار، چاشقاننى ئويناتقان مۈشۈكتەك مېنى ئويناتماڭلار! بۇ ئەدەپسىزلىك بولىدۇ، پورفىري پېتروۋىچ، بەلكىم مەن ئۇنداق قىلىشىڭلارغا يول قويماسمەن!... كۆكرەك كېرىپ چىقىپ، ھەممىڭلارنىڭ ئالدىدا، نېمە بولسا شۇنى يوشۇرماي دەۋېرىمەن، مېنىڭ سىلەرنى قانچىلىك كۆزگە ئىلمايدىغانلىقىمنى مانا شۇ چاغدا كۆرۈپ قالىسىلەر... — ئۇ ئېغىر نەپەس ئالدى، — ئەگەر بۇلارنىڭ ھەممىسى ماڭا شۇنداق تۇيۇلۇۋاتقان بولۇپ قالسىچۇ، ئۇ چاغدا قانداق بولىدۇ؟ ئەگەر بۇلار مېنىڭ قۇرۇق خىيالىم بولۇپ، مەن ھەممىنى خاتا مۆلچەرلىگەن بولسام، تەجرىبىسىزلىكىمدىن ئاچچىققا زورلاپ كېتىپ، ئۆزۈم ئېلىۋاتقان قەبىھ رولنى داۋاملاشتۇرالماي قالسام، ئۇ چاغدا قانداق بولىدۇ؟ بەلكىم بۇ ئىشلارنىڭ تېگىدە ھېچنېمە يوقتۇ؟ ئۇلارنىڭ دېگەنلىرىنىڭ

ھەممىسى ئادەتتىكى گەپلەر، شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ تېگىدە بىر گەپ بار... ئۇ گەپلەرنى ھەرقانداق ۋاقىتتا دەۋىرىشكە بولىدۇ، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ تېگىدە گەپ بار. ئۇ نېمە ئۈچۈن توغرىدىن ـ توغرا «ئۇنىڭكىدە»، دەيدۇ؟ نېمە ئۈچۈن زامىيتوف گەپ قىستۇرۇپ، مېنى دەل جايىدا گەپ قىلدىڭىز دەيدۇ؟ ئۇلار نېمە ئۈچۈن شۇنداق تەلەپپۇزدا گەپ قىلىشىدۇ؟... رازۇمىخىنمۇ مۇشۇ يەردە ئولتۇرىدۇ. ئۇ نېمە ئۈچۈن ھېچنېمىنى سەزمەيدۇ؟ بۇ ساددا ئەخمەق مەڭگۇ ھېچنېمىنى سەزمەي ئۆتۈپ كېتىدۇ! قىزىتمام يەنە ئۆرلەۋاتىدۇ!... بايا پورفىرىي ماڭا كۆزىنى قىسقاندەك قىلدىمۇ نېمە؟ ئەلۋەتتە، بۇ بىر كىچىك ئىش؛ ئۇ نېمىدەپ كۆزىنى قىسىدۇ؟ ئۇلار نېرۋىلىرىمغا تەسىر قىلماقچىمۇ ياكى مېنى ئەخمەق قىلماقچىمۇ؟ بىر بولسا، بۇلارنىڭ ھەممىسى خىيالىي تۇيغۇ، بىر بولسا، ئۇلار بىلىپ قالدى!... ھەتتا زامېتوفمۇ قوپاللىق قىلىۋاتىدۇ... زامېتوف قوپاللىق قىلىۋاتامدۇ؟ زامېتوف بىر كېچىدىلا قارارىنى ئۆزگەرتىپتۇ. مەن ئۇنىڭ قارارىنى ئۆزگەرتىدىغانلىقىنى ئالدىنبۇرۇنلا سەزگەن! ئۇ بۇ يەرگە بىرىنچى قېتىم كەلگەن تۇرۇقلۇق، خۇددى ئۆز ئادەمدەكلا بولۇپ كېتىپتۇ. پورفىرىي ئۇنى مېھمان قاتارىدا كۆرمەي، ئۇنىڭغا دۈمبىسىنى قىلىپ ئولتۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ قاپتۇ، بۇمۇ مېنىڭ سەۋەبىمدىن شۇنداق بولغان! بىز كەلمەستە ئۇلار جەزمەن مەن توغرۇلۇق گەپلەشتى!... ئىجارىگە ئۆي ئالماقچى بولغانلىقىمنى ئۇلار بىلمەمدىغاندۇ؟ تېزرەك بولسىدى!... تۈنۈگۈن قېچىپ چىقىپ، ئىجارىگە ئۆي ئالاي دېۋىدىم دېسەم، ئۇ ئاڭلىمىغانغا سېلىپ ئۆتكۈزۈۋەتتى... مەن ئىجارىگە ئۆي ئالماقچى بولغانلىقىمنى ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن قىستۇرۇپ ئۆتۈپ كەتتىم؛ بۇ كېيىنچە لازىم بولۇپ قالىدۇ!... ئېسىمنى يوقاتقاندىم دەيمەن!... ھا ـ ھا ـ ھا... ئۇ تۈنۈگۈن ئاخشام بولغان ئىشلارنى بىلمىدىكەن! لېكىن ئانامنىڭ كەلگەنلىكىنى

ئەجەب بىلمەيدىكىنا !... ھېلىقى ئالۋاستىنىڭ قېرىنداش بىلەن ئاي ـ كۈنلەرنى يېزىپ قويغىنىنى قارىمامدىغان !... خاتىرەڭلەرنى جەم قىلىڭلار، مەن ھەرگىز سىلەرنىڭ سەنىمىڭلارغا ئۇسسۇل ئوينىمايمەن ! بۇ پاكىت بولالمايدۇ. بۇ ناھايىتى سىلەرنىڭ خام خىيالىڭلار ! ياق، سىلەر پاكىت قويۇڭلار ! مېنىڭ ھېلىقى ئۆيگە بارغانلىقىمنى پاكىت بولالمايدۇ. ئۇ مېنىڭ ئۆندەرەپ قالغىنىم، خالاس. مەن ئۇلارغا نېمە دېيىشىم كېرەكلىكىنى بىلىمەن... ئۇلار ھېلىقى ئۆيگە بارغانلىقىمنى بىلىشەمدىغاندۇ؟ شۇنى ئۇقۇۋالمىغۇچە كەتمەيمەن! مەن بۇ يەرگە نېمە ئىش بىلەن كەلگەن بولغىيدىم؟ شۇ تاپتا ئاچچىقلاۋاتىمەن، مۇشۇنىڭ ئۆزى پاكىت بولسا كېرەك ! ھەي، ئەجەبمۇ خاپىخان بولۇپ كەتتىم دېسە ! بەلكىم شۇنداق قىلغىنىم ياخشىراقتۇر؛ مەن بىر ئاغرىقنىڭ رولىنى ئېلىۋاتىمەن... ئۇ مېنى سىناپ بېقىۋاتىدۇ. مېنى ئېلىشتۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ. مەن بۇ يەرگە نېمە ئىش بىلەن كەلگەن بولغىيدىم؟»

مانا شۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ كاللىسىدىن چاقماق تېزلىكىدە ئۆتۈپ كەتتى.

پورفىرىي پېترووۋىچ تېزلا قايتىپ كىردى. ئۇ بىردىنلا خۇشخۇي بولۇپ قالغانىدى.

— ئاغىنە، تۈنۈگۈنكى زىياپەتتىن كېيىن، بېشىمنى... ھەتتا پۈتۈن ئەزايى ـ بەدىنىمنى ئالالمايلا قاپتىمەن، — دېدى ئۇ تامامەن باشقىچە بىر تەلەپپۇز بىلەن رازۇمىخىنغا قاراپ كۈلۈپ.

— سىنىڭچە قىزىقارلىق بولدىمۇ؟ تۈنۈگۈن تازا قىزىقارلىق يېرىگە كەلگەندە سىلەرنى تاشلاپ چىقىپ كەتتىم، شۇنداققۇ؟ كىم يەڭدى؟

— ئەلۋەتتە، ھېچكىم يېڭەلمىدى. بىز قەدىمدىن بۇيان تالاش ـ تارتىش بولۇپ كېتىۋاتقان بىر مەسىلە ئۈستىدە گەپلەشتۇق. يوقىلاڭ خىياللارغا بېرىلدۇق.

— رودىيە، تېپىپ باققىنا، تۈنۈگۈن بىز نېمە توغرۇلۇق

سۆزلەشتۇق، جىنايەت دېگەن زادى بارمۇ ـ يوق، دېگەن مەسىلە توغرۇلۇق سۆزلەشتۇق. مەن ساڭا دېگەنىغۇ، ئاغزىمىزغا كەلگىنىچە جۆيلۇدۇق.

— بۇنىڭ ئەجەبلەنگۇدەك نېمىسى بار؟ بۇ دېگەن ئادەتتىكى ئىجتىمائىي مەسىلىغۇ! — پەرۋاسىزلا جاۋاب بەردى راسكولنىكوف.

— مەسىلە مۇنداق قويۇلمىدى، — دېدى پورفىرىي.

— راست، پۈتۈنلەي ئۇنداق ئەمەس، — دەرھاللا قوشۇلدى رازۇمىخىن يەنە ئادەتتىكىدەك ئالدىراڭغۇلۇق قىلىپ ۋە قىزىپ كېتىپ، — مۇنداق گەپ، رودىئون، ئاۋۋال ئاڭلاپ، ئاندىن ئۆز پىكرىڭنى دەپ باققىنا. سېنىڭ چۈشەنچەڭنى ئاڭلاپ باققۇم بار. تۈنۈگۈن ئۇلار بىلەن جېنىمنىڭ بارىچە مۇنازىرىلەشتىم ھەم سېنى ساقلىدىم؛ مەن ئۇلارغا سېنى كېلىدۇ دېگەن... مۇنازىرە سوتسىيالىزمچىلارنىڭ قاراشلىرىدىن باشلاندى. بۇ قاراشلار ھەممىمىزگە مەلۇم جىنايەت ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ نورمالسىزلىقىغا بولغان ئېتىراز — مانا شۇلا، بۇنىڭدىن باشقا ھېچنېمە يوق، بۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق سەۋەبنىڭ بولۇشىغا ئورۇنمۇ يوق، ھېچنېمە يوق!...

— مانا بۇنى يالغان ئېيتتىڭ! — ۋارقىرىدى پورفىرىي پېتروۋىچ. ئۇ بارغانسېرى جانلانماقتا ئىدى، رازۇمىخىنغا قاراپ توختىماي كۈلەتتى، بۇ رازۇمىخىننى ئادەتتىن تاشقىرى جانلاندۇرۇۋەتتى.

— بۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق نەرسىنىڭ بولۇشىغا ئورۇن يوق! — دېدى رازۇمىخىن مەردانىلىك بىلەن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — مەن يالغان ئېيتمىدىم!... مەن ئۇلارنىڭ رىسالىلىرىنى ساڭا كۆرسىتەلەيمەن. ئۇلار ھەممىنى «مۇھىتنىڭ تەسىرى»گە ئارتىپ قويىدى. بۇنىڭدىن باشقا ھېچنېمە يوق! ئۇلارنىڭ ياقتۇرۇپ ئىشلىتىدىغان ئىبارىسى مانا شۇ! بۇنىڭدىن توپتوغرا شۇنداق خۇلاسە كېلىپ چىقىدۇكى، ئەگەر جەمئىيەت نورمال ئۇ-

يۈشتۈرۈلسا، جىمىكى جىنايى قىلمىش دەرھاللا يوقىلىدۇ. چۈنكى، ئىپتىراز بىلدۈرگۈدەك ھېچنېمە قالمايدۇ. ھەممە ئادەم كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقاننىڭ ئارىلىقىدا ئادىل كىشىلەرگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئادەمنىڭ تەبىئىتى ئۆيلىشىلمايدۇ، ئادەمنىڭ تەبىئىتى چىقىرىپ تاشلىنىدۇ، ئادەمنىڭ تەبىئىتى مەۋجۇت بولماسلىقى كېرەك ! ئۇلار ئىنسانىيەت جانلىق تارىخ يولىنى بويلاپ تەرەققىي قىلىۋەرسە، ئاخىر بىر كۈنى نورمال جەمئىيەتنىڭ ئۆزلۈكىدىن ھاسىل بولىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئاللىقانداقتۇر ماتېماتىك كاللا لايىھەلەپ چىققان ئىجتىمائىي تۈزۈم پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى دەرھال ئۆيۈشتۈرۈپ①، ئۇلارنى ھەش ـ پەش دېگۈچىلا گۇناھسىز ئادىل ئادەملەرگە ئايلاندۇرۇپ قويارىمىش، يەنە كېلىپ بۇ ھەرقانداق جانلىق جەرياندىن ئالدىن تۈزارىمىش، ھېچقانداق جانلىق تارىخىي يولنى بېسىپ ئۆتۈشنىڭ ھاجىتى يوقمىش ! شۇڭلاشقا ئۇلار تارىخنى تەبىئىي ھالدا يامان كۆرىدۇ، «تارىخ پەقەت سەتچىلىكلەر ۋە ئەخمىقانە ئىشلار بىلەنلا تولۇپ كەتكەن» دەپ قارايدۇ، يەنە كېلىپ ئۇلار ھەممىنى ئەخمىقانە ئىشلار دەيدۇ ! شۇڭلاشقا ئۇلار ھاياتلىقنىڭ جانلىق جەريانىنىمۇ ياقتۇرمايدۇ، ئۇلار جانلىق روھقا موھتاج ئەمەس ! جانلىق روھ ھاياتلىققا موھتاج، جانلىق روھ مېخانىك ھالدا بويسۇنغىلى ئۇنىمايدۇ، جانلىق روھ گۇمانلىق، جانلىق روھ جاھىل، قالاق بولىدۇ ! ئۇلار تەسەۋۋۇر قىلغان روھ گەرچە جەسەتنىڭ ھىدى كېلىپ تۇرسىمۇ، يەنە كېلىپ ئۇنى رېزىنكىدىن ياسىغىلى بولسىمۇ، ئۇ جېنى يوق، ئىرادىسى يوق، كۈچۈكلىنىپ تۇرىدىغان، ئىسيان كۆتۈرۈشنى بىلمەيدىغان بىرنەرسە ! ئاقىۋەت ئۇلارنىڭ جىمىكى تىرىشچانلىقلىرى ناھايىتى فالانستېر②دا خىش تىزىش

① بۇ يەردە فىرانسىيەنىڭ خىيالىي سوتسىيالىزمچىسى شارل فۇرېنىڭ «تۆت ھەرىكەت ۋە ئومۇمىي تەقدىر نەزەرىيەسى ھەققىدە» ناملىق ئەسىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

② فالانستېر ـــ فۇرىي قۇرۇشنى ئارزۇ قىلغان سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتى. بۇ تەشكىلاتنىڭ ئەزالىرى كوللېكتىپ ھالدا فىرانسىيەنىڭ ۋېرسال سارىيىدىنمۇ چوڭ سارايدا تۇرارمىش.

ۋە دەھلىز، ئۆيلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشتىنلا ئىبارەت بولىدۇ! فالانستېر قۇرۇلۇپ بولىدۇ ـ يۇ، فالانستېرغا مۇۋاپىق كېلىدىغان تەبىئەت تېخى يارىتىلمىغان بولىدۇ، تەبىئەت بولسا ھاياتلىققا موھتاج، ئۇ ھاياتلىق جەريانىنى تېخى تاماملىمىغان، ئۇنىڭ گۆرگە كىرىشكە تېخى بالدۇر! يالغۇز مەنتىقىنىڭ ئۆزى بىلەنلا تەبىئەتنى بېسىپ چۈشكىلى بولمايدۇ. مەنتىق ئۈچ خىل ئەھۋال ـ نىلا مۆلچەرلىيەلەيدۇ، ئەھۋال بولسا تۈمەن مىڭ خىل بولىدۇ! تۈمەن مىڭ خىل ئەھۋال بىر چەتكە قايرىپ قويۇلسا، ئۇ ھالدا ھەممە نەرسە قولايلىق بىرلا مەسىلىگە باغلىنىپ قالىدۇ! مانا بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئەڭ ئاسان چارىسى! ھەممە نەرسە شۇ قەدەر ئېنىق بولۇپ كېتىدۇكى، ئويلىنىشىڭىزنىڭمۇ ھاجىتى قالمايدۇ! ئەڭ مۇھىمى ئويلىنىشنىڭ ھاجىتى يوق! كىشىلىك ھاياتنىڭ جىمىكى سىرى ئىككىلا باسما تاۋاقتا تولۇق سىغىپ كېتىدۇ!

— ئىچىڭ توشۇپ كېتىپتىكەن ـ دە، قۇشقاچتەك ۋىچىرلاپلا كەتتىڭغۇ! سېنى تۇتۇۋالمىساق بولمىغۇدەك، — دېدى پورفىرىي كۈلۈپ، — ئۆزىڭىز ئويلاپ بېقىڭ، — دېدى بۇرىلىپ راسكولنىكوفقا قاراپ، — تۈنۈگۈن ئاخشام بىر ئېغىز ئۆيدە ئالتە ئادەم تەڭ سۆزلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەممىسى ئىچىپ مەس بولۇپ كەتكەن دەڭە، مانا شۇنى تەسەۋۋۇر قىلالامسىز؟ ياق، ئاغىنە، سەن خاتا قىلدىڭ. «مۇھىت» جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە ناھايىتى زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەن بۇنى ساڭا ئىسپاتلاپ بېرەلەيمەن.

— ناھايىتى زور تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى مەن ئۆزۈممۇ بىلىمەن. قېنى سەن دەپ باققىنا، قىرىق ياشلىق بىر ئەركەك ئون ياشلىق بىر قىزنىڭ نومۇسىغا تەگكەن... مۇشۇنىڭدىمۇ مۇھىت ئۇنى شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر قىلغانمۇ؟

— شۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ، جىددىيرەك قىلىپ ئېيتساق، مۇھىت ئۇنى شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر قىلغان بولۇشى مۇمكىن،

— دېدى پورفىرىي گويا راست شۇنداقتەك، — شۇ قىزچاق ئالدىدا قىلىنغان جىنايەتنىمۇ «مۇھىت»نىڭ تەسىرىگە باغلاپ چۈشەندۈرۈش مۇمكىن.

رازۇمىخىن ئاچچىقىدا يېرىلىپ كەتكىلى قىل ـ قىل قالدى.

— خوش، ئەگەر سەن خالىساڭ، مەن ساڭا ھازىرلا ئىسپاتلاپ بېرەي، — ھۆركىرىدى ئۇ، — ئۇلۇغ ئىۋان چېركاۋىنىڭ ئېگىزلىكى ئوتتۇز بەش سارژىن①، سېنىڭ كىرپىكلىرىڭ مانا شۇنىڭ ئۈچۈن ئاقىرىپ كەتكەن. مەن بۇنى ساڭا ئېنىق، توپتوغرا، ئىلغارلىق بىلەن، ھەتتا لىبېرالراق تۈستە ئىسپاتلاپ بەرسەم مەيلىمۇ؟ مەن ھازىرلا ئىسپاتلاپ بېرىمەن! كېلە، بەسلىشەمسەن؟

— بولدى، بەسلەشتىم! قېنى ئاڭلاپ باقايلىچۇ، ئۇ قانداق ئىسپاتلايدىكىن؟

— ئۇ دائىم شۇنداق قۇرۇق ھەيۋە قىلىدۇ، شەيتان! — ۋارقىرىدى رازۇمىخىن ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ قولىنى شىلتىپ، — ساڭا دەپ ئولتۇرۇشقا ئەرزىمىدۇ زادى! بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇ ئەتەي قىلىۋاتىدۇ؛ سەن ئۇنى تېخى چۈشەنمەيسەن، رودىئون! تۈنۈگۈن ئۇ ناھايىتى ئۇلارنى ئويناتقىلى شۇلار تەرەپكە ئۆتتۈۋالغان. يا رەببىم، تۈنۈگۈن ئۇ نېمىلەرنى دېمىدى دېگىنە! ئۇلار بولسا بۇنىڭدىن سۆيۈنۈپ كېتىشتى!... ئۇ ئىككى ھەپتىگىچە مۇشۇنداق چىڭ تۇرالايدۇ. بۇلتۇر نېمىشقىدۇر بىزنى: دۇنيانى تەرك ئېتىپ موناخ بولۇپ كېتىمەن، دەپ ئىشەندۈردى ۋە شۇ گەپنى تاكى ئىككى ئايغىچە دەپ يۈردى. تېخى يېقىنىدىلا ئۇ ئۆشتۈمتۇت توي قىلىدىغان بولدۇم، توينىڭ تەييارلىقى پۈتتى، ھەتتا يېڭى كىيىملەرنىمۇ تىكتۈرۈپ قويدۇم، دەپ جاكارلىدى. بىز ئۇنى تەبرىكلەشكە باشلىدۇق. كېيىن ئۇقساق، ھەتتا كېلىن بولغۇچىمۇ يوق، باشقا

---

① بىر سارژىن 2.134 مېتىرغا تەڭ كېلىدۇ.

نەرسىلەرمۇ يوق، ھەممىسى خام خىيال ئىكەن!

— بۇ گېپىڭ توغرا بولمىدى! يېڭى كىيىملەرنى مەن ئاللىبۇرۇنلا تىكتۇرۇپ قويغان. دەل شۇ يېڭى كىيىملەرنى تىكتۈرۈپ قويغاچقا، سىلەرنى بىر كولدۇرلىتاي دېگەن.

— سىز راست شۇنداق قۇرۇق ھەيۋە قىلىشقا ئامراقمۇ؟ — پەرۋاسىزلا سورىدى راسكولنىكوف.

— سىز ئۇنداق ئەمەس دەپ ئويلىغانمۇ؟ ئالدىرىماڭ، مەن تېخى سىزنىمۇ ئالدىۋېتىمەن، ھا - ھا - ھا... ياق، بىلەمسىز، مەن سىزگە گەپنىڭ راستىنى دەي، ئاشۇ جىنايەت، مۇھىت، قىزچاق دېگەندەك مەسىلىلەر ھەققىدىكى گەپلەر سىزنىڭ بىر ماقالىڭىزنى ئېسىمگە سالدى. ئۇ ماقالىگە مەن تا ھازىرغىچە ئىنتايىن قىزىقىمەن. «جىنايەت ھەققىدە» ... ماۋزۇسى قانداقراق ئىدىكىن، ئېسىمدە قالماپتۇ، ئۇنتۇپ كېتىپتىمەن. ئىككى ئاينىڭ ئالدىدا ئۇ ماقالىڭىزنى «دەۋر ئوبزورى»دا ئوقۇشقا مۇيەسسەر بولۇۋىدىم.

— مېنىڭ ماقالەمنى؟ «دەۋر ئوبزورى»دا؟ — سورىدى راسكولنىكوف ھەيران بولۇپ، — يېرىم يىلنىڭ ئالدىدا، ئالىي مەكتەپتىن كېتىدىغان ۋاقتىمدا، بىر كىتابقا باھا بېرىش يۈزىسىدىن بىر ماقالە يېزىۋىدىم. لېكىن، مەن ئۇنى «دەۋر ئوبزورى»غا ئەمەس. «ھەپتىلىك ئوبزور»غا بەرگەن.

— لېكىن ماقالىڭىز «دەۋر ئوبزورى»دا ئېلان قىلىنىپتۇ.

— «ھەپتىلىك ئوبزور» توختاپ قېلىپ، شۇ چاغدا بېسىلماي قالغان...

— توغرا دېدىڭىز، لېكىن «ھەپتىلىك ئوبزور» توختاپ قالغاندىن كېيىن، «دەۋر ئوبزورى» بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن. شۇڭا ماقالىڭىز ئىككى ئاينىڭ ئالدىدا «دەۋر ئوبزورى»دا ئېلان قىلىنغان. خەۋىرىڭىز يوقمىدى؟

راسكولنىكوفنىڭ ھەقىقەتەن قىلچە خەۋىرى يوق ئىدى.

— نېمە بولدىڭىز؟ ئەمىسە ئۇلاردىن قەلەم ھەققىڭىزنى

سورىسىڭىز بولغۇدەك ! توۋا، مىجەزىڭىز ئاجايىپ غەلىتىكەن، جەمئىيەتكە ئارىلاشماي يالغۇز ـ يېگانە ياشىغانلىقىڭىز ئۈچۈن، ھەتتا ئۆزىڭىزگە بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردىنمۇ بىخەۋەر قاپسىز. لېكىن، بۇ پاكىت.

ــ ياشاپ كەت، رودكا ! مېنىڭمۇ خەۋىرىم يوق ئىكەن ! ــ ۋارقىرىدى رازۇمىخىن، ــ بۇگۈنلا كۇتۇپخانىغا بېرىپ شۇ ژۇرنالنى ئارىيەت ئالاي، ئىككى ئاي ئىلگىرىمۇ؟ قايسى كۈنى؟ بەرىبىر تاپىمەن، شۇنداقمۇ ئىش بار ئىكەن ـ ھە ! بىزگە دېمىگىنىڭنى قارا !

ــ ئۇ ماقالىنى مېنىڭ يازغانلىقىمنى نەدىن بىلدىڭىز؟ ئۇنىڭ تېگىگە فامىلەمنىڭ ئورنىدا بىر ھەرپىنىلا يېزىپ قويۇۋىدىم.

ــ بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدا تاسادىپەن ئوقۇپ قالدىم. بىر مۇھەررىردىن ئۇقتۇم؛ ئۇنى تونۇيتتۇم... ئىنتايىن قىزىقىپ قالدىم.

ــ ھېلىمۇ يادىمدا، مەن بىر جىنايەتچىنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش جەريانىدىكى روھىي ھالىتىنى تەھلىل قىلىۋىدىم.

ــ توغرا، سىز يەنە جىنايەت سادىر قىلىش دائىم دېگۈدەك بىرەر كېسەللىك ھالىتىنىڭ باشلىنىشى بىلەن تەڭ يۈز بېرىدۇ، دەپ ھۆكۈم چىقىرىپتىكەنسىز. بۇ قارىشىڭىز قىزىقارلىق، بەك قىزىقارلىق. لېكىن... مەن ماقالىڭىزنىڭ بۇ قىسمىغا ئەمەس، بەلكى ئاخىرقى قىسمىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن بىر قاراشقا تېخىمۇ بەكرەك قىزىقىپ قالدىم؛ ئەپسۇسكى بۇ قارىشىڭىزنى مۇجمەل گەپلەر بىلەن مۇنداقلا پۈرىتىپ ئۆتۈپ كېتىپسىز... قىسقىسى، ئەگەر ئېسىڭىزدە بولسا، سىزنىڭ پۈرىتىپ ئۆتۈشىڭىزچە، دۇنيادا شۇنداق ئادەملەر باركى، ئۇلار خىيالىغا كەلگەننى قىلالايدۇ ۋە جىنايەت ئۆتكۈزەلەيدۇ... ياق، ئۇنداق ئەمەس. خىيالىغا كەلگەننى قىلىشقا ۋە جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە تولۇق ھوقۇقلۇق، گويا قانۇنلارنىڭمۇ ئۇلارغا ھېچقانداق ئالاقىسى يوق.

راسكولنىكوف ئۆز پىكرىنىڭ مۇبالىغىلەشتۈرۈلگەنلىكىنى ۋە ئەتەي بۇرمىلانغانلىقىنى ئاڭلاپ، سوغۇق كۈلۈپلا قويدى.

— نېمە؟ نېمە دېدىڭ؟ جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە ھوقۇقلۇق؟ «مۇھىتنىڭ تەسىرى»دىن ئەمەسمۇ؟ — سورىدى رازۇمىخىن سەل چۆچۈگەندەك قىلىپ.

— ياق، ياق، پۈتۈنلەي دېگۈدەك مۇھىت سەۋەبىدىن ئەمەس، — جاۋاب بەردى پورفىرىي، — ھەممە گەپ شۇنىڭدىكى، ئۇنىڭ ماقالىسىدە ھەممە ئادەم نېمىشقىدۇر «ئادەتتىكى» ۋە «پەۋقۇلئاددە» دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلغان. ئادەتتىكى ئادەملەر ياۋاش - رايىشلىق بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈشى كېرەك ئىكەن، ئۇلارنىڭ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش ھوقۇقى يوق ئىكەن. چۈنكى... ئۆزىڭىز بىلىسىز... ئۇلار ئادەتتىكى ئادەملەر - دە. لېكىن، پەۋقۇلئاددە ئادەملەر پەۋقۇلئاددە بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەر خىل، ھەر ياڭزا جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزۈشكە، قانۇنلارغا خالىغىنىچە خىلاپلىق قىلىشقا ھوقۇقلۇق ئىكەن. ئەگەر خاتا قىلىپ قويمىغان بولسام، سىزنىڭ قاراشلىرىڭىز شۇنداقراق، توغرىمۇ؟

— بۇ قانداق گەپ؟ بۇ مۇمكىن ئەمەس، ئۇ مۇنداق دېمەيدۇ! — غودۇڭشىدى ئېسەنگىرەپ قالغان رازۇمىخىن.

راسكولنىكوف يەنە سوغۇق كۈلۈپ قويدى. ئۇ گەپنىڭ قاياققا كېتىۋاتقانلىقىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئۆزىنى نەگە ئىتتىرىۋاتقانلىقىنى دەرھاللا چۈشەندى. ئۆزى يازغان ماقالە ھېلىمۇ ئېسىدە ئىدى. ئۇ بىر تۇتۇشۇپ بېقىش قارارىغا كەلدى.

— مېنىڭ قارىشىم پۈتۈنلەي شۇنداقمۇ ئەمەس، — دېدى ئۇ ئاددىي ۋە كىچىك پېئىللىق بىلەن گەپ قىلىپ، — لېكىن، مەن ئىقرار، سىز ئاساسەن توغرا بايان قىلدىڭىز، ئەگەر خالىسىڭىز، ھەتتا پۈتۈنلەي توغرا دېيىشىم مۇمكىن... (خۇددى ئۇنىڭ تامامەن توغرا دېگەنگە بەكمۇ قوشۇلغۇسى باردەك). بىردىنبىر پەرقى، مەن پەۋقۇلئاددە ئادەملەر ھەرقاچان، ھەرقانداق بولمىغۇر ئىشلاردا

جىنايەت ئۆتكۈزۈۋەرسە بولىۋېرىدۇ، دېمەكچى ئەمەس. مەسىلەن، سىز بايان قىلغاندىكىدەك، مەن ھەتتا شۇنداق قارايمەنكى، مۇنداق بىر ماقالىنىڭ ئېلان قىلىنىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. مەن پەقەت مۇنۇنىلا پۇرىتىپ ئۆتتۇم، «پەۋقۇلئاددە» ئادەم شۇنىڭغا ھەقلىقكى... مەن بۇ يەردە رەسمىي ھوقۇقنى دەۋاتقىنىم يوق، بەلكى ئۇ ئۆز ۋىجدانىنىڭ... بەزىبىر توسالغۇلاردىن ئاتلاپ كېتىشىگە يول قويۇشقا ھەقلىق دېمەكچى. يەنە كېلىپ ئۇنىڭ ئۆز ئىدىيەسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن (مۇنداق ئىدىيە بەزىدە پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى قۇتقۇزۇپ قېلىشى مۇمكىن)، شۇنداق قىلىشى زۆرۈر بولۇپ قالسا. سىز ماقالەمنى مۇجمەل دېدىڭىز، مەن ئۇنى سىزگە ئىلاجىنىڭ بارىچە ئېنىق چۈشەندۈرۈپ قويۇشقا تەييار. قىياسىمچە، سىزمۇ ماڭا شۇنداق قىلدۇرماقچىدەك قىلىپ تۇرىسىز. قىياسىم خاتا ئەمەستۇ؛ ئەمىسە قۇلاق سېلىڭ. مېنىڭچە، ئەگەر مەلۇم سۇيىقەست ۋە ھىيلە ـ مىكىر تۈپەيلىدىن كېپلېر① ۋە نيۇتوننىڭ كەشپىياتلىرىنى ئاشۇ كەشپىياتلارغا توسقۇن بولۇۋاتقان ياكى پۈتلىكاشاڭغا ئايلىنىپ قالغان بىر، ئون، يۈز ياكى ئۇنىڭدىنمۇ جىقراق جاننى قۇربان قىلماي تۇرۇپ يورۇقلۇققا چىقارغىلى مۇمكىن بولماي قالسا، ئۇ ھالدا نيۇتون ئۆز كەشپىياتىنى پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئاشۇ ئون ئادەمنى ياكى يۈز ئادەمنى يوقىتىۋېتىشكە ھەقلىق، ھەتتا شۇنداق مەجبۇرىيىتى بار. لېكىن، شۇنىڭغا ئاساسەن نيۇتون خالىغانچە ئادەم ئۆلتۈرۈشكە، تاسادىپىي تونۇشۇپ قالغان ھەرقانداق ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە ياكى ھەر كۈنى بازارغا بېرىپ ئوغرىلىق قىلىشقا ھەقلىق دەپ خۇلاسە چىقىرىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. ئاندىن ئېسىمدە قېلىشىچە، ماقالەمدە يەنە شۇنىمۇ چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈۋىدىم، ھەممە ئادەم... خوش ئالايلى،

① كېپلېر (1571 ــ 1630) ــ گېرمانىيەنىڭ ئاسترونومىيە ۋە فىزىكا ئالىمى.

ئىنسانىيەتنىڭ قانۇن چىقارغۇچىلىرى ۋە داھىيلىرى، قەدىمكى زاماندىن تارتىپ تاكى كېيىنكى لىكورگ[1]، سولون[2]... ناپولېئون ۋەھاكازالارغىچە بولغانلارنىڭ ھەممىسى مۇستەسناسىز ھالدا جىنايەتچى، بىرلا ئىشنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇلار يېڭى قانۇنلارنى تۈزگۈچە، ئوخشاشلا ئەجدادلاردىن مىراس قالغان، يەنە كېلىپ جەمئىيەت ھۆرمەت قىلىدىغان قەدىمكى دىنىي ئەقىدىلەرگە خىلاپلىق قىلىشقان.[3] ئەلۋەتتە ئۇلارمۇ قان تۆكۈش (كۆپىنچە تامامەن گۇناھسىز، قەدىمكى دىنىي باتۇرلارچە قوغدىغان كىشىلەرنىڭ قانلىرى تۆكۈلەتتى) ئۆزلىرىگە پايدىلىق بولسىلا، قان تۆكۈشتىن ئۆزلىرىنى زادىلا تارتىپ باقمىغان. شۇنىسى دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇكى، ئىنسانىيەتنىڭ بۇ شاپائەتچىلىرىنىڭ ۋە داھىيلىرىنىڭ كۆپىنچىسى دەھشەتلىك قانخورلار ئىدى. قىسقىسى، مېنىڭچە، ئۇلۇغ ئادەملەرلا ئەمەس، بەلكى كونا تەرتىپ، قائىدىدىن ئازراقلا ھالقىپ كەتكەن، يەنى يېڭى قاراشلار توغرىسىدا بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلالايدىغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئەسلىي تەبىئىتىدىن ئېيتقاندا، مۇقەررەر ھالدا جىنايەتچى بولۇشى كېرەك. ئەلۋەتتە، ئېغىر - يېنىكلىك دەرىجىسى ئوخشاش بولمايدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن، ئۇلار كونا ئىزدىن چىقىپ كېتەلمەيدۇ، ئۇلار ئەسلىي تەبىئىتىدىن ئېيتقاندا، كونا ئىزدا مېڭىۋېرىشكە ئەسلا رازى بولمايدۇ، مېنىڭچە بولسا، ئۇلار ھەتتا رازى بولماسلىقى كېرەك. قىسقىسى، ئۆزىڭىز كۆرۈپ تۇرۇپسىز. بۇنىڭدا ھېچقانداق ئالاھىدە يېڭىلىق يوق. مۇنداق قاراش مىڭ قېتىملاپ ئېلان قىلىنغان، كىشىلەرمۇ مىڭ قېتىملاپ كۆرۈپ كەتكەن. ئەمدى مېنىڭ ئادەملەرنى ئادەتتىكى ۋە پەۋقۇلئاددە دەپ ئىككىگە

---

① لىكورگ ــــ قەدىمكى سپارتانىڭ سىياسىيونى.

② سولون ــــ قەدىمكى ئافىنانىڭ قانۇن چىقارغۇچىسى.

③ بۇ يەردە «دۇنيانى ۋە ئادەمنى خۇدا ياراتقان» دېگەن دىنىي ئەقىدە كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئـايرىغانـلىقـىمغا كەلـسەك، مەن ئـىـقرار، بۇ سـەل ئـاساسـسـىز خۇلاسە، لېكـىن مەن بۇنـىڭدا ئېنىق سانغا ئېسىلىۋالمايـمـەن. مەن پەقەت ئاساسـىي ئىدىيەمگىلا ئىشـەنـىمـەن. بۇ ئىدىيەم مۇنداق، تەبـىئەت قانۇنـىيـىتـىگە ئاساسەن ئادەملـەرنى ئومۇمـەن ئىككى خىلغا ئايرىشقا بولىدۇ. بىر خىلى تۆۋەن دەرىجىلىكلەر (ئادەتتىكىلەر)، يەنى مۇنداقلا دېيلى، پەقەت ئۆزىگە ئوخشاشلارنى ئاۋۇتۇشنىڭ ماتېرىيالى بولۇشقىلا يارايدىغانلار، يەنە بىـر خىلـى، ئىسمى ـ جىـسمىغـا لايىق ئادەمـلەر، يەنى ئـۆز مۇھىتـىـدا يېڭى قاراشلارنى ئوتتـۇرىغا قـويۇش ئىقـتىدارىغـا ۋە قۇدرىتـىـگە ئىگە بولـغانلار. ئەلـۋەتتە، بۇ يـەردە ئۇلارنـىمـۇ يەنە چەكسـىز ھـالـدا دەرىجىلەرگە ئايرىۋەرگىلى بولـىدۇ. لېكـىن، مانا مۇشـۇ ئىككى دەرىجىلىكلەرنىڭ پەرقى خېلىلا ئېنىق. بىرىنـچى خىلـدىكىلـەر، يەنى ئۆزىگە ئوخشاشلارنى ئاۋۇتۇشنىڭ ماتېرىياللىرى، ئومۇمـەن ئېيتقاندا، ئۆز تەبىئىتىگە مۇۋاپىق مۇتەئەسسىپ كېلىدۇ، قائىـدە ـ يوسۇنلارغـا ئەمەل قىلـىدۇ، ئىـتائەتـمـەنلىـك بىلەن تۇرمـۇش كەچۈرىدۇ، ئىتائەتچان بولۇشنى ياقتۇرىدۇ. مېنـىڭچـىمـۇ، ئۇلار ئىتائەتچان بولۇشى كېرەك، چۈنكى بۇ ئۇلارنىڭ بۇرچى، بۇ ھەرگىزمۇ ئۇلارنى خورلىغانلىق ئەمەس. ئىككىنچى خىلدىكىلەرنىڭ ھەممىسى قانۇنغا خىلاپلىق قىلغۇچىلار. ئۇلار ئىقتىدارلىرىغا يارىشا بۇزغۇنچىلار ياكى بۇزۇشقا مايىللار، بۇ ئادەملەرنىڭ جىنايەتلىرى ئەلۋەتتە نىسپىي، شۇنداقلا خىلمۇخىل بولىدۇ؛ ئۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكى تۈرلۈك ـ تۈمەن باياناتلىرىدا گۈزەل كەلگۈسى ئۈچۈن ھازىرقىنى بۇزۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. لېكىن، ئەگەر مۇنداق ئادەم ئۆز ئىدىيەسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا، بىرەر جەسەتتىن ئاتلاپ ئۆتۈشكە ياكى قان كېچىشكە توغرا كەلسە، ئويلايمەنكى، ئۇ ئۆزىنىڭ قان كېچىشىگە ئۆز كۆڭلىدە ۋە ۋىجدانى ئالدىدا يول قويىدۇ. لېكىن، بۇنىڭدا ئۇنىڭ ئىدىيەسىگە ۋە ئۇنىڭ كۆلىمىگە قاراپ بىرنېمە دېيىش كېرەك. سىزمۇ مانا مۇشۇ نۇقتىغا دىققەت قىلىڭ. مەن ھېلىقى ماقالەمدە

ئۇلارنى مانا مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە ھەقلىق دېگەنىدىم. (ئېسىڭىزدە بولسا كېرەك، بىز گېپىمىزنى ھوقۇق مەسىلىسىدىن باشلىغانىدۇق.) ئەمما، ئارتۇقچە ھولۇقۇشنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى، ئامما ئۇلارنىڭ مۇنداق ھوقۇقىنى ئەزەلدىن دېگۈدەك ئېتىراپ قىلىپ باقمىغان. ئۇلارنى (بەزىدە كۆپلەپ، بەزىدە بىرنەچچىلەپ) قەتل قىلىپ، دارغا ئېسىپ كەلگەن. بۇ تامامەن ئادالەتلىك. ئۇلار شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ كونىلىقنى ساقلاش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىدۇ. لېكىن، يەنە شۇ ئاممىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئاشۇ قەتل قىلىنغانلارنى ئاسمانغا كۆتۈرىدۇ، ئازدۇر - كۆپتۇر ئۇلارغا چوقۇنىدۇ. بىرىنچى خىلدىكىلەر ئەبەدىي ھازىرقى زاماننىڭ غوجايىنلىرى بولۇپ قالىدۇ؛ ئىككىنچى خىلدىكىلەر بولسا كېلەچەكنىڭ غوجايىنلىرى بولىدۇ. بىرىنچى خىلدىكىلەر دۇنيانى ساقلاپ تۇرىدۇ ۋە ئۇنى سان جەھەتتىن كۆپەيتىدۇ؛ ئىككىنچى خىلدىكىلەر دۇنيانى ئىلگىرى سۈرىدۇ ۋە ئۇنى نىشانغا ئېلىپ بارىدۇ. ھەر ئىككىلا خىلدىكىلەر ياشاش ھوقۇقى جەھەتتە باباراۋەر. بىر ئېغىز گەپ بىلەن ئېيتقاندا، مېنىڭچە ھەر ئىككىلا خىلدىكىلەرنىڭ ھوقۇقى باباراۋەر.[1]

— vive la guerre eternelle ئەلۋەتتە، يېڭى قۇددۇس شەرىپىنى قۇرۇپ چىققۇچە ![2]

— دېمەك، سىز يېڭى قۇددۇسقا ئىشىنىدىكەنسىز - دە؟

— ئىشىنىمەن، — قەتئىي جاۋاب بەردى راسكولنىكوف. ئۇ مۇشۇ گەپنى قىلغان چاغدا، ئاندىن باياتىن ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ئۆزۈندىن - ئۆزۈن گەپ قىلغان چېغىدا بېشىنى يەردىن ئالماي، گىلەمنىڭ بىر يېرىگە تىكىلىپ قاراپ ئولتۇردى.

— ئاندىن... سىز... خۇداغىمۇ ئىشىنەمسىز؟ بەكلا زېغىرلاپ

① فىرانسۇزچە: — ياشىسۇن مەڭگۈلۈك ئۇرۇش.

② «ئىنجىل»دە بېشارەت بېرىلىشچە، پانىي دۇنيادا كېلەچەكتە جەننەت، يەنى يې-ڭى قۇددۇس شەھىرى قۇرۇلارمىش.

كەتكىنىمنى كەچۈرۈڭ.

— ئىشىنىمەن، — تەكرارلىدى راسكولنىكوف، بېشىنى كۆتۈرۈپ پورفىرىيغا قاراپ.

— سىز لازار[1]نىڭ تىرىلگەنلىكىگىمۇ ئىشىنەمسىز؟

— ئىشىنىمەن. بۇلارنى سوراپ نېمە قىلىسىز؟

— راست ئىشىنەمسىز؟

— راست ئىشىنىمەن.

— مۇنداق دەڭ... مەن ناھايىتى قىزىقىپ قېلىپ سوراپ قويدۇم. كەچۈرۈڭ، لېكىن ئەيىبكە بۇيرۇمىسىڭىز، مەن يەنە بايىقى گەپكە قايتماقچى، بىلەمسىز، ئۇلار ئەبەدىلئەبەد قەتل قىلىنىۋەرمەيدىغۇ؛ بەزىلىرى ھەتتا ئەكسىچە...

— ھايات ۋاقتىدىلا غەلىبە قازىنىدۇ؟ ھە راست، بەزىلەر ھايات ۋاقتىدىلا نىشانىغا يېتىدۇ، ئۇ چاغدا...

— ئۇلار باشقىلارنى قەتل قىلىشقا باشلامدۇ؟

— زۆرۈر تېپىلغاندا، بىلەمسىز، ھەتتا زور كۆپچىلىكى شۇنداق قىلىدۇ. ئومۇمەن، قارىشىڭىز ناھايىتى ئاقىلانە.

— رەھمەت. لېكىن، شۇنى دەپ بېقىڭچۇ، پەۋقۇلئاددە ئادەملەرنى ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ ئارىسىدىن قانداق ئاجرىتىۋالىسىز؟ ئۇلارنىڭ تۇغۇلغان چېغىدىلا بىرەر بەلگىسى بولامدۇ؟ مۇنداق دېيىشىمدىكى سەۋەب، مېنىڭچە بۇنىڭدا بىر ئېنىقلىقنىڭ بولۇشى كېرەك، يەنى تاشقى قىياپىتىدە تېخىمۇ نۇرغۇن ئېنىقلىقنىڭ بولغىنى ياخشى. نىيىتىم خالىس، ئەمەلىيەتچان ئادەم بولغانلىقىم ئۈچۈن، تەبىئىي يوسۇندا ئەنسىرەپ قېلىۋاتقانلىقىمنى ئەيىبكە بۇيرۇماڭ. مەسىلەن ئالايلى، ئۇنىڭغا ئالاھىدە تىكىلگەن كىيىم كىيدۈرۈپ قويۇشقا ياكى ئاللىقانداقتۇر بىرەر تامغا بېسىپ قويۇشقا بولامدۇ؟ ...

---

① لازار — تىلەمچىلىك قىلىدىغان كەمبەغەل كىشى، ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن پەرىشتىلەر تەرىپىدىن ئېلىپ كېتىلىپ، ئابراخامنىڭ تەسەللىسىگە ئېرىشكەنمىش. «يېڭى ئەھد، لوكا پەند ـ نەسىھەتلىرى».

چۈنكى، قوشۇلۇشىڭىز كېرەككى، ناۋادا ئارىلىشىپ كېتىپ قالسا، ئەگەر بىرىنچى خىلدىكىلەردىن بىرەرى ئۆزىنى ئىككىنچى خىلدىكىلەرگە مەنسۇپ دەپ ئويلاپ قالسا، يەنە كېلىپ سىز تازا قاتۇرۇپ بايان قىلغىنىڭىزدەك، «بارلىق تۇسالغۇلارنى بۇزۇش»قا باشلىسا، ئۇ چاغدا خۇدا ساقلىسۇن...

— ھە، مۇنداق ھادىسە پات - پات بولۇپ تۇرىدۇ! سىزنىڭ بۇ گېپىڭىز بايىقى گېپىڭىزنى بېسىپ چۈشتى.

— رەھمەت سىزگە...

— ئەرزىمەيدۇ. لېكىن، شۇنىڭغا دىققەت قىلىڭ. خاتالىق پەقەت بىرىنچى خىلدىكى كىشىلەر ئارىسىدىلا يۈز بېرىشى مۇمكىن، يەنى ئادەتتىكى ئادەملەر (ئۇلارنى شۇنداق دەپ ئاتىشىم ئانچە مۇۋاپىق بولماسلىقى مۇمكىن) خاتا قىلىشى مۇمكىن. ئۇلار تۇغۇلۇشىدىنلا قول باغلاپ تۇرۇشقا رازى بولۇشىدۇ، بەزىدە ھەتتا ئىنەكلەرمۇ يوقىلاڭ خىياللاردىن خالىي بولالمىغىنىدەك، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نۇرغۇن ئادەم ئۆزىنى ئىلغار ئەرباب، «بۇزغۇنچى» چاغلاپ، «يېڭى سۆز»لەرنى تەشۋىق قىلىشقا ئامراق كېلىدۇ، يەنە كېلىپ بۇنى ئىنتايىن سەممىيەت بىلەن قىلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كۆپىنچە ھاللاردا ئۇلار ھەقىقىي يېڭى ئادەملەرنى كۆرەلمەيدۇ، ھەتتا ئۇلارنى ئىدىيەسى پەسكەش قالاق ئۇنسۇرلار دەپ بىلىپ كەمسىتىدۇ. لېكىن، مېنىڭچە بۇنىڭدا زور خەۋپ - خەتەر بولمىسا كېرەك. بۇنىڭدىن ئەنسىرىمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، راست دەيمەن. چۈنكى، ئۇلار ئەزەلدىن بىرەر ئىش تەۋرىتەلىگەن ئەمەس. ئەلۋەتتە، قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشقا ئۆزىنى ئۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى بىرە - بىرە دۇمبالاپ، ئۆزىنى ئۆزىگە تونۇتۇپ قويسا، مېنىڭچە شۇنىڭ ئۆزىلا كۇپايە؛ بۇ يەردە ھەتتا ئىجرا قىلغۇچىنىڭ بولۇشىمۇ ھاجەت ئەمەس. چۈنكى، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى دۇمبالىشىدۇ. ئۇلار ئىنتايىن ئەدەپلىك ئادەملەر؛ ئۇلاردىن بەزىلىرى بىرىنى بىرى دۇمبالايدۇ، بەزىلىرى ئۆزىنى ئۆزى دۇمبالايدۇ... شۇنداقلا،

ئۇلار خىلمۇخىل يوللار بىلەن ئاشكارا تۇۋا ـ ئىستىغپار قىلىدۇ. نەتىجىدە ھەممىنى ناھايىتى چىرايلىق، ناھايىتى ئىبرەتلىك قىلىشىدۇ. قىسقىسى، بۇنىڭدىن غەم قىلمىسىڭىزمۇ بولىدۇ... بۇ بىر قانۇنىيەت.

— راست، ھېچبولمىغاندا مېنى مۇشۇ جەھەتتىن بولسىمۇ بىرئاز خاتىرجەم قىلىپ قويدىڭىز؛ لېكىن يەنە بىر ئىش مېنى ئازراق ئەنسىرىتىپ تۇرۇۋاتىدۇ. قېنى دەپ بېقىڭچۇ، باشقىلارنى ئۆلتۈرۈشكە ھەقلىق بۇ ئادەملەر، بۇ «پەۋقۇلئاددە» ئادەملەر ناھايىتى كۆپمۇ؟ ئەلۋەتتە، مەن ئۇلارغا تەزىم قىلىشقا تەييار. بىراق، قوشۇلۇشىڭىز كېرەككى، مۇنداق ئادەملەر بەك جىق بولسا، بۇ بىر دەھشەت ئىش ئەمەسمۇ، قانداق دەيسىز؟

— ھە، بۇنىڭدىنمۇ غەم قىلىپ كېتىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق، — داۋام قىلدى راسكولنىكوف يەنە شۇ تەلەپپۇز بىلەن، — ئومۇمەن ئېيتقاندا، يېڭى ئىدىيەدىكى كىشىلەر ھەتتا يېڭى قاراشلار توغرىسىدا بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلىشقا قابىل ئادەملەر كەمدىن ـ كەم ھەتتا ھەيران قالغۇدەك دەرىجىدە ئاز تۇغۇلىدۇ. شۇ نەرسە ئېنىقكى، ئىنسانىيەتنىڭ، شۇ دەرىجىدىكىلەر بىلەن شۇ خىلدىكىلەرنىڭ دۇنياغا كېلىش تەرتىپى مۇقەررەر ھالدا مەلۇم تەبىئەت قانۇنىيىتىگە قىلچە نۇقسانسىز رىئايە قىلىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ قانۇنىيەتنى ھازىر بىز بىلمەيمىز. لېكىن، ئىشىنىمەنكى، ئۇ مەۋجۇت، ئۇنى كىشىلەر ھامان بىر كۈنى بىلىۋالىدۇ. ھەددى ـ ھېسابسىز نۇرغۇن ئامما، يەنى ئۆزىگە ئوخشاشلارنى ئاۋۇتقۇچى ئاشۇ ماتېرىياللار دۇنيادا پەقەت ئاخىرقى ھېسابتا قانداقتۇر تىرىشچانلىقلار، تاكى بۈگۈنگىچە سىرى ئېچىلمىغان قانداقتۇر بىر جەريانلار، ھەر خىل ئىرق ۋە نەسىللەرنى بىر ـ بىرىگە چېتىشتۇرۇشلار ئارقىلىق، ھېچبولمىغاندا مىڭ ئادەمنىڭ ئارىسىدا ئازراقىنا مۇستەقىللىققا ئىگە بىر ئادەمنى دۇنياغا كەلتۈرۈش ئۈچۈنلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بىرقەدەر زورراق مۇستەقىللىققا ئىگە

ئادەمدىن ئېھتىمال ئون مىڭ كىشىنىڭ ئىچىدىن (مەن مىسال ئۈچۈن تەخمىنەنلا دەۋاتىمەن) بىرسىلا دۇنياغا كېلىدىغاندۇ. تېخىمۇ زورراق مۇستەقىللىققا ئىگە ئادەمگە كەلسەك، بەلكىم يۈز مىڭ كىشىنىڭ ئىچىدە بىرسى تۇغۇلىدىغاندۇ. تالانتلىق ئادەملەردىن بولسا، نەچچە مىليون كىشىنىڭ ئىچىدە بىرسى بارلىققا كېلەر؛ ئەمدى ئۇلۇغ تالانت ئىگىسى، ئىنسانىيەت ئىچىدىكى ئاتاقلىق زات بىرنەچچە مىليارد، بىرنەچچە ئون مىليارد ئادەم يەر شارىدا ياشاپ ئۆتكەندىن كېيىن بارلىققا كەلسە كېرەك. گەپنىڭ قىسقىسى، مانا شۇلارنىڭ ھەممىسى يۈز بېرىدىغان خىمىيە ئىدىشلىرىنىڭ ئىچىگە مەن تېخى قاراپ باقمىدىم. لېكىن، بىر قانۇنىيەتنىڭ بارلىقى ئېنىق، ئۇ قانۇنىيەت بولۇشى كېرەك. بۇ ھەرگىزمۇ تاسادىپەن بولۇۋاتقان ھادىسە ئەمەس.

— نېمە، ئىككىڭلار چاقچاق قىلىشىۋاتامسىلەر؟ — ئاخىر ۋارقىرىدى رازۇمىخىن، — ئىككىڭلار بىر - بىرىڭلارنى ئەخمەق قىلىۋاتقان ئوخشىمامسىلەر؟ بۇ يەردە ئولتۇرۇۋېلىپ، بىر - بىرىڭلارنى زاڭلىق قىلغىنىڭلار نېمىسى ! روديە، بۇ گەپلەرنى ئەستايىدىل دەۋاتامسەن؟

راسكولنىكوف تاتىرىپ كەتكەن، مەيۈسلۈك چىقىپ تۇرغان يۈزىنى كۆتۈرۈپ ئۇن - تىنسىز ئۇنىڭغا قارىدى، لېكىن جاۋاب بەرمىدى. پورفىرىينىڭ مۇنداق چىرماشقاقلىق بىلەن، تىكەنلىك گەپلەر بىلەن ۋە ئەدەپسىزلىك بىلەن ئوچۇقتىن - ئوچۇق كىشىنىڭ زىتىغا تېگىشى رازۇمىخىنغا مۇنۇ ئېغىر - بېسىقلىق ۋە مەيۈسلۈك چىقىپ تۇرغان چىراي بىلەن غەلىتە سېلىشتۇرما پەيدا قىلغاندەك تۇيۇلدى.

— ھەي، بۇرادەر، ئەگەر بۇ گەپنى راستىلا ئەستايىدىل دەۋاتقان بولساڭ، ئۇنداقتا... سەن بۇنى يېڭى نەرسە ئەمەس، بۇ بىز مىڭ قېتىملاپ ئوقۇغان ۋە ئاڭلىغان ئىشلار بىلەن ئوخشاشلا ئىش، دېدىڭ. بۇ گېپىڭ ئەلۋەتتە توغرا؛ لېكىن بۇلارنىڭ ئىچىدە

ھەقسقىي ئۆزگىچە بىر جاي ـــ يەنە كېلىپ مېنى ۋەھىمىگە سېلىپ قويۇۋاتقىنى، مۇنداق ئۆزگىچە بىر جاي ھەقىقەتەن يالغۇز ساڭىلا مەنسۇپ ئىكەن ـــ يەنى سەن ۋىجدانەن قان تۆكۈشكە بولىدۇ دەپ قارايدىكەنسەن. يەنە كېلىپ، توغرىسىنى گەپ قىلغانلىقىمنى كەچۈر. سەن ئۇنى شۇنداق ئەسەبىيلىك بىلەن كېڭەيتىپ چۈشەندۈردۈڭ... شۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۇ ماقالەڭنىڭ ئاساسىي ئىدىيەسى شۇ ئىكەن. مېنىڭچە، مۇنداق ۋىجدانەن قان تۆكۈشكە يول قويۇش... رەسمىي، قانۇنىي قان تۆكۈشتىنمۇ بەكرەك قورقۇنچلۇق...

ـــ تامامەن توغرا، بۇ تېخىمۇ قورقۇنچلۇق، ـــ جاۋاب بەردى پورفىرىي.

ـــ ياق، سەن ھەرھالدا ئاشۇرۇۋەتتىڭ ! بۇ خاتا. مەن ئۇنى ئوقۇپ چىقىمەن... سەن ئاشۇرۇۋەتتىڭ ! ئۇنداق ئويلىشىڭ مۇمكىن ئەمەس. مەن ئۇنى ئوقۇپ چىقىمەن !

ـــ ماقالىدا ئۇنداق گەپلەر يوق. ناھايىتى پۇرىتىپلا ئۆتۈپ كېتىلگەن، ـــ دېدى راسكولنىكوف.

ـــ شۇنداق، شۇنداق، ـــ پورفىرىي جايىدا ئولتۇرالماي قالدى، ـــ سىزنىڭ جىنايەتكە قانداق قارايدىغانلىقىڭىزنى مانا ئەمدى خېلى چۈشەنگەندەك قىلدىم. لېكىن... مېنىڭ چىرماشقاقلىقىمنى كەچۈرۈڭ (ئۆزۈممۇ خىجىل بولۇپ تۇرىمەن، سىزنى بەكلا ئاۋارە قىلىپ كەتتىم). بىلەمسىز، سىز بايا مېنىڭ ئىككى خىلدىكىلەرنىڭ ئارىلىشىپ كېتىشى مۇمكىنلىكى توغرىسىدىكى ئەندىشەمنى زور دەرىجىدە تۈگەتتىڭىز. لېكىن... مېنىڭ بۇ يەردە ئەنسىرەۋاتقىنىم ھەر خىل ئەمەلىي ئەھۋاللار ! ئالايلى، بىرەر ئەركەك ياكى بىرەر يىگىت ئۆزىنى لىكۇرگ ياكى ناپولېئون دەپ تەسەۋۋۇر قىلىپ... ئەلۋەتتە، ئۆزىنى كەلگۈسىدە شۇنداق ئادەم بولىمەن دەپ ئويلاپ ـــ شۇنىڭ بىلەن توسقۇنلارنى بۇزۇشقا باشلىسا... كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئۆزۈن سەپەرگە ئاتلىنىمەن دەپ ئويلاپ قالسا، ئۆزۈن سەپەر دېگەنگە مەبلەغ لازىم بولىدۇ...

شۇنىڭ بىلەن ئۇ مەبلەغ توپلاشقا باشلىسا... گېپىمنى چۈشىنىۋاتامسىز؟

بۇلۇڭدا ئولتۇرغان زامېتوف بىردىنلا پاراققىدا كۈلۈۋەتتى. راسكولنىكوف ھەتتا بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپمۇ قويمىدى.

— ئېتىراپ قىلىشىم كېرەككى، — دېدى ئۇ خاتىرجەم جاۋاب بېرىپ، — مۇنداق ئەھۋاللار ھەقىقەتەن يۈز بېرىدۇ. ئەقلى يوق، لېكىن شۆھرەتپەرەس ئادەملەر مۇنداق قارماققا بەكلا ئاسان ئىلىنىدۇ، بولۇپمۇ ياشلار.

— مانا قارالڭ، شۇنداق ئەھۋال بولىدىكەن ـ دە، ئۇنداقتا قانداق قىلغۇلۇق؟

— شۇنداق قىلىسىز ـ دە، — دېدى راسكولنىكوف سوغۇق كۈلۈپ، — بۇنىڭغا مەن ئەيىبلىك ئەمەس. ئىش شۇنداق بولۇۋاتىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ شۇنداق بولىدۇ، — ئۇ بارمىقى بىلەن رازۇمىخىننى كۆرسەتتى، — ھازىرلا مېنى قان تۆكۈشكە يول قويغۇدەكسەن، دېدىغۇ. شۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟ سۈرگۈن، تۈرمە، سوتچىلار، كاتورگا[1] ... جەمئىيەت مانا شۇنداق ئوبدان قوغدىلىۋاتسا، يەنە ئەندىشە قىلغۇدەك نېمە بار؟ ئوغرىنى تۇتساڭلارلا بولىدىغۇ !...

— ئەگەر تۇتۇۋالساق قانداق بولىدۇ؟

— ئۇ ئۆزىنىڭ شورى.

— گەپلىرىڭىز ئىنتايىن مەنتىقىلىق. لېكىن، ئۇنىڭ ۋىجدانى نېمە بولىدۇ؟

— بۇنىڭ بىلەن سىزنىڭ نېمە كارىڭىز؟

— مۇنداق گەپ، ئادەمگەرچىلىك يۈزىسىدىن ئويلىغاندا دەيمەن.

— ۋىجدانلىق ئادەملەر خاتالىقىنى تونۇپ يەتسە، قاتتىق ئازابلىنىدۇ. مانا شۇنىڭ ئۆزى ئۇنىڭغا بېرىلگەن بىر جازا، —

[1] چار رۇسىيەدە ۋە بۇرژۇئا ئەللىرىدە سۈرگۈن قىلىنغان مەھبۇسلارنىڭ ئىنتايىن قىيىن شارائىتتا ئىشلەيدىغان جايى.

كاتورگىنىڭ سىرتىدىكى جازا.

— ئۇنداقتا ھەقىقىي تالانت ئىگىسى، — سورىدى رازۇمىخىن قاپىقىنى تۈرۈپ، — ئادەم ئۆلتۈرۈشكە ھەقلىق كىشى ئادەم ئۆلتۈرگەن تۇرۇقلۇقمۇ قىلچە ئازابلانماسلىقى كېرەكمۇ؟

— نېمىشقا «كېرەك» دېگەن سۆزنى ئىشلىتىسەن؟ بۇ رۇخسەت قىلىش ياكى مەنئى قىلىش مەسىلىسى ئەمەس. ئەگەر ئۇ ئۆلتۈرۈلگۈچىگە ئىچ ئاغرىتىپ، ئازابلانسا ئازابلىنىۋەرمەمدۇ... كەڭ پىكىرلىك، ھېسسىياتى كۈچلۈك ئادەملەر ئازابتىن ۋە دەردتىن خالىي بولالمايدۇ. مېنىڭچە، ھەقىقىي ئۇلۇغ ئادەملەر بۇ دۇنيادا چوقۇم ئېغىر ھەسرەت چېكىدۇ، — قوشۇپ قويدى ئۇ كۈتمىگەندە ئويچانلىق بىلەن. ئۇنىڭ تەلەپپۇزىمۇ بايىقى گەپلەرنى قىلغان چېغىدىكى تەلەپپۇزىغا ئوخشىمايتتى.

ئۇ بېشىنى كۆتۈردى، ئۆي ئىچىدىكىلەرگە ئويچانلىق بىلەن قاراپ كۈلۈپ قويدى. ئاندىن قالپىقىنى قولىغا ئالدى. ئۇ بايا كىرگەن چېغىدىكىگە قارىغاندا، ئۆزىنى ئوبدانلا تۇتۇۋالغانىدى، بۇنى ئۆزىمۇ سېزىپ تۇراتتى. ھەممەيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.

— ماقا قاراڭ، مېنى تىللىسىڭىزمۇ، ماقا خاپا بولسىڭىزمۇ مەيلى، — دېدى پورفىرىي پېتروۋىچ گەپ باشلاپ، — كىچىككىنە بىر سوئالنى سىزدىن سورىۋالمىغۇچە (سىزنى بەكلا ئاۋارە قىلىپ كەتتىم!) كۆڭلۈم زادىلا ئارام تاپمايۋاتىدۇ، مەن پەقەت كىچىككىنە بىر ئويۇمنى دەپ باقماقچى، بولمىسا كېيىن ئۇنتۇپ قېلىشىم مۇمكىن...

— بولىدۇ، قېنى شۇ كىچىككىنە ئويىڭىزنى دەپ بېقىڭ، — دېدى چىرايىدىن تاتىراڭغۇلۇق ۋە جىددىيلىك چىقىپ تۇرغان راسكولنىكوف پورفىرىينىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ گېپىنى كۈتۈپ.

— مۇنداق گەپ... قانداق دېيىشىمنى راستلا بىلەلمەيۋاتىمەن... بۇمۇغۇ بىر يوقىلاڭ خىيال... روھىي ھالەت جەھەتتىن-

كى... مۇنداق گەپ، سىز شۇ ماقالىڭىزنى يېزىۋاتقان ۋاقتىڭىزدا، ئۆزىڭىزنى... ھى ـ ھى ـ ھى... ئۆز گېپىڭىز بىلەن ئېيتقاندا... «پەۋقۇلئاددە» ئادەم دەپ ھېس قىلغان (ھېچبولمىغاندا ئازراق بولسىمۇ)، يەنى يېڭى قاراشلار توغرىسىدا سۆزلىيەلەيدىغان ئادەم دەپ ئويلىغان بولغىيدىڭىز، شۇنداقمۇ ـ ھە؟

ـــ ئېھتىمال، ـــ دېدى راسكولنىكوف كۆزگە ئىلمىغاندەك جاۋاب بېرىپ.

رازۇمىخىن مىدىراپ قويدى.

ـــ ئەگەر شۇنداق بولسا، كۈندىلىك تۇرمۇشىڭىزدا ئۇچرىغان ئوڭۇشسىزلىقلىرىڭىز ۋە قىيىنچىلىقلىرىڭىز سەۋەبىدىن ياكى پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىستىكى بىلەن سىزمۇ توسقۇنلاردىن ئاتلاپ ئۆتۈش قارارىغا كەلگەن بولارمىدىڭىز؟ مەسىلەن ئالايلى، ئادەم ئۆلتۈرەرمىدىڭىز، بۇلاڭچىلىق قىلارمىدىڭىز؟...

ئۇ يەنە بايىقىدەك راسكولنىكوفقا قاراپ سول كۆزىنى قىسقاندەك، يەنە ئاۋازىنى چىقارماي كۈلگەندەك قىلدى.

ـــ مۇبادا مەن شۇنداق قىلسامۇ، ئەلۋەتتە سىزگە دېمىگەن بولاتتىم، ـــ جاۋاب بەردى راسكولنىكوف قولۇڭدىن نېمە كېلەتتى، دېگەندەك مەنسىتمەسلىك بىلەن تەكەببۇرانە گەپ قىلىپ.

ـــ ياقەي، مەن شۇ ئۇنىڭغا قىزىقىپ قالدىم، گەپنىڭ راستىنى دېسەم، ماقالىڭىزنى چۈشىنىۋالغۇم بار، نوقۇل ئەدەبىي جەھەتتىن...

«تۇفى، ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق دەۋاتقىنىنى، يۈزسىز !» يىرگىنىش بىلەن خىيالىدىن ئۆتكۈزدى راسكولنىكوف.

ـــ شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشۈمگە رۇخسەت قىلىڭ، ـــ دېدى ئۇ سوغۇققىلا گەپ قىلىپ، ـــ مەن ئۆزۈمنى ناپولېئون دەپ قارىمايمەن... ئۆزۈمنى بىرىنچى خىلدىكى ئادەملەرنىڭ ئىچىدىكى بىر ئادەم دەپمۇ قارىمايمەن، دېمەك مەن ئۇنداق ئادەملەردىن

بولمىغاچقا، شۇلاردەك بولۇپ قالسام قانداق قىلىدىغانلىقىم توغرىسىدا سىزگە قانائەتلەنگۈدەك چۈشەنچە بېرەلمەيمەن.

— ھە، بولدىلا، ھازىر بىزنىڭ رۇسىيەدە كىم ئۆزىنى ناپولېئون دەپ ھېسابلىمايدۇ؟ — دېدى پورفىرىي پېتروۋىچ كۈتمىگەندە ئىنتايىن قىزغىنلىق بىلەن. بۇ قېتىم ھەتتا ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدىن بىرنەرسىگە ئىما قىلىۋاتقانلىقى ئېنىق بىلىنىپ تۇراتتى.

— ئۆتكەن ھەپتە ئالىيونا ئىۋانوۋنانى شۇنداق بىر بولغۇسى ناپولېئون پالتا بىلەن چېپىۋەتكەن بولمىسۇن يەنە؟ — دېدى كۈتمىگەندە بولۇڭدا ئولتۇرغان زامېتوف.

راسكولنىكوف گەپ - سۆز قىلماي پورفىرىيغا كۆز ئۈزمەي تىكىلىپ قاراپ قالدى. رازۇمىخىننىڭ قاپىقى چۈشۈپلا كەتتى. ئۇ شۇنىڭدىن ئىلگىرىلا، شۇنداق بىر ئالامەتنى سەزگەندەك قىلغانىدى. ئۇ غەزەپ بىلەن ئەتراپىغا قاراپ قويدى. كۆڭۈلسىز جىمجىتلىق بىر مىنۇتقىچە داۋام قىلدى. راسكولنىكوف كەتمەكچى بولۇپ كەينىگە بۇرالدى.

— كەتكىلىۋاتامسىز ! — دېدى پورفىرىي ئىسسىق چىراي ۋە ئىنتايىن يېقىنلىق بىلەن قولىنى سۇنۇپ، — تونۇشۇپ قالغىنىمىزغا ئىنتايىن، ئىنتايىن خۇرسەنمەن. ئىلتىماسىڭىزغا كەلسەك، ئۇنىڭدىن شۈبھىلەنمەڭ، يەنىلا مېنىڭ دېگىنىم بويىچە بىر ئىلتىماس يېزىڭ، ياخشىسى مۇشۇ بىر - ئىككى كۈننىڭ ئىچىدە... ئۆزىڭىز مېنىڭ قېشىمغا بېرىڭ... ئەتە بارسىڭىزمۇ بولىدۇ. سائەت ئون بىر ئەتراپىدا مەن شۇ يەردە بولىمەن. ھەممىسىنى بېجىرىۋېتىمىز... گەپلىشىمىز... چۈنكى سىز ئۇ يەرگە ئەڭ ئاخىرىدا بارغانلارنىڭ بىرسى ئىكەنسىز. سىز بەلكىم بىزگە بىرنېمىلەرنى دەپ بېرەلىشىڭىز مۇمكىن... — ئىنتايىن مۇلايىملىق بىلەن قوشۇپ قويدى ئۇ.

— سىز مېنى قانۇندا بەلگىلەنگەن سورۇندا رەسمىي سوراق قىلماقچىمۇ؟ — جىددىي تەلەپپۇزدا سورىدى راسكولنىكوف.

— ئۇنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى؟ ھازىرچە بۇنىڭ ھېچقانداق

زۆرۇرىيىتى يوق. سىز خاتا چۈشىنىپ قالدىڭىز. بىلەمسىز، مەن بىرەر پۇرسەتنىمۇ قولدىن بەرمىدىم، يەنە كېلىپ... نەرسە ـ كېرەكلىرىنى گۆرۈگە قويغانلارنىڭ ھەممىسى بىلەن سۆزلىشىپ چىقتىم... بەزىلىرىنىڭ ئاغزىدىن بەزى مەلۇماتلارنى يېزىۋالدىم. سىز بولسىڭىز، ئەڭ ئاخىرقىسى... شۇڭلاشقا، مۇنداقلا سوراپ قويىمىز! ـــ ۋارقىرىۋەتتى ئۇ بىردىنلا نېمىگىدۇر خۇشال بولغاندەك، ـــ ئەمدى ئېسىمگە كەلدى. ماڭا نېمە بولدىكىنە! ـــ ئۇ رازۇمىخىن تەرەپكە بۇرالدى، ـــ سەن ھېلىقى نىكولاشكا توغرۇلۇق گەپ قىلىۋېرىپ قۇلاق ـ مېڭەمنى يەپ كېتىۋىدىڭ. لېكىن، ئۆزۈممۇ بىلىمەن، ئۆزۈممۇ بىلىمەن، ـــ ئۇ يەنە راسكولنىكوف تەرەپكە بۇرالدى، ـــ ئۇ يىگىت گۇناھسىز، لېكىن نېمە ئىلاج؟ نائىلاجلىقتىن مىتكانىمۇ ئاۋارە قىلدۇق... مەسىلىنىڭ ئاچقۇچى مانا بۇنىڭدا. سىز پەلەمپەي بىلەن يۇقىرىغا چىقىپ كېتىۋاتقىنىڭىزدا... سوراپ باقايچۇ، سىز ئۇ يەرگە سائەت يەتتىدىن ئاشقاندا بارغان، شۇنداقمۇ؟

ـــ يەتتىدىن ئاشقاندا، ـــ جاۋاب بەردى راسكولنىكوف. لېكىن، ئۇ شۇ ئانلا بۇ گەپنى دېيىشنىڭ زادىلا زۆرۈرىيىتى يوقلۇقىنى ھېس قىلىپ، خاپا بولۇپ قالدى.

ـــ ئۇنداقتا، سىز سائەت يەتتىدىن ئاشقاندا پەلەمپەي بىلەن يۇقىرىغا چىقىپ كېتىۋېتىپ، ئىككىنچى قەۋەتتىكى ئىشىكى ئوچۇق بىر ئۆيدە ئىككى ئىشچىنىڭ ياكى شۇلاردىن بىرسىنىڭ ئىشلەۋاتقانلىقىنى كۆرگەنمىدىڭىز؟ ئۇلار شۇ ئۆينى سىرلاۋېتىپتىكەن. دىققەت قىلمىدىڭىزمۇ؟ ئۇلارغا نىسبەتەن بۇ ئىنتايىن، ئىنتايىن مۇھىم!...

ـــ سىرچىلار؟ ياق، كۆرمىدىم... ـــ ئالدىرىماي جاۋاب بەردى راسكولنىكوف گويا ئەسلەشكە قاتتىق تىرىشىۋاتقاندەك قىلىپ، شۇنداقلا ئۇ قىلتاقنىڭ قەيەرگە قويۇلۇۋاتقانلىقىنى، ئۆزىنىڭ بىرەر نەرسىگە بىپەرۋالىق قىلغان ـ قىلمىغانلىقىنى تېپىشقا ئالدىراپ جىددىيلەشتى ۋە تىت ـ تىت بولۇپ نەپىسىنى ئىچىگە

يۇتتى، — ياق، ئۇلارنى كۆرمىدىم، بىرەر ئۆينىڭ ئىشىكىنىڭ ئوچۇق تۇرغانلىقىنىمۇ كۆرگەندەك قىلمىدىم... لېكىن تۆتىنچى قەۋەتتە (مانا شۇ چاغدا ئۇ قىلتاقنىڭ نەدىلىكىنى پەملەپ، ئىنتايىن خۇش بولۇپ كەتتى)، ئېسىمدە قېلىشىچە بىر خىزمەتچى... ئالیونا ئىۋانوۋنانىڭ ئۆيىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئۆيدىن... كۆچۈپ چىقىۋېتىپتىكەن... ئېسىمدە... بۇ ئېنىق ئېسىمدە... بىر دىۋاننى كۆتۈرۈپ چىقىۋاتقان بىرنەچچە ئەسكەر مېنى تامغا قىستاپ قويغانىدى... لېكىن سىرچىلار يوق ئىدى. سىرچى دېگەنلىرىڭىز ئېسىمدە قالماپتۇ... ئۇ يەردە ئىشىكى ئوچۇق ئۆيمۇ يوقتەك قىلغان. شۇنداق، يوق ئىدى...

— سەن نېمە دەۋاتىسەن؟ — بىردىنلا ۋارقىرىۋەتتى رازۇمىخىن گويا ھوشىغا كەلگەندەك ئاخىر چۈشىنىپ، — سىرچىلار ئۇ ئۆينى قاتىللىق يۈز بەرگەن كۈنى سىرلىغان تۇرسا، بۇ دېگەن ئۇ يەرگە شۇنىڭدىن ئۈچ كۈن ئىلگىرى بارغان تۇرسا، سەن نېمىدەپ بۇنى سوراشتۇرۇپ يۈرىسەن؟

— ھەي! ئىلەشتۈرۈپ قويۇپتىمەن! — دېدى پورفىرىي پېشانىسىگە ئۇرۇپ، — خۇدا ئۇرغۇر، مۇشۇ ئىش كاللامنى ئىلەشتۈرۈپلىۋەتتى! — دېدى ئۇ ھەتتا كەچۈرۈم سوراۋاتقاندەك قىلىپ راسكولنىكوفقا قاراپ، — ئۇلارنىڭ سائەت يەتتىدىن ئاشقاندا شۇ ئۆيدە ئىشلەۋاتقانلىقىنى كۆرگەنلەر بولسا، بۇنى بىلىش بىزگە ئىنتايىن مۇھىم ئىدى. شۇڭا ھازىر سىزنى كۆرگەنمىكىن دەپ ئويلاپ كېتىپتىمەن... پۈتۈنلەي ئىلەشتۈرۈپ قويۇپتىمەن!

— ئۇنداقتا تېخىمۇ دىققەت قىلىشىڭ كېرەك-دە، — دېدى رازۇمىخىن قاپىقىنى تۈرۈپ.

مۇشۇ گەپلەر دېيىلگەندە ئۇلار دەھلىزگە چىقىپ بولۇشقانىدى. پورفىرىي پېترووۋىچ ئۇلارنى چوڭ ئىززەت-ئىكرام بىلەن ئىشىك ئالدىغىچە ئۇزىتىپ قويدى. ھەر ئىككىلىسى دومسىيىپ قاپاقلىرى چۈشۈپ كەتكەن بىر ھالەتتە كوچىغا چىقىپ، بىردەمگىچە ئۈن-تىنسىز مېڭىشتى. راسكولنىكوف چوڭقۇر نەپەس ئالدى...

## 6

— ئىشەنمەيمەن ! ئىشەنگۈممۇ كەلمەيدۇ ! — تەكرارلىدى بېشى گاڭگىراپ قالغان رازۇمىخىن راسكولنىكوفنىڭ دەلىل - ئىسپاتلىرىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاغدۇرۇۋېتىشكە تىرىشىپ، بۇ چاغدا ئۇلار باكالېيېف مېھمانخانىسىغا يېقىن بېرىپ قېلىشقانىدى. پولخېرىيە ئالېكساندرووۋنا بىلەن دونيە ئۇلارنى شۇ يەردە خېلىدىن بېرى ساقلاپ ئولتۇراتتى. رازۇمىخىن گەپلىشىپ كېلىۋېتىپ، ھېلىدىن - ھېلىغا قىزىپ كېتىپ توختاپ قالاتتى. بۇ ئىشنى ئۇلارنىڭ تېخى تۇنجى قېتىم ئاشكارا سۆزلىشىشى ئىدى، شۇڭا ئۇ تەشۋىشلىنىپمۇ، ھاياجانلىنىپمۇ تۇراتتى.

— ئۇنداق بولسا ئىشەنمە ! — جاۋاب بەردى راسكولنىكوف بىپەرۋالىق بىلەن سوغۇق كۈلۈپ، — سەن ئادەتتىكى چاغلارغا ئوخشاشلا ھېچنېمىنى بايقىمىدىڭ. لېكىن، مەن ھەربىر سۆزنى ئىنچىكىلەپ ئويلاپ ئولتۇردۇم.

— سەن گۇمانخور، شۇڭا ئىنچىكىلەپ ئويلاپ ئولتۇرىسەن... ھە... راست... پورفىرىينىڭ تەلەپپۇزى ماڭىمۇ سەل غەلىتىرەك تۇيۇلدى، بولۇپمۇ ھېلىقى ئىپلاس زامېتوف !... دېگىنىڭ توغرا، ئۇ سەل سىرلىق بولۇپ قاپتۇ، لېكىن نېمە ئۈچۈن؟ نېمە ئۈچۈن؟

— ئۇ بىر كېچىدىلا قارارىنى ئۆزگەرتىپتۇ.

— لېكىن، ئەكسىچە، ئەكسىچە ! ئەگەر ئۇلار راستىلا شۇنداق ئەخمىقانە پىكىرگە كەلگەن بولسا، كېيىنچە سېنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن، بۇ پىكرىنى ئىلاجىنىڭ بارىچە يوشۇرۇشقا، كوزىرىنى كۆرسەتمەسلىككە تىرىشقان بولاتتى... لېكىن ھازىر... بەكلا يۈزسىزلىك، قاراملىق قىلىشتى.

— ئەگەر ئۇلارنىڭ قولىدا ئىسپات... مەن ھەقىقىي دەلىل - ئىسپاتنى دەۋاتىمەن ياكى گۇمانىنىڭ ئانچە - مۇنچە ئاساسى بولسا، ئۇ چاغدا تېخىمۇ كۆپرەك نەرسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، راستلا كوزىرنى كۆرسەتمەسلىككە تىرىشقان بولاتتى (لېكىن ئۇلار ئاللىبۇرۇن تىنتىشى كېرەك ئىدى)، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىسپاتى يوق. بىر تالمۇ ئىسپاتى يوق — ھەممىسى خىيالىي نەرسە، مىكى - مىكى، ئۇياقتا تارتىسىمۇ بۇياقتا تارتىسىمۇ بولىۋېرىدىغان خىياللار — شۇڭلاشقا ئۇلار شۇنداق ئۇياتسىز گەپلەر بىلەن قايمۇقتۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ باقتى. بەلكىم ئىسپات بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭمۇ پىغانى ئۆرلەپ تۇرغاندۇ. تەقەززالىقتا ئاغزىنى يىغالماي قالغاندۇ ياكى باشقا بىرەر نىيىتى باردۇ... قارىساڭ ئۇ ئەقىللىك ئادەمگە ئوخشايدۇ... بەلكىم ئۇ ئۆزى بىلىدىغان نەرسىلەر بىلەن مېنى قورقۇتماقچى بولسا كېرەك... بۇرادەر، بۇ يەردە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ پىسخىكىسى بار. لېكىن، مۇشۇلارنى چۈشەندۈرۈش بەكلا ئىچىمنى ئېلىشتۇرۇۋەتتى. بولدى قىلايلىلا !

— ھاقارەتقۇ بۇ، قاتتىق ھاقارەتقۇ بۇ ! مەن سېنى چۈشىنىمەن ! لېكىن... بىز گەپنى ئوچۇق قىلىۋەتكەنىكەنمىز (بۇ بەك ئوبدان بولدى، ئىككىمىزنىڭ گەپنى ئوچۇق قىلىۋەتكىنىمىزگە مەن بەك خۇشال )، ساڭا گەپنى ئوچۇق - يورۇق دەۋېرەي، مەن ئۇلارنىڭ مۇنداق ئويىنى ئاللىبۇرۇنلا سەزگەن. شۇ مەزگىلدە ئەلۋەتتە، ئۇلار ناھايىتى ئازراقلا يىپ ئۇچى تېپىۋېلىپ، يېرىم - يارتا ئىشىنىپ يۈرۈشتى. لېكىن، يېرىم - يارتا بولسىمۇ، نېمىشقا شۇنداق قىلىدۇ؟ شۇنداق قىلىشقا ئۇلارنىڭ نېمە ھەددى؟ ئۇلارنىڭ نېمە ئاساسى بار ئىكەن زادى، نېمە ئاساسى بار ئىكەن؟ بىلەمسەن، مېنىڭ شۇنداق ئاچچىقىم كەلدى ! شۇنداق قىلسا قانداق بولىدۇ. نامراتلىق ۋە گۇمانخورلۇق تولا ئازابلاپ غەيرىي نورمال قىلىپ قويغان بىر كەمبەغەل ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى، مىجەزى نازۇكلىشىپ

قالغان، ئۆزىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ساقلايدىغان، ئىرادىلىك بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى جۇل ـ جۇل كىيىم بىلەن ناھالسىز ئاياغ كىيىپ يۈرسە، ئالتە ئايدىن بۇيان ئۆز ئۆيىدىن چىقمىسا، ھېچكىم بىلەن كۆرۈشمىسە، ئۇ ئىپىسىنى يوقىتىشتىن، ئېغىر كېسەللى قوزغىلىشتىن بىر كۈن بۇرۇن، بەلكىم قوزغىلىشقا باشلىغان چاغدا (مانا بۇنىڭغا دىققەت قىلىڭ!) ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئاللىقانداقتۇر رەزىل باشلىقىنىڭ ئالدىدا تىك تۇرۇشقا، ئۇلارنىڭ ھاقارەتلىرىگە چىداشقا مەجبۇر بولسا، دەل شۇ چاغدا، يەنە كۇتۇلمىگەن قەرز، مەسلىھەتچى چىبارۋونىڭ تۆلەش مۇددىتى ئۆتۈپ كەتكەن قەرز چېكى پەيدا بولسا، سىرنىڭ سېسىق پۇرىقى كېلىپ تۇرسا، رېئومىيۇر گىرادۇسى بويىچە ئوتتۇز گىرادۇس ئىسسىق بولۇۋاتسا، ئۆيىنىڭ ئىچى دىمىق تۇرسا، ئادەملەر يىغىلىۋالسا، يەنە كېلىپ ئۇ بىر كۈن ئىلگىرى كۆرۈشكەن ئادەمنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى توغرۇلۇق گەپلەشسە، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۇ ئاچ قالغان بىر چاغدا يۈز بەرسە، مۇشۇنداق ئەھۋالدا، ئۇ ھوشىدىن كەتمەي قالاتتىمۇ! ئۇلارنىڭ جىمىكى ئاساسى مانا مۇشۇ! توۋا! بۇلارنىڭ نەقەدەر ئوغىنى قايىنتىدىغانلىقىنى بىلىمەن، ئەگەر سىزنىڭ ئورنۇڭدا مەن بولسام، رودكا، ئۇلارغا قاراپ قاقاھلاپ كۈلگەن بولاتتىم ياكى ياخشىسى ئۇلارنىڭ يۈزىگە تۈكۈرگەن بولاتتىم. تۈكۈرگەندىمۇ جىققىدە تۈكۈرۈۋەتكەن بولاتتىم. ئاندىن ئوڭ ـ سول كاچىتىغا يىگىرمىنى سېلىپ، تازا ئوبدان ئەدەپلەپ، شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىشنى تۈگىتەتتىم. يۈزىگە قارىما ئۇلارنىڭ! تېتىكرەك تۇر! نېمىدېگەن شەرمەندىلىك بۇ!

«بۇ گەپنى ئەجەب ئوبدان قىلدى ئۇ» ئويلىدى راسكولنىكوف.

— ئۇلارنىڭ يۈزىگە قارىما، لېكىن ئەتە يەنە سوراق قىلىنىشىدىغان تۇرسا! — دېدى ئۇ ئاچچىقى بىلەن، — ئەجەبا مەن ئۇلارغا چۈشەندۈرۈشۈم كېرەكمۇ؟ تۈنۈگۈن ئاشخانىدا ئۆزۈمنى يەرگە ئۇرۇپ زامېتوف بىلەن گەپلىشىپ كېتىپتىمەن... ئەمدى

ئويلىسام ئاچچىقىم كېلىدۇ...

— شۇنداقمۇ گەپ بولامدۇ ! پورفىرىينىڭ ئالدىغا ئۆزۈم بارىمەن ! قوۋم - قېرىنداشلىقىمىزنىڭ يۈزى بىلەن، ئۇنىڭ ئاغزىنى ئاچۇرمىسام بولمايدۇ؛ ئۇنىڭغا ھەممە گەپنى دېگۈزىمەن ! ھەتتا زامېتوفنى...

«ئۇ ھەرھالدا ئېسىگە ئالدى !» ئويلىدى راسكولنىكوف.

— توختاپ تۇر ! — ۋارقىرىدى رازۇمىخىن بىردىنلا ئۇنىڭ يەلكىسىنى تۇتۇپ، — توختاپ تۇر ! سەن خاتا قىلىۋاتىسەن. مەن تەكرار - تەكرار ئويلاندىم: سەن خاتا قىلىۋاتىسەن ! بۇ قانداقمۇ قىلتاق بولسۇن، سەن ئىككى ئىشچى توغرىسىدىكى سوئالنى قىلتاق دېمەكچىمۇ؟ ئۆزۈڭ ئويدانىراق ئويلاپ باق: ئەگەر ھېلىقى ئىشنى سەن قىلغان بولساڭ، ئۇلارنىڭ ھېلىقى ئۆينى سىرلاۋاتقانلىقىنى كۆرگەنتىم دەرمىدىڭ... ئىككى ئىشچىنى كۆردۈم دەرمىدىڭ؟ بۇنىڭ ئەكسىچە سەن كۆرگەن تەقدىردىمۇ، ھېچنېمىنى كۆرمىدىم دېگەن بولاتتىڭ. ئۆزىگە پايدىسىز ئىشنى كىم بوينىغا ئالىدۇ؟

— ئەگەر ئۇ ئىشنى مەن قىلغان بولسام، ھېلىقى ئىككى ئىشچى بىلەن ھېلىقى ئۆينى كۆردۈم دېگەن بولاتتىم، — خالار - خالىماس جاۋاب بەردى راسكولنىكوف، ئۇنىڭ چىرايىدىنمۇ بىزارلىق ئالامىتى چىقىپ تۇراتتى.

— نېمىدەپ ئۆزۈڭگە پايدىسىز گەپنى قىلاتتىڭ؟

— نېمىشقا دېسەڭ، پەقەت يېزىلىقلار ياكى ئىش كۆرمىگەن يېڭىياچىلار سوراق ۋاقتىدا، توغرىدىن - توغرا ھەممىنى ئىنكار قىلىدۇ. ئازراقلا كاللىسى بار ۋە ئاز - تولا تەجرىبىلىك ئادەم بولسا، قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان يۈزەكى پاكىتلارنى ئىلاجىنىڭ بارىچە ئېتىراپ قىلىشقا تىرىشىدۇ، لېكىن ئۇ بۇ پاكىتلارغا باشقا سەۋەبلەرنى كۆرسىتىدۇ، ئۆزگىچە، كۈتۈلمىگەن ئالاھىدىلىكلەرنى قوشۇۋېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ پاكىتلارنىڭ مەنىسى پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كېتىدۇ، ئۇلار باشقا بىر جەھەتتىن

چۈشەندۈرۈلىدۇ. پورفىرىي مېنى مانا شۇنداق جاۋاب بېرىدۇ دەپ مۆلچەرلىگەن، مېنى ئۆلارنى كۆردۈم دەيدۇ ۋە ئاندىن ئەقىلگە مۇۋاپىق بولسۇن ئۈچۈن، ئۇنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتىدۇ، دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك.

— لېكىن، ئۇ شۇ ئانلا ساڭا ئىككى كۈن ئىلگىرى ئۇ يەردە ھېچقانداق سىرچى يوق ئىدى، شۇنىڭغا قارىغاندا سەن ئۇ يەرگە قاتىللىق يۈز بەرگەن كۈنى سائەت يەتتىدىن ئاشقاندا بارغان، دېگەن بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئەرزىمەس بىر ئىشتا سېنى قىلتاقتا چۈشۈرگەن بولاتتى!

— ئۇ نەق شۇنى ئۈمىد قىلغان. خىيالىدا مېنى ئويلىنىشقا ئۈلگۈرەلمەي، ئەقىلگە سىغقۇدەك جاۋاب بېرىشكە ئالدىراپ كېتىپ، ئىككى ئىشچىنىڭ ئىككى كۈن ئىلگىرى ئۇ يەردە يوقلۇقىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ، دېدى بولغاي.

— بۇنى ئۇنتۇپ قالغىلى بولاتتىمۇ؟

— بۇنى ئۇنتۇشتىنمۇ ئاسان ئىش يوق. مۇغەمبەر ئادەملەر ئادەتتە مۇشۇنداق ئەرزىمەس ئىشلاردا ئاسانلا قىلتاقتا چۈشۈپ قالىدۇ. ئادەم قانچىكى مۇغەمبەر بولسا، دىققەت قىلىنىشقا ئەرزىمەيدىغان ئۇششاق ئىشلاردا مەندىن ساپاق تاپالمايدۇ، دېگەن پىكىرگە شۇنچىكى ئىشىنىپ كېتىدۇ. شۇڭا ئەڭ مۇغەمبەر ئادەملەرنى ئەڭ ئادەتتىكى ئىشتا قولغا چۈشۈرۈش كېرەك. پورفىرىي سېنىڭ تەسەۋۋۇر قىلغىنىڭدەك ئۇنداق ئەخمەقلەردىن ئەمەس.

— دېمەك، ئۇ ئەسكى ئادەم ئىكەن ـ دە!

راسكولنىكوف ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈۋەتتى. لېكىن، ئاخىرقى گەپلەرنى دەۋاتقان چېغىدا ئۆزىدە پەيدا بولغان جانلىنىش ۋە قىزىقىش ئۇنىڭغا غەلىتە تۇيۇلدى. چۈنكى، ئۇ ئالدىنقى گەپلەرنى ئىچى تىت ـ تىت بولۇپ، بىزار بولۇپ تۇرسىمۇ، مەلۇم مەقسەتنى كۆزلەپ، دېمىسە بولمىغاچقىلا دېگەنىدى.

«بىرنەچچە جايى دىتىمغا تازا ياقىدۇ !» ئويلىدى ئۇ.
لېكىن، شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە دېگۈدەك ئۇ گويا كۈتۈلمىگەن، ئادەمنى غەمگە سالىدىغان بىرەر ئويدىن چۆچۈپ كەتكەندەك، بىردىنلا يەنە نېمىشقىدۇر ئارامسىزلىنىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ بىئاراملىقى بارغانسېرى كۈچەيمەكتە ئىدى. بۇ چاغدا ئۇلار باكالېيېۋ مېھمانخانىسىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ قالغانىدى.

— سەن ئۆزۈڭ يالغۇز كىرگەچ تۇر، — دېدى كۈتمىگەندە راسكولنىكوف، — مەن ھازىرلا كېلىمەن.
— نەگە بارىسەن؟ يېتىپ كەلگەن تۇرساق !
— بارمىسام بولمايدۇ، بارمىسام بولمايدۇ. ئىشىم بار؛ يېرىم سائەتتە كېلىمەن... ئۇلارغا شۇنداق دەپ قوي.
— ئىختىيارىڭ، مەنمۇ بىللە بارىمەن !
— نېمە، سەنمۇ مېنى قىينىماقچىمۇ؟ — ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ ۋارقىرىدى ئۇ. ئۇنىڭ ئاۋازى شۇ قەدەر ئاچچىق ۋە غەزەپلىك، قاراشلىرى شۇنچىلىك ئۈمىدسىزلىككە تولغانىدىكى، رازۇمىخىن شۇ ئانلا نىيىتىدىن ياندى. ئۇ ئۆزى تۇرۇۋاتقان كوچا تەرەپكە ئالدىراپ كېتىۋاتقان راسكولنىكوفقا قارىغىنىچە پەلەمپەيدە بىر دەم تۇرۇپ قالدى. كېيىن چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، مۇشتۇملىرىنى تۈگۈپ، بۈگۈنلا پورفىرىينى خۇددى لىموننى سىققاندەك سىقىپ، ھەممە گېپىنى دېگۈزۈشكە قەسەم قىلدى. ئاندىن ئۆزلىرى بەكلا كېچىكىپ كەلگەچكە، تەقەززا بولۇپ كەتكەن پولخېرىيە ئالېكساندروۋناغا تەسەللى بەرگىلى يۇقىرىقى قەۋەتكە چىقىپ كەتتى.
راسكولنىكوف ئۆز دەرۋازىسى ئالدىغا يېتىپ كەلگەندە ئىككى چېكىسى تەردە ھۆل بولۇپ، ئۆزىمۇ ھاسىراپ كەتكەنىدى. ئۇ پەلەمپەيدىن يۈگۈرگەندەك تېز ـ تېز چىقىپ، بايا ئوچۇق تاشلاپ كەتكەن ئۆيىگە كىردى ـ دە، ئىلگەكنى ئىلىپ قويدى. ئاندىن قورققىنىدىن ئالاق ـ جالاق بولۇپ، ئۆزىنى ئۆينىڭ بۇلۇڭىغا

ئاتتى، نەرسە ـ كېرەكلەرنى قويۇپ تۇرغان ھېلىقى قەغەزنىڭ كەينىدىكى كامارنىڭ ئالدىغا باردى ـ دە، بىر قولىنى تىقىپ، كامارنىڭ ئىچىنى خېلى بىر ۋاقىتچە ئىنچىكىلەپ سىلاشتۇردى، ھەربىر بۇلۇڭ ـ پۇچقاقنى، قەغەزنىڭ ھەربىر قاتلاشقان يېرىنى ئالا قويمىدى. قولىغا ھېچنېمە ئىلىنمىگەندىن كېيىن ئورنىدىن تۇردى ـ دە، يېنىك تىندى. بايا ئۇ باكالىيېف مېھمانخانىسىنىڭ پەلەمپىيىگە يېتىپ بارغاندا، بىردىنلا قانداقتۇر بىرەر زەنجىر، بىرەر بۇلاپكا، ھەتتا موماي شۇلارنى ئوراپ ئۆز قولى بىلەن بەلگە سېلىپ قويغان بىرەر پارچە قەغەز ئېھتىياتسىزلىقتىن چۈشۈپ قېلىپ، بىرەر قىسىلچاققا قىسىلىپ قالغان بولسا، كېيىن ئويلىمىغان يەردىن چىقىپ قېلىپ، تېنىۋالغۇسىز جىنايەت پاكىتى بولۇپ قالمىسۇن يەنە، دەپ ئويلاپ قالغانىدى.

ئۇ خىيالغا چۆكۈپ تۇرۇپ قالدى، ئۇنىڭ لەۋلىرىدە غەلىتە ئىلاجىسىزلىق ۋە بىئارامىلىق ئالامىتى چىقىپ تۇرغان تەبەسسۇم جىلۋىلەندى. ئاخىر ئۇ قالپىقىنى قولىغا ئېلىپ، ئاستا ئۆيدىن چىقتى. ئۇنىڭ پىكىرلىرى چىگىشلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ خىيال سۈرگىنىچە پەلەمپەيدىن چۈشۈپ، دەرۋازا ئالدىغا چىقتى.

ـــ ئەنە، ئۆزى چىقتى! ـــ دېدى كىمدۇر بىرسى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن، ئۇ بېشىنى كۆتۈردى.

دەرۋازىۋەن كىچىككىنە ئۆيىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئۇنى چىرايىدىن ھۇنەرۋەنگە ئوخشايدىغان، ئۇچىسىغا خالاتقا ئوخشاپ كېتىدىغان كىيىم بىلەن جىلىتكە كىيىۋالغان، يىراقتىن قارىسا يېزىلىق ئاياللارغىمۇ ئوخشاپ كېتىدىغان پاكىنەككىنە بىر كىشىگە كۆرسىتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ مايلىشىپ كەتكەن شەپكە كېيىكلىك بېشى يەسكە ساڭگىلاپ قالغانىدى. پۈتۈن تۇرقى خۇددى ئىككى پۈكلەپ قويۇلغاندەكلا ئىدى. پۈتۈنلەي قورۇق بېسىپ بولجۇق گۆشلىرى بوشىشىپ كەتكەن يۈزىدىن قارىغاندا، ئۇ ئەللىك ياشتىن ئېشىپ كەتكەنىدى؛ كىچىككىنە كۆزلىرىدىن مەيۈسلۈك، قاتتىقلىق ۋە نارازىلىق چىقىپ تۇراتتى.

— نېمە ئىش؟ — سورىدى راسكولنىكوف دەرۋازىۋەننىڭ ئالدىغا كېلىپ.

ھوپەرۋەنگە ئوخشاپ كېتىدىغان ھېلىقى ئادەم قاپىقىنى تۈرۈپ، كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ئۇنىڭغا تىكىلىپ، ئالدىرىماستىن باشتىن - ئاياغ سەپسېلىپ چىقتى. ئاندىن يەنە ئالدىرىماستىن كەينىگە بۇرۇلۇپ، گەپمۇ قىلماي دەرۋازىدىن چىقىپ كوچىغا قاراپ ماڭدى.

— بۇ زادى نېمە گەپ؟ — ۋارقىرىدى راسكولنىكوف.

— بۇ ئادەم بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى مۇشۇ يەردە تۇرامدۇ دەپ، سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى چىقاردى. سىزنى كىمنىڭكىدە تۇرىدۇ، دەپ سورىدى. ئاشۇ چاغدا سىز چىقىپ قالدىڭىز. مەن ئەنە ئۆزى چىقتى، دەپ كۆرسىتىپ قويسام، ئۇ قاراپ قويۇپلا كېتىۋاتىدۇ. قاراڭ، ئۇنىڭ قىلىقىنى.

دەرۋازىۋەنمۇ ئازراق ئەجەبلەندى - يۇ، لېكىن ئانچە ھەيران قېلىپمۇ كەتمىدى. ئازراق ئويلىنىپ تۇرۇپ، كەينىگە بۇرالدى - دە، ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

راسكولنىكوف ھېلىقى ھوپەرۋەننىڭ كەينىدىن يۈگۈردى. ئۇ شۇ ئانلا ھېلىقى ئادەمنىڭ كوچىنىڭ نېرىقى قانىتىدا، گويا نېمىنىدۇر ئويلاۋاتقاندەك كۆزلىرىنى يەردىن ئالماي، بايىقىدەك تەكشى ۋە مەزمۇت قەدەم تاشلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. راسكولنىكوف بىرپەستىلا ئۇنىڭغا يېتىشىۋېلىپ، خېلىغىچە ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدى؛ ئاخىر ئۇنىڭغا يېتىشىپ، قاتارلىشىپ ماڭدى - دە، يان تەرەپتىن ئۇنىڭ چىرايىغا قارىدى. ھېلىقى ئادەم ئۇنىڭ يېتىشىۋالغانلىقىنى سېزىپ، ئىتتىك ئۇنىڭغا قاراپ قويدى - دە، يەنە يەرگە قارىۋالدى، ئۇلار شۇ تەرىقىدە گەپ - سۆز قىلىشماي خېلى ئۇزۇن يانمۇيان مېڭىشتى.

— سىز دەرۋازىۋەندىن... مېنى سورىغانمىدىڭىز؟ — ئاخىر سورىدى راسكولنىكوف نېمىشقىدۇر پەس ئاۋاز بىلەن.

ھوپەرۋەن جاۋاب بەرمىدى، ھەتتا ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمىدى.

ئۇلار يەنە بىردەم جىم مېڭىشتى.

— مېنى سوراپ كەپسىزۇ... يەنە نېمىشقا... گەپ قىلمايسىز... بۇ زادى نېمە قىلغىنىڭىز؟ — راسكولنىكوفنىڭ ئاۋازى ئۈزۈلۈپ - ئۈزۈلۈپ چىقتى. نېمىشقىدۇر گەپلىرىمۇ چاينىلىپ كەتتى.

بۇ قېتىم ھۈنەرۋەن بېشىنى كۆتۈرۈپ، قاپىقىنى تۈرۈپ، راسكولنىكوفقا غەزەپ بىلەن ھومايدى.

— قاتىل! — دېدى ئۇ كۈتمىگەندە پەس ئاۋاز بىلەن ئېنىق قىلىپ.

ئۇنىڭ بىلەن يانمۇيان كېتىۋاتقان راسكولنىكوفنىڭ پۇتلىرى بىردىنلا بوشىشىپ كەتتى. غولى مۇزلاپ، يۈرىكى سوقۇشتىن توختاپ قالغاندەكلا تۇيۇلدى. كېيىن يەنە خۇددى قارىماقتىن چۈشۈپ كەتكەن بېلىقتەك پىلتىڭلاپ سوقۇشقا باشلىدى. ئۇلار يەنە شۇ تەرىقىدە گەپ - سۆز قىلىشماي يۈز قەدەم يەرگىچە يانمۇيان مېڭىشتى.

ھېلىقى ھۈنەرۋەن راسكولنىكوفقا زادىلا قارىمىدى.

— نېمە دەۋاتىسىز... نېمە... كىم قاتىل ئىكەن؟ — غودۇڭشىدى راسكولنىكوف، ئۇنىڭ ئاۋازى ئارانلا ئاڭلاندى.

— سەن قاتىل! — دېدى ئۇ ئادەم يەنىمۇ ئېنىق ۋە كۈچلۈك قىلىپ. ئۇ نەپرەتلىك كۈلدى - دە، يەنە راسكولنىكوفنىڭ تامدەك تاتىرىپ كەتكەن يۈزىگە ۋە قېتىپ قالغان كۆزلىرىگە تىكىلىپ قارىدى. بۇ چاغدا ئۇلار تۆت كوچىغا كېلىپ قالغانىدى. ئۇ ئادەم سول تەرەپتىكى كوچىغا بۇرۇلۇپ، كەينىگە قاراپمۇ قويماي كېتىۋەردى. ئۆزى يالغۇز قالغان راسكولنىكوف خېلى ئۇزۇنغىچە ئۇ ئادەمگە قاراپ تۇردى. ئۇ ئادەم ئەللىك قەدەمچە يەرگە بېرىپ، كەينىگە بۇرۇلۇپ، راسكولنىكوفقا قارىدى، راسكولنىكوف تېخىچە مىدىر - سىدىر قىلماي بايىقى جايىدا تۇراتتى. راسكولنىكوف ئېنىق كۆرەلمىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭغا گويا ئۇ ئادەم يەنە بىر قېتىم ئادەمنىڭ تېنىنى شۈركەندۈرگۈدەك

سوغۇق كۆلگەندەكلا تۇيۇلدى.
راسكولنىكوف ماغدۇرى قالمىغان پۇتلىرىنى سۆرەپ ئاستا كەينىگە ياندى، ئۇنىڭ تىزلىرى تىترەيتتى. پۇتۇن بەدىنى گويا قاتتىق سوغۇق ئۆتۈپ كەتكەندەكلا بولۇپ قالغانىدى. ئۇ يۇقىرىغا چىقىپ ئۆز ئۆيىگە كىرگەندىن كېيىن، قالپىقىنى ئېلىپ ئۈستەلگە قويدى ـ دە، ئۈستەلنىڭ يېنىدا ئون مىنۇتقىچە مىدىر ـ سىدىر قىلماي ئۆرە تۇردى. ئاندىن ماغدۇرىدىن كېتىپ دىۋانغا يىقىلدى. بوشقىنا ئىڭراپ قاتتىق ئازاب ئىچىدە پۇتلىرىنى سوزدى؛ ئۇنىڭ كۆزلىرى چىڭ يۇمۇقلۇق ئىدى. ئۇ مانا شۇ ھالەتتە يېرىم سائەتچە ياتتى.
ئۇ ھېچنېمىنى ئويلىمىدى، شۇنداقتىمۇ بەزى پىكىرلەر، توغرىراقى بەزىبىر ئۈزۈك ـ ئۈزۈك پىكىرلەر، بىر ـ بىرىگە ئۇلانمايدىغان قالايمىقان بىرنېمىلەر ـــ باللىق چاغلىرىدا ياكى كېيىن قەيەردىدۇر بىرەر قېتىم كۆرۈپ قالغان، لېكىن ھېچقاچان يادىغا ئېلىپ باقمىغان ئادەملەرنىڭ چىرايلىرى، B چېركاۋنىڭ قوڭغۇراقخانىسى؛ قايسىبىر مەيخانىدىكى بىليارد ۋە بىليارد ئويناۋاتقان ئاللىقانداق بىر ئوفىتسېر؛ يەر ئاستىغا جايلاشقان تاماكا دۇكىنىدىن چىقىۋاتقان سىگارنىڭ ئىسى، كىچىككىنە بىر مەيخانا، قاپقاراڭغۇ ۋە ھەممە يېرىگە يۇندىلار تۆكۈلۈپ، تۇخۇم شاكاللىرى چېچىلىپ ياتقان پەلەمپەي دېگەندەك نەرسىلەر كۆز ئالدىدا تۇرۇپ پەيدا بولۇپ، تۇرۇپ يوقاپ كېتەتتى، يەنە قەيەردىندۇر چېركاۋنىڭ يەكشەنبىلىك ئىبادەتكە چاقىرىپ چالغان قوڭغۇراق ئاۋازى ئاڭلانغاندەك قىلاتتى. ئەنە شۇ خىرە ـ شىرە نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى گويا تاز قۇيۇندەك پىرقىراپ، يەڭگۈشلىنىپ تۇراتتى. شۇلاردىن بەزىلىرى ھەتتا ئۇنىڭ ئۆزىگىمۇ يېقىپ قالاتتى، راسكولنىكوف ئۇلارنى كۆز ئالدىدا ساقلاپ قالماقچى بولسىمۇ، ئۇلار بىردىنلا غايىب بولۇپ كېتەتتى. قىسقىسى، ئۇنىڭغا نېمىدۇر يۈرىكىنى ئېزىۋاتقاندەك، لېكىن ئۇ ئانچە ئېغىر ئەمەستەك، بەزىدە ئۇ ھەتتا خۇش

يېقىمۋاتقاندەك بىلىنەتتى. ئۇنىڭ بەدىنى ھېلىمۇ بىلىنەر ـ بىلىنمەس توڭلاۋاتقاندەك قىلاتتى ـ يۇ، لېكىن شۇنىڭ ئۆزىمۇ ئۇنىڭغا گويا خۇش يېقىمۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

ئۇ رازۇمىخىننىڭ ئىتتىك ـ ئىتتىك باسقان ئاياغ تىۋىشىنى ۋە ئاۋازىنى ئاڭلاپ، كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئۇخلىغان بولۇۋالدى. رازۇمىخىن ئىشىكنى ئاچتى ۋە بىر قارارغا كېلەلمەيۋاتقاندەك ئىشىك ئالدىدا بىردەم تۇرۇپ قالدى، كېيىن ئاستاغىنا ئۆيگە كىرىپ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا مېڭىپ دىۋاننىڭ يېنىغا كەلدى. لېكىن، ناستاسيەنىڭ پىچىرلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— بولدى چېقىلماڭ! تىنچقىنا ئۇخلىۋالسۇن، تاماقنى كېيىن يەر.

— راست دەيسىز! — جاۋاب بەردى رازۇمىخىن.

شۇنىڭ بىلەن ھەر ئىككىلىسى ئۆيدىن ئاستاغىنا چىقىپ، ئىشىكنى يېپىپ قويدى. ئارىدىن يەنە يېرىم سائەت ئۆتتى. راسكولنىكوف كۆزىنى ئېچىپ، ئۆرۈلدى ـ دە، قوللىرىنى بېشىنىڭ ئاستىغا قويۇپ ئوڭدىسىغا ياتتى...

«ھېلىقى ئادەم كىمدۇ؟ يەردىن ئۇنگەندەكلا پەيدا بولغان بۇ ئادەم كىمدۇ؟ شۇ چاغدا ئۇ نەدە بولغىيدى؟ ئۇ نېمىلەرنى كۆردىكىن؟ شۈبھىسىزكى، ئۇ ھەممىنى كۆرگەن. شۇ چاغدا ئۇ نەدىرەك تۇرغان بولغىيدى؟ ئۇ نەدە تۇرۇپ كۆرۈپ قالغاندۇ؟ نېمىشقا ئۇ ئەمدى بولغاندا بىردىنلا پەيدا بولۇپ قالدى؟ ئۇ قانداق كۆرەلىگەندۇ؟ بۇ مۇمكىنمۇ زادى؟... ھىم... — ئويلىدى ئۇ تېنى شۈركەنگەندەك بولۇپ تىترەپ، — ئاندىن نىكولاي ئىشىكنىڭ كەينىدىن تېپىۋالغان قۇتىچۇ؛ بۇمۇ مۇمكىنمۇ زادى؟ ئۇ جىنايەت پاكىتى بولالامدۇ؟ ئەگەر سەن يۈز مىڭدىن بىر ئۇلۇش يىپ ئۇچىغا بىخەستەلىك قىلساڭ، ئۇ مىسىرنىڭ ئېھرامىدەك جىنايەت پاكىتىغا ئايلىنىدۇ! چىۋىننىڭ ئۇچقىنىنى پىل كۆردى، دېگەن شۇ! مۇشۇنداق ئىشنىڭ بولۇشى مۇمكىنمۇ؟»

ئۇ ئۆزىنىڭ بەكمۇ ماغدۇرسىزلىنىپ، جىسمانىي قۇۋۋىتىنىڭ ئىنتايىن ئاجىزلاپ كەتكەنلىكىنى بىردىنلا ھېس قىلىپ قاتتىق

يىرگىنىپ كەتتى.

«مەن شۇنداق بولۇشنى بىلىشنى بىلىشىم كېرەك ئىدى، — ئويلىدى ئۇ ئاچچىق كۈلۈپ، — ئۆزۈمنىڭ ھالىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۆزۈمنىڭ قانداق بولۇشۇمنى ئالدىن سېزىپ تۇرۇپ، يەنە نېمىدەپ قولۇمغا پالتا ئېلىپ قاتىللىق قىلغاندىمەن، مۇشۇنداق بولۇشىنى ئالدىنئالا بىلىشىم كېرەك ئىدى... ئاھ! مەن راستىلا ئالدىنئالا بىلەتتىمغۇ!...» — ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە پىچىرلىدى ئۇ.

بەزىدە ئۇنىڭ كاللىسىغا بىرەر خىيال قاتتىق ئورنىشىپ قېلىپ، زادىلا نېرى كەتمەيتتى.

«ياق، ئۇ ئادەملەرنىڭ زۇۋۇلىسى مېنىڭكىدىن چوڭراق ئۇزۇلگەن بولسا كېرەك. خىيالىغا كەلگىنىنى قىلالايدىغان بىر ھەقىقىي ھۆكۈمران تولۇنغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى، پارىژدا قىرغىنچىلىق قىلدى، بىر قوشۇننى ئۇنتۇپ مىسىردا تاشلاپ كەلدى، موسكۋاغا قارشى يۈرۈش قىلىپ بەش يۈز مىڭ ئادىمىنى چىقىم قىلدى، ئاخىرىدا ۋىلنوغا كېلىپ قوش مەنىلىك گەپتىن بىرنى قىلىپلا، ھەممىنى يوق قىلىۋەتتى[①]. ئۆلگەندىن كېيىن، خەقلەر ئۇنى ئاسمانغا كۆتۈرۈشتى، شۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۇ خىيالىغا كەلگىنىنى قىلىۋەرسە بولىدىغاندەك. ياق، بۇنداق ئادەملەرنىڭ جىسمى گۆشتىن قۇرۇلغان ئەمەس، بەلكى برونزىدىن قۇيۇلغان بولسا كېرەك!»

---

① بۇ يەردە ناپولېئوننىڭ پۈتۈن ئۆمرىدە قىلغان بىرنەچچە ھەقىقىي ئىشى — فىرانسىيەنىڭ جەنۇبىدىكى ھەربىي پورت تولۇنغا (1793 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى) ھۇجۇم قىلغانلىقى، مونارخىستلار پارتىيەسىنىڭ پارىژدا كۆتۈرگەن قوزغىلاڭنى (1795 ـ يىلى 10 ـ ئايدا) باستۇرغانلىقى؛ مىسىرغا يۈرۈش (1799 ـ يىلى) قىلغان مەزگىلدە، قوشۇننى تاشلاپ ئالدىراپ فىرانسىيەگە قايتىپ ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغانلىقى؛ «ئۇلۇغ قوشۇن»نىڭ 1812 ـ يىلىدىكى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغانلىقى ۋە يوقىتىلغانلىقى دېيىلگەن. گۇمران قىلىنغاندىن كېيىن ناپولېئون ۋىلنودا (لىتىۋانىڭ مەركىزى ۋىلنىئوسنىڭ بۇرۇنقى نامى) قوش مەنىلىك گەپنى قىلىپ: «ئۇلۇغلۇق بىلەن چاكىنىلىقنىڭ ئارىلىقى ناھايىتى بىرلا قەدەم. بۇنىڭغا كېيىنكىلەر باھا بېرىدۇ» دېگەنىدى.

كۆتۈلمىگەندە كاللىسىغا ئالاقىسى يوقلا بىر ئوي كېلىپ، ئۇ كۈلۈۋەتكىلى قىل قالدى.

— ناپولېئون، ئېھرام[1]، ۋاتېرلو — بىلەن بىر خىزمەتچىنىڭ لەنىتى ئىنجىمارۇق خوتۇنى، كارىۋىتىنىڭ تېگىدە قىزىل ساندۇقى بار جازانىخور موماي — بۇ ئىككى ئىشنى بىر قىلىۋېتىشنىڭ سىرىنى ئېھتىمال پورفىرىي پېترووۋىچمۇ چۈشىنىپ كېتەلمىسە كېرەك !... ئۇلار قانداقمۇ چۈشىنەلىسۇن !... ئۇلاردا مۇنداق ئېستېتىك قاراش يوق، ئۇلار: «ناپولېئون بىر ‹موماي›نىڭ كارىۋىتىنىڭ تېگىدە نېمە ئىش قىلسۇن !» دېيىشىدۇ. ھەي، نائۇقېپىلار !...

ئارا ـ تۇرا ئۇ ئۆزىنى گويا جۆيلۈۋاتقاندەكمۇ ھېس قىلىپ قالاتتى: ئۇ ئەسەبىيلەرچە شادلىققا چۆكۈپ قالغانىدى.

«ئۇ موماي نېمىدى، — ئويلىدى ئۇ جانلىنىپ ئويى چېچىلىپ، — ئېھتىمال شۇ مومايىنىڭ ئىشىدا خاتا قىلغاندۇرمەن، گەپ ئۇنىڭدا ئەمەستۇ ! موماي ناھايىتى بىر كېسەللىك... مەن پاتراق ئاتلاپ ئۆتمەكچى بولدۇم... مەن ئادەم ئۆلتۈرمىدىم، مەن ناھايىتى پىرىنسىپنى ئۆلتۈردۈم ! پىرىنسىپنى ئۆلتۈرۈشنى ئۆلتۈردۈم. لېكىن، ئۇنىڭدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتەلمىدىم، يەنىلا بۇ تەرەپتە قېلىپ قالدىم... قولۇمدىن پەقەت ئادەم ئۆلتۈرۈشلا كېلىدىكەن. قارىغاندا، مەن ئادەم ئۆلتۈرۈشنىمۇ بىلمەيدىكەنمەن... پىرىنسىپ؟ رازۇمىخىن دېگەن ئەخمەق بايا سوتسىيالىزمچىلارنى نېمىشقا تىللىدىكىنە؟ ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەمگەكچان سودىگەرلەر. ئۇلار ‹ئومۇمنىڭ بەختى› ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتىدۇ. ياق، ھاياتلىق ماڭا بىرلا قېتىم بېرىلىدۇ، ھەرگىز قايتا بېرىلمەيدۇ. ‹ئومۇمنىڭ بەختى›نىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرغۇم يوق، مەن ياشىشىم كېرەك، بولمىسا ياشاشنىڭ ھاجىتى يوق. نېمە؟ مەن ئانامنى ئاچ قورساق تاشلاپ قويۇپ، يانچۇقۇمدا بىر رۇبلىنى

---

① ناپولېئون مىسىرغا يۈرۈش قىلغان چېغىدا، ئېھرامنىڭ قېشىدا مىسىر قوشۇنى بىلەن كەسكىن جەڭ قىلغانىدى.

سىقىمدىغىنىمچە «ئومۇمنىڭ بەختى»نىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ ئۆلتۈرالمايمەن. بەزىلەر: «ئومۇمنىڭ بەختىنى يارىتىش ئۈچۈن بىر خىش تەقدىم قىلالىسام، شۇنىڭدىن كۆڭلۈم ئەمىن تاپاتتى»، دېيىشىدىكەن[1]. ھا ـ ھا ! سىلەر نېمىشقا مېنى ئۆتكۈزۈۋېتىسىلەر؟ مەنمۇ بار ـ يوق بىرلا قېتىم ياشايمەنغۇ، شۇڭلاشقا مەنمۇ... ھەي، مەن ناھايىتى بىر ئېستېتىك ئىقتىدارغا ئىگە پىت، خالاس ! ــ ئۇ كۈتۈلمىگەندە كېيىنكى بىر جۈملىنى قوشۇپ قويۇپ، خۇددى ساراڭلاردەك قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى، ــ شۇنداق، مەن راستلا بىر تال پىت، ــ داۋام قىلدى ئۇ شۇ پىكرىگە ئىچى قارىلىق بىلەن چىڭ چاپلىشىۋېلىپ، توختىماي ئىچكىرىلەپ كىرىپ ھەمدە ئۇنى ئۆزىگە مەلىكە قىلىپ، ــ بۇنىڭ سەۋەبلىرى شۇكى، بىرىنچىدىن، ئۆزۈمنىڭ بىر تال پىت ئىكەنلىكىمنى ھازىرلا ئىسپاتلاپ چىقالايمەن؛ ئىككىنچىدىن، ھېلىقى ئىشنى شەخسىي مەنپەئەتىم، خۇسۇسىي ئېھتىياجىم ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئالىيجاناب، گۈزەل بىر مەقسەت ئۈچۈن قىلغانلىقىمغا گۇۋاھ بولغايسەن دەپ تۇپتوغرا بىر ئايغىچە مېھرىبان خۇدانى ئاۋارە قىلدىم. ھا، ھا ! ئۈچىنچىدىن، ھېلىقى ئىشنى ئادىل، ھېسابلىق قىلىشنى چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىكنى قارار قىلدىم؛ شۇڭلاشقا مەن جىمىكى پىتلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ كېرەكسىز بىرىنى تاللىدىم، ئۇنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن ئازمۇ ئەمەس، كۆپمۇ ئەمەس، بىرىنچى قەدىمىمنى بېسىشىمغا لازىم بولىدىغان نەرسىلەرنىلا ئېلىش قارارىغا كەلدىم (قالغانلىرى ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە موناستىرغا ئەۋەتىلىدۇ، ھا، ھا !)... مانا شۇ ۋەجدىن مەن كەم ـ كوتىسىز بىر تال پىت، ــ قوشۇپ قويدى ئۇ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، ــ چۈنكى مەن ئېھتىمال

[1] بۇ يەردە شارل فۇرىنىڭ مۇخلىسى كونسىران (1808 ــ 1892) بىلەن 1930 ـ يىللاردىن 1940 ـ يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتىكى باشقا خىيالىي سوتسىيالىزمچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدە پات ـ پات ئۇچراپ تۇرىدىغان «يېڭى دۇنيا بىناسىغا بىرەر تال تېشىڭنى تۆھپە قىل» دېگەن شوئار مەسخىرە قىلىنغان.

ئۆلتۈرۈلگەن ھېلىقى پىتتىنىمۇ يامانراق، ئىپلاسراق پىتتۇرمەن. مەن ئۇنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن مۇشۇنداق دەيدىغانلىقىمنى ئاللىبۇرۇنلا سېزىۋىدىم. مۇشۇنداق ۋەھىمىگە سېلىشتۇرغىلى بولغۇدەك باشقا بىرەر ئىشىمۇ بارمىدۇ؟ ئاھ، نەقەدەر چاكىنىلىق! ئاھ، نەقەدەر شەرمەندىلىك!... ئاتقا مىنىپ قىلىچ ئوينىتاتقان ھېلىقى «پەيغەمبەر»[1]نىڭ سۆزىنى نەقەدەر چۈشىنىمەن ـ ھە، ئۇ ئاللانىڭ ئىرادىسى شۇ، تەسلىم بول، ئەي تىترەپ تۇرغۇچى بەندە ئى گۇمراھ![2] دېگەنىدى. شۇ «پەيغەمبەر» توغرا قىلغان. ئۇ كوچىغىلا مۇستەھكەم پوتەي قۇرۇپ، كىم گۇناھسىز، كىم گۇناھكار دەپ ئولتۇرماي، ھەممىنى توپقا تۇتۇپ توغرا قىلغان! ئەي تىترەپ تۇرغۇچى بەندە ئى گۇمراھ. تەسلىم بول، ئارزۇ ـ ئارمانلاردا بولما، چۈنكى بۇ سېنىڭ ئىشىڭ ئەمەس!... ئاھ، مەن ئۇ موماينى ھېچقاچان، ھېچقاچان كەچۈرمەيمەن!»

ئۇنىڭ چاچلىرى تەردە ھۆل بولۇپ، تىترەپ تۇرغان لەۋلىرى قۇرۇپ كەتكەن، كۆزلىرى بولسا تورۇسقا تىكىلگەنىدى.

«ئانامنى، سىڭلىمنى قانچىلىك ياخشى كۆرەتتىم ـ ھە! مانا ئەمدى ئۇلارنى نېمىشقا يامان كۆرىدىغان بولۇپ قالدىم؟ شۇنداق، ئۇلارنى يامان كۆرىمەن، ئۇلارنى فىزىيولوگىيەلىك جەھەتتىن يامان كۆرىمەن. ئۇلار يېنىمدا تۇرسا، چىدىيالمايمەن... ھېلىمۇ يادىمدا، تېخى يېقىندىلا ئانامنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنى سۆيۈپ قويدۇم... قۇچاقلىدىم، لېكىن ئىچىمدە ئويلاپ قالدىم، ئەگەر ئۇ ھېلىقى ئىشتىن خەۋەردار بولغان بولسا... ئەجەبا بۇنى ئۇنىڭغا دېيىشىم كېرەكمۇ؟ بۇنى مەن قىلالايمەن... ھىم! ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش بولسا كېرەك، ـــ يەنە قوشۇپ قويدى ئۇ بارغانسېرى كۈچىيىپ كېتىۋاتقان بىھوشلۇقنى يوقىتىش ئۈچۈن قانداقلا بولمىسۇن پىكىر قىلىشقا ئۇرۇنۇپ، ـــ ئاھ، ھېلىقى موماينى

[1] پەيغەمبەر ـــ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى دېمەكچى.

[2] «تەسلىم بول، تىترەپ تۇرغۇچى بەندە ئى گۇمراھ» دېگەن سۆزلەر پۇشكىننىڭ «قۇرئانغا تەقلىد» ناملىق شېئىرىدىن ئېلىنغان.

نەقەدەر ئۆچ كۆرىمەن ـ ھە ! ئەگەر ئۇ تىرىلىپ كەلگەن بولسا، ئۇنى بەلكىم يەنە ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولاتتىم ! بىچارە لىزاۋىتا ! ئۇ نېمىشقىمۇ شۇنداق بىر چاغدا ئالدىمغا كېلىپ قالغاندۇ !... قىزىق ئىش، ئۇنى ئەجەب ئېسىمگىمۇ ئېلىپ قويمايمىنا، خۇددى مەن ئۇنى ئۆلتۈرمىگەندەك؟... لىزاۋىتا ! سونيە ! ھەر ئىككىلىسى بىچارە، مۇلايىم قىز، ھەر ئىككىلىسىنىڭ كۆزلىرىدىن مۇلايىملىق چىقىپ تۇرىدۇ... سۆيۈملۈك قىزلار !... ئۇلار نېمىشقا يىغلىمايدىغاندۇ؟ ئۇلار نېمىشقا نالە ـ زار قىلىشمايدىغاندۇ ! ... ئۇلار ھېچنېمىسىنى ئايىمايدۇ... ئۇلار ئادەمگە ئىتائەتمەنلىك بىلەن، جىمغىنا قاراپ تۇرۇشىدۇ. سونيە، سونيە ! مۇلايىم سونيە !...»

ئۇ بىھوشلۇق ھالىتىگە ئۆتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ قانداق قىلىپ كوچىغا چىقىپ قالغانلىقىنى ئەسلىيەلمەيتتى. بۇ ئۇنىڭ ئۆزىگىمۇ غەلىتە تۇيۇلدى. كەچ كىرىپ، قاراڭغۇلۇق بارغانسېرى قويۇقلاشماقتا، تولۇن ئاي بارغانسېرى يورۇقراق كۆرۈنمەكتە ئىدى، لېكىن ھاۋا بۆلەكچىلا دىمىق ئىدى. كوچىدا ئادەملەر توپ ـ توپ بولۇشۇپ، ئۇياق ـ بۇياقتا ئۆتۈپ تۇرۇشاتتى، ھۈنەرۋەنلەر بىلەن ئىشخانا خادىملىرى ئۆيلىرىگە قايتىشماقتا ئىدى. بەزىلەر سەيلە قىلىپ يۈرۈشەتتى؛ ھاۋادىن ھاكىنىڭ، چاڭ ـ توپىنىڭ ۋە توختام سۇنىڭ پۇرىقى كېلەتتى. راسكولنىكوف تىت ـ تىت بولۇپ، قاتمۇقات غەمگە چۆكۈپ كېتىۋاتاتتى؛ ئۇ بىر ئىش بىلەن كوچىغا چىققانلىقىنى، ئۇ ئىشنى دەرھال پۈتتۈرۈۋېتىشى كېرەكلىكىنى ئېنىق ئەسلەيتتى، لېكىن ئۇنىڭ زادى نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغانىدى. كۆتمىگەندە ئۇ نېرىقى قاتتىكى پىيادىلەر يولىدا بىر ئادەمنىڭ قولىنى پۇلاڭلىتىپ ئۆزىنى چاقىرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ توختاپ قالدى. ئۇ كوچىنى توغرىسىغا كېسىپ ھېلىقى ئادەم تەرەپكە قاراپ ماڭدى. لېكىن، ئۇ ئادەم بىردىنلا كەينىگە بۇرۇلۇپ، بېشىنى سالغىنىچە، گويا ھېچ ئىش بولمىغاندەك كېتىپ قالدى. ئۇ خۇددى راسكولنىكوفنى چاقىرمىغاندەك، كەينىگە بۇرۇلۇپ قاراپمۇ

قويمىدى: «بولدىلا ئۇ مېنى راست چاقىرغانمىدۇ؟» ئويلىدى راسكولنىكوف، شۇنداقتىمۇ ئۇ ئادەمنىڭ كەينىدىن ماڭدى. ئۇ ئون قەدەمچە ماڭا ـ ماڭمايلا ئۇ ئادەمنى تونۇپ قېلىپ، چۆچۈپ كەتتى ئۇ بايىقى ھۈنەرۋەن ئىدى. ئۇ يەنە شۇ خالاتنى كىيىپ، يەنە بايىقىدەك مۈكچىيىپ كېتىۋاتاتتى. راسكولنىكوف خېلى ئۇزۇن ئارىلىق تاشلاپ ماڭدى. يۈرىكى كۆكرەك قەپىسىدىن چىقىپ كەتكۈدەك بولۇپ گۈپۈلدەپ سوقماقتا ئىدى. ئۇلار بىر تار كوچىغا بۇرالدى، ئۇ ئادەم تېخىچە كەينىگە قاراپ باقمىدى. «مېنىڭ سوقىدىشىپ كېلىۋاتقانلىقىمنى بىلەمدىغاندۇ؟» ئويلىدى راسكولنىكوف. ئۇ ئادەم چوڭ بىر بىنانىڭ دەرۋازىسىغا كىرىپ كەتتى. راسكولنىكوفمۇ تېز ـ تېز مېڭىپ دەرۋازا ئالدىغا كەلدى ـ دە، ئۇ ئادەمنى كەينىگە بۇرىلىپ چاقىرارمىكىن، دەپ قاراپ تۇردى، دېگەندەك ئۇ ئادەم دەرۋازىدىن ھويلىغا كىرىپ بولۇپ، بىردىنلا كەينىگە بۇرالدى ـ دە، راسكولنىكوفقا قاراپ يەنە قولىنى پۇلاڭلاتقاندەك قىلدى. راسكولنىكوف شۇ ئانلا دەرۋازىدىن كىرىۋىدى، ئۇ ھۈنەرۋەن ھويلىدا كۆرۈنمىدى. دېمەك ئۇنىڭ بۇ يەردىكى بىرىنچى پەلەمپەي ئىشىكىگە كىرىپ كەتكەنلىكى ئېنىق ئىدى. راسكولنىكوفمۇ دەرھال ئۇنىڭ كەينىدىن كىردى. دېگەندەك بىنادىكى پەلەمپەينىڭ ئىككى ئەگىم يۇقىرى قىسمىدا بىرسىنىڭ ئالدىرىماستىن سالماق بىلەن تاشلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. قىزىق يېرى، بۇ پەلەمپەي ئۇنىڭغا ناھايىتى تونۇشتەك تۇيۇلدى! ئەنە بىرىنچى قەۋەتتىكى دېرىزە كۆزنەكلەردىن ئايىنىڭ سىرلىق ۋە سولغۇن نۇرى چۈشۈپ تۇرۇپتۇ. مانا، ئىككىنچى قەۋەتكىمۇ چىقتى. ئاپلا! بۇ ھېلىقى سىرچىلار سىرلىغان ئۆي شۇغۇ... ئۇ نېمىدەپ دەرھاللا تونۇيالمىدىكىنە؟ ئالدىدا كېتىۋاتقان ئادەمنىڭ ئاياغ تىۋىشى ئەمدى ئاڭلانمىدى، «دېمەك ئۇ بىرەر يەردە توختىدى ياكى يوشۇرۇنۇۋالدى» مانا ئۇ ئۈچىنچى قەۋەتكە چىقتى؛ يۇقىرىغا چىقىۋېرەيمۇ؟ يۇقىرى شۇ قەدەر جىمجىت، ھەتتا ئادەمنىڭ قورققۇسى كەلگۈدەك جىمجىت... شۇنداقتىمۇ ئۇ يۇقىرىغا

چىقىۋەردى. ئۇ ھەتتا ئۆزىنىڭ ئاياغ تىۋىشىدىن چۆچۈپ ئەندىكىپ كېتەتتى. يا رەببىم، بۇ يەر نېمىدېگەن قاراڭغۇ! ئۇ ئادەم مۇشۇ يەردە بىرەر بۇلۇڭغا يوشۇرۇنۇۋالغان بولسا كېرەك. ئاھ! بىر ئۆينىڭ پەلەمپەيگە ئۇدۇل ئىشىكى داغدام ئوچۇق تۇرۇپتۇ. ئۇ سەل ئارىسالدى بولۇپ تۇردى ـ دە، ئىچكىرىگە كىردى. دەھلىز قاپقاراڭغۇ ۋە بوش ئىدى. ھەممە نەرسە كۆچۈرۈپ ئېلىپ كېتىلگەندەك قىلاتتى. ئۇ پۇتىنىڭ ئۇچىدا مېڭىپ مېھمانخانىغا كىردى. ئۆيگە ئاينىڭ شولىسى چۈشۈپ تۇراتتى. ئورۇندۇقلار، ئەينەك، سېرىق دىۋان ۋە رامكىغا ئېلىنغان رەسىملەر ئىلگىرىكى پېتى تۇراتتى. ئىنتايىن چوڭ قىزغۇچ تولۇن ئاي دېرىزىدىن مارىماقتا ئىدى. «ئايدىڭ بولغاچقا مۇشۇنداق جىمجىت ئىكەن ـ دە، ـــ ئويلىدى راسكولنىكوف، ـــ ئۇ شۇ تاپتا قەيەردىدۇر تېپىشماق تېپىۋاتقان بولسا كېرەك.» ئۇ شۇ يەردە تۇرۇپ قالدى. خېلى ئۇزۇن تۇرۇپ قالدى. ئايدىڭدىكى جىمجىتلىق قانچىكى كۈچەيگەنسېرى ئۇنىڭ يۈرىكى شۇنچىكى قاتتىق سوقاتتى، ھەتتا ئاغرىپمۇ كەتتى. ئەتراپ يەنىلا جىمجىت ئىدى. بىردىنلا گويا ئوتۇننىڭ سۇنغان ئاۋازىدەك «قارس» قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى، كېيىن ھەممە نېمە يەنە جىمجىتلىققا چۆمدى. ئويغىنىپ كەتكەن بىر چىۋىن ئىتتىك ئۇچۇپ بېرىپ، دېرىزە ئەينىكىگە ئۇرۇلدى ـ دە، ئېچىنىشلىق غىڭىلداشقا باشلىدى. مانا شۇ چاغدا ئۇ دېرىزە بىلەن قاچا ـ قومۇچ ئىشكاپىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تامدا ئايالچە پەلتونىڭ ئېسىقلىق تۇرغانلىقىنى كۆرگەندەك قىلدى. «بۇ يەردە ئاياللار پەلتوسى نېمە قىلىدىغاندۇ؟ ـــ ئويلىدى ئۇ، ـــ ئىلگىرى بۇ پەلتو يوقتەك قىلغان.» ئۇ ئاستاغىنا شۇ تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭغا گويا كىمدۇر بىرسى پەلتونىڭ كەينىدە يوشۇرۇنۇپ تۇرغاندەك تۇيۇلدى. ئۇ ئېھتىيات بىلەن پەلتونى قايرىپ قارىدى. ئۇ يەردە بىر ئورۇندۇق تۇراتتى، بۇلۇڭدىكى ئورۇندۇقتا بىر موماي ئولتۇراتتى، موماي دۈگدىيىپ، بېشىنى سېلىپ ئولتۇرۇۋالغاچقا، راسكولنىكوف ئۇنىڭ چىرايىنى كۆرەلمىدى. لېكىن، ئۇ شۇ موماي ئىدى. ئۇ

موماينىڭ قېشىدا بىردەم تۇردى. «ئۇ قورقۇۋاتىدۇ!» ئويلىدى ئۇ. شۇنىڭ بىلەن پالتىنى ئاستا لاتىدىن چىقىرىپ، موماينىڭ بېشىغا زەرب بىلەن بىرنى ئۇردى. يەنە بىرنى ئۇردى. قىزىق ئىش، پالتىنىڭ زەربىسىگە موماي مىت قىلىپمۇ قويمىدى. ئۇ بەئەينى ياغاچقىلا ئوخشايتتى. راسكولنىكوف قورقۇپ كەتتى. ئۇ موماينى ئېنىقراق كۆرمەكچى بولۇپ، تېخىمۇ پەسرەك ئېگىلىشىۋىدى، موماي بېشىنى تېخىمۇ پەس قىلىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ تاكى پولغىچە ئېگىلىشىپ، تۆۋەندىن موماينىڭ يۈزىگە قارىدى، قارىدى ــ يۇ، تاشتەك قېتىپ قالدى. موماي ئورۇندۇقتا كۈلۈپ ئولتۇراتتى ــ يەنە كېلىپ كۈلكەمنى ئۇ ئاڭلاپ قالمىسۇن دەپ، ئاۋازىنى چىقارماي كۈلۈشكە تىرىشىۋاتاتتى. بىردىنلا ئۇنىڭغا ياتاق ئۆينىڭ ئىشىكى ئازراققىنا ئېچىلغاندەك، ئۇ يەردىمۇ كىملەردۇر كۈلۈۋاتقاندەك ۋە پىچىرلىشىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئۇ قاتتىق ھولۇقۇپ كەتتى. ئۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن موماينىڭ بېشىغا ئۇرۇشقا باشلىدى. لېكىن، ئۇ مومايغا پالتا ئۇرغانسېرى ياتاق ئۆيدىكى كۈلكە بىلەن پىچىرلىشىشلار كۈچىيىپ، ئېنىق ئاڭلانغۇدەك دەرىجىگە يەتتى. موماي بولسا ئالدى ـ كەينىگە ئىرغاڭلاپ قاقاھلاپ كۈلەتتى. ئۇ دەرھال قاچتى. لېكىن، دەھلىز ئادەم بىلەن لىق تولغانىدى، پەلەمپەيگە قارىغان ئىشىكلەرنىڭ ھەممىسى داغدام ئوچۇق ئىدى. پەلەمپەي ئاغزىدا، پەلەمپەيدە، پەستە ــ ھەممىلا يەردە ئادەملەر سانجاق ـ سانجاق تۇرۇپ كېتىشكەنىدى. ھەممىلا ئادەم ئۇنىڭغا قارايتتى، لېكىن ھەممىلا ئادەم بىر چەتكە ئۆتۈپ، نېمىنىدۇر كۈتۈپ، ئۈن ـ تىنسىز تۇرۇشاتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى سىقىلىپ كەتتى. پۇتلىرىنى گويا يەرگە مىخلاپ قويغاندەك زادىلا مىدىرلىتالمىدى... ئۇ ۋارقىرىماقچى بولدى ـ دە، بىردىنلا چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى.

ئۇ ئېغىر خورسىندى، قىزىق يېرى، ئۇ ھېلىمۇ چۈش كۆرۈۋاتقاندەكلا قىلاتتى. ئۆينىڭ ئىشىكى داغدام ئوچۇق ئىدى، پۈتۈنلەي ناتونۇش بىر كىشى ئىشىكنىڭ تۈۋىدە، پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى.

راسكولنىكوف كۆزلىرىنى يېرىم - يارتا ئاچتى - دە، شۇ ئان يەنە يۇمۇۋالدى. ئۇ مىدىر - سىدىر قىلماي ئوڭدا ياتاتتى. «تېخىچە چۈش كۆرۈۋاتقاندىمەنمۇ؟» ئويلىدى ئۇ، كۆزلىرىنى يەنە ئازراقىنا، خەق كۆرەلمىگۈدەك دەرىجىدە ئېچىپ قاراپ باقتى. ھېلىقى ناتونۇش كىشى يەنىلا بايىقى ئورنىدا ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى. كۈتمىگەندە ئۇ ئېھتىيات بىلەن بوسۇغىدىن ئاتلاپ كىردى، ئىشىكنى ئاۋايلاپ ياپتى، ئۈستەلنىڭ يېنىغا كېلىپ، بىردەم ساقلىدى — شۇ ئارىلىقتا ئۇ راسكولنىكوفتىن كۆزىنى ئۈزمىدى — ئاندىن ئاۋاز چىقارماستىن ئاستاغىنا دىۋاننىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى؛ ئۇ شىلەپىسىنى يېنىغا پولغىلا قويدى، ئىككىلا قولى بىلەن ھاسىسىغا تايىنىپ، تۆۋەنكى ئېڭىكىنى قوللىرىنىڭ دۈمبىسىگە تىرىدى. ئوزايىدىن ئۇ ئۇزۇنغىچە ساقلاش قارارىغا كەلگەندەك قىلاتتى. راسكولنىكوف لىپىلدەپ تۇرغان كىرپىكلىرىنىڭ تېگىدىن قاراپ، بۇ ئادەمنىڭ ياش ئەمەسلىكىنى، لېكىن تېنىنىڭ ساغلاملىقىنى، ئاچ سېرىق كەلگەن قويۇق ساقىلىنىڭ پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئاقىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرەلىدى...

ئارىدىن ئون مىنۇتچە ۋاقىت ئۆتتى، كۈن تېخى يورۇق، لېكىن كەچ كىرىشكە باشلىغانىدى. ئۆينىڭ ئىچى جىمجىت، ھەتتا پەلەمپەي تەرەپتىمۇ ھېچقانداق ئاۋاز يوق، پەقەت يوغانلا بىر چىۋىن ھەدەپ دېرىزە ئەينىكىگە ئۇرۇلۇپ، ۋىڭىلدايتتى، جان تالىشاتتى. ئاخىر راسكولنىكوف چىدىيالمىدى. ئۇ ئىتتىك مەيدىسىنى كۆتۈرۈپ، دىۋاندا ئولتۇردى:

— ھەي، گەپ قىلىڭە، نېمە ئىشىڭىز بار؟

— ئۇخلىغان بولۇپ ئويغاق ياتقانلىقىڭىزنى ئۆزۈممۇ بىلىۋىدىم، — دېدى ناتونۇش كىشى غەلىتە جاۋاب بېرىپ، ئۇ سوغۇققانلىق بىلەن كۈلدى، — ئۆزۈمنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي، مەن ئاركادىي ئىۋانوۋىچ سۋىدرىگايلوۋ بولىمەن.

بۇ كىتاب خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتىنىڭ 1982 ـ يىلى 10 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1982 ـ يىلى 10 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据人民文学出版社1982年10月第1版，1982年10月第1次印刷本翻译出版。

# جىنايەت ۋە جازا (1)

**ئاپتورى:** ف. م. دوستويېۋسكىي (رۇسىيە)
**تەرجىمە قىلغۇچى:** مۇساجان ئەزىزى
**مەسئۇل مۇھەررىرى:** ئىلدانە ئابدۇرېھىم
**مۇھەررىرى:** مەريەم مەمتىمىن
**مەسئۇل كوررېكتورى:** ئايگۈل سابىت
**مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى:** مەمەت نەۋبەت
**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
**تېلېفون:** 0991 − 2827472
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
**پوچتا نومۇرى:** 830001
**باسقۇچى:** بېيجىڭ شۇنچېڭ رەڭلىك مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
**ساتقۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**فورماتى:** 1230×880 مىللىمېتىر 1/32
**باسما تاۋىقى:** 15.25
**نەشرى:** 2014 ـ يىلى 12 ـ ئاي 2 ـ نەشرى
**باسمىسى:** 2015 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
**تىراژى:** 1 − 3000
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978 − 7 − 228 − 17307 − 5
**باھاسى:** 42.00 يۈەن